
ماخاتما موخانداس كارامچاند گەندى [ھىندىستان]



مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ئوقۇشىغا تەۋسىيە قىلغان 100 كىتابنىڭ بىرى

# مەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندىم

## گەندىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ماخاتما موخانداس كارامچاند گەندى
مەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندىم
گەندىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن




ISBN 978-7-228-19103-1
9 787228 191031 >

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




● گەندىنىڭ دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن ئون مەشھۇر سۆزى

★ ئۇلار دەسلەپتە سېنى مەنسىتمەيدۇ، سېنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئاندىن سەن بىلەن ئېلىشىدۇ، ئاخىرىدا سېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

★ ئاجىزلار ئەپۇنى بىلمەيدۇ، ئەپۇچانلىق كۈچلۈكلەرنىڭ ئىشىدۇر.

★ ئۆيلىنىغانلىرىڭنىڭ، دېگەنلىرىڭنىڭ ۋە قىلغانلىرىڭنىڭ بىردەكلىكى بەختتۇر.

★ خۇشاللىق ۋە ئاسانلىق ئىزدەپ دېگەن «ھە ـ ھە»لەر چىن يۈرەكتىن چىققان «ياق ـ ياق»قا يەتمەيدۇ.

★ قورقۇنچاقلار مۇھەببەتنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت باتۇرلارنىڭ ئىمتىيازىدۇر.

★ ئادەم ئىدىيەنىڭ مەھسۇلى، نىيىتىڭ قانداق بولسا شۇنداق ئادەم بولىسەن.

★ ھەمىشە، ئوي ـ پىكرىڭ ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىڭنىڭ بىردەكلىكىنى كۆزلە؛ ھەمىشە، ئوي ـ پىكرىڭنى پاكلاشتۇرۇشنى ئويلا، ئىشلىرىڭ شۇندىلا بەرىكەت تاپىدۇ.

★ سەپسەتە تىللاردا داستان بولالىسىمۇ ھەقىقەت بولالمايدۇ، ھەقىقەت توپا بېسىپ يېتىپ قالسىمۇ سەپسەتەگە ئايلىنىپ قالمايدۇ.

★ كىچىككىنە ئەمەلىي تەجرىبىمۇ بىھېساب مەدداھلىقتىن ياخشىدۇر.

مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ ئوقۇشىغا تەۋسىيە قىلغان 100 كىتابنىڭ بىرى

ماخاتما موخانداس كارامچاند گەندى [ھىندىستان]

# مەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندىم

— گەندىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com


图书在版编目(CIP)数据

我体验真理的故事：甘地自传：维吾尔文 /（印度）甘地著；艾尔肯·伊布拉音·湃达译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2016.1
ISBN 978-7-228-19103-1

Ⅰ. ①我… Ⅱ. ①甘… ②艾… Ⅲ. ①甘地，M.K.(1869 ~ 1948) – 自传–维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ②K833.517=5

中国版本图书馆 CIP 数据核子(2016)第019314号

| | |
|---|---|
| 译　　者 | 艾尔肯·伊布拉音·湃达 |
| 责任编辑 | 阿不都热合曼·艾白 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·伊布拉音，阿不力孜·阿巴斯 |
| 封面设计 | 努尔买买提·艾买尔 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 787×1092毫米　16开本 |
| 插　　页 | 32 |
| 印　　张 | 48.5 |
| 版　　次 | 2016年3月第1版 |
| 印　　次 | 2016年3月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 6000 |
| 定　　价 | 130.00元 |



I KNOW THAT WITHDRAWAL OF COOPERATION IS A GRAVE THING. IT REQUIRES ABILITY TO SUFFER. I KNOW THAT IT'S THE RIGHT OF CITIZEN TO WITHDRAW HIS COOPERATION FROM THE STATE WHEN THAT COOPERATION MEANS HIS DEGRADATION.

*MAHATMA GANDHI*

ھەمكارلاشماسلىقنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بىز ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز، لېكىن مەن ھەمكارلىق ھاقارەت ۋە خورلۇقتىن دېرەك بېرىدىغان چاغدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن ھەمكارلاشماسلىق ھىندىستان پۇقرالىرىنىڭ مەھرۇم بولسا بولمايدىغان ھوقۇقى دەپ قارايمەن

ماخاتما گەندى





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



⬅ ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيە ئەنگلىيەنىڭ لوندوندىكى سان پاۋلو چېركاۋى ئالدىدا تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىمەكتە. ئۇ ھىندىستاننىڭ تۇنجى پادىشاھى بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستانغا بېرىپ باقمىغانىدى.



⬆ مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى. دەپنە قىلغۇچىلار مېيىتنى جىنازا بىلەن يەرلىككە ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىدۇ.

⬇ ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ دەپنە مۇراسىمى. دەپنە قىلغۇچىلار جەسەتنى جىنازا بىلەن دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ كۆيدۈرىدۇ، ئاندىن جەسەت كۈلىنى دەرياغا تۆكۈپ ئاقتۇرۇۋېتىدۇ.



www.uyghurkitap.com



⬅ خرىستىيان پوپىنىڭ دىن تارقىتىۋاتقان كۆرۈنۈشى. رەسىمدە ھىندىلارنىڭ نەزىرىدىكى كاتولىك دىنى ئوردېنىنىڭ ئاساسچىسى سانت جاۋېرنىڭ ئوبرازى. ھىندىستانلىق خرىستىيانلار ئاساسەن كارالا ئىشتاتى ۋە گوئا رايونىغا جايلاشقان.




⬇ يەتتە ياشلىق گەندى ناھايىتى پاك ۋە سەبىي ئىدى.



⬆ موخانداس گەندى 1869 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ھىندىستاننىڭ گۇجارات ئىشتاتى پورباغداز شەھىرىدە تۇغۇلغان. گەندى جەمەتىدىن يەرلىك ئىشتاتتا نەچچە نۆۋەت دىۋان بېگى بولغانلار چىققان. ئۇلارنىڭ ئۆيى شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ مەركىزىگە سېلىنغان. رەسىمدىكىسى گەندىنىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇسى.



گەندىنىڭ باللىق چاغلىرى ناھايىتى تىنچ ئۆتكەن. ئۇ ھىندىستاندىكى بىر ھىندى دىنى مۇخلىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى يۇقىرى ئابرۇيلۇق كىشى، ئاپىسى ئىنتايىن تەقۋادار ئايال ئىدى. گەندى ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنياغا تولىمۇ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قارايتتى. ئۇ دائىم زەيتۇن دەرىخىدىكى زېدە بولۇپ كەتكەن مېۋىلەرنى ئوراپ قوياتتى.





گەندى توي قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئايالى بىلەن تاكاللىشىپ قالاتتى. لېكىن كېيىنچە كاستۇربە گەندىنىڭ ئىشلىرىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى.



گەندىنىڭ دادىسى كارامچاند گەندى. گەندى باللىق چاغلىرىدىلا دادىسىغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە، كىچىككىنە ئوغرىلىق ئىشىنى دادىسىغا ئېيتىدۇ. دادىسىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. گەندى ئۆزىنىڭ مەزكۇر تەرجىمىھالىدا: «بۇ ياش تامچىلىرى مېنىڭ قەلبىمنى پاكلىغان ۋە بارلىق گۇناھلىرىمنى يۇيۇۋەتكەن ئىدى» دەپ يازىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قەدىردان دادىسى ۋاپات بولغان چاغدا، ياش گەندى ئايالى كاستۇربە بىلەن بىللە ئىدى.



ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ توي مۇراسىمى. گەندى بىلەن كاستۇربە مانا مۇشۇنداق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ نىكاھلانغان.



1886 - يىلى، گەندى ئاكىسى لەيكىمداس بىلەن چۈشكەن سۈرەت. گەندىنىڭ ئوغۇل بىر تۇغقانلىرى ئىچىدە دادىسى گەندىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. گەندىمۇ دادىسىغا ناھايىتىمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا شىراۋارا دەيدىغان بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئەما ئاتا - ئانىسىنى يۈدۈپ سەپەرگە چىقىپ، ھالسىراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدەك بىر ھېكايىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ ھېكايە گەندىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرگەندى.



گەندىنىڭ 14 ياش ۋاقتىدا (ئوڭ) ساۋاقدىشى مېھتاب بىلەن چۈشكەن سۈرىتى.

www.uyghurkitap.com



گەندى بىلەن لوندوندىكى گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى. گەندى لوندوندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ئاپىسىغا بەرگەن ئۈچ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان. گۆش يېمەسلىك جەھەتتە گەرچە نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئىپادىسى ئىزچىل قەتئىي بولغان.



بۇ 18 - ئەسىردىكى ھىندىستانىنىڭ جەنۇبىدا تارقالغان قويۇن رەسىملەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگىنى باگاۋادگىتا قەسىدىلىرىدىكى بىر كۆرۈنۈش بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 300 - يىلى يۈز بەرگەن، رىۋايەت تۈسى ئالغان ئۇرۇش ماتېرىيال مەنبەسى قىلىنغان.

19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى لوندون. گەندى ھىندىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى يىلتىزىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭدەك قانۇن بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە قانۇن جەھەتتىكى ماھارىتىنى ئىزچىل يېتىلدۈرۈپ كەلگەن.



www.uyghurkitap.com

➡ گەندىنىڭ ئوبرازىدا زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئىنگلىزلاشقان ھىندىستانلىقنىڭ ئوبرازى (سول) ئەسلىي ۋەسلىدىن ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھىندى ئوبرازى (ئوڭ) بىلەن ئالمىشىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ ئۈچىسىغا ماتادىن كىيىم، بېشىغا كونگىرىسلارنىڭ باش كىيىمىنى كىيگەنىدى. بۇ بۆك ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي ئافرىقا تۈرمىلىرىدىكى مەھبۇسلارنىڭ بۆكىگە ئاساسەن تىكىلگەنىدى.





⬇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، دۇربانغا بارىدىغان ھىندىستانلىقلار. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ شېكەر قومۇچى تېرىشقا ياللانغان. بۇنداق جاپالىق ئىشنى ئىلگىرى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زۇلۇلا قىلاتتى.






↑ ئەنگلىيە بىلەن بور ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدا نەچچە يۈزلىگەن ھىندىستانلىقنى يىغىپ، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۈچۈن پىدائىي بولغان. سۈرەتتە گەندى (ئوتتۇرا رەت سولدىكى 5 ـ كىشى) ۋە ئۇنىڭ پىدائىيلار ئەترىتى.



→ ھىندىستاندا ئاچارچىلىقتا قالغان نامرات خەلق. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنارلىق ئىدى.



↑ بور ئۇرۇشىدا، ھىندىستانلىق پىدائىيلار ئەترىتى خىزمەت قىلماقتا.




➡ گەندىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىشلىرى باشلانغاندا، ئۇنىڭ بىر تۈركۈم سەممىي ئەگەشكۈچىلىرى بولغان. ئۇلار گەندىگە ئوخشاش غايىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ياقتۇرۇپ قىلىشقان. بۇ گەندىنىڭ 1905 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا بىرنەچچە ئاق تەنلىك قوللىغۇچىلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان كىشى گەندىنىڭ كاتىپى سونىيە سىكوكىن (روس قان سىستىمىسىدىن). ئۇ ھەمىشە گەندىنىڭ ئۆزىگە قوشۇپ بەرگەن مائاشىنى رەت قىلاتتى.







⬆ زۇلۇلار توپىلىڭىدا، گەندى يەنە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلارنى يەنە بىر قېتىم يىغىدۇ ۋە زەمبىل ئەترىتى تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ.

⬅ قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىق فورمىسىنى كىيگەن گەندى.

➡ ئەنگلىيە پادىشاھى گەندىگە بەرگەن ئىككى ئوردېن.







🡅 1906 ـ يىلى، گەندى دۇربان ئەتراپىدىكى سۇمرۇغ
كەنتىدە بىر فېرما قۇرىدۇ. بۇ فېرمىدا ھەممە ئادەم ئەمگەك
قىلىپ، ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ گەندى ئەر ـ ئايال
ۋە سۇمرۇغ كەنتىدە ئولتۇراقلاشقۇچىلارنىڭ ئوپچە سۈرىتى.



🡄 1907 ـ يىلى-
دىكى ترانسۋال ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ
ئېلانىدا، جەنۇبىي ئافرىقى-
دىكى بارلىق ھىندىس-
تانلىقلار جەنۇبىي ئافرىقا
دائىرىلىرىگە رويخەتكە
ئالدۇرىدۇ ھەمدە بارماق
ئىزى قالدۇرىدۇ، دەپ
بەلگىلەنگەن.


🡅 گەندىنىڭ ئىككىنچى
ھەقىقەت ئىنستىتۇتى تولستوينى
خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «تولس-
توي يېڭى كەنتى» دەپ ئاتالغان.
تولستوي گەندىگە ئوخشاشلا
ئاددىي ـ ساددا ياشاشنى ياخشى
كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە
خەت ـ ئالاقىمۇ بولغان.

🡇 جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ «قارا قانۇن»نىنىڭ
ماقۇللىنىشىنى توسۇش ئۈچۈن، گەندى 3000 دىن ئارتۇق
كىشى قاتناشقان ھىندىستان مۇھاجىرلىرى قۇرۇلتىيىنى
ئاچقان. سۈرەتتە گەندى قۇرۇلتايدا مەردانىلىق بىلەن
سۆزلىمەكتە.





جەنۇبىي ئافرىقا گوبېرناتورى (ۋالىيسى) گېنېرال شىمىز گەندىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق رەقىبى ئىدى.




«زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەرىكىتى ئەزالىرىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن گەندى. بۇ كىيىمنى گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىلار، زاھىتلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ كىيىملىرىگە ئاساسەن لايىھەلىگەن. ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەك يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئۇزۇن سەپەر قىلغانلىقىنىڭ سىمۋولى.



گەندى ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى ئەزالىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدا چۈشكەن سۈرىتى. دەل شۇ چاغلاردا، گەندى ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك ھەققىدىكى ئۆمۈرلۈك قەسەمنى قالدۇرغان.

تىرانسۋالدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئۇزۇن سەپىرىگە 2037 ئەر، 127 ئايال ۋە 57 بالا قاتناشقان. ئۇلار يالىڭاياغ مېڭىپ، ئازغىنە بولكا ۋە قەنت - گېزەك بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىنىڭ قانۇنىغا ئەتەي خىلاپلىق قىلغان، تۇتۇلۇپ قالسا، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان.





↑ گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدا 20 نەچچە يىل ياشىغان، شۇ يەردە ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان. 1941 - يىلى، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلغان. سۈرەتتە گەندى ئەر - ئايال ئىككىيلەن يولغا چىقىش ئالدىدىكى ھارپا ئاخشىمى. دۇربان ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىر دوستلار كۆزى قىيمىغان ھالدا گەندىنى ئۇزاتماقتا.



↑ 1915 - يىلىدىكى گەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى توغرىسىدا «ھىندىستان ئوبزورى»دا «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ پۈتۈن يەر شارىنى قاپلاپ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بەرپا قىلىدۇ، مىللىتارىزم ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەتلا ئىڭراپ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ.

↓ 1915 - يىلى، گەندى بىلەن كاستۇربە بومبايغا قايتىدۇ.





گەندى ھىندىستانغا تۇنجى قايتقاندا، كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ مۆتىدىللەر داھىيسى گوكلېينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ چىقىش ئارقىلىق كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى تولۇقلاشنى قارار قىلىدۇ. بۇ گەندى ئەر - ئايالنىڭ مادراسقا كەلگەندە، كونگىرسلار پارتىيەسىنىڭ مۇھىم ئىككى ئەزاسى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى.



3 - دەرىجىلىك ۋاگون ئالدىدىكى ئادەملەر توپى. گەندى ۋەتىنىگە قايتقان تۇنجى يىلى 3 - دەرىجىلىك پويىز ۋاگونىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىلەن تونۇشىدۇ.




تاگور كالكۇتتادىكى بىر براھمان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاگور بىلەن گەندىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن ئىدى. گەندى ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى تۆۋەن تەبىقە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاگور ھىندىستاننىڭ شەرقىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تاگور غەربنىڭ زامانىۋى مەدەنىيىتىگە قارشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ ئەدىب بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىر غايىۋىزمچى ۋە مۇزىكانت ئىدى.



بېسانت خانىم. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ بىنارىستا «ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى ئۇنىۋېرستېتى»نى قۇرۇپ، ھىندىستاندا زور شۆھرەت قازانغان.

قاتتىق ئويغا چۆككەن گەندى.





بىخار ھىندىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى نامرات تاغلىق رايون بولۇپ، ھىمالايا تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان، نېپال بىلەن قوشنا. ئۇ يەرلىك ئاھالىلەر جاھىل، باتۇر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن يېقىن - يىراق جايلاردا داڭقى بار. ئۇ جايلاردا ھىندىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش داۋالغۇش بولۇپ تۇراتتى.



1916 - يىلى ئەھمەد ئاباد ناھىيەسىدىكى ئەمگەك بايلىقى ماجىراسىغا ئائىت سۆھبەتتە ئىلگىرىلەش بولدى. گەندى ئاشلىق ئېلان قىلدى. سۈرەتتە ئاشلىق ئېلان قىلغان مەزگىلدىكى گەندى.



ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان گېنېرال دەيىر. ئۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنگلىيەدىكى بۇلستوردا ئولتۇراقلاشقان. ھىندىستان ۋە باشقا جايلاردىكى بەزى قوللىغۇچىلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەپىقە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتى يەنىلا ناھايىتى راھەتتە ئۆتكەن.



www.uyghurkitap.com

⬆ 1920 ـ يىلى، ھىندىستان ساقچىلىرى ھىندىستانلىقلارنى قىرغىن قىلىپ، نامايىشچى ئاممىنى تارقاقلاشتۇرماقتا. بۇ مەشھۇر ئامۇرىز دېلوسى.



➡ 1921 ـ يىلى ۋېرسال شاھزادىسى ئېدۋارد ھىندىستاننى كۆزدىن كەچۈردى. لېكىن ھىندىستانلىقلار ئېدۋارد شاھزادىنىڭ زىيارىتىگە كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ سىمۋولى ئىدى.



⬅ ماتا توقۇۋاتقان گەندى. بۇ گەندىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئوبرازى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەبرىكلەش مۇراسىملىرىدا، دائىم بىر توپ ئاياللار گەندىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ماتا توقۇش ئويۇنىنى ئورۇنلايدۇ.



⬇ ھىندى دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى توختىتىش ئۈچۈن، گەندى 1921 ـ يىلى ئاشلىق ئېلان قىلىدۇ. رەسىمدە ئىندىرا گەندى ماخاتما گەندىگە ھەمراھ بولماقتا.

⬅ ئىندىرا گەندى ھىندىستاننىڭ تۇنجى زۇڭلىسى نېھرۇنىڭ قىزى. ئۇ 1966 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ زۇڭلىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. ماخاتما گەندى 1948 ـ يىلى سۇيىقەستكە ئۇچرايدۇ.



⬇ 1930 ـ يىلىدىكى گەندى. ھىندىستان خەلقى ئۇنى كەلگۈسىدىكى دۆلەت رەھبىرى دەپ قارايدۇ.





⬆ 1925 ـ يىلى، گەندى يەنە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇ نەگىلا بارسۇن ھىندىستان خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com





⬆ تۇزنى مەخسۇس سېتىشنى چەكلەشنى مەزمۇن قىلغان زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىدە، گەندى ئۆز ئەتائەتمەنلىرىنى باشلاپ پىيادە داندى دېڭىز ساھىلىغا يۈرۈش قىلدى.

⬆ 1930 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، گەندى داندى دېڭىز ساھىلدا يەرگە ئېڭىشىپ بىر ئوچۇم تۇزنى ئالدى. بۇ ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىكى ئەڭ يارقىن بىر كۆرۈنۈش. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىنتايىن ئاددى بولۇپ، ھىندىستان ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللار بۇ كۆرۈنۈشنى ئالاھىدە باستى. 1988 ـ يىلى، ھىندىستان زۇڭلىسى راجىپ گەندى گەندى قالدۇرغان ئىزلارنى بويلاپ، ھەقىقەت ئىنستىتۇتىدىن داندى دېڭىز ساھىلىغا پىيادە باردى. كېيىن گەندى ئالغان بىر ئوچۇم تۇز 1600 رۇبلىغا سېتىلغان.



➡ بۇ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان، بويىنغا سۇتتەك ئاپئاق پاختىلىق شارپا ئورىۋالغان گەندى. بۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يېقىملىق چىراي ھېسابلىنىدۇ.



◀ گەندى بىلەن نايدۇ خانىم داندى شەھرىدە.

⬇ يۇقىرىدىكى سۈرەتتە: گەندى رىچارد چاپلىن بىلەن بىللە. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئانچە كۆپ گەپلەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشى سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى سۈرەتتە: گەندى لوندوندا ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشدۇ.









www.uyghurkitap.com

⬆ فرانسىيەلىك مەشھۇر ئەدىب رومىن رولان گەندى بىلەن شۋېتسارىيەدە.





⬅ 1923 - يىلى بومباي ساقچىلىرى نامايىش قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى»نىڭ ئەزالىرى تاياق يەيدۇ ۋە قولغا ئېلىنىدۇ.



➡ ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى گەندىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنى قولغا ئالىدۇ. سۈرەتتىكى كىيىم - كېچەكلەردىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەرخىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار ۋە شىكلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گوبېرناتورئوۋىن قوللانغان زوراۋانلىق ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى. بىر ئاي ئىچىدە گوبېرناتورئوۋىن يولغا قويغان باستۇرۇش سىياسىتى بىلەن 60 مىڭدىن كۆپرەك ھىندىستانلىق سىياسىي مەھبۇس تۈرمىگە قامالغان.



⬅ 1923 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، گەندى يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە يەنە كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ 60 مىڭدىن ئارتۇق قوللىغۇچىلىرىمۇ بار ئىدى.




➡ ھىندىستان خەلقى ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاننى ئىشغال قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، يەردە يېتىۋېلىش ئارقىلىق نامايىش قىلغان.

➡ گەندى بىلەن جافاركان. جافاركان «چېگرادىكى گەندى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئۇ غەربىي شىمالدىكى ئۇرۇشقاق ھىندى ئاھالىلىرىنى قايىل قىلىپ زورلۇق كۆچى ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرغان. كېيىن جافاركان ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ باشقۇرۇشتەك پاكىتنى قوبۇل قىلغان. ئۇ پاكىستاندا ۋاپات بولغان.





⬆ بۇ ناراف تۈرمىسى. بۇ يەردە گەندى نەچچە قېتىم قامالغان. گەندى بۇ يەرنى ئىلاھى ئوردا دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، تۈرمە ئىلاھقا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان جايدۇر.



➡ 1934 ـ يىلى، گەندى كونگرېسلار پارتىيەسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەپەر قىلىدۇ. سۈرەتتە گەندى ھىندىستاننىڭ بىشخۇا دېگەن يېرىدە كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىمەكتە.



(سولدىن ئوڭغا) ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسىم
رەھبەرلىرى: گەندى، نېھرۇ، ئازاد، جىنناخ. ھىندىستان خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك
مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى مېۋە بېرەي دېگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇچەيلەن
دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە ئوخشىمىغان يوللارغا ماڭدى. لېكىن جىنناخ
ھىندىستاننى پارچىلاپ، مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرۇش يولىنى تاللىۋالدى.



1937 ـ يىلى، گەندى كالكۇتتا تۇرمە-
سىدە. گەندىنىڭ نەزىرىدە، تۇرمە ئۇنى تاشقى
دۇنيادىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنى كۈچ -
قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەمدە مەنىۋى ئەركىن-
لىككە ئېرىشتۈرىدىغان مەنبە.



چېرچىل ھىندىستاندا ئەنگلىيە خانلىق
ئارمىيەسى 4 ـ باتالىيونىنىڭ ئوفىتسېرى بولغان. ئۇ
ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھىندىستاندىكى مۇستەملى-
كىسىنى جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرغان، كېڭەيمىچى
ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق
ھەرىكىتى رەھبەرلىرىگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى.

www.uyghurkitap.com



1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ياپونىيە پېرل ھاربورغا ھۇجۇم قىلىپ، ئامېرىكىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىردى. ياپونىيەنىڭ ياۋۇز كۆزلىرى ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تىكىلدى. ھىندىستاننىڭ فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزىغا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى زور دەرىجىدە ئېشىپ باردى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت ھىندىستاننىڭ بىرلەشمە ئارمىيەگە قوشۇلمايغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، چېرچىل ھىندىستانغا يول قويۇشنى رەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن روزۋېلت شەخسىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ھىندىستانغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى باش ۋەزىر چېرچىلغا ئۈزۈلكىسىز بېسىم ئىشلىتىپ، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.




شاھىجاھان ئوردىسى. 1942 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، گەندى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇشۇ يەرگە قاماپ قويۇلغان.

1944 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كاستۇربە شاھىجاھان ئوردىسىدىكى قاماقخانىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ سۈرەتتە گەندى كاستۇربەنىڭ مېيىتىگە ھەمراھ بولماقتا. كاستۇربە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىزغىن قوللىغان. ئۇ جان ئۈزگەندىن كېيىن گەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بولمىسا تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق ئۆتۈشىنى بىلمەيتتىم... ئۇنىڭ ۋاپاتى مېنىڭ ھاياتىمدا تولدۇرغۇسىز بوشلۇقلارنى قالدۇردى.»





⬅ فاشىستلارنىڭ هەيۋىسى ئالدىدا، گەندى يەنىلا زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىكتەك تىنچلىقپەرۋەرلىكنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا زور ئىختىلاپ پەيدا بولغان. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن نېھرۇ ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت پەيدا بولغان. سۈرەتتە گەندى بىلەن نېھرۇ مۇنازىرىلەشمەكتە.





⬆ ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. (1987 ـ يىلى ھىندىستاندا 700 مىليون ھىندى دىنى مۇخلىسى ۋە 70 مىليون مۇسۇلمان بار ئىدى.) ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەدەنىيىتى بار. سۈرەتتىكى ھىندى دىنى بۇتخانىسى بىلەن مەسجىدلەرنىڭ پەرقى بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.



⬅ 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ۋەزىر نېھرۇ يېڭى ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇشقا باردۇ. لېكىن جىننا باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشى ئاخىرى پارتلايدۇ. توقۇنۇشنى تىنجىتىش ئۈچۈن، گەندى ھاسا تايىنىپ نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ھال سورايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



جىنناخ غەربلەشكەن بىر باي ئادۋوكات ئىدى. ئۇ ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. ئۇ ھاراق ئىچەتتى، چوشقا گۆشىمۇ يەيتتى. يەنە تېخى بۇددىست قىز بىلەنمۇ توي قىلغانىدى. لېكىن كېيىنچە ئۇ مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشقا بارلىقىنى بېغىشلىغان. سۈرەتتە گەندى 1944 ـ يىلى جىنناخ بىلەن 81 كۈنلۈك مۇنازىرە قىلىپ، ئۇنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلغان، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولۇپ چىققان.



1947 ـ يىلى بىخاردا مۇسۇلمانلار بىلەن بۇددىستلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ، گەندى دەرھال بىخارغا كېلىدۇ.






ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى

1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈنى. نېھرۇ دېھلىدىكى قىزىل قەلئەنىڭ ئالدىدا ھىندىستان خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ھەر يىللىق مۇستەقىللىق كۈنىدە ھىندىستان زۇڭلىسى مۇشۇ يەردە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. 1947 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھىندىستان مۇستەقىل بولغان كۈنى بولۇپ، گەندى يىغىنغا قاتناشمىغان. شۇنىڭ بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى نېھرۇ جاكارلىغان.




1947 ـ يىلى ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندا، دېھلى كوچىلىرىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندىستلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر توقۇنۇش.



1947 ـ يىلى ئاچارچىلىق، كېسەللىك، قورقۇنچ، شۇنداقلا ھىندىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ھىندىستان بىلەن پاكىستاندا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مۇساپىرلار ئېقىمى پەيدا بولغان. ھەممىلا يەردە غەزەپلىنىش ۋە قىرغىنچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرغان. سۈرەتتىكىسى مۇسۇلمان مۇساپىرلار.



گەندى گوبېرناتور مېنباتون ئەر ـ خوتۇن بىلەن بىللە. گەندى مېنباتون ئەر ـ خوتۇن بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى. گەندىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنباتون ئەر ـ خوتۇن تۇرۇۋاتقان ئوردىسىنى بوشىتىپ دوختۇرخانا قىلىشقا بەرگەن.



1948 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، گەرچە گەندى بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ھىندىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىنى بېسىقتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قانلىق ۋەقەلەر توختىمايدۇ. ھىندىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن گەندى يەنە بىر قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىدۇ. سۈرەتتە گەندى ئاشلىق ئېلان قىلغان ئاخىرقى بىر كۈن.

www.uyghurkitap.com

➡ گەندى ۋە ئۇنىڭ بېقىۋالغان مونۇ ۋە ئابا دېگەن ئىككى قىزى. كاستۇربە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى قىز گەندىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان.





⬉ گەندىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ناتۇرام گودسىن كەمبەغەل براھمان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئەشەددىي بۇددىست ئىدى. ئۇ دەسلەپكى يىللاردا گەندىنىڭ «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك» ھەرىكىتىگە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ ھىندى دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «ھىندى دىنى قۇرۇلتىيى»غا قاتناشقان. 1949 - يىلى، گودسىن دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ ھۆكۈمەتتىن جەسەت كۈلىنى ساقلاپ قېلىشنى، ھىندى دىنى ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، جەسەت كۈلىنى ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىشنى تەلەپ قىلغان.

⬇ گەندىنىڭ جەستى گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن. ھىندىستان خەلقى گەندىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرغان.





↑ گەندى جەستىنىڭ كۆيدۈرۈلۈش مۇراسىمى. گەرچە ئۇنىڭ تېنى ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ هايات.



→ گەندى هىندىستان خەلقىنىڭ مەڭگۈ ياد ئېتىشىغا مۇيەسسەر بولغان. سۈرەتتە هىندىستانلىقلار كىشلەرگە گەندىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتمەكتە.

↓ گەندىنىڭ جەسەت كۈلى دەرياغا قويۇلغاندا، كۈرمىڭلىغان هىندىستان پۇقرالىرى دەرياغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ «دۆلەت ئاتىسى» بىلەن خوشلىشىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



⬆ دەريا سۈيى دۇنيادىكى تۇپرىقى ئەڭ مۇنبەت، ئاھالىسى ئەڭ زىچ بولغان رايونلاردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ دەريانى تارىختىن بۇيان بۇددىستلار مۇقەددەس دەريا دەپ تەرىپلەپ كەلگەن. گەندىنىڭ جەسەت كۈلى مۇشۇ دەرياغا ئاقتۇرۇلغان.

⬇ گەندى بىلەن نېھرۇ. نېھرۇ گەندىنىڭ ئىزباسارى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «گەندى روھىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئۇ ئىككىيلەننىڭ ھىندىستانلىقلار قەلبىدىكى سەممىي ئوبرازى.





↑ گەندىنىڭ رەخت توقۇۋاتقان كۆرۈنۈشى.



← بۇ گەندىنىڭ كىشىلەرگە تونۇش بولغان ئوبرازى. گەندىنىڭ جاپالىق ھەم ئۇلۇغ ھاياتىنىڭ ئاساسلىق مۇساپىسى. ئېينىشتېيىن مۇنداق دەيدۇ: «كەلگۈسى ئەۋلادلاردىن بىزنىڭ يەر شارىدا گەندىگە ئوخشاش ھەقىقىي بىر ئادەمنىڭ ياشىغانلىقىغا ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا ئىشىنىشى مۇمكىن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



گەندىنىڭ تەۋەرۈك كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى.

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە** ........................................... 1

**بىرىنچى قىسىم**

بىرىنچى باب نەسىل ـ نەسەب ........................... 11
ئىككىنچى باب بالىلىقىم ................................ 15
ئۈچىنچى باب بالا نىكاھ .................................. 18
تۆتىنچى باب ئەر بولدۇم ................................ 23
بەشىنچى باب ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىم .................. 27
ئالتىنچى باب بىر پاجىئە (1) ............................ 33
يەتتىنچى باب بىر پاجىئە (2) ............................ 38
سەككىزىنچى باب ئوغرىلىق قىلىش ۋە گۇناھىنى تىلەش ..... 43
توققۇزىنچى باب دادامنىڭ ئۆلۈمى ۋە قوش خىجىلچىلىق ...... 47
ئونىنچى باب دىنغا بىر نەزەر .............................. 51
ئون بىرىنچى باب ئەنگلىيەگە بېرىپ ئوقۇماقچى بولدۇم ....... 58
ئون ئىككىنچى باب تەبىقە سالاھىيىتىم بىكار قىلىندى ....... 64
ئون ئۈچىنچى باب ئاخىر لوندونغا باردىم ................... 68
ئون تۆتىنچى باب مېنىڭ تاللىشىم ........................... 73
ئون بەشىنچى باب ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىدىن بولدۇم ........ 78
ئون ئالتىنچى باب ئۆزگىرىش ................................ 83
ئون يەتتىنچى باب يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرىم ............. 88
ئون سەككىزىنچى باب ھايا مېنىڭ تىلتۇمارىم ............... 93
ئون توققۇزىنچى باب سەممىمىيەتسىزلىكنىڭ زىيىنى ....... 99
يىگىرمىنچى باب ھەر خىل دىنلار بىلەن ئۇچراشتىم ...... 105
يىگىرمە بىرىنچى باب راما ئاجىزلارغا كۈچ ئاتا قىلىدۇ ... 110

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىگىرمە ئىككىنچى باب  نارايان ھېمچاندرا ............ 114
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  چوڭ كۆرگەزمە ............ 119
يىگىرمە تۆتىنچى باب  ئادۇوكات بولسا نېمە بوپتۇ؟ ............ 122
يىگىرمە بەشىنچى باب  مەن يەنىلا ئامالسىز ئىدىم ............ 126

## ئىككىنچى قىسىم

بىرىنچى باب  رايچاندبەي ............ 133
ئىككىنچى باب  مەن تۇرمۇشنى قانداق باشلىدىم ............ 138
ئۈچىنچى باب  تۇنجى دېلو ............ 143
تۆتىنچى باب  تۇنجى زەربە ............ 148
بەشىنچى باب  جەنۇبىي ئافرىقىغا بارماقچى بولدۇم ............ 152
ئالتىنچى باب  ناتال (Natal)غا باردىم ............ 156
يەتتىنچى باب  بەزى كەچۈرمىشلىرىم ............ 161
سەككىزىنچى باب  پىرېتورىيەگە بېرىش سەپىرىدە ............ 166
توققۇزىنچى باب  ھېسابسىز رىيازەتلەر ............ 172
ئونىنچى باب  پرېتورىيەدىكى تۇنجى كۈن ............ 179
ئون بىرىنچى باب  خىرىستىيانلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلدىم ............ 184
ئون ئىككىنچى باب  ھىندىلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەر ............ 189
ئون ئۈچىنچى باب  «مەدىكار» زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ............ 193
ئون تۆتىنچى باب  ئەرز قىلىشقا تەييارلاندىم ............ 198
ئون بەشىنچى باب  دىنىي ھاياجان ............ 203
ئون ئالتىنچى باب  ئىش باشقا، خىيال باشقا ............ 208
ئون يەتتىنچى باب  ناتالدا ئولتۇراقلىشىپ قالدىم ............ 212
ئون سەككىزىنچى باب  ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ............ 218
ئون توققۇزىنچى باب  ناتالدىكى ھىندىستانلىقلار يىغىنى .... 223
يىگىرمىنچى باب  بالاسۇندارام (Balasundaram) ............ 229
يىگىرمە بىرىنچى باب  ئۈچ فوند ستېرلىڭلىق ئادەم بېجى ..... 233
يىگىرمە ئىككىنچى باب  ھەر خىل دىنلار ئۈستىدىكى

سېلىشتۇرما تەتقىقات ........................................ 238
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم ........................................ 243
يىگىرمە تۆتىنچى باب ۋەتەنگە قايتىش ........................ 247
يىگىرمە بەشىنچى باب ھىندىستاندا ........................ 251
يىگىرمە ئالتىنچى باب ئىككى خىل قىزغىنلىق ................ 256
يىگىرمە يەتتىنچى باب بومباي يىغىلىشى .................... 261
يىگىرمە سەككىزىنچى باب پۇنا ۋە مادراس .................. 265
يىگىرمە توققۇزىنچى باب «تېز قايتىش» ...................... 269

## ئۈچىنچى قىسىم

بىرىنچى باب بوران ساداسى ........................................ 275
ئىككىنچى باب بوران ـ چاپقۇن ...................................... 279
ئۈچىنچى باب سىناق ................................................ 283
تۆتىنچى باب بوراندىن كېيىنكى جىمجىتلىق ................ 289
بەشىنچى باب بالىلار تەربىيەسى .................................. 294
ئالتىنچى باب مۇلازىمەت روھى .................................. 299
يەتتىنچى باب پەرھىز (1) ........................................ 303
سەككىزىنچى باب پەرھىز (2) .................................... 308
توققۇزىنچى باب ئاددىي تۇرمۇش .................................. 314
ئونىنچى باب بور ئۇرۇشى ........................................ 317
ئون بىرىنچى باب سەھىيە ئىسلاھاتى ۋە ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ........................................ 321
ئون ئىككىنچى باب ھىندىستانغا قايتىش ........................ 324
ئون ئۈچىنچى باب ھىندىستانغا ئىككىنچى قېتىم قايتىش .... 329
ئون تۆتىنچى باب پۇتۇكچى ۋە خىزمەتكار ...................... 334
ئون بەشىنچى باب كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ........................................ 337
ئون ئالتىنچى باب كوسۇن (Curzon) تۆرىنى زىيارەت ........ 340
ئون يەتتىنچى باب گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ئاي (1) ........................................ 343

ئون سەككىزىنچى باب گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ئاي (2) ........................................ 347
ئون توققۇزىنچى باب گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ئاي (3) ........................................ 351
يىگىرمىنچى باب بېنارېس (Benares)تا ........................ 355
يىگىرمە بىرىنچى باب بومبايدا ئولتۇراقلىشىپ قالايمۇ؟ ........................................ 361
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئېتىقادىمغا كەلگەن سىناقلار ........................................ 365
يىگىرمە ئۈچىنچى باب جەنۇبىي ئافرىقىغا يەنە بېرىش ........................................ 370

## تۆتىنچى قىسىم

بىرىنچى باب سۆيگۈ ئەجرى بىكار كەتتى .................... 375
ئىككىنچى باب ئاسىيادىن كەلگەن مۇستەبىت .................. 379
ئۈچىنچى باب خورلۇققا چىداش ................................ 382
تۆتىنچى باب ئادەمنى جانلاندۇرىدىغان پىداكارلىق روھى ..... 385
بەشىنچى باب توۋا مېۋىلىرى ................................ 388
ئالتىنچى باب گۆشسىز تاماق ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەل ........................................ 393
يەتتىنچى باب توپا ۋە سۇ بىلەن داۋالاشتىكى تەجرىبىلىرىم ........................................ 396
سەككىزىنچى باب بىر ئاگاھلاندۇرۇش ........................ 400
توققۇزىنچى باب ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان كۆرەش ....... 404
ئونىنچى باب بىر قېتىملىق مۇقەددەس ئەسلىمە ۋە توۋا ـ ئىستىغپار ........................................ 408
ئون بىرىنچى باب ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەر (1) ........................................ 412
ئون ئىككىنچى باب ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەر (2) ........................................ 416
ئون ئۈچىنچى باب «ھىندىستان جامائەت پىكرى» ............ 420
ئون تۆتىنچى باب ئىشلەمچىلەر رايونىمۇ ياكى «ئايرىۋې-

ـتىشمۇ؟» ........................................................ 424
ئون بەشىنچى باب  كالا ئازار كېسىلى (1) ..................... 428
ئون ئالتىنچى باب  كالا ئازار كېسىلى (2) ..................... 431
ئون يەتتىنچى باب ھىندىستانلىقلار مەھەللىسىنى كۆيدۈ-
رۈش .............................................................. 435
ئون سەككىزىنچى باب  بىر كىتابنىڭ سېھرىي كۈچى ........ 438
ئون توققۇزىنچى باب  سۇمۇرغ كەنتى ........................ 442
يىگىرمىنچى باب  تۇنجى كېچە ................................. 445
يىگىرمە بىرىنچى باب  پولاك قەتئىيلىك بىلەن كەلدى ......... 448
يىگىرمە ئىككىنچى باب  پەرۋەردىگار ساقلىغان ئادەم
.................................................................... 452
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  ئۆي ئىشلىرىغا بىر نەزەر .......... 457
يىگىرمە تۆتىنچى باب  زۇلۇلار «توپىلىڭى» ..................... 461
يىگىرمە بەشىنچى باب  قەلب ئىستىكى ........................ 465
يىگىرمە ئالتىنچى باب  «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە
ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ....... 469
يىگىرمە يەتتىنچى باب يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئىچ-
ـكى تەسراتلار ................................................... 471
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  كاستۇربەنىڭ جاسارىتى ......... 474
يىگىرمە توققۇزىنچى باب  ئائىلىدىكى «زورلۇق كۈچى ئىش-
لەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ........................... 479
ئوتتۇزىنچى باب باب  ئۆزىنى تىزگىنلەش ................... 483
ئوتتۇز بىرىنچى باب  تەركىتاماقلىق ........................ 486
ئوتتۇز ئىككىنچى باب  مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم ............. 490
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  مەدەنىيەت تەربىيەسى .................. 494
ئوتتۇز تۆتىنچى باب  مەنىۋى تەربىيە ........................ 497
ئوتتۇز بەشىنچى باب  ياخشى ـ ياماننى ئايرىش ............. 501
ئوتتۇز ئالتىنچى باب  تەركىتاماقلىقنى توۋا ـ ئىستىغفار
دەپ بىلدۇق ........................................................ 503
ئوتتۇز يەتتىنچى باب  گوكلېيىنىڭ تەكلىپى بىلەن لون-
ـدونغا باردىم ..................................................... 507

www.uyghurkitap.com



ئوتتۇز سەككىزىنچى باب ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىشلىرىم ... 510
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب روھىيەتتىكى توسالغۇلار ... 514
قىرىقىنچى باب باب كىچىك تىپتىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ... 518
قىرىق بىرىنچى گوكلېيىنىڭ شەپقىتى ... 524
قىرىق ئىككىنچى باب كۆكرەك پەردە ياللۇغۇمنى داۋالىتىم ... 527
قىرىق ئۈچىنچى باب ۋەتەنگە قايتتىم ... 530
قىرىق تۆتىنچى باب ئادۋوكات چاغلىرىمدىكى بەزى ئىشلار ... 533
قىرىق بەشىنچى باب ئالدامچىلىق ... 537
قىرىق ئالتىنچى باب داۋالاشقۇچىم كەسىپداشىم بولۇپ قالدى ... 540
قىرىق يەتتىنچى باب بىر دەۋالاشقۇچىمنى قۇتقۇزۇۋالدىم ... 543

## بەشىنچى قىسىم

بىرىنچى باب دەسلەپكى تەسىرات ... 549
ئىككىنچى باب پۇنادا گوكلېي بىلەن كۆرۈشتۈم ... 552
ئۈچىنچى باب بۇ تەھدىتمۇ؟ ... 555
تۆتىنچى باب شانتىنىكېتان ... 560
بەشىنچى باب ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى زىيارەتلەر ... 564
ئالتىنچى باب ئىنتىلىش ... 567
يەتتىنچى باب كۇمبا بۇت سەيلىسى ... 570
سەككىزىنچى باب لاكشمان جۇلا (Lakshman Jhula) ... 576
توققۇزىنچى باب ئىنستىتۇت قۇردۇم ... 581
ئونىنچى باب مۇنازىرە ... 584
ئون بىرىنچى باب كىلىشمىلىك كۆچمەنلەر تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ... 588
ئون ئىككىنچى باب ئىندىگوزارلىقتا چۈشكەن داغ ... 594
ئون ئۈچىنچى باب سىپايە بىخارلىقلار ... 598

ئون تۆتىنچى باب «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەرىـكىتىگە يۈزلەندىم ........................................ 602
ئون بەشىنچى باب ئەيىبلەش بىكار قىلىندى .................... 607
ئون ئالتىنچى باب خىزمەت ئۇسۇلى ........................... 611
ئون يەتتىنچى باب ھەمشىرىكلىرىم ........................... 615
ئون سەككىزىنچى باب يېزىلارغا چۆكۈش ........................ 619
ئون توققۇزىنچى باب ياخشى ئۆلكە باشلىقى .................... 622
يىگىرمىنچى باب ئىشچىلار بىلەن ئۇچرىشىش ..................... 625
يىگىرمە بىرىنچى باب ئىنستىتۇتقا بىر نەزەر ................... 629
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئاشلىق ئېلان قىلىش .................... 632
يىگىرمە ئۈچىنچى باب كېيىنكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى .................... 637
يىگىرمە تۆتىنچى باب پىياز ئوغرىسى ......................... 640
يىگىرمە بەشىنچى باب كېيىنكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى .......... 644
يىگىرمە ئالتىنچى باب ئىتتىپاقلىق تەقەززاسى .................. 647
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئەسكەر ئېلىش ھەرىكىتى .................. 651
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئۆلۈمگە يۈزلىنىش .................... 660
يىگىرمە توققۇزىنچى باب روۋلات (Rowlatt) قانۇن لايىھەسى ۋە مېنىڭ ئەھۋالىم .................................. 665
ئوتتۇزىنچى باب ئاجايىپ مەنزىرە ............................ 670
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۇنتۇلغۇسىز بىر ھەپتە (1) ............ 674
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئۇنتۇلغۇسىز بىر ھەپتە (2) ........... 681
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب «ھىمالايا تېغىدەك چوڭ خاتالىق» ........................................ 686
ئوتتۇز تۆتىنچى باب «يېڭى ھايات» ۋە «ياش ھىندىستان» ........................................ 689
ئوتتۇز بەشىنچى باب پەنجاپتا ................................ 694
ئوتتۇز ئالتىنچى باب خەلىپە ھەرىكىتى كالىلارنى ئاسراشقا قارشىمۇ؟ ........................................ 698

ئوتتۇز يەتتىنچى باب ئامرىتسار كونگرېسسلار پارتىيەسى ..... 704
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ پار-
تىيەگە كىرىش مۇراسىمى .................................... 709
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب ماتا ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى
............................................................................ 713
قىرىقىنچى باب ئاخىر تاپتۇق! .................................... 717
قىرىق بىرىنچى باب رىغبەتلىك پاراڭ ............................ 721
قىرىق ئىككىنچى باب ماتا ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى ......... 725
قىرىق ئۈچىنچى باب ناگپۇردا ...................................... 730
خەير ـ خوش ..................................................... 733

گەندى يىلنامىسى ............................................ 737

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

## مۇقەددىمە

مەن تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى يېقىن ئۆتكەن بىرنەچچە خىزمەتدىشىمنىڭ تەرجىمىھالىمنى يېزىش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپىگە ماقۇل بولغانىدىم. يېزىشنىغۇ ئالىلىقاچان باشلىغانىدىم، لېكىن تۆنجى بەتنى يېزىپ بولا ـ بولمايلا بومباي قوزغىلىڭى پارتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ توختاپ قالدى. كېيىن يۈز بەرگەن بىرمۇنچە ئىشلار تۈپەيلى يېراۋدا (Yeravda) تۈرمىسىگە قامالدىم. جىرامداس (Jeramdas) ئەپەندى ئۇ چاغدا مەن بىلەن تۈرمىداش ئىدى. ئۇ مېنىڭ بارلىق ئىشلارنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ، تەرجىمىھالىمنى يېزىۋېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ قويغانلىقىمنى، بۇ پىلاننى ئورۇنلىماي تۇرۇپ، باشقا ئىشلارغا باش قاتۇرالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەمەلىيەتتە، يېراۋدا (Yeravda) تۈرمىسىدىكى جازا مۇددىتىم توشسىلا، تەرجىمىھالىمنى راستلا يېزىپ بولالايتتىم، چۈنكى مەن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بۇنىڭغا يەنە بىر يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلسىلا بولاتتى. بۇ چاغدا سۋامى (Swami) بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئالدى. مەن بولسام «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى تارىخى» نى تاماملاپ بولغانىدىم. مەن يەنە «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىغا تەرجىمىھالىمنى يېزىپ بېرىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتاتتىم. سۋامى ماڭا بۇنى ئايرىم بىر كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشۇمنى ئېيتتى، لېكىن بۇنىڭغا مېنىڭ ۋاقتىم يار بەرمەيتتى. مەن ھەر ھەپتىسى بىر بابلا يازالايتتىم. ھەر ھەپتىسى «يېڭى ھايات»قا ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر نەرسىلەرنى يېزىپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنداق ئىكەن، مەن تەرجىمىھال يازسام تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەن باش چۆكۈرۈپ يېزىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

ھالبۇكى، مەن ئۈن ـ تىنسىز يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

مۆمىن بىر دوستۇم ماڭا ئۆزىنىڭ گۇمانىنى ئېيتتى. ئۇ: «نېمانچىۋالا يېڭىكلىك قىلىسىز، تەرجىمىھال يېزىش غەربلىكلەرنىڭ ئىشى، غەربلىكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلاردىن باشقا، مەن تەرجىمىھال يازغان ئالىلىقانداق بىر شەرقلىقنى بىلمەيمەن، لېكىن سىز نېمە يېزىشنى ئويلايدىغانسىز؟ ئەگەر سىز بۈگۈن توغرا دەپ قارىغان پىرىنسىپال نەرسىلەرنى ئەتىسى ئىنكار قىلسىڭىز، كەلگۈسىدە بۈگۈنكى پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز، سىزنىڭ دېگىنىڭىز ۋە يازغىنىڭىز بويىچە ئىش قىلغانلار خاتالاشماي قالارمۇ؟ ئەجەبا، سىز تەرجىمىھال دېگەن مۇشۇنداق بىر نەرسىنى يازماسلىق كېرەكلىكىنى، ھېچبولمىغاندىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە يېزىشنى بولدى قىلىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟» دېدى.

بۇ گەپلەر ماڭا ئازراق تەسىر قىلغاندەكمۇ بولدى. لېكىن، مېنىڭ مەقسىتىم رەسمىي بىر تەرجىمىھال يېزىش ئەمەس ئىدى. مەن پەقەت ئۆزۈم ھېس قىلغان ھەقىقەتكە دائىر كەچۈرمىشلىرىمنىلا سۆزلىمەكچىدىم. چۈنكى، ئادەتتە مەندە تىلغا ئالغۇدەك ھېچنېمە يوق، پەقەت مۇشۇنداق كەچۈرمىشلا بار، بۇ ھېكايىلەرنى يېزىشتا تەرجىمىھال شەكلىنى قوللانسام تازا بولغۇدەك. لېكىن، مۇشۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەربىر بابى مېنىڭ كەچۈرمىشىملا بولىدىكەن، مەيلى قانداق شەكىل قوللىناي، ماڭا بەربىر. ئىشىنىمەنكى، ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ، مۇشۇنداق بىر ئىشەنچىنىڭ ئۆزىلا مېنى چەكسىز شادلاندۇرىدۇ، يەنى مۇشۇ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بەرسەممۇ، ئوقۇرمەنلەر نەپ ئالماي قالمايدۇ. مېنىڭ سىياسىي كەچۈرمىشلىرىم ھىندىستاندىلا مەلۇملۇق بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئاشۇ «مەدەنىيەتلىك» دۇنياغىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر تونۇشلۇق. بۇ كەچۈرمىشلەرنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئاتا قىلغان «مۇقەددەس قەھرىمان» دېگەن ھۆرمەتلىك نام ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەس. بۇ نام مېنى ھەمىشە قاتتىق ئازابلايدۇ، يەنە كېلىپ مەن ئۇنىڭدىن ئالىلىقانداق ئىپتىخارلىنىپ كەتكەن چاغلىرىمنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. ھالبۇكى، مەنمۇ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىم ئۈستىدە توختىلىشنى ئەلۋەتتە خالايمەن، بۇ كەچۈرمىشلەرنى مەن ئۆزۈملا بىلىمەن. ۋاھالەنكى، مەن سىياسىي جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمدە ئىپادىلەنگەن ئاشۇ خىل قۇدرەت پۈتۈنلەي مېنىڭ ئاشۇ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمدىن كەلگەن، ناۋادا بۇ كەچۈرمىشلەر راستىلا شۇنداق مەنىۋىيەتكە تالىق

بولسا، ئۇنداقتا ئۆز ـ ئۆزۈمدىن كۆرەڭلەپ كېتىشىمنىڭ ئورنى يوق. ئۇلار ماڭا كەمتەرلىككە بېغىشلايدۇ، مەن ئۆتكەن ئىشلارنى قانچە ئەسلىسەم، ئۆزۈمنىڭ يارىماسلىقىمنى شۇنچە ھېس قىلىمەن.

مېنىڭ يەتمەكچى بولغانلىرىم ـــ 30 يىلدىن بۇيان مەن يېتىش ئىستىكىدە بولۇپ كەلگەن ۋە ئۇرۇنغانلىرىم ـــ دەل ئۆزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خۇداغا يۈزلىنىپ، «موكشا»[①] لىققا يېتىش ئىدى. مەن مۇشۇ مەقسەتتە ياشاپ كەلدىم، مۇشۇ مەقسەتتە ھەرىكەتلەندىم، ئۇنى رېئال ـ لىققا ئايلاندۇرۇش ئىستىكىدە تىرىشىپ ـ تىرماشتىم. مېنىڭ ئېيتقان ـ لىرىم ۋە يازغانلىرىمنىڭ ھەممە بارلىق سىياسىي تەۋەككۈلچىلىكلى ـ رىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەقسەتكە يۈزلەنگەن. لېكىن، مەن بىر ئادەم قىلالىغان ئىشنى ھەممىلا ئادەم قىلالايدىغانلىقىغا ئىزچىل ئىشىنىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ تەجرىبىلىرىمنى ئىشىكنى يېپىۋېلىپ ئەمەس، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلىپ باردىم، لېكىن مەن بۇ پاكىتلار ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، دەپ قارىمايمەن. بەزى ئىشلارنى پەقەت بىر ئادەم ۋە ئۇنىڭ پەرۋەردىگارىلا بىلىدۇ، بۇلار دەرۋەقە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىزدۇر. مەن دېمەكچى بولغان كەچۈرمىش بۇ خىل كەچۈرمىش ئەمەس، بىراق ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىكى دېگەندىن كۆرە، ئەخلاقىي جەھەتتىكى دېگەن تۈزۈك، چۈنكى دىنىنىڭ ماھىيىتى ئەخلاقتۇر.

پەقەت ئاشۇ دىنىي كاتېگورىيەدىكى، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن چۈشىنەلەيدىغان ئىشلارلا مۇشۇ ھېكايىگە كىرگۈزۈلدى. پەقەت مەن بۇ كەچۈرمىشلىرىمنى بىر خىل خاتىرجەم ۋە كەمتەرلەرچە روھ بىلەن ئىپادىلىيەلىسەملا، مۇشۇنداق كەچۈرمىشلەرنىڭ ساھىبى بولمىش باشقا نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى ئىنتىلىۋاتقان ئاشۇ نېمەتلەرنى تاپالايدۇ. مەن يەنە بۇ كەچۈرمىشلەرنى مۇكەممەل، نۇقسانسىز دەپ ئېيتالمايمەن، مەن پەقەت بىر ئىلمىي خىزمەتچىگە ئوخشاش شۇنداق جاكارلىيالاي ـ مەنكى، ئۇنىڭ تەجرىبىسى گەرچە ئىنتايىن توغرا، ئىنراقنى كۆرەر ۋە ئىنچىكە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز يەكۈنىنى ھەرگىزمۇ ئاداققى يەكۈن دەپ جاكارلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بەلكى بۇنىڭغا كەمتەر پوزىتسىيە تۇتىدۇ. مەن ئۆزۈم ئۇستىدە چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئۆزۈمدىكى

---

① موكشا (Moksha) ـــ ئۆلۈش ۋە تۇغۇلۇش ئىختىيارىدىن قۇتۇلۇپ، خالاسلىق ئالىمىگە يېقىنلىشىش دېگەن مەنىدە. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

ھەربىر پىسخىك ھالەتنى تەكشۈردۇم ۋە ئۇنى تەھلىل قىلدىم، ئۆزۈمنى قايتا ـ قايتا دەڭسەپ كۆردۈم. لېكىن، مەن ئۆز يەكۈنۈمنى ئەسلا ئەڭ ئاخىرقى ۋە خاتاسىز يەكۈن، دەپ ئېيتالمايمەن. مەن پەقەت شۇنداقلا دېيەلەيمەنكى، ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتسام، ئۇلار مۇتلەق توغرا ھەم ۋاقىتلىق خۇلاسىدۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەن ئۇلارغا ئاساسلىنىپ ھەرىكەتلىنەلمەيمەن. ھالبۇكى، مەن قوللانغان ھەربىر ھەرىكەت ئۇلارنى يا قوبۇل قىلىش، يا رەت قىلىش، ئاندىن شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش ئىدى. ھەرىكىتىم ئىدراكىم ۋە ۋىجدانىمنى قانائەت ھېس قىلدۇرسىلا، مەن قەتئىي تۇردە ئەسلىدىكى يەكۈنۈم بويىچە ئىش كۆرەلەيمەن.

ناۋادا مۇلاھىزىلىرىم پەقەت ئاكادېمىكلارچە بەزى قائىدىلەر بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولسا، مەن ئەلۋەتتە تەرجىمىھال يازماسلىقىم كېرەك. ھالبۇكى، مېنىڭ مەقسىتىم ــ بۇ قائىدىلەرنىڭ تۈرلۈك ئەمەلىيەتلەرگە تەتبىقلىنىشىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مەن يازماقچى بولغان بۇ سەھىپىلىرىمگە «مەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندىم» دەپ نام بەردىم. بۇ ئەلۋەتتە زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى، بويتاقلىق ۋە ھەقىقەت بىلەن ئوخشىمايدىغان باشقا پرىنسىپلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەت ــ ئەڭ ئالىي مىزان، ئۇ باشقا نۇرغۇن پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھەقىقەتلەر سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەقىقىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئىدىيەۋى ھەقىقەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، پەقەت ئۆزىمىزگىلا ئايدىڭ بولغان نىسپىي ھەقىقەتنىلا ئەمەس، بەلكى مۇتلەق ھەقىقەتنى، مەڭگۈلۈك قائىدىنى، يەنى پەرۋەردىگارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەرۋەردىگار ھەققىدە كۆرمىگەن تەبىرلەر بار، چۈنكى ئۇنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك. بۇ ئىپادىلەر مېنى تەئەججۈپكە ۋە ئېھتىراسقا سالىدۇ، بىر چاغلاردا قورقۇپ يۈرگەن چاغلىرىممۇ بولغان. ھالبۇكى، مەن پەرۋەردىگارنى ھەقىقەت بىلىپ تېۋىنىمەن. مەن ئۇنى تېخى تاپالمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ ئىستىكىدىمەن. بۇ ئىستىكىمگە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازىمەن. ناۋادا بۇ قۇربانلىق ھاياتىمنى تەلەپ قىلسا، مەن راستلا ئۇنى تەسەددۇق قىلىشقا رازىمەن. ھالبۇكى، مەن بۇ مۇتلەق ھەقىقەتنى تېخى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىكەنمەن، ئۆزۈم ھېس قىلغان نىسپىي ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك. ئۇ نىسپىي ھەقىقەت مېنىڭ نۇرۇم، تىلتۇمارىم ۋە

ھىماتىم. گەرچە بۇ يول پىچاقنىڭ بىسىدەك تۈز، تار ۋە ئىتتىك بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەپچىل ھەم ئاسان، ھەتتا مېنىڭ ھىمالايا تېغىدەك زور خاتالىقىم بولغاندىمۇ، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ھېچقانچە ئىش ئەمەس. چۈنكى، مەن بۇ يولغا ئاللىقاچان مەھكەم باغلانغانمەن. بۇ يول مېنى غەم ـ غۇسسىلەردىن ئاللىقاچان ساقىت قىلغان، ھالبۇكى مەن ئۆز چىراغ نۇرىمنى بويلاپ كېتىۋاتىمەن. ئىلگىرىلەش يوللىرىمدا ھەقىقەت ھەمىشە غىل ـ پال قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، پەرۋەردىگارنىڭ بىر زەررە نۇرى بولغان تەقدىردىمۇ پەقەت شۇلا چىن، قالغان ھەممە ساختىدۇر، دەيدىغان ئېتىقاد قەلبىمدە كۈنبويى زورايماقتا. شۇكۇر ـ قانائەتچان شۇ كىشىلەرگە بۇ خىل ئېتىقادنىڭ قەلبىمدە قانداق بىخلانغانلىقىنى سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار. ناۋادا مۇمكىن بولسا ئۇلار تەجرىبىلىرىمگە ئورتاقلاشسۇن، ئېتىقادىمدىن تەڭ بەھرىمەن بولسۇن. قەلبىمدە تېخىمۇ ئىلغار بولغان بىر خىل ئەقىدە بىخلانماقتا. ماڭا خوپ كەلگەنلىكى ئىشلار بىر كىچىك بالىغىمۇ خوپ كېلىشى كېرەك، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمەن. ھەقىقەتنى تېپىش قورالى ئاددىي ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئادەم ئۇلارغا ھەرگىزمۇ نائىل بولالمايدۇ. ھالبۇكى، بىر مەسۇم بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تامامەن مۇمكىن. ھەقىقەت ئىزدىگەن ئادەم توپا ـ خەسلەردىنمۇ كەمتەر بولۇشى كېرەك. دۇنيا توپا ـ خەسلەرنى ئايىغى ئاستىدا دەسسەيدۇ، لېكىن ھەقىقەت ئىزدىگەن ئادەم توپا ـ خەسلەرگىمۇ دەسسەلگۈدەك كەمتەر بولۇشى كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئاندىن ھەقىقەتنىڭ ۋەسلىگە يېتەلەيدۇ. ۋاسىشتا بىلەن ۋىشۋامىترا[①] ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلارمۇ بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. خىرىستىيان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىمۇ بۇ مەسىلىنى تولۇق دەلىللەيدۇ.

ناۋادا مەن بۇ يەردە قەلەمگە ئالغان ھەرقانداق بىر ئىش

---

① ۋاسىشتا (Vasishtha) ۋە ۋىشۋامىترا (Vishyamitra) — ھىندى ئېپوسى «رامايەنا»دىكى رەقىبلىكتىن دوستقا ئايلانغان ئەۋلىيالار. ۋىشۋامىترا كساترىيا (ھىندىستاندىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تەبىقە)، ۋاسىشتا بىراھمانلارغا تەۋە. بىر قېتىم ۋىشۋامىترا ۋاسىشتانىڭ مۇقەددەس كالىسىنى ئوغرىلىماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئاخىرىدا ۋىشۋامىترا گۇناھىنى تونۇيدۇ ھەمدە ئۆز نەسەبىنىڭ ۋاسىشتانىڭ نەسەبىدىن تۆۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوقۇرمەنلەردە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلسا، ئۇنداقتا ئۇلار مېنىڭ ئىستەكلىرىمدە مەلۇم خاتالىقلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنى ئېيتالمايمەن بولۇشى مۇمكىن. ماڭا ئوخشاش كىشىلەر ھالاك بولسۇن، لېكىن ھەقىقەت روناق تاپسۇن. ماڭا ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئاددىي ئادەملەر سەۋەبلىك ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى چۈشۈپ كەتمىسۇن، ئازراق چۈشۈپ كەتسىمۇ بولمايدۇ.

مەن تۆۋەندىكى بابلاردا بايان قىلىدىغان پىكىرلىرىمنى باشقىلارنىڭ نوپۇز قىلىۋالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم ئۆتۈنىمەن. بۇ يەردە زىكرى قىلىنغان بەزى كەچۈرمىشلەر بىر خىل كونكرېت چۈشەنچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەربىر ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ياقتۇرۇشى ۋە قۇربى بىلەن سىناق قىلىپ باقىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئىشلار مۇشۇ دائىرىدىلا چەكلىنىپ قېلىنسا، بۇنداق كونكرېت چۈشەنچىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياردىمى تېگىدۇ. چۈنكى، مەن دېيىشكە تېگىشلىك ئاللىقانداق بىر سەتچىلىكنى يوشۇرماقچىمۇ ئەمەسمەن، تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويماقچىمۇ ئەمەسمەن. مەن ئۆز خاتالىقلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە پۈتۈنلەي ئېيتماقچىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم ئۆزۈمنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىلمىدىكى كەچۈرمىشلىرىمنى تەسۋىرلەش، ھەرگىزمۇ ئادىمىيلىكىمنىڭ ئاللىقانداق ياخشىلىقىنى دەۋېلىش ئەمەس. ئۆزۈم ئۈستىدىكى ھۆكۈملەردە، مەن ئىمكانقەدەر قاتتىق ھەم سەمىمىي بولىمەن، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆزۈمنى مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن دەڭسىسەم، مەن چوقۇم شۇدرا[①]لار بىلەن بىرلىكتە مۇنداق نىدا قىلىشىم كېرەك:

بارمىكىنتاڭ قايسىبىر يەردە
مەندەك قەبىھ، رەزىل بىر كىشى؛

① شۇدرالار — شۇدرا (sudra, shudra) يېقىنقى زاماندىكى تۆۋەنرەك تەبىقىلەرگە يېقىنراق كېلىدىغان قەدىمكى شۇدرالارنىڭ بىر تارمىقى، قەدىمكى ھىندىستاندىكى تۆت تەبىقىنىڭ بىرسى. ئۇ ئاساسلىقى بويسۇندۇرۇلغان ئارىيانلاردىن تەركىب تاپقان. قەدىمكى قانۇن ـ دەستۇرلاردا جىسمانىي ئەمگەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆۋەن خىزمەت قىلغۇچىلار.

تەرك ئەتتىم پەرۋەردىگارنى،
مەن بولسام بىر ئىمانسىز دەھرىي.

چۈنكى، مەن ئۇنىڭدىن يەنىلا شۇنچە يىراقمەن، بۇنىسى مېنى قاتتىق ئازابلايدۇ. مەن شۇنى تولۇق چۈشىنىمەنكى، ئۇ مېنىڭ ھاياتلىقىمدىكى ھەربىر تىنىقىمغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقتا تۇرىمەنكى، ۋۇجۇدۇمدا يەنە بىرمۇنچە ناچار ئىللەتلەر بار، ھالبۇكى مەن بۇ خىل ئىللەتلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىدىم، بۇنىسى ئۆزۈمگىمۇ ئايان.

ئەمدى سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، مەن بۇ چىن قىسسەمنى كېيىنكى بابتىنلا باشلىسام بولغۇدەك.

م. ك. گەندى
1925 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com



# برنچی قسم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# نەسىل ـ نەسەب

گەندى ئائىلىسى بانىيا[①]لارغا تەۋە بولۇپ، ئەسلىدە ھۆپىگەرلەردىن ئىدى. بوۋامدىن باشلاپ ئۈلار ئۈدا ئۈچ ئەۋلادقىچە كاسىياۋادىنىڭ ھەرقايسى ئىشتاتلىرىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇپ كەلگەنىدى. بوۋام ئۇتتامچاند (Uttamchand) گەندى، يەنە بىر ئىسمى ئوتا گەندى ـــ ئويلىشىمچە، بىر پىرىنسىپال ئادەم ئىدى. مەلۇم سىياسىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلى پورباندارىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ ئەسلىدە ئاشۇ جاينىڭ دىۋانبېگى (باش ۋەزىر) بولۇپ، جۇناگاد (Junagadh)قا پاناھ تارتىپ كەلگەنىدى. ئۇ شۇ جاينىڭ نائىبىغا سول قول بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرگەنىكەن. بەزىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىسىز، دەپ سورىسا، ئۇ: «ئوڭ قولۇم ئاللىقاچان پورباندارغا بەخشەندە بولۇپ كەتكەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ئوتا (Ota) گەندى ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قايتا ئۆيلەندى. ئالدىنقى خوتۇنىدىن تۆت بالىسى قالدى، كېيىنكى خوتۇنىدىن ئىككى بالىلىق بولدى. مەن گۆدەك چاغلىرىمدا ئوتا گەندىنىڭ بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ئەسلىدە بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغانلىقىنى ئەسلا ھېس قىلمىغانىدىم ھەم بىلمەيتتىم. بۇ ئالتە بالا ئىچىدە بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى كارامچاند (Karamchand) گەندى، يەنە بىر ئىسمى كابا (Kaba) گەندى، ئالتىنچىسى تۇلسىداس (Tulsidas) گەندى ئىدى. ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پورباندارنىڭ باش ۋەزىرى بولغانىدى. كابا

① بانىيا (bania) ـــ ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ تەبىقىسى بولمىش ۋائىشيا (Vaishya) لارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئەسلىي كەسپى دېھقانچىلىق ۋە سودىگەرچىلىك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

گەندى مېنىڭ ئاتام ئىدى. ئۇ ئەسلىدە خانلىق مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى ئىدى. ھازىر بۇنداق سوتلار مەۋجۇتلۇقتىن قالدى، ھالبۇكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە قوۋملار ئارىسىدىكى تالاش تارتىشلارنى مۇرەسسە قىلىدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىنتايىن تەسىر كۈچكە ئىگە بىر ئورگان ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ بىر مەزگىل راجكود ۋە ۋانكانېر (Vankaner) نىڭ باش ۋەزىرى بولغانىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا نەپىقە پۇلى راجكودتىن بېرىلدى.

كابا گەندى تۆت قېتىم ئۆيلەنگەن بولۇپ، ھەر قېتىم خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن قايتا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇ ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق نىكاھىدىن ئىككى قىزغا ئاتا بولدى. ئەڭ ئاخىرقى خوتۇنى بىر قىز، ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى مەن ئىدىم.

مېنىڭ دادام ساداقەتمەن، باتۇر، مەردانە ۋە ھىممەتلىك، دىنغا ئىخلاسمەن ئادەم ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دادام بىر ئاز شەھۋەتخورەك قىلاتتى، چۈنكى ئۇ تۆتىنچى قېتىم توي قىلغاندا، ئاللىقاچان قىرىقتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ پاك ــ دىيانەتلىك ئادەم ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆيدە ۋە سىرتتا ئادىللىقى بىلەن نام قازانغانىدى. ئۇ ئۆز ئىشتاتىغا سەمىمىي ــ ساداقەتمەن ئىدى. ئۇنى ھەممىلا ئادەم بىلەتتى. بىر قېتىم بىر ياردەمچى سىياسىي نازارەتچى ئۇتتۇق سۆزلەپ راجكودنىڭ خان ــ غوجىلىرىنى ھاقارەتلىگەندە، ئۇ دەرھال كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز پاسىبانىنى قوغدىغان، ھېلىقى ياردەمچى نازارەتچىنى قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. نازارەتچى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، كابا گەندىنىڭ ناماقۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلغانىدى. تەبىئىيكى، ئۇ بۇنىڭغا كۆنمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرقانچە سائەت نەزەربەند قىلىنغاندى.

دادام ئەزەلدىن باي بولۇش خىيالىغا كېلىپ باققان ئادەم ئەمەس. شۇڭا، بىزگە ھېچقانداق روزغار قالدۇرمىغاندى. ئۇ مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولمىسىمۇ، لېكىن تولىمۇ تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ ناھايىتى دېگەندە، گۇجارات تىل ــ يېزىقىدىن بەشىنچى سىنىپ سەۋىيەسىگە ئىگە ئىدى. ئۇ تارىخ، جۇغراپىيە دېگەنلەرنى ئوقۇپ باقمىغان، لېكىن ئۇنىڭ مول تەجرىبىسى ئۇنىڭغا ھەرقانچە چىگىچ مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلالىغۇدەك ھەمدە مىڭلىغان ــ ئونمىڭلىغان كىشىنى ئىدارە قىلالىغۇدەك قابىلىيەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ دىنىي جەھەتتىنمۇ ھېچقانچە تەربىيە كۆرمىگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭدا بىر خىل دىنىي مەدە-

نىيەت بار ئىدى. بۇ خىل مەدەنىيەتكە نۇرغۇن ھىندى مۇرتلىرى ھەمىشە ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ باشقىلارنىڭ نوم - سۇتراللاردىن قىلغان تەبلىغلىرىنى ئاڭلاپ ئىگە بولاتتى. دادام ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، ئائىلىمىزدە بىر ئىلىملىك بىراھمان بۇرادەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن چىترا نومى[①]نى ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ ھەر كۈنلۈك ئىبادەت ۋاقتىدا ھەمىشە بىرنەچچە پارە قىرائەت قىلاتتى.

ئانام ماڭا ئەڭ دەسلەپتە پاك - دىيانەتلىك تەسىر بەرگەنىدى. ئۇ دىنغا چوڭقۇر ئېتىقادى بار ئايال ئىدى، ئەگەر بىر كۈنلۈك ئىبادىتىنى قىلالمىغان بولسا، ئاغزىغا زادىلا تائام ئالمايتتى. ئۇ ھەمىشە خاۋېلى (Haveli) دىكى ۋائىشناۋا (Vaishnava)[②] ئىبادەتخانىسىغا تاۋاپ قىلغىلى باراتتى، ھەر كۈنى بىر قېتىم جەزمەن بېرىشى كېرەك ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ چاتۇرماس[③] پەرھىز ۋاقتىنى ئەسلا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئەمەس. ئۇ بەزىدە ئادا قىلىش ئىنتايىن تەس ئىشلارنى لەۋز قىلاتتى، لېكىن ھەرقانداق چاغدا لەۋزىدە تۇرماي قالمايتتى، ھەتتا كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ لەۋزىدىن يېنىۋالمايتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ بىر قېتىم چاندرايانا[④] قەسىمىنى ئادا قىلىۋېتىپ، توساتتىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، لېكىن ئۇ كېسەلنى دەپ ئۆزىنىڭ پەرھىز قەسىمىنى ھەرگىزمۇ بۇزمىدى، ھەتتا ئۇدا ئىككى - ئۈچ قېتىم پەرھىز تۇتسىمۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. تۆت ئايلىق پەرھىز مەزگىلىدە، ھەر كۈنى بىر ۋاقلا تاماقلىنىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى. يەنە بىر قېتىم — بۇمۇ چاتۇرماس پەرھىزى مەزگىلى ئىدى، ئۇ قۇياشنى كۆرمىگۈچە تاماقلانمايمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدى. ئۇ كۈنلەردە بىز پەرزەنتلەر ھەمىشە بوينىمىزنى سوزۇپ

---

① «باگاۋاتگىتا» (Bhagavatgita)، يەنى «پېشۋالار قەسىدىسى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ھىندى ئېپوسى «رامايەنا»نىڭ 6 - جىلدى «ۋىشنۇ» (Vaishnu) بولۇپ، 18 بابقا بۆلۈنگەن، ئاساسلىقى پەلسەپە ۋە شېئىرلار بولۇپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ ئارجۇنا بولغان ۋەزلىرى سۆزلىنىدۇ، قاراڭغۇ ئاسمان ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەت دەپ قارىلىدۇ.

② ۋائىشناۋا — ھىندى دىنىدىكى بىردىنبىر تەڭرى، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ تىرىك جاننى ئۆلتۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ، شۇڭا گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر مېھىر - مۇھەببەت ۋە خەير - ساخاۋەتكە ئېتىبار قىلىدۇ.

③ چاتۇرماس (Chaturmas) — ھىندىستاندىكى بىر پەسىلنى كۆرسىتىدۇ. ھىندىستاندا تۆت ئاي بىر پەسىل بولىدۇ، يەنى ھىندىچە ساۋەن، بادۇن، قوۋار ۋە قاتتىق ئايلىرى بىر پەسىل بولۇپ، بۇ چاتۇرما دەپ ئاتىلىدۇ؛ بۇ يامغۇر پەسلىدۇر.

④ چاندرايانا (Chandrayana) — بىر خىل پەرھىز، كۈندىلىك تاماق مىقدارى ئاينىڭ تولۇش - كېمىيىشىگە قاراپ كۆپەيتىلىدۇ ياكى ئازايتىلىدۇ.

ئاسمانغا قارايتتۇق، قۇياش كۆرۈنگەن ھامان ئاتىمىزغا مەلۇم قىلاتتۇق. ھەممىگە مەلۇمكى، يامغۇر پەسلى ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە قۇياش ئاسان كۆرۈنمەيدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىرنەچچە قېتىم مۇنداق بولغانىدى: قۇياش تۇساتتىن كۆرۈندى، مەن ئۇچقاندەك يۈگۈرگەن پېتى ئانامغا مەلۇم قىلدىم. بۇ چاغدا ئۇمۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ قۇياشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ چىققاندا ئېزىتقۇ، قۇياش يەنە مۆكۈۋالغانىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تاماقلىنىش ھوقۇقى يەنە تارتىۋېلىنىدى. لېكىن، ئۇ شۇنداق بولۇشى زۆرۈردەك: «ھېچقىسى يوق، پەرۋەردىگار بۈگۈن مېنى تاماق يېمەسلىككە بۇيرۇپتۇ» دېدى ـ دە، يەنە ئۆيگە كىرىپ ئېغىر ئۆي ئىشلىرىغا بەند بولدى.

ئانامنىڭ بىلىمى مول ئىدى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىمۇ پىششىق بىلەتتى، ھەتتا ئوردىدىكى ئاغىچا ـ ئايىملارمۇ ئۇنىڭ ئىستېداتىغا زوقلىناتتى. گۆدەك ۋاقتىمدا ھەمىشە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر ياقلارغا باراتتىم، تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ ئىشتاتىمىز خانىنىڭ تۇل ئانىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم قىزغىن سۆھبەتتە بولغانىدى.

مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى، مەن 1869 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پوربانداردا تۇغۇلدۇم. بالىلىق دەۋرىم پوربانداردا ئۆتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن مەكتەپكە ئاشۇ يەردە كىرگەنىدىم، مەن كەررىنى ناھايىتى تەستە ئۆگىنىۋالغانىدىم. ئۇ چاغلاردا باشقا بالىلار بىلەن بىللە مۇئەللىمنى كولدۇرلىتىشتىن باشقا خىيال كاللامغا كىرمەيتتى. بۇ ئىش شۇنى تولۇق چۈشەندۈرەتتىكى، مېنىڭ زېھنىم چوقۇم گال، خاتىرەممۇ ناچار بولسا كېرەك.

# ئىككىنچى باب

## باللىقىم

دادام پوربانىدار (Porbandar) دىن ئايرىلىپ خانلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەسى بولۇش ئۈچۈن راجكوداقا ماڭغاندا، مەن ئالاھازەل يەتتە ياشلاردا ئىدىم، مەن ئۇ يەردە باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردىم. ئەينى چاغدىكى ئىشلار، جۈملىدىن بىزگە ساۋاق بەرگەن مۇئەللىملەرنىڭ ئىسمى ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە. مېنىڭ بۇ يەردىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىممۇ پورباندارىدىكىدىن پەرقلەنمەيتتى، ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. ئېھتىمال مەن ئەينى چاغدا يەنىلا ئادەتتىكى بالا بولسام كېرەك. كېيىن بۇ مەكتەپتىن شەھەر ئەتراپىدىكى يەنە بىر مەكتەپكە ئالمىشىپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇدۇم، ئۇ چاغدا مەن 12 ياشتا ئىدىم. قىسقىغىنا بۇ مەزگىل ئىچىدە، ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن مەيلى ئۇستازلارغا ياكى ساۋاقداشلىرىمغا بىر قېتىممۇ يالغان گەپ قىلىپ باقمىغانىدىم. مەن تولىمۇ تارتىنچاق ئىدىم، ھەمىشە باشقىلاردىن قېچىپ يۈرەتتىم. كىتاب ۋە دەرس مېنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكىم ئىدى. مەكتەپكە ۋاقتىدا باراتتىم، مەكتەپتىن قويۇپ بېرىشى ھامان ئۆيگە يۈگۈرۈپ قايتاتتىم ــ مېنىڭ كۈندىلىك ئادىتىم مانا شۇنداق ئىدى. چۈنكى، مەن باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، ھەتتا باشقىلارنىڭ مېنى مازاق قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتىم.

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا 1 ـ يىللىقتا ئىمتىھان بەرگەندە، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىر ئىش يۈز بەردى. تىلىس ئەپەندى دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇپەتتىش مەكتىپىمىزگە تەكشۈرگىلى كەلدى. ئۇ بىزنىڭ توغرا قوشۇپ يازالايدىغانلىقىمىزنى سىناپ بېقىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن بەش سۆزنى يېزىپ بېقىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىرسى «قازان» دېگەن سۆز ئىدى. مۇئەللىم پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن ماڭا ئىشارەت قىلغانىدى، لېكىن مەن مۇئەللىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدىم، مەن مۇئەللىمنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قول دوسكىسىدىن كۆچۈرۈشۈمنى ئىشارەت قىلغانلىقىنى چۈشەنمەپتىمەن، مەن تېخى مۇئەللىم ئۇ يەردە مېنى كۆچۈرۈۋالمىسۇن دەپ تۇرغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. نەتىجىدە، مەندىن باشقا بارلىق ئوقۇغۇچىلار توغرا يېزىپتۇ، پەقەت مەنلا دۆتلۈك قىلغانىدىم. كېيىن مۇئەللىم مېنى شۇنداق ئەيىبلىدى. لېكىن، بۇنىڭ پايدىسى يوق، مەن «كۆچۈرۈش» سەنئىتىنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايمەن.

هالبۇكى، بۇ ئىش مېنىڭ مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمىتىمنى قىلچىلىك تۆۋەنلىتەلمىدى. مەن تەبىئىتىمدىنلا چوڭلارنىڭ نۇقسانلىرىغا نەزەر سالمايتتىم، كېيىن مەن ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى بارلىقىنى بايقىدىم، لېكىن مەن ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل ھۆرمەت قىلىپ كەلدىم، چۈنكى مەن چوڭلارنىڭ نەسىھەتىگە بويسۇنۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى بىلەن ھېسابلاشمايتتىم.

بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن ئىككى ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئادەتتە مەن دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتىم، ھەر كۈنلۈك دەرسنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولالتتىم. چۈنكى مەن مۇئەللىمنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىغا قېلىشنى خالىمايتتىم، ئۇنى ئالداشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم، شۇڭا دەرسنى ھامان تەكرارلىمىسام بولمايتتى، لېكىن خىيالىم باشقا يەردە پالاس قاقاتتى، شۇڭا تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەپ بولغىلى بولمىغاندىكىن، تەبىئىيكى دەرسلىكتىن سىرتقى ئوقۇشلۇق مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمايتتى. لېكىن، بىر قېتىم دادام سېتىۋېلىپ كەلگەن بىر كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ شراۋانا (Shravana)نىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقىغا ئائىت سېنارىيە ئىدى. مەن بۇ كىتابنى بەك كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ كەتتىم. بۇ چاغدا ئائىلىمىزگە سەييارە تېرە قونچاق ئويۇنى قويىدىغان بىر نەچچە ئادەم كەلدى، ئۇلارنىڭ ئويۇنى ئىچىدە، شراۋانانىڭ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى يۈدۈپ ھەج ـ تاۋاپقا بارغانلىقى تەسۋىرلىنىدىغان بىر كۆرۈنۈش بار ئىدى. بۇ كىتاب ۋە بۇ كۆرۈنۈش قەلبىمدە يوقالماس ئىز قالدۇرغانىدى. «مانا بۇ سەن ئۆزلەشتۈرىدىغان

ئۆلگە» دەيتتىم ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ. شىراۋانا ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ يىغلاپ كېتىدىغان كۆرۈنۈشى ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ بىر بۆلەك مەرسىيە مېنى قاتتىق لەرزىگە سالغانىدى، مەن دادام ئېلىپ بەرگەن ئىسكىرىپكا بىلەن بۇ مەرسىيەنى چېلىپ باققانىدىم.

مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەنە بىر ئىش باشقا بىر ئويۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، دەل مۇشۇ چاغلاردا مەن دادامدىن رۇخسەت ئېلىپ مەلۇم بىر ئۆمەك قويغان «خارىش چاندرا» (Harish Chandra) دېگەن تىياتىرنى كۆرگىلى باردىم، بۇ تىياتىر مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇنى كۆرسەم ـ كۆرسەم زېرىكمەيتتىم. لېكىن، بۇ تىياتىرنى قايتا كۆرىدىغانغا مەندە قانچىلىك پۇرسەت بولسۇن دەيسىز؟ ئۇ ھەمىشە ئەس ـ يادىمدىن كەتمەيتتى، مەن خارىش چاندرانى قانچە قېتىملاپ يالغۇز ئويناپ چىققانىدىم. مەن كېچە ـ كۈندۈز ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سورايتتىم: «ئادەم نېمىشقا خارىش چاندرادەك سەممىي بولمايدۇ؟» مەن چوقۇم ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەقىقەتكە بويسۇنىمەن، ھەقىقەت ئۈچۈن بارچە سىناقلارنى قوبۇل قىلىمەن. بۇ مېنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر ئىدىيە ئىدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا خارىش چاندرا ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ راستلىقىغا تامامەن چىنپۈتكەنىدىم. مۇشۇ ھېكايىنى ئويلىسامالا ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش كېلەتتى. ھازىرقى مەلۇماتىم بويىچە ھۆكۈم قىلسام، خارىش چاندرا تارىخىي شەخس بولمىسا كېرەك. لېكىن، مەيلى قانداق بولسۇن، مەن خارىش چاندرا ھەمدە شىراۋانانى تىرىك رېئاللىقنىڭ ئۆزى دەپ بىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، بۈگۈنكى كۈندە مەن بۇ ئىككى ئەسەرنى ئەگەر قايتا ئوقۇسام ئوخشاشلا ئىلگىرىكىدەك لەرزىگە كېلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

## بالا نىكاھ

بۇ بابنى زادىلا يازغۇم يوق ئىدى، بۇ بايانلاردا نۇرغۇن ئازابلىق كۆز ياشلىرىمنى يۇتۇۋېلىشىمغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ھەقىقەتنىڭ چوقۇنغۇچىسى دەپ قارىغانىكەنمەن، بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرماسلىقىم كېرەك. بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەت، مەن بۇ يەردە 13 ياش ۋاقتىمدىكى نىكاھ ئىشىمنى بايان قىلىشىم كېرەك. بۈگۈن مەن ئۆزۈم كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەينى ۋاقىتتىكى مەن بىلەن ئوخشاش ياشتىكى بالىلارغا قارىسام، ئىختىيارسىز ئۆزۈمنىڭ توي ئىشىنى ئەسكە ئالىمەن ـ دە، ئۆزۈم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، ئۇلارنىڭ ماڭا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كەلمىگەنلىكىدىن سۆيۈنىمەن. مېنىڭكىگە ئوخشاش بۇنداق بىمەنە بالدۇر نىكاھتىن ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان ئالىلقاندااق ئەخلاقىي ئاساسنى تاپالمىدىم.

ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇنكى، مەن توي قىلغان، چاي ئىچۈرۈلگەن ئەمەس، چۈنكى كاسىياۋاد (Kathiawad)تا چاي ئىچۈرۈش بىلەن توي قىلىش ئىككى ئىش ھېسابلىنىدۇ. چاي ئىچۈرۈش ئوغۇل ـ قىز ئىككى تەرەپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىن پۈتۈشكەن نىكاھ توختامى بولۇپ، ئۇنى بىكار قىلىشقا بولىدۇ، ئەر ئۆلسە، ئايال تۇللۇقنى ساقلاپ ئولتۇرمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل نىكاھ كېلىشىمى بولۇپ، پەرزەنتلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بەزىدە بۇنى چاي ئىچۈرۈلگۈچىلەرنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەي قالىدۇ. ئۆزۈمگە قارىغۇ بولسىمۇ ماڭا ئۈچ قېتىم چاي ئىچۈرۈلگەنىدى. ئاڭلىسام ماڭا تاللىغان ئىككى قىز بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ئۈچ قېتىم چاي ئىچۈرۈلگەن، دەپ بىلىمەن. غۇۋا ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۈچىنچى قېتىم چاي ئىچۈرۈلگەندە مەن يەتتە ياشتا ئىدىم. لېكىن، بۇ

ئىشنى ماڭا بىرەر كىمنىڭ خەۋەر قىلغانلىقى ئېنىق ئېسىمدە يوق. بۇ بابتا مەن توي قىلىش جەريانىمنى سۆزلىمەكچىمەن. بۇنىسى شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

ئاكا ــ ئۇكا ئۇچىمىزدىن چوڭ ئاكام بۇرۇنلا نىكاھلىق بولغانىدى. ئاتا ــ ئانىمىز مەندىن ئىككى ــ ئۈچ ياش چوڭ ئىككىنچى ئاكامنى، يەنە مەندىن بىر ياش چوڭ نەۋرە ئاكام بىلەن مەن ئۇچىمىزنىڭ تويىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىزنىڭ بەختىمىزنى ئويلاشقانلىقتىن، بىزنىڭ ئارزۇيىمىزنى چىقىش قىلغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاسانلىق ۋە تېجەشلىك بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ توي ــ تۆكۈن ئىشلىرى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. بىر قېتىملىق توينى دەپ قىز ــ ئوغۇل ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ــ ئانىلىرى پۈتۈن تاپقان ــ تەرگىنىنى سورۇۋېتىدۇ. ئۇلار پۇل ــ پۇچەك ۋە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدۇ، تويلۇق كىيىم ۋە زىبۇ ــ زىننەت سېتىۋېلىش، توي ــ مەرىكە ھازىرلىقى ئۈچۈنلا بىرنەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ، مەرىكە ئۆتكۈزۈشتە قايسى ئائىلىنىڭ تەييارلىقى ياخشى، دەپ بەسلىشىپ ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ. ئاياللار ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغان ياكى ئېيتالمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەمىشە ئالىتاغىل كاركىرىشىپ، ئاخىرىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ، قىيا ــ چىيا سېلىشىپ قوشنىلىرىغا ئارام بەرمەيدۇ، قوشنىلار بۇنداق ئالىتاغىل ۋارقىراشلار ۋە كالتە ــ كۆسەي شان ــ شەرەپ تۇيغۇسىدىن چىققان ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە نىسبەتەن ھەمىشە تەبىئىي، ئازادە پوزىتسىيە تۇتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش ھامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بېشىدىمۇ بار ــ دە!

ئاتا ــ ئانىلىرىمىز بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، دېمىسى بىر يولىلا چىقىرىۋالماقچى بولغان ــ دە، ھەم تېجەشلىك، ھەم كۆڭۈللۈك بولۇشنى ئويلىغان. چۈنكى، بىر قېتىم پۇل خەجلىسە، ھامان بەزى ئىسراپچىلىقلار بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ھامان ئۈچ قېتىم پۇل خەجلىگەندىن ياخشى ــ دە! دادام بىلەن تاغام ياشقا خېلى چوڭ ئىدى، يەنە كېلىپ بىز بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدۇق، ئېھتىمال ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئەڭ ئاخىرقى بۇ توي ئىشىدىن تەسەللى تاپماقچى بولسا كېرەك. دەل مۇشۇنداق ئويلىنىشلار تۇپەيلى، ئۇلار ئۈچ توينى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى، شۇڭا يۇقىرىدا دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتكىنىمدەك، ئۇلار بىرنەچچە ئاي بۇرۇنلا توي تەييارلىقى بىلەن پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى.

دەل مۇشۇنداق قاتىلاڭچىلىقتىن، بىز پات ئارىدا بولغۇسى ئىشلارنى ھېس قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا مەن توي قىلىشنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، داقا-دۇمباق چېلىش، كېلىننى كۈتۈۋېلىش ھەمدە بىر ناتونۇش قىز بىلەن بىرلىكتە ئويناش پۇرسىتىگە ئېرىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك. جىنسىي تەلپۈنۈش كېيىن بولغان ئىش. ئىنزاغا قالماسلىق ئۈچۈن، مەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بەزى تەپسىلاتلارنى قالدۇردۇم، باشقا ئىشلار توغرۇلۇق توختالمايمەن. بۇلارنى كېيىن سۆزلەيمەن. ۋاھالەنكى، بۇ تەپسىلاتلار بىلەن مەن يېزىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ئانچە باغلىنىشلىق ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى ئاكام بىلەن ئىككىمىز راجكودتىن پورباندارغا قايتۇرۇلدۇق. ئەڭ ئاخىرقى ئىشلارنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىدە بەزى قىزىقارلىق ئىشلارمۇ بار ئىدى. ئالايلۇق، بىز پۈتۈن بەدىنىمىزگە زەرچىۋە مەلھىمى سۈرەتتۇق. لېكىن مەن بۇنى ئەزەلدىن ئارتۇقچە ئىش دەپ قارىمايتتىم.

دادام دىۋانبەگ (Diwan) ئىدى، لېكىن نىمىلا دېگەنبىلەن بەرىبىر بىر خىزمەتكار ئىدى. ئۇ ئىشتاتىمىز بەگلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەچكە، تېخىمۇ ئاشۇنداق كۆرۈنەتتى. بەگ تويغا قىستاپ قالغاندىلا دادامنى ماڭغىلى قويۇپتۇ، يەنە تېخى دادامغا مەخسۇس ھارۋا بەلگىلەپ بېرىپتۇ، بۇنداق بولغاندا ئىككى كۈنلۈك مۇساپىنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى. لېكىن، تەقدىر باشقىچە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. راجكودتىن پورباندارغا 120 ئىنگلىز چاقىرىمى كېلىدىغان بولۇپ، ئات ھارۋىسى بىلەن بەش كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. دادام بۇ مۇساپىنى ئۈچ كۈندىلا بېسىپ بولغانىدى. لېكىن، ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇساپىدە ھارۋىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، ئېغىر يارىلانغانىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە پۈتۈن بەدىنى داكا بىلەن تېڭىلغانىدى. دادام بىلەن بىزنىڭ كەيپىمىز قاچقان بولسىمۇ، لېكىن توي مۇراسىمىنى يەنىلا ئۆتكۈزدۇق. چۈنكى، توينى قانداقمۇ ئۆزگەرتكىلى بولسۇن؟ ھالبۇكى، مەن گۆدەكلەرچە توي خۇشاللىقىغا چۆمۈپ يۈرۈپ، دادامنىڭ ئاغرىق ئازابىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدىم.

مەن ئاتا ـ ئانامغا تولىمۇ ۋاپادار ئىدىم، لېكىن مېنىڭ جىسمانىي تەلپۈنۈشۈم ئاتا ـ ئانامغا بولغان ۋاپادارلىقىمدىن قېلىشمايتتى. مەن

تېخى ئاتا ـ ئانامغا ۋاپادار بولۇش ئۈچۈن بارلىق بەخت ۋە خۇشاللىقنى قۇربان قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتتىم. شۇڭا، مېنىڭ بۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتخورلۇقۇمنى جازالىماقچى بولغاندەك، مېنى ئۈمۈرلۈك ئازابلايدىغان بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. بۇ ھەقتە مەن كېيىن توختىلىمەن. نىشكۇلاناند (Nishkulanand) دېگەن ناخشىدا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى: «ھەۋەس قۇشىنى ئۆلتۈردۈم، كۆڭلۈم لېكىن كىر، غۇبار؛ مۇشەققەتتۇر مەن ئۈچۈن، ئۆتمەك تەنھا، بىغۇبار.» مەن مۇشۇ ناخشىنى ئېيتسام ـ ياكى باشقىلارنىڭ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتقىنىنى ئاڭلىسام ـ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان بۇ سەتچىلىكنى ئېسىمگە ئالاتتىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئىزا ـ نومۇس بىلەن تولاتتى.

دادام يارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن تويغا باشتىن ـ ئاخىر زورمۇزور قاتناشتى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇنىڭ تويىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا قانداق ئولتۇرغان ھالىتى ئېسىمدە. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ مېنى گۆدەك ۋاقتىمدىلا ئۆيلەپ قويغانلىقىنى قاتتىق تەنقىدلەيدىغانلىقىمنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. مېنىڭچە، ئاشۇ كۈندىكى ھەربىر ئىش ناھايىتى جايىدا ۋە كۆڭۈللۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تەبىئىيكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭمۇ توي قىلغۇسى بار ئىدى. دادامنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ھەربىر ھەرىكىتىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايتتى، ئۇ ئىشلارنى ئەسلىسە ئادەمگە يەنىلا يېپيېڭى تۇيۇلاتتى. تاكى مۇشۇ كۈنلەردىمۇ، مەن بىزنىڭ نىكاھ سۇپىسىدا قانداق ئولتۇرغانلىقىمىزنى، كېلىن بىلەن ساپتاپادى (Saptapadi)[①] تەزىمىنى قانداق بەجا كەلتۈرۈپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشقانلىقىمىزنى، كانسار (Kansar)[②]نى بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئاغزىغا قانداق ئاپارغانلىقىمىزنى، ئاندىن كېيىن يەنە قانداق قىلىپ بىر ئۆيدە بىللە تۇرغانلىقىمىزنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. يەنە ئاشۇ توي كېچىسى، ئىككى نادان بالا كىشىلىك ھايات دېڭىزىغا ئۆزىمۇ بىلمىگەن

① ساپتاپادى (يەتتە تەزىم) ــ ھىندى دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان كېلىن بىلەن يىگىتنىڭ يەتتە قەدەم ماڭىدىغان بىر خىل مۇراسىمى. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۆزئارا ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش ۋە بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە ۋەدە بېرىشىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلارنىڭ نىكاھى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس نىكاھىي قوشۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

② كانسار ــ بۇغدايدىن ياسىلىدىغان بىر خىل كەمپۈت، توي تۈگىگەندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ تەڭ يەيدۇ.

ھالدا كىرىپ كەتكەنىدى. يەڭگەم تۇنجى كېچىسى بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەردىن مېنى خەۋەردار قىلغانىدى. مېنىڭ خوتۇنۇمنىمۇ باشقىلارنىڭ ئۆگەتكەن ـ ئۆگەتمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭدىن ئەسلا سوراپ باقمىغانمەن، ھازىرمۇ سوراشنى خالىمايمەن. ئوقۇرمەنلەر بىزنى ئەينى ۋاقىتتا قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن، بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ يۈزىگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتۇق. بىز ھەقىقەتەنمۇ تەڭقىسلىقتا قالغانىدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداق سۆزلىشىمەن؟ نېمە دەيمەن؟ يەڭگەمنىڭ ماڭا ئۆگەتكەنلىرى گويا ماڭا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئىشلارنى باشقىلارنىڭ ئۆگىتىشى ھاجەتسىز ئىدى. ئىلگىرىكىلەرنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەسىرى ھەممىنى ئارتۇقچە بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزنى بارا ـ بارا چۈشىنىشكە باشلىدۇق. يەنە كېلىپ خالىغانچە مۇڭدىشالايدىغان بولدۇق. بىز قورداش ئىدۇق، لېكىن، مەن ئۇزاق ئۆتمەي ئەرلىك نوپۇزۇمنى كۆرسىتىشكە باشلىدىم.

## تۆتىنچى باب

# ئەر بولدۇم

ئالاھازەل مەن توي قىلغان چاغلاردا، ھەممىشە مۇھەببەت، ئىقتىدارسادچىللىق، بالا ئىنكاھ ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان بىر پەيىس ياكى پېيغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان كىتابچىلار نەشر قىلىناتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق كىتابچىلارنى كۆرگىنىمدە، باشتىن ـ ئاخىر قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقاتتىم. ئەينى ۋاقىتتا يىرگەنگەن نەرسىلىرىمنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، ياقتۇرغان نەرسىلىرىمگە ئەمەل قىلىدىغان بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۇرگەنىدىم، بۇ كىتابچىلاردا مۇھاكىمە قىلىنغان ئايالىغا مەڭگۈ سادىق بولۇش ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، دەيدىغان ئىدىيە قەلبىمگە مەڭگۈ ئورنىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. يەنە كېلىپ، مەن تەبىئىتىمدىن ھەقىقەتكە ئىنتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئالداش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ۋاقىتلاردا يېشىممۇ كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ساداقەتسىزلىك قىلىدىغان پۇرسەتمۇ ئاز ئىدى.

ھالبۇكى، ساداقەتمەنلىك تەنبىھىمۇ كىشىگە ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ. مەن ھەممىشە ئۆزۈمگە: «مەن ئايالىمغا قەتئىي سادىق بولىمەن دەيدىكەنمەن، ئۇمۇ جەزمەن ماڭا سادىق بولۇشى كېرەك» دەيتتىم. مانا بۇ خىيال مېنى بىر كۈنداش ئەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت مېنىڭ ئۇنىڭدىن سادىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇقۇمغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۇ مېنىڭ ھوقۇقۇمغا جىددىي قارىشى كېرەك ئىدى. ئايالىمنىڭ پاكلىقىدىن گۇمانلىنىشقا مېنىڭ ھېچقانداق ئاساسىممۇ يوق ئىدى. ھالبۇكى، رەشك ـ كۈنداشلىقتا ئاساس كەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭ يۈرۈش ـ

تۇرۇشىنى مەڭگۈ نازارەت قىلىشىم كېرەك، شۇڭا مېنىڭ ئىجازدتىمسىز ئۇ ھېچ يەرگە يولىماسلىقى كېرەك. مانا بۇ ئارىمىزغا دائىملىق غەلۋىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقانىدى، بۇنداق چەكلىمە ئەلۋەتتە مەھبۇسلارغا لايىق كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كاستۇربە (Kasturbai) بۇنىڭغا ئاقەت قىلىپ تۇرىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆزى خالىغان يېرىگە بېرىشتى نىيەت قىلغاندا، مەن ئۇنى قانچە چەكلىسەم ئۇمۇ شۇنچە ئىختىيارلىشىپ كېتەتتى، نەتىجىدە بۇ ھال مېنى قاتتىق پەرىشان قىلاتتى، شۇنداق قىلىپ، ئۆزئارا گەپ قىلىشماسلىق بىز بالا نىكاھلانغۇچىلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئادىتىمىز بولۇپ قالغانىدى. ھازىر شۇنى چۈشەندىمكى، كاستۇربەنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ چەكلەشلىرىمگە قارىماي ئەركىن - ئىختىيارىي يۇرۇشى قىلچىمۇ ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق ئىش ئىكەن. بىر بىگۇناھ قىز بۇتنى تاۋاپ قىلىشقا بېرىشتىن، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاشتىن چەكلەنسە، بۇنىڭغا قانداقمۇ سەۋر قىلىپ تۇرالىسۇن؟ ناۋادا ئۇنى چەكلەشكە ھوقۇقلۇق بولسام، ئەجەبا ئۇنىڭ مېنى چەكلەش ھوقۇقى يوقمىكەن؟ مەن بۇلارنى بۇگۇنكى كۇندە چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا مەن ئەرلىك نوپۇزۇمنى يۇرگۈزۈۋاتاتتىم.

بىراق، ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇنكى، سىلەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئازابلىق تۇرمۇش ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مېنىڭ بۇنداق قاتتىقلىق قىلىشىم مۇھەببەتتىن ئىدى. مەن خوتۇنۇمنى كۆڭلۇمدىكىدەك بىر خوتۇن قىلىپ چىقماقچىدىم. مېنىڭ ئىرادەم ئۇنى پاك تۇرمۇش كەچۈرگۈزۈش، ئۇنىڭغا بىلگەنلىرىمنى ئۆگىتىش، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئوي - پىكرىنى ئۆزۈمنىڭكى بىلەن بىردەك قىلىش ئىدى.

مەن كاستۇربەدىمۇ مۇشۇنداق بۇيۇك ئىرادىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. ئۇ ساۋاتسىز ئىدى، تەبىئىتىدىن ئاددىي - ساددا، باشقىلارغا يۆلىنىۋالمايدىغان، سەۋر - تاقەتچان ئىدى، يەنە كېلىپ ماڭا نىسبەتەن ھەمىشە كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىدىن خاۋاتىرلىنەتتى، مەن ئۆزۈمنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگىنىشلىرىمنىڭ ئۇنىڭدىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش ئۆگىنىش ئىشتىياقى قوزغىغان - قوزغىمىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. شۇڭا ئويلايمەنكى، مېنىڭ ئۇلۇغ مەقسەتلىرىم نوقۇل بىر تەرەپلىمىلىك بولسا كېرەك. مېنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىم پۈتۈنلەي بىر ئايالغىلا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ماڭا ئوخشاش بولۇشنى كۈتەتتىم.

www.uyghurkitap.com

ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلمىسەممۇ، يەنىلا ئازابلانمايتتىم، چۈنكى ھېچبولمىغاندىمۇ بىر تەرەپنىڭ مۇھەببىتى ئاشۇنداق قىزغىن بولۇشى كېرەك.

مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، ھەتتا مەكتەپتىمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن، كېچە بولۇش بىلەن بىللە بولىدىغان ئۈچرىشىش مېنى ئەسىر قىلىۋالاتتى. جۇدالىققا تاقەت قىلىپ بولمايتتى. مەن ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، تاكى يېرىم كېچىلەرگىچە ئۇنى ئۇيقۇسىز قوياتتىم. ئەگەر قەلبىمدە يىلتىنجاپ تۇرغان بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان بولسا، بۇ خىل ئىشق ـ مۇھەببەت سەۋداسىدا مەجنۇن بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، بىر خىل مەغلۇبىيەتلىك تۇرمۇش قايىنىمىغا دۇم چۈشكەن بولاتتىم. ۋاھالەنكى، بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ھەر كۈنى سەھەردە ئىشلەپ بولۇشۇم كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمگە يالغان ئېيتقۇم كەلمەيتتى. دەل مۇشۇ تەرىپىم مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى، بولمىسا مەن ھالاكەت پاتقىقىغا قانچىلىك پېتىپ كېتەتتىمكىنتاڭ.

كاستۇربەنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇم، مەن ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن جىنسىي مۇھەببەت بىزگە پۇرسەت بەرمەيتتى. چۈنكى، ئۆگىنىشنى ئۇنىڭ دىتىغا خوپ كەلگەن ئەھۋالدىلا قىلغىلى بولاتتى. يەنە كېلىپ كېچىلا قىلغىلى بولاتتى. چوڭلار ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشتىن ھېيىقاتتىم، ھەتتا ئىغىز يېرىپ گەپمۇ قىلالمايتتىم، ئەينى ۋاقىتتا مۇئەييەن دەرىجىدە ئېيتقاندا، كاسىياۋادتا ئۆزىگە خاس، ئەھمىيەتسىز ھەم تولىمۇ ياۋايى ھالەتتىكى قىز ھۇجرىسى دەيدىغان بىر خىل رەسىم ـ قائىدە بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنىڭ ئىسالىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، شۇنى تەن ئېلىشىم كېرەككى، مەن ياش، نۆۋەر چاغلىرىمدا كاستۇربەگە بىرنېمىلەرنى ئۆگىتىمەن دەپ كۆپ تىرىشقان بولسامىمۇ، لېكىن كۆپ چاغلاردا مەغلۇپ بولغانىدىم. ھالبۇكى، جىنسىي مۇھەببەتنىڭ شېرىن چۈشىدىن ئۇيقۇمنى ئاچقاندا بولسا، مەن ئاللىبۇرۇن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە چۆكۈپ كەتكەنىدىم، بوش ۋاقتىممۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. كېيىن ئۇنىڭغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ ئۆگەتمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن ئوخشاشلا مەغلۇپ بولدۇم. نەتىجىدە، كاستۇربە ئاددىيغىنا بىر پارچە خەت يېزىشتىمۇ زورۇقىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ئاددىيغىنا بىرنەچچە گۇجارات يېزىقىنىلا تونۇيتتى. شۇنداق

كېيىنكى ئىيتالىيەنكى، ناۋادا مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمگە مۇتلەق شەھۋانىيلىق ئارىلاشمىغان بولسا، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە چوقۇم مەلۇماتلىق بىر خانىم بولۇپ قالغان بولاتتى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ ئۆگىنىشنى ياقتۇرمايدىغان ئادىتىنى تۈگىتەتتىم. ھازىر شۇنى چۈشەندىمكى، ساپ مۇھەببەتنى دېسە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق ئىكەن.

مەن ئاللىقاچان بىر خىل ھالەتنىڭ مېنى جىنسىي مۇھەببەت دىشۋارچىلىقىدىن ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدىم. تىلغا ئېلىشقا بولىدىغان يەنە بىر ئىشىمۇ بار. كۆرمىگىلىغان ئىشلار مېنى شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندۈردىكى، نىيىتى خالىس كىشىنى پەرۋەردىگار ھامان كەچۈرىدىكەن. ھىندى دىنى جەمئىيىتىدە بالا نىكاھ دەيدىغان بىر رەھىمسىز ئادەت بولسىمۇ، لېكىن مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، بالا نىكاھلىق گۇناھىنى ئازايتىدىغان يەنە بىر ئادەتمۇ بار ئىدى: ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار گۆدەك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ دائىم بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يول قويمايتتى. خوتۇن بالا كۆپ ۋاقتىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز شۇنداق ئىدى. دېمەك، تويدىن كېيىنكى دەسلەپكى بەش يىلدا (13 ياشتىن 18 ياشقىچە) بىزنىڭ بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋاقتىمىز ئۈچ يىلغا يەتمەيتتى. بىز يېرىم يىلدەك ۋاقتىمىزنى ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدۇق. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى چاقىرتىۋالدى، ئەينى ۋاقىتتا ئايالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇ خىل چاقىرتىۋېلىش ئادىتى تولىمۇ جانغا تېگەتتى. لېكىن، بۇ بىز ئىككىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغانىكەن. مەن 18 ياشقا كىرگەن يىلى ئەنگلىيەگە كەتتىم. بۇ بىر ھېسابتا ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم ساغلام ئايرىلىش بولغانىدى. ئەنگلىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بىزنىڭ يېرىم يىللاپ بىللە تۇرغان ۋاقتىمىز ناھايىتى ئاز بولدى. چۈنكى، مەن راجكود بىلەن بومباي ئارىسىدا قاتراپ يۈردۈم. كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىغا چاقىرتىلدىم. شۇندىلا مەن جىنسىي مۇھەببەتنىڭ چىرماقلىرىدىن خېلىلا يەڭگىل ھالدا قۇتۇلالىدىم.

## بەشىنچى باب

# ئوتتۇرا مەكتەپ هاياتىم

مەن توي قىلغاندا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم، بىز ئاكا ـ ئۇكا ئۈچىمىز بىر مەكتەپتە ئوقۇيتتۇق. ئاكام يۇقىرى يىللىقتا ئىدى، مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا توي قىلغان ئىككىنچى ئاكام مەندىن بىر سىنىپ يۇقىرى ئىدى. بىز ئىككىمىز توي قىلىمىز دەپ مەكتەپكە بىر يىل كېچىكىپ كىرگەنىدۇق. بۇنىڭ ئاكامغا بولغان تەسىرى ناھايىتى يامان بولدى، ئۇ ئۆگىنىشكە سەل قارىغانىدى. قانچە ـ لىغان ياشنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولغانلىقىنى پەرۋەر ـ دىگار بىلىدۇ. پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ ھىندى دىنى جەمئىيە ـ تىدىلا ئوقۇش بىلەن توي تەڭ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى.

تويدىن كېيىنمۇ ئوقۇشۇمنى ئوقۇۋەردىم. مەكتەپتىكىلەر مېنى ئەخمەق كۆرمەيتتى، ھەمىشە چوڭلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە نائىل بولۇپ تۇراتتىم. مەكتەپ دائىرىلىرى ھەر يىلى مېنىڭ ئۆگىنىش نەتى ـ جەم ۋە مەشغۇلات جەدۋىلىمنى ئاتا ـ ئانامغا ئەۋەتىپ تۇراتتى. مەن ئەسلا ناچار باھاغا ئېرىشكەن ئەمەسمەن. ئەمەلىيەتتە، 2 ـ يىللىق ئىمتىھاندا مۇكاپاتمۇ ئالدىم، 5 ـ ۋە 6 ـ يىللىقلارغا چىققاندا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆت ۋە ئون رۇپىيە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالدىم. مېنىڭ بۇنداق نەتىجە قازىنىشىمنى مېنىڭ تىرىشچانلىقىمدىن بولدى دېگەندىن كۆرە، پۇتۇنلەي تەلەيلىك ئىكەنلىكىمدىن بولدى، دېگەن توغرۇك. چۈنكى، ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ھەممىلا ئوقۇغۇچى ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان ئەمەس، بەلكى كاسىياۋادىنىڭ سوراس (Sorath) رايونىدىكى ئەلاچى ئوقۇ ـ غۇچىلار ئۈچۈن ئاتالغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا 40 ــ 50 ئوقۇغۇچىلىق

www.uyghurkitap.com

بىر سىنىپتا سوراسدىن كەلگەن باللار كۆپ ئەمەس ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۆز ئىقتىدارىمدىن ئانچە پەخىرلىنىپمۇ كەتمەيتتىم. مەن مۇكاپات ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشكەن ۋاقتىمدا ھەمىشە ھەيران قالاتتىم، مەشغۇلات ئەھۋالىمنى بولسا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوغدايتتىمكى، ئەتراپلىق بولماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەگەر كىچىككىنە بىر سەۋەنلىككلا ئۆتكۈزۈپ قويسام، شۇئان يىغلىماي قالمايتتىم. مۇئەللىم ماڭا تەنبىھ بەرگەن ياكى مېنى تەنبىھلىنىشى كېرەك، دەپ قارىغان چاغلاردا، مەن چىدىماي قالاتتىم. بىر قېتىم تەن جازاسى يېگەنلىكىم ئېسىمدە، مەن تەن جازاسى يېگەنلىكىمنى كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمىگەنىدىم. لېكىن، باشقىلارنىڭ مېنى جازىسىنى يېيىشى كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىشى كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. مەن ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتىم، ئۇ چاغ مېنىڭ 1 ـ، 2 ـ يىللىقلاردا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەن 7 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ چاغدىكى مەكتەپ مۇدىرىمىز دورابجى ئېدۇلجى گىمى (Dorabji Edulji Gimi) ئەپەندى ئىدى. ئۇنى ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىنتىزامى قاتتىق، تەربىيەسى ئەتراپلىق ئادەم ئىدى. ئۇ تەنتەربىيە بىلەن كالتەك توپ دەرسىنى يۇقىرى يىللىقلاردىكى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق دەرسى قىلىپ كىرگۈزگەنىدى. بۇنىسى ماڭا ياقمايتتى. ئۇلار ئاساسلىق دەرس قىلىپ كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى، مەن مەيلى پۇتبول بولسۇن ياكى كالتەك توپ بولسۇن، ھېچقانداق تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ باقمىغانىدىم. مېنىڭ تەنتەربىيەگە ئۆزۈمنى قاچۇرۇش پوزىتسىيەسى تۇتۇشۇمدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرسى مەن خىجىل بولاتتىم، ئەمدى بىلسەم ئەينى ۋاقىتتا خاتا قىلىغانىكەنمەن، شۇنىڭدەك مەندە يەنە تەنتەربىيە بىلەن تەلىم-تەربىيەنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى، دەيدىغان خاتا قاراشمۇ بار ئىدى. ھازىر شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، جىسمانىي چېنىقىش بىلەن ئەقلىي چېنىقىش دەرس ئىچىدە ئوخشاش ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك ئىكەن.

ئەسلىي گەپكە كەلسەك، مەن تەنتەربىيەگە ئانچە قاتناشمىغىنىم بىلەن، سالامەتلىكىم خېلى ياخشى ئىدى. چۈنكى، مەن سىرتتا ئۇزاق ۋاقىت سەيلە قىلىپ مېڭىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كىتابتىن بىلىۋالغانىدىم. مەن بۇ پىكىرنى قوۋۋەتلەيتتىم ھەمدە پىيادە مېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم، بۇ ئادىتىمنى تاكى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭلاشقا، تېنىمنى خېلى ساغلام ۋە كۈچلۈك تۇتۇپ

كېلەلىدىم.

مېنىڭ ھەرىكەتنى ياخشى كۆرمەسلىكىمدىكى يەنە بىر سەۋەب، دادامنى كۆتۈشكە بەك ھېرىس ئىدىم. مەن ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن ھامان دەرھال ئۆيگە قايتاتتىم ـ دە، دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىم. تەنتەربىيەنىڭ ئاساسلىق دەرس بولۇپ قېلىشى مېنىڭ دادامنى كۈتۈش ئىشىمغا دەخلى قىلدى. مەن گىمى ئەپەندىدىن تەنتەربىيە دەرسىدە ماڭا ئېتىبار قىلىشنى ئۆتۈندۈم. بۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالايتتىم. لېكىن، ئۇ ئۆتۈنۈشۈمگە پەرۋا قىلمىدى. دەل بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى دەرسلەر ئۆتۈلۈپ بولدى، لېكىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە مەن تەنتەربىيە دەرسىگە قاتناشقىلى ئۆيدىن مەكتەپكە ئۈلگۈرۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ سائىتىم يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا بولۇپ ۋاقىتنى ئىلەشتۇرۇپ قويۇپتىمەن، مەكتەپكە بارسام ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى جىم ئەپەندى يوقلىمىنى تەكشۈرۈپ، مېنىڭ قاتناشمىغانلىقىمنى بىلىپ قالدى ـ دە، مېنىڭ نېمىشقا دەرس قالدۇرغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مەن ئەينى ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەي، ماڭا بىر ـ ئىككى ئاننا تاپشۇرۇش جازاسىنى قويدى.

مەن قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتقانغا چىقىرىلدىم. بۇ مېنى قاتتىق بىئارام قىلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى قانداقمۇ ئىسپاتلارمەن؟ مېنىڭچە، مەن بۇنىڭغا ئامالسىز ئىدىم، مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن ئازابلىنىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئادەم سەمىمىي ھەم ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك ئىكەن. خىرە ـ شىرە ئېسىمدە قېلىشىچە، جەرىمانە كېيىن بىكار قىلىنغانىدى. تەنھەرىكەتتىن كەچۈرۈم قىلىش ئىشىمۇ ماقۇللاندى. چۈنكى، دادام مەكتەپ مۇدىرىغا ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ، مېنىڭ مەكتەپتىن تارقىغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىشىم زۆرۈرلۈكىنى ئېيتقانىدى.

تەنتەربىيە دەرسىگە سەل قاراپ زىيان تارتمىغان بولساممۇ، لېكىن باشقا جەھەتلەردە سەل قارىغانلىقىمنىڭ جازاسىنى تا ھازىرغىچە تارتىپ كېلىۋاتىمەن. خەتتاتلىق تەلىم ـ تەربىيەنىڭ مۇھىم قىسمى ئەمەس، دەيدىغان مۇنداق كۆز قاراشقا نەدىن ئېرىشكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بۇ قارىشىمنى تاكى ئەنگلىيەگە ئوقۇشقا چىققىنىمغا قەدەر ساقلاپ كەلدىم.

بولۇپمۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمدا، مەن شۇ جايدىكى ئادۋوكاتلارنىڭ ھەم شۇ جايدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، شۇ جايدا تەربىيەلەنگەن ياشلارنىڭ خەتتىنى ناھايىتى چىرايلىق يازىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تولىمۇ خىجىل بولدۇم ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بىپەرۋالىقىمغا ئۆكۈندۈم. مەن خەتنى چىرايلىق يازالماسلىقنى تەربىيەنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ قارايمەن. كېيىن مەن پوچېر كامنى ياخشىلاشقا تىرىشتىم، لېكىن بۇ ۋاقىتتا كېچىككەنىدىم. مەن ياش ۋاقتىمدىكى بىخەستەلىكىمنى مەڭگۈ تولدۇرۇپ بولالمايمەن. ھەربىر ياشنىڭ مەندىن ساۋاق ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنى بىلىش لازىمكى، خەتتاتلىق — مائارىپنىڭ زۆرۈر قىسمى. ھازىر مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: كىچىك بالا خەت ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىش، ئاندىن رەسىمگە قاراپ خەت تونۇتۇش كېرەك. ئالايلۇق، بالىلار قۇش، گۈلگە ئوخشاش ئوخشىمىغان شەيئىلەرنى كۆزىتىپ رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئاندىن خەتنى چىرايلىق يازالايدۇ.

بۇ يەردە بايان قىلىنىشقا تېگىشلىك مەكتەپتىكى ئىككى ئىش بار. بىرسى، مەن توي قىلىمەن دەپ بىر يىللىق ئۆگىنىشىم كېچىكىپ كەتتى، مۇئەللىم مېنىڭ بۇ زىيىنىمنى تولدۇرىمەن دەپ، مېنى بىر سىنىپ ئاتلاتتى — ئادەتتە ناھايىتى ئىجتىھاتلىق ئوقۇغۇچىلا مۇشۇنداق ياخشى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. شۇڭا، مەن 3 ـ سىنىپتا پەقەت ئالتە ئايلا ئوقۇيالىدىم. مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىن كېيىن 4 ـ سىنىپقا كۆچتۇم، كېيىن يازلىق تەتىلگە قويۇۋەتتى. 4 ـ سىنىپقا كۆچكەندىن كېيىن كۆپىنچە دەرسلەرنى ئىنگلىزچە ئاڭلاشقا توغرا كەلدى، مەن گويا ئۆزۈمنى چەكسىز تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. گېئو- مېترىيە بىر يېڭى دەرس ئىدى، مەن خېلىلا زورۇقتۇم، دەرسنى ئىنگلىزچە ئاڭلاشنىڭ ئۆزىلا مېنى قىينايتتى. ئوقۇتقۇچى دەرسنى ناھا- يىتى ياخشى ئۆتەتتى، لېكىن مەن ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيتتىم. مەن ھەمىشە ئىشەنچسىزلىك قىلىپ، 3 ـ سىنىپقا قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولاتتىم. چۈنكى، ئىككى يىللىق دەرسنى بىر يىلدا ئاڭلاش ئۆتۈپ كەتكەن قاپ يۈرەكلىك دەپ ئويلايتتىم. ھالبۇكى، مۇنداق قىلسام ئۆزۈمنىڭ يۈزىگە سەت بولۇپلا قالماي، مۇئەللىمنىڭ يۈزىگىمۇ سەت ئىدى. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ ئۆگىنىشتە تىرىشچان ئىكەنلىكىمگە قاراپ، سىنىپ ئاتلىتىشقا كۆرسەتكەنىدى. بۇنداق ئىككى تەرەپلەپ يۈز كېتىشتىن قورقۇشتەك

خىيال ماڭا قەتئىيلىك بەخش ئەتتى. كېيىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئېۋكلىد گېئومېتىرىيەسىنىڭ 13 ـ تېئورېمىسىنى ئۆگەنگەندە، مەن ھەممىنى تولىمۇ ئاسان ھېس قىلدىم. ئەگەر نوقۇل بىر ئادەمنىڭ ھاسىلىۋى ئىقتىدارىنىلا تەتبىقلاشنى شەرت قىلسا، بۇ دەرس قىيىن توختىمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن گېئومېتىرىيەنىڭ ئاسان ھەم قىزىقارلىق بىر دەرس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

سانسكرىت يېزىقى قىيىنراق ئىدى. گېئومېتىرىيەگە ئەستە تۇتۇش كەتمەيتتى، لېكىن سانسكرىتچىنى ھەممىشە ئۆلۈك يادلاپ تۇرمىسا بولمايتتى. بۇ دەرسمۇ 4 ـ يىللىقتىن باشلاپ ئۆتۈلدى، مەن 6 ـ يىللىق- قا چىققاندا بىر ئاز پۇشايمان قىلىپ قالدىم، ئوقۇتقۇچىمىز تولىمۇ قاتتىق قول ئادەم ئىدى. مەن ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇشقىلا مەجبۇرلايدۇ، دەپ قارايتتىم. سانسكرىتچە بىلەن پارسچە ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى رىقابەتلىشىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى، ساۋاقداشلىرىم پارسچە ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى ئىنتايىن ياخشى، ئوقۇغۇچىلارنى تازا چۈشىنىدۇ دېيىشەتتى. بىر كۈنى مەن ئاسىنىنى تالالاپ، پارس تىلى ئۆتۈلۈۋاتقان سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلىدىم.

سانسكرىتچە ئۆتىدىغان مۇئەللىم كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولغان ھالدا مېنى يېنىغا چاقىرتىپ: «ئەجەبا سەن ۋىسنۇ دىنى مۇرىتى بولغان داداڭنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۆز دىنىڭنىڭ يېزىقىنىمۇ ئۆگەنمەمسەن؟ ئەگەر قىينالغان بولساڭ، نېمىشقا مېنى ئىزدىمەيسەن؟ مەن سىلەرنىڭ سانسكرىت تىلى دەرسىڭلارنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياخشى ئۆتىمەن. سەن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئۆگەنسەڭلا، ئۇنىڭ تولىمۇ مەنىلىك دەرس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن، ئىرادىسىزلىك قىلما، يەنىلا سانسكرىت تىلى سىنىپىمغا قايتىپ كىرگىن» دېدى.

بۇنداق يېقىملىق پوزىتسىيەدىن خىجىل بولدۇم. مەن مۇئەللىمنىڭ غەمخورلۇقىنى يەردە قويالمايمەن. بۇ كۈنلەردە كىرېسناسانكا پەندىيانى ئويلىساملا ئىختىيارسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا چۆمۈلىمەن. چۈنكى، مەن ئەينى ۋاقىتتا سانسكرىت تىلىنى ئاز ـ تولا ئۆگىنىۋال- مىغان بولسام، مېنىڭ كىلاسسىك ئەسەر تەتقىقاتىغا قىزىقىشىم ناھا- يىتى تەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مەن ئەينى ۋاقىتتا سانسكرىتچە بىلىم- لەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋالمىغانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈنىمەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ھەربىر ھىندى دىنىي مۇرىتى بولمىش

ئوغۇل ـ قىز ياشلار سانسكرىت تىل ـ يېزىقىنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، دەپ قارايدىغان بولدۇم.

ھازىرقى پىكرىم شۇكى، ھىندىستاندىكى بارلىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە، يەرلىك تىل بولغاندىن باشقا ھىندى تىلى، سانسكرىت تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى ۋە ئىنگلىز تىلى بولۇشى كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ تىل دەرسىنىڭ بولۇشىدىن قورقۇپ كېتىشى ھاجەتسىز. ئىشىنىمەنكى، ناۋادا بىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيەمىز تېخىمۇ سىستېمىلاشسا، بالىلارنىڭ چەت ئەل تىلىدىن مەخسۇس بىلىم ئاشۇرۇش ۋاستىلىرى بىكار قىلىنسا، بۇ تىللارنى ئۆگىنىش زېرىكەرلىك ۋەزىپىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئادەمگە چەكسىز مەنىلىك تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. مەلۇم بىر خىل ئىلمىي تىل بىلىمىنى ئۆگىنىۋالسا، باشقا تىل بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋېلىش ئاسانغا توختايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھىندى تىلى، سانسكرىت تىلى ۋە گۇجارات تىلى بىر تىل ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلىمۇ بىر خىل تىل ھېسابلىنىدۇ. پارس تىلى ئارىيان تىللىرى سىستېمىسىغا، ئەرەب تىلى سام ـ ھام تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار، چۈنكى بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىسلام دىنىنى مەنبە قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭچە، ئوردۇ تىلىمۇ مۇستەقىل بىر خىل تىل ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭدا ھىندى تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قائىدىلىرى قوللىنىلغان، كۆپلىگەن تىل ئېلېمېنتلىرى پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدىن كەلگەن. كىم ئوردۇ تىلىنى ئۆگىنىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ خۇددى گۇجارات تىلى، ھىندى تىلى، بېنگال ۋە مارات تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن سانسكرىت تىلىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغانغا ئوخشاش ئىش.

# ئالتىنچى باب

## بىر پاجىئە (1)

ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمدا ئوخشاشمىغان مەزگىللەردە ئارىلاشقان ئىككى ئادەم مېنىڭ ئاز ساندىكى بىرقانچە دوستلىرىم ئىچىدىكى يېقىنراق سىردىشىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭ ئۇلارنىڭ بىرسى بىلەن بولغان دوستلۇقۇم ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى، ئۇنىڭدىن يىراقلاشقان مەن ئەمەس، بەلكى مەن يەنە بىر دوستۇم بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى مەن بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىغان بولدى. مەن ئىككىنچى دوستۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ھاياتىمدا يۈز بەرگەن بىر پاجىئە دېسەم بولىدۇ. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئۇزاق داۋاملاشتى. مەن بىر خىل نوۋاتورانە روھتا ئۇنىڭ بىلەن دوستلاشقانىدىم.

بۇ بۇرادەر ئەسلىدە ئاكامنىڭ دوستى بولۇپ، ئۇلار بىر سىنىپتىكى ساۋاقداشلاردىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىللىتىنى بىلەتتىم، لېكىن مەن ئۇنى بىر سەمىمىي دوستۇم سۈپىتىدە كۆرەتتىم. ئانام، ئاكام ۋە ئائىلىم مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، سەن بىر ناچار دوست تاپتىڭ دېيىشكەنىدى. مەن ئەرلىك غۇرۇرۇمنى ساقلاش ئۈچۈن ئائىلىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا پىسەنت قىلمىدىم. لېكىن، ئانام بىلەن ئاكامنىڭ پىكرىگە سەل قارىسام بولمايتتى. ھالبۇكى، مەن ئۇ دوستۇمنى ئاقلايتتىم، ئۇلارغا: «مەن ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سىلەر ئېيتقاندەك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن ئۇنىڭ سىلەر بىلمەيدىغان ئارتۇقچىلىقىمۇ بار، ئۇ مېنى يامان ئۆگىتىپ قويمايدۇ، مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشۇم ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ چوقۇم قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئارتۇقچە باش قاتۇرماڭلار» دېدىم.

گەپلىرىم ئۇلارنى ئانچە قانائەتلەندۈرمىدىغۇ دەپ ئويلايمەن، لېكىن، ئۇلار مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمنى قوبۇل قىلدى، بۇ ھەقتە ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمىدى.

كېيىن مەن خاتا قىلغانلىقىمنى بىلدىم. بىر ئىسلاھاتچى ئۆزى ئۆزگەرتمەكچى بولغان دوست بىلەن زىيادە يېقىن ئۆتمەسلىكى كېرەك ئىكەن. ھەقىقىي دوست روھىي جەھەتتىكى بىردەكلىكتۇر، لېكىن ئۇ كىشىلىك دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. پەقەت ئېقى كېلىشكەن دوستلۇق قىممەتلىك بولۇپ ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. دوستلار بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا دوستلۇقتا دوستىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىمكانىيەت بولمايدۇ. مەن باشقىلارنى يەكلەش خاراكتېرىدىكى بارلىق يېقىن مۇناسىۋەتلەردىن ساقلىنىش كېرەك دەپ قارايمەن، چۈنكى ئادەم يامان تەسىرلەرنى ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدۇ، ياخشى نەرسىلەرنى ئاسان قوبۇل قىلمايدۇ. يەنە كېلىپ پەرۋەردىگارنى دوست تۇتقان ھەرقانداق كىشى تەنھا ئۆتۈشى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى دوستى بىلىشى كېرەك. بۇ چۈشەنچىلىرىم بەلكىم خاتادۇر. ھالبۇكى، مېنىڭ يېقىن دوستۇمنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى تىرىشچانلىقلىرىم مەغلۇپ بولدى.

مەن بۇ دوستۇمنى تونجى قېتىم ئۇچراتقان ۋاقتىمدا، راجكود بىر خىل «ئىسلاھات» قايىنىمىغا چۆككەن چاغ ئىدى. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يوشۇرۇنچە گۆش يەيدىغانلىقىنى، شاراب ئىچىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە راجكودتىكى نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئەسكەرتتى.

مەن دەم ھەيران بولاتتىم، دەم كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىشلارنى تولۇق ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ: «بىز بىر زەئىپ مىللەت، چۈنكى بىز گۆش يېمەيمىز، ئەنگلىيەلىكلەر گۆش يەيدۇ، شۇڭا بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. تېنىمنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلۈكى ساڭا مەلۇم، ھەم تېز يۈگۈرەلەيمەن، چۈنكى مەن بىر گۆشخور كىشى؛ توخۇ، بېلىق يېگەن ئادەملەر قان راكىغا گىرىپتار بولمايدۇ، بەزىدە گىرىپتار بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى تېز لا ساقىيىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ مۇئەللىملىرىمىز ۋە باشقا داڭدار زاتلار ئەخمەق ئەمەس، ئۇلار نېمىشقا گۆش يەيدۇ، چۈنكى ئۇلار گۆش يېيىشنىڭ پايدىسىنى بىلىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك. سىناپ باق،

كېرەك يوق، قېنى بىر سىناپ باقمامسەن، نەتىجىسى قانداق بولىدىكىن» دېدى.

ئۇ گۆش يېيىشنى تەرغىب قىلىدىغان بۇ گەپلەرنى بىر قېتىملا دېمىدى. بۇ مېنىڭ دوستۇمنىڭ مېنى قايىل قىلىش ئۈچۈن قىلغان تۈگىمەس پاراڭلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل جايلىرى ئىدى، ئاكام ئاللىقاچان ئۇنىڭ دامىغا چۈشكەنىدى، شۇڭا ئۇ دوستۇمنىڭ دەلىللىرىنى قوللايتتى. ئۇلار مەندىن بەرجەس، كۈچلۈك، باتۇر ئىدى. بۇ دوستۇمنىڭ ماھارىتى مېنى رام قىلىۋالدى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە تېز يۈگۈرەيتتى ھەمدە ئېگىز ۋە يىراققا سەكرەشكە ماھىر ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەن جازالىرى قانچىلىك ئېغىر بولسۇن، ئۇ پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ ھەمىشە ماڭا ماھارەت كۆرسىتىپ بېرەتتى، بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىدە يوق ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە ھەمىشە مەپتۇن بولۇپ قالغاندەك، مەنمۇ بۇ دوستۇمنىڭ ماھارىتىگە رام بولۇپ قالغانىدىم. بۇ مەندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش كېرەك، دەيدىغان كۈچلۈك ئارزۇنى قوزغىدى. يۈگۈرۈشمۇ، سەكرەشمۇ قولۇمدىن كەلمەيتتى، مەن نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك بولۇپ قالمىغاندىمەن؟

يەنە كېلىپ، مەن تولىمۇ قورقۇنچاق ئىدىم، ئوغرىدىن، جىندىن، يىلاندىن قورقاتتىم، بۇ خىل قورقۇنچ تۇيغۇسى ھەمىشە ئىچىمدە ئەگىپ يۈرەتتى. كېچىسى سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. قاراڭغۇلۇق مەن ئۈچۈن بىر ۋەھىمە ئىدى. قاراڭغۇلۇقتا زادىلا ئۇخلىيالمايتتىم. چۈنكى، ئۇ تەرەپتىن ئوغرى، بۇ تەرەپتىن جىن، يەنە بىر تەرەپتىن يىلان چىقىپ قالارمىكىن، دەپ تەشۋىشلىنەتتىم. شۇڭا، ئۆيدە چىراغ بولمىسا زادىلا ئۇخلىيالمايتتىم. مەن ئىچىمدىكى بۇ قورقۇنچۇمنى يېنىمدا ئۇخلاۋاتقان ئايالىمغا قانداقمۇ ئېيتارمەن؟ بۇ چاغدا ئۇ كىچىك بالا ئەمەس، چوپچوڭ بىر ئايال بولۇپ قالغانىدى، مەن ئۇنىڭ مەندىن يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، مەن ئۆزۈمدىن خىجىل بولاتتىم. ئۇ يىلان، جىن دېگەنلەردىن قورقمايتتى، ھەرقانداق قاراڭغۇ جاي بولسىمۇ بېرىۋېرەتتى. دوستۇم مېنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمنى بىلەتتى، ئۇ ماڭا يىلاننى تىرىك تۇتالايدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ ئوغرىدىن قورقمايتتى ھەم جىنغىمۇ ئىشەنمەيتتى. ھالبۇكى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىيكى، گۆش يېگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا گۇجاراتلىق شائىر نارماد (Narmad)نىڭ

www.uyghurkitap.com

بىر چاچما شېئىرى ئېقىپ يۈردى. بۇ چاچما شېئىر مۇنداق ئىدى:

ئىنگلىزلار مەغرۇر، ھەيۋەتلىك،
ئېچۈن كىچىك، زەئىپ ھىندىلار.
بولۇر ئېگىز ھەمدە سۇر بەستلىك،
گۆش يېگەنلەر جاھاننى سورار.

مەن بۇلارنىڭ تەسىرىدە ئاخىر باش ئەگدىم. شۇ چاغدىلا گۆش يېيىشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە بارا – بارا ئىشەندىم. مەن بۇ ھال تېنىمنى كۈچلۈك ۋە يۈرەكلىك قىلىدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتىم، ناۋادا پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر بىردەك گۆش يېسە، ئەنگلىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

مەن بىر كۈننى تاللاپ، تەجرىبە قىلىشقا باشلىدىم. بۇنى مەخپىي ئېلىپ بارمىسام بولمايتتى. بىز گەندى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىمىز ۋىسنۇ دىنى مۇرىتلىرى ئىدۇق. ئاتا – ئانام ئەجدادىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. ئۇلار ھەمىشە خاۋېلى ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ بۇتقا سەجدە قىلاتتى. جەمەتىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھرامى بار ئىدى. گۇجاراتتا جائىنىزم① ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا ھېس قىلغىلى بولاتتى. گۇجاراتتىكى جائىنىزم مۇرىتلىرى بىلەن ۋىنسۇ دىنى مۇرىتلىرىنىڭ گۆشخورلۇققا قارشى تۇرۇشىدەك ئەھۋاللارنى ھىندىستاننىڭ ھەرقانداق جايىدا ياكى ھىندىستاندىن باشقا ھەرقانداق جايدا تاپقىلى بولمايتتى. مەن دەل مۇشۇنداق ئەنئەنە ئىچىدە چوڭ بولدۇم، يەنە كېلىپ ئاتا – ئانامغا ھەددىدىن زىيادە ۋاپادار ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ مېنىڭ پەرھىزنى بۇزۇپ گۆش يېگەنلىكىمنى ھامان بىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلار مەندىن قاتتىق نارازى بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ھەقىقەتكە بولغان ھۆرمىتىم مېنى تولىمۇ ئېھتىياتچان قىلىپ قويغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن گۆش يېسەم ئاتا –

① جائىنىزم (jainism) ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن، بۇددا دىنى بىلەن زامانداش، ئۇ رىيازەت چېكىشنى، ماددىي ھەۋەستىن ساقلىنىشنى، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى، دۇنيا ئىشلىرىغا چىرمىلىپ قالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەش ئەقىدىسى بار: راست سۆزلۈك بولۇش، ھالال ياشاش، جان قىيماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئىپپىتى (پاكلىقى)نى ساقلاش. شۇڭا، جائىنىزم ھىندى دىنى ۋە بۇددا دىنى بىلەن ئورتاقلىقىغا ئىگە.

ئانامنى ئالدىغان بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. لېكىن، كۆڭلۈم «يېڭىلاش»قا مايىل ئىدى. مەن قورساقنىڭ ھەۋىسىگە بويسۇنماقچى، گۆشنىڭ ئاللىقانداق پەۋقۇلئاددە تەمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقچىمۇ ئەمەس ئىدىم. پەقەت ئۆزۈمنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ كۈچلۈك ۋە باتۇر بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلاتتىم، مۇشۇنداق قىلساقلا ئەنگلىيەلىكلەرنى يوقىتىپ، ھىندىستاننى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. «ئاپتونومىيە» (ئۆزى باشقۇرۇش) دېگەن بۇ ئىبارىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. لېكىن، مەن ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغانىدىم. مەن «يېڭىلاش»قا بولغان قىزىقىشىم بىلەن ئۆزۈمنى نىقابلايتتىم. ھالبۇكى، بۇنى مەخپىي ئېلىپ باراتتىم، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى قايىل قىلىپ، ھەممە ئىشلارنى ئاتا ـ ئانىدىن يوشۇرغانلىق ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يەتتىنچى باب

## بىر پاجىئە (2)

بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. مېنىڭ ئەينى چاغدىكى ھېسسىيا- تىمنى تولۇق تەسۋىرلەش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. مەن بىر تەرەپتىن، «ئىسلاھات»قا بولغان قىزغىن ئۈمىد ۋە قىزىقىش بىلەن يۈرسەم، يەنە بىر تەرەپتىن، خۇددى ئوغرىغا ئوخشاش كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن خىجىللىق ھېس قىلىپ يۈرەت- تىم. بۇ ئىككى خىل ھېسسىياتنىڭ قايسىسى ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ؟ مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. بىز دەريا بويىغا بېرىپ خىلۋەترەك بىر جاينى تاپتۇق. ئۇ يەردە ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم گۆش كۆردۈم. بىز بولكا دۇكىنىدىن بولكىمۇ ئالغاچ كەلدۇق. بۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھېچقايسىسى ئاغزىمغا تېتىمىدى. ئاشۇ كۈندىكى ئۆچكە گۆشى خۇددى چەمگە ئوخشاش قاتتىق ئىدى، ئۇنى زادىلا يۇتقىلى بولمايتتى، مەن سەۋر قىلالماي گۆشنى چۆرۈۋېتىپ كېتىپ قالدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى، بىر يامان چۈش كۆردۈم، ھەر قېتىم كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىناي دېگەندە، خۇددى بىر ئۆچكە قورسىقىمدا ھەسرەتلىك مەرىگەندەك بولاتتى ــ دە، مەن قاتتىق ئۆكۈنگەن ھالدا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. ۋاھالەنكى، ئۆزۈمگە يەنە تەسەللى بېرەت- تىم ــ دە، گۆش يېيىش بىر خىل مەسئۇلىيەت دەيتتىم، شۇنىڭ بىلەن بىمالال ئۇيقۇغا كېتەتتىم.

مېنىڭ دوستۇم ئاسان بولدى قىلمايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ماڭا نۇرغۇن گۆشلۈك قورۇما تەييارلىغانىدى، ئۇ گويا دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل نازۇ- نېمەتتەك كۆرۈنەتتى. بىزنىڭ يىغىلىدىغان جايىمىزغا كەلسەك، دەريا بويىدىكى خىلۋەت جاي بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىنىڭ

تاماقخانىسى ئىدى، ئورۇندۇق، ئۈستەل دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تەخلەن ـ
گەن بولۇپ، بۇنى دوستۇم بىلەن ئۇ ئاشخانىدىكى كاتتا ئاشپەز ئالاھىدە
سەرەمجانلاشتۇرغانىدى. بۇ خىل قىزىقتۇرۇش دەرۋەقە ئۈنۈم بەردى. مەن
ئەجنەبىيلەرنىڭ بولكىسىدىن سەسكەنمەيدىغان بولدۇم، ئۆچكە ئۈچۈنمۇ
ئىچ ئاغرىتىپ يۈرمىدىم، گەرچە گۆش يېيىشنى ياقتۇرۇپ كەتمە ـ
سەممۇ، گۆشلۈك قورۇمىلارنى مەززە قىلىپ يەيدىغان بولدۇم. مۇشۇ
تەرىقىدە بىر يىلدەك ئۆتتى. لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بەش ـ
ئالتە قېتىملا گۆشلۈك قورۇما يېدىم. چۈنكى، ھۆكۈمەت ئاشخانىسى
دائىم ئېچىقلىق تۇرمايتتى، ئاشۇنچىۋالا مول، ئېسىل تائاملارنى ھەمىـ
شە تەييارلاپ بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ خىل «يېگۈلۈك»قا تۆلە ـ
گۈدەكمۇ پۇلۇم يوق ئىدى. شۇڭا، ھەر قېتىم دوستۇم پۇل چىقىراتتى.
ئۇنىڭ پۇلىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. چۈنكى، ئۇ
مېنى بىر گۆشخورغا ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ
ئىقتىدارىمۇ چەكلىك ـ دە، شۇڭا كېيىن بۇ خىل زىياپەتمۇ بارغانسېرى
ئازىيىپ كەتتى.

مەن ھەر قېتىم بۇ خىل مەخپىي زىياپەتكە بارغىنىمدا ئۆيدە تاماق
يېمەيتتىم. ئانام تەبىئىي ھالدا مېنى تاماققا زورلايتتى، يەنە كېلىپ
نېمىشقا تاماق يېمەيدىغانلىقىمنى سورايتتى. مەن ھەمىشە: «ئاشقازىنىم
ياخشى ئەمەس، بۈگۈن ئىشتىھايىم يوق» دەيتتىم. مەن بۇنداق
باھانىلىرىمدىن ھەمىشە خاتىرجەم بولالمايتتىم، ئۆزۈمنىڭ يالغان
ئېيتىۋاتقانلىقىمنى، يەنە كېلىپ ئانامغا يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىمنى
بىلەتتىم. ماڭا مەلۇمكى، ئەگەر ئاتا ـ ئانام مېنىڭ بىر گۆشخورغا
ئايلىنىپ كەتكىنىمنى بىلسە، ئۇلار قاتتىق ئازابلىنىدۇ. بۇ خىياللار
ئىچىمنى تاتىلاپ زادىلا ئارام بەرمەيتتى. شۇڭا، ئىچىمدە يېمەكلىك
ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم، لېكىن ئاتا ـ ئانىنى
ئالداش، ئاتا ـ ئانىغا يالغان ئېيتىش گۆش يېمىگەندىنمۇ يامان. شۇڭا،
ئۇلار «ھايات ۋاقتىدا ھەرگىز گۆش يېمەيمەن. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن
كېيىن مەن ئەركىن بولىمەن، شۇ چاغدا ئوچۇق ـ ئاشكارا گۆش
يېسەممۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم كېرەك»
دېدىم.

مەن بۇ قارارىمنى دوستۇمغا ئېيتتىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گۆش

www.uyghurkitap.com

يېمىدىم. ئاتا ــ ئانام ئىككى ئوغلىنىڭ بىراقلا گۆشخورغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. مەن شۇڭلاشقىمۇ گۆش يېيىشتىن پەرھىز تۇتتۇمكى، مەندە ئاتا ــ ئانامغا يالغان ئېيتمايمەن دەيدىغان بىر خىل پاك ئارزۇ بار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇ دوستۇم بىلەن بولغان ئالاقىنى توختىتىپ قويمىدىم. مېنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشتەك قىزغىن ئۇمىدىمنىڭ ماڭا نىسبەتەن زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ پاكىتنى تولۇق ھېس قىلالمىغانىكەنمەن.

بۇ دوستۇم مېنى ئايالىمغا ساداقەتسىزلىك قىلىشتەك بىر ئىشقا باشلىغىلى تاس قالدى، ھېلىمۇ ياخشى بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالدىم. بىر قېتىم ئۇ مېنى بىر پاھىشىخانىغا ئاپاردى. ئۇ ماڭا تېگىشلىك بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتى. ھەممە ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى، ھەتتا پۇلمۇ تۆلىنىپ بولۇنغانىكەن. مەن گۇناھ ئۆۋسىغا كىردىم. بەختكە يارىشا پەرۋەردىگار چەكسىز مەرھەمىتى بىلەن مېنى قوغداپ قالدى. بۇ جىنايەت ئۆۋسىدا گاچىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدىم، نېمە قىلارىمنى بىلمەيتتىم. مەن ئۇ ئايالنىڭ كارىۋىتىدا ــ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم. ئۇ سەۋر قىلالمىدى، مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە تىل ــ ئاھانەت قىلدى. مەن پەرۋەردىگارنىڭ مېنى نىجاتلىق يولىغا باشلىغانلىقىغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر ئېيتىمەن. بۇ ھاياتىمنى ئەسلىسەم، مۇشۇنداق ئىشقا تۆت قېتىم دۇچار بوپتىمەن، ھەر قېتىم نىجاتلىق تاپتىم. بۇنى مېنىڭ شەخسىي قۇدرىتىمدىن بولدى دېگەندىن كۆرە، كۆپرەك ئامەتىمدىن شۇنداق بولدى دېگىنىم توزۇك. قاتتىق ئەخلاقىي قاراش بىلەن ئېيتقاندا، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەخلاقىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك دېيىش مۇمكىن. چۈنكى، بۇ شەھۋەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى، خۇددى يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئوساللىق. لېكىن، ئادەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن گۇناھ سادىر قىلمىسىلا، نىجاتلىق تاپقان بولىدۇ. مەن ئېيتقان نىجاتلىق دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتىلغان. كىشىلەر بەزىدە گويا پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك، گۇناھتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەر ئويغانغان ھامان (ئېسىنى تاپقان ھامان) ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقى تۈپەيلى پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. چۈنكى، بىزگە مەلۇمكى، بىر ئادەم مەيلى قانداقلا قىلسۇن، ۋەسۋەسىلەرگە ئارا تۇرالماي چۈشكۈنلەشمەي قالمايدۇ، بىزگە ھەم مەلۇمكى،

بەزىدە ئۇ گۇناھ سادىر قىلسىمۇ، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ئارا تۇرىدۇ، ئۇنى نىجاتلىق تاپتۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى زادى نېمە ئۈچۈن؟ بىر ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى زادى قانچىلىك؟ ئۇنىڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئىنكاس قايتۇرۇش دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ ئەركىنلىك ئىرادىسى زادى قانچىلىك رول ئوينايدۇ؟ تەقدىرنىڭ تەسىرى بارمۇ، يوق؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر سىر، بەلكى مەڭگۈ ئېچىلماس بىر سىر.

لېكىن، بۇ ھېكايىنى يەنىلا سۆزلىۋېتىشكە ئىجازەت بېرىڭلار، ھەتتا مۇشۇ ئىشمۇ بۇ دوستۇمنىڭ ئوساللىقىنى ماڭا ئېنىق تونۇتالمىغاندى. مۇشۇ سەۋەبتىن بىرمۇنچە باش ئاغرىقى تاپتىم، تاكى ئۇنىڭ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن سىرت قىلغان بارلىق ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلىرىنى كۆرگەندىلا ئاندىن ئېسىمنى تاپتىم. بۇ ھەقتە مەن كېيىن گېزى كەلگەندە توختىلىمەن.

لېكىن، بىر ئىشنى مۇشۇ يەردە تىلغا ئېلىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش مۇشۇ مەزگىللەردە بولغان. مەن بىلەن ئايالىم ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزىبىر ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ سەۋەبى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇشۇ دوستۇمنىڭ كاساپىتىدىندۇر. مەن ھەم يەكدىل، ھەم كۆنداش بىر ئەر ئىدىم، بۇ دوستۇم ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك مېنىڭ ئايالىمغا بولغان گۇمانىمنى قوزغىدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىدىن گۇمان قىلىپ باقماستىن ھەمىشە ئۇششاق گەپ ۋە قوپاللىق بىلەن ئايالىمنى ئازابلاپ يۈرۈپتىمەن. ئەمدى ئويلىسام، ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن. ئېھتىمال پەقەت ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوتۇنلارلا مۇشۇنداق ئازابقا چىدىيالىسا كېرەك. شۇڭا، مەن ھەمىشە ئاياللار سەۋر ـ تاقەتنىڭ سىمۋولى دەيمەن. چاكار بولغۇچى مۇشۇنداق سەۋەبسىز گۇمانغا ئۇچرىسا، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالسىلا بولىدۇ، ئوغۇل بالا مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسە، ئاتىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرسا بولىدۇ، دوست بولسا، ئىز دەشمىسىلا بولىدۇ. ھالبۇكى، خوتۇن بولغۇچى ئۆز ئېرىدىن گۇمانلانغان تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت دېمىنى يۇتۇپ ئۈن ـ تىنسىز يۈرىدۇ؛ لېكىن، ئەر ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۇ نەگىمۇ بارالايدۇ؟ بۇددا مۇخلىسى بولغان بىر خوتۇن قانۇنغا نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلالمايدۇ. قانۇن ئۇنىڭ ئۈۋالچىلىقلىرىغا بەرھەم بېرەلمەيدۇ. مەن خوتۇنۇمنى قىستاپ بىراقلا ئامالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدىم. بۇنى مەن مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن ھەم ئۆزۈمنى

كەچۈرەلمەيمەن.

گۇماننىڭ ئۆسمىسى تاكى مەن «زورلۇق كۆچى ئىشلەتمەسلىك» (Ahimsa)[1] نى تولۇق چۈشەنگەن ۋاقىتمدىلا ئاندىن يوقالدى، شۇ چاغدىلا «ھەۋەسنى بېسىش» (Brahmacharya)[2] نىڭ جۇلاسىنى كۆرگەندەك بولدۇم، شۇندىلا خوتۇن ئەرنىڭ قۇلى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئەرنىڭ ھەمراھى، ياردەمچىسى، ئۇنىڭ بارلىق غەم ـ قايغۇسى ۋە خۇشاللىقىنىڭ ئورتاقلاشقۇچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ خۇددى ئېرىگە ئوخشاش، ئۆزى ماڭىدىغان يولنى تاللاشقا ھەقلىق. ھازىر ھەر قېتىم گۇمان ۋە كۆڭۈلدىشلىق بىلەن تولغان ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلەرنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ نادانلىقىغا، شاللاقلىقىغا ۋە رەھىمسىزلىكىگە قاتتىق نەپرەتلىنىمەن ھەم دوستۇمنىڭ گېپىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىمگە قاتتىق ئېچىنىمەن.

---

① بىراخمانچە «Ahimsa» تىرىك جاننى ئۆلتۈرمەسلىك، زوراۋانلىق قىلماسلىق دېگەن مەنىدە.

② بىراخمانچە «Brahmacharya» نىڭ خەت مەنىسى بويىچە چۈشەنسەك، كىشىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ ھوزۇرىغا باشلايدىغان ھەرىكەت، دېگەن مەنىدە، ئادەتتىكى مەنىسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ھەۋىسىنى بېسىش، ۋەھاكازا.

## سەككىزىنچى باب

# ئوغرىلىق قىلىش ۋە گۇناھنى تىلەش

مەن گۆش يېيىشكە كىرىشكەن مۇشۇ مەزگىلدە ھەمدە بۇنىڭدىن
ئىلگىرى توي قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بەزى ۋاقىتلاردا سادىر
قىلغان بەزى خاتالىقلىرىمنى تىلغا ئېلىشىم كېرەك.

بىر تۇغقىنىم بىلەن مەن تاماكا چېكىش خۇمارىنى يۇقتۇرۇۋالغا ـ
ندۇق، بىزنىڭ تاماكا چېكىشىمىز ئۇنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىدىن،
شۇنداقلا تاماكىنىڭ پۇرىقىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمىزدىنمۇ ئەمەس
ئىدى، بىز پەقەت ئىسنى يۇتۇپ چىقىرىشنى بىر قىزىقارلىق ئىش دەپلا
ھېس قىلاتتۇق، تاغامنىڭ مۇشۇنداق خۇمارى بار ئىدى، ئۇنىڭ تاماكا
چەككىنىگە قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەنمەكچى بولدۇق. لېكىن، بىزنىڭ
تاماكا ئالىدىغان پۇلىمىز يوق ئىدى. شۇڭا، بىز تاغام تاشلىۋەتكەن
تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ چەكتۇق.

بىراق، تاماكا قالدۇقلىرى دائىم چىقمۇەرمەيتتى، يەنە كېلىپ
چەككۈچىلىك ھېچقانچە تاماكىمۇ قالمايتتى. شۇڭا، بىز چاكارلارنىڭ
پارچە ـ پۇرات پۇللىرىنى ئوغرىلاپ، ھىندىستاننىڭ يەرلىك تاماكىسىنى
ئېلىپ چېكەتتۇق. لېكىن، ئەمدى مەسىلە ئوغرىلاپ كەلگەن تاماكىنى
نەگە قويۇش مەسىلىسى ئىدى. بىز ئەلۋەتتە چوڭلارنىڭ ئالدىدا تاماكا
چېكەلمەيتتۇق. بۇنداق پۇل ئوغرىلاپ تاماكا ئالىدىغان ئىش بىرنەچچە
ھەپتە داۋاملاشتى، كېيىن بىز بىر خىل ئۆسۈملۈك بارلىقىنى، ئۇنىڭ
غولىدا نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر بار بولۇپ، ئۇنى تاماكا قىلىپ چەكسە
بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ خىل تاماكىنى چېكىشكە باشلىدۇق.

ھالبۇكى، بۇ ئىشمۇ بىزنى قانائەتلەندۇرەلمىدى. بىز ئەركىنلىك ـ
نىڭ ئازابىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. چوڭلارنىڭ رۇخسىتىسىز

ھەرقانداق ئىشنى قىلالمايتتۇق، بۇنىڭغا زادىلا چىدىماي قالدۇق. ئاخىرىدا بىز تولىمۇ زېرىككەنلىك ھېس قىلدۇق ــ دە، ئۆزىمىزنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولدۇق.

لېكىن، قانداق ئۆلۈۋالىمىز؟ بىز ئوغىنى نەدىن تاپىمىز؟ بىز سېرىق ھەشقىپىچەك چېچىكىنىڭ ئۇنۇملۇك زەھەرلىك دورا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئورمانلىقتا ئۇنى ئىزدەپ باردۇق. دەرۋەقە، ئۇنى تاپتۇق. بىز كەچتە بىر ئىش قىلساق ناھايىتى مۇۋاپىق دەپ قارىدۇق. بىز كېدارجى (Kedarji) ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، سېرىق مايىنى مۇقەددەس چىراغ ئۈستىگە قويۇپ، ئىلاھقا بىر چوقۇندۇق ــ دە، خىلۋەترەك بىر جاينى تېپىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدۇق. بىراق، بىزنىڭ غەيرىتىمىز بىردىنلا غايىب بولدى. ئەگەر بىراقلا ئۆلمەي قالساق قانداق قىلىمىز؟ ئۆلۈۋېلىشنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ ئازراق ئەركىن بولالمىغانغا نېمە بوپتۇ؟ شۇنداقتىمۇ بىز سېرىق ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىدىن ئىككى ــ ئۈچ تالدىن يۇتۇۋالدۇق. بىز كۆپ يېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق. ھەر ئىككىلىمىز ئۆلۈمدىن بىرئاز قورقۇپ تۇراتتۇق. شۇنىڭ بىلەن رامجى (Ramji) ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ئۆزىمىزنى بىرئاز تىنچىتىۋېلىپ، ئۆلۈۋېلىش خىيالىدىن ۋاز كەچتۇق.

مەن شۇندىلا چۈشەندىمكى، ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلمەك ئاسان، لېكىن ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك تەس ئىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان، ھەتتا پەرۋامۇ قىلمايدىغان بولدۇم.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خىيالى بىز ئىككىمىزنىڭ تاماكا قالدۇقىنى چېكىدىغان ۋە چاكارلارنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاپ تاماكا سېتىۋالىدىغان ئۇساللىقىمىزنى تاشلاتقۇزدى.

چوڭ بولۇپ ئادەم بولغاندىن كېيىن مەندە چېكەيچۇ دەيدىغان تەلەپمۇ بولمىدى. مەن تاماكا چېكىشنى بىر خىل ياۋايىلىق، مەينەتلىك، زىيانلىق دەپ قارايمەن. دۇنيادا نېمىشقا تاماكا چېكىشتەك بىر خىل تەلۋىلەرچە قىزغىنلىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى تا ھازىرغىچە چۈشەنمەيمەن. مەن ھەممە ئادەم تاماكا چېكىپ ئولتۇرىدىغان ۋاگوندا ساياھەت قىلىشقا زادىلا چىداپ تۇرالمايمەن، مەن ئۇنداق كەيپىياتقا سەۋر قىلالمايمەن.

بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولغان ئوغرىلىقنى مەن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا سادىر قىلدىم. مېنىڭ پارچە ــ پۇرات پۇل ئوغرىلىغان ۋاقتىم 12 ــ

13 ياش، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ كىچىك چاغلىرىم بولسا كېرەك. مەن 15 يېشىمدا يەنە بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلدىم. بۇ قېتىم مەن ھېلىقى گۆش يەيدىغان ئاكامنىڭ بىلەزۈكىدىن ئازراق ئالتۇنىنى چىقىرىۋالدىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ 25 روپىيە قەرزى بار ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بىلەزۈك ساپ ئالتۇن بولۇپ، ئازراق يونۇۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

ئالتۇننى راستىلا ئوغرىلىۋالدىم، قەرزىنىمۇ قايتۇردۇم. لېكىن، بۇ قېتىم زادىلا چىدىيالمىدىم. مەن قەتئىي ئوغرىلىق قىلماسلىققا بەل باغلىدىم. مەن تېخى دادامغا ھەممىنى سەممىيلىك بىلەن ئېيتماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. مەن تاياق يېيىشتىن قورقمايتتىم. يوقسۇ، ئۇ بىزنى ئەزەلدىن ئۇرۇپ باققان ئەمەس. مەن بۇ ئىش تۈپەيلى ئۇنىڭ ئازابلىنىشىدىن قورقاتتىم. بىراق، تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم، مەن خاتالىقنى سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپ، ئۈزۈل ـ كېسىل توۋا قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قارايتتىم.

ئاخىرىدا دادامغا بىر پارچە توۋىنامە يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش قارارىغا كەلدىم. مەن بىر پارچە باغاقچە يېزىپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنى دادامغا بەردىم. مەن بۇ خەتتە ئۆزۈمنىڭ گۇناھىمنى بويىنۇمغا ئېلىپلا قالماي، مۇۋاپىق جازا بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدىم، ئاخىرىدا مېنىڭ خاتالىقىم ئۈچۈن ئۆزىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈندۈم. مەن يەنە بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئوغرىلىق قىلمايمەن دەپ قەسەم بەردىم.

مەن قوللىرىم تىترىگەن ھالدا توۋىنامىنى دادامغا بەردىم، ئۇ چاغدا دادام ئاقما كېسەللىكى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كارىۋىتى سىلىقلانغان بىر تاختاي ئىدى. مەن خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردۇم.

ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى بويلاپ چۈشتى، ھەتتا ھېلىقى خەتنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم ئويلاندى ـ دە، خەتنى يىرتىۋەتتى. ئۇ توۋىنامىنى كۆرۈۋاتقاندا ئولتۇرغانىدى، كېيىن يەنە يېتىۋالدى، مەن ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم. ناۋادا بىر رەسسام بولغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ چاغدىكى مەنزىرىنى پۈتۈنلەي سىزىۋالالايتتىم. ئاشۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش ھېلىھەم خاتىرەمدىن ئۆچۈپ

www.uyghurkitap.com

كەتكىنى يوق.

مېھرىبانلىقتىن چىققان ئاشۇ مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى مېنىڭ روھىي دۇنيايىمنى تازىلاپ، گۇناھىمنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋەتتى. پەقەت مۇشۇنداق مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەملا نېمىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. خۇددى بۇ مۇناجاتتا ئېيتىلغانغا ئوخشاش:

مۇھەببەت ئوقىدىن زەخمەت يېگەنلەر،
بىلىدۇ سۆيگۈنىڭ كۈچىنى ھەردەم.

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەققىدىكى بىر قېتىملىق ئەمەلىي دەرس بولدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇنى بىر خىل ئاتىلىق مۇھەببەت دەپلا قارىغانىدىم. بۈگۈن مەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، بۇ ھەقىقىي زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ئىدى. بۇ خىل «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەممە نەرسىدە ئۆزگىرىش ياسىغانىدى، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىز ئىدى.

دادامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق يۈكسەك ئەپۇچانلىقنى ئۇنىڭ تەبىئىتى دېگىلى بولمايتتى. مەن ئۇنى قاتتىق خاپا بولىدۇ، مېنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇ شۇقەدەر سەۋرچان ھەم تەمكىن كۆرۈنەتتى. مەن بۇنىڭ سەممىيلىك بىلەن توۋا قىلغانلىقىمدىن شۇنداق بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن، سەممىي توۋا، يەنە مەڭگۈ گۇناھ قىلماسلىق ھەققىدىكى ۋەدە، ئەگەر قوبۇل قىلىنىشقا ھەقلىق بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا بايان قىلىنسا، ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل مەسۇملارچە توۋا بولىدۇ. مەن توۋامنىڭ مېنى دادامغا مۇتلەق بىخەتەر ھېس قىلدۇرغانلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئاشۇرغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## توققۇزىنچى باب

# دادامنىڭ ئۆلۈمى ۋە قوش خىجىلچىلىق

مەن بۇ يەردە زىكرى قىلماقچى بولغان ۋەقە 16 ياش ۋاقتىمدا يۈز بەرگەنىدى. دادامنىڭ ئاقما كېسەلى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى باشتا دەپ ئۆتتۇم. ئانام، ئائىلىمىزدىكى قېرى خىزمەتچى ۋە مەن ئۇنىڭ ئاساسلىق قارىغۇچىلىرى ئىدۇق. مەن سېستىرالىقنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئاساسلىقى ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭاتتىم، دورىسىنى ئىچۈرەتتىم ھەمدە ئائىلىدە تەڭشەشكە تېگىشلىك دورىلارنى ئۇنىڭغا تەڭشەپ بېرەتتىم. ھەر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ قوياتتىم. پەقەت ئۇ مېنى ئۇخلا دەپ تاپىلىغاندا ياكى ئۇ ئۆزى ئۇخلاپ قالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلاتتىم. مەن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قاراشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئەزەلدىن بىخەستەلىك قىلمىغانىدىم. مېنىڭ يۇيۇنغاندىن باشقا ۋاقىتلىرىم پۈتۈنلەي دەرس ئوقۇش ۋە دادامغا قاراش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ رۇخسەت قىلغاندىلا ياكى ئۆزىنى بىر ئاز ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلغاندىلا، مەن ئاندىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ گۈگۈم سەيلىسى قىلغىلى ماڭاتتىم.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئايالىم يەڭگىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئويلىسام، بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئۇياتلىق بىر ئىش بولغانىكەن. بىرسى، مەن تېخى ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالسام بولاتتى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمىغانىدىم. يەنە بىرسى، بۇنداق ھەۋەسمەنلىكىم مېنىڭ ئوقۇش مەجبۇرىيىتىمگە دەخلى قىلاتتى، يەنە كېلىپ مېنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتىم — ئاتا - ئانامغا بولغان ۋاپادارلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. چۈنكى، مەن شىراۋانانى كىچىكىمدىن باشلاپلا غايەۋى شەخس سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كەلگەنىدىم. ھەر كۈنى كەچتە قوللىرىم دادامنىڭ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاش بىلەن يورغىلىسىمۇ، خىيالىم ھۇجرامدا

www.uyghurkitap.com

قانات قاقاتتى، يەنە كېلىپ ئۇ ۋاقىتتا مەيلى دىنىي نۇقتىدىن بولسۇن ياكى تېببىي نۇقتىدىن بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى ساۋات نۇقتىسىدىن بولسۇن، جىنسىي ھەرىكەتتە بولۇشۇمغا بولمايتتى. مەن ۋەزىيەتنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىشە كۆڭلۈم خۇشاللىققا چۆمۈلگەن ھالدا دادام بىلەن خەيرلىشىپ، ئۇدۇل ھۇجرامغا چاپاتتىم.

بۇ چاغدا دادامنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئايۇرۋېدا[1]نىڭ تېۋىپلىرى، ھەكىملەر ۋە يەرلىك دوختۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مەلھەملىرىنى، مەخپىي رېتسېپلىرىنى ئىشلىتىپ بولدى. ئەنگلىيەلىك بىر تاشقى كېسەللەر دوختۇرىمۇ دىياگنوز قويدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر چارە ئوپېراتسىيە قىلىش ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ ئائىلە دوختۇرىمىز ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ ياشقا چوڭىيىپ قالغان بۇنداق بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قارشى ئىدى. بۇ دوختۇرنىڭ نامىمۇ، ئىقتىدارىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ پىكرى تەبىئىيكى قوبۇل قىلىندى. ئوپېراتسىيە قىلىنمايدىغان بولدى. ئوپېراتسىيە ئۈچۈن تەييارلانغان نۇرغۇن لازىمەتلىكلەر بىر ياققا قايرىپ قويۇلدى. ھازىرقى تەسىراتىم شۇكى، ئاۋادا ھېلىقى دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىشقا قوشۇلغان بولسا، جاراھەت ئېغىزى ئاسانلا ياخشىلىنىپ كەتكەن بولاتتى. يەنە كېلىپ ئوپېراتسىيەنى ئەينى ۋاقىتتىكى بومبايدىكى داڭلىق تاشقى كېسەللەر دوختۇرى قىلاتتى. لېكىن، پەرۋەردىگارنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ئىكەن. ئەزرائىل يېقىنلاشتى، يەنە كىممۇ يوللۇق داۋالاشتىن سۆز ئاچالىسۇن؟ دادام بومبايدىن نۇرغۇن ئوپېراتسىيە ئۈسكۈنىلىرىنى ئالغاچ كەلگەنىدى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھازىر كېرىكى قالمىدى، ئۇنىڭ داۋاملىق ياشىغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ تېنى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتتى، ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە چوڭ – كىچىك تەرەت ئۈچۈنمۇ كارىۋاتتىن چۈشەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، زادىلا بولالمايدىغان ھالغا چۈشكەنگە قەدەر كارىۋاتتىن چۈشۈپ تەرەت سۇندۇرۇپ كەلدى. ۋىسنۇنىڭ مۇرىتلىرى تاشقى تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشتەك قائىدىگە ھەقىقەتەن قاتتىق ئەمەل قىلاتتى.

پاكىزلىق تەبىئىيكى، ئىنتايىن زۆرۈر، لېكىن غەرب تېببىي ئىلمى بىزگە چوڭ – كىچىك تەرەت قاتارلىق پائالىيەتلەرنى، جۈملىدىن غۇسۇل – تەرەت قاتارلىقلارنى تازىلىققا قاتتىق ئەمەل قىلغان ئەھۋال

---

[1] Ayuraveda — ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى تېببىي دەستۇر.

ئاستىدا كارىۋاتتا ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭدا كېسەل ئازراقمۇ ئاۋارە بولمايدۇ، يوتقان ـ كۆرپىلەرمۇ بۇلغانمايدۇ، مەن بۇ خىل تازىلىق بىلەن ۋىسنۇ ئەقىدىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش يوق دەپ قارايمەن. لېكىن، دادام چوڭ ـ كىچىك تەرىتىدە قەتئىي كارىۋاتتىن چۈشمەن، دەپ تۇرىۋالغانىدى، شۇ چاغدا قاتتىق ھەيران قالغانىدىم، دادامغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشقانىدى.

قورقۇنچلۇق كېچە ئاخىر يېتىپ كەلدى. تاغام ئۇ چاغدا راجكوتتا تۇراتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ دادامنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاشقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ ئىككى ئۇرۇق ـ تۇغقان بىر ـ بىرىگە بەك يېقىن ئىدى. تاغام كۈنبويى دادامنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇراتتى، تېخى بىزنى ئۇخلاڭلار، دەپ كەتكۈزىۋېتەتتى، ئۆزى دادامنىڭ يېنىدا ئۇخلايتتى. گەرچە ھەممەيلەن بالا ـ قازا كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ دېيىشسىمۇ، لېكىن ھايات ـ ماماتلىق بۇ ھالقىلىق پەيتنىڭ مۇشۇ كېچە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلىمىغانىدى.

ئالاھازەل كېچە سائەت ئون يېرىم ياكى ئون بىر يېرىم بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. مەن دادامنى ئۇۋۇلاۋاتاتتىم، تاغام ئالمىشىشنى تەلەپ قىلدى، مەنمۇ بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ، ھۇجرامغا كىرىپ كەتتىم. ئايالىم ــ ئۇ بىچارە ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى. لېكىن، مەن قايتىپ كەلسەم، ئۇ قانداقمۇ ئۇخلىيالىسۇن؟ مەن ئۇنى ئويغاتتىم. ھالبۇكى، بەش ـ ئالتە مىنۇت ئۆتمەيلا، چاكار ئىشىكنى چەكتى. مەن چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ: «تۇرۇڭ، دادىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى» دېدى. مەن دادامنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، مەن «كېسىلى ئېغىرلىشىپ قېلىش»نىڭ ئەينى ۋاقىتتا نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇپ يەتتىم. مەن كارىۋىتىمدىن دەرھال چۈشتۈم.

ــ نېمە بولدى؟ راستىنى دېگىنە!

ــ دادىڭىز ئالەمدىن ئۆتتى.

ھەممە تۈگىدى! ئىككى قولۇم چىڭ تۈگۈلۈپ كەتتى. پۇشايمان ۋە ئازاب ئىچىمنى تاتىلايتتى، مەن دادامنىڭ خانىسىغا يۈگۈرۈپ كىردىم. ئەگەر مەن شۇ چاغدا ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمىگەن بولسام، ئۇنىڭ ئەڭ ئاداققى مىنۇتلاردىكى ئازابىنى تەڭ تارتىشىپ بېرەلەيدىغانلىقىمنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىلەتتىم. مەن تېخى ئۇنى ئۇۋۇلاپ قويالايتتىم. ئۇ مېنىڭ قولچىقىمدا جان ئۈزگەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر بۇ شان ـ شەرەپتىن تاغام بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. دادام ۋاقىتنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ قول ئىشارىسى قىلىپ قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۈردى ـ دە، «ھازىرغا تەييارلىق» دېگەن سۆزلەرنى يازدى. ئۇ بىلىكىدىكى تۇمار[1] ۋە تۇلاسى[2] ئۇرۇقىدىن ياسالغان تەسۋىنى ئېلىپ بىر چەتكە قويدى ـ دە، بىر ئازدىن كېيىن نەپەستىن توختىدى.

مەن ئالدىنقى بابتا ئۇياتلىق ئىش قىلدىم دېگىنىمدە، دادامنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى كېلىپ ئۇنىڭغا كۆپرەك قارايدىغان چاغدا، يەنە خوتۇنۇمنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەنلىكىمنى كۆزدە تۇتقانىدىم. بۇ داغنى مەڭگۈ يۇيالمايمەن ۋە ئۇنتۇيالمايمەن. مەن ھەمىشە: گەرچە مەن ئۆزۈمنى دادامغا چەكسىز ۋاپادارمەن، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق نەرسەمنى ئايىمايمەن دېسەممۇ، لېكىن ھالقىلىق پەيتتە كەچۈرگۈسىز ھالدا تايانچىمنى يوقىتىپ قويدۇم. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن ئىشق ـ ھەۋەس تورىغا چىرمىلىپ يۈردۈم، شۇڭا مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى خوتۇنۇمغا سادىق بولساممۇ، لېكىن بىر شەھۋەتپەرەس ئەرمەن دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇزاق مۇددەت سىناقلاردىن كېيىن مۇھەببەت ئاسارىتىدىن ئاخىر قۇتۇلدۇم.

مەن بۇ قوش خىجىلچىلىققا دائىر ھېكايەمنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، يەنە ئايالىم تۇغقان ئاشۇ بەختسىز بوۋاقنىڭ ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك بولا ـ بولمايلا ئۈچۈپ كەتكىنىنىمۇ تىلغا ئېلىشىم كېرەك. يەنە نېمىنى كۈتىمەن، ئاللىبۇرۇن نىكاھلىق بولغان ئاشۇ ياشلار مېنىڭدىن ئۆلگە ئېلىپ ھوشيار بولماقلىرى كېرەك.

---

① ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلىكىگە شوينا چىگىۋالىدۇ، ئۇنىڭغا تۇمار پۈتۈلگەن بولۇپ، يامان روھ ۋە كېسەللىكنى دەپئى قىلىدۇ دەپ قارايدۇ، چۈنكى بۇ خىل تۇمار ئاتا ـ ئانىدىن قالىدىغان بولغاچقا، ئۆلىدىغان چاغدا ئۇنى ئېلىۋېتىدۇ.

② تۇلاسى (tulasi) ـــ ھىندى دىنىدىكى مۇقەددەس دەرەخ، يەنى رەيھان دەرىخىدىن ياسالغان تەسۋى، دۇئا ئوقۇغاندا بويىنىغا سېلىۋالىدۇ، يامان روھ ۋە كېسەللەرنى قوغلايدۇ دەپ قارىلىدۇ.

## ئونىنچى باب

# دىنغا بىر نەزەر

مەن ئالتە ـ يەتتە يېشىمدىن 16 يېشىمغىچە مەكتەپتە ئوقۇدۇم. بۇ مەزگىلدە دىندىن باشقا ھەممە نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. مەن مۇئەللىملىرىم ھېچقانچە كۆچىمەيلا ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى مەن ھېچقانچە ئىگىلىيەلـ ـمىگەنىدىم، لېكىن مەن ئەتراپىمدىكى ھەربىر شەيئىدىن نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن بۇ يەردە تىلغا ئالغان «دىن» دېگەن بۇ ئىبارە كەڭ مەنىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى ئۆزىنى بىلگەن ئاقىل، دېگەندەك مەنىلەردە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

چۈنكى، مەن تۇغۇلۇپلا ۋىشنۇ دىنى مۇرىتىغا تەۋە بولدۇم. شۇڭا، ھەمىشە خاۋېلى ئىبادەتخانىسىغا سەجدىگە باراتتىم. لېكىن، بۇلار ھېسسىياتىمغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. مەن ئىبادەتخانىلاردىكى ۋالىلداپ تۇرغان چىراغلار ۋە قايناق سورۇنلارنى ياخشى كۆرمەيتتىم. يەنە كېلىپ مەن يەنە ئىبادەتخانىلاردا تاپتىن چىققان بۇزۇقچىلىقلارنىڭمۇ بولىدىـ ـغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتماقتا ئىدى. مەن خاۋېلى ئىبادەتخانىسىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم.

لېكىن، مەن ئۇ يەردە ئېرىشەلمىگەنلىرىمگە ئېنىكئانامدىن ــ ئۆيىمىزدىكى قېرى خىزمەتچىدىن ئېرىشتىم. ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆيۈمچانلىقى تا ھازىرغىچىلىك ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. باشتا ئېيتقىنىمدەك، كىچىك ۋاقتىمدا جىندىن بەك قورقاتتىم. خىزمەتـ

كارنىڭ ئىسمى رامبا (Rambha) ئىدى. ئۇ ماڭا، «راماناما[①]» دەپ قايتا ـ قايتا ئوقۇساڭ ھېچنېمىدىن قورقمايسەن دەپ ئۆگەتكەنىدى. مەن بۇ ئۇسۇلغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنەتتىم. شۇڭا، گۆدەك چاغلىرىمدىن باشلاپلا «راماناما»نى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇشقا باشلاپ، بۇ ئارقىلىق ئىچىمدىكى جىن ۋەسۋەسىسىنى چىقاردىم. تەبىئىيكى، بۇ بىردەملىك ئىش ئىدى، لېكىن بالىلىقتا تېرىغان ئۇرۇق مېۋە بەرمەي قالمايدۇ. مەن ئەنبا دېگەن بۇ ئاق كۆڭۈل ئايال مۇشۇ ئۇرۇقنى تېرىغاچقىلا، «راماناما» بۈگۈنكى كۈندىمۇ مېنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىمدە ئۇنۇملۇك دەستۇرۇم بولالىغان دەپ ئويلايمەن.

دەل مۇشۇ چاغلاردا، «رامايانا (Ramayana)»غا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر نەۋرە ئاكام مەن بىلەن ئىككىنچى ئاكامنى راماراكشا (Rama Raksha)[②]نى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بىز ئۇنى سۇدەك يادلاپ بېرەلەيتتۇق ھەمدە ھەر كۈنى ئەتىگەن يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن قىرائەت قىلاتتۇق. بىز پوربانداردىكى ۋاقتىمىزدا بۇنداق قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدۇق. لېكىن، بىز راجكوتقا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچى بارلىقىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتىم. مېنىڭ ئۇنى يادلىيالىشىم، مېنىڭ «رامراكشا»نى توغرا تەلەپپۇز بىلەن قىرائەت قىلالايدىغانلىقىمنى باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

ۋاھالەنكى، بىرەيلەن دادامغا «رامايانا»نىڭ ئەسلىي تېكىستىنى ئوقۇپ بەرگەن چاغدا ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. دادام كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان مەزگىلدە، بىر قىسىم ۋاقتىنى پورباندارda ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ يەردە كىشىلەر ھەر كۈنى كەچتە دادامغا «رامايانا»نىڭ مىسرالىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ مىسرالارنى قىرائەت قىلغان كىشى راماغا ئىنتايىن ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ دەل بىرسۇاللىق راما ماخاراج

① راماناما (Ramanama) ـــ «راما» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قايتا ـ قايتا ئوقۇلغاندىكى جۈملە شەكلى بولۇپ، راماغا بولغان ئېتىقادنى بىلدۈرىدۇ. راما رىۋايەتلەردىكى قەدىمكى ھىندى پادىشاھى داساراتخا (Dasaratha) نىڭ ئوغلى، ئىلاھ ۋىسنۇنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ساداقەتلىك بىلەن خوتۇنىنى قۇتقۇزۇپ، ئالۋاستىنى يوقىتىپ داڭق چىقارغان، ئۇ ھىندىلارنىڭ قەدىمىي ئېپوسى «رامايەننا»نىڭ نامايەندىسى.

② «رامراكشا» (ramraksha) ـــ «رامايانا» ئېپوسىدىن كەلگەن ئايەت بولۇپ، رامادىن پاناھلىق تىلىگەندە ئوقۇلىدۇ.

(Rama Maharaj) دېگەن كىشى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. ئۇ كېسىلىنى ساقايتىشتا باشقا دورا ئىشلەتمىگەن، بەلكى كىشىلەر برسۋال ئىبادەتخانىسىغا پەرۋەردىگارغا ئاتاپ قويغان «بىلۋا»[①] يوپۇرمىقىنى قايىنتىپ يارا ئېغىزىغا چېپىپ، «رامانامارا» دەپ قايتا ـ قايتا ئوقۇغان. كىشىلەر ئۇنىڭ كېسىلىنى ئۇنىڭ ئېتىقادى ساقايتقان دېيىشىدۇ. بۇنداق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئىشەنچلىكمۇ، ئەمەسمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن، مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بىز ئۇنىڭغا راست دەپ ئىشىنىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەمەلىيەتتىمۇ روتا موخروجى «رامانامارا»نىڭ ئىككى مىسرالىق ياكى تۆت مىسرالىق بېيىتلىرىنى قاپىيەسىگە كەلتۈرۈپ ئوقۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ مىسرالارغا چۆكۈپلا كېتەتتى، يەنە ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ ئاشۇ قەسىدىلەرنىڭ ئەۋجىگە كۆمۈۋېتەتتى. ئۇ چاغدا مەن ئالاھازەل 13 ياشلاردا ئىدى، لېكىن ئېسىمدە تېخىچە ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ قىرائىتىدىن كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كېتەتتى. مانا بۇلار مېنىڭ «رامانامارا»نى چوڭقۇر ياقتۇرۇپ قېلىشىمنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغانىدى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، مەن تۇلاسداس[②] يازغان «رامانامارا»نى مەنىۋى ئەدەبىياتتىكى ئەڭ بۈيۈك ئەسەر دەپ قارايمەن.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىز راجكودقا كۆچۈپ باردۇق. ئۇ يەردە بىزگە «رامانامارا»نى ئوقۇپ بېرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. لېكىن،

① بىلۋا (bilva) ــ بىر خىل ئىسسىق بەلباغ دەرىخى، ھىندىلار بۇ خىل دەرەخ يوپۇرمىقىنى نەزىر ـ چىراغ بۇيۇمى قىلىپ قويىدۇ، مۇقەددەس دەرەخ دەپ خۇراپىيلارچە ئىشىنىدۇ.

② تۇلاسداس (Tulasidas، 1513 ــ 1623) ــ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ھىندىستانلىق مەشھۇر شائىر ۋە خەلقنىڭ مەنىۋى داھىيسى. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «رامانىڭ دۇنياسى» ئەينى ۋاقىتتا ھەممە كىشىلەر بىلىدىغان بىر ئەسەرگە ئايلىنىپ قالغان، رامانىڭ پەزىلىتىنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. گەندى بۇ يەردە كۆرسەتكەن «رامايەنا» مۇشۇ ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. «رامايەنا»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن ئېپوس ئىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ۋالمىك ئىسىملىك بىر ئادەم يازغانىكەن.

③ «ئېكاداش» (Ekadashi) ــ بىر ئاينىڭ 11 ـ كۈنى دېگەن مەنىدە، ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ پەرھىز (روزا) كۈنى. ھىندى ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىنتايىن پېقىرانە بىر ئادەم كۆك تەڭرىسى سىۋادىن ئۆلمەسلىك ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. سىۋا بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ، لېكىن بىر شەرت ئىكەن، يەنى ئۇ بەندىنىڭ قولىدا ئۆلمىسىلا بولىدىكەن، لېكىن ئاتىسىز ئايالنىڭ قولىدا ئۆلۈشى شەرت ئىكەن. بۇ ئادەم سىۋانىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن يۈرىكى يوغىناپ، ئەرشتە پوپاڭ كۆتۈرۈپتۇ. براھما، ۋىسنۇ ۋە سىۋادىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەڭرى ئامالسىز بىر دەرەخنىڭ كامىرىغا قېچىپ كىرىۋاپتۇ، بەك قىستاڭ بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھىدى بىرلىشىپ بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالادىن قۇتۇلۇپتۇ. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى ئېكاداش بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۇنىڭ شەپقىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ھەر ئاينىڭ 11 ـ كۈنى روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىم «ئېكاداش»[3] كۈنىگە توغرا كەلگەندە، ھەمىشە «باگاۋادگىتا»[1] قىرائەت قىلىناتتى. بەزىدە مەنمۇ بېرىپ ئاڭلاپ كېلەتتىم. لېكىن، قىرائەت قىلغۇچى ئاڭلىمىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرەلمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق قارايمەنكى، «باگاۋادگىتا» دىنىي قىزغىنلىقنى قوزغىتىدىغان كىتاب ئىدى. مەن بۇ كىتابنىڭ گۇجاراتچە نەشرىنى ئوقۇغانىدىم، ئۇ ماڭا تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغانىدى، ھالبۇكى، مەن 21 كۈنلۈك ئاچلىق مەزگىلى[2]دە ۋاندىت ماتان موخان مالاۋىيە بۇ نەزمىنى قىرائەت قىلغاندا، ئاشۇنداق بىر تەقۋادار ئادەمنىڭ بۇ نەزمىنى قىرائەت قىلغانلىقىنى نېمە ئۈچۈن گۆدەك ۋاقتىمدا ئاڭلىيالمىغاندىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ياش ۋاقتىمدا ياخشى كۆرۈپ قالمىغاندىمەن دەپ ئۆكۈندۈم. گۆدەكلىكتىكى تەسىرات ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ، باللىق چاغلىرىمدا مۇشۇنداق ياخشى كىتابنى ئوقۇپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ بولمىغانلىقى مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش بولغانىدى.

بىراق، مەن راجكوتتىكى ۋاقتىمدا ھىندى دىنىنىڭ بارلىق مەزھەپلىرى ۋە باشقا قېرىنداش دىنلارغا نىسبەتەن سەۋرچان بولۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالغانىدىم. چۈنكى، ئاتا ـ ئانام ھەمىشە خاۋىل ئىبادەتخانىسىغا سەجدىگە باراتتى، بەزىدە كۆك تەڭرىسى سىۋا[3] ئىبادەتخانىسىغا ۋە راما ئىبادەتخانىسىغىمۇ باراتتى، ھەمىشە مېنى ئەگەشتۈرۈۋالاتتى ياكى بولمىسا ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ئەكەلدۈرەتتى. جىنا راھىبلىرىمۇ ھەمىشە دادامنى زىيارەت قىلىپ كېلەتتى، ھەتتا

---

① «باگاۋادگىتا» مىلادىيە 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن. ئاپتورى ئېنىق ئەمەس، ئۇ ھىندىلارنىڭ بۈيۈك ئېپوسى «ماخاباراتا»نىڭ بىر ئېپىزوتى بولۇپ، شېئىرىي دىيالوگدىن، يەنى قاراڭغۇلۇق تەڭرىسىنىڭ ئاجۇناغا ئېيتقان پەلسەپىۋى قائىدىلىرىدىن ئىبارەت.

② 1924 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گەندى ئەينى ۋاقىتتىكى دىنىي توقۇنۇشلارنى تىنچىتىش، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 21 كۈنلۈك ئاچلىق ئېلان قىلىش نامايىشى قىلغان.

③ شىۋا (Shiva) — ھىندى دىنى ئەپسانىسىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كۆك تەڭرىلىرىنىڭ بىرسى. شىۋا ئىبادەتخانىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھىندىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك بار. ئۇ ھىماتلىق ئىلاھى بولۇپ، ئات ـ ئۇلاغلارنى، قىز ـ ئوغۇللارنى ئاپەتتىن ساقلايدۇ. ئۇ يەنە ۋەيران قىلغۇچى ئىلاھ بولۇپ، كۈچى زور ئالۋاستىلارنى ئەل قىلالايدۇ، ھەممىنى گۇمران قىلالايدۇ.

پەرھىزنى بۇزۇپ بىزگە ئوخشاش جايىنس (Jains) مۇرىتى بولمىغان كىشىلەرنىڭ نېمەتلىرىنى ئالاتتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ھەمىشە دىنىي ۋە ئادەت مەسىلىلىرىگە بېرىپ چېتىلاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە مۇسۇلمان ۋە ئاتەشپەرەس دوستلىرىمۇ بار ئىدى، دادام ئۇلار بىلەن ئۆز ئېتىقادلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىپ كېتەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ھەمىشە ھۆرمەت بىلەن قىزىقىپ ئاڭلايتتى. چۈنكى، مەن دادامغا قاراۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقان سورۇندا مەنمۇ بولاتتىم. مانا بۇ ئىشلار يىغىلىپ، مەندە بارلىق دىنىي ئېتىقادلارغا سۈكۈت قىلالايدىغان بىر خىل پوزىتسىيەنى يېتىلدۈرگەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا، خىرىستىيان دىنىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل بىزارلىق تۇيغۇسىدا ئىدىم. بۇ سەۋەبلىك ئىدى. ئۇ چاغدا خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى ھەربىر مەكتەپنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ھىندى دىنى مۇخلىسلىرىنى ۋە ئۇلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلارنى ھاقارەتلەيتتى، مەن بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمايتتىم. مەن ئاشۇنداق جايلاردا بۇنداق گەپلەرنى بىر قېتىملا ئاڭلىغانىدىم، لېكىن شۇ بىر قېتىمنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولغانىدى، يەنە ھاقارەتلىنىشنى ئەسلا خالىمايتتىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مەن مەشھۇر بىر ھىندى دىنى مۇرىتىنىڭ خىرىستىيان دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. كۆپچىلىك مۇشۇ ئىشنىلا غۇلغۇلا قىلاتتى: ئۇنى چوقۇندۇرۇپتۇ، كالا گۆشى يەيدىكەن، ھاراق ئىچىدىكەن، يەنە كىيىم ئالماشتۇرۇپتۇ، سىرتقا چىقسا كاستۇم ـ بۇرۇلكا، شىلەپە كىيىۋالىدىغان بوپتۇ دېيىشەتتى. بۇلار مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈرەتتى. راست، مەن ئويلايمەن، ئەگەر بىرەر دىن كىشىلەرنى گۆش يېيىشكە، ھاراق ئىچىشكە، كىيىملەرنى يەڭگۈشلەشكە مەجبۇرلىسا، ئۇ دىن بولۇشقا مۇناسىپمۇ؟ مەن بۇ يېڭى بەيئەتچىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى يەكسان قىلىشقا تۇتۇنغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇلار مەندە خىرىستىيان دىنىغا نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك قوزغىغانىدى.

ۋاھالەنكى، مېنىڭ باشقا دىنلارغا سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمدەك بۇ پاكىت مېنىڭ پەرۋەردىگارغا قارىتا

ئاللىقانداق كونكرېت ئېتىقادتا بولغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئالاھازەل مۇشۇ چاغلاردا مەن دادام ساقلىغان «مانى كالاملىرى»[1] ناملىق بىر كىتابنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇنىڭدا پەرۋەردىگارنىڭ بارچە مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار سۆزلەنگەنىكەن. لېكىن، ئۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلالمىدى، ئەكسىچە مېنى بىر ئاز دەھرىيلىك خاھىشىغا ئىگە قىلىپ قويدى.

مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بار ئىدى، ئۇ ھازىرمۇ ساق ـ سالامەت، مەن ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا تولىمۇ قايىلمەن، مەن گۇمانىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ شۇبھىلىرىمنى يېشىپ بەرمىدى. ئۇ ماڭا: «سەن چوڭ بولغاندا بۇ مەسىلىلەرگە ئۆزۈڭ جاۋاب بېرەلەيسەن، بۇ يېشىڭدا، بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاشمىساڭمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ھېچنېمە دېمىدىم، لېكىن كۆڭلۈم غەش ئىدى. «مانى كالاملىرى»دىكى ئىلاھ ھەققىدىكى سەھىپىلەر كۆندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن قارىمۇقارشىدەك قىلاتتى. بۇ مەسىلە ھەققىدىمۇ خۇددى گۇمانىمغا ئوخشاشلا بىر خىل جاۋابقا ئېرىشتىم. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ئەقلىم يېتىلگەندە، ئوقۇغان كىتابىم كۆپەيگەندە ئۆزۈم چۈشىنىۋالىمەن» دېدىم.

ھەرنېمە دېگەنبىلەن «مانى كالاملىرى» ماڭا ئەينى ۋاقىتتا زورلۇق ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە ھېچقانداق تەلىم بېرەلمىگەنىدى. مەن ئالدىدا زىكرى قىلغان گۆش يېيىشكە دائىر ئىشلار «مانى كالاملىرى»دا قۇۋۋەتلىنىدىغاندەك قىلاتتى. مەن گويا قۇرت ـ قوڭغۇز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆلتۈرۈش پۈتۈنلەي ئەخلاققا ئۇيغۇن ئىشتەك ھېس قىلاتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن شۇ چاغلاردا چۈسا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرگەنىدىم، بۇنى ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلەتتىم.

بىراق، بىر ئىش قەلبىمدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى، ئۇ بولسىمۇ ئەخلاقنىڭ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىش ھەقىقەتنى جىمىكى ئەخلاقنىڭ ماھىيىتى دەپ بىلىشتىن ئىبارەت. ھەقىقەت مېنىڭ بىردىنبىر مۇددىئايىم بولۇپ قالغانىدى. ھەقىقەتنىڭ دائىرىسى كۈنسايىن كېڭىيىپ بارغانچە، مېنىڭ ھەقىقەتكە

---

① مانى كالاملىرى (Manismriti) ــ ھىندى دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قانۇنىي دەستۇرلىرىنىڭ بىرسى، ئۇنىڭدا تەبىقىچىلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد قوغدالغان، پەرۋەردىگارنىڭ مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى ۋە ئىنساننىڭ يارىتىلىشىغا دائىر نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار.

بەرگەن تەبىرىمۇ كېچىكىپ بارماقتا ئىدى.

بىر بۆلەك گۇجاراتچە دىداكتىك شېئىردا مېنىڭ قەلبىم تولۇق ئىپادىلەنگەنىدى. يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە دائىر ۋەز ـ نەسىھەتلەر مېنىڭ يېتەكچى مىزانىم بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، مەن بۇ ئەقىدىگە قىزغىن بويسۇناتتىم ۋە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى قىلىپ كۆردۇم. تۆۋەندىكىلەر مەن ئەڭ ئېسىل دەپ قارىغان مىسرالاردۇر:

بىر چىنە سۇ بەرگەنگە بەرگەيمەن مەن ئاش ـ تائام،
گەر جاپادا بىللە بولسا، مەندىن گەبەد تەزىم ـ سالام.
زەررىچە پۇل بەرگەنگە تالىق تۆمەن سىر ئالتۇنۇم،
قۇتقۇزسا گەر كىم مېنى قۇربان ئاڭا بۇ جان ـ تېنىم.
دىللاردا قوزغار ئاپىرىن دانانىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى،
ياخشى ئىشنىڭ ھەسسىلەپ كەلگەي ئاڭا ھەق، بەرىكىتى.
ئەۋلىيالار ئالىمىدە ئايرىلماس سەن، مەن ھامان،
يامانلىققا ياخشىلىق قىلغانغا شادلىق بىپايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئون بىرىنچى باب

## ئەنگلىيەگە بېرىپ ئوقۇماقچى بولدۇم

1887 ـ يىلى مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىدىم. ئەينى ۋاقىتتا، بىرتۇتاش ئىمتىھان ئەخمەتئاباد (Ahmedabad) بىلەن بومبايدىن ئىبارەت ئىككى جايدا ئېلىناتتى. ھىندىستان نامرات بولغاچقا كاسىياۋادلىق ئوقۇغۇچىلار ئەڭ يېقىن ھەم ئەڭ ئىقتىسادچىل جايغا بېرىپ ئىمتىھان بېرىشنى خالايتتى. مېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىممۇ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ مېنىڭ بىر كىشىنى ھەمراھ قىلماي تۇنجى قېتىم راجكودتىن ئەخمەتئابادقا بېرىشىم ئىدى.

ئاتا ـ ئانام مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشۇمنى قوۋۋەتلەيتتى. باۋناگار (Bhavnagar) بىلەن بومبايدا ئالىي مەكتەپ بار ئىدى. ئالدىنقىسىدا ئوقۇسا پۇل ئاز كېتىدىغان بولغاچقا، مەن سامالداس (Samaldas) ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇماقچى بولدۇم. مەن ئوقۇشقا باردىم، لېكىن قاتمۇقات تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم، نېمە ئىش قىلسام، قىيىنچىلىقتا ئۇچراپلا تۇردۇم، قىزىقىش دېگەن ئۇياقتا تۇرسۇن، پىروفېسسورنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى چۈشىنەلمىدىم. بۇ ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن ئەمەس، بۇ مەكتەپنىڭ پىروفېسسورلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ دەپ قارىلاتتى. لېكىن، مەن نېمىدېگەن دۆت ـ ھە! بىرىنچى مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدىلا ئۆيۈمگە قايتىپ كەتتىم.

ئائىلىمىزنىڭ بىر كونا دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ماۋجى داۋې (Mavji Dave) ئىدى، ئۇ تولىمۇ ھوشيار ۋە بىلىملىك بىراھمان ئىدى، دادام ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ئائىلە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، تەتىل مەزگىلىمدە ئۇ

ۋاقىت چىقىرىپ مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئانام ۋە ئاكام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ مېنىڭ ئۆگىنىشىمنى سورىدى. ئۇنىڭ مېنىڭ سامالداس ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدىغانلىقىمدىن خەۋىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ: «دەۋر ئۆزگەردى، ئەگەر سىلەر ئۇنى مۇۋاپىق تەربىيەگە ئىگە قىلمىساڭلار، ئاتا ـ بوۋاڭلارغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتمەسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئۇ تۆت ـ بەش يىل كىتاب ئوقۇسا، ئاندىن ئاران باكلاۋۇر بولالايدۇ، لېكىن بۇ ئۇنى ئايدا پەقەت 60 رۇپىيەلىك مائاش ئالىدىغان خىزمەتكىلا ئىگە قىلالايدۇ، دىۋان بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش قانۇن ئۆگەنسە تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ۋاقىتتا، چوقۇم دىۋانلىق ئورۇننى تالىشىپ رىقابەتلىشىدىغان نۇرغۇن ئادۋوكات بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى ئەنگلىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتسەك تۈزۈكمىكىن. ئوغلۇم كېۋالرام (Kevalram)نىڭ ئېيتىشىچە، ئادۋوكات بولۇش ناھايىتى ئاسان ئىش ئىكەن. ئۈچ يىل بولمايلا قايتىپ كېلىدىغان گەپ، چىقىممۇ 4000 — 5000 رۇپىيەدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭا، ئەنگلىيەدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن بىر ئادۋوكات نېمىدېگەن مودا ـ ھە! ئۇ چاغدا ئۇ خىزمەت ئىزدەپ بارمىسىمۇ بولىدۇ، دىۋانلىق ۋەزىپە ئىشىك ئالدىغا ئۆزى كېلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ موخانداس (Mohandas)نى بۇ يىلدىن قالماي ئەنگلىيەگە ئەۋەتىشىڭلارنى تەشەببۇس قىلىمەن. كېۋالرامنىڭ ئەنگلىيەدە نۇرغۇن دوستلىرى بار، ئۇ تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بېرىدۇ. موخانداس ئۇ يەردە ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمايدۇ» دېدى.

جوشىجى (Joshiji) (بىز ياشانغان ماۋجى داۋېنى شۇنداق ئاتايتتۇق) بۇرىلىپ سەمىمىي تەلەپپۇزدا مەندىن سورىدى: «بۇ يەردە ئوقۇغاندىن كۆرە، ئەنگلىيەگە بېرىپ ئوقۇشنى خالايسەن، شۇنداقمۇ؟» تەبىئىيكى، بۇ مەن ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىنىدىغان ئىش ئىدى. مەن ئەسلىدە مەكتەپنىڭ دەرسلىرى تەس دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتىم ھەمدە مېنى قانچە بالدۇر ئەۋەتسە شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. لېكىن، ئىمتىھاندىن ئۇنداق ئاسان ئۆتەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم. مېنى دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتسە ياخشى بولاتتى.

— دادام دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، — دېدى ئاكام سۆزۈمنى بۆلۈپ، — ئۇ: «بىز ۋىسنۇ دىنى مۇخلىسلىرى جەسەتنى پارچىلايدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ» دېگەن. دادام سېنىڭ ئادۋوكات

www.uyghurkitap.com

بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلاتتى.

— مەنىڭغۇ گەندىجى (Gandhiji)گە ئوخشاش دوختۇر بولۇشقا قارشى ئەمەسمەن، — دېدى جوشىجى ئۈلاپلا، — بىزنىڭ «ساسترا»① يىمىزدا دوختۇرلۇق قىلىشقا يول ئوچۇق. ئەمما، سەن تېببىي ئۇنۇۋانغا ئېرىشسەڭ دىۋان بولالمايسەن. مەن بولسام سېنىڭ دىۋان بولۇشۇڭنى ياكى دىۋاندىنمۇ ياخشى ۋەزىپىدە بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن. پەقەت شۇندىلا، سەن ئاندىن بۇ ئائىلىگە قاراشتەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈڭگە ئالالايسەن. بۇ دەۋر ناھايىتى تېز ئۆزگەرمەكتە، يەنە كېلىپ جان بېقىش كۈندىن ـ كۈنگە تەسلەشمەكتە، شۇڭا ئادۋوكات بولۇشنى ياخشى ئوي ـ پىكىر دەپ قارايمەن، — ئۇ بىردىنلا ئانامغا بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى سىلەر بىلەن خوشلىشىمەن، مېنىڭ گېپىمنى ئەستايىدىل ئويلىشىپ بېقىڭلار. مەن كېلەر قېتىم كەلگەن ۋاقتىمدا، سىلەرنىڭ ئۇنى ئەنگلىيەگە يولغا سېلىش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەگەر ياردىمىم زۆرۈر بولسا، مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭلار.

جوشىجى كەتكەندىن كېيىن مەن ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى قىلىشقا باشلىدىم.

ئاكام مەسىلىنى ئەمەلىيەتتىن ئويلايتتى: مېنىڭ ياتاق، يول خىراجىتىمنى قانداق چىقىرىش كېرەك، يەنە كېلىپ مەندەك پىشمىغان بىر بالىنى چەت ئەلگە يالغۇز يولغا سېلىپ قويسا، خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟

ئانامنىڭ كۆڭلى بىر جايدا ئەمەس ئىدى. ئۇ مەندىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ مۇنداق بىر باھانىنى تېپىپ: «تاغاڭ ھازىر ئائىلىمىزنىڭ چوڭى، بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىشىمىز كېرەك، ئەگەر ئۇ قوشۇلسا، بىز بۇ ئىشنى يەنە ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ» دېدى.

ئاكامنىڭ يەنە بىر خىيالى بار ئىدى، ئۇ ماڭا:

— بىزنىڭ پورباندار ئىشتاتىدا بەلگىلىك نوپۇزىمىز بار، رىلى ئەپەندى ھازىر ئىشتاتىمىزنىڭ گوۋورمېنتى (سىياسىي ئەمەلدارى)، ئۇ ئائىلىمىزگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ، تاغام بىلەنمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ. مەن سېنى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئەنگلىيەگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشقا ئۇنى تەۋسىيە قىلدۇرۇپ باقساق بولامدىكىن، — دەيمەن.

---

① «ساستىر» (Shastras) — ھىندىستاننىڭ قەدىمكى نوم ـ سۇترالىرىنىڭ بىراخمانچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى.

مېنىڭچە، بۇ پىلان ناھايىتى توغرا ئىدى، شۇڭا دەرھال پورباندارغا بېرىشقا تەرەددۇتلاندۇق. ئەينى ۋاقىتتا تۆمۈريول يوق ئىدى، ئۇ يەرگە كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بەش كۈندە ئاران بارغىلى بولاتتى. ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ قورقۇنچاق ئىكەنلىكىمنى ئالدىدا دەپ ئۆتتۈم. لېكىن، ئۇ چاغدا پۈتۈن خىيالىم ئەنگلىيەگە بېرىش ئارزۇسىدا بولغاچقا، مەندە قورقۇش دېگەن نەرسە پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. مەن بىر كالا ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ دوراجى (Dhoraji)غا باردىم، دوراجىدا تۆگىگە ئالماشتىم، بۇنداقتا پورباندارغا بىر كۈن بۇرۇن بارغىلى بولاتتى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم تۆگىگە مىنىپ سەپەر قىلىشىم ئىدى.

مەن ئاخىر پورباندارغا يېتىپ بېرىپ، تاغامغا سالامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن سېنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىشىڭنىڭ بىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىزغا مۇخالىپ كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئاڭلىغانلىرىم مەندە گۇمان تۇغدۇرماقتا. مەن ئۇچراتقان ئاشۇ كاتتا ئادۋوكاتلارنىڭ تۇرمۇشتا ياۋروپالىقلار بىلەن ھېچقانچە پەرقى يوقلۇقىنى كۆردۈم. ئۇلار يېمەك - ئىچمەكتە پەرھىز تۇتمايدىكەن، ئاغزىدىن سىگارىت چۈشمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە مۇخالىپ. ئۇزاق ئۆتمەي مەن ھەج - تاۋاپ قىلغىلى بارىمەن، ئانچە كۆپ ئۆمرۈممۇ قالمىدى. بۇ ئاخىرقى ئۆمرۈمدە مەن سېنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارنى كېزىپ ئەنگلىيەگە ئوقۇشقا بېرىشىڭغا قانداقمۇ قوشۇلالايمەن. بىراق، سېنى توسقۇم يوق. ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئاناڭنىڭ پىكرى. ئەگەر ئۇ سېنىڭ بېرىشىڭغا يول قويسا، ئاقيول بولسۇن! مېنىڭ بۇ ئىشقا دەخلى قىلمايدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي. سەن مېنىڭ ياخشى تىلىكىمنى ئالغاچ كەتكىن، — دېدى.

— مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىممۇ شۇ ئىدى، — دېدىم ئۇنىڭغا، — ھازىر بىر ئامال قىلىپ ئانامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىمەن، بىراق سىز مېنى لېلى (Lely) ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويالارسىزمۇ؟

— قانداقمۇ ئۇنداق قىلغىلى بولسۇن؟ — دېدى ئۇ، — بىراق ئۇ

ياخشى ئادەم. سەن ئۇنىڭغا تۇغقانچىلىق يۇرۇشۇڭنى ئېيتساڭلا بولىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم يۈزتۇرا كۆرۈشۈشنى پۈتۈشكەن. ئۇ سېنى چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ، ھەتتا ساڭا ياردەممۇ بېرىدۇ.

مەن تاغامنىڭ ماڭا نېمىشقا بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بەرمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەندە مۇنداق بىر خىيال بار ئىدى: «ئۇنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىشىمغا بۇنچىۋالا قېرىقلىق قىلىپ، بىۋاستە ماقۇللۇق بىلدۈرۈشنى خالىماسلىقى، ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىشنى دىنىي ئېتىقادقا مۇخالىپ بىر خىل قىلمىش دەپ قارايدىغانلىقىدىنمىكىن» دەپ ئويلىدىم.

مەن لېلى ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يازدىم. ئۇ ماڭا تۇرالغۇسىغا كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈمنى ئېيتتى. ئۇ مېنى پەلەمپەيگە چىقىۋېتىپ قوبۇل قىلدى، ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا قىلىپ:

— ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مېنى ئىزدىگىن، مەن ھازىر ساڭا ياردەم قىلالمايمەن، — دېدى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تەييارلىقلارنى كۆرگەنىدىم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا دەيدىغان بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئالاھىدە ئۆگىنىپ كەلگەنىدىم، ئۇنى كۆرگەندە ئېگىلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلدىم، قوللىرىمنى جۈپلەپ ئېھتىرام بىلدۈردۈم. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار بولدى.

مەن خوتۇنۇمنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ئاكامنى ئويلىدىم، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىخلاس قىلاتتىم، ئۇ ئادەملەرگە تولىمۇ ھىممەتلىك ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ مېنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى.

مەن پوربانداردىن راجكودقا قايتىپ كېلىپ، ئائىلىمىزغا بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلدىم. مەن تېخى جوشىجى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى كېلىشتىم. دەرۋەقە، ئۇ زۆرۈر تېپىلغاندا، قەرز ئېلىش تەكلىپىنى بەردى، مەن خوتۇنۇمنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىنى سېتىش تەكلىپىنى قويدۇم، ئۇلار ئالاھازەل 2000 — 3000 رۇپىيەگە يارايتتى. ئاكام پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېقىشقا قوشۇلدى.

لېكىن، ئانامنىڭ تېخىچىلا رازىلىقى يوق ئىدى. ئۇ ئاللىبۇرۇن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىكەن. بىرەيلەن ئۇنىڭغا ياشلار ئەنگلىيەگە بارسا چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ دەپتۇ. باشقىلار يەنە ئۇنىڭغا:

— ئۇلار گۆش يەيدۇ، ھاراق - شارابسىز تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ، —

دەپتۇ.

— بۇلارنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ مەن سىزگە ئەسلا يالغان ئېيتمايمەن. مەن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، دەپ قەسەم قىلىپ بېرەي. ئەگەر مەندە مۇشۇنداق خەۋپ بولسا، يۈسجى مېنى بىرىشقا تەۋسىيە قىلامدۇ؟ — دېدىم مەن.

— مەن ساڭا ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ، — لېكىن سەن چەت ئەلدە تۇرساڭ، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن. كۆڭلۈم بەك پاراكەندە، قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، مەن بېچارجى سۋامى (Becharji Swami)دىن سوراپ باقاي.

بېچارجى سۋامى ئەسلىدە مودبانىيا (Modh Bania)غا تەۋە بولۇپ، ھازىر جائىنا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر دەرۋىش ئىدى، جوشجىنغا ئوخشاش ئۇمۇ ئائىلىمىزنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە ماڭا ھەمدەمدە بولۇپ: «مەن بۇ بالىدىن يۈزتۇرا ئۈچ ۋەدە ئالاي، ئاندىن ئۇنى ماڭغىلى قويايلى» دېدى. ئۇ مېنى قەسەم قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھاراق ئىچمەيمەن، ئاياللارغا يېقىن يولىمايمەن، گۆش يېمەيمەن دەپ قەسەم بەردىم. مۇشۇنداق قەسەم قىلغاندىن كېيىن ئانام مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىمغا قوشۇلدى.

مەن ئوقۇۋاتقان ئوتتۇرا مەكتەپ مەن ئۈچۈن ئۇزىتىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ بەردى. راجكودلۇق بىر ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەنگلىيەگە بېرىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. مەن ئالدى بىلەن بىرنەچچە جۈملە رەھمەت سۆزى يېزىۋالدىم، لېكىن ئۇنى زادىلا ئوقۇيالمىدىم، ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ رەھمەت سۆزىنى ئوقۇيدىغان ۋاقتىمدا بېشىم قېيىپ، پۈتۈن تېنىم تىترەپ كەتكەنىدى.

مەن ئائىلىمىزدىكى چوڭلارنىڭ تىلىكىنى ئېلىپ، بومبايغا يۈرۈپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ راجكودتىن بومبايغا تۇنجى قېتىم سەپەر قىلىشىم ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئاكام ماڭا ھەمراھ بولغانىدى، ياخشى ئىشنىڭ كاشىلىسى كۆپ دېگەندەك، بومبايغا كېلىپ بىرمۇنچە دوقاللارغا دۇچ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون ئىككىنچى باب

# تەبىقە سالاھىيىتىم بىكار قىلىندى

ئانامنىڭ رۇخسىتى ۋە قۇتلۇق تىلىكىنى ئالغاندىن كېيىن خوتۇنۇم ۋە تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ، خۇشال - خۇرام ھالدا بومبايغا ماڭدىم. بومبايغا بېرىشىمىز بىلەنلا بىرنەچچە دوستىمىز ئاكامغا 6 -، 7 - ئايلاردا ھىندى ئوكياندا دولقۇن كۆچلۈك بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئىنىڭىزنىڭ تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىقىشى ئىكەن، ئەڭ ياخشىسى سىلەر 11 - ئايلاردا يولغا چىقساڭلار، دېدى. يەنە بەزىلەر بىر كېمىنىڭ قارا بورانغا ئۇچراپ غەرق بولغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. بۇنىڭدىن ئاكام خاتىرجەم بولالماي قالدى - دە، مېنىڭ تەۋەككۈل قىلىپ دەرھال يولغا چىقىشىمنى خالىمىدى. ئۇ مېنى بومبايدىكى بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، راجكودقا ئۆز ئىشى بىلەن قايتىپ كەتتى. مېنىڭ سەپەر خىراجىتىمنى قېيىنئاكامنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىپ قويدى ھەمدە بەزى دوستلىرىغا مېنىڭ ھاجىتىم چۈشكەندە، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى.

بومبايدا بىر كۈننى بىر يىلدەك ئۆتكۈزدۈم. مەن دائىم ئەنگلىيەگە بېرىپ چۈش كۆرەتتىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، جەمەتىمىزدىكىلەر مەخسۇس مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ئىشىم توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. شۇ چاغقىچە مودبانىيا جەمەتىدىكىلەردىن بىرمۇ كىشى ئەنگلىيەگە بېرىپ باقمىغانىكەن. ئەگەر مەن راستىلا بارىدىغان بولسام، چۈشەنچە بېرىشىمگە توغرا كېلەتتى. ئۇلار بىر قېتىملىق جەمەت يىغىنى ئېچىپ مېنى تەكلىپ قىلدى، مەن يىغىنىغا قاتناشتىم. مەن شۇ چاغدا قانداقسىغا غەيرەتكە كېلىپ يىغىنغا قاتناشقانلىقىمنى بىلمەيمەن. لېكىن، مېنىڭ ھېچقانداق قورقۇنچىم يوق ئىدى، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن يىغىنغا قاتناشتىم. سەيىف (Sheth) — جەمەتىمىزنىڭ

باشلىقى — بىزنىڭ يىراقىراق تۇغقىنىمىز ئىدى. يەنە كېلىپ دادام بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ماڭا قاتتىق تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— جەمەتىمىزنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، سېنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىش پىلانىڭ مۇۋاپىق ئەمەس. دىنىمىز دېڭىز سەپىرى قىلىپ يىراققا بېرىشنى مەنئى قىلىدۇ. بىز يەنە ئۇ يەردە دىنىمىزغا مۇخالىپ ئىش قىلماي تۇرۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئاڭلىدۇق. بارغان ئادەم ياۋروپالىقلار بىلەن بىللە تاماقلانماي قالمايدىكەن.

— مەن ئەنگلىيەگە بېرىشنى دىنىمىزغا مۇخالىپ ئىش قىلغانلىق دەپ قارىمايمەن، — دېدىم مەن جاۋابەن، — مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشتىكى مەقسىتىم ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئانامغا سىلەر ئەڭ قورقىدىغان ئۈچ ئىشنى قىلمايمەن دەپ تەنتەنىلىك ۋەدە بەردىم. ئىشىنىمەنكى، بەرگەن قەسەم بىخەتەرلىكىمگە تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

— بىراق، بىز ساڭا ئېيتىپ قويايلىكى، — دېدى جەمەت ئاقساقلىمىز گېپىمگە رەددىيە بېرىپ، — ئۇ يەردە بىزنىڭ دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ داداڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى سەن بىلىسەن. سەن مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىمغا قۇلاق سېلىشىڭ كېرەك.

— مەن ئۇ مۇناسىۋەتلەرنى بىلىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — يەنە كېلىپ مەن سىزنى ئاتا يوللۇق ھېسابلايمەن. لېكىن، بۇ ئىشتا مەن ئامالسىزمەن. مەن ئەنگلىيەگە بېرىش ئىرادەمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. دادامنىڭ دوستى ۋە مەسلىھەتچىسى ناھايىتى ئىلىملىك بىر بىراخماندۇر، ئۇ مېنىڭ ئەنگلىيەگە بېرىشىمغا قارشى تۇرمىدى، تېخى ئانام بىلەن قېرىنداشلىرىممۇ مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلدى.

— سەن جەمەتىمىزنىڭ پەرمانىغا پەرۋا قىلمامسەن؟

— مېنىڭ راستىلا ئامالىم يوق، مەن نەسەب بۇ ئىشقا كاشىلا بولماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

بۇ گېپىم جەمەت ئاقساقىلىمىزنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، ئۇ مېنى ئەيىبلەيتتى، لېكىن مەن بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئولتۇرىۋەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرمانىنى جاكارلىدى: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن بۇ بالا جەمەتىمىزنىڭ ئادىمى دەپ قارالمايدۇ، كىم ئۇنىڭغا ياردەم بەرسە ياكى

پىرىستانغا چىقىپ ئۆنى ئۆزىتىپ قويسا، بىر رۇپىيە، تۆت ئەننا جەرىمانە تۆلەيدۇ».

بۇ پەرمان ماڭا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاقساقال بىلەن خوشلاشتىم. لېكىن، ئاكامنىڭ بۇنىڭغا قارىتا قانداق ئىنكاستا بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ قەتئىي تەۋرەنمىدى، ئۇ ماڭا خەت يېزىپ مەيلى جەمەتىمىزدىكى قايسى ئاقساقالنىڭ پەرمان چۈشۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىدىغانلىقىمغا قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى.

ھالبۇكى، بۇ ئىش مېنى مېڭىشقا ئالدىراتتى. مۇبادا ئۇلارنىڭ ئاكامغا چۈشۈرگەن بېسىمى ئۈنۈم بەرسە قانداق قىلغۇلۇق؟ كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەرمەيدۇ، دەپ كىممۇ ھۆددە قىلالايدۇ؟ مەن دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدىن غەم قىلىپ تۇرغاندا جۇناگاد (Junagadh)لىق بىر ئادۋوكاتنىڭ ئەنگلىيەگە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چاقىرتىلغانلىقىنى، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېمە بىلەن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئاكامنى ئىزدەپ دوستلىرىغا ھاۋالە قىلىپ بېقىشنى ئېيتتىم، ئۇلارمۇ مېنىڭ بۇ ئادۋوكاتقا ھەمراھ بولۇپ بىللە مېڭىش پۇرسىتىمنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىمنى توغرا تاپتى، ۋاقىت قىستاپ قېلىۋاتاتتى، مەن تېلېگرامما يوللاپ ئاكامدىن رۇخسەت سورىدىم، ئۇ جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن قېيىنئاكامدىن سەپەر خىراجىتىمنى سورىدىم، لېكىن ئۇ ھېلىقى جەمەت ئاقساقىلىنىڭ بۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، نەسەبنى يوقىتىپ قويۇش جازاسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئائىلىمىزنىڭ يەنە بىر ھەقەمسايىسىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن ۋاقىتلىق سەپەر خىراجىتى ۋە پارچە پۇل بېرىپ تۇرۇشنى ئۆتۈندۈم ھەمدە بۇنى ئاكامدىن ئېلىۋېلىشنى ئېيتتىم. بۇ ھەقەمسايىمىز تەلىپىمنى قاندۇرۇپلا قالماي، مېنى بىرمۇنچە ئىلھاملاندۇردى. مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولدۇم. مەن دەرھال ئازراق پۇل ئاجرىتىپ پاراخوت بېلىتى ئالدىم، ئاندىن سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتىم. يەنە بىر دوستۇم دېڭىز سەپىرى قىلىشنىڭ ئەھلى ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمدا كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق تەئەللۇقاتلىرىمنى تەخ قىلىپ قويۇپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىنى ياقتۇرمىدىم، لېكىن گالىستۇكنى تاقاپ ياقتۇرۇپ قالدىم، ئەينى ۋاقىتتا بىر كالتە كەمزۇلۇم بار ئىدى، ئۇ كۆزۈمگە دېگەندەك سالاپەتلىك كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، ئەينى چاغدا

ئەنگلىيەگە ماڭغۇم كېلىپ تۇرغاچقا، بۇلارغا دىققەت قىلىشقا ھەپىسلەم يوق ئىدى. ئېلىۋالىدىغان يېمەكلىككە كەلسەم، يولدا يەتكۈدەك غەملىۋالغانىدىم، دوستلىرىمنىڭ ياردىمىدە زاكاز قىلغان بېلىتىم مازمۇدار (Mazmudar) ئىسىملىك ھېلىقى جۇناگادلىق ئادۋوكات ئەپەندى بىلەن بىر ئۆينىڭ بېلىتى ئىدى. ئۇلار مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ياشقا چوڭ‌ىيىپ قالغان ھەم ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن 18 ياشتا بولۇپ، ئۇۋۋامدىن ئەمدىلا چىققان، تەجرىبىسى يوق بالا ئىدىم. مازمۇدار ئەپەندى دوستلىرىمغا مەندىن غەم قىلماسلىقنى ئېيتتى.

9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، مەن ئاخىر بومبايدىن ئايرىلىپ، يىراق دېڭىز سەپىرىگە ئاتلاندىم.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئاخىر لوندونغا باردىم

كېمىدە ئازراقمۇ بېشىم قايىمىدى، لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. مەن كۈتكۈچىلەرگە گەپ قىلىسامۇ ئوڭايسىزلىناتتىم. مەن ئىنگلىزچە سۆزلەپ ئادەتلەنمىگەنىدىم. لېكىن، جۇناگاد ئەپەندىدىن باشقا، ئىككىنچى دەرىجىلىك بۆلۈمدىكى بارلىق مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيەلىكلەر ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشكە پېتىنالمىدىم. چۈنكى، ئۇلار ماڭا گەپ قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ زادى نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتىم، چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتىم. سۆزلىسەم ئالدى بىلەن ئىچىمدە كوپىيە تۈزۈۋېلىپ ئاندىن سۆزلەيتتىم. مەن ئارا بىلەن ۋىلكىنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتىم. يەنە كېلىپ قورۇما تىزىملىكىدە گۆشسىز سەيلەر بار - يوقلۇقىنى سوراشقا پېتىنالمايتتىم، شۇڭا پاراخوت ئاشخانىسىغا بېرىپ تاماق يېيىشكە زادىلا جۈرئەت قىلالماي، تاماقنى بۆلمەمگە ئەكەلدۈرۈپ يەيتتىم. بۇ قورۇمىلارنىڭ ھەممىسى تاتلىق - تۈرۈم ۋە مېۋە - چىۋىلەر ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى مەن ئۆزۈممۇ كۆپ ئېلىۋالغانىدىم. مازمۇدار ئەپەندى ھېچقانداق قىينالمايتتى. ئۇ ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشالايتتى. ئۇ ھەمىشە پالۇبىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئەركىن مېڭىپ يۈرەتتى. مەن بولسام كۈنبويى خانامغا بېكىنىۋېلىپ ئولتۇراتتىم، ئادەملەر ئازايغاندىلا، ئاندىن پالۇبىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالايتتىم. ماسمۇدا ئەپەندى مېنى مېھمانلار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلار بىلەن ئىختىيارىي ئەھۋاللىشىشقا ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئادۋوكات دېگەننىڭ ئاغزى دەريادەك بولۇشى كېرەك ئىكەن، ئۇ تېخى ماڭا ئۆزىنىڭ كەسپىي تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مېنى ھەربىر پايدىلىق پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي

ئىنگلىزچە سۆزلەشكە، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقماسلىققا ئۈندىدى. چۈنكى، باشقا بىر چەت ئەل تىلىدا سۆزلىگەندە بۇنىڭدىن خالىي بولغىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، بۇلارمۇ خىجىللىقنى تۈگىتەلمىدى.

ئەنگلىيەلىك بىر ساياھەتچى مەن بىلەن چىقىشىپ قالدى، ئۇ مەن بىلەن سۆزلىشىپلا كەتتى. ئۇ ياشتا مەندىن چوڭراق ئىدى. ئۇ مەندىن نېمە يەيسىز؟ نېمە ئىش قىلىسىز؟ نەگە بارىسىز، نېمىشقا ئۇياتچانلىق قىلىسىز، دېگەندەك بىرمۇنچە سوئاللارنى سوراپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ زادى گۆش يېمەيدىغانلىقىمدىن كۈلدى، بىز قىزىل دېڭىزدىن ئۆتكەندە ئۇ بىر خىل دوستانە تەلەپپۇزدا:

— ھازىرغۇ چاتاق يوق، لېكىن بىسكاي قولتۇقىدىن ئۆتكەندە قارا- رىڭىزنى چوقۇم ئۆزگەرتىسىز، ئەنگلىيە شۇنچىلىك سوغۇقكى، گۆش يېمەي ياشىيالمايسىز! — دېدى.

— لېكىن ئاڭلىسام، كىشىلەر ئۇ يەردە گۆش يېمەيمۇ ياشاۋېرىدى- كەنغۇ، — دېدىم مەن.

— سىزگە ئېيتىپ قوياي، قارىسىغا گەپ تالاشماڭ، — دېدى ئۇ، — بىلىشىمچە ئۇ يەردە گۆش يېمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. چۈشىنىۋا- تامسىز؟ گەرچە مەن ئۆزۈم ھاراق ئىچسەممۇ، سىزنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلمايمەن، لېكىن مەن سىزنى گۆش يېيىشكە كېرەك دەپ قارايمەن، چۈنكى گۆش يېمەي ياشىغىلى بولمايدۇ.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، لېكىن مەن ئاتا - ئانامغا گۆش يېمەيمەن دەپ تەنتەنىلىك لەۋز قىلغانمەن، شۇڭا مەن گۆش يېيىشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. ناۋادا گۆش يېمىسە زادىلا ياشىغىلى بولمايدىغان ئىش بولسا، مەن ھىندىستانغا قايتىپ كېتىشكە رازى- مەنكى، بۇ يەردە قېلىپ گۆش يەپ يۈرمەيمەن.

بىز ئاخىر بىسكاي قولتۇقىغا كىردۇق. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ھاراق - شارابقا مەيلىم باردەك ھېس قىلمىدىم. بىراۋ ماڭا گۆش يېمەيدىغانلىقىم ھەققىدە ئىسپات تەييارلىۋېلىشىمنى ئېيتتى. مەن ھېلىقى ئەنگلىيەلىك دوستۇمدىن بىر پارچە ئىسپات تەييارلاپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ماڭا خۇشاللىق بىلەن بىر پارچە ئىسپات تەييارلاپ بەردى. مەن ئۇنى خېلى ئۇزاققىچە ساقلاپ يۈردۈم. كېيىن بىلدىمكى، ھەتتا گۆش يەيدىغانلارمۇ بۇنداق ئىسپاتلارنى ئېلىۋالىدىكەن، ئۇ ماڭا بولغان

رولىنى يۈتۈنلەي يوقاتتى. ئەگەر دېگەن گەپلىرىم ھېساب بولمىسا، قىلىۋالغان ئىسپاتىمىنىڭ نېمە رولى بولاتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز بىر شەنبە كۈنى ئاخىر جەنۇبىي ئامپتونغا كەلدۇق. مەن كېمىدە بىر قارا كاستۇم كىيىۋالغانىدىم. دوستلىرىم ماڭا ئېلىپ بەرگەن ئاق پىلانىل كىيىمىمنى قىرغاققا چىققاندا كىيىمەن، دەپ ئالاھىدە ئېلىپ قويغانىدىم. بۇ سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن بۇ خىل كىيىمنى يالغۇز مەنلا كىيگەنلىكىمنى بايقىدىم. مەن بارلىق چامادان ۋە ئاچقۇچلىرىمنى گرىندلېي (Grindlay) شىركىتىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ھاۋالە قىلىپ ماڭدۇرۇۋېتىشكە بەردىم. چۈنكى، مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈممۇ شۇ بويىچە قىلدىم.

مەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مېھتا (Mehta) دوختۇرغا، دالپاترام شۇكلا (Dalpatram shukla) ئەپەندىگە، رانجىتسىنجى ۋە دادابىاي نائوروجى (Dadabhai Naoroji) ئەپەندىگە يېزىلغان تۆت پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى ئېلىۋالغانىدىم. كېمىدە بەزىلەر بىزنى لوندوندىكى ۋىكتورىيە مېھمانخانىسىغا چۈشۈشنى تەۋسىيە قىلدى. مازمۇدار ئەپەندى بىلەن مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ئاشۇ مېھمانخانىغا چۈشتۇق. پەقەت ئۆزۈمنىڭلا ئاق كىيىم كىيگەنلىكىم مېنى ئويلىغانسېرى قاملاشمىغاندەك بىر تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماقتا ئىدى. مەن مېھمانخانىغا چۈشكەندىن كېيىنلا ئەرسە ـ كېرەكلىرىمنى رىندلېي شىركىتىدىن ئەتىسىلا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. چۈنكى، ئۇ كۈنى يەكشەنبە ئىدى. بۇنىڭدىن مەن تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدىم.

مەن جەنۇبىي ئامپتوندىن مېھتا ئەپەندىگە بىر پارچە تېلېگرامما يوللىدىم، شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سائەت سەككىز ئەتراپىدا ئۇ مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ماڭا تولىمۇ قىزغىن بولدى، لېكىن ئۇ ئاق فلانىل كىيىۋالغانلىقىمدىن كۈلدى. بىز سۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتتا، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ شلەپىسىنى تۇتتۇم. ئۇ شۇقەدەر سىلىق ئىدى، ئۇنىڭ يوللۇق شلەپە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلماي، تۈكلىرىنى يۇرلىۋېتىپتىمەن، مېھتا ئەپەندى مېنىڭ بۇ قىلىقىمنى كۆرۈپ بىرئاز خاپا بولغاندەك بولدى. ئۇ مېنى توسماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. بۇ ئىش مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاگاھلاندۇرۇش بولدى. بۇ مېنىڭ ياۋروپا قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن ئالغان تۇنجى دەرسىم ئىدى. مېھتا ئەپەندى ماڭا يۇمۇرلۇق قىلىپ چۈشەندۇرۇپ كەتتى: «سىز

باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۇتماڭ، تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا بىز ھىندىلارغا ئوخشاش بىرتالاي نەرسىنى سوراپ كەتمەڭ، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماڭ، باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا بىز ھىندىلارغا ئوخشاش ھە دېسىلا «ئەپەندى» دەۋەرمەڭ. مالايلار ۋە باشقىلارنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملارلا غوجايىنلىرىنى ئاشۇنداق ئاتايدۇ.» ئۇ يەنە ماڭا مېھمانخانىدا تۇرسا پۇل بەك كېتىدۇ، شۇڭا شەخسلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇڭ، دېدى. مەن بۇ ئىشنى دۈشەنبە كۈنىلا ئاندىن ئويلاشتىم.

مازمۇدار ئەپەندى بىلەن ھەر ئىككىلىمىز مېھمانخانىدا تۇرۇش بىر ئاز كۆڭۈلسىز ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەت ئىكەن، دەپ ھېسابلايتتۇق. بىراق، بىز بىلەن مالتادىن كەلگەن بىر سىندى مازمۇدار ئەپەندى بىلەن دوست بولۇپ قالغانىدى. لوندوننىڭ ئەھۋالىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بىزگە ئۆي تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، بۇنىڭغا بىزمۇ قوشۇلدۇق. دۈشەنبە كۈنى بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئېلىپ پۇلنى تۆلىۋېتىپلا، ھېلىقى سىندى دوستىمىز تېپىپ بەرگەن ئۆيگە كۆچۈپ كەتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، مېنىڭ ياتاق ھەققىم ئۈچ فوندستېرلىڭ بولۇپ، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك قىممەت ئىدى. چىقىمىم ئېغىر بولۇپلا قالماي، قورسىقىممۇ ئاچ ئىدى، چۈنكى مەن ھېچنېمە يېيەلمەيتتىم. بەزىدە بىردەم بۇنى يېگۈم كەلمىسە، بىردەم ئۇنى بۇيرۇۋېتتۇم، لېكىن بۇلارغا ئوخشاشلا پۇل تۆلەيتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ بىرنەچچە كۈندە مەن بومبايدىن ئالغاچ كەلگەن نەرسىلەرنى يەپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدىم.

مەن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىنمۇ بىئاراملىق ھېس قىلدىم. مەن ھەمىشە ئائىلەمنى ۋە ۋەتىنىمنى سېغىناتتىم. ئانامنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ھەمىشە خىيالىمدىن كەتمەيتتى. كەچ بولغاندا يىغلاپ مەڭزىلىرىم ھۆل بولۇپ كېتەتتى، ئائىلەمگە بولغان سېغىنىش كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلتۈرمەيتتى. مەن ئىچىمدىكى دەردنى باشقىلارغا ئېيتىشقا ئامالسىز ئىدىم. ئېيتقان تەقدىردىمۇ نېمە پايدىسى؟ ماڭا مەلۇمكى، ھېچقانداق نەرسە ماڭا تەسەللى بېرەلمەيتتى. چۈنكى، ھەممە — مەيلى ئادەملەر، مەيلى ئۇلارنىڭ ئادىتى، تۇرالغۇلىرى ماڭا يات ئىدى. ئەنگلىيەنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ماڭا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ ئىدى، شۇڭا مەن ھەمىشە

ئېھتىيات قىلمىسام بولمايتتى. گۆشسىز تاماق يەيمەن دەپ قەسەم قىلغان بىر كىشىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. مەن يەيدىغان قورۇما بولغان تەقدىردىمۇ، بەتتام ئىدى. بۇ ھال مېنى ئېسەنگىرىتىپ قويدى. ئەنگلىيەدە كۈنلىرىم ياخشى ئۆتمەيتتى، ھىندىستانغا قايتىش ياخشى چارە ئەمەس ئىدى. بۇگۈن كەلگەنىكەنمەن، ئۈچ يىلنى توشتۇرۇپ كېتىشىم كېرەك، مەن ئىچىمدە شۇنداق ئويلايتتىم.

www.uyghurkitap.com

## ئون تۆتىنچى باب

# مېنىڭ تاللىشىم

دۈشەنبە كۈنى، مېھتا دوختۇر مېنى يەنىلا شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ۋىكتورىيە مېھمانخانىسىغا كەپتۇ. ئۇ بىزنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلىپ، بىزنىڭ يېڭى تۇرالغۇمىزنى ئىزدەپ تېپىپ يوقلاپ كەلدى. ئىش ئۇقمىغانلىقىمدىن مەن پاراخوتتا تەمرەتكە يۇقتۇرۇۋالغانىدىم. بىز دائىم دېڭىز سۈيىدە كىر يۇياتتۇق ھەم يۇيۇناتتۇق. لېكىن، سوپۇن ئىشلەتمەيتتۇق. قېرىشقاندەك مەنلا سوپۇن ئىشلىتىپتىمەن. ئۆزۈمچە تېخى بۇنى مەدەنىيەتلىكىمنىڭ ئىپادىسى دەپ يۈرۈپتىمەن. نەتىجىدە، تېرەمنى پاكىز يۇيۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە پۈتۈن بەدىنىمنى ماي داغلىرى قاپلىۋېلىپ، تەمرەتكە چىقىپ كەتتى. مەن بەدىنىمنى مېھتا دوختۇرغا كۆرسەتتىم. ئۇ ماڭا سىركە كىسلاتاسى بىلەن يۇيۇنۇشنى ئېيتتى. سىركە كىسلاتاسىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن قانداق ۋارقىراپ كەتكەنلىكىم ھازىرغىچە ئېسىمدە. مېھتا دوختۇر مېنىڭ ھۇجرام بىلەن سەرەمجانلىرىمنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ: «بۇ يەر بولماپتۇ، بىزنىڭ ئەنگلىيەگە كېلىشىمىزنى ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن دېگەندىن كۆرە، ئەنگلىيەلىكلەرچە تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش، دېگەن تۈزۈك. شۇڭا، سەن چوقۇم ئەنگلىيەلىكلەر بىللە بىلەن تۇرۇشۇڭ كېرەك. بىراق، ئالدى بىلەن سەن باشقىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگىنىڭ ياخشى، مەن سېنى باشلاپ باراي» دېدى.

مەن ئۇنىڭ پىكرىنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلدىم ھەم بىر ئەنگلىيەلىك بۇرادەرنىڭ تۇرالغۇسىغا كۆچۈپ باردىم. ئۇ ئەنگلىيەلىك ئادەمگە تولىمۇ مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ مېنى ئۆز ئۇكىسىدەك كۆردى، ماڭا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىپ،

www.uyghurkitap.com



مېنى ئىنگلىزچە سۆزلەشكە ئادەتلەندۈردى. لېكىن، مېنىڭ تاماقلىنىشىم ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى. مەن داغ سۇدىلا قاينىتىلغان تۇز ۋە ھېچقانداق دورا ـ دەرمان سالمىغان كەرەپشىنى يېيەلمەيتتىم. غوجايىن ئايال زادى نېمە قىلىپ بېرىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئەتىگەنلىك بۇغداي ئۇمىچى خېلى تېتىملىق ئىدى. لېكىن، چۈشلۈك تاماق بىلەن كەچلىك تاماققا مەن زادىلا تويمايتتىم. ھېلىقى دوستۇم مېنى گۆش يەڭ دەپ زورلايتتى. لېكىن، مەن ھەمىشە لەۋز قىلغانمەن دەپ چۈشەنچە بېرىپ تۇرۇۋالاتتىم، ئاندىن ئۈندىمەيتتىم. كەچلىك ۋە چۈشلۈك تاماقتا پالەك ۋە بولكا يەيتتۇق، يەنە مېۋە قىيامىمۇ بار ئىدى. مەن خېلى ئىشتىھالىق ئادەم ئىدىم. لېكىن، مەن بولكىدىن ئىككى ـ ئۈچ پارچىنىلا يەيتتىم. كۆپ يېيىشتىن خىجىل بولاتتىم. چۈنكى، كۆپ يېسە بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يەنە كېلىپ، چۈشلۈك ۋە كەچلىك تامىقىمىزدا سۈت بولمايتتى. بىر قېتىم ھېلىقى دوستۇم تىت ـ تىت بولۇپ، سەمىمىيلىك بىلەن: «ئەگەر سەن مېنىڭ ئۆز ئىنىم بولغان بولساڭ، مەن سېنى ۋەتەنگە قايتۇرۇۋېتەتتىم. ئاناڭ خەتمۇ تونۇمىسا، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ چۈشەنمىسە، ئۇنىڭ ئالدىدا قىلغان قەسەمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بۇنى زادىلا قەسەم دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى قانۇنىي جەھەتتىنمۇ ئېتىراپ قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ خىل قەسەمدە چىڭ تۇرۇۋېلىش خۇراپىيلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، سەن بۇنداق گودەكلىك قىلىپ، بۇ يەردە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ گۆش يېگەنلىكىڭنى ھەمدە ئۇنىڭ يېيىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىڭ. سەن مۇتلەق زۆرۈر بولمىغان جايدا گۆش يەيسەن، ھازىر گۆش يېمىسە بولمايدىغان جايدا بولسا يېمەيۋاتىسەن، بۇ راستىلا غەلىتە بىر ئىش» دېدى.

ھالبۇكى، مەن يەنىلا تەۋرەنمىدىم.

ئۇ دوستۇم ھەمىشە كېچە ـ كۈندۈز ئىنىم تاپماستىن ماڭا نەسىھەت قىلاتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ھەمىشە رەت قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىم. ئۇ قانچە بەس ـ مۇنازىرە قىلسا، مەن شۇنچە جاھىللىق قىلاتتىم. مەن ھەر كۈنلۈك ئىبادىتىمدە پەرۋەردىگاردىن پاناھلىق تىلەيتتىم. دەرۋەقە، بۇنىڭ ئۈنۈمى بولدى. مەن پەرۋەردىگارغا نىسبەتەن ئالىلىقانداق كۆزقاراشتا ئەمەسمەن. بۇ ئېتىقاد، يەنى ئىمان مەسىلىسى ئىدى. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ ئۇرۇقىنى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئېنىكئانام رامبا تېرىغانىدى.

بىر كۈنى ھېلىقى دوستۇم ماڭا بېنتخام (Bentham)نىڭ «مەنپەئەتپەرەسلىك[1] ھەققىدە» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بەردى. مەن گويا قويۇق تۇمان ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. كىتابتىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ چۈشىنىكسىزلىكى مېنى گاڭگىرىتىپلا قويىدى، ئۇ ماڭا ئېزىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. مەن «كەچۈرۈڭ، مەن بۇنداق چوڭقۇر نەرسىلەرنى چۈشىنەلمىگۈدەكمەن. مەن ئادەملەرنىڭ گۆش يېيىشىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. لېكىن، مەن قەسەمىمنى بۇزالمايمەن. مەن بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنازىرە قىلمايمەن، سىز بىلەن مۇنازىرىلىشەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىمەن. مېنى ئەخمەق ياكى بىر تەرسا ئادەم دەپ بىلىپ، كەچۈرۈۋېتىڭ. مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان غەمخورلۇقىڭىزدىن ئىنتايىن مىننەتدارمەن. مەلۇمكى، سىز مېنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىمنى ئۈمىد قىلىسىز، مەنمۇ سىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ماڭا قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈشىڭىزدىن ماڭا كۆيۈنۈۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. لېكىن، مەن ئامالسىزمەن. قەسەم دېگەن قەسەم، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدۇ» دېدىم.

ئۇ دوستۇم ماڭا ھەيران قالغان قىياپەتتە قارىدى. ئۇ كىتابنى يېپىپ: «ياخشى، مەن ئەمدى سىز بىلەن بۇ ھەقتە تالاشمايمەن» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم. دەرۋەقە، ئۇ بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. لېكىن، ماڭا بولغان كۆيۈنۈشنى توختاتمىدى. ئۇ تاماكا چېكەتتى، ھاراق ئىچەتتى، لېكىن ئەزەلدىن مېنى ھاراق - تاماكىغا زورلىمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مېنى ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىككە دەۋەت قىلاتتى، ئۇ ئەنسىرەيدىغان بىر ئىش، گۆش يېمەي بەدىنىمنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيەدە ئەركىن - ئازادە يۈرەلمەسلىكىم ئىدى.

مېنىڭ بىر ئايلىق شاگىرتلىق تۇرمۇشۇم شۇنداق ئۆتتى. ئۇ دوستۇمنىڭ ئۆيى رىچموند (Richmond) ئىدى. ئۇ ھەپتىدە لوندونغا بىر - ئىككى قېتىملا كىرەتتى. مېھتا ئەپەندى بىلەن دالپاترام ئەپەندى مېنى بىر ئائىلىدە مۇقىم تۇرۇشى كېرەك، دەپ قارار قىلدى. شۇكىلا ئەپەندى غەربىي كېنسىڭتوندا تۇرۇشلۇق بىر ئىنگلىز - ھىندى شالغۇت

① مەنپەئەتپەرەسلىك — بېنتخام ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل مەنپەئەتپەرەسلىك پەلسەپىسى. بۇ خىل تەلىمات: ھەرىكەتنىڭ ياخشى - يامانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۇنىڭ ئۇنۇمىگە قاراپ ئۆلچەش ۋە بېكىتىش كېرەك. خۇشاللىق بىلەن ئازاب خۇشاللىق بىلەن توغرىلىقنىڭ ئاخىرقى ئۆلچىمى. كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە ھەرىكىتىگە تەسىر قىلىشتىكى تۈپ مۇددىئا، دەپ قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئائىلىسىنى تېپىپ، مېنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. غوجايىن بىر تۇل خوتۇن ئىدى. مەن قەسەمىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. بۇ موماي ھالىمدىن مۇۋاپىق خەۋەر ئالىدىغانغا ماقۇل بولدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدىم. مەن بۇ يەردە ئاساسەن دېگۈدەك ئاچ يۈردۈم. مەن ئۆيگە خەت يېزىپ بىر ئاز قەنت ـ گېزەك ۋە باشقا يۇرت نېمەتلىرىدىن ئەۋەتىشنى ئېيتتىم، لېكىن بۇ نەرسىلەر تېخىچە قولۇمغا تەگمەيۋاتاتتى. بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تىلىمغا تېتىمايتتى. موماي ھەر كۈنى ئۆزى ئەتكەن تائاملارنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىمنى سورايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ مەن يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا تەڭلىك بولاتتىم. باشقىلارنىڭ ماڭا بەرگەن تېخىمۇ كۆپ نەرسىسىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى، ئۇلار ھەمىشە ماڭا بىر ـ ئىككى پارچە بولكىنى ئارتۇق بېرەتتى. لېكىن، ئۇلار ئۇنچىلىك بولكىنىڭ قورسىقىمغا دال بولالمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ۋاھالەنكى، ئەمدى ئۆزۈمنى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم دېسەممۇ بولاتتى. مەن تېخى مۇنتىزىم ئوقۇشقا كىرىشمىدىم، شۇكلا ئەپەندىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، گېزىت ئوقۇشنى ئەمدىلەتىن باشلىغانىدىم. مەن ھىندىستاندا ئەزەلدىن گېزىت ئوقۇپ باقمىغانىدىم. لېكىن، بۇ يەردە مەن دائىم گېزىت ئوقۇپ تۇرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم. مەن ھەمىشە «كۈندىلىك خەۋەرلەر»، «كۈندىلىك تېلېگراما» ۋە «پائۇل مالدىۋېس ئاخباراتى»نى ئوقۇيتتۇم. بىكار بولغاچقا، ھەممە يەرنى ئايلىنىپ يۇرەتتىم. بىرەر گۆشسىز تاماقخانا تېپىۋېلىشنى ئويلايتتىم. ئۇ غوجايىن ئايال ماڭا شەھەر ئىچىدە ئاشۇنداق جاينىڭ بارلىقىنى ئېيتقانىدى. بىر كۈنى مەن ئون نەچچە ئىنگلىز چاقىرىمچە يول يۈرۈپ، بىر ئەرزان ئاشپۇزۇلنى تاپتىم ـ دە، راسا مەززە قىلىپ بولكا يېدىم، لېكىن يەنىلا كۆڭلۈم سۇ ئىچمىدى. بىر قېتىم مەن بىكار ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، توساتتىن فاررىڭدون (Farringdon) كوچىسىدا بىر گۆشسىز تاماقخانىنى بايقاپ قالدىم. بۇ تاماقخانىنى تېپىۋالغاندىكى خۇشاللىقىم خۇددى بىر بالا ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان نەرسىسىگە ئېرىشكەندىكى خۇشاللىقتىن قېلىشمايتتى. مەن ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، ياندىكى ئەينەك ئىچىگە سېتىش ئۈچۈن تىزىپ قويۇلغان كىتابلارغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سالتىنىڭ «گۆشسىز تاماقلىنىش» دېگەن كىتابىمۇ بار ئىدى. مەن بىر شىللىڭ خەجلەپ بۇ كىتابنى سېتىۋالدىم ـ

دە، ئۆدۆل ئاشخانىغا كىردىم. بۇ مېنىڭ ئەنگلىيەگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆڭلۈمدىكىدەك تاماقلىنىشىم بولدى. پەرۋەردىگار ماڭا ھىممەت قولىنى ئاخىر سۇندى.

مەن سالتىنىڭ كىتابىنى باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ چىقتىم، مەن كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم، مۇشۇ كىتابنى ئوقۇغان كۈندىن باشلاپ، مەن ئۆز خاھىشىمنى بىلەلەيدىغان بىر گۆش پەرھىزكارىغا ئايلاندىم. ئانامنىڭ ئالدىدا قەسەم بەرگەن ئاشۇ كۈننى ئويلىسام، ئىختىيارسىز ئانامغا مىننەتدارلىقىم ئاشىدۇ. مېنىڭ ئىلگىرىكى گۆشسىز تاماق يېيىشتىكى مۇددىئايىم ھەقىقەتكە بولغان ئىخلاسمەنلىكىم ۋە لەۋزىمنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىر ھىندىستانلىقنىڭ گۆش يېگۈچىلەردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، ئۆزۈمنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئوچۇق ـ ئاشكارا، ئەركىن ھالەتتە گۆش يېيىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم ھەمدە باشقىلارنىمۇ گۆش يېيىشكە ئىلھاملاندۇراتتىم. بىراق، مەن ھازىر گۆشسىز تاماقلىنىشنى تاللىۋالدىم، گۆشسىز تاماق يېيىشنى تەشەببۇس قىلىش مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بۇرچۇمغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

## ئون بەشىنچى باب

## ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىدىن بولدۇم

مېنىڭ گۆشسىز تاماقلىنىشقا بولغان ئېتىقادىم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. سالتنىڭ كىتابى مېنىڭ گۆشسىز تاماق تەتقىقاتىغا بولغان قىزىقىشىمنى كېڭەيتىۋەتتى. مەن ھەممىلا يەردە دېگۈدەك گۆشسىز تاماقلىنىشقا دائىر كىتابلارنى يىغدىم ۋە كۆردۈم. بۇنىڭ ئىچىدە خوۋارد ۋىللىيامس (Howard Williams)نىڭ «گۆشسىز تاماق ئېتىكىسى» دەيدىغان بىر كىتابى بولۇپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىنسانىيەتنىڭ گۆشسىز تاماقلىنىشىغا دائىر يېزىلغان بىيوگرافىيەلىك ئەسەر ئىدى. بۇ كىتابتا پىفاگور (Pythagoras) ۋە ئەيسادىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن بارلىق پەيلاسوپ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۆش پەرھىزكارلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئاننا كىڭسفورد (Anna Kingsford) دوختۇرنىڭ «يېمەك - ئىچمەك ماھارىتى» دېگەن ئەسىرىمۇ ئادەمنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدىغان بىر كىتاب ئىدى. ئاللىنسون (Allinson) دوختۇرنىڭ تازىلىق ۋە سالامەتلىككە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلىرىمۇ ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەم بەردى. ئۇ مۇنتىزىم تاماقلىنىش بىلەن كېسەل داۋالاشنى ئاساس قىلغان بىر خىل داۋالاش سىستېمىسىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ گۆشسىز تاماقلانغۇچى ئىدى، ئۇ كېسەللەرگە يېزىپ بەرگەن رېتسېپلاردىمۇ گۆشتىن پەرھىزلىنىشنى قاتتىق تەلەپ قىلاتتى. بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن گۆشسىز تاماقلىنىش تەجرىبىسى تۇرمۇشۇمدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. مۇشۇ تەجرىبىلەرنى قىلىشقا باشلىغاندا، مېنىڭ ئاساسلىق ئويلاشقىنىم سالامەتلىك مەسىلەم ئىدى، لېكىن كېيىن دىن ھەممىدىن ئۈستۈن مەقسەت بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دوستۇم ماڭا بولغان كۆيۈنۈشىنى توختاتمىدى. ماڭا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى تۇپەيلى، ئۇ ھەمىشە: سىز قەتئىي گۆش يېمەي تۇرۇۋالسىڭىز، تېنىڭىز ئاجىزلىشىپلا قالماي، يەنە بىر ناكەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز، دەيتتى. چۈنكى، مەن ئەنگلىيە جەمئىيىتىدە ئۆزۈمنى مەڭگۈ ئەركىن ھېس قىلالمايتتىم، ئۇ مېنىڭ گۆشسىز تاماقلىنىشقا دائىر نەزەرىيەۋى ئەسەرلەرگە چۆكۈپ كەتكىنىمدىن خەۋەر تاپقاندا، بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ كاللامنى ئايلاندۇرۇۋېتىشىدىن، ھاياتىمنىڭ مۇشۇ خىل سىناقلاردا ئىسراپ بولۇپ كېتىشىدىن، مېنىڭ ئۆز خىزمىتىمنى ئۇنتۇپ، بىر خىيالپەرەسكە ئايلىنىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ مېنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. بىر كۈنى ئۇ مېنى ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ مېنى خولبورن (Holborn) مېھمانخانىسىغا كەچلىك تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ مېنىڭ ۋىكتورىيە مېھمانخانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم چوڭ مېھمانخانىنى كۆرۈشۈم ئىدى، بۇ مېھمانخانا ئوردىغا ئوخشايتتى. مەن ئۇ مېھمانخانىدا تۇرۇپ ھېچقانداق تەجرىبە ھاسىل قىلالمىغانىكەنمەن. چۈنكى، مەن ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمدا كۆپ نادان ئىدىم. بۇ دوستۇم مېنى بۇ مېھمانخانىغا غەرەزلىك ھالدا باشلاپ كەلگەنىدى. ئېنىقكى، ئۇ مېنى قائىدە ـ يوسۇن يۈزىسىدىن ھېچقانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ مېھمانخانىدا تاماق يەۋاتقانلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. دوستۇم بىلەن بىللە ئۈستەلدە روبىرو ئولتۇرۇپ، تۇنجى قېتىم شورپا كەلتۈرۈلگەندە، بۇنىڭ نېمىدىن قىلىنغىنىنى ئۇقمىدىم ھەم ئۇ دوستۇمدىن سوراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن مۇلازىمنى چاقىردىم. دوستۇم مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە قاراپ، ناھايىتى كەسكىن تەلەپپۇزدا نېمە بولغانلىقىمنى سورىدى. مەن تولىمۇ ئىككىلەنگەن ھالدا بۇ شورپىنىڭ گۆشسىز ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدىم. ئۇ تولىمۇ خاپا بولغان ھالدا: «سەن راستلا مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىكى بىر كالۋا ئىكەنسەن، ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋالمىساڭ، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن چىقىپ، باشقا مېھمانخانىغا بېرىپ تاماق يە، ئاندىن سىرتتا مېنى ساقلاپ تۇر» دېدى. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم. مەن ئۆزۈم يالغۇز چىقىپ كەتتىم. يېقىن ئەتراپتا بىر گۆشسىز تاماقخانا بار ئىدى. لېكىن، ئىشىك ئاللىبۇرۇن تاقالغانىكەن. شۇڭا، ئۇ كېچىسى ئاغزىمغا ھېچنېمە سالمىدىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تورى
كىتاب تورى



مەن ئۇ دوستۇمغا ھەمراھ بولۇپ، تىياتىرخانىغا باردىم. لېكىن، ئۇ ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مەن بولسام، ئەلۋەتتە ھېچنېمە دېمەيمەن ـ دە!

بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دوستانە دەتالاش قىلىشىم ئىدى. بۇ بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە قىلچىلىك تەسىر يەتكۈزەلمىدى. دوستۇمنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈنۈشتىن ئىدى. ئۇ ئۇقتىنى مەن چۈشىنەتتىم ھەم ئۇنىڭدىن مىننەتدار ئىدىم. يەنە كېلىپ، ئارمىيىدىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى بۇ ئىختىلاپ مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەملەرنى كۆتۈرۈۋېتىشىم كېرەك، دېگەن يەرگە كەلدىم. مەن ئۇنىڭغا ئەمدى ھەرگىز دۆتلۈك قىلمايمەن، يەنە كېلىپ ئۆزۈمنى ئەدەپ ـ قائىدىلىك بۇ جەمئىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان، سالاپەتلىك، گۆشلۈك تاماق يېيىشىمۇ كىشىنى بىزار قىلمايدىغان بىر ئادەم قىلىپ چىقىمەن دەپ ۋەدە بەردىم. مەن مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىر ئەنگلىيە مۆتىۋەرى قىلىپ چىقىشتەك تولىمۇ بولمىغۇر بىر ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم.

بومبايدىن ئەكەلگەن كىيىم ـ كېچەكلىرىم ھازىر ئەنگلىيە جەمئىيىتىگە ماس كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيەسى ماگىزىنىغا بېرىپ كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالدىم. مەن يەنە 19 شىللىڭ خەجلەپ — بۇ ئەينى ۋاقىتتا خېلىلا يۇقىرى باھا ھېسابلىناتتى — بىر شىلەپە سېتىۋالدىم. مەن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدىم. يەنە لوندوندىكى ئەڭ مودا رايون بوند كوچىسىغا بېرىپ، ئون فوندستېرلىڭ خەجلەپ بىر قۇر كەچلىك مۇراسىم كىيىمى سېتىۋالدىم. مەن يەنە ئاق كۆڭۈل، يۇكسەك قەلب ئىگىسى بولغان ئاكامغا قوش قەۋەتلىك ئالتۇن سائەت بېغى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئېيتتىم. يېنىمدا بار گالىستۇكۇمنى تاقىسام ئەينى ۋاقىتتا ئانچە ياراشمايتتى، شۇڭا مەن گالىستۇك تاقاشنى ئۆگىنىۋالدىم. ھىندىستاندىكى ۋاقتىمدا، ئەينەك چاكىنا نەرسە ھېسابلىناتتى، پەقەت ئائىلە ساتىرىشىمىز ساقال ـ بۇرۇتۇمنى ياسىغىلى كەلگەندە ئاندىن ئەينەك دېگەنگە قارىيالايتتىم. بۇ يەردە ھەر كۈنى يوغان تاشئەينەك ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ، ئون مىنۇتلاپ ئەينەككە قارايتتىم، ئەينى ۋاقىتتىكى دورۇس ھېسابلانغان پاسوندا گالىستۇك تاقايتتىم ۋە چېچىمنى تارايتتىم، ئۆزۈمە-

گە ئۆزۈم بىرھازا سەپسىلىپ قاراپ كېتەتتىم. چېچىم ئىنتايىن يىرىك ئىدى. شۇڭا، ھەر كۈنى بىر مەيدان مۇنتىزىم تارغاق ئۆرۈشى قىلىش ئارقىلىقلا ئاندىن چېچىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەتتىم. ھەر قېتىم شىلە-پەمنى ئالغاندا ياكى كىيگەندە، قوللىرىم ئىختىيارسىز ھالدا چاچلىرىمنى تاراشلاپ بېشىمغا يۆگۈرەيتتى. سىپايىلەر ئارىسىدىن ئورۇن ئالماقچى ئىكەنلىكىمگە گەپ كەتمەيدۇ، ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن بۇ قوللىرىم قانداق قىلغاندا ئاندىن رەسىم ـ يوسۇندا مۇۋاپىق ئاشۇ ئۆگىتىلگەن ئادەت-لەرگە مۇۋاپىقلاشقان بولار؟

بۇلار گويا مېنىڭ بۇ ئىشلارغا بولغان ئەستايىدىللىقىمنى ئىپادىلەشكە كۇپايە قىلمايدىغاندەك ئىدى. مەن دىققىتىمنى ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك باشقا تەپسىلاتلارغا يۆتكىدىم. بەزىلەر ماڭا ئۇسسۇل ئويناشنى، فىرانسۇزچە ناتىقلىقنى ئۆگىنىۋېلىشىمنى ئېيتتى. فىرانسۇز تىلى فىرانسىيەنىڭ غەربىي قوشنىلىرىنىڭ دۆلەت تىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەن بىر قېتىم ساياھەت قىلسام دەپ كەلگەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئارىلاشما تىل ئىدى. مەن ئۇسسۇل سىنىپىغا بېرىپ ئۇسسۇل ئۆگىنىش نىيىتىگە كەلدىم ھەمدە بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن ئۈچ فوندستېرلىڭ تاپشۇردۇم. ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئالاھازەل ئالتە سائەتچە دەرسكە كىرگەندىمەن، لېكىن مەن ئاشۇ رىتىملىق ھەرىكەتلەرنى زادىلا ئىگىلىيەلمىدىم. مەن پىيانىنو كۈيىنى چۈشەنمەيتتىم. شۇڭا، قەدەملىرىمنى ئۇدار بىلەن تەڭكەش قىلىشقا ئامالسىز ئىدىم. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بىر ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە: بىر زاھىت چاشقاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر مۈشۈك بېقىپتۇ، مۈشۈككە سۈت بېرىش ئۈچۈن بىر كالا بېقىپتۇ، كالىغا قاراپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ياللاپتۇ. بۇ ئىش شۇنداق داۋاملىشىۋېرىپتۇ. مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ خۇددى ئاشۇ زاھىتنىڭ روزغارىدەك زادىلا تىنچىمىدى. مەن ئاڭلاش سەزگۈمنى غەربنىڭ مۇزىكىلىرىغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئىسكىرىپكا سېتىۋالماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە ئۈچ فوندستېرلىڭ خەجلەپ بىر ئىسكىرىپكا سېتىۋالدىم. يەنە ئوقۇش پۇلى تۆلىدىم. مەن يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنى ماڭا ناتىقلىقتىن دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم

ھەمدە بىرىنچى قارارلىق ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن بىر گىۋىنى[1] تۆلىدىم. ئۇ ماڭا بىلىنىڭ «ناتىقلارنىڭ ئۈلگىسى» دېگەن بىر كىتابىنى دەرسلىك سۈپىتىدە تونۇشتۇردى، مەن ئۇ كىتابنى سېتىۋالدىم. شۇنىڭدەك بېل (Bell)[2]نىڭ نۇتۇقلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

ھالبۇكى، بېل ئەپەندىنىڭ كىتابى مەن ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولدى، مەن ئېسىمنى يىغدىم.

مېنىڭ ئەنگلىيەدە بىر ئۆمۈر تۇرۇپ قېلىش خىيالىم يوق ئىدى، مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دەيتتىم. شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ناتىقلىقنى ئۆگىنىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇسسۇل مېنى قانداقمۇ بىر مۆتىۋەرگە ئايلاندۇرالىسۇن؟ ئىسكىرىپكىنى ھىندىستاندىمۇ ئۆگەنگىلى بولىدۇ. مەن دېگەن بىر ئوقۇغۇچى، مەن يەنىلا كىتاب ئوقۇشۇم كېرەك. مەن چوقۇم ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك. ناۋادا ئۆز پەزىلىتىمدىن بىر مۆتىۋەر بولۇپ قالالىسام، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ياخشى ئىش بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ خىل خىياللىرىمنى تاشلىدىم.

مۇشۇنداق ئوي – پىكىرلەرگە چىرمىلىپ، ھېلىقى نۇتۇق ئوقۇت-قۇچىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، بۇ خىياللىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم ھەمدە قايتا دەرسكە كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدىم. ئەمەل-يەتتە، مەن پەقەت ئىككى – ئۈچ سائەت دەرس ئاڭلىغانىدىم. مەن يەنە ئۇخشاش بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسىغا بەردىم. يەنە ئىسكىرىپكا ئوقۇتقۇچىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىسكىرىپكىنى سېتىپ قويۇشنى، نەرخىنىڭ قانچە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا تولىمۇ مۇلايىم ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن قانداق قىلسام بىر خىل خاتا خىيالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىمنى سورىدىم. ئۇ مېنى بۇنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دېگەن نىيەتكە كېلىشكە ئىلھاملاندۇردى.

ئالاھازەل ئۈچ ئاي مۇشۇنداق ھاماقەتلەرچە ياشىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ھەقىقىي بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدىم.

---

① بىر گىۋىنى — ئەنگلىيە تەڭگىسى، بىر گىۋىنى (Guinea) 20 شىللىڭغا تەڭ.

② ۋىلىيام بېيىل (1759 — Willian pitt 1806) — ئەنگلىيەلىك سىياسىيون. ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى بولغان.

## ئون ئالتىنچى باب

## ئۆزگىرىش

مەن ئۇسسۇل ئويناش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا تەجرىبىلەرنى قىلىپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ھاياتىمدىكى ئۆزۈمنى قويۇۋېتىپ ئۆتكۈزگەن چاغلىرىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. بەلكىم ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلغاندۇ، ئاشۇ كۈنلەردىمۇ مەن يەنىلا زىيادە ئېھتىياتچانلىقىمدىن قالمىغاندىم. ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كەتكەن ئاشۇ چاغلىرىمدىمۇ ئۆزۈمنى ئازدۇر - كۆپتۇر تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىغانىدىم. خەجلىگەن ھەربىر يارماقنى خاتىرىلەپ ماڭاتتىم، يەنە كېلىپ چىقىملىرىمنى ئىنچىكە ھېسابات قىلاتتىم. ھەربىر ھېسابات، جۈملىدىن ئاپتوبۇس پۇلى، پوچتا ھەققى، گېزىت ئالىدىغان بىر - ئىككى يارماق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھېساباتىمغا كىرگۈزۈلەتتى. ھەر كۈنى كەچ ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر قېتىم ھېسابات قىلاتتىم. بۇ ئادىتىمنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن، يەنە كېلىپ شۇنى چۈشىنەتتىمكى، بەزىدە نەچچە يۈز مىڭ فوندستېرلىڭ جامائەت فوندىنى تۇتقان بولساممۇ، چىقىم قىلىشتا قاتتىق ئىقتىسادچانلىق قىلاتتىم، قەرز بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزۈم باشلىغان ھەربىر ھەرىكەتتە ھەمىشە ئازدۇر - كۆپتۇر ئېشىنچا بولاتتى، بۇ دەل ئاشۇنداق ئادىتىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەن ھەربىر ياشنىڭ بۇ تەجرىبىلەرنى ئاز - پاز ئۆگىنىپ قويۇشنى، ھەربىر كىرىم - چىقىمنى ئېنىق ھېسابات قىلىپ مېڭىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلار بۇنىڭدىن ماڭا ئوخشاشلا مەنپەئەت كۆرىدۇ.

مەن تۇرمۇش ئادىتىمگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، تېجەشلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەنىدىم. شۇڭا، مەن چىقىملىرىمنىڭ يېرىمىنى ئازايتماقچى بولدۇم. ھېساباتىمدا كىرا خىراجىتىم كۆپرەك ئىدى. چۈنكى، مەن باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم، ھەر ھەپتىسى ئادەت بويىچە بىر قېتىم ھېسابات قىلىشاتتۇق. بەزىدە ئۆي ئىگىلىرىنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلاتتىم ۋە بەزى يىغىلىشلارغا قاتنىشاتتىم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىرا خىراجەتلىرىمنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى، بولۇپمۇ تەكلىپ قىلىنغۇچى ئايال كىشى بولۇپ قالسا، ئادەت بويىچە چىقىمنىڭ ھەممىسىنى ئەر ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ سىرتتا تاماقلىنىشنىڭ ئۆزىلا بىر خىل ئارتۇقتىن - ئارتۇق چىقىم ئىدى، چۈنكى تاماقنى ئۆيدە يېمىگەن تەقدىردىمۇ ھەر ھەپتىسى تۆلىنىدىغان تۇرمۇش راسخوتىنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايتتى. ماڭا بۇ چىقىملارنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى، چۈنكى بىنورمال رەسىم - يوسۇن قارىشى تۈپەيلى خەجلىنىدىغان پۇلنىمۇ تېجەپ قېلىشقا بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ ئۆيىنىڭ بەندىسى بولماي، ئۆزۈم ئۆي ئىجارە ئېلىپ تۇرماقچى بولدۇم. خىزمەت ئېھتىياجىدىن ئويلاشقاندىمۇ، خالىغان ۋاقىتتا كۆچۈپ كەتكىلى، يېڭىدىن - يېڭى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغىلى بولاتتى. مېنىڭ يېڭىدىن تاللىغان تۇرالغۇم بىلەن خىزمەت ئورنۇمنىڭ ئارىلىقى يېرىم سائەتلىك يول ئىدى. بۇنداق بولغاندا، ماشىنا كىراسىنىمۇ تېجەپ قالغىلى بولاتتى. ئىلگىرى مەن نەگىلا بارسام ھارۋىدا ئولتۇراتتىم. سەيلە قىلماقچى بولسام، باشقىدىن ۋاقىت چىقىراتتىم. بۇ يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق سەيلە قىلىش بىلەن ئىقتىسادنى بىرلەشتۈردۇم، پۇل تېجەپ قېلىندى، ھەر كۈنى يەتتە - سەككىز چاقىرىمچە يول يۈرەتتىم. ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا ئاغرىق - سىلاق بولۇپ باقمىدىم، يەنە كېلىپ تېنىممۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئاساسلىقى مۇشۇنداق ئۇزاق مۇددەت پىيادە مېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنلىكىمدىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم، ئۆيىنىڭ بىر ئېغىزى مېھمانخانا، يەنە بىر ئېغىزى ھۇجرا ئىدى، بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىدى، قالدىسىنى كېيىن كۆرىمىز.

بۇ ئۆزگىرىشلەر ماڭا چىقىمىمنىڭ يېرىمىنى تېجەپ بەردى، لېكىن مەن ۋاقىتتىن قانداق پايدىلانسام بولار؟ ماڭا مەلۇم، قانۇنشۇناسلىق

ئىمتىھانى ئۈچۈن ئۇنچىۋالا كۆپ كىتاب ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇڭا ماڭا ۋاقىت قىستاپ كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلمايتتى، مېنىڭ ئىنچىل تۇردە ئەنسىرەيدىغىنىم ئىنگلىز تىلى سەۋىيەم ئىدى. لېلى ئەپەندى فرېدېرىك (Frederic)نىڭ «ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مېنى ئىزدە» دېگەن گېپى قۇلىقىمدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى. مەن ئادۋوكاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئىلمىي ئۇنۋانىمۇ ئېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. مەن ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىك ئەھۋالىنى بىر قۇر ئىگىلەپ چىققاندىن كېيىن بىرنەچچە دوستۇمنى تەكلىپ قىلدىم. ھېس قىلىشىمچە، بۇ ئىككى جايدىن قايسىبىرىنى تاللىماي، چىقىمىم ھامان ئېشىپ كېتەتتى، مېنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرغان ۋاقتىم ئەسلىدىكى تەييارلىقىمدىن كۆپ ئۇزاق ئىدى. بىر دوستۇم ماڭا تەكلىپ بېرىپ: ئەگەر سېنىڭ مۇرەككەپرەك ئىمتىھانلارنى كۆرۈپ بېقىش خۇمارىڭ بولسا، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ باققىن، دېدى. مۇنداق بولغاندا راسا تىرىشمىسام بولمايتتى، يەنە كېلىپ ئادەتتىكى ساۋات بىلىملىرىمۇ كۆپىيەتتى، ئارتۇقچە چىقىم قىلىشىمنىڭمۇ ئورنى بولمايتتى، بۇ پىكىر ماڭا ياقتى. لېكىن، دەرس سېتكىسىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. لاتىن تىلى بىلەن بىر خىل ھازىرقى زامان چەت ئەل تىلى ئاساسلىق دەرس ئىدى. بولۇپمۇ لاتىن تىلى تولىمۇ زوْرزوْر ئىدى. ئۇ قانۇن كىتابلىرىنى چۈشىنىشتە بەكلا ئەسقاتاتتى. يەنە كېلىپ رۇم قانۇنىغا دائىر ھەرقانداق بىر ئىلمىي ماقالە لاتىن تىلى بىلەن يېزىلغان بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا لاتىن تىلىنى بىلىۋالغاندا، ئىنگلىز تىلىنى پۇختىلاشمۇ ئاسانغا چۈشەتتى. مەن دوستۇمنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا قارىماي لاتىن تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولدۇم. مەن فىرانسۇزچە ئۆگىنىشنى بۇرۇنلا باشلىغانىدىم. مېنىڭچە، بۇنى ھازىرقى زامان تىل ـ ئەدەبىياتى ھېسابلىغىلى بولاتتى. مەن شەخسلەر ئاچقان بىر ئالىي مەكتەپ تەييارلىق سىنىپىغا كىردىم. بۇ خىل ئىمتىھانلار ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىپ تۇراتتى، ماڭا بەش ئايلا تەييارلىق ۋاقتى قالغانىدى. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ گويا ئورۇنلاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل ۋەزىپىدەك قىلاتتى. لېكىن، ئەنگلىيە مۆتىۋەرى بولۇش خىيالىم مېنى ئەستايىدىل بىر ئوقۇغۇچى قىلىپ قويغانىدى. مەن

www.uyghurkitap.com

تولىمۇ ئىنچىكە ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ چىقتىم. ھالبۇكى، ئەقلىم بىلەن خاتىرەم مېنىڭ مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە باشقا دەرسلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا يول قويمايتتى، يەنە لاتىن تىلى ۋە فىرانسۇزچىغا تاقابىل تۇرمىسام بولمايتتى. نەتىجىدە، لاتىنچە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم. مەن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. لېكىن، ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويمىدىم. مەن لاتىن تىلىنىڭ تەمىنى ئاللىقاچان تېتىغانىدىم. يەنە كېلىپ فىرانسۇزچىدا كۆپ ياخشى بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. مەن يەنە بىر قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتناشسام بولاتتى. مەن تەبىئىي پەندىن بىرەر يېڭى پەننى تاللاپ ئوقۇماقچى بولدۇم. خىمىيەنى ئىلگىرى ئوقۇغانىدىم. لېكىن، ئۇنى ئوقۇسا قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. بۇ ھىندىستاندىكى ھەربىر مەكتەپنىڭ ئاساسلىق دەرسى ئىدى. شۇڭا، ئۆتكەن قېتىم مەن لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىشتە مۇشۇ دەرسنى تاللىۋالغانىدىم. بۇ قېتىم مەن خىمىيەنى تاللىماستىن، ئىسسىقلىق ئوپتىكا ئىلمىنى تاللىۋالدىم، بۇ دەرس بىر ئاز ئاسان، دەپ قارىلاتتى، يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ شۇنداق ھېس قىلاتتىم.

يەنە بىر قېتىملىق ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، مەن تۇرمۇشۇمنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاددىيلاشتۇردۇم. مەن تۇرمۇش ئادىتىم بىلەن ئائىلە ئەھۋالىمنىڭ ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. مەن ئاشۇ تىنىمسىز كۈرەش قىلىۋاتقان ئاكامنىڭ ماڭا ئېھتىياجلىق پۇللارنى بىر ـ بىرلەپ يىغىپ، ماڭا سېخىيلىق بىلەن ئەۋەتىۋاتقانلىقىنى ئويلىسام، كۆڭلۈم سۇ بولۇپ كېتىدۇ. مەن ھەر ئايدا سەككىز فوندستېرلىڭدىن 15 فوندستېرلىڭغىلا سەرپ قىلىدىغان، لېكىن ئۆگىنىشتە ئىنتايىن ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگەنمەن. كۆز ئالدىمدا تۇرمۇشىنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزىدىغان مۇنداق مىساللار كۆپ ئىدى. مەن نۇرغۇن نامرات ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگەنمەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مەندىن كۆپ ناچار ئىدى. جۈملىدىن بىر ئوقۇغۇچى نامراتلار مەھەللىسىدە تۇراتتى، ئۇ ھەر ھەپتىسى بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىش ئۈچۈن ئىككى شىللىڭ، بىر ۋاخ تاماق ئۈچۈن ئىككى پېنىلا خەجلەيتتى. لوكخارت (Lockhart)نىڭ ئەرزان كاكائوخانىسىدىن بىر ئاز كاكائو، چاي ۋە بولكا سېتىۋېلىپ قورسىقىنى

تويغۇزاتتى. مېنىڭ ئۇنى دورىيالىشىم تەس ئىدى، لېكىن ھېس قىلىشىمچە، ئىككى ئىغىزلىق ئۆيدە تۇرماي بىر ئىغىزلىق ئۆيدە تۇرسام، بەزىدە ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز تاماق ئېتىپ يېسەم، ئەلۋەتتە بۇلار قولۇمدىن كېلەتتى. مۇشۇنداق بولغاندا، بىر ئايدا تۆت ـ بەش فوندستېرلىڭنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى. مەن يەنە تۇرمۇشنى قانداق قىلىپ ئاددىي ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇدۇم. مەن ھېلىقى ئىككى ئىغىزلىق ئۆينى تاشلىۋېتىپ، بىر ئىغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم. بىر مەش سېتىۋېلىپ ئۆيدە تاماق قىلىپ يېيىشكە باشلىدىم. ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن 20 مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. چۈنكى، ئازراق بۇلماق ۋە كاكائو، چاي قايناتسىلا بولاتتى. چۈشلۈكى تاماقنى سىرتتا يەيتتىم، كەچلىك تامىقىم ئۈچۈن ئۆيدە بولكا ۋە كاكائو، چاي ئىچەتتىم. شۇنداق قىلىپ، كۈنىگە بىر شىللىڭ ئۈچ پېنىنى خەجلىسەملا بولاتتى. بۇ مەن ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان كۈنلەردۇر. ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ماڭا يېتەرلىك ئۆگىنىش پۇرسىتى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىمتىھانلاردىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم.

ئوقۇرمەنلەر! مېنى بۇ خىل تۇرمۇشتىن قىينىلىپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئۆگىنىش مېنىڭ روھىم بىلەن ھەرىكىتىمنى ماسلاشتۇردى، بۇ ھەم مېنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىمغىمۇ ماس كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇم تېخىمۇ بەك ئىزىغا چۈشتى، مەن يەنە مەنىۋى جەھەتتىنمۇ چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون يەتتىنچى باب

# يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىم

مەن ئۆزۈمنى يەنىمۇ چۈشىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بىر چاغدا، سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ جەھەتلەردىن ئاللىقانداق بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىنى زۆرۈردەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. مېنىڭ خەج - خىراجىتىم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلۇمدا ئۆزگىرىش بولدى، ھەتتا ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن يېمەك - ئىچمەك مەسىلەمنى تەڭشىۋالدىم. ۋېگېتارىئانىزمچى (گۆشسىز غىزا يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى) يازغۇچىلارنىڭ بۇ مەسىلىنى دىنىي، ئىلمىي، ئەمەلىي تەجرىبە ۋە تېبابەت قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلغانلىقى ماڭا مەلۇم. ئېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار ئىگە بولغان خۇلاسە شۇكى، ئادەمنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋاندىن ھالقىپ كېتەلىشى ئالدىنقىسىنىڭ كېيىنكىسىنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنى قوغدىيالايدىغانلىقىدا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش ئۆزئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بار. ئۇلار يەنە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىشارە قىلىدۇكى، كىشىلەرنىڭ يېيىش - ئىچىشى ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياشاش ئۈچۈندۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلەر مۇنداق تەكلىپنى بەرگەن ھەم ئۆزىمۇ شۇ بويىچە ئىش قىلغان: گۆشلا ئەمەس، تۇخۇم يېيىشكىمۇ، سۈت ئىچىشكىمۇ بولمايدۇ. بەزىلەر ئىلمىي نۇقتىدىن چىقىپ خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئادەم ئەسلىدە دورا - پىششىق يېمەكلىكلەرنى يەيدىغان بولماستىن، بەلكى مېۋە يەيدىغان بىر خىل ھايۋان ئىدى؛ چىش چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئانا سۈتىنىلا

ئوزۇقلۇق قىلاتتى، ئۇنىڭغا چىش چىققاندىن كېيىن قاتتىق يېمەكلىكلەرنى يەيدىغان بولدى. تېببىي ئىلىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پىكرى مۇنداق ئىدى: ئادەم بارلىق مۇئەتتەر ۋە تېتىتقۇلارنى يېمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەمەلىي تەجرىبە ۋە ئىقتىسادىي قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا، گۆشسىز غىزالىنىش ئەڭ ئىقتىسادچىللىقتۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەسىر قىلدى، گۆشسىز تاماقخانىلاردا مەن ئەنە شۇنداق گۆشسىز غىزالانغۇچىلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئەنگلىيەدە گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر جەمئىيىتى بار ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ جەمئىيەت ھەپتىلىك ژۇرنال چىقىراتتى. مەن بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ، بۇ جەمئىيەتكە كىردىم، تېخى ئۇزاق ئۆتمەي جەمئىيەت ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم. بۇ يەردە مەن گۆشسىز تاماق يېيىشنى ياقلىغۇچى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن ئۇچراشتىم ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىمنى باشلىدىم.

مەن ۋەتەندىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن كەمپۇت ۋە تېتىتقۇلارنى يېمەيدىغان بولدۇم. ئوي - خىيالىمدا ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن تېتىتقۇلارغا بولغان خۇمارىممۇ ئاستا - ئاستا يوقالدى، ھازىر داغ سۇدا پىشۇرۇلغان پالەكنى ھۇزۇرلىنىپ يەيدىغان بولدۇم، لېكىن ئىلگىرى رىچمونددا يېگەن ۋاقتىمدا بەتتەم تۇيۇلغانىدى. بۇ تەجرىبىلەردىن شۇنداق ساۋاق ئالدىمكى، تەمنى ھەقىقىي تېتىيدىغىنى تىل بولماستىن، كۆڭۈل ئىكەن.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھېساب - كىتاب ھېلىھەم كاللامدا بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق بىر خىل قاراش ھۆكۈم سۈرەتتى، چاي بىلەن قەھۋە زىيانلىق دەپ قارىلىپ، كاكائو ئىچىش تەشەببۇس قىلىناتتى. مەن ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى يېيىشى كېرەك دېگەن گەپكە ئىخلاس قىلىپ، چاي ۋە قەھۋە ئىچمەيتتىم - دە، كاكائو ئىچەتتىم.

مەن دائىم بېرىپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىرنەچچە تاماقخانا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەنىدى، بىر بۆلۈمچىگە ھال - ئوقىتى ياخشىراق كىشىلەر كىرەتتى، ئۇ يەردە ھەر خىل - ھەر ياڭزا قورۇمىلار بار ئىدى، ھەركىم ئۆزى خالىغىنىنى تاللاپ نەرخى - ھاۋالىسى بويىچە پۇل تۆلەيتتى، شۇنداقتىمۇ ھەر ۋاقلىق تاماققا بىرەيلەن ئىككى شىللىڭ تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. يەنە بىر بۆلۈمچىدە ئۈچ خىل قورۇما ۋە بىر پارچە بولكىلا تارتىلاتتى، ھەر ۋاقلىق تاماققا ئالتە پېنىلا كېتەتتى.

www.uyghurkitap.com

قاتتىق تېجەشلىك بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، مەن ئادەتتە ئىككىنچى بۆلۈمچىگە كىرىپ غىزالىناتتىم.

مەن بۇ سەرگۈزەشتىلىرىم بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن ئۇششاق تەجرىبىلەرنىمۇ باشتىن كەچۈردۈم. ئالايلۇق، بەزىدە كىراخماللىق يېمەكلىكلەرنى يېمەيتتىم، بەزىدە بولكا ۋە مېۋە - چېۋە بىلەنلا تۇرمۇشۇمنى قامدايتتىم، بەزىدە پىشلاق، سۈت ۋە تۇخۇملا يەيتتىم. بۇ تەجرىبىلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيتتى. بۇ ھال يېرىم ئايچە داۋام قىلدى. كىراخماللىق يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىكنى ياقلىغۇچى ئاشۇ ئىسلاھاتچىلار تۇخۇمغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى، ئۇلارچە تۇخۇم گۆشسىز يېمەكلىكلەر تىپىغا كىرەتتى. تۇخۇمنىڭ ھاياتلىققا ئەلۋەتتە زىيىنى يوق ئىدى. مەن بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغانىدىم، يەنە كېلىپ قەسەمنى قايرىپ قويۇپ، تۇخۇم يېيىشكە كىرىشىپ كەتتىم. لېكىن، بۇنداق لاۋزا تەتقىقاتلار ئۆتكۈنچى ئىدى. مەن بۇ قەسەملىرىمگە ئاللىقانداق يېڭى چۈشەنچە بېرىشنى خالىمايمەن. ئانامنىڭ قەسىمىمگە گۇۋاھ بولۇپ تۇرغان چاغدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى تېخىچە ئېسىمدە. مەن ئۇ تىلغا ئالغان گۆشسىز تاماقنىڭ تۇخۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھالبۇكى، مەن بۇ قەسىمىمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايقىغان ۋاقتىمدا، مەن تۇخۇم يېمەيدىغان بولدۇم ھەم بۇ تەجرىبىلىرىمدىنمۇ ۋاز كەچتىم.

بۇنداق گەپلەرگە قارىتا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان مۇنداق بىر نۇقتا بار: مەن ئەنگلىيەدە گۆشلۈك قورۇمىغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ خىل ئېنىقلىمىنى ئاڭلىغانىدىم. بىرىنچى ئېنىقلىمىدا ئېيتىلىشىچە، گۆشلۈك قورۇما ئۇچار قانات ۋە ھايۋاننىڭ گۆشىگىلا قارىتىلغان، دېيىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل ئېنىقلىمىنى قوبۇل قىلغۇچى گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر ئۇچار قانات ۋە ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، لېكىن بېلىق يەيدۇ، تۇخۇمدىن ئېغىز ئاچمىساقمۇ بولىدۇ. ئىككىنچى ئېنىقلىمىدا قارىلىشىچە، گۆشلۈك تاماق بارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىگە قارىتىلغان بولىدۇ، بۇ ھالدا بېلىقنى ئەلۋەتتە يېگىلى بولمايدۇ، لېكىن تۇخۇمنى يېسە بولىدۇ. ئۈچىنچى خىل ئېنىقلىما بويىچە بولغاندا، بارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ھەمدە بارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى گۆشلۈك تاماق جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇڭا، تۇخۇم ۋە كالا سۈتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ناۋادا مەن بىرىنچى خىل قاراشنى ماقۇل كۆرسەم، مەن تۇخۇم يېسەم بولۇپلا قالماي، بېلىق يېسەممۇ

بولىدۇ. ھالبۇكى، ئانامنىڭ ئىنىقلىمىسىنىڭ مەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك چەك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا، مەن قەسىمىمنى ساقلايمەن دەيدىكەنمەن، مەن تۇخۇم يېمەسلىكىم كېرەك. مەن شۇنداق قىلدىم. بۇ بىر قىيىن مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندىلا بايقاش مۇمكىنكى، گۆشسىز تاماقخانىلار بولغان تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن قورۇمىلاردا تۇخۇم بولاتتى. دېمەك، مەن ئېنىق بىلمىگۈچە، كىشىنى تەڭلىككە سالىدىغان جەريانلار ئارقىلىق مەلۇم بىر ئالاھىدە قورۇمىنىڭ تەركىبىدە تۇخۇم بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلىۋېلىشىمغا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، نۇرغۇن غەربچە يېمەكلىكلەر، پېچىنە ـ پىرەنىكلەر تۇخۇمسىز تەييار بولمايتتى. گەرچە نېمىنى يېمەسلىك، نېمىنى يېيىش كېرەكلىكىنى ئېنىقلاش نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مېنىڭ تىرىكچىلىكىمنى كۆپ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ خىل ئاددىيلىق مېنى ھەم كۆپ بىئارام قىلدى، چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا، مەن ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن يېمەكلىكلەردىن ۋاز كېچىشىم كېرەك ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلار پەقەت يوقىلىپ بېرىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ئىدى. چۈنكى، قەسەمگە بولغان قاتتىق ئىخلاسمەنلىك ماڭا تېخىمۇ ساغلام، گۈزەل ۋە مەڭگۈلۈك بىر خىل مەنىۋى تەم بېغىشلىغانىدى.

ھالبۇكى، ھەقىقىي سىناقلار تېخى ئالدىمدا ئىدى، ئۇ يەنە بىر خىل قەسەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. پەرۋەردىگار پاناھىدا ساقلىغان ئادەمگە كىممۇ زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنالىسۇن؟

بۇ يەردە ھەر خىل قەسەم سۆزلىرىنى ئىزاھلىسام يامان بولماس. قەسەم سۆزلىرىنى ئىزاھلاش دۇنيادا ئىزچىل بەس ـ مۇنازىرە قوزغاپ كەلگەن مول مۇھاكىمىلىك تېما. بۇ ئىبارىلەر قانچىلىك ئېنىق ۋە ئىخچام بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ھەمىشە ئۇنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلايدۇ. بۇنداق كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدىن تېپىلىدۇ. شەخسىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغان، ئۇلار تۇتۇرۇقسىزلارچە چاكىنا يوللاردا مېڭىپ ئۆزىنى ئالدايدۇ. كىشىلەرنى ۋە پەرۋەردىگارنى ئالداشقا ئۇرۇنىدۇ. مەڭگۈلۈك بىر قانۇنىيەت باركى، ئۇ بولسىمۇ قەسەم گۇۋاھچىلىرىنىڭ قەسەم ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىش. يەنە بىر چارە بولسا، ئەگەر ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بولسا، ئاجىز تەرەپنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى قوبۇل قىلىش لازىم. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى رەت قىلغاندا، سەمىمىد-

يەتسىز دەتالاشلار ۋە گۇناھلار سادىر بولىدۇ. پەقەت ھەقىقەتكە ئىنتىلگەن ئادەملا بۇ قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىدۇ. ئۇ چوڭقۇر چۈشەنچىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئانامنىڭ گۆشسىز تاماق ھەققىدىكى ئېتىقاتلىرى مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولغاندا مەن ئۈچۈن بىردىنبىر ھەقىقەت ئىدى.

مېنىڭ ئەنگلىيەدىكى مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىم ئىقتىساد ۋە تىرىكچىلىك يولى نۇقتىئىنەزىرىنى يېتەكچى قىلغانىدى. بۇ مەسىلىگە دائىر دىنىي تەرەپلەر مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن مەنىۋى تەجرىبە ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى، گەرچە ھەممە ئۇرۇق ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا چېچىلىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەن كېيىن توختىلىمەن.

دىنىنى ئۆزگەرتكەن بىر ئادەمنىڭ يېڭى دىنغا ئېتىقاد قىلىش قىزغىنلىقى ئاشۇ دىنغا كىچىكىدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ قىزغىنلىقىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ. گۆشسىز تاماق يېيىش مەسلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيەدە بىر خىل يېڭى ئېتىقاد ئىدى. بۇ ماڭا نىسبەتەنمۇ شۇنداق ئىدى. خۇددى بىز كۆرگەنگە ئوخشاش، مەن ئەسلىدە گۆش يېيىشكە تەن بېرىپ ئەنگلىيەگە كەلگەنىدىم. لېكىن، كېيىن ئۆز رايىم بويىچە گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىگە ئايلاندىم. يېڭى ئەزالارنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلەش مەسىلىسىگە بولغان يۈكسەك قىزغىنلىقىغا ئاساسەن، مەن ئۆزۈم تۇرۇشلۇق رايوندىكى بايسۋاتېر (Bayswater) دېگەن جايدا گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر كۇلۇبى قۇرۇشنى قارار قىلدىم. مەن مۇشۇ رايوندا تۇرىدىغان سېر ئېدۋىن ئارنولد (Edwin Arnold) ئەپەندىنى كۇلۇبنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلدىم. «گۆشسىز تاماق يېگۈچى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئولدفىيلد (Oldfield) دوكتورنى باش مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلدىم. مەن كاتىپلىقنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ كۇلۇب بىر مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ باردى، لېكىن بىرنەچچە ئايدىن كېيىن تاقالدى، چۈنكى قەرەللىك يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئادىتىم تۈپەيلى، مەن ئۇ جايدىن ئايرىلغانىدىم. لېكىن، بۇ قېتىمقى قىسقا ھەم سالماق ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرىم ماڭا ئاز بولسىمۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە چېنىقىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# ھايا مېنىڭ تىلتۇمارىم

كېيىن مەن گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر جەمئىيىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندىم. مەن كومىتېتىنىڭ ھەربىر قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىششقا نىيەت قىلدىم، لېكىن ھەمىشە تىلىم تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بىر قېتىم ئولدفيېلد ئەپەندى ماڭا: «سىز مەن بىلەن ناھايىتى تەبىئىي پاراڭلىشىسىز، لېكىن كومىتېتنىڭ يىغىنلىرىدا نېمىشقا ئېغىز ئاچمايسىز، سىز بىر ئەركەك ھەسەل ھەرىسىمۇ ـ يا؟» دېدى. بۇ چاقچاق ماڭا تولىمۇ يېقىپ كەتتى. ھەسەل ھەرىلىرى تولىمۇ ئالدىراش بولىدۇ، ئەركەك ھەسەل ھەرىسى بولسا ئۆتۈپ كەتكەن بىر يالقاۋ ئىدى. يىغىنلاردا كۆپچىلىك پىكىر بايان قىلسا، مەن جايىمدا ئۈن چىقارماي ئولتۇراتتىم. لېكىن، ئۆزۈمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىغاندا كۆپ ئىش بىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بەزىدە غەيرىتىمنى ئاشۇرۇپ پىكىر بايان قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، كۆپچىلىك يەنە باشقا يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشقا باشلايتتى. بۇ ھال خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە داۋاملاشتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بىر ئېغىر مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ تالاش ـ تارتىشىنى .قوزغىدى. مەن يىغىندىن قېلىشنى بولمىغۇرلۇق دەپ قارايتتىم. يەنە كېلىپ سۈكۈت بىلەن بىرنى تاشلاشنى زەئىپلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ قارايتتىم. بۇ مۇنازىرە مۇنداق باشلاندى: جەمئىيەتنىڭ رەئىسى خىلىس (Hills) ئەپەندى ئەسلىدە «تايمېس» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ غوجايىنى ئىدى، ئۇ بىر

پىروتېستانت مۇخلىسى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ياردىمىگە باغلىق دېيىشكە بولاتتى. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ باشپاناھلىقىدا ئىدى.

گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى مەشھۇر شەخس ئاللىنسون (Allinson) دوختۇرمۇ كومىتېتنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يېڭىدىن گۈللەنگەن تۇغۇتقا چەك قويۇش ھەرىكىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى ھەمدە ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا تۇغۇتقا چەك قويۇش ئۇسۇلىنى تەشۋىق قىلاتتى. خىلىس ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۇسۇللار ئەخلاقنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقانلىق ئىدى. ئۇ گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مەقسىتى يېمەك - ئىچمەكنى تەكشىلەشلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش. شۇڭا، ئاللىنسون دوختۇرغا ئوخشاش پىروتېستانت ئىدىيەسىگە قارشى مەۋقەدىكى كىشىگە جەمئىيەتتىن ئورۇن بەرمەسلىك كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ ئاللىنسون دوختۇرنى جەمئىيەتتىن چىقىرىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ مەسىلە مېنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمنى تارتتى. ئاللىنسون دوختۇرنىڭ تۇغۇتقا سۇنئىي ئۇسۇلدا چەك قويۇش چارىسىنى مەن بىر خىل خەۋپلىك قاراش دەپ ئويلايتتىم. مەن خىلىس ئەپەندىنى بىر پىروتېستانت مۇخلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇنىڭغا كۆچەپ قارشى تۇرۇشقا ھەقلىق دەپ قارايتتىم. مەن يەنە خىلىس دوختۇرنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ۋە ھىممىتىگە قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتىم. ھالبۇكى، بىر ئادەمنى پىروتېستانت دىنىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىنى جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى دەپ قارىغانلىقى سەۋەبلىك گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر جەمئىيىتىدىن چىقىرىۋەتسەك، مېنىڭچە ئۇنى تازا مۇۋاپىق چارە دېگىلى بولمايتتى. خىلىس ئەپەندىنىڭ پىروتېستانت دىنىغا قارشى ئىدىيەدىكىلەرنى جەمئىيەتتىن چىقىرىۋېتىش توغرىسىدىكى قارىشى ئۇنىڭ شەخسىي كۆزقارىشى ئىدى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىشنىلا تەشەببۇس قىلىش باشقا ھەرقانداق ئەخلاقىي تۈزۈملەرنى تەشەببۇس قىلماسلىق، دېگەن پىرىنسىپى بىلەن مۇخالىپ كېلەتتى. شۇڭا، مەن ھەرقانداق گۆشسىز تاماق يېگۈچى — مەيلى ئۇ قانداق ئەخلاقىي قاراشقا ئىگە بولسۇن، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم.

كومىتېتتا مەن بىلەن ئوخشاش قاراشتىكى باشقا ئەزالارمۇ بار ئىدى. لېكىن، مەن پىكرىمنى ئۆزۈم ئوتتۇرىغا قويۇشۇم زۆرۈر دەپ قارايتتىم. لېكىن، بۇنى قانداق ئىپادىلەش باشقا بىر گەپ ئىدى. مەندە سۆزلىگۈدەك جۈرئەت يوق ئىدى، شۇڭا ئويلىغانلىرىمنى يازماقچى بولدۇم. مەن بۇ يازما ماتېرىيالنى ئېلىپ يىغىنغا قاتناشتىم، ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا مەندە ئۇنى ئوقۇپ بەرگۈدەك مادارمۇ يوق ئىدى، رەئىس ئامالسىز يازغانلىرىمنى باشقىلارغا ئوقۇتتى. ئاللىنسون دوختۇر مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆرەشلەردە، تۇنجى ئېلىشىشتىلا ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولغۇچىلار بىلەن بىر سەپكە ئۆتۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ھالبۇكى، مېنىڭ قىلغانلىرىم يوللۇق ئىدى، مەن ئۆزۈمگە شۇنداق تەسەللىي بەردىم. يەنە شۇنىسى غۇۋا ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، كومىتېتقا ئىستېپانامە سۇنغانىدىم.

مەن ئەنگلىيەدە تۇرغان ۋاقتىمدا بۇ خىل نومۇس كۈچۈمنى ساقلاپ قالدىم. بەزىدە مەن مېھماندارچىلىق زىيارىتىدە بولاتتىم. لېكىن، سورۇندا ئادەم كۆپرەك بولۇپ قالسا، گېپىمنى تېپىپ قىلالماي قالاتتىم.

بىر قېتىم مەن مازمۇدار ئەپەندى بىلەن ۋېنتنورغا باردىم. بىز ئۇ يەردىكى بىر گۆشسىز تاماق يېگۈچىنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. «يېمەك ـ ئىچمەك ئېتىكىسى»نىڭ ئاپتورى خوۋارد ئەپەندىمۇ بۇ ئاسايىشلىق سالقىنگاھقا چۈشكەنىدى. بىز ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنىدۇق، ئۇ بىزنى بىر يىغىنغا بېرىپ، گۆشسىز تاماق يېيىش نۇتقى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. مەن يىغىندا نۇتۇق ئارگىنالىنى ئوقۇپ بېرىدىغان ئۇسۇلنىڭ نامۇۋاپىق دەپ قارالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز سۆزىنى تەرتىپلىك، ئىخچام قىلىش ئۈچۈن پىكرىنى ئاشۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى. نۇتۇق سۆزلەش ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، مەن سۆزلەيدىغان نۇتقۇمنى يېزىۋالدىم. مەن يىغىندا نۇتقۇمنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇپ بەردىم. گەرچە نۇتقۇم بىر بەتتىن ئاشمىسىمۇ كۆزلىرىم تورلىشىپ، پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ كەتكەچكە ئارگىنالنى ئوقۇيالمىدىم، مازمۇدار ئەپەندى ئۇنى ماڭا ۋاكالىتەن ئوقۇپ بەردى.

ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ پاساھەتلىك ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيتتى، ئارىلىقتا ئاز بولمىغان ئالقىش سادالىرى ياڭراپ تۇردى. مەن تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدىم. كۆڭلۈمدە ئىقتىدارسىزلىقىمدىن ئۆكۈندۈم.

مەن ئەنگلىيەدىن ۋەتەنگە قايتىش ھارپىسىدا ئاشكارا نۇتۇق سۆزلەش يۈزىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقىمنى كۆرسەتتىم. لېكىن، بۇ قېتىم مەن كۈلكىگە قالدىم. مەن گۆشسىز تاماق يەيدىغان دوستلىرىمنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خولبورن مېھمانخانىسىغا تاماققا تەكلىپ قىلدىم. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە «گۆشسىز تاماقنى گۆشسىز تاماقخانىلاردىلا يېگىلى بولىدۇ، لېكىن گۆشسىز تاماق ئەتمەيدىغان تاماقخانىلارغىلا بېرىپ يېسەك نېمىشقا بولمايدىكەن» دېدىم. مەن خولبورن مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭغا رەسمىي گۆشسىز تاماقلىق بىر ئۈستەل تەييارلاپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. مېھمانخانىغا بارىدىغان گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر بۇ يېڭىلىقتىن تەنتەنە قىلىپ كېتىشتى. بارلىق بەزمە ـ زىياپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە خۇشاللىق ئۈچۈن ئىدى، لېكىن غەربتە ئۇ تەرەققىي قىلىپ بىر خىل سەنئەتكە ئايلانغانىدى، بۇنداق زىياپەتلەر يەپ ـ ئىچىش، ناخشا ـ مۇزىكا ۋە نۇتۇق سۆزلەش بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى، سۆزلەش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ پىكىر بايان قىلدىم. ئەسلىدە مەن ئىچىمدە بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەنلا تۈگەيدىغان خام ئارگىنال تەييارلىۋالغانىدىم. لېكىن، بىرىنچى جۈملىنى ئېيتىپلا، ئىككىنچى جۈملىنى تاپالماي قالدىم. مەن ئىدىسون ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇ ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىدا ئۆزىنىڭ تۇنجى نۇتقىنى سۆزلەيدىغان چاغدا «ئويلىشىمچە» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، كېيىن زادىلا سۆزلىيەلمىگەنىكەن. بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇ ئەپەندى ئۈچ قېتىم ئويلىدى، لېكىن ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدى» دەپ چاقچاق قىلغانىكەن. مەن ئەسلىدە بۇ لەتىپىنى نەقىل قىلىپ راسا يۇمۇرلۇق بىر نۇتۇق سۆزلەي دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن سۆزۈمنى باشلاپلا گاچىلىشىپ قالدىم. خىيالىمغا كەلگەننى ئەمەلدە كۆرسىتەلمەي، ئۆزۈم كۈلكە بولۇپ بەردىم. «رەھمەت سىلەرگە، ئەپەندىلەر، تەكلىپىمنى ئىلىك ئالغان ياخشى كۆڭلۈڭلارغا

رەھمەت». مەن بىردىنلا مۇشۇ گەپنى دەپ ئولتۇرۇۋالدىم.

مەن بۇنداق ئۇياتچانلىق كېسىلىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن يۈرىكىم سەل قاتقاندەك بولدى. نەق مەيداندا نۇتۇق سۆزلەش مەن ئۇچۇن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولسىمۇ، مەن ناتونۇش ئاڭلىغۇچىلارغا دۇچ كەلسەم ئىككىلىنىپ قالاتتىم، مۇمكىن بولسىلا سۆزلەشتىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ دوستلىرىم بىلەن بىللە بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئاغزىمغا كەلگەنچە پاراڭ سېلىپ ئولتۇرالمايمەن ھەم ئۇنداق ئولتۇرۇشنىمۇ خالىمايمەن.

شۇنى جەزملەشتۇرۇش كېرەككى، مېنىڭ بۇ خىل تۇغما ئۇياتچانلىقىمنىڭ تاسادىپىي كۈلكىگە قالغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ھېچقانداق زىيىنى يوق ئىدى. مېنىڭچە، پاكىت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. بۇ خىل ئۇياتچانلىقنىڭ ماڭا ناھايىتى زور پايدىسى تەگدى. سۆزلىيەلمەي ئارسالدى بولۇش مەن ئۈچۈن بىر ئازاب ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇ مېنىڭ بىر خۇشاللىقىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئەڭ زور پايدىسى شۇ بولدىكى، مەن سۆزنى پىششىق تاۋلاشنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن تەبىئىي ھالدا ئۆز ئوي ـ پىكرىمگە چەك قويىدىغان بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدىم. ھازىر مەن ئۆزۈمگە شۇنداق بىر گۇۋاھنامە بېرەلىشكە ھەقلىقمەنكى، تىلىم ۋە قەلىمىم خام ـ خاتىلا ھەرقانداق بىر سۆزنى ئاسانلىقچە ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ دەپ ئىسپات بېرەلەيمەن. نۇتۇقلىرىمدا ياكى يازمىلىرىمدا، مېنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئاللىقانداق بىرەر جايىنىڭ بارلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. شۇڭا، نۇرغۇن خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ كېلەلىدىم، ۋاقتىنىمۇ ناھايىتى ئاز ئىسراپ قىلدىم. تەجرىبىلەر ماڭا شۇنى ئۆگەتتىكى، سۈكۈت ـــ ھەقىقەتكە بېيئەت قىلغان ئادەمنىڭ مەنىۋى ئىستىقامىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. ھەقىقەتنى غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز كۆپتۈرۈش، يوق قىلىش ياكى كىچىكلىتىش ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ بىر خىل تۇغما ئاجىزلىقى، بۇ خىل ئاجىزلىقنى يېڭىش ئۈچۈن سۈكۈت قىلىش زۆرۈر. سۆزى قىممەت بىر ئادەمنىڭ ئويلاشماي قىلغان گېپى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئۇ ھەربىر گەپنى دەڭسەپ قىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئالدىراپ ـ تېنەپ گەپكە ئېغىز يۈگۈرتىدىغان

كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى كۆپ. يىغىن رەئىسى باغاق تەلپى بويىچە سۆزلىمەيدىغان ئىشتىن ئاغرىنمايتتى، لېكىن بىر ئادەمگە سۆزلەشكە ئىجازەت بېرىلسە، ئۇ ھەممىشە ۋاقىتنى ئۇزارتىۋېتەتتى، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىپ، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ كېتەتتى، سېنىڭ رۇخسەت قىلغان ـ قىلمىغىنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايتتى. مانا شۇنداق پاراڭلارنىڭ پايدىسى يوقىدىغانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ نېمىدېگەن ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ـ ھە! ئۇياتچانلىقىم مېنى قوغداپ قالغانىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە ئىجازەت، ھەقىقەتنى تونۇۋېلىشىمغا ياردەم بەردى.

## ئون توققۇزىنچى باب

## سەمىمىيەتسىزلىكنىڭ زىيىنى

40 يىل ئىلگىرى ئەنگلىيەگە بېرىپ ئوقۇغان ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى، ئۇلار ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان بولسىمۇ، بويتاق قىياپىتىگە كىرىۋالاتتى. ئەنگلىيەلىك ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى توي قىلمىغانلار ئىدى. ئۇلار ئوقۇش بىلەن نىكاھلىق تۇرمۇشنى بىللە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. قەدىمكى ھىندىستاندا مۇۋاپىق بىر ئادەت بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى ئوقۇغۇچىلار «بىراھماچارى» دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن، يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بىزدە بالا نىكاھ تۈزۈ - مى پەيدا بولدى. بۇنى ئەنگلىيەدىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەنگلى - يەدە ساياھەتتە بولغان ياكى ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھىندى ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىكاھلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن خىجىل بولاتتى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلماسلىقتىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئەگەر كىشىلەر ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپسا، ئۇ ياشلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئائىلىلەردىكى ياش قىزچاقلار بىلەن بىللە تاماشا قىلالمايتتى ۋە ئوينىيالمايتتى. ئويۇنغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارغا مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ ھەربىر ياش بىرلا جورا تاللىسىلا بولىدۇ، ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بۇ خىل ئالاقىسى ئۇ يەردە ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. ۋاھالەنكى، ھىندى ياشلىرى ئەنگلىيەگە بارغان ھامان بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئەنگلىيە ياشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن تەبىئىي، خۇددى بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. مەن بۇ

خىل ئىزنىقتۇرۇشلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بەزى ھىندى ياشلىرىنى ئۇچراتقانمەن. چۈنكى، ئۇلار دائىم ئەنگلىيەلىك قىزلار بىلەن بىللە ئويناش ئەنگلىيە ياشلىرى ئۈچۈن ھېچ گەپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھىندى ياشلىرى ئۈچۈن قالتىس ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى يوقتۇرۇپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن بويتاق يىگىت بولۇۋالغانىدىم. مەن ئاللىقاچان ئايال يۈزى كۆرگەن ھەم ئاتا بولۇپ قالغان بىر ئادەم بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈمنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان بۇ ئىشتىن ھېچقانداق خۇشاللىق ھېس قىلالمايتتىم. پەقەت ئېھتىيات قىلغان ۋە ئىزا تارتقانلىقىم ئۈچۈنلا، تېخىمۇ چوڭقۇر ئازابقا پېتىپ كەتكەنىدىم. مەن ئۆزۈم گەپ ئاچمىسام، مەن بىلەن پاراڭلىششقا ۋە ماڭا ھەمراھ بولۇپ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىشكە قايسى قىز ئۆزلۈكىدىن ماقۇل بولىدۇ؟

مەن ئەسلىدىنلا بىر ئاز قورقۇنچاق ئىدىم، لېكىن ئېھتىياتمۇ قىلاتتىم. بىر قېتىم مەن ۋېنتنوردا بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم. بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ بىر يوسۇنى بار ئىدى، غوجىدار ئايالنىڭ قىزلىرى مېھماننى ئېلىپ سەيلە قىلاتتى. بىر كۈنى غوجايىنىمنىڭ قىزى مېنى ۋېنتنور (Ventnor)غا يېقىن جايدىكى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان بىر تاغقا ئاچىقتى. مەن يول ماڭسام ئاستا ماڭمايتتىم، لېكىن بۇ قىز مەندىنمۇ ئىتتىك ماڭاتتى، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋېتىپ ئاغزى بېسىقماي ۋاتىلدايتتى. مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن گەپلىرىگە ئاربلاپ ـ ئاربلاپ «ھە» ياكى «ياق»لا دەپ قوياتتىم. بەزىدە «راستىمۇ»، «نېمىدېگەن گۈزەل!» دەيتتىم. ئۇ ئالدىمدا قۇشتەك پەرۋاز قىلاتتى، مېنىڭ بولسا ئىچىم پۇشاتتى، مەن قاچان ئۆيگە قايتىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىز تاغ چوققىسىغىچە چىقتۇق. لېكىن، قانداق چۈشۈشىمىز بىر گەپ بولدى. ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغان بولسىمۇ، 25 ياشلىق بۇ تېتىك قىز پەسكە ئوقتەك تېز چۈشۈپ كەتتى. مەن خىجىل بولغان ھالدا پەسكە تەستە چۈشمەكتە ئىدىم. ئۇ تاغ ئېتىكىدە پىخىلداپ كۈلگىنىچە مېنى تېرىكتۈرەتتى، يەنە تېخى ئۈستىگە چىقىپ، مېنى يۆلىۋالماقچى بولاتتى. مەن نېمىشقا بۇنداق قورقۇنچاقلىق قىلىدىغاندىمەن؟ مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ

ئۆمىلەپ مېڭىپ دېگۈدەك ئاخىر تاغدىن چۈشكەن بولدۇم. ئۇ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە «نېمىدېگەن قىزىق، نېمىدېگەن قىزىق» دېگىنىچە مېنى تېخىمۇ خىجىل قىلاتتى.

ھالبۇكى، مەن بالا ـ قازادىن يەنىلا قۇتۇلالمىدىم، چۈنكى پەرۋەر ـ دىگار مەندەك سەمىمىيەتسىز چىقاننى كېسىۋەتمەكچى بولغانىدى. بىر كۈنى مەن برىگتون (Brighton)غا باردىم، ئۇ ۋېنتنوردىن قېلىشمايدىغان يازلىق سەيلىگاھ ئىدى، بۇ مەن ۋېنتنورغا بېرىشتىن بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى. مەن ئۇ يەردىكى بىر سارايدا ئولتۇرۇپ بۇرژۇئا ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بىر قېرى تۇل خوتۇن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ئەنگلىيەگە كەلگەن تۇنجى يىلىم ئىدى. مېھمانخانىدىكى تاماق تىزىملىكى فىرانسۇزچە يېزىلغانىدى، ئۇ چاغدا مەن تېخى فىرانسۇز ـ چىنى بىلمەيتتىم. تەلىيىمگە بۇ قېرى خانىم بىلەن بىر ئۈستەلدە بولۇپ قاپتىمەن. ئۇ مېنىڭ يوچۇن بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى، تەڭقىس ـ لىقتا قېلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ، دەرھال ماڭا ياردەملەشكىلى كەلدى. ئۇ: «سىز بۇ جايغا بايىلا كەلگەن ئادەمدەك قىلىسىز، بۇ جاينىڭ ئۇي ـ چوڭقۇرى بىلەنمۇ ئانچە تونۇش ئەمەستەك قىلىسىز. نېمىشقا قورۇما بۇيرۇتمايسىز؟» دېدى. ئاق كۆڭۈل خانىم بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا مەن قورۇما تىزىملىكىنى خەتمۇخەت ئوقۇپ، خىزمەتچىدىن بۇ قورۇ ـ مىلارنىڭ نېمىدىن تەييارلىنىدىغانلىقىنى سورىماقچى بولۇپ تۇراتتىم. ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى ئېيتىپ، فىرانسۇزچىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى، قايسى قورۇمىنىڭ گۆشسىز قورۇما ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قىيىنىلى ـ ۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم.

ــ مەن سىزگە ياردەم قىلاي، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن تىزىملىكنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، سىزگە نېمىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي.

مەن ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خانىم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، كېيىن بىز ئۆزئارا دوست بولۇپ قالدۇق. مەن ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا ۋە ئەنگلىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە بۇ خىل دوستلۇقنى ئۈزۈپ قويمىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ لوندوندىكى ئادرېسىنى ماڭا بەردى، مېنى ھەر

يەكشەنبە كۈنى ئۆيىگە كېلىپ تاماق يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. بەزىدە مېنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، مېنىڭ خىجىلچانلىقىمنى يېڭىشىمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماڭا بەزى ياش قىزلارنى تونۇشتۇرۇپ، مېنى ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا يېتەكلەيتتى. ئالاھىدە گەۋدىلىكى شۇكى، ئۇ مېنى ھەمىشە ئۆزى بىلەن بىللە تۇرىدىغان ياش بىر قىز بىلەن سۆھبەتكە سېلىپ، ئىككىمىزنى يالغۇز قوياتتى.

مەن دەسلەپتە بەكمۇ تەڭلىك بولدۇم، مەن پاراڭنى باشلىيالمايتتىم، چاقچاقمۇ قىلالمايتتىم، لېكىن ئۇ ماڭا باشلاپ بېرەتتى. مەن بۇنىڭغا ئادەتلىنىشكە باشلىدىم، ئۇزاق ئۆتمەي يەكشەنبە كۈنى بولۇشىنى كۈتىدىغان، بۇ ياش قىز بىلەن پاراڭلىشىشنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ موماي تورنى بارغانسېرى كەڭ يېيىشقا باشلىدى، ئۇ بىزنىڭ ئۇچرىشىشىمىزدىن خۇشال ئىدى. بەلكىم بىزگە قارىتا ئۇنىڭ ئايرىم ئويلىغانلىرى باردۇر. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغانلىقىمنى مومايغا بالدۇرراق ئېيتىمىغانلىقىمدىن ئۆكۈنەتتىم، ئۇ ھالدا ئۇ ئىككىمىزگە چاي ئىچۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرمىغان بولاتتى. گەرچە قوي يىتكەندىن كېيىن قوتاننى تۈزەشتۈرگەندەك ئىش بولسىمۇ، ھازىر يەنىلا كېچىكتىم دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر ھازىر ھەقىقىي ئەھۋالنى جاكارلىسام، كېيىن يۈز بېرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىكتىن ساقلانغىلى بولاتتى. مەن بىر قارارغا كەلدىم ـ دە، ئۇنىڭغا مۇنداقراق مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازدىم.

*«بىز بىرىنچى تونۇشقاندىن بۇيان سىز ماڭا ئىنچىل ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدىڭىز، سىز ماڭا خۇددى ئانا ئۆز ئوغلىدىن خەۋەر ئالغاندەك قارىدىڭىز. سىزمۇ مېنىڭ توي قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان بولسىڭىز كېرەك، شۇڭا ماڭا بەزى ياش قىزلارنى تونۇشتۇردىڭىز. ھازىر مەن چاتاق چىقامدىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ دوستانىلىقىڭىزغا مۇناسىپ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ئالدىڭىزدا ئېتىراپ قىلماقچىمەن. مەن بۇلارنى سىزنى يوقلاپ كەلگەنلىرىمدە ئېيتىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئاللىقاچان توي قىلىپ بولغان ئادەممەن. ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان*

ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توي قىلغانلىقىدەك بۇ پاكىتنى يوشۇرىدىغانلىقى ماڭا مەلۇم، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ھازىر شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، مەن ئۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، مەن يەنە سىزگە شۇنى ئېيتىشىم زۆرۈركى، مەن بالا ۋاقتىمدىلا توي قىلغانمەن، يەنە كېلىپ بىر بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان ئادەممەن. مەن بۇ ئىشنى شۇنچە ئۇزاققىچە سىزگە ئېيتماي كەلگەنلىكىمدىن ئىچ ـ ئىچىمدىن خاۋاتىرلەنمەكتىمەن. لېكىن، خۇشاللىنارلىقى شۇكى، پەرۋەردىگار شۇ تاپتا ماڭا راست گەپنى ئېيتقۇدەك جۈرئەت بەردى. سىز مېنى كەچۈرەرسىزمۇ؟ سىزگە ئېيتسام، مەن سىز ياخشى كۆڭلىڭىز بىلەن ماڭا تونۇشتۇرغان ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق تاپتىن چىققان ھەرىكەتتە بولمىدىم. مەن ساقلاشقا تېگىشلىك قائىدىنى بىلىمەن. سىز مېنىڭ خوتۇن ـ بالىچاقىلىق بىر ئەر ئىكەنلىكىمنى بىلمىگەچكە، ئىككىمىزنىڭ ئەپلىشىپ قېلىشىنى تەبىئىي خالىغانسىز. بۇ ئىشنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەقىقىي ئەھۋالنى سىزگە ئېيتماي تۇرالمايمەن.

ناۋادا بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مېنى دوستانە كۆڭلىڭىز ئالدىدا قەرزدار ھېسابلىسىڭىز، مەن ھەرگىزمۇ ئاغرىنمايمەن. مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان سەمىمىي دوستلۇقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ناۋادا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مېنى يەنىلا ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كۆرسىڭىز، مېنى غەمخورلۇقىڭىزغا يەنىلا لايىق دەپ ھېسابلىسىڭىز، مەن تولىمۇ خۇشال بولىمەن ھەمدە بۇنى سىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزنىڭ يەنىمۇ يۇكسەك نامايەندىسى دەپ بىلىمەن.»

ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمكى، مەن بۇ خەتنى بىر يولىلا يازغان ئەمەسمەن. مەن ئۇنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتكەنىدىم. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى غەملەرنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ خانىم ماڭا دەرھال جاۋاب خەت يازدى. خەتنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن مۇنداق ئىدى:

«مەن سىزنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. بىز ئىككىمىز ئوخشاشلا ناھايىتى خۇشال بولدۇق ھەمدە پۇخادىن چىققۇچە كۈلۈشتۇق. سىز تىلغا ئالغان سەمىمىيەتسىزلىكىڭىزگە دائىر سەۋەنلىكىڭىزنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن، سىز بىزنى پاكىتتىن خەۋەردار قىلال-

دىڭىز، بۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن سىزنى يەنىلا تەكلىپ قىلىمەن، يەنە كېلىپ بىز سىزنىڭ كېلەر يەكشەنبە كۈنى بىز بىلەن كۆرۈشكەندە بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ بالا نىكاھلىق بولغانلىقىڭىزغا دائىر ھەممە ئىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى بىزدىن ئايىمىغايسىز، بىزنى يۇخادىن چىقىقۇچە كۈلدۈرۈشىڭىزگە تىلەكداشمىز. ئەجەبا، سىزگە يەنە كاپالەت بېرىشىمىزنىڭ ئورنى بارمىدى؟ بىزنىڭ دوستلۇقىمىز بۇ ئىشنىڭ تەسىرىگە قىلچە ئۇچرىمايدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ سەمىمىيەتسىزلىكىدىن چىققان جارا ـ ھەتنى سىقنۇەتتىم ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زۆرۈر تېپىلسىلا، مەن ئۆزۈمنىڭ توي قىلغانلىقىمنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىدىغان بولدۇم.

## يىگىرمىنچى باب

# ھەر خىل دىنلار بىلەن ئۇچراشتىم

مەن ئەنگلىيەگە كەلگەن ئىككىنچى يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى تېئوسوفىست[1] بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى توي قىلمىغانىدى. ئۇلار ماڭا «گىتا سانالىرى»[2] ھەققىدە گەپ ئاچتى. ئۇلار ئېدۋىن ئارنولد تەرجىمە قىلغان «ئەرش قەسىدىسى»نى ئوقۇۋاتقان بولۇپ، مېنى ئۇزلىرى بىلەن ئەسلىي تېكىستنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن خىجىللىق ھېس قىلىپ قالدىم. چۈنكى، مەن ئۇ ئىلاھىي قەسىدىنىڭ سانسكرىتچىسى ياكى گۇجاراتچىسىنى ئوقۇپ باقمىغانىدىم. «گىتا سانالىرى»نى ئوقۇپ باقمىغانلىقىمنى ئېيتماي بولمىدى، گەرچە سانسكرىتچە بىلىمىم چاغلىق بولسىمۇ، ئەسلىي تېكىستكە بولغان چۈشەنچەم تەرجىمىدىكى خاتالىقلارنى تېپىۋېلىشىمغا يېتەتتى. شۇڭا، مەن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە «گىتا سانالىرى»نى ئوقۇشقا باشلىدىم، ئىككىنچى بابتا مۇنداق بىرنەچچە مىسرا بار بولۇپ، ئۇلار ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. بۇ مىسرالار ھازىرغىچىلىك قۇلىقىم تۈۋىدىن كەتمەيدۇ.

---

[1] تېئوسوفىست ــ (تېئوسوفىيە theosophist) ئىلاھ، ئالەم ۋە ئۆزلۈك ھەققىدىكى ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغۇچى. ئۇلار سىرلىق شەخسىي تۇيغۇ ئارقىلىق تەبىئەتتىن تاشقىرى سېزىمگە ئىگە چىنلىقنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

[2] بۇ يەردە «گىتا ـ گوۋىندا ھەمدۇسانالىرى» (Gita ـ Govinda) كۆزدە تۇتۇلغان، ئېيتىلىشىچە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە ئۆتكەن بىر لىرىك شائىر جايا ـ دېۋا (jaya ـ deva) زۇلمەت تەڭرىسى (كىرىشنا) نىڭ دەسلەپكى يىللاردىكى چوپانلىق تۇرمۇشىنى مەدھىيەلەپ يازغانىكەن. گوۋىندا ــ زۇلمەت دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كىشى ھېسقا بېرىلسە، ھېسلار ئۇنى رام ئېتەر،
يېتەر ئۇندىن مايىللىق، ھەۋەس دىلنى جام ئېتەر؛
ھەۋەس بىرلە تۇغۇلار نەپسانىيەت بالاسى،
نەپسانىيەت بارچىنى پايمان ئېتەر، خار ئېتەر:
بەھرەم تاپار روھمۇ ھەم، تەن يوقلۇققا مۇجەسسەم،
قاشا يوقتۇر بۇزۇلماس، ئۇلۇغلۇقتىن يوق ئەسەر.

بۇ كىتاب ماڭا بىباھا گۆھەردەك تۇيۇلغانىدى. كىتابنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى، تا ھازىرغا قەدەر مەن ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشىدىكى تەڭداشسىز ئەسەر دەپ قارايمەن. ئىچىم پۇشۇپ قالغان چاغلىرىمدا بۇ كىتاب ماڭا قىممەتلىك ياردەملەرنى بېرەتتى. مەن بۇ كىتابنىڭ بارلىق ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنى قالدۇرماي دېگۈدەك ئوقۇپ چىقتىم، مېنىڭچە ئارنولدنىڭ تەرجىمىسى ئەڭ ياخشى چىققانىدى، ئۇ ئەسلىيسىگە ئىنتايىن سادىق ئىدى، ئوقۇسا كىشىگە تەرجىمىدەك تۇيۇلمايتتى. مەن بۇ دوستلىرىم بىلەن «گىتا سانا-لىرى»نى ئوقۇغان بولساممۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا بۇنى مۇتالىئە دېگىلى بولمايتتى. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئۇ ئاندىن مېنىڭ كۈندىلىك زۆرۈر ئوقۇشلۇقۇم بولۇپ قالدى.

بۇ ئىككى دوستۇم ماڭا يەنە ئېدۋىن ئارنولد يازغان «ئاسىيا نۇرى» دېگەن كىتابنى تونۇشتۇردى. مەن ئىلگىرى ئۇنى «ئەرش قەسىدىسى»نىڭ ئاپتورى دەپلا بىلەتتىم، مۇشۇ كىتابنى ئۇچراتقانغا قەدەر، مەن ئۇنى ئوقۇپ «گىتا سانالىرى»دىنمۇ جەلپكار ئىكەن دەپ ھېس قىلغانىدىم. كىتابنى ئوقۇپلا قالسام، قولۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمەيتتى. بىر قېتىم ئۇلار مېنى بىلاۋسكىي (Blavatsky)نىڭ تۇرالغۇسىغا ئاپىرىپ، مېنى بىلاۋسكىي خانىم بىلەن بېسانت (Besant) خانىمغا تونۇشتۇردى. ئۇ چاغدا بېسانت خانىم دېئوسوپىيە جەمئىيىتىگە ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى مۇنازىرىلىرى مېنىڭ غايەت زور قىزىقىشىمنى قوزغىدى. بۇ دوستلار مېنى جەمئىيەتكە كىرىشكە دەۋەت قىلدى، مەن بۇنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلدىم. مەن: «ئۆز دىنىمغىمۇ ھېچقانچە ئىشەنچىم بولماي تۇرۇپ، باشقا دىنىي تەشكىلاتلارغا كىرمەيمەن» دېدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن مۇشۇ ئىككى دوستۇمنىڭ دەۋىتى

بىلەن بىلاۋسكىي خانىمنىڭ «دېئوسوپىيەدىن ساۋات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتاب مېنىڭ ھىندى دىنىغا دائىر قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇش ئارزۇيۇمنى قوزغىدى، شۇنىڭدەك مىسسىيونېرلار بازارغا سالغان، ھىندى دىنى خۇراپاتلىق بىلەن تولغان، دېگەن قاراشلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتى.

ئەتىمالىم ئاشۇ كۈنلەردە مەن گۆشسىز تاماق ئېتىدىغان بىر تاماقخانىدا مانچېستېر (Manchester)دىن كەلگەن بىر ئاق كۆڭۈل خرىستىيان بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مەن بىلەن خرىستىيان دىنى توغرۇلۇق سۆزلەشتى، مەن راجكوتىكى كەچۈرمىشلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ئاڭلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ: «مەن دېگەن گۆشسىز تاماق يېيىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھاراق ـ شارابمۇ ئىچمەيمەن. نۇرغۇن خرىستىيانلار گۆشمۇ يەيدۇ، ھاراقمۇ ئىچىدۇ. بۇنىسى شەك ـ شۈبھىسىز. لېكىن، گۆش يەپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىش ‹ئىنجىل›دا كۆرسىتىلگەن ئەمەس. سىز ‹ئىنجىل›نى ئوقۇپ باقسىڭىزلا چۈشىنىسىز» دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ ‹ئىنجىل›دىن بىرنى سېتىۋالدىم. غۇۋا ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇمۇ ھەمىشە ‹ئىنجىل› تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، مەن ئۇنىڭدىن خەرىتىلىك، ئىندېكسلىق ۋە باشقا ئارتۇقچىلىقلىرى بار ئىنجىلدىن بىرنى سېتىۋالدىم. مەن ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدىم، لېكىن «كونا ئەھدە» (تەۋرات)نى ئوقۇپ بولۇشقا ئامالسىز قالدىم. «دۇنيانىڭ يارىتىلىشى»نى ئوقۇپ بولۇپ، كېيىنكى بىرنەچچە بابقا كەلگەندە مېنى مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. باشقىلارغا «ئىنجىل»نى ئوقۇغانلىقىمنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن، ‹ئىنجىل›نىڭ قالغان پارىلىرىنىمۇ زورۇقۇپ دېگۈدەك ئوقۇپ تۈگەتتىم، قەلبىمدە قىزىقىشىمۇ يوق ئىدى ھەم ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيتتىم. ماڭا ئەڭ ياقمىغىنى «مىدبار» (تەۋراتنىڭ 4 ـ جىلدى)، يەنى «ئاھالە» ئىدى.

ھالبۇكى، «يېڭى ئەھدە» («ئىنجىل») كىشىگە باشقىچە تەسىر بېرەتتى. بولۇپمۇ «تاغدىكى تەلىم» قەلب قەسىرىمنى لەرزىگە سالدى.

مېنىڭچە، ئۇ «گىتا سانالىرى» بىلەن ھۆسن تالىشالايتتى. ئۇنىڭدا مۇنداق گەپلەر بار ئىدى: «سىلەرگە ئېيتايكى، قەبىھلەر بىلەن قارشىلاشماڭلار، بەزىلەر ئوڭ كاچىتىڭلارغا ئۇرسا، سول كاچىتىڭلارنى تۇتۇپ بېرىڭلار؛ ئەگەر بىراۋ سىلەرنىڭ كۆڭلىكىڭلارنى تەلەپ قىلسا، چاپىنىڭلارنىمۇ سېلىپ بېرىڭلار.» مەن بۇ جايلارنى ئوقۇۋېتىپ قاتتىق ھۇزۇرلاندىم ھەمدە شامال بات (Shamal Bhatt)نىڭ «بىر چىنە سۇ

بەرگەنگە بەرگەيمەن مەن ئاش ـ تائام» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدى. مەن ياشلىق قەلبىمدە «گىتا سانالىرى»، «ئاسىيا نۇرى» ۋە «تاغدىكى تەلىم»دىكى ساۋاقلارنى، ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇناتتىم. تەرك ئېتىش، نەپ قوغلاشماسلىق دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى بولۇپ، ئۇ مەن ئۇچۇن چەكسىز رىغبەت ئىدى.

مەن ئوقۇغان بۇ بىرنەچچە كىتاب مېنىڭ باشقا ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭمۇ ھاياتىنى تەتقىق قىلىش ھەۋىسىمنى قوزغىدى.

بىر دوستۇم ماڭا كارلىل (Carlyle)نىڭ «قەھرىمانلار ۋە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش» دېگەن كىتابىنى تونۇشتۇردى. مەن كىتابنىڭ «پەيغەمبەرلەر قەھرىماندۇر» دېگەن بابىنى ئوقۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، باتۇرلۇقىنى ۋە جەددىي تۇرمۇشىنى چۈشەندىم.

مېنىڭ مۇشۇنچىلىك دىنىي چۈشەنچەم بار ئىدى، شۇڭا مېنىڭ، ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭدىن ئارتۇق دىنىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا قۇربىم يەتمەيتتى، چۈنكى مەن ئىمتىھان بېرىمەن دەپ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدىم، باشقا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ۋاقتىم يوق ئىدى. لېكىن، قەلبىمدە بۇنىڭدىن كېيىن دىنىي كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇپ، بارلىق ئاساسلىق دىنلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمەن، دېگەن نىيەتكە كېلىپ بولغانىدىم.

لېكىن، بۇنىڭغىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاتېئىزملىق بىلىمىم بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ھەربىر ھىندىستانلىق برادلوۋ (Bradlaugh) دېگەن ئىسمنى ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش ئاتېئىزمىنى بىلىدۇ. مەن ئاتېئىزمغا دائىر بىر كىتابنى ئوقۇغانىدىم. لېكىن، قايسى كىتابلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. بۇ كىتاب ماڭا ھېچقانداق تەسىر قىلمىغانىدى. چۈنكى، مەن ئاتېئىزم چۆلىدىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىدىم. بېسانت خانىم ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر شەخس ئىدى، ئۇ ئاتېئىسلىقتىن دىندارلىققا بۇرالغانىدى. بۇ پاكىتمۇ مېنىڭ ئاتېئىزمغا بولغان قارشىلىقىمنى كۈچەيتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ «مەن قانداق قىلىپ بىر دېئوسوپىستقا ئايلاندىم» دېگەن كىتابىنى ئوقۇغانىدىم.

ئالاھازەل ئاشۇ كۈنلەردە برادلوۋ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ۋوركىڭ (Working) قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى. مەن ئۇنىڭ دەپنىسىگە قاتناشتىم. چۈنكى، مەن لوندوندا تۇرۇۋاتقان ھىندىستانلىقلارنىڭ

ھەممىسى ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىششى كېرەك دەپ قارايتتىم. يەنە بىر نەچچە پوپمۇ دەپنە مۇراسىمىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئاخىرقى ئېھتىراممىنى بىلدۈردى. بىز مېيىتنى ئۇزىتىپ قايتىپ كېلىپ، چىملىقتا ماشىنا ساقلاپ تۇراتتۇق، كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر دەھرىي بىر پوپتىن سورىدى:

— ئەپەندى، سىز پەرۋەردىگارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

— ئىشىنىمەن، — دېدى ھېلىقى پوپ مۇلايىم ئاۋازدا.

— سىزمۇ يەر شارى دىيامېتىرىنىڭ 28 مىڭ ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى توغرا تاپامسىز، قانداق؟ — دېدى ئۇ دەھرىي ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈپ.

— ئەلۋەتتە.

— ئۇنداقتا، ماڭا ئېيتىڭە، سىزنىڭ پەرۋەردىگارىڭىز زادى قانچىلىك، ئۇ زادى نەدە؟

— بولىدۇ، پەقەت بىز چۈشەنسەكلا، ئۇ ئىككىلىمىزنىڭ قەلبىدە.

— بولدى، بولدى، مېنى كىچىك بالا چاغلىماڭ، — دېدى ئۇ دەھرىي بىزگە غالىبلارچە قاراپ.

ھېلىقى پوپ كەمتەرلىك بىلەن قايتا ئۇندىمىدى.

بۇ گەپلەر مېنىڭ ئاتېئىزمغا بولغان غەيرىي قارىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## راما ئاجىزلارغا كۈچ ئاتا قىلىدۇ①

مېنىڭ ھىندى دىنى ۋە دۇنيادىكى باشقا دىنلار بىلەن ئۇچرىشىپ تونۇۋاتقىنىمغا خېلى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنچىلىك بىلىملىرىم بىلەن ئالدىمدىكى سىناقلاردا نىجاتلىق تاپالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. بىر ئادەم مەلۇم بىر سىناقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۆزىگە زادى نېمىنىڭ يار ـ يۆلەكتە بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، ئالدىن بىلىش دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. ناۋادا پەرۋەردىگارغا ئىشەنمەيدىغان بىر ئادەم بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى پۇتۇنلەي تەلەيگە باغلايدۇ؛ ئەگەر پەرۋەردىگارغا ئىشىنىدىغان بىر ئادەم بولسا، ئۇ بۇنى پەرۋەردىگارنىڭ نىجاتكارلىقىدىن بولدى دەيدۇ. ئۇ شۇنداق بىر يەكۈنگە كېلىدۇكى، قەلبىدە ئۆزىگە يار ـ يۆلەكتە بولۇۋاتقان نەرسىنى ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ياكى ئۆزىنىڭ مەنىۋى تەرتىپلىرىدە كۆرۈلگەن تەسىرىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ خالاسلىقتا ئېرىشكەندە بولسا، ئۆزىگە نىجاتلىق ئاتا قىلغان نەرسە ئۆزىنىڭ مەنىۋى تەرتىپلىرى ياكى باشقا نەرسە ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن ئېپتىخارلىنىدىغان ئاشۇ كىشىلەر پۈتۈن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان سەجدىنى كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ بىر خىل دىنىي بىلىم بىلەن ئۆز تەجرىبىسىدىن كەلگەن بىلىم ئوخشاشمايدۇ. مۇشۇنداق بىر مەنىۋى تەجرىبىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان

① ئەسلىي تېكىستى: Nirbala ke bala Rama سۇرداس (Surdas) نىڭ مەشھۇر قەسىدىسىدىكى نەقرات بولۇپ، ئۇنى «ھىمايىسىزلارغا ياردەم بېرىدۇ، ئاجىزلارغا كۈچ ئاتا قىلىدۇ» دەپ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىش مۇمكىن.

بىر چاغدا، بۇ ئويۇندىن باشقا نەرسە بولۇپ تۇيۇلمايدۇ.

مەن ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقىنىمدا دىنىي بىلىمگىلا تايىنىشنىڭ ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدىم. مەن ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن بىرنەچچە قېتىملىق ئىشلاردا قانداق نىجاتلىق تاپقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن تولىمۇ ياش ئىدىم. لېكىن، ھازىر 20 ياشقا كىردىم، خوتۇن ـ باللىق بولدۇم، بەزى تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئېرىشتىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئەنگلىيەدە تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى يىلى، يەنى 1890 ـ يىلى پورتسموس (Portsmouth)تا بىر قېتىملىق گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر يىغىنى ئېچىلدى، بىر ھىندى دوستۇم بىلەن مەن تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالدۇق. پورتسمۇت بىر پورت ئىدى، ئۇ يەردە نۇرغۇن دېڭىز ئارمىيە خادىملىرى تۇراتتى. ئۇ جايدا نام ـ ئاتىقى يامان ئاياللار كۆپ ئىدى، ئۇلارنى ھەقىقىي پاھىشە دېگىلى بولمايتتى، لېكىن شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئەخلاقىمۇ دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئۆيىدە تۇردۇق. تەبىئىيكى، كۇتۇۋېلىش كومىتېتى بۇنى ئازراقمۇ بىلمەيدىكەن، پورتسموستەك مۇنداق بىر شەھەرگە، بىزدەك ئاندا ـ ساندا كېلىپ قالىدىغان مېھمانلارنىڭ تۇزۇكرەك تۇرالغۇ تاپالىشى ئەسلىدىنلا تەس ئىدى.

بىز يىغىندىن كېيىن كەچتە ياتاققا قايتتۇق، كەچلىك تاماقتىن كېيىن قارتا ئويناپ ئولتۇردۇق، ئايال غوجايىنىمىزمۇ كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئوينىدى، بۇ ئەسلىدە ئەنگلىيەنىڭ بىر ئادىتى بولۇپ، يۇقىرى قاتلامغا تەۋە ئائىلىلەردىمۇ مۇشۇنداق ئىدى. قارتا ئوينىغان ھەربىر ئادەم ھېچكىمنىڭ زىتىغا تەگمەيدىغان پاراڭدىن بىرنى سۆزلەشى شەرت ئىدى. لېكىن، دوستۇم بىلەن ئايال غوجايىنىمىز بىرمۇنچە تېتىقسىز گەپلەرنى قىلدى. مەن تېخى دوستۇمنىڭ بۇنىڭ ئەھلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇلارنىڭ پارىڭى دىققىتىمنى تارتتى، بۇنىڭغا مەنمۇ كېلىپ قاتناشتىم. مەن چەكتىن ھالقىپ قولۇمدىكى قارتىلارنى تاشلاپ ئوينىماي دەپ تۇرسام، پەرۋەردىگارىم بۇ ياخشى ھەمراھىم ئارقىلىق ئادەمنى خۇش قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى: «بۇ لەنىتى خىيال ساڭا نەدىن چاپلاشتى، كەت، كەت، تېز بول».

مەن خىجىل بولدۇم، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى توغرا تاپتىم، دوستۇمدىن چىن قەلبىمدىن مىننەتدار بولدۇم. ئانامنىڭ ئالدىدا قىلغان قەسە-

مېنى ئويلاپ، سورۇندىن قېچىپ چىقىپ كەتتىم. كېيىم چۈشكەن، لاغ - لاغ تىترىگەن هالدا ئالاقزادە بولۇپ هۇجرامغا قايتتىم. بۇ ۋاقىتتا مەن گويا ئوۋچىدىن قېچىپ ماڭغان بىر جانىۋارغىلا ئوخشىشىپ قالغانىدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ ئايالىمدىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆڭلۈمنى چالغىتقان ئايال ئىدى. شۇ كېچىسى مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدىم، هەر خىل خىياللار مېنى ئاۋارە قىلاتتى. مەن بۇ ئۆيدىن ئايرىلىشىم كېرەكمۇ؟ بۇ جايدىن كېتىشىم كېرەكمۇ؟ مەن هازىر نەدە؟ ناۋادا ئەقلىمنى يوقاتسام، نېمە ئىشلار يۈز بېرەر؟ مەن بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي ئېهتىياتچان بولۇش قارارىغا كەلدىم، بۇ ئۆيدىنلا ئەمەس، هەتتا پورتسموستىنمۇ ئايرىلماقچى بولدۇم. بۇ يىغىن ئەسلىدە ئىككى كۈن ئېچىلسا تۈگەيتتى، ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز ئەتىسى كەچتە پورتسموستىن ئايرىلدۇق، هەمراهىم ئۇ يەردە قېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە تۇردى.

ئەينى ۋاقىتتا مەن دىن بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ماهىيىتىنى تېخى چۈشەنمەيتتىم، ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزگە زادى قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم، مەن پەقەت شۇنى خىرە - شىرە هېس قىلاتتىمكى، شۇ قېتىمقى دىشۋارچىلىقتىن مېنى پەرۋەردىگار قۇتقۇزۇۋالغانىدى، بېشىمدىن ئۆتكەن بارچە سىناقلارنىڭ هەممىسىدە پەرۋەردىگارنىڭ نىجاتكارلىقىغا ئېرىشكەنىدىم، مەن «پەرۋەردىگار ساقلىدى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى بۈگۈنلا هېس قىلدىم هەمدە بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمەيدىغانلىقىمنىمۇ بىلدىم. مول تەجرىبىلا مېنىڭ ئېنىق چۈشەنچىدە بولۇشۇمغا ياردەم بېرەلەيتتى. لېكىن، بېشىمغا كەلگەن بارلىق سىناقلار، جۈملىدىن مەنىۋى سىناقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت، تەشكىلاتلارنى باشقۇرىدىغان ۋە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەندەك بىر ئادۋوكاتنى پەرۋەردىگار ساقلىدى دېيەلمەيمەن. بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىم بەربات بولۇشقا يۈزلەنگەن، «مەدەتكار»لار مادارىدىن كېتىپ، تەسەللى بەرگۈچىلەرمۇ غايىب بولغان بىر چاغدا، مەن ئالەمدە بارسا كەلمەس يول يوقلۇقىنى هېس قىلدىم. گەرچە مەن هاياتلىق يولىنىڭ قانداق ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ. دۇئا، سەجدە، ئىبادەت خۇراپاتلىق هېسابلانمايدۇ، ئۇلار يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش قاتارلىق ئىش - ئەمەللەردىن تېخىمۇ چىن ۋە سەمىمىي، پەقەت شۇلارلا چىن، قالغان هەممە ساختا،

بۇنداق دېيىش چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكمۇ ئەمەس.

بۇنداق ئىبادەت ۋە دۇئالارنى قۇرۇق گەپ ساتقانلىق ياكى تىلنىڭ ئۇچىدىلا دېيىلگەن گەپ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ چىن يۈرەكتىن چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇھەببەتتىن ئۆزگە ھېچنېمىسى قالمىغاندا، بىز پەقەت ئاشۇ ساپ، بىغۇبار مەنىۋى مەنزىلگە يەتسەكلا، بارلىق تارىلارنى توغرا ئاھاڭغا تەڭشىيەلىسەكلا، «ئۇلار كۈي ـ ناۋالار تەۋرىنىشىدە ھەقىقىي كۈيگە ئايلىنىدۇ ـ دە، ھېچكىمگە غەيرىي تۇيۇلمايدۇ.» دۇئا ـ تىلاۋەتكە گەپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئەسلىدىنلا ھەرقانداق ھېسسىي تىرىشچانلىقتىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەن دۇئا ـ تىلاۋەتنىڭ قەلبتىكى شەھۋانىي ئارزۇلارنى پاكلايدىغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋاستە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن. گەرچە ئۇ كەمتەرلىك بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىشى زۆرۈر بولسىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## نارايان ھېمچاندرا

ئالاھازەل مۇشۇ مەزگىللەردە، نارايان ھېمچاندرا ئەنگلىيەگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ بىر يازغۇچى ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. مەن ھىندى ئۇيۇشمىسىدىكى مەننىڭ (Manning) خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانىدىم. مەننىڭ خېنىم مېنىڭ ئالاقىگە ماھىر ئەمەسلىكىمنى بىلەتتى. مەن ھەر قېتىم ئۇنى ئىزدەپ بارغىنىمدا ئۈن - تىنسىز ھالدا ئولتۇراتتىم. باشقىلارنىڭ سورىغان گەپلىرىگە جاۋاب بەرگەندىن باشقا ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتىم. ئۇ مېنى نارايان ھېمچاندرا تونۇشتۇردى. ئۇ ئىنگلىزچىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تولىمۇ غەلىتە ئىدى، ئۇ قوپال ھەم يىرىك بىر تامبالنى كىيىۋالغانىدى، ئۇچىسىدا پارسلارنىڭكىگە ئوخشاش پۇرلەش ھەم قاسماق جىگەرەڭ كەمزۇل بولۇپ، نە گالستۇك، نە بانتىك دېگەندىن ئەسەر يوق ئىدى، بېشىغا يەنە پۆپۈكى بار تىۋىتلىق ئۇچلۇق بۆك كىيىۋالغان، بومبا ساقال قويۇۋالغانىدى.

تەق - تۇرقى غەلىتە، كىيىم - كېچەكلىرى ئاجايىپ مۇشۇنداق بىر ئادەم بىر مودا جەمئىيەتتە تەبىئىي ھالدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

— مۇبارەك نامىڭىزنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، ئەسەرلىرىڭىزنىمۇ ئوقۇغانمەن، غېرىبانە تۇرالغۇمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسىڭىز، چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن بولاتتىم، — دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە، سىز قەيەردە تۇرىسىز ؟ — دېدى ئۇ جاۋابەن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. نارايان ھېمچاندرانىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ ئىدى.

— ستور (Store) كوچىسىدا.

— ئۇنداقتا بىز قوشنا ئىكەنمىز، مەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىەي دەۋا-تىمەن، سىز ماڭا ئۆگىتىپ قويارسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۆگىتەلىسەملا، چەكسىز خۇشال بولغان بولاتتىم، يەنە كېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا تەييارمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن ھۇزۇرىڭىزغا باراي.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، يەنىلا مەن باراي. مەن يەنە تەرجىمە مەشىقلىرىنىمۇ ئالغاچ كەلدىم.

بىز ۋاقىتنى مۇشۇنداق پۈتۈشتۇق، ئۇزاق ئۆتمەي يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق.

نارايان ھېمچاندرا گىرامماتىكىنى زادىلا بىلمەيتتى. ئۇ «ئات» دېگەن سۆزنى پېئىل دەپ تونۇۋالاتتى؛ «يۈگۈرۈش» دېگەن سۆزنى بولسا ئىسىم دەپ تونۇۋالاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۈلكىلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن ئۆكۈنمەيتتى. مېنىڭ گىرامماتىكا بىلىمىم ناھايىتى چەكلىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدىم. راست، ئۇ ئۆزىنىڭ گىرامماتىكا جەھەتتىكى بىلىمسىزلىكىدىن ھېچقاچان نومۇس قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى.

— مەن سىزگە ئوخشاش رەسمىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان ئەمەس، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — مەن بىر پىكىرنى ئىپادىلىگەن ۋاقتىمدا، ھېچقاچان گىرامماتىكىغا موھتاج بولغان ئەمەسمەن. قېنى، سىزدىن سوراپ باقاي، سىز بېنگالچىنى بىلەمسىز؟ مەن بىلىمەن، مەن بېنگالدا ساياھەتتە بولۇپ باققان، ماخارشى دېۋېندىرانات تاگور (Maharshi Devendranath Tagore)[1] نىڭ ئەسەرلىرىنى گۇجارات تىلىغا تەرجىمە قىلغانمەن، مەن يەنە نۇرغۇن چەت ئەل تىلىدىكى ئەسەرلەرنى گۇجارات تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى ئويلايمەن. سىزمۇ بىلىسىڭىز كېرەك، مېنىڭ تەرجىمەم ئەزەلدىن ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولۇش بىلەن چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، مەن ئەسەرنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ چىقالىساملا قانائەت تاپىمەن. باشقىلارنىڭ بىلىمى مول بولسا، ئېھتىمال كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى قىلار. مەن گىرامماتىكىنى چۈشەنمىسەممۇ، لېكىن قىلغان ئىشلىرىمدىن رازىمەن. مەن مارات تىلى، ھىندى تىلى، بېنگال تىلىنى بىلىمەن، ھازىر يەنە ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

---

[1] ماخارشى دېۋېندىرانات تاگور — ھىندىستاننىڭ مەشھۇر دۇنياۋى شائىرى، رابېندىرانات تاگورنىڭ ئاتىسى، دىنىي ئىسلاھاتچى.

ماڭا كېرىكى مول سۆز بايلىقى، سىز مېنىڭ ئارزۇلىرىمنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنەمدىكىن دەپ ئەنسىرىمەڭ. مەن تېخى فرانسىيەگە بېرىپ فرانسۇزچە ئۆگىنىمەن. ئاڭلىسام، فرانسۇز تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپمىش. مۇمكىن بولسا گېرمانىيەگە بېرىپ نېمىس تىلى ئۆگەنسەم دەيمەن، — ئۇ مۇشۇنداق توختىماي سۆزلەيتتى، ئۇ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش بىلەن چەت ئەللەردە ساياھەتتە بولۇشقا پەۋقۇلئاددە قىزىقاتتى.

— ئۇنداقتا، سىز يەنە ئامېرىكىغا بېرىشنىمۇ ئويلاۋاتامسىز؟

— ئۇ يېڭى قۇرۇقلۇقنى كۆرمەي ھىندىستانغا قانداقمۇ قايتالايمەن.

— لېكىن، سىز ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى نەدىن تاپىسىز؟

— پۇلنى نېمە قىلىمەن، مەن سىزگە ئوخشاش مودا ئەمەسمەن. مېنىڭ قورسىقىم تويسىلا، ئۇچام ئىللىسىلا بولدى، بۇنچىلىك چىقىمنى مەن يېزىقچىلىق ۋە دوستلىرىمنىڭ ياردىمىگە تايىنىپلا جۆندەپ كېتەلەيمەن. مەن ھەمىشە 3 - دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرىمەن. مەن ئامېرىكىغىمۇ پاراخوتنىڭ ئوپچە بۆلۇمچىسىدە ئولتۇرۇپ بارماقچىمەن.

نارايان ھېمچاندرا ئاشۇنداق ئاددىي - ساددا ھەم ئىنتايىن تۈز كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئۇ ئازراقمۇ تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى، پەقەت ئۆزىنىڭ يازغۇچىغا خاس ئىستېداتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى.

بىز كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق. بىزنىڭ ئوي - پىكرىمىز ۋە ئىش - ھەرىكىتىمىز ئومۇمەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ھەر ئىككىلىمىز گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەردىن ئىدۇق. ھەر ھەپتىسى 17 شىللىڭ بىلەنلا كۈن كەچۈرەتتۇق. بەزىدە مەن ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا باراتتىم، بەزىدە ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلەتتى. مەن ئەنگلىيەچە تاماق ئېتەتتىم، ئۇ ھىندىچە تاماقتىن باشقا ھېچنېمىدىن رازى بولمايتتى. تاماق ۋاقتىدا ماش شورپىسى[1] بولمىسا، ئۇنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمەيتتى. مەن ماش شورپىسى قىلاتتىم، لېكىن مېنىڭ ئىشتىھايىمغا ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر ئاز مۇڭ[2] پۇرچىقى تېپىپ، يېنىمغا پىشۇرۇپ ئەكەپتۇ، مەن ئۇنى سۆيۈنگەن ھالدا يېدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئارىمىزدا يېمەكلىك سۇنۇشىدىغان قائىدە بارلىققا كەلدى. ئۇ چاغدا باش روھانىي ماننىنىڭ نامى ھەربىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيتتى. چۈنكى، جون

[1] ماش شورپىسى — ھىندىلار تاماق ۋاقتىدا ھەر ۋاقىت كەم قىلمايدىغان بىر خىل تاماق.

[2] مۇڭ (Mung) — ھىندى پۇرچىقى.

بۆرنىس (John Burns) بىلەن مەنىنىڭ دىيسسىۋنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە پىرىستان ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى بالدۇر ئاياغلاشقاندى. مەن نارايان ھىمچاندراغا دىرىلىنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقىنى قانداق تەرىپلىگەنلىكىنى دەپ بەردىم. ئۇ: «قارىغاندا مەن بۇ ھەزرەت بىلەن كۆرۈشسەم بولغۇدەك» دېدى.

— ئۇ چوڭ ئەرباب، سىز ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشەلەيسىز؟

— نېمە، مېنىڭ ئامالىم بار، ماڭا ۋاكالىتەن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىڭ. ئۇنىڭغا مېنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ئىنسان ـ پەرۋەرلىك خىزمەتلىرىنى يۈزتۆرا تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى ئېيتىڭ، يەنە مېنىڭ ئىنگلىزچە بىلمەيدىغانلىقىمنى، شۇڭا ئۆزىڭىزنىڭ بىللە بىرىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىدىغانلىقىڭىزنىمۇ دەڭ، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ پىكرى بويىچە بىر پارچە خەت يازدىم، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن مەنىنىڭ ئېپىسكوپ بىزنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. شۇڭا، بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى باردۇق. مەن ئادەتتىكى مېھمانلىق كىيىمىمنى كىيدىم، نارايان ھىمچاندرا يەنىلا ھېلىقى تامبىلى بىلەن يەكتىكىنى كىيىۋالغانىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق كىيىنىشلىرىنى زاڭلىق قىلدىم. لېكىن، ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەرگە ئوخشاش مەدەنىي كىشىلەر قورقۇنچاق كېلىسىلەر، چوڭ ئەربابلار بىر ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا دىققەت قىلىدۇ.

بىز ئېپىسكوپنىڭ ئايۋىنىغا كىردۇق. بىز ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا ئېگىز ھەم ئورۇق بىر مويسىپىت چىقىپ، بىز بىلەن كۆرۈشتى. نارايان ھىمچاندرا مويسىپىتتىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن: «مەن سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىشنى خالىمايمەن، بۇيۈك نامىڭىزنى ئىشتىپ كېلىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى، سىزنىڭ ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا قىلغان خىزمەتلىرىڭىز ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىم. مەن ئەزەلدىن دۇنيادىكى مەشھۇر زاتلارنى زىيارەت قىلىپ ئادەتلەنمىگەنمەن، شۇڭا بۇگۈن سىزنى يوقلاپ كەلدىم» دېدى.

بۇ تەبىئىيكى، مېنىڭ تەرجىمەم ئىدى، ئۇ پۈتۈنلەي گۇجاراتچە سۆزلىگەنىدى.

— كەلگىنىڭلاردىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، مەن سىلەرنىڭ لوندوندىكى كۈنۈڭلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە تىلەكداشمەن، شۇنداقلا

www.uyghurkitap.com

سىلەرنىڭ بۇ يەردىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتەلىشىڭلارغىمۇ تىلەك-داشمەن، پەرۋەردىگار سىلەرگە بەخت ئاتا قىلغاي.

ئېپىسكوپ گېپىنى تۈگىتىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىز بىلەن خوشلاشتى.

بىر قېتىم نارايان ھېمچاندرا بىر جىلىتكە ۋە دوتى[1] كىيىپلا قېشىمغا كەلدى، ئاق كۆڭۈل ئايال غوجىدار — بۇ يېڭى غوجىدار ئىدى، ئۇ نارايان ھېمچاندرانى تونۇمايتتى — ئالاقزادە بولغان ھالدا قايتىپ كىردى-دە، «قىياپىتى سارائىغىلا ئوخشىشىدىغان بىر ئادەم سىز بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ» دېدى. مەن دەرھال سىرتقا چىقتىم. كەلگەن كىشى-نىڭ نارايان ھېمچاندرا ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن. راستلا ھەيران قالدىم. ھالبۇكى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەتتىكى تەبەسسۇمدىن باشقا غەيرىي ئىپادە يوق ئىدى.

— كوچىدىكى باللار ئارقىڭىزغا كىرىۋالدىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇلار ماڭا ئەگىشىۋالدى، لېكىن مەن ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم، ئۇلارمۇ غەلۋىسىنى توختاتتى.

نارايان ھېمچاندرا لوندوندا بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ پارىژغا كەتتى. ئۇ راستلا فىرانسۇزچە ئۆگەندى، تېخى فىرانسۇزچە كىتابلارنىمۇ تەرجىمە قىلدى. مېنىڭ فىرانسۇزچە سەۋىيەم ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىنى كۆرۈپ بېرىشكە يېتەتتى. شۇڭا، ئۇ ئارگىناللىرىنى مېنىڭ كۆرۈشۈمگە ئەۋە-تىپ بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تەرجىمە ئەمەس ئىدى، پەقەت كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يېزىپلا قويغانىدى. ئاخىرىدا ئۇ دېگەندەك ئامېرى-كىنى ساياھەت قىلىش ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ ماڭ تەسلىكتە ئامېرىكىغا بارىدىغان پاراخوتنىڭ ئوپچە بۆلۈمچىسىنىڭ بېلىتىنى ئالغانىدى. ئۇ ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن بىر قېتىم ھېلىقى كەمزۇ-لى بىلەن دىخوتىنى كىيىپ كوچىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، «غەلىتە كىيىنگەن» دەپ ئەيىبلىنىپ سوتقا تارتىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەنىدى.

[1] دوتى (dhoti) — ئۇزۇن ھەم كەڭ ئاق رەخت، ئادەتتە ھىندى ئەرلىرى ئىشتان ئورنى-دا بەدىنىگە ئورىۋالىدۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# چوڭ كۆرگەزمە

1890 ـ يىلى پارىژدا بىر قېتىملىق چوڭ كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ تەپسىلىي تەييارلىق ئەھۋالىنى مەن ئاللىبۇرۇنلا گېزىتتىن ئوقۇغانىدىم، يەنە كېلىپ مەندىمۇ پارىژنى كۆرۈپ باقايچۇ دەيدىغان بىر خىل ئوتتەك قىزغىنلىق بار ئىدى. شۇڭا مەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى بولۇپ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پارىژغا باردىم. ئۇ كۆرگەزمىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغىنى ئېگىزلىكى 1000 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان، پۈتۈنلەي تۆمۈردىن ياسالغان ئېففېل تۆمۈر مۇنارى ئىدى. كۆرگەزمىدە كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ مۇنار ئەڭ گەۋدىلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ چاغدا كىشىلەر بۇنچىۋالا ئېگىز قۇرۇلۇشنى يەر يۈزىدە تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى.

مەن پارىژدا بىر گۆشىسىز تاماقخانا بارلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. مەن ئۇ يەردىن بىر ياتاقنى ئېلىپ بىر ھەپتە تۇردۇم. مەن پارىژغا بارغۇچە بولغان سەپىرىم ۋە ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىنكى ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت جەريانلىرىدا، ئىمكانقەدەر تېجەشلىك بىلەن خىراجەت قىلدىم. پارىژنىڭ خەرىتىسى، كۆرگەزمىنىڭ يول كۆرسەتكۈچ خەرىتىسى ۋە قىبلىنەماسى بار ئىدى. بۇ نەرسىلەر بىر ئادەمنى ئاساسلىق كوچا ۋە مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر بار جايلارغا باشلاپ ئاپىرىشقا يېتىپ ئاشاتتى.

بۇ كۆرگەزمە ھەققىدە، مەن ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭ ۋە مەزمۇنىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمەيمەن.

www.uyghurkitap.com

ئېففىل تۆمۈر مۇنارى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مەن يەتتە شىلىڭ خەجلەپ، مۇنارنىڭ 1 ـ قەۋىتىدىكى راۋاقتا بىر ۋاق چۈشلۈك تاماق يېگەنىدىم. پارىژدىكى قەدىمكى چېركاۋلار ھېلىھەم ئېسىمدە. ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى ۋە تىمتاسلىقى مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىزدۇر. پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ كۆركەم قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئىچىدىكى ھەشەمەتلىك ھەيكەللەر ھەم نەپىس بېزەكلەرنى كىشى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە پەرۋەردىگارغا بولغان مۇشۇنداق چەكسىز ھۆرمەت ـ ئېھسان بولمىسا، مىليونلاپ پۇل خەجلەپ بۇنچىۋالا مۇقەددەس ھەيۋەتلىك چېركاۋلارنى سالمىغان بولاتتى، دەپ ئويلىغانىدىم.

بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن مەن پارىژ ھەققىدىكى نۇرغۇن مودا پاراڭلار ۋە رىۋايەتلەرنى ئوقۇغانىدىم. بۇلارنى ھەربىر كوچىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇ چېركاۋلار ئاشۇ مەنزىرىلەردىن خالىي ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئادەم بۇ چېركاۋلارغا كىرگەن ھامان بۇ دۇنيادىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن ۋە قاتىلاڭچىلىقلارنى ئۇنتۇپ قالاتتى. بۇۋى مەريەم ئانا ھەيكىلىگە سەجدە قىلىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، سەلتەنەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك تۈسكە كىرەتتى. شۇ چاغدا مەندە تۇغۇلغان ھېس ـ تۇيغۇلار ۋۇجۇدۇمدا ئۇزۇكسىز كۆچىيىپ بارماقتا ئىدى. مېنىڭچە، بۇنداق يۈكۈنۈپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ خۇراپىي ئەمەس ئىدى. بۇۋى مەريەم ئانا ھەيكىلى ئالدىدا ئىخلاسمەنلىك بىلەن يۈكۈنگەن ئاشۇ روھلارمۇ ھەرگىز بىر پارچە مەرمەر تاشقا چوقۇنۇۋاتمايتتى. ئۇلار ساپ تەقۋادارلىق ئىشقىدا يانغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقىنى بىر پارچە تاش ئەمەس، بەلكى ئۇ سىمۋول قىلىنغان روھ ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن شۇنداق تەسىراتقا كەلگەنىدىم، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىخلاسمەنلىكى پەرۋەردىگارنىڭ جۇلاسىنى ئاشۇرسا ئاشۇراتتىكى، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيتتى.

ئېففىل تۆمۈر مۇنارى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلاي. بۈگۈنكى كۈندە زادى نېمە ۋەجىدىن شۇنداق ئىككەنلىكىنى چۈشىنەلمەيمەن، ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇ ھەقتىكى ھاقارەتلەش، ماختاش سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، تولستوي ئۇنى ئەيىبلىگەن ئاساسلىق شەخس ئىدى. ئۇ ئېفقىل تۆمۈر مۇنارىنى كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئەمەس، نادانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېگەنىدى. ئۇ تاماكا بارلىق مەست قىلغۇچى بۇيۇملار ئىچىدىكى ئەڭ

ئۇسال نەرسە، چۈنكى تاماكا خۇمارى تۇتقان ئادەم ھاراق ئىچىپ مەست بولغان كىشى جۈرئەت قىلالمىغان جىنايەتنى سادىر قىلالايدۇ، ھاراق ئادەمنى تەلۋىلەشتۈرىدۇ، لېكىن تاماكا ئادەمنىڭ ئەقلىنى چولتىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان خىيالپەرەس قىلىپ قويىدۇ. ئېففىل تۆمۈر مۇنارى كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق تەسىرىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ بىرسى، دېگەندى. ئېففىل تۆمۈر مۇنارنىڭ بەدىئىيلىكىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئۇنى ھەرگىزمۇ بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىگە ئاللىقانداق تۆھپە قوشتى، دېگىلى بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇنى بەس ـ بەس بىلەن تاماشا قىلىپ ئۈستىگە چىقىپ ھۇزۇرلىنىشى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ يېڭىياچە ھەم ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولغانلىقىدىندۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇ كۆرگەزمىنىڭ بىر ئويۇنچۇقى ئىدى. بىز باللارغا خاس قەلبىمىزنى ساقلاپلا قالىدىكەنمىز، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئويۇنچۇقلارغا جەلپ بولماي قالمايمىز، بۇ مۇنار دەل بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز يەنىلا ھەر خىل بېزەكلەرگە ئاسانلا رام بولۇپ قالىدىغان بىر توپ باللارمىز. ئېففىل تۆمۈر مۇنارى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھمىيىتى ئېھتىمال مۇشۇ بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ئادۋوكات بولسا نېمە بوپتۇ؟

ئەنگلىيەگە بېرىشتىكى مەقسىتىم، يەنى ئادۋوكات بولۇش پىلانىم ئۈستىدە ھازىرغا قەدەر بىرنەرسە دېمىدىم، ئەمدى مۇشۇ ھەقتە ئاز - پاز ئېغىز ئېچىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

بىر ئوقۇغۇچى رەسمىي ئادۋوكات بولۇشتىن ئىلگىرى، ئىككى شەرتنى ئادا قىلىشى، يەنى «ئوقۇش مەۋسۇمىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى» (12 ئوقۇش مەۋسۇمى ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىتقا تەڭ) ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتۈشى كېرەك. «ئوقۇش مەۋسۇمىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك» دېگەنلىك ھەربىر ئوقۇغۇچى ئوقۇش مەۋسۇمىدا يېيىشى، يەنى ھەربىر مەۋسۇمدىكى 24 قېتىملىق بەزمىنىڭ ئالتە قېتىمىغا قاتنىشىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. يېيىش دېگەنلىك راستلا بىرەر ۋاق تاماقلىنىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يوقلىمىدىن ئۆتۈپ، قالغان ۋاقىتتا بەزمىلەرگە ئىشتىراك قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئەلۋەتتە، ئادەتتىكى ئەھۋالدا كىشىلەر قورۇما - تائاملارنى راسا تويغۇچە يەپ، ھاراق - شاراب ئىچىشىدۇ. بىر ۋاق كەچلىك تاماق ئۈچۈن ئىككى شىللىڭ ئالتە فېنىدىن ئۈچ شىللىڭ ئالتە فېنىغىچە، يەنى ئىككى - ئۈچ رۇپىيە خەجلىسىلا بولىدۇ. ئۇ يەنىلا ئەرزان توختايدۇ. چۈنكى، مېھمانخانىدا تاماق يېگەندە ھاراقىلا شۇنچىلىك پۇل كېتىدۇ. بىزگە ئوخشاش ھىندىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاراق - شاراب ئۈچۈن خەجلەنگەن پۇل تاماق پۇلىدىن ئېشىپ كەتسە، ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش بولاتتى. مەن بۇنىڭدىن يېڭى خەۋەر تاپقاندا، قاتتىق ھەيران قالغانىدىم. مەن كىشىلەرنىڭ ھاراق - شاراب ئۈچۈن شۇنچىۋالا سېخىيلىق بىلەن پۇل خەجلەيدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنەتتىم. كېيىن ھەممىنى چۈشەندىم. بۇنداق زىياپەتلەردە مەن ھەمىشە بىرنەرسە يېمەي ئولتۇراتتىم، چۈنكى

مېنىڭ يېپەلەيدىغىنىم بولىكا، قايىنتىلىغان بەرەڭگە ۋە يېسىۋېلەكلا ئىدى. دەسلەپتە مەن ھەتتا مۇشۇ نەرسىلەرنىمۇ يېمىدىم، چۈنكى بۇلارنى زادىلا ياقتۇرمايتتىم، كېيىن يەيدىغان بولغاندا باشقا قورۇمىلار-نىمۇ يېيىشكە پېتىنىدىغان بولدۇم.

كەچلىك زىياپەتلەردە سودىيەلەر ئۇچۇن تەييارلىنىدىغان قورۇمىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى بولاتتى. بىر پارس ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇمۇ گۆشسىز تاماق يەيتتى. مەن گۆشسىز قورۇمىدىن بىرىنى-نى ئىلتىماس قىلدىم. بۇ ئىلتىماسىم ماقۇل كۆرۈلدى. بىز سودىيەلەر ئۇچۇن ھازىرلانغان ئۇستەلدىن ھەر خىل مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلارغا ئىگە بولۇپ تۇرىدىغان بولدۇق.

ھەر تۆت ئادەمگە ئىككى بوتۇلكا ھاراق بېرىلەتتى، مەن ھاراق ئىچمەيتتىم، ھەر مەۋسۇمدا تەنتەنىلىك بەزمە كېچىلىكى ئۆتكۈزۈ-لەتتى. ۋىنو ۋە گىلاس ھارىقىدىن باشقا، يەنە ئادەتتە بېرىلمەيدىغان شامپانمۇ بېرىلەتتى. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق «تەنتەنىلىك كېچە-لىك»لەرگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىپ تۇراتتىم ھەمدە ھەركىم مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇنداق زىياپەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيەتلىك ئادۋوكات بولۇشى ئۈچۈن قانداق ياردەم بېرىدىغانلىقىنى كۆرەلمىگەن ھەم چۈشىنەلمىگە-نىدىم. دەسلەپتە بۇنداق زىياپەتلەرگە ئاز ساندىكى بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلا قاتنىشاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ سودىيەلەر بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتى بولاتتى، يەنە بەزىلەر نۇتۇق سۆزلەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مول ئىجتىمائىي ئالاقە بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرەتتى، يەنە كېلىپ بۇ ئۇلارنىڭ سۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرەتتى. لېكىن، مېنىڭ ۋاقتىمغا كەلگەندە، بۇنداق ئەھۋال كەلمەسكە كەتكەنىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا سودىيەلەر ئۆز ئالدىغا سورۇن تۈزۈشىدىغان بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل تۈزۈم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەھمىيىتىنى بارا - بارا يوقاتقانىدى. لېكىن، مۇتەئەسسىپ ئەنگلىيەدە ئۇنىڭ تاشقى شەكلى ھېلىھەم ساقلانماقتا.

ئۆگىنىدىغان دەرسلەر ئاسان ئىدى. ئادۋوكاتلار كىنايىلىك تۈستە «داستىخان ئادۋوكاتلىرى» دەپ ئاتىلاتتى. ئىمتىھانىنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي قىممىتى يوقلۇقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. مەن ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىككى خىل ئىمتىھان بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى، رىم قانۇنى،

يەنە بىرسى، ئومۇمىي قانۇن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى مۇنتىزىم دەرسلىكلەر مەخسۇس مۇشۇ ئىمتىھانلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولاتتى، تېخى ئۇلارنى ئىمتىھان مەيدانلىرىغا ئەكىرىشكە بولاتتى، لېكىن ئاساسەن دېگۈدەك ئۇنى ئوقۇيدىغان ئادەم يوق ئىدى. بىلىشىمچە، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار رىم قانۇنى كونسپېكتىغا ھەپتە ھۇجۇم قىلىپلا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتەتتى، ئومۇمەن قانۇن كونسپېكتىنى ئىككى - ئۈچ ئاي ئوقۇپلا، ئىمتىھاندىن ئۆتكىلى بولاتتى. سوئاللارغا جاۋاب بەرمەك ئىنتايىن ئاسان ئىدى، كومىسسىيەلەرمۇ كەڭ قورساق ئىدى. رىم قانۇنى ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن 99 پىرسەنتكىچە بولاتتى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا، كۆچەلمەسلىكتىن ھېچكىم قورقمايتتى، ئىمتىھان يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ئەمەس، يىلدا تۆت قېتىم ئېلىنىسىمۇ ھېچكىم قىيىنچىلىق ھېس قىلمايتتى.

ۋاھالەنكى، مەن بۇ ئىككى ئىمتىھاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرەلىدىم، مەن بارلىق دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭچە، بۇ كىتابلارنى ئوقۇماسلىق بىر خىل خاتالىق ئىدى. مەن دەرسلىك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاز پۇل خەجلىمىدىم. مەن لاتىن تىلىدىكى رىم قانۇنىنى ئوقۇش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىش ئىمتىھانىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆگەنگەن لاتىن تىلى بىلىملىرىم ئوبدانلا ئەسقاتتى. ھالبۇكى، مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغاندىن كېيىن ئوقۇغانلىرىمنىڭ ناھايىتى زور پايدىسى تەگدى. چۈنكى، رىم ۋە گوللاند قانۇنى ئۇ يەرنىڭ ئومۇمىي قانۇنى ئىدى. شۇڭا، جۇستىنىئان (Justinian)نىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا قانۇنىنى چۈشىنىشىمگە ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور ياردىمى بولدى.

مەن تۇققۇز ئاي خېلىلا مۇشەققەتلىك ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئەنگلىيەنىڭ ئومۇمىي قانۇنىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. برۇم (Broom)نىڭ «ئومۇمىي قانۇن» دېگەن كىتابى يىرىك ھەم قىزىقارلىق كاتتا ئەسەر ئىدى، مەن ئۇنى ئوقۇپ بولۇش ئۈچۈن ئاز ۋاقىت سەرپ قىلمىدىم. سىبىلنىڭ «مۇۋازىنەت»ى ناھايىتى مەنىلىك ئىدى. بىراق، ئۇنى

چۈشىنىش بىر ئاز تەسرەك ئىدى. ۋايت (White) بىلەن تۇدور (Tudor)نىڭ «مۇھىم دېلولاردىن ئۆرنەكلەر» ناملىق كىتابىغا نۇرغۇن مىساللار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى مەنىلىك ھەم ئىلھاملاندۇرۇش روھىغا باي ئىدى. مەن يەنە ۋىللىيامس بىلەن ئېدۋارد (Edward) بىرلىشىپ يازغان «تۇراقلىق مۈلۈك» بىلەن گۇدۋېينىڭ «تۇراقسىز مۈلۈك»نى ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ۋىللىيامسنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇماققا خۇددى ھېكايىگە ئوخشايتتى. مەن ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىن ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇپ چىققان ئەسەر ماينېس (Maynes) كائۇرىسىنىڭ «ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئەركانى» دېگەن كىتاب بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ ھىندى قانۇن كىتابلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان جاي بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە توختالمايمەن.

مەن ئىمتىھانغا قاتناشتىم ھەمدە قوبۇل قىلىندىم. 1981 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتىم ھەمدە ئەتىسى ئالىي سوت مەھكىمىسىدە رويخەتكە ئالدۇردۇم. 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋەتەنگە قايتتىم.

ۋاھالەنكى، شۇنچە كۆپ ئوقۇغان بولساممۇ مېنىڭ بىچارىلىك ۋە يۈرەكسىزلىكىم پەسكەن بۇنىڭدىن بىلەن ئۆزگەرمىدى، مەن ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ بولدۇم، دەپ ئويلىمايتتىم. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ بۇنداق بىچارىلىكىمنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن مەخسۇس توختالماي بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## يىگىرمە بەشىنچى باب

## مەن يەنىلا ئامالسىز ئىدىم

ئەنگلىيەدە ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش تەس بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن قانۇن كىتابلىرىدا خېلى چوڭقۇرلىغانىدىم، لېكىن ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەنمىگەنىدىم. مەن «قانۇن ئۆگەنگۈچىلەرگە ياردەم» دېگەندەك كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭ رولىنى ئۆز كەسپىمدە قانداق جارى قىلىشنى بىلمەيتتىم. «ئۆز بايلىقىڭنى ئىشلەتسەڭ، باشقىلارغا زىيان سالمايسەن» دېگەن بىر ئەقلىيە سۆز بار ئىدى، لېكىن مەن بۇ ھېكمەتنى قانداق تەتبىقلىغاندا ئەرز قىلغان دەۋاگەرگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيتتىم. مەن بۇ كىتابتىكى بارلىق مۇھىم دېلو مىساللىرىنى ئوقۇپ چىقتىم، لېكىن ئۇنى كەسپىكە قانداق تەتبىقلاش كېرەك، بۇ ھەقتە ئۆزۈمدە ھېچقانداق ئىشەنچ يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھىندى قانۇنىنى زادىلا ئوقۇپ باقمىغانىدىم. ھىندى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇن ـ شەرىئەتلىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتىم، مەن ھەتتا ئەرزنى قانداق يېزىشنىمۇ ئۆگەنمىگەنىدىم، يەنە كېلىپ ئۆزۈمنى شۇ قەدەر بىچارە سېزەتتىم. مەن فېروزېشا مېھتا (Pherozeshah Mehta) ئەپەندىنىڭ سوتتا شىردەك ھۆركىرىگەنلىكىگە دائىر ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئەنگلىيەدە بۇ خىل ماھارەتنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش قانۇن جەھەتتىكى سەزگۈرلۈككە ئىگە

بولۇشنى تەمە قىلمايتتىم. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كەسپكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش ـ قىلالماسلىقىمدىن ھەقىقەتەنمۇ خاۋاتىرلىنەتتىم.

مەن قانۇن ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىلا قەلبىمنى مۇشۇنداق ئەندىشە ۋە غەم باسقانىدى. مەن بۇ قىيىنچىلىقىمنى بىرنەچچە دوستۇمغا ئېيتتىم، بۇلارنىڭ بىرسى مېنىڭ دادابىاي ئوروجىغا مۇراجىئەت قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن ئەنگلىيەگە مېڭىش ۋاقتىدىلا دادابايغا يېزىلغان بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئالغاچ كەتكىنىمنى بۇرۇنلا تىلغا ئالغانمەن. لېكىن، مەن بۇ خەتنى ناھايىتى كېچىكىپ تاپشۇرۇپ بەردىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنى مۇشۇنداق بىر كاتتا ئەربابنى ئاۋارە قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن، دەپ ئويلايتتىم. ھەر قېتىم ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىسام، مەن دەرھال بېرىپ قاتنىشاتتىم ـ دە، زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايتتىم. ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىناق ئالاقىدە بولۇش ئۈچۈن، ئۇ بىر ئۇيۇشمىمۇ قۇرغانىدى. مەن ئۇنىڭ يىغىنلىرىغا دائىم قاتنىشىپ تۇراتتىم. دادابايىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان جان كۆيەرلىكى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كېتەتتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئاخىر تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە جۈرئەت قىلدىم. ئۇ ماڭا: «سىز قاچانلا بولسا كېلىپ، مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، مەن ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە قىلماسلىقىم كېرەك دەپ قارايتتىم. شۇڭا مەن شۇ چاغدا ھېلىقى دوستۇمنىڭ گېپىنى ئېلىپ ئۆز قىيىنچىلىقىمنى ئېيتىش ئۈچۈن دادابايىنى ئىزدەپ بارمىغانىدىم. مېنى فرېدېرىك پىنكات (Frederick Pincutt) ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ ئاشۇ دوستۇم دەۋەت قىلغانىمۇ، قانداق؟ بۇ ھازىر ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۇ بىر كونسېرۋاتىپ ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلارغا بولغان كۆيۈنۈشى ساپ ۋە خالىس ئىدى، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن تەلىم ئالاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ماڭىمۇ بىر قېتىملىق كۆرۈشۈش پۇرسىتى بېرىشىنى ئۆتۈندۇم، ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. مەن شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ ماڭا خۇددى جان دوستىدەك

www.uyghurkitap.com

مۇئامىلە قىلدى، خۇشال كۈلكە سادالىرى ئىچىدە مەندىكى ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتى غايىب بولغانىدى. ئۇ ماڭا: «سىزچە ھەممىلا ئادەم فىروزپىشا مېھتا بولۇشى كېرەكمۇ؟ فىروزپىشا ۋە بادرۇددىن (Badruddin)غا ئوخشاش مۇنداق كىشىلەر ھامان ئاز سانلىقتۇر. ئادەتتىكى بىر ئادۋوكات بولۇشقا پەۋقۇلئاددە ماھارەت كەتمەيدۇ. ساداقەت ۋە ئىجتىھات بولسىلا تۇرمۇشنى قامداپ كەتكىلى بولىدۇ. دېلولارنىڭ ھەممىسىلا مۇرەككەپ بولمايدۇ. قېنى ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ قايسى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ» دېدى.

مەن ئۆزۈم ئوقۇغان ناھايىتى ئاز ساندىكى بىرقانچە كىتابنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگىنىمدە، ئۇ بىر ئاز ئۈمىدسىزلەنگەندەك بولدى، لېكىن بۇ ھال غىل - پال قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا دەرھال ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇ: «مەن سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. ئوقۇغان كىتابىڭىز چەكلىك ئىكەن، تىرىكچىلىك يولىنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسىز. بۇ ئادۋوكات بولغۇچىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ساۋاق، سىز ھەتتا ھىندى تارىخىنىمۇ ئوقۇپ باقماپسىز، كىشى بىر ئادەمنىڭ رەڭگىرويىدىن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى كۆرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەربىر ھىندىستانلىق ھىندى تارىخىنى بىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، لېكىن بۇلار سىز ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەردۇر. قارىسام، سىز ھەتتا كاي بىلەن مالېسون (Malleson)نىڭ 1857 - يىلىدىكى ھەربىي ئۆزگىرىش تارىخى[①]نىمۇ ئوقۇپ باقمىغاندەك

---

① 1857 - يىلىدىكى ھىندى خەلقىنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيەلىكلەر پىلە قۇرتىدەك يۇتۇۋېلىش شەكلىنى قوللىنىپ، ھىندىستاننى تەدرىجىي بويسۇندۇرىدۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەرنى يولغا قويۇپ، قالدۇق خان - ئاقسۆڭەكلەرنى سارىسىمىگە سالىدۇ ۋە خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. 1857 - يىلى 5 - ئايدا ئالدى بىلەن دېھلىغا يېقىن ئەتراپتىكى ئەنگلىيەنىڭ يەرلىك ياللانما قوشۇنلىرىدا ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىنگلىزلار قوماندانلىقىدىكى ھىندىستان ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدۇ. بۇ ھەرىكەت بىرنەچچە ئايغا يەتمەيلا گانگى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كەڭ رايونلارغىمۇ تارقىلىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىلىسىز. سىز بۇ كىتابنى دەرھال ئوقۇپ چىقىڭ. مېنىڭچە، سىز يەنىلا ھايات تەجرىبىلىرىگە دائىر بىرەر - ئىككى كىتاب ئوقۇپ چىقسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ. مانا بۇ لاۋاتور (Lavator) ۋە شېممېلپېننىك (Shemmelpennick) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ‹قىياپەتشۇناسلىق› قا دائىر ئەسەرلىرىدۇر» دېدى.

مەن كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بۇ دوستۇمدىن قاتتىق مىننەتدار بولدۇم. ئۇنىڭ ئالدىدا بارلىق قورقۇنچۇم پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپلا يەنە ئەنسىزلىنىشكە باشلىدىم. «بىر ئادەمنىڭ چىراي - تۇرقىدىن ئۇنىڭ پەزىلىتىنى كۆرۈش» مەن ئۈچۈن بىر مەسىلە بولۇپ قالدى، مەن قايتىپ كېتىۋېتىپ يول بويى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى كىتابنى ئويلاپ ماڭدىم. ئەتىسى لاۋاتورنىڭ كىتابنى سېتىۋالدىم. شېممېلپېننىگنىڭ كىتابنى ئۇ چاغلاردا بازاردىن تاپقىلى بولمايدىكەن. مەن لاۋاتورنىڭ كىتابنى ئوقۇدۇم، ئۇنى چۈشىنەلمىسەممۇ، ھەتتا سنېل (Snell)نىڭ «مۇۋازىنەت»ىدىنمۇ مەنىسىز ھېس قىلدىم. مەن شېكسپېرنىڭ چىراي - تۇرقىنى تەتقىق قىلىغانىدىم، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكنى تاپالمىدىم، مەن لوندون كوچىلىرىدا ئۆتۈشۈپ يۈرگەن شېكسپېرچە شەخسلەرنى بايقىدىم.

لاۋاتورنىڭ كىتابى ماڭا ھېچقانداق يېڭى بىر نەرسىنى ئۆگىتەلمىدى. پىنكات (Pincutt) ئەپەندىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ماڭا بولغان بىۋاسىتە پايدىسى ناھايىتى ئاز ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ دوستلۇقى قەلبىمنى كۈچلۈك لەرزىگە سالدى.

ئۇنىڭ ئاشۇ ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي چىرايى خاتىرەمگە چوڭقۇر ئورنىشىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندىم. فېروزبېشا مېھتانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغان بىر ئادۋوكات ئۈچۈن قەتئىي زۆرۈر شەرت ئەمەس ئىدى؛ كىشىدە سەممىمىيەت ۋە ئىجتىھات بولسىلا بولاتتى. لېكىن، مەن كېيىنكى ئىككى نۇقتىدىن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەندە مەسىلە يوق ئىدى، بۇنىڭدىن ئۆزۈم بىرئاز تەسەللى تاپقاندەكمۇ


بولدۇم.

مېنىڭ ئەنگلىيەدە كاي (Kaye) ۋە ماللىپسوننىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشۇم مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، مەن بۇ كىتابلارنى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئوقۇدۇم، چۈنكى مەن پۇرسەت بولسىلا بۇ كىتابلارنى بىر ئوقۇپ باقايچۇ، دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدىم.

شۇنداق قىلىپ مەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ناتىلاجلىق ئارىلاشقان ئۇمىدۋارلىق ھېسسىياتىم بىلەن «ئاسام» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بومبايدا قىرغاققا چىقتىم. پورتتا بوران بەك قاتتىق چىقىۋاتقاچقا، مەن بىر كىچىك قېيىق بىلەن پىرىستانغا كىرىشكە مەجبۇر بولدۇم.



# ئىككىنچى قىسىم



www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

## رايچاندبەي (Raychandbhai)

بومباي پورتىدا دولقۇننىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ئالدىنقى بابتا دەپ ئۆتتۇم، بۇ 6 ـ، 7 ـ ئايلاردىكى ئەرەب دېڭىزىدا بىنورماللىق ھېسابلانمايدۇ. پاراخوت ئادېن (Aden) پورتىدىن چىققاندىن كېيىن دېڭىز دولقۇنلىرى زادىلا تىنچىمىدى، ئالاھازەل ھەممە يولۇچىنىڭ دېگۈدەك بېشى قېيىشقا باشلىدى. مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىم ئادەتتىكىچە بولغاچقا، مەن بۇژغۇن چاچرىتىپ، ئۆركەش ياساپ دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنى پالوبىدا تاماشا قىلىپ تۇراتتىم. ئەتىگەنلىك تاماق شىرەسىدە مەندىن باشقا ئىككىلا ئادەم بار ئىدى، ئۇلار تەخسىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە بوغداي ئۇمىچى ئىچىۋاتاتتى.

تەبىئەتنىڭ بۇ بورانلىرى ماڭا نىسبەتەن ئىچكى ئەنسىزلىكنىڭ بىر خىل تىمسالى بولۇپ قالغانىدى. ھالبۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ بورانلىرى مېنى ھېچنېمە قىلالمىغاندەك روھىي دىشۋارچىلىقمۇ مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى. ئەسلىدە نەسەب ئاۋارىچىلىكى مېنىڭ يېڭىشىمنى كۈتۈپ تۇراتتى. مەن ئادۋوكاتلىق كەسپىنى قانداق باشلىشىم ئۈستىدە گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقىمنى ئاللىقاچان دېگەنىدىم. يەنە كېلىپ، مەن ئۆزۈمنى بىر ئىسلاھاتچى دەپ قاراپ، بەزى ئىسلاھاتلارنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدە چوت سوقۇۋاتاتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئىشلار ئىدى.

يەنە بەزى كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى كىم بىلىدۇ.

ئاكام مېنى ئالغىلى پىرىستانغا ئۆزى كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇ مېھتا دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن ئاللىقاچان تونۇشۇپ بولغانىدى. يەنە كېلىپ مېھتا دوختۇر مېنى ئۆز ئائىلىسىدە تۇرسۇن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، بىز ئۇنىڭكىگە باردۇق. ئەنگلىيەدە باشلانغان بۇ خىل بورا-

دەرچىلىك ھىندىستاندا داۋاملىشىپ، بۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئورنىتىلدى.

مەن ئىزچىل ئانام بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىدە ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا قايتىپ بارغاندا ئۇنى ئاللىقاچان بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇچىقىغا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى تېخى بىلمەيتتىم. ئەمدى بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى، مەن رەسىم ـ قائىدە بويىچە پەرھىز تۇتتۇم. مەن ئەنگلىيەدىكى چاغدىلا ئانام ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن، ئاكام مېنى يات ئەلدە بۇنداق ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالمىسۇن دەپ، بۇنى مەندىن يوشۇرۇپ كەلگەنىكەن. ھالبۇكى، بۇ خەۋەر مەن ئۈچۈن يەنىلا بىر ئېغىر زەربە بولدى، مېنىڭمۇ بۇ ھەقتە كۆپ توختالغۇم يوق. مېنىڭ قايغۇم دادام ۋاپات بولغان چاغدىكىدىنمۇ ئېغىر ئىدى، مېنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇ- لىرىم بەربات بولغانىدى. لېكىن، ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۈنچىۋالا قايغۇرۇپ مۇسىبەتكە چۆكۈپ كەتمەستىن، ھەتتا كۆز ياشلىرىمنىمۇ بېسىۋېلىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئادەتتىكىچە ياشاۋەردىم.

مېھتا دوختۇر ماڭا بىرنەچچە دوستىنى تونۇشتۇرۇپ قويدى، ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى رېۋاشانكار جاگجىۋان (Revashankar Jagjivan) ئەپەندى ئىدى، كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. لېكىن، ئۇ تونۇشتۇرغان بۇ بىرنەچچە بۇرادەرلەر ئىچىدە، مەن شائىر رايچاندبەي، يەنى راجى چاندرا- نى ئالاھىدە تىلغا ئالىمەن. ئۇ مېھتا دوختۇرنىڭ ئاكىسىنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، جاگجىۋان بىلەن بىر ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىنى باشقۇراتتى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى 25 ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى، لېكىن بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ ماڭا قولىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ئادەمدەك تەسىر بەرگەنىدى. ئۇ تېخى خېلى نامى بار «بىلىمدان» ئىدى. مېھتا دوختۇر مېنىڭ ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى سىناپ بېقى- شىمنى ئېيىتتى. مەن ياۋروپا تىللىرىدىكى ئۆزۈم بىلىدىغان بارلىق سۆزلۈكلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ دەرۋەقە ئۇلارنى تەرتىپ بويىچە سۆدەك يادلاپ بەردى، ئۇنىڭ تالانتىغا زوقۇم كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭغا قايمۇقۇپ قالمىدىم. مېنى ھەقىقىي ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ مول كىلاسسىك بىلىمى، ساپ، بىغۇبار ئىنسانىي پەزىلىتى ۋە كۈچلۈك



www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈك تەلىپى ئىدى، بۇلارنى مەن كېيىن بىلدىم. مەن كېيىن بىلگەن بۇ ئىش ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىردىنبىر مەقسىتى ئىدى. مۇكتاناند (Muktanand)نىڭ تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسرا شېئىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيتتى ھەم قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

ھىدلىسام سۆز ـ ھەربىكتىمدە مەن ئۇنى،
سېزىمەن ئۆزۈمنى بەخت دىلبەرى.
دەر ھەقىقەت رىشتىمەنكى چىگىلگەن،
مەن مۇكتاناند ھاياتىغا ئەبەدىي.

رايچاندبەينىڭ ئىلكىدىكى تىجارەتنىڭ قىممىتى نەچچە يۈز مىڭ رۇپىيەگە يېتەتتى. ئۇ ئالماس بىلەن بىرىلىيانتنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر ئىدى. سودا ـ سېتىقتىكى ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيتتى. لېكىن، بۇلار ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ يادروسى ئەمەس ئىدى. ئۇ مەركەز ئۇنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ جامالىغا بولغان ئوتتەك تەلپۈنۈش بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىدە ھەمىشە بىرەر پارچە دىنىي كىتاب ۋە كۈندىلىك خاتىرە تۇرغان بولاتتى. ئۇ تىجارىتىنى تۈگىتىپلا، ئاشۇ دىنىي كىتاب ياكى خاتىرە دەپتەرنى ئاچاتتى. ئۇ ئېلان قىلغان ئەسەرلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ خاتىرە دەپتىرىدىن ئۈزۈۋېلىنغاندى. ناھايىتى زور سودىنى تۈگىتىپلا ئۆز قەلبىدىكى سىرلارنى يېزىشقا ئولتۇرالىغان ئادەم تەبىئىيكى، بىر تىجارەتچى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتكە يېرىلگەن ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ سودا ـ تىجارەت ئارىسىدا ئىلاھىي ئىستەككە چۆكەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىدىم، بەلكى ئۇنى نورمال ھادىسە دەپ قارىدىم. مەن ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشتا پىسخىك تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئىككىمىزنىڭ ئەسلىدە ھېچقانداق سودا ئالاقىمىز يوق ئىدى، لېكىن ئىككىمىز ناھايىتى ئوبدان چىقىشىپ كەتتۇق. ئەينى ۋاقىتتا مەن تېخى نامىمۇ چىقمىغان بىر ئادۋوكات ئىدىم، لېكىن بىز ئۇچراشقان ھامان، ئۇ ھەمىشە مەن بىلەن دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل سۆزلىشىپ كېتەتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن تېخى جاھالەت ئىچىدە تېمىسقىلاپ يۈرگەنىدىم،

دىنىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ھەقىقىي قىزىقىشتىن سۆز ئاچالمايدىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھاكىمىلىرىدىن چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلاتتىم. كېيىن مەن نۇرغۇن دىنىي داھىي ۋە ئۇستازلار بىلەن كۆرۈشتۇم، مەن يەنە ھەر خىل دىنىي ئېتىقادتىكى داھىيلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۇرۇندۇم، لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، ئۇلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى رايچاندبەيدەك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۇدۇل قەلبىمگە قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى سەممىيلىكى مېنىڭ تېخىمۇ قايىللىقىمنى قوزغايتتى. بولۇپمۇ مېنى قەتئىي ئىشەندۇرەلىگەن نەرسە شۇ بولدىكى، ئۇ مېنى ئەسلا تۈيۈق يولغا باشلىمايتتى ھەمدە مېنى مەڭگۈ سىمىمىيلىك ئالىمىگە باشلايتتى. مەن ھەر قېتىم ئاللىقانداق مەنىۋى كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، ھەمىشە ياردەم تىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيتتىم.

ئۇنى شۇ قەدەر ھۆرمەت قىلساممۇ، لېكىن ئۇنى قەلبىمدىكى پىر ئۇستازىم دەپ قارىمايتتىم. بۇ ئالىي ئورۇن يەنىلا بوش ئىدى. لېكىن، مېنىڭ ئىزدىنىشلىرىم يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى.

مەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ پىر ئۇستاز ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرى ھەمدە ئۇنىڭ مەنىۋى رېئاللىقتىكى مۇھىملىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن پىر ـ ئۇستاز بولمىسا ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ئاشۇ خىل گەپلەردە نۇرغۇن ھەقىقەت بار دەپ قارايتتىم. ئۆرپ ـ ئادەتكە دائىر ئىشلاردا كامالەتكە يەتمىگەن پىر ـ ئۇستازغا نىسبەتەن، سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، مەنىۋى ئىشلاردا بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. گىنانىلا (گىنانى بىلمەيدىغىنى يوق، پەيغەمبەر دېگەن مەنىدە) ئاشۇ خىل يۈكسەك پىر ـ ئۇستازلىق شەنىگە مۇناسىپتۇر. شۇڭا، ئادەم ئۈزۈكسىز ھالدا ياخشىلىققا ئىنتىلىشى كېرەك. چۈنكى، كىشىلەر نائىل بولغان ئۇستازنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشتە، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنىڭ زادى نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ياخشىلىققا چەكسىز ئىنتىلىش ئىنسانىيەتنىڭ ھوقۇقى، بۇ خىل ھوقۇققا بېرىلگەن ھەق پەرۋەردىگارنىڭ ئىلكىگە باغلىق ئىدى.

شۇڭا مەن رايچاندبەينى قەلبىمدىكى پىر ـ ئۇستازىم دەپ

ئۇلۇغلىيالمىسامىمۇ، لېكىن ئۇ نۇرغۇن جايلاردا مېنىڭ يېتەكچىم ۋە ھىماتچىم سۈپىتىدە مۇناسىپ ئىش قىلىپ كەلدى. دەۋرىمىزدىكى ئەربابلاردىن ئۇچلا كىشى ھاياتىمدا چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇردى ھەمدە مېنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي مايىل قىلدى. بۇ رايچاندبەينىڭ ھاياتى بىلەن ئۇچرىشىشىم؛ تولستوينىڭ «جەننەت قەلبىڭلاردا» ۋە رۇسكىننىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىرگىچە» دېگەن ئەسەرلىرىدۇر، لېكىن ئۇلار قەلبىمدە ئۆزىگە يارىشا ئورۇن ئالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# مەن تۇرمۇشنى قانداق باشلىدىم

ئاكام مەندىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتەتتى. ئۇنىڭ نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ناھايىتى ھەممىتىلىك، مەردانە، كىشىلەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئاددىي ـ ساددا ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق ماڭا خېرىدار تېپىپ بېرىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇ تېخى مېنى ئۇزاق قالماي كەسپتە روناق تېپىپ كېتىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئائىلە چىقىمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتسىمۇ سۈكۈت قىلىپ يۈرۈۋاتاتتى. مېنىڭ ئىش باشلىشىمنى ئۈچۈن ياخشىراق زېمىن ھازىرلاپ بېرىمەن دەپ، كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈپ ـ پىشىپ تىجارەت قىلىۋاتاتتى.

مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىش سەۋەبىم بىلەن جەمەتىمىزدە كۆتۈ-رۈلگەن بوران تېخى بېسىقمىغانىدى. جەمەتىمىزدىكىلەر ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر گۇرۇھتىكىلەر مېنىڭ نەسەب سالاھىيە-تىمنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈردى، يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر مېنى جەمەتىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشنى ھېلىھەم قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاكام ئالدىنقى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن مەن راجكوتقا قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى مېنى ناسىك (Nasik)تىكى مۇقەددەس دەرياغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇردى، راجكوتقا قايتىپ كېلىپلا يەنە جەمەت زىياپىتى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشلارغا مەن پەرۋا قىلمىدىم، لېكىن ئاكامنىڭ ماڭا بولغان غەمخورلۇقىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ھالبۇكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىممۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلاتتىم، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت دەپ قارايتتىم.

شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ نەسەب سالاھىيىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدىكى بوران ـ چاپقۇنلار ئۆتۈپ كەتتى.

مېنىڭ نەسەب سالاھىيىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى رەت قىلغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئەسلا يالۋۇرۇش نىيىتىم يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ باشچىسىغا نىسبەتەنمۇ كۆڭلۈمدە قىلچىلىك غۇم ساقلىمىغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ مېنى ياقتۇرمايدىغانلار بار ئىدى، لېكىن مەن ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن ساقلىناتتىم. مەن جەمەتىمىزنىڭ نەسەب سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدىكى قائىدە ـ تەرتىپلىرىگە ھۆرمەت قىلاتتىم. بۇ قائىدە ـ تەرتىپلەرگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم، جۈملىدىن قېيىنئاتا ـ قېيىنئانام، ھەتتا ئاچا ـ سىڭىل ۋە يېزنىلىرىمىمۇ مېنى كۆتسە بولمايتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچىشكىمۇ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل چەكلىمىنى ئاستىرتىن بىكار قىلىشنى ئىزدەيتتى، لېكىن بۇ مېنىڭ ئادەمگە باقماي ئىش قىلىشتەك مىجەزىمدىن كۆپ پەرقلىنەتتى.

ھەرقانداق ئىشتا تولىمۇ ئېھتىياتچان بولغانلىقىم ئۈچۈن جەمەتىمىزنىڭ ماڭا سالغان مالامەتلىرىنى تازا ھېس قىلماي يۈردۈم. ئەمەلىيەتتە، مېنى جەمەتىمىزگە يات دەپ قارايدىغان ئاشۇ كىشىلەرمۇ ماڭا تولىمۇ سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار ھەتتا ئىشلاردا ماڭا ياردەم بېرەتتى، يەنە كېلىپ جەمەتىمىز ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلمايتتى. مەن ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بۇ ئىشلارنىڭ مېنىڭ قارشى تۇرمىغانلىقىمدىن بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مۇبادا مەن نەسەب سالاھىيىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، نەسەب ـ تەبىقىمىزنى تېخىمۇ كۆپ گۈرۈھ ۋە قاتلاملارغا بۆلۈۋەتسەم، جەمەتىمىز باشلىقىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويسام، ئۇلار چوقۇم مەندىن ئۆچ ئالاتتى. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئەنگلىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھازىرقىدەك ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرەلمەستىن، ئەكسىچە ئۆزۈمنى بىر مەيدان كۈرەشنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قوياتتىم ياكى رىياكارلىشىپ كېتەتتىم.

ئايالىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. مەن ئەنگلىيەدە ھەرھالدا كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈر-

گەن بولسامۇ، لېكىن كۆنداشلىق كېسىلىم سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەنىدى. مەن كىچىككىنە بىر ئىشتىمۇ گۇمانخورلۇق قىلاتتىم. ياكى چويلىدا توختىمايدىغان سەۋەبلەر بىلەن زىغىرلىشاتتىم. شۇڭا گۈزەل ئارزۇلىرىمنىڭ ھەممىسى ئارمان پېتى قېلىۋەردى. مەن ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرەي، ئۇنى خەت يازالايدىغان قىلاي دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئىشق، ھەۋىسىم بۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمەيتتى، ئۇ مېنىڭ ئىللەتلىرىمنىڭ زىيىنىغا كېتەتتى. بىر قېتىم ئۇنى ئاندىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولغاندىلا ئاندىن قايتۇرۇپ كەلدىم. كېيىن چۈشەندىمكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تېتىقسىزلىقىمدىن بولغانىدى.

مەن ئەسلىدە باللار مائارىپى مەسىلىسىدە بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باراي دەپ ئويلىغانىدىم. مېنىڭ بىرنەچچە جىيەنىم بار ئىدى، مەن ئەنگلىيەگە ماڭغاندا ئۆيدە قالغان ئوغلۇم ھازىر تۆت ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. مەن بۇ باللارغا تەنتەربىيەنى ئۆگىتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئۇلارنىڭ بەدەن ساپاسى كۈچەيسە، يەنە كېلىپ ئۇلارغا ئۆزۈم بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلسام، بۇنىڭ ئۇلارغا كۆپ پايدىسى تېگەتتى. بۇ نۇقتىدا مەن ئاكامنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىم، تىرىشچانلىقىم ئاز - تولا ئۈنۈم بەردى. مېنىڭ باللار بىلەن بىللە كۈلكە - چاقچاق قىلىپ ئوينايدىغان ئادىتىم تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئاشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى بىر مۇنەۋۋەر باللار ئوقۇتقۇچىسى بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم.

يېمەك - ئىچمەكتە تەبىئىيكى «ئىسلاھات» بولۇشى كېرەك. چاي بىلەن قەھۋە ئائىلىمىزدە ئالىقاچان ئۆز ئورنىنى تاپتى. ئاكام مېنى ئەنگلىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاز - تولا ئەنگلىيەچە پۇراقنى ساقلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. شۇڭا فارفۇر قاچا - قۇچىلار ئىلگىرى پەۋقۇلئاددە سورۇنلاردا ئىشلىتىلگەن بولسا، ھازىر دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە جابدۇقلىرى بولۇپ قالدى. مېنىڭ «ئىسلاھاتىم» گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈردى. مەن ھالۋا يېيىشنى، ئىچىملىككە چاي بىلەن قەھۋەنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، چاي بىلەن قەھۋەدىن سىرت كاكائومۇ قوشۇلدى. ئۆتۈك

بىلەن شىبلىت[1] ئاللىبۇرۇنلا ئومۇملىشىشقا باشلىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا كاستۇم - بۇرۇلكىنى قوشۇپ، تولۇق ياۋروپالاشتۇردۇم.

چىقىم مانا مۇشۇنداق كۆپەيدى، يېڭى نەرسىلەر كۈندىن - كۈنگە قوشۇلۇۋەردى. بىز ھەمىشە بىر ئاق پىلنى ئىشىكىمىزگە باغلاپ قوياتتۇق، لېكىن بىز ئۇنى نېمە بىلەن باقساق بولىدىكىن؟[2] راجىكودتا ئادۋوكاتلىق كەسپىنى يولغا قويسام، چوقۇم باشقىلارنىڭ مەسخىردسىگە ئۇچرايتتىم. مېنىڭ ھەتتا لاياقەتلىك ئادۋوكاتقا خاس بىلىمىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، مەن باشقىلاردىن ئون ھەسسە كۆپ كىرىم قىلىشنى ئويلايتتىم. مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان ئەخمەق دەۋاگەرلەر چىقمايتتى. مۇشۇنداق ئادەملەر بولغان تەقدىردىمۇ، ئەجەبا مەن ساۋاتسىزلىقىمنى ئاز دەپ، يەنە چوڭچىلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن كىشىلەر ئالدىدىكى قەرزىمنى ئاشۇرارمەنمۇ؟

دوستلىرىم مېنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن بىرئاز تەجرىبە ئىگىلەپ، ھىندى قانۇنىنى تەتقىق قىلىپ، چامىمنىڭ يېتىشىچە ئاز - پاز پۇل تېپىۋېلىشىم ئۈچۈن بومبايغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ بومبايغا كەتتىم.

مەن بومبايدا ئۆز ئالدىمغا ئىش باشلىۋالدىم، ئۆزۈمگە ئوخشاش بىر ناكەس ئاشپەزنى ياللىدىم. ئۇ بىراھمان ئىدى، مەن ئۇنى مالاي دەپ قارىماستىن ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلەتتىم. ئۇ بويىنى سۇغا سېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بەدىنىنى ئەزەلدىن ئەستايىدىل، پاكىز يۇمايتتى. ئۇنىڭ دىخوتىسى شۇ قەدەر قاسماق ئىدى، بېشىغا چىگىۋالغان ياغلىقىمۇ قاسماق ئىدى، ئۇ ھىندى دىنى دۇئالىرىدىن ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. لېكىن، قانداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى ئاشپەزنى تاپالارمەن؟

— ئەمىسە، راۋىشانكار (Ravishankar) (بۇ ئۇنىڭ ئىسمى ئىدى)، —

---

① ھىندىلار ئادەتتە يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ، بەكرەك ئېتىبار بەرگەنلىرى ساندال ياكى ساپما كەش كىيىدۇ، شىبلىت كىيىش غەربلىشىش دەپ قارىلىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② پىل بار دۆلەتلەردە ئاق پىل ئىلاھىي پىل، ئۇ ئالاھىدە بېقىلىشى لازىم دەپ قارىلىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەن بەزىدە ئۇنىڭدىن شۇنداق سورايتتىم: — تاماق ئىتەلمەيدىغانلىقىڭنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن سەن كۈندىلىك ئىبادەتنى بولسىمۇ بىلىشىڭ كېرەك - دە![1]

— ئىبادەت دەمسىز، ئەپەندى! تېرىقچىلىق بىزنىڭ ئىبادىتىمىز، بەلچە بىزنىڭ كۈندىلىك مۇراسىمىمىز. مەن مۇشۇنداق بىراھمان، مەن سىزنىڭ مېھىر - شەپقىتىڭىزگە تايىنىپ ياشايمەن. بولمىسا مەن ئەلۋەتتە يەر تېرىغان بولاتتىم.

شۇڭلاشقا مەن راۋشانكارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇنىڭغا مېنىڭ ۋاقتىم يېتىپ ئاشاتتى، مەن تاماقنى ئۆزۈم ئىتىشكە باشلىدىم ھەمدە ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ گۆشسىز تاماق ئەتكەندىكى تەم تەڭشەش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. مەن بىر ئوچاق سېتىۋېلىپ، راۋشانكار بىلەن بىللە ئاشخانا ئىچىدە پايپېتەك بولۇشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئوخشاشمىغان نەسەب - تەبىقىدىكى كىشىلەر بىلەن تاماق يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادىتىم يوق ئىدى. راۋشانكارمۇ بۇ خىل كونا قائىدە - يوسۇنلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايتتى. شۇڭا، بىز قورۇنماستىن بىللە تاماق يەيتتۇق. ئارىمىزدىكى بىردىنبىر توسالغۇ — راۋشانكار قاسماقلىق ئادىتىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمەي كېلىۋاتاتتى، يېمەك - ئىچمەكتىمۇ دېگەندەك پاكىز ئەمەس ئىدى!

ۋاھالەنكى، ئۇزۇكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان چىقىمنى قامدىغۇدەك كىرىم بولمىغاچقا، مەن بومبايدا تۆت - بەش ئايلا تۇرالىدىم.

مەن تۇرمۇشنى مانا شۇنداق باشلىدىم. مەن ئادۋوكاتلىقنىڭ بىر خىل ئىسمى بار، جىسمى يوق جاپالىق خىزمەت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، ئۆز مەسئۇلىيىتىمنىڭ تولىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

---

[1] ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ خىل تەبىقىسىدىكىلەر، يەنى بىراخمان، ساشترا ۋە ۋائىسىيالار مۇئەييەن ياشقا بارغاندىن كېيىن دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بەدىنىگە شوينا باغلايدۇ، بۇ ساكرېدراد دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق يامان روھ ۋە كېسەللەرنى دەپئى قىلماقچى بولىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

## ئۈچىنچى باب

# تۈنجى دېلو

مەن بومبايدىكى ۋاقتىمدا ھىندى قانۇنىنى تەتقىق قىلغاچ يېمەك - ئىچمەك ئۇسۇلۇمنى سىناق قىلىشقا باشلىدىم. ۋىرچاند گەندى (Virchand Gandhi) ئىسىملىك يەنە بىر دوستۇممۇ بۇنى مەن بىلەن بىللە سىناق قىلدى. ئاكام مەن ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن خەۋەردار تارتاتتى.

ھىندى قانۇنىنى تەتقىق قىلىش كۆپ تەلەپ قىلىدىغان، خەققە ياخشى كۆرۈنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. مەن ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا ھەرنېمە قىلىپمۇ ئىچكىرىلىيەلمىدىم، لېكىن گۇۋاھ، ئىسپات قانۇنىنى ئۆگىنىشىم ھەرھالدا ئۇنىڭغا ئوخشمايتتى. ۋىرچاند گەندى دەۋا مەسلىھەتچىسى ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا ھەمىشە ئادۋوكات بىلەن ئاقلىغۇچىغا دائىر ھەر خىل ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ دائىم: «فېروزېشا ئەپەندىنىڭ تالانتى ئۇنىڭ مول قانۇن بىلىملىرىگە ئىگە بولغانلىقىدا. ئۇ گۇۋاھ، ئىسپات قانۇنىنى يادلاپ بېرەلەيدۇ ھەمدە 32 پاراگرافتىكى بارلىق دېلو مىساللىرىنى بىلىدۇ. بادرۇددىن تيابجى (Badruddin Tyabji)نىڭ پەۋقۇلئاددە مۇنازىرە ئىقتىدارى سوتچىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ» دەيتتى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار كەيپىمنى تولىمۇ ئۈچۈراتتى.

«بىر ئادۋوكات، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا، — ئالتە - يەتتە يىلنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋالسىلا بولدى، مانا بۇ ئادۋوكاتلىق توختامى تۈزۈشنىڭ سەۋەبى. ناۋادا سەن ئۆز ئالدىڭغا ئىككى - ئۈچ يىل ئىش قىلالىساڭ، ئامەت دېگەن شۇ.»

چىقىم ئايمۇئاي ئېشىۋەردى. مەن ئىشىككە ئادۋوكاتلىق ۋىۋىسكى-

www.uyghurkitap.com

سىنى ئېسىپ قويۇپ، ئۆي ئىچىدە كەسپىي ئىشلارنى بىجىرىش بىلەن ئاۋارە بولاتتىم، بۇ ئىشنى زادىلا ئەپلەشتۈرەلمىدىم. شۇڭا، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىقاتمۇ قىلالمىدىم. گۇۋاھلىق قانۇنىنى بىر ئاز ياخشى كۆرۈپ قالدىم، يەنە تېخى ماييىننىڭ «ھىندى مۇرىتلىرىنىڭ ئەركانى»نى زوۋر قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. لېكىن، دېلو قوبۇل قىلغۇدەك جاسارىتىم يوق ئىدى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى بىچارىلىكىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەن شۇ چاغدا گويا قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىگە يېڭى بارغان كېلىنىنىڭ ئۆزى ئىدىم.

ئاشۇ كۈنلەردە، مەن مامىبەي (Mamibai) ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ دېلوسىنى قوبۇل قىلدىم. بۇ بىر «كىچىك دېلو» ئىدى. بەزىلەر ماڭا ۋاستىچىگە بىر ئۈلۈش شىرىنكانە بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن بۇنى قەتئىي رەت قىلدىم.

— ھەتتا ئايلىق كىرىمى 3000 — 4000 رۇپىيەدىن ئاشىدىغان جىنايى ئىشلار ئادۋوكاتى xx ئەپەندىمۇ شىرىنكانە بېرىدۇ، — دېدى ئۇ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشمەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — بىر ئايدا 30 رۇپىيە كىرىم قىلسام، بۇنىڭغا رازى بولىمەن، دادامنىڭ كىرىمىمۇ بۇنىڭدىن كۆپ ئەمەس ئىدى.

— لېكىن ئۇ كۈنلەر ئالللىقاچان كەلمەسكە كەتتى، بېنگال ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە قىممەتچىلىك، سىز ئەستايىدىلراق بولىسىڭىز بولاتتى.

مەن تەۋرەنمىدىم، شىرىنكانە تۆلىمىدىم، لېكىن مامىبەينىڭ دېلوسىنى ئوخشاشلا قوبۇل قىلىۋەردىم. بۇ تولىمۇ ئاددىي بىر دېلو ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن 30 رۇپىيەلا ھەق ئالماقچى ئىدىم. بۇ دېلو بىر كۈندىلا تۈگەيدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ مېنىڭ كىچىك دېلو سوتىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈنۈشۈم ئىدى. مەن جاۋابكارنى ئاقلىدىم. شۇڭا، دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىسىدىن سوئال سوراشقا توغرا كەلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، لېكىن يۈرىكىم پوكۇلداپ تىترەپ كەتتى، بېشىم ئايلىنىپ، گويا پۈتكۈل سوت پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى، مەن ھېچنېمىنى سورىيالماي قالدىم. سوتچى كۈلكىلىك ھېس قىلسا كېرەك، شۇبھىسىزكى، ئاقلىغۇچى تاماشا كۆرۈپ ئولتۇراتتى. لېكىن مەن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. مەن ئورنۇمغا قايتا ئولتۇرۇپ، ۋاكالەتچىمگە بۇ دېلونى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى

ئېيتتىم، ئۇنىڭغا ئەك ياخشىسى پاتېل (Patel) ئىزدەشنى مۇراجىئەت قىلدىم ھەمدە ئالغان بارلىق خىراجەتلەرنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. پاتېل ئەپەندى دەرۋەقە كەلدى، ئۇ 51 رۇپىيە ھەق ئالدى، ئەلۋەتتە بۇ دېلو ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى.

مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ سوتتىن چىقتىم، مەن دەۋالاشقۇچىنىڭ غەلىبە قىلغان ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم، لېكىن ئىچ ـ ئىچىمدىن خىجىل بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، مەن يېتەرلىك جۈرئەتكە كەلمەي تۇرۇپ، قەتئىي دېلو قوبۇل قىلماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. دېگەندەك مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشتىن بۇرۇن سوتقا زادىلا بارمىدىم. مېنىڭ بۇنداق ئىرادىگە كېلىشىم ھېچقانچە قالتىس ئىش ئەمەس، بىراق مەن قىلىدىغان ئىشنى قىلدىم. ھەممە ئادەم دېلونى ماڭا ھاۋالە قىلىپ، مەغلۇبىيەت يولىغا قاراپ ماڭىدىغان ئەخمەق ئەمەس ئىدى.

لېكىن بومبايدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر دېلو بار ئىدى، بۇ تېخى يېزىلىپ بولۇنمىغان «دەۋا» ئىدى. بىر نامرات مۇسۇلمان بار بولۇپ، ئۇنىڭ پوربانداردىكى يېرى مۇسادىرە قىلىنىۋېلىنغانىدى. ئۇ خۇددى ۋاپادار بالا مېھرىبان ئاتىسىنى ئىزدەپ كەلگەندەك مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭ دېلوسىدىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە ئەرز يېزىپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم، باسما ھەققىنى ئۇ ئۆزى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. مەن يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى دوستۇمغا تۈزىتىشكە بەردىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ماختاشتى، بۇ ئازقىلىق مەندە ئاز ـ تولا ئىشەنچ پەيدا بولدى، مەن ئىچىمدە مېنىڭدە ئەرز يېزىشقا يېتىپ ئاشقۇدەك ئىقتىدار بار، دەپ ئويلىدىم، ئەمەلىيەتتىمۇ مەن بۇ جەھەتتە ئىقتىدارلىق ئىدىم.

ئەگەر كىشىلەرگە ھەقسىز ئەرز يېزىپ بېرىدىغان بولسام، ئىشلىرىم روناق تېپىپ كېتەتتى، لېكىن بۇ ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى تاپماقچى بولدۇم، مېنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەمنى ناچار دېگىلى بولمايتتى، يەنە كېلىپ مەكتەپتە يېڭى ئوقۇتقۇچىلارغا ئىنگلىزچە ئۆگىتىشنى بەك خالايتتىم. بۇنىڭ بىلەن مەن ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ بىر قىسىم چىقىملىرىمنى قامدىيالايتتىم. مەن گېزىتتىن «ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئالىمىز، ھەر كۈنى بىر سائەت دەرس ئۆتىدۇ. ئايلىق ئىش ھەققى 75 رۇپىيە» دېگەن ئېلاننى كۆردۈم. بۇ ئېلاننى داڭلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ چىقارغانىدى.

مەن ئېلاندىكى تەلەپ بويىچە ئىلتىماس يازدىم ھەمدە مەكتەپكە بېرىپ يۈزتۇرا سۆزلەشمەكچى بولدۇم. مەن خۇشال ھالدا مەكتەپكە باردىم، لېكىن مەكتەپ مۇدىرى مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەمەسلىكىمنى بىلىپ، ئىلتىماسىمنى ئۆزرە ئېيتىپ رەت قىلدى.

— لېكىن مەن لوندوندا ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولغان، لاتىن تىلى مېنىڭ ئىككىنچى چەت ئەل تىلىم.

— شۇنداق بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئالىمىز.

ئەمدى ئامال قالمىغانىدى. مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قوللىرىمنى چۇشۇردۇم. ئاكاممۇ مەن ئۈچۈن كۆپ مالال بولدى. بىز بومبايدا تۇرىۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. مېنىڭ راجكودقا بېرىشىم زۆرۈر ئىدى، ئاكام دەۋا ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ماڭا ھۆججەت پۈتۈش ۋە ئەرز يېزىش دېگەندەك ئىشلارنى تېپىپ بېرەلەيتتى. يەنە كېلىپ راجكودتا ئۆيىمىز بولغاندىكىن، بومبايدىكىگە ئوخشاش يېڭىباشتىن ئوچاق ئاسىدىغان ئىشنى قىلىش كەتمەيتتى — دە، نۇرغۇن پۇلنى تېجەپ قالغىلى بولاتتى. مەن بۇ پىكرنى قۇۋۋەتلىدىم، بومبايدا ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن كىچىككىنە خانامنى يىغىشتۇردۇم.

بومبايدىكى ۋاقتىمدا ھەر كۈنى ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ تۇراتتىم. لېكىن، ئۇ يەردە زادى نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغۇدەك كۆپ بىلىمىم يوق ئىدى. مەن ھەمىشە دېلو ئەھۋالىنى چۈشىنەلمەي، مۈگدەپ قالاتتىم. ماڭا ئوخشاش ئۇخلاپ قالىدىغان باشقا كىشىلەرمۇ بولاتتى، بۇ ھال خىجىللىقىمنى يېنىكلەتتى. كېيىن ھەتتا خىجىللمۇ بولمايدىغان بولدۇم. چۈنكى، ئالىي سوت مەھكىمىسىدە مۈگدەپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ مودىغا ئايلانغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى.

ئەگەر دەۋرىمىزدە كىمدىكىم مەندەك خۇددى بومبايدىكىگە ئوخشاش كىرىمسىز ئادۋوكات بولىدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئەمەلىي تۇرمۇش قاراشلىرىنى تونۇشتۇرىمەن. ئەينى ۋاقىتتا مەن گىل قورۇلىدا تۇرىدىغان بولسامۇ، لېكىن مەن پەيتون ياكى تىرامۋايدا ئولتۇرمايتتىم. ئالىي سوت مەھكىمىسىگە پىيادە بېرىش مېنىڭ ئادىتىمگە ئايلانغانىدى. سوت مەھكىمىسىگە بېرىشكە ساق 45 مىنۇت

كېتەتتى. ئەلۋەتتە، ئۆيگە قايتىشتىمۇ پىيادە قايتاتتىم. مەن پىژغىرىم ئاپتاپقىمۇ كۆنۈپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ، بىرمۇنچە پۇلنى تېجەپ قالاتتىم. ھالبۇكى، مېنىڭ بومبايدىكى دوستلىرىم كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ نەدە، قانداق كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. ئاز - تولا پۇل تاپقاندىن كېيىنمۇ مەن ئىش ئورنۇمغا پىيادە بېرىپ - كېلىدىغان ئادىتىمنى داۋاملاشتۇرۇۋەردىم ھەمدە بۇ ئادىتىمدىن ئىزچىل نەپ ئېلىپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

## تۇنجى زەربە

بومبايدىن ئۈمىدسىز ئايرىلىپ، راجكوتقا كېلىپ ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي ئىش ئورنۇمنى قۇردۇم. بۇ يەردىكى كىرىمىم تېخىچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئەرز - پەرزلىرىنى يېزىپ بېرىپ، ئايىغا 300 رۇپىيە كىرىم قىلاتتىم. بۇ خىزمەتنى ئۆز ئىقتىدارىمدىن بولدى دېگەندىن كۆرە، دوستلىرىمنىڭ ياردىمىدىن بولدى دېگىنىم توزۇك. چۈنكى، ئاكامنىڭ شېرىكلىرى ئاللىبۇرۇنلا مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە بىرەر كەسىپنىڭ پېشىنى تۇتۇشقانىدى. شۇڭا، مۇھىم ياكى ئۇلار ئۆزلىرى مۇھىم دەپ بىلگەن ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كاتتا ئادۋوكاتلارغا ئەۋەتىشەتتى. مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىلىدىغانلىرى ساپلا نامرات دەۋاگەرلەرنىڭ ئىلتىماسلىرى ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، مەن بومبايدىكى قەتئىي شېرىنكانە بەرمەسلىكتەك پرىنسىپىمغا مۇرەسسە قىلدىم. ئاڭلىسام، بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئوخشىمايدىكەن. بومبايدا شېرىنكانە ۋاستىچىگە بېرىلەتتى، بۇ يەردە دېلو بېجىرىدىغان ئاقلىغۇچىغا بېرىلىدىكەن. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئادۋوكاتلارمۇ خۇددى بومبايدىكىگە ئوخشاش قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ئۆز كىرىمىنىڭ مۇئەييەن نىسبىتىنى شېرىنكانىگە تۆلەيتتى. مەن ئاكامنىڭ نەزەرىيەلىرىنى رەت قىلالمىدىم. ئۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، مەن باشقا ئادۋوكاتلار بىلەنمۇ شېرىك، مەن بىز بىر تەرەپ قىلىدىغان ھەم سېنىڭ قولۇڭدىنمۇ كېلىدىغان دېلولارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىشنى خالايمەن. ئەگەر شېرىكلىرىمگە شېرىنكانە بېرىشنى خالىمىساڭ، مېنى تەڭلىكتە قويىسەن، سەن بىلەن مېنىڭ بىرلەشمە ئىش ئورنىمىز، سېنىڭ كىرىمىڭ بىزنىڭ ئورتاق كىرىمىمىز ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىيكى،

بۇنىڭدا مېنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەسسەم بولىدۇ. لېكىن شېرىكلىرىمچۇ؟ ئۇلار ئاشۇ ئادۋوكاتتىن جەزمەن شېرىنكانىگە ئېرىشىدۇ» دېدى.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم، ئىچىمدە ئادۋوكات بولىمەن دېسەم، شېرىنكانە مەسىلىسىدە بۇنداق جاھىللىق قىلماسلىقىم كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆز نەزەرىيەلىرىمنى مانا شۇنداق ئېچىپ تاشلىدىم ياكى ئۆزۈمنى شۇنداق ئالدىدىم. بىراق، تولۇقلىما قىلىدىغان بىر گېپىم شۇكى، مەن باشقىلاردىن ئالىنىدىغان بىرەر ئىش بىلەن شېرىنكانە ئالغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

مەن مانا مۇشۇنداق لېۋىمنى لېۋىمگە چىشلەپ ياشاپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، لېكىن دەل مۇشۇ چاغدا ھاياتىمدىكى تۇنجى زەربىگە دۇچ كەلدىم. مەن ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى ئاڭلىغان، لېكىن تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلار بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ باقمىغانىدىم.

ئاكام پورباندارادا مەرھۇم رانناساھېب (Rannasaheb) تۆرە تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ كاتىپى ۋە مەسلىھەتچىسى بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ، ئۇنى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە خاتا مەسلىھەت بەردى، دەپتۇ. بۇ دەۋا ھەتتا ئاكام بىلەن غۇمى بار سىياسىي نازارەتچىگىچە يېتىپ بارغانىدى. بۇ ئەمەلدارنى مەن ئەنگلىيەدىلا تونۇيتتۇم، ئۇنى ماڭا خېلى تەكەللۇپ قىلىدۇ دېيىشكە بولاتتى. ئاكام مېنى بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئاشۇ سىياسىي نازارەتچىنىڭ دىلىدىكى ئۆزىگە بولغان غۇمنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى گەپ قىلىپ قويۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىغا ئېرەن قىلمىدىم. چۈنكى، مەن ئەنگلىيەدىكى ئازغىنا مۇناسىۋىتىمدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا ئېغىز ئېچىشنى توغرا تاپمايتتىم. ناۋادا ئاكامنىڭ راستىلا خاتالىقى بولسا، ئارىغا ئادەم قويغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەگەر ئۇ ھېچقانداق خاتالىق سادىر قىلمىغان بولسا، قائىدە بويىچە ئىلتىماس سۇنۇپ، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈش كېرەك. ئاكام مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلمىدى. ئۇ: «سەن كاسىياۋادنى، بۇ دۇنيانى چۈشەنمەيسەن، بۇ يەردە ھەممە ئىش مۇناسىۋەتكە باقىدۇ. سەن مېنىڭ ئىنىم، سېنىڭ ئۆزۈڭ تونۇيدىغان ئەمەلدارغا مەن ئۈچۈن گەپ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، سەن بۇ مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىقىڭ كېرەك» دېدى.

www.uyghurkitap.com

مەن بۇنى رەت قىلالماي قالدىم. خۇددى بېشىمنى باغلىغاندەك بېرىپ بۇ ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن ئۇنى ئىزدەش ھوقۇقۇم يوقلۇقىنى بىلىمەن ھەم بۇنداق قىلسام ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيۇمنى چۈشۈرۈۋالىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىنى كېلىشىۋالدىم. مەن ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىمىزنى تىلغا ئالدىم. لېكىن، كاسىـ ياۋاد بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلدىم. ئوخشاشلا بىر ئەمەلدار خىزمەت ۋاقتى بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىدا تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ سىياسىي نازارەتچى بىزنىڭ تونۇشىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ئانچىكىم مۇناسىۋەتنى تىلغا ئېلىش ئۇنىڭ پوزىتسىيەسىنى تېخىمۇ قاتتىقلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ: «مېنىڭچە، سىز بۇ يەرگە بۇ مۇناسىۋەتنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئۈچۈن كەلمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟» دېدى. شۇنداقـ تىمۇ مەن كېلىش مەقسىتىمنى چۈشەندۈردۈم. بوۋاي سەۋر قىلالماي قالدى. «ئاكىڭىز بىر سۈيىقەستچى، سىزنىڭ ھېچقانداق گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق. ئۇ ناپتىن چىقىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن» دېدى ئۇ. بۇ جاۋابنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماڭا بېرىلگەن تېگىشلىك جازا ئىدى. ھالبۇكى، شەخسىيەتچىلىك تەۋەككۇلچىلىكتۇر. مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم. بوۋاي ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە: «ئەمدى ماڭسىڭىز بولىدۇ» دېدى.

«لېكىن، گېپىم تۈگىگۈچە ئاڭلاڭ» دېدىم مەن. بۇ گېپىم ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلىۋەتتى. ئۇ خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ، مېنى چىقىرىۋېـ تىشنى بۇيرۇدى. مەن تېخىچىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتىم، ئۇ ئىككى قولىنى مۈرەمگە قويۇپ، مېنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

ئۇ بوۋاي ھەم خىزمەتچىسى كىرىپ كەتتى، مەنمۇ تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. مەن بۇ ئىش سەۋەبىدىن: «سىز ماڭا ھاقارەت قىلدىڭىز، سىز خىزمەتچىڭىز ئارقىلىق ماڭا دەخلى ـ تەرۇز قىلدىڭىز، ئەگەر ناماقۇل بولمىسىڭىز، ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن» دېگەندەك مەزمۇندا بىر پارچە باغاقچە يېزىپ كىرگۈزدۈم.

ئۇمۇ خىزمەتچىسى ئارقىلىق دەرھال جاۋاب بەردى: «سىز ماڭا بىھۆرمەتلىك قىلدىڭىز، سىزنى كېتىڭ دېسەم كەتمىدىڭىز، مەن نائىلاج خىزمەتكارىمنى سىزنى يولغا سېلىپ قويۇشقا بۇيرۇدۇم.

ئۈستۈمدىن ئەرز قىلماقچى بولسىڭىز قىلىۋېرىڭ».

مەن ئۇنىڭ باغاقچىسىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، سالپايغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ، بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئاكامغا باشتىن - ئاياغ دەپ بەردىم. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى، لېكىن، ماڭا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى دوستلىرىغا ئېيتىپتۇ، چۈنكى مەن بۇ قېرى ئۈستىدىن قانداق ئەرز قىلىشنى بىلمەيتتىم. بۇ چاغدا فېروزېشا مېھتا ئەپەندى بىر دېلونى بىجىرمەك بولۇپ بومبايدىن راجكودقا كەلدى. بىراق، ماڭا ئوخشاش ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ ئالدىدا تۇرغان بىر ئادۋوكاتچاق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت - ئالاقىلەرنى ئۇنىڭ ئادۋوكاتىغا ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدىم ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمە بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇ: «گەندىگە ئېيتىپ قويۇڭلار، بۇ نۇرغۇن ئاقىلغۇچىلار ۋە ئادۋوكاتلار دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان ئىش. ئۇ ئەنگلىيەدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلدى، غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنى تېخى چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ئاز پۇل تېپىشنى كۆزلىگەن بولسا، بۇ يەردە تىنچ ئۆتسۇن، ئۇ بۇ ھاقارەتكە چىداپ، ھېلىقى خەتنى يىرتىۋەتسۇن. ئۇ بوۋاي ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئۇ تېخى جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەيدۇ» دەپتۇ.

بۇ ئاگاھلاندۇرۇش ماڭا گويا زەھەر يۇتۇۋالغاندەك ئەلەم بولدى. لېكىن، مېنىڭ ئۇنى يۇتماي ئامالىم يوق ئىدى. مەن بۇ ھاقارەتكە چىدىدىم، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن تەجرىبە - ساۋاق ئالدىم. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: «مەن ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويمايمەن، دوستلۇقنى مەڭگۇ سۇيىئىستېمال قىلمايمەن» دېدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەن بۇنداق نىيەتتە بولۇپ باقمىدىم. بۇ زەربە مېنىڭ ھايات يولۇمنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەشىنچى باب

## جەنۇبىي ئافرىقىغا بارماقچى بولدۇم

مېنىڭ ئۇ ئەمەلدارنى ئىزدەپ بېرىشىم شەك ـ شۈبھىسىزكى خاتا بولغانىدى. ھالبۇكى، مېنىڭ خاتالىقىمغا نىسبەتەن ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىقى ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئىدى. مەن مېھمان بولۇپ كەلگەندىكىن مېنى قوغلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مەن كۆپ بولغاندا ئۇنىڭ بەش مىنۇتلا ۋاقتىنى ئالغاندىمەن. ئۇ پەقەت مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاشنى خالىمىغانىدى. ئۇ ئەسلىدە مېنى سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن يولغا سېلىپ قويسا بولاتتى، لېكىن ھوقۇق ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ مۇشۇ دەرىجىگە ئاپارغانىدى. كېيىن مەن بۇ ئەمەلداردا سەۋر ـ تاقەت دېگەن گۈزەل ئەخلاقتىن قىلچە ئەسەر يوقلۇقىنى بىلدىم. ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى ھاقارەتلەش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى. ئەگەر كۆڭلىگە سەللا ياقمىسا، بۇ بوۋاينىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ جۇدۇنى تۇتاتتى.

ئەمدى مېنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىم ئۇنىڭ سوتخانىسىدا ئۆتىدىغان بولدى، يەنە كېلىپ مەن ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارىيالمايتتىم ھەم ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈشنىمۇ خالىمايتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن دەپ جاكارلىغانىكەنمەن، مەنمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋەرمەيتتىم.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مەن يەرلىكتىكى ئۇششاق ئىشتاتلارنى ئاز ـ پاز چۈشىنىپ قالدىم. كاسىياۋاد نۇرغۇن ئۇششاق ئىشتاتلاردىن تەركىب تاپقان، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش بىلەن تولغانىدى. ھەرقايسى ئىشتاتلار ئارىسىدىكى ھەسەتخورلۇق ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇق تال-

شىشلىرى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغانىدى، ھەتتا ئاشۇ بەگ ـ غوجىلارمۇ باشقىلارنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ، بۇ خۇشامەتچى تەخسىكەشلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلايتتى، ھەتتا ھېلىقى بوۋاينىڭ خىزمەتچىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، ھالبۇكى ئۇنىڭ مىرزىسى غوجايىنىدىن يامان ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ كۆز ـ قۇلىقى ۋە تەرجىمانى ئىدى. بۇ كاتىپىنىڭ پىكرى قانۇن ئىدى، ئۇنىڭ سىرتقى كىرىمى غوجايىنىنىڭ كىرىمىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. ئېھتىمال، بۇ سەل مۇبالىغە بولۇپ كەتكەندۇ، بىراق ئۇ تۇرمۇشتا ھەقىقەتەنمۇ مائاشقا قاراپ قالمايتتى.

مەن بۇ خىل ھالەتنى زىيانلىق دەپ ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭ زەھەرىدىن قانداق ساقلىنىشنى مەن ئۇچۇن يېشىلمەس بىر تۈگۈن بولۇپ قالغانىدى.

مەن ھەقىقەتەنمۇ بەك پەرىشان بولدۇم، بۇنى ئاكام ئەلۋەتتە چۈشەنەتتى. ھەر ئىككىلىمىز ئەگەر مەن باشقا جايدىن ئىش تاپالىسام، قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق بىلەن تولغان بۇ جايدىن كېتىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتۇق. ئەگەر ئاز ـ پاز ۋاستە ئىشلەتمىسىگىز، بۇلۇم باشلىقلىق ياكى سوتچىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ بوۋاي بىلەن يىرىكلىشىپ قالغاچقا، كەسپىمنى داۋاملىق ئىشلەپ كېتەلىشىم تەسكە توختايتتى.

ئەينى ۋاقىتتا پورباندار ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، مېنىڭ ئۇ يەردە پورباندارنىڭ تۆرىسىگە ھوقۇق ـ ئىمتىياز تارتىشىپ بېرىدىغان كىچىككىنە خىزمىتىممۇ بار ئىدى. مەن ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ يەر ئىجارىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىر مەمۇرىي ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشتۇم. بۇ ئەمەلدار ھىندىستانلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاچچىقى ھېلىقى تۆرەمدىنمۇ يامان ئىدى. ئۇ بىر قابىل ئادەم ئىدى، لېكىن مېنىڭچە دېھقانلار بۇنىڭدىن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنىدى. مەن ھەرنېمە دېگەنبىلەن رانا (Rana)غا ئاز ـ تولا ئىمتىياز تېپىپ بەردىم، لېكىن دېھقانلارنىڭ سىلىقىنى ھېچقانچە يەڭگىللىتەلمىدىم. ئۇلارنىڭ جەبىر ـ جاپاسى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىغانىدى، بۇ ھال مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى.

شۇڭا، ئاشۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالغان بولسامۇ، لېكىن يەنىلا ئۈمىدسىز ئىدىم. مېنىڭچە، مېنىڭ دەۋالاشقۇچىلىرىم ئادىل مۇئامە-

لىنگە ئېرىشەلمىگەنىدى، لېكىن ئادالەتنى ياقلاشقا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق ئىدى. مەن سىياسىي نازارەتچى ياكى ئۆلكە باشلىقىغىلا ئەرز قىلالايتتىم. ئۇلار مېنىڭ ئەرزىمنى ئېچىپ: «بىز ئارىلىشالمايمىز» دېيىشنىلا بىلەتتى. ئەگەر مۇشۇ قارارلارنى بايقۇت قىلىدىغان ئالىي قانداق نىزام بولغان بولسا، يەنە ئامال قىلغىلىمۇ بولاتتى. لېكىن، بۇ يەردە ئۇ تۆرىنىڭ گېپى قانۇن تۇرسا، يەنە نېمە دېگۈلۈك.

راستلا قاتتىق غەزىپىم كەلدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، پوربانداردىكى مېمان[1] نامىدىكى بىر سودا دۇكىنى ئاكامغا خەت يېزىپ، مۇنداق تەكلىپ بېرىپتۇ:

بىز جەنۇبىي ئافرىقىدا سودا قىلىمىز، ئۇ يەردە بىر سودا سارىيىمىز بار، بىزنىڭ ئۇ يەردىكى سوتتا قىممىتى 40 مىڭ فوندستېرلىڭلىق بىر زور دېلويىمىز بار. بۇ دېلوغا ناھايىتى ئۇزاق بولدى، بىز ئەڭ ياخشى ئادۋوكات ۋە ئاقلىغۇچىلارنى تەكلىپ قىلدۇق. ئەگەر سىز ئىنىڭىزنى بۇ يەرگە كېلىشكە ئۇنىتالىسىڭىز، بۇنىڭ بىزگە ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ پايدىسى بار ئىدى، ئۇ بىزگە قارىغاندا مەسلىھەتچىلىكنى تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ پۇرسەتتە كۆزىنى ئېچىۋالالايدۇ، يېڭى دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن تونۇشۇۋالالايدۇ.

ئاكام بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى مېنى ئىزدەپ كەلدى. مەن ئۇ يەرگە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىگە ئەقىل كۆرسەتكىلى ياكى ئۆزۈم بىۋاسىتە سوتقا چىققىلى باردىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. لېكىن، مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم.

ئاكام مېنى تېخى يېقىندىلا ۋاپات بولغان سەيىد ئابدۇل كارىم جىخاۋېرى (Sheth Abdul Karim Jhaveri)كە تونۇشتۇردى. ئۇ دادا ئابدۇللا (Dada Abdulla) شىركىتىنىڭ پايچىسى ئىدى. بۇ شىركەت يۇقىرىدا تىلغا ئالغان دۇكاننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ماڭا: «بۇ قېيىن ئىش ئەمەس، بىزنىڭ ياۋروپالىق نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار. سەن ئۇ يەرگە بارساڭلا، ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ كېتىسەن. سەن بىزنىڭ دۇكىنىمىزغا كەلسەڭ، بىزگە كۆپ پايداڭ يۇقىدۇ. بىزنىڭ خەت ـ چەكلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى ئىنگلىزچە، سەن يەنە بۇ جەھەتلەردىمۇ بىزگە ياردەم بېرەلەيسەن. سەن ئۇ يەرگە بارساڭ، ئەلۋەتتە بىزنىڭ مېھمىنىمىز ھېساب-

[1] مېمان (Meman) ـــ ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەزھىپى.

لىنىسەن، شۇڭا ھېچقانچە كۆپ چىقىم تارتمايسەن، — دېدى.

— سىز مېنى قاچانغىچە ئىشلەتمەكچى؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن، — ئىش ھەققىم قانچە بولىدۇ؟

— بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، بىز سېنىڭ بىرىپ - كەلگۈچە بولغان يول خىراجىتىڭنى كۆتۈرىمىز، پاراخوتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈمچىسىدە ئولتۇرىسەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 105 فوندستېرلىڭ بېرىمىز، ھەممە چىقىملىرىڭ مۇشۇنىڭ ئىچىدە.

بۇ ئادۋوكاتلارغا بېرىلىدىغان مۇئامىلىگە ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە، بىر دۇكان خادىمىغا بېرىلىدىغان ھەققە ئوخشايتتى. ھالبۇكى، مەن ھىندىستاندىن كېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. مېنىڭ يېڭى ئەلنى كۆرۈپ باققۇم، يېڭى سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگۈم بار ئىدى. بۇمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى. يەنە كېلىپ مەن ئاشۇ 105 فوندستېرلىڭنى ئاكامنىڭ ئۆيىگە خىراجەت قىلىشقا ئەۋەتىپ بېرەلەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشقا تەييارلاندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## ناتال (Natal)غا باردىم

مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بارىدىغان ۋاقىتتا، ئەينى يىللاردا ئەنگلى- يەگە بارغان ۋاقتىمدىكىدەك ئۇنداق ئايرىلىش ئازابى ھېس قىلمىدىم. ئانام ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. مەن بۇ دۇنيانىڭ ئوي – چوڭقۇر- لىرىنى ئاز – تولا چۈشىنىپ قالغان ھەم چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىش- نىمۇ خېلى مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ قالغانىدىم. راجكودتىن بومبايغا بېرىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى.

بۇ قېتىم خوتۇنۇمدىن ئايرىلىدىغانلىقىم ئۈچۈنلا كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. مەن ئەنگلىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر بالىلىق بولغانىدىم. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى جىسمانىي ھەۋەستىن ھالقىپ كەتتى دېيىش تېخى يىراقتىكى ئىش ئىدى، لېكىن بارغانسېرى ساپلى- شىپ بارماقتا ئىدى. مەن ياۋروپادىن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاز بىللە بولدۇم، يەنە كېلىپ ھازىر ئۇنىڭ ئوقۇتقۇ- چىسى بولۇپ قالغانىدىم، ئۇنىڭ بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىۋاتاتتىم، ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشۈم مەيلى قانچىلىك دەرى- جىگە يەتسۇن، بۇ ئىسلاھاتلار داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلا بولسا، بىللە بولىدىغان ۋاقتىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلماقتا ئىدۇق. ۋاھا- لەنكى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جەلپكارلىقى بۇ خىل جۇدالىقنى سەۋر – تاقەتكە ئايلاندۇرماقتا ئىدى. «بىر يىلغا قالماي بىز يەنە بىللە بولىمىز» دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن مەن راجكودتىن ئايرىلىپ بومبايغا ماڭدىم.

مەن بومبايغا بېرىپ، دادا ئابدۇللا شىركىتىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە پاراخوت بېلىتى ئالدۇردۇم. لېكىن، بۆلۈمچە بېلەتتى سېتىلىپ بولغا-

نىكەن، يەنە كېلىپ بۇ قېتىملىق پاراخوتتا ماڭمىسام، بومبايدا تۇرۇپ قالاتتىم. شىركەت ۋاكالەتچىسى ماڭا: «بار ئامالنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ، سىزگە بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈمچىنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بېرەيلى دېيىشكەن، بىراق ئامال بولمىدى. ئەگەر ئادەتتىكى بۆلۈمچىنىڭ بېلىتىنى ئېلىشنى خالىمىسىڭىز، بۇ قېتىم ماڭالماسلىقىڭىز مۇمكىن. بىراق، ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ» دېدى. ئۇ چاغلاردا مەن بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈمچىدە ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقاتتىم، يەنە كېلىپ بىر ئادۋوكات بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن قانداقمۇ ئادەتتىكى بۆلۈمچىدە ئولتۇراي؟ شۇڭا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. مەن ئۇنىڭدىن مېنى كولدۇرلىتىۋاتامدىكىن، دەپ گۇمان قىلدىم. چۈنكى، بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈمچىنىڭ بېلىتىدىن بىر تالمۇ تېپىلماسلىقىغا ئىشەنمەيتتىم. ۋاكالەتچىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، بىلەت سېتىۋالغىلى ئۆزۈم بارماقچى بولدۇم. مەن پاراخوتقا چىقىپ، باش ياردەمچى بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ ماڭا سەممىيلىك بىلەن: «ئادەتتە بۇنچىۋالا قىستاڭچىلىق ئەمەس ئىدى، بۇ قېتىم بۇ پاراخوتتا موزامبىك (Mozambique)نىڭ زۇڭتۇڭى ئولتۇرماقچىكەن، شۇڭا بارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى تىزىملىتىلىپ بوپتۇ» دېدى.

«ماڭا بىرەر ئورۇن چىقىرىپ بەرسىڭىز قانداق؟» دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ مېنىڭ بېشىمدىن ـ ئايىغىمغىچە بىر قۇر سەپسىلىپ چىقتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىرلا ئامال بار، مېنىڭ بۆلۈمچەمدە يەنە بىر كارىۋات بار، ئادەتتە يولۇچىلارغا سېتىلمايتتى، مەن ئۇنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرەي» دېدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم، ئاندىن ۋاكالەتچىگە بىر تال پاراخوت بېلىتى سېتىۋېلىشنى ئۇقتۇردۇم. 1893 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەن تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا ئاتلىنىپ تەلىيىمنى سىناپ باقماقچى بولدۇم.

ئالاھازەل 13 كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىز تۇنجى قېتىم لامۇ (Lamu) پىرىستانىدا توختىدۇق. مەن بۇ چاغدا كاپىتان بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇ يېڭىدىن ئۆگەنگەن خام ئىدى، ئۇ شاھماتنى ئۆزىدىنمۇ تۆۋەن سەۋىيەدىكى بىرسى بىلەن ئويناشقا موھتاج ئىدى، شۇڭا ئۇ مېنى تەكلىپ قىلغانىدى، مەن شاھماتنى قانداق ئويناشنى كۆپ

ئاڭلىغان، بولساممۇ لېكىن ئۇنى ئەزەلدىن ئويناپ باقمىغانىدىم. شاھمات ئوينايدىغانلار ھەمىشە شاھمات تاختىسى بىپايان زېمىن، ئادەم ئۆز تالانتىنى ئۇ يەردە نامايان قىلالايدۇ دەيتتى. كاپىتان تەشەببۇس- كارلىق بىلەن ماڭا ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك شاگىرت ئىكەنلىكىمنى بايقىغانىدى. چۈنكى، مەن ئىنتايىن سەۋرچان ئىدىم. مەن ھەر قېتىم ئۇتتۇرۇپ قوياتتىم، بۇ ھال ئۇنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ قىزىقتۇراتتى. مەن شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرەتتىم، لېكىن ھەۋىسىمنى ھەرگىزمۇ شاھمات تاختىسىدىن سىرتقا چىقارمايتتىم، بىلىمىمنىمۇ ئۇرۇق يۆتكەشتىن باشقىغا ئىشلىتەلمەيتتىم.

پاراخوت لامۇ پورتىدا ئۈچ ـ تۆت سائەت توختىدى، مەن بۇ پورتنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن قىرغاققا چىقتىم. كاپىتانمۇ قىرغاققا چىقتى. لېكىن، ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ پورتتا دولقۇن بەك كۈچلۈك، بىز بالدۇراق قايتمىساق بولمايدۇ، دېدى.

بۇ تولىمۇ كىچىك بىر جاي ئىدى. مەن پوچتىخانىغا باردىم. ئۇ يەردە بىرنەچچە ھىندى خادىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ھەمدە ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ قويدۇم. مەن يەنە بىرنەچچە ئافرىقىلىقنى ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە بەكمۇ قىزىقتىم، بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ بېقىشنى ئويلاتتىم. بۇ مېنى بىرئاز ھايال قىلدى.

مەن پاراخوتتا ئادەتتىكى بۆلۈمچىدىكى بىرنەچچە يولۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇلارمۇ ئۆز قولى بىلەن تاماق ئېتىپ يەۋېلىش ئۈچۈن قىرغاققا چىققانىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن ئۇلارنىڭ كېمىگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە قېيىققا چىقتىم. پورتتا دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، يەنە كېلىپ قېيىقنىڭ ئېغىرلىقى ئادەتتىكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. دولقۇن شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدى- كى، ھەتتا بۇ قېيىقنى پاراخوتنىڭ ئاسما شوتىسىغا باغلىغىلى بولمى- دى. ئۇ ئاسما شوتىغا ئەمدىلا يېقىنلىشاي دېسە، دولقۇن ئۇنى يەنە يىراققا قاڭقىتىۋېتەتتى. پاراخوت مېڭىش ئالدىدىكى تۇنجى پۈشتەكمۇ چېلىنىپ بولدى. مەن بەكمۇ تىت ـ تىت بولۇپ كەتتىم. كاپىتان پارا- خوت بېشىدا تۇرۇپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، پاراخوتنى بەش مىنۇت كېچىكتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. ئۇ چاغدا پاراخوت يېنىدا يەنە بىر

قېيىقمۇ بار ئىدى. ئۇنى بىر دوستۇم 10 رۇپىيە خەجلەپ مەن ئۈچۈن ئەكەلدۈرگەنىدى. مەن ھېلىقى ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن قېيىقتىن بۇ قېيىققا چىقىۋالدىم. بۇ ۋاقىتتا ئاسما شوتا ئاللىقاچان يىغىۋېلىنغانىدى. مەن پەقەت بىر تال ئارغامچىغا ئېسىلىپلا چىقىۋالدىم، پاراخوت ھازىرلا ماڭاتتى، باشقا يولۇچىلار تېخى چىقىپ بولالمىغانىدى. شۇ چاغدىلا مەن كاپىتاننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ يوللۇقلۇقىنى ھېس قىلدىم.

لامۇ پورتىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئىككىنچى پورت مومباسا، ئاندىن قالسا زانزىبار (Zanzibar) ئىدى. بۇ يەردىكى توختاش ۋاقتىمىز ئۇزاق بولدى، سەككىز ـ توققۇز كۈندەك تۇرۇپ قالدۇق. شۇڭا، بىز باشقا پاراخوتقا ئالماشتۇق.

كاپىتان ماڭا بەكمۇ ئامراق ئىدى، لېكىن بۇ خىل ئامراقلىق تەكەللۇپ قىلغۇسىز دەرىجىدە راۋاجلانماقتا ئىدى. ئۇ ئەنگلىيەلىك بىر بۇرادەرنى ماڭا ھەمراھ بولۇپ قىرغاقنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز كاتېرغا ئولتۇرۇپ قىرغاققا چىقتۇق. نېمىشقا ئايلىنىپ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم، كاپىتانمۇ مېنىڭ مۇشۇنداق ئىشلاردا تېخى بىر گۆدەك بالا ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتى. مېھمانلارنى كۈتىدىغان بىرەيلەن مېنى باشلاپ قارا تەنلىك ئاياللار تۇرىدىغان جايغا ئەكەلدى، ھەربىر ئادەم بىر ئۆيگە ئەكىرىلىپ كېتىلەتتى. مەن خىجىللىقتىن ئۆي ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدىم. ئاشۇ بەختسىز ئايالنىڭ مېنى قانداق ئادەم چاغلاۋاتقانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگار بىلىدۇ. كاپىتان بىزنى چاقىردى، مەن خۇددى ئۆيگە كىرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ھالەتتە يېنىپ چىقتىم. ئۇ مېنىڭ بىر ھالال ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقىدى. دەسلەپتە ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. لېكىن، قورقۇنچۇم بېسىلغاندىن كېيىن باشقا ھېچقانداق ئىش كاللامغا كەلمىدى، خىجالەتچىلىكىمۇ تۈگىدى. ئىنشائاللا، ئۇ ئايالنىڭ ئەپتى مېنى بىر ئازمۇ تەۋرىتەلمىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ قورقۇنچاقلىقىمدىن بىزار بولدۇم ھەم ئۆيگە كىرىشنى رەت قىلغۇدەك جۈرئىتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزۈمگە ئېچىندىم.

بۇ خىل ئىشنى ھاياتىمدا ئۈچىنچى قېتىملىق دېگىلى بولاتتى. ئەسلىدە گۇناھسىز بولغان نۇرغۇن ياشلار ئېھتىمال خىجالەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ساختا سېزىم تۈپەيلىدىن جىنايەت ھاڭغا كىرىپ كەتكەن-

دۇ، مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدىغان ئادەم دەپ شەرەپ ھېس قىلىۋاتقىنىم يوق، مۇبادا مەن ئۇ ئۆيگە كىرمىگەن بولسام، شەرەپلىك ئادەم ھېسابلانغان بولاتتىم. مەن شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىمنىڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىشىم كېرەك. بۇ ئىش مېنىڭ پەرۋەردىگارغا بولغان ئىشەنچىمنى كۈچەيتتى ھەمدە ساختا خىجىللىقنى چۆرۈپ تاشلاش جەھەتتە مېنى مۇئەييەن دەرىجىدە تەربىيەگە ئىگە قىلدى.

بىز بۇ پورتتا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن مەن شەھەر ئىچىگە كىرىپ، كۆنبويى قونالغۇمىزغا يېقىن ئەتراپتا سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم. زانزىبار دەل ـ دەرەخـ لەر سايە تاشلاپ تۇرغان بىر شەھەر ئىدى، پەقەت ھىندىستاننىڭ مالابار (Malabar) شەھىرىلا ئۇنىڭ بىلەن ھۆسن تالىشالايتتى. مەن ئاشۇ بەھەيـ ۋەت دەرەخلەر ۋە يوغان ـ يوغان مېۋىلەردىن ھەيران قالدىم.

زانزىباردىن ئۆتۈپ، موزامبىككە كەلدۇق. بىز ئۇ يەردىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ناتالغا كەلدۇق.

## يەتتىنچى باب

# بەزى كەچۈرمىشلىرىم

ناتال پورتى دۇربان (Durban)دا ئىدى، ئۇ دۇربان پورتى دەپمۇ ئاتىلاتتى. سەيىق ئابدۇللا مېنى پىرىستانغا كېلىپ كۈتۈۋالدى. پاراخوت پىرىستانغا يېقىنلاشقاندا، مەن دوستلىرىنى كۈتۈۋالغىلى پاراخوتقا چىققان كىشىلەرنى كۆرۈپ، ھىندىلارنىڭ دېگەندەك ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. مەن سەيىق ئابدۇللا تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىبارسىز قاراشلىرىغا پەرۋا قىلماي تۇرالمىدىم. بۇ ھال كۆڭلۈمنى تولىمۇ يېرىم قىلدى. سەيىق ئابدۇللا بۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدى. ماڭا قاراپ تۇرغان كىشىلەر گويا بىر ئاز قىزىقسىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىم باشقا ھىندىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايتتى. مەن تىزلىرىمدىن ئېشىپ تۇرغان ئايەملىك كىيىم كىيىۋالغانىدىم، بېشىمدىكى ياغلىق گويا بېنگاللىقلار چىگىۋالىدىغان پۇگرە (Pugree)غا ئوخشىشىپ كېتەتتى.

مەن سودا ساراي جايلاشقان جايغا كەلدىم. ئۇلار ماڭا بىر ئېغىزلىق بىر ئۆي بەردى. مەن سەيىق ئابدۇللا بىلەن تام قوشنا ئىدىم. ئۇ مېنى چۈشەنمەيتتى، مەنمۇ ئۇنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇ ئىنىسى مەندىن ئەۋەتكەن خەتنى ئوقۇپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئىنىسىنى بىر ئەتىۋار مېھماننى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدى. مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىم ۋە تۇرمۇشۇم ياۋروپالىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، بۇ ھال ئۇنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ماڭا قىلدۇرغۇدەك ئالاھىدە خىزمەتمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ دېلوسى ترانسۋال (Transvaal)دا بېجىرىلەتتى، مېنى شۇ زامان ئۇ يەرگە ئەۋەتكەنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئۇنداقتا ئۇ مېنىڭ قابىلىيىتىم ۋە ئادىمىيلىكىمگە قانداق ئىشىنىدۇ. يا ئۇنىڭ پرېتورىيە (Pretoria)گە

www.uyghurkitap.com

بېرىپ مېنىڭ ئىش بېجىرىشىمنى كۆرۈشىنىڭمۇ ئورنى يوق. جاۋابكار پىرېتورىيەدە ئىدى، ئۇ يەنە ئۇلارنى ماڭا يامان تەسىر بېرەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. يەنە كېلىپ، بۇ دېلوغا ئالاقىدار خىزمەت مېنىڭ ئىشلىشىمگە تاپشۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا ماڭا نېمە خىزمەتنى تاپشۇرۇش كېرەك؟ چۈنكى، باشقا خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ خادىملىرى ياخشى قىلاتتى. خادىملار ئىشنى خاتا قىلىپ قويسا ئەيىبلىنەتتى. ئەگەر مەنمۇ خاتا قىلىپ قويسام، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەگەر بۇ دېلوغا دائىر خىزمەتنى مېنىڭ ئىشلىشىمگە تاپشۇرمىسا، ئۇنداقتا مېنى ئېلىپ قالغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

سەيىق ئابدۇللا ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىنتايىن تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇ ئاجايىپ پاراسەتلىك بولۇپ، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن دائىم پايدىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئازراق ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، ئادەتتە ئۇنى ئىمكانقەدەر ئىشلەتمەي قالمايتتى. لېكىن، ئۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا بولسۇن ياكى بانكا دىرېكتورلىرى ۋە ياۋروپالىق سودىگەرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا بولسۇن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىرىگە دېلو ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا بولسۇن، بۇنچىلىك ئىنگلىز تىلى ساۋاتى ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشاتتى. ھىندىلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ سودا سارىيى ئەينى ۋاقىتتىكى ھىندىستان سودا سارايلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ ساراي ھېسابلىناتتى. مانا مۇشۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار يەردە ئۇنىڭ بىر يېتەرسىزلىكى بار ئىدى. ئۇ تەبىئىتىدىن گۇمانخور ئىدى.

ئۇ ئىسلام دىنىغا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايتتى، يەنە كېلىپ ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئەرەبچىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ئادەتتىكى ئىسلام ئەدەبىياتىدىن بىلمەيدىغىنى ئاز ئىدى. ئۇ نەقىل كۆرسىتىشكە ئۇستا ئىدى ھەم بىلىدىغانلىرىنى تەتبىقلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ نۇرغۇن ئىسلام دىنى بىلىملىرىگە ئىگە بولدۇم. مۇناسىۋىتىمىز قويۇقلاشقاندىن كېيىن بىز ھەمىشە دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشىدىغان بولدۇق.

مەن بېرىپ ئىككى - ئۈچ كۈن بولغاندا، ئۇ مېنى دۇربان سوت مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ، ئۇ يەردە مېنى بىرنەچچە ئادەمگە تونۇشتۇرۇپ

قويدى. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ قانۇن ۋاكالەتچىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. سودىيە پات ـ پات بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ قوياتتى. كېيىن ھەتتا ياغلىقىمنى ئېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، مەن بۇنى رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن سوت مەھكىمىسىدىن ئايرىلدىم.

بۇنىڭدىن مەن كەلگۈسى ئېلىشىشلارنىڭ مېنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سەيىف ئابدۇللا ماڭا بىر قىسىم ھىندىلارنىڭ نېمىشقا بېشىغا ياغلىق ئارتسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ مۇسۇلمانچە كىيىنىدىغانلار بېشىغا ياغلىق ئارتسا بولىدۇ. لېكىن، باشقا ھىندىستانلىقلار سوت مەھكىمىسىگە بارسىلا قائىدە بويىچە ياغلىقىنى ئېلىۋېتىدۇ، دېدى.

نېمىشقا بۇنداق بىھۇدە پەرقلەر بولىدۇ، مەن چوقۇم بۇنى ئېنىقلىماي قويمايمەن. بۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە مەن ھىندىلارنىڭ بىرقانچە گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، بىر تەرەپ مۇسۇلمان سودىگەرلەر بولۇپ، ئۆزلىرىنى «ئەرەبلەر» دەپ ئاتىشىۋالىدىكەن. بىر گۇرۇھتىكىلەر ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر پارسلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمەتچى ئىكەن. ھىندى دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان خىزمەتچىلەر ئۇ گۇرۇھقىمۇ، بۇ گۇرۇھقىمۇ قوشۇلمايدىكەن، پارسلار ئۆزلىرىنى پارسلار دەپ ئاتىشىۋالىدىكەن. بۇ ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. لېكىن، سانى ئەڭ كۆپلىرى تەمىل (Tamil)لار، تېلۇگۇ (Telugu)لار ھەمدە شىمالىي ھىندىستاندىن كەلگەن توختاملىق ۋە ئەركىن ئىشچىلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلەردىن تۈزۈلگەن بىر تەبىقە ئىكەن. توختاملىق ئىشچىلار كېلىشىم بويىچە ناتالغا بەش يىللىق ئىشلەشكە كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار «گىرمىنتلار» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىنگلىزچە توختام دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ئىدى. قالغان ئۈچ تەبىقە كىشىلىرىنىڭ بۇ تەبىقىدىكىلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتىلا بار ئىدى. ئەنگلىيەلىكلەر بۇلارنى «مەدىكارلار» دەپ ئاتايتتى. ھالبۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھىندى مۇھاجىرلىرى مۇشۇ ئەمگەكچىلەر قاتلىمىغا تەۋە بولغاچقا، بارلىق ھىندىلارنىڭ ھەممىسى «مەدىكارلار» ياكى «سامىرلار» دەپ ئاتىلاتتى. سامىر تەمىل تىلىدىكى سۆز ئارقا ياردەمچىسى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تەمىللەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئايىغىغا مۇشۇ سۆز قوشۇلغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ سانسكرىتچىدىكى «سرامىنرا»

www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆز بولۇپ، غوجايىن، غوجا دېگەن مەنىدە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ھىندىلار ئۆزىنىڭ «سامىر» دەپ ئاتىلىشىدىن رازى بولمىسا، ئەگەر سەللا جاسارىتى بولسا: «سىز مېنى سامىر دېسىڭىز بولىدۇ، لېكىن سامىرنىڭ مەنىسىنىڭ غوجايىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئەپسۇسكى، مەن سىزنىڭ غوجايىنىڭىز ئەمەس» دەيتتى. بەزى ئەنگلىيەلىكلەر دەر گۇمان بولۇپ، بەزىلەر خاپا بولۇپ ھىندىلارنى تىللايتتى، ناۋادا پۇرسەت بولسا، ھەتتا ئۇرۇپ ـ دۆشكەلەپمۇ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، «سامىر» ئادەمنى ھاقارەتلەيدىغان گەپ ئىدى، ئۇنى غوجايىن دېيىش ئېنىق بىر خىل كۆزگە ئىلماسلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن مەن «مەدىكار ئادۋوكات» دېگەن ئاتاقنى ئالدىم، تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ «مەدىكار سودىگەر» دېيىلەتتى. مەدىكار دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇنداق ئاتىلىپ، بارلىق ھىندىلارنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇسۇلمان سودىگەرلەر بۇنداق ئاتاشتىن تولىمۇ خاپا ئىدى. ئۇلار ھەمىشە: «مەن مەدىكار ئەمەس، مەن ئەرەب ياكى سودىگەر» دەيتتى. ئەگەر ئۇ سەل ئەدەپلىكرەك ئەنگلىيەلىكلەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايتتى.

بۇنداق ئەھۋالدا، باشقا ياغلىق ئوراش مەسىلىسى بىر مۇھىم مەسىلە ئىدى. ئەگەر بىر ئادەم ھىندى ياغلىقىنى ئورىماسلىققا مەجبۇر قىلىنسا، ئۇنداقتا ھاقارەتكە چىداپ يۈرۈشتىن باشقا ئىش بولمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنداق خورلۇق ۋە كۆڭۈلسىزلىك تارتىپ يۈرگەندىن، ھىندى ياغلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئەنگلىيەچە شىلەپە كىيىپ يۈرەي دېگەن يەرگە كەلدىم.

ۋاھالەنكى، بۇنىڭغا سەيىق ئابدۇللا قوشۇلمىدى. ئۇ: «ئەگەر سىز بۇنداق قىلسىڭىز، چوقۇم يامان تەسىر بېرىسىز. ھىندى ياغلىقىنى ئوراشتا قەتئىي چىڭ تۇرىدىغانلار قانداق قىلىدۇ؟ يەنە كېلىپ، سىز ھىندى ياغلىقى ئورىسىڭىز سىزگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئەگەر سىز ئەنگلىيەلىكلەرچە شىلەپە كىيىۋالسىڭىز، كۆتكۈچىگە ئوخشاپ قالىسىز» دېدى.

بۇ گەپلەر ئەمەلىي چۈشەنچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدىن چىقمىسا، ئۇ ھىندى ياغلىقى ئوراشتا چىڭ تۇرۇۋالمايتتى. ئۇنىڭ كۆتكۈچىنى شۇنچە مەنسىتمەسلىك بىلەن تىلغا ئېلىشى ئۇنىڭ ئىچى

تارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ھىندى توختاملىق ئىشچىلىرى ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېيىنكىلىرى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندى توختاملىق ئىشچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. 1893 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سانى خېلىلا ئاۋۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئەنگلىيەچە كىيىم كىيەتتى، كۆپىنچىلىرى مېھمانخانىلاردا كۈتكۈچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئابدۇللانىڭ ئەنگلىيە شىلەپىسىنى تەتقىد قىلىشىدا، مۇشۇ كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. مېھمانخانىلاردا كۈتكۈچى بولۇش بىر خىل يۈزىگە سەت ئىش دەپ قارىلاتتى. تاكى مۇشۇ كەمگە قەدەر بۇنداق قاراشتىكى كىشىلەر يەنىلا خېلى كۆپ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سەيىق ئابدۇللانىڭ گېپىنى مەن قۇۋۋەتلەيتتىم. مەن گېزىتخانىغا بىر پارچە خەت يېزىپ مۇشۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىپ، مېنىڭ سوتقا ھىندى ياغلىقى ئوراپ چىقىش ئەھۋالىمنى شەرھلىدىم. بۇ مەسىلە گېزىتتە نۇرغۇن مۇنازىرە قوزغىدى. مەن «قارشى ئېلىنمايدىغان مېھمان» دەپ تەسۋىرلەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ يەرگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن بولمايلا، بۇ ئىش مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قىلغان بىر قېتىملىق تەرەپبال ئېلانىم بولۇپ قالدى. بەزىلەر مېنى قوللىدى، بەزىلەر نادانلىقىمنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرغان مەزگىلىمدە ئاساسەن دېگۈدەك ھىندى ياغلىقى ئوراپ يۈردۈم. مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قاچان ۋە نېمىشقا ياغلىق ئوراشتىن ۋاز كەچكەنلىكىمنى كېيىن سۆزلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سەككىزىنچى باب

## **پرېتورىيەگە بېرىش سەپىرىدە**

ئۇزاق ئۆتمەي، مەن دۇرباندىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىلار بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىدىم. سوت مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى پائۇل (Paul) ئەپەندى رىم كاتولىك دىنى مۇخلىسى ئىدى. مەن ئۇنى تونۇيتتىم، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يېڭى دىنىي جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مەرھۇم سۇبخان گودفرېي (Subhan Godfrey) ئەپەندىنى تونۇيتتى. ئۇ 1924 ـ يىلى ھىندىستاننى زىيارەت قىلغان جەنۇبىي ئافرىقا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جامېس گودفرېي ئەپەندىنىڭ دادىسى ئىدى. ئېھتىمال، مۇشۇ ۋاقىتتا بولسا كېرەك، مەن يەنە مەرھۇم باچ رۇستومجى ۋە مەرھۇم ئادامچى مىياكخان (Adamji Miyakhan)لار بىلەن تونۇشقانىدىم. بۇ بۇرادەرلەر بىلەن ئەينى ۋاقىتتا تىجارەت قىلىشقاندىن باشقا، ئەزەلدىن باردى ـ كەلدى قىلمايتتۇق، كېيىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتۇق. ئۇلار توغرۇلۇق كېيىن يەنە توختىلىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئارىلىشىش دائىرەمنى مۇشۇنداق كېڭەيتىۋاتقان چاغدا، بۇ سودا ساراي ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتى ئەۋەتكەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە بىر مەيدان دەۋا ـ دەستۇرغا تەييارلىنىپ قويۇشى، يەنە سەيىق ئابدۇللانىڭ ئۆزى بىۋاستە پرېتورىيەگە كېلىشى ياكى بىر ۋاكالەتچى ئەۋەتىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغانىدى.

سەيىق ئابدۇللا خەتنى ماڭا كۆرسەتتى، يەنە مەندىن پرېتورىيەگە بارغۇم بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. مەن: «مەن پەقەت سىزدىن بۇ دېلونى ئېنىقلىۋالالىسام، ئاندىن ئېغىز ئاچالايمەن، ھازىر مەن ئۇ يەرگە بېرىپ

نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن» دېدىم. ئۇ بىرنەچچە خىزمەتچىسىگە بۇ دېلونىڭ ئەھۋالىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

مەن دېلونى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپلا، بۇ مەسىلىنى باشتىن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن زانزىباردا تۇرۇپ قالغان شۇ بىرنەچچە كۈندە، سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى نەزىرىمدىن ئۆتكۈزگەندىم. بىر پارس ئادۋوكات بىر گۇۋاھچىنى تەھقىقلەپ، ئۇنىڭدىن ھېساباتتىكى كىرىدىت بىلەن دېبىتقا دائىر بىرتالاي مەسىلىلەرنى سوراۋاتاتتى، مەن بولسام ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتىم، مەن مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە ئەنگلىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋاقتىمدا ھېساباتنى ئۆگىنىپ باقمىغانىدىم. ھالبۇكى، مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان دېلولارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ھېساباتقا ئائىت مەسىلىلەر ئىدى. ھېساباتتىن خەۋىرى بار ئادەملا مەسىلىنى چۈشىنەلەيتتى ۋە چۈشەندۈرەلەيتتى. ئۇ خىزمەتچى بۇ دېبىت، ئۇ كىرىدىت دەپ ئاغزى بېسىقماي ۋاتىلدايتتى، لېكىن مەن بارغانسېرى قايمۇقۇپ كېتىپ باراتتىم. مەن «P.Note»نىڭ قەرەللىك چەك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. مەن ھېساباتچىلىققا دائىر بىر كىتاب سېتىۋېلىپ تەتقىق قىلدىم. شۇنىڭدىلا بىرئاز ئىشەنچ تاپتىم. مەن دېلونى ئاخىر ئېنىقلىدىم. سەيىق ئابدۇللا ئەسلىدە ھېسابات خاتىرلەشنى بىلمەيدىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي بىلىمى ئۇنىڭ ھېساب خاتىرىلەشتىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى. مەن ئۇلارغا پىرېتورىيەگە بېرىشقا تەييارلىنىپ بولغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— سىز نەگە چۈشمەكچى؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— سىز قانداق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدىم مەن.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئۇ، — مەن ئادۋوكاتىمىزغا خەت يازاي، ئۇ سىزنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەن يەنە ئۇ جايدىكى مېھمان دوستلارغا بىرنەچچە پارچە خەت يېزىپ بېرەي، بىراق ئۇلار بىلەن بىللە تۇرماڭ، رەقىبىمىز پىرېتورىيەدە ناھايىتى زور تەسىر كۆچكە ئىگە، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى بىزنىڭ خۇسۇسىي ئالاقىمىزنى بايقاپ قالسا، بىزگە ناھايىتى پايدىسىز. سىز ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشتىن قانچىلىك ساقلىنالىسىڭىز، بىزگە شۇنچە پايدىلىق.

www.uyghurkitap.com

— ئادۋوكاتىڭىز مېنى نەگە ئورۇنلاشتۇرسا، مەن شۇ يەردە تۇرۇمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بولمىسا، مەن ئۆزۈم ئوڭچە بىر جاي تاپاي، ئارىمىزدىكى مەخپىيەتلىكنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن، مەن رەقىبلىرىمىزنى چۈشىنىپ باقايمىكىن، ئۇلار بىلەن دوست بولايمىكىن دەيمەن. ئەگەر مۇمكىن بولسا، مەن بۇ دېلونى سوتنىڭ سىرتىدا ھەل قىلىشقا ئورۇنۇپ باقايمىكىن. نېملا دېگەنبىلەن تىييىب سەيىف (Tyeb Sheth) سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز بولىدۇ.

تىيىب ھاجىخان مۇھەممەد سەيىف ئابدۇللانىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىدى.

دېلونى ھەل قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتقىنىمدا، سەيىف ئابدۇللا بىر ئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى. ھالبۇكى، دۇربانغا كەلگىنىمگىمۇ ئالتە - يەتتە كۈن بولۇپ قالغانىدى، ھازىر ئارىمىزدا مەلۇم چۈشىنىشمۇ بولدى. مەن ئەمدى «ئاق پىل» ئەمەس ئىدىم. شۇڭا ئۇ:

— ئۇنداقتا ... بوپتۇ. سوتقا چۈشمەي ھەل قىلىنىۋېتەلىسىڭىز ئۇنىڭدىن ئۆتە ياخشى ئىش بولمايدۇ. بىراق بىز تۇغقان، ھەر ئىككىمىزگە ئېنىق. تىيىب سەيىف ھە دېگەندىلا يارىشىشقا ئۇنايدىغان ئادەم ئەمەس. ئەگەر بىز ئازراقلا بىخەستەلىك قىلساق، ئۇ بىزنىڭ يوچۇقلىرىمىزغا ئالا قويماي كىرىپ، بىزنى تەلتۆكۈس تاسقىماي قويمايدۇ. شۇڭا سىز قانداقلا ھەرىكەت قوللانماقچى بولسىڭىز قايتا - قايتا ئويلىنىپ، ئاندىن بىر ئىش قىلارسىز، — دېدى.

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — مەن تىيىب سەيىف بىلەن ھېچنېمە دېيىشمەكچى ئەمەس ھەم ھەرقانداق كىشى بىلەن بۇ دېلو ھەققىدە سۆزلەشمەيمەن. مەن پەقەت ئۇنىڭغا يارىشىپ قېلىش ھەققىدە ئازراقلا تەكلىپ بېرىپ، بۇ بىر مەيدان بىھۇدە دەۋا - دەستۇردىن ساقلىنىپ قالماقچىمەن.

مەن دۇربانغا بېرىپ يەتتە - سەككىز كۈندىن كېيىن ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. ئۇلار ماڭا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى، ئەگەر كارىۋاتلىق ئورۇنغا ئېھتىياجلىق بولسام، ئۇستىدىن يەنە بەش شىللىڭ تۆلىسەم بولاتتى. سەيىف ئابدۇللا ماڭا جەزمەن كارىۋاتلىق ئورۇننىڭ بېلىتىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تەرسالىقىم ۋە مەغرۇرلۇقۇم تۈپەيلى ھەم ئاشۇ بەش شىللىڭنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىنى سىلىق رەت قىلدىم. سەيىف ئابدۇللا:

«ئېھتىيات قىلىڭ، بۇ يەر ھىندىستان ئەمەس، ئىنشائاللا، بىزنىڭ تېخى بۇنچىلىك پۇلنى خەجلىگۈچىلىكىمىز بار، نېمىگە ھاجەتمەن بولسىڭىز، كۆزى كىچىكلىك قىلماڭ» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ھەمدە ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇشنى ئۆتۈندۈم.

پويىز كەچ سائەت توققۇزلاردا ناتال ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى مارىتزبۇرگ (Maritzburg)قا يېتىپ باردى. كارىۋاتلىق ئورۇن قائىدە بويىچە مۇشۇ بېكەتتە بېرىلەتتى. بىر خىزمەتچى مەندىن كارىۋاتلىق ئورۇن لازىممۇ، دەپ سورىدى. مەن: «لازىمى يوق، ئۆزۈمنىڭ ئورنۇم بار» دېدىم. ئۇ كەتتى. لېكىن، كەينىدىن بىر يولۇچى ئەگىشىپ كەلگەنىدى، ئۇ ماڭا بېشىمدىن ـ ئايىغىمغىچە بىر قۇر سەپسىلىپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ رەڭلىك ئىرق ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ، تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ دەرھال قايتتى ـ دە، بىر ـ ئىككى ئەمەلدارنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلمىدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر ئەمەلدار كېلىپ ماڭا: «مەن بىلەن مېڭىڭ، سىز يۈك پويىزى ۋاگونىغا بېرىشىڭىز كېرەك» دېدى.

— لېكىن مېنىڭ بېلىتىم بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ تۇرسا، — دېدىم.

— ئۇ ھېساب ئەمەس، — دېدى يەنە بىرسى، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، سەن جەزمەن يۈك پويىزى ۋاگونىغا بېرىشىڭ كېرەك.

— مەنمۇ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئۇلار مېنىڭ بۇ ۋاگوندا ئولتۇرۇشۇمغا دۇرباندىلا رۇخسەت قىلىغان، مەن چوقۇم ئاخىرقى بېكەتكىچە ئولتۇرىمەن.

— بولمايدۇ، — دېدى ھېلىقى ئەمەلدار، — سەن بۇ ۋاگوندىن ئايرىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا مەن ساقچىنى چاقىرىپ، سېنى ئىتتىرىپ چىقارغۇزۇۋېتىمەن.

— بولىدۇ، چاقىرساڭ چاقىر. مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈم چىقىپ كەتمەيمەن.

ساقچى دەرۋەقە كەلدى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ، ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى، يۈك ـ تاقلىرىمنىمۇ چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. مەن باشقا ۋاگونغا بېرىشنى خالىمىدىم. پويىزمۇ كېتىپ قالدى. مەن پويىز كۈتۈش ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردۇم. قولۇمدا سومكام بار ئىدى، باشقا يۈك ـ تاقلىرىم ئەسلىي ئورنىدا بولۇپ، ساقلاشقا تۆمۈريول دائىرىلىرى

مەسئۇل ئىدى.

ئۇ چاغ تازا قىش مەزگىلى بولۇپ، جەنۇبىي ئافرىقا ئىنگلىزلىكتە سوغۇق قاتتىق بولۇۋاتاتتى. مارتىزبۇرگنىڭ يەر شەكلى ئېگىز، سوغۇقى دەھشەتلىك ئىدى. پەلتويۇم يۇك ـ تاقلىرىم ئىچىدە ئىدى. مەن يەنە هاقارەتلىنىشتىن قورقۇپ، ئۇنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇڭا ئۇ يەردە تىترەپ ئولتۇرىۋەردىم. ئۆيدە چىراغ يوق ئىدى. ئالاھازەل يېرىم كېچىدە بىر يولۇچى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى باردەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇدەك كەيپىم يوق ئىدى.

مەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئويلاشقا باشلىدىم. مەن ئۆز ھوقۇقۇم ئۈچۈن كۆرەش قىلامدىم ياكى ھىندىستانغا قايتىپ كېتەيمۇ ۋە ياكى بۇ خورلۇقنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، پرىېتورىيەگە بېرىپ دېلونى بېجىرىپ بولۇپ ئاندىن ھىندىستانغا قايتايمۇ؟ ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ھىندىستانغا قايتىپ كەتسەم، بۇ قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. ھازىر مەن تارتىۋاتقان ئازاب بىر خىل يۈزەكى ئەھۋال، ئۇ پەقەت بىر خىل ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ رەزىل ئاسارىتىدۇر. ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا، مەن بىر ئامال قىلىپ بۇ ئاسارەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتەتتىم، ھەرقانچە ئېغىر ئازابلارنى تارتساممۇ مەيلىدى. مېنىڭ بۇنداق شىكايەت قىلىشىمدىكى مەقسەت ئىرقىي بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈپتىن يوقىتىش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن پرىېتورىيەگە ماشىنا توسۇپ بارماقچى بولدۇم. ئەتىسى سەھەردە مەن تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېگراممىا بېرىۋەتتىم ھەمدە سەيىد ئابدۇللاغا دەرھال تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇردۇم. ئىدارە باشلىقى تۆمۈريول دائىرىلىرىنىڭ ھەرىكىتى يوللۇق، دەپ قاراپتۇ، لېكىن سەيىد ئابدۇللاغا ئىستانسا باشلىقىغا سىزنى ئاخىرقى مەنزىلگە خاتىرجەم يەتكۈزۈپ قويۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىۋەتتىم دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ. سەيىد ئابدۇللا مارتىزبۇرگدىكى ھىندى سودىگەرلەرگە ۋە باشقا جايدىكى دوستلىرىغا تېلېگراممىا بېرىپ، مېنى كۈتۈۋېلىشنى ۋە ھالىمدىن خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىغانىدى. ئۇ سودىگەرلەر ئىستانسىغا مېنى يوقلاپ كەلدى، ئۆزلىرىنىڭمۇ تارتقان ئازابلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئۇلار

سىز يولۇققان بۇ ئىش ھېچقانچە ئىش ئەمەس، دەپ ماڭا تەسەللى بەردى. ئۇلار يەنە ھىندىلار سىرتقا چىقىپ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرماقچى بولسا، تۆمۈريول دائىرىلىرىنىڭ ۋە ئاق تەنلىك يولۇچىلارنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىگە تەييارلىنىپ قويۇشى كېرەك دېيىشتى. ئۇ كۈنى ئۇلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى ئىڭشاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن كېچىلىك پويىز يېتىپ كەلدى، ماڭا ئاتاپ ئېلىپ قويۇلغان بىر ئورۇن بار ئىدى. بۇ چاغدا مەن مارتىزبۇرگتا دۇربانىدا سېتىۋېلىشنى خالىمىغان كارىۋاتلىق ئورۇن بېلىتىنى سېتىۋالدىم.

پويىز مېنى چارلېستون (Charlestown) شەھىرىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# ھېسابسىز رىيازەتلەر

پوييىز چارلېستون شەھىرىگە ئەتىگەندە باردى. ئۇ چاغدا چارلېستون شەھىرى بىلەن جوخاننېسبۇرگ (Johannesburg) ئوتتۇرىسىدا تۆمۈريول يوق ئىدى. پەقەت ئۆتەڭلا بار ئىدى. يولدا ستاندېرتون (Standerton)دا تۈنەدۇق. مېنىڭ بىر تال بېلىتىم بار ئىدى. گەرچە مارتىزبۇرگدا بىر كۈن ھايال بولۇپ قالغان بولسامۇ، ئۇ يەنىلا ئىناۋەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا سەيىف مارتىزبۇرگدىكى ئۆتەڭ غوجايىنىغا تېلېگرامممۇ بېرىۋەتكەنىدى.

ھالبۇكى، ئۇ ۋاستىچى بىرەر باھانە ـ سەۋەب بىلەن مېنى قالدۇرۇپ قويۇشنى كۆزلىگەنىدى. شۇڭا ئۇ مېنىڭ بۇ يەرگە يات يولۇچى ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ: «بېلىتىڭىز ئىناۋەتسىز» دېدى. مەن دەلىل كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەردىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقسام، سەۋەب ئورۇننىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باشقىچە غەرىزى بار ئىدى. يولۇچىلار ئەسلىدە ماپىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن مەن «مەدىكار» بولغانلىقىم، يەنە كېلىپ بۇ يەرگە يات يولۇچىدەك كۆرۈنگەنلىكىم ئۈچۈن، «سەركە» سانىلىدىغان مەپە باشقۇرغۇچىسى ئاق تەنلىك بولغاچقا، ئاق تەنلىك بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشۇمنى مۇۋاپىق تاپمىغانىدى. مەپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئورۇن بار ئىدى، «سەركە» قائىدە بويىچە بىر ئورۇندا ئولتۇرسا بولاتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئورنىنى ماڭا بەردى. مەن بۇنىڭ پۈتۈنلەي يولسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، يەنە كېلىپ بۇ بىر خىل ھاقارەت ئىدى، لېكىن مەن يەنىلا سەۋر قىلغىنىم

ياخشى دەپ ئويلىدىم. مەن ئۆزۈمنى مەپىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشقا زورلىمىدىم، ناۋادا ئېتىراز بىلدۈرسەم، بۇ مەپە مېنى ئالماي كېتەتتى، بۇنداقتا يەنە بىر كۈن كېچىكىپ كېتەتتىم، ئەتىسى يەنە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. شۇڭا، ئىچىمدە قاتتىق غەزەپلىنىپ تۇرساممۇ، مەپىكەشنىڭ يېنىدا ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇۋەردىم.

ئالاھازەل چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە مەپە پاردىكوپ (Pardekoph)قا كەلدى. بۇ چاغدا «سەركە» مېنىڭ ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكمەكچى بولدى، بەلكىم يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئالغۇسى كەلگەندۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەپىكەشنىڭ يېنىدىن بىر پارچە قاسماق لاتىنى ئېلىپ پۇت قويىدىغان يەرگە سالدى ـ دە، ماڭا قاراپ: «ھەي، سامىر، سەن بۇ يەردە ئولتۇر، مەن مەپىكەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرىمەن» دېدى. بۇ خورلۇق بەك ئېشىپ كەتتى، مەن زادىلا چىدىماي قالدىم. مەن قورققان ھەم تىترىگەن ھالدا: «گەرچە ئىچىدە ئولتۇرۇشقا تېگىشلىك بولساممۇ، بۇ مېنى ئۆزىڭىز ئولتۇر دېگەن جاي. بۇنداق خورلۇقنى مەن كۆتۈردۈم، ئەمدى سىز ماڭا تاماكا چەكمەكچى بولۇپ سىرتتا ئولتۇرىمەن دەيسىز، مېنى بولسا ئايىغىڭىزدا ئولتۇر دەيسىز. مەن بۇنداق قىلالمايمەن، بىراق مەن ئىچىدە ئولتۇرسام بولىدۇ» دېدىم.

مەن مۇشۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا، ئۇ كەلدى ـ دە، كاچىتىمغا كۈچەپ بىرنەچچىنى سالدى. ئۇ بىلىكىمدىن تۇتۇۋېلىپ، مېنى مەپىدىن تارتىپ چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى. مەن مەپىنىڭ مىس سالاسۇنىنى تۇتۇپ تۇرۇۋالدىم. بېغىشلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېسىمۇ قويۇپ بەرمىدىم. بۇ ھالەتنى يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۆردى. ئۇ ئەبلەخ مېنى بىر تەرەپتىن تىللايتتى، بىر تەرەپتىن تارتقۇچلاپ ئۇرۇپ دۆشكەلەيتتى، لېكىن مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتىپمۇ قويمىدىم. ئۇ كۈچلۈك، مەن ئاجىز ئىدىم. بىرنەچچە يولۇچى ماڭا ئىچى ئاغرىتىپ ۋارقىراپ كەتتى: «يىگىت، ئۇنى مەيلىگە قويۇڭ، ئۇنى ئۇرماڭ، ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇ توغرا ئېيتىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئۇ يەردە ئولتۇرغىلى قويمىسىڭىز، ئۇنى بىزنىڭ قېشىمىزغا كىرىپ ئولتۇرغىلى قويۇڭ». «ئەنسىرىمەڭلار» دېدى ئۇ ئەبلەخ ۋارقىراپ. بىراق، ئۇ بىر ئاز بوشاپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇ ماڭا قايتا قول تەگكۈزمىدى، بىلەكلىرىمنى قويۇۋېتىپ، بىرپەس تىل ـ ئاھانەت قىلدى ـ دە، مەپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان ھىندى تېپىدىكى بىراۋنى ئايىغىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بولسا بوش

ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى.

يولۇچىلار ئولتۇرۇپ بولدى، پوشتەك چېلىنغاندىن كېيىن مەپە يەنە بىر مەنزىلگە قاراپ يورۇپ كەتتى. يۇرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سالاتتى. ئاخىرقى مەنزىلگە ساق ـ سالامەت بېرىش ـ بارالماسلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئۇ ئەبلەخ ھە دەپ ماڭا ئالىيىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى شىلتىپ: «توختاپ تۇر، ستاندېرتون (Standerton)غا بارغاندا مېنىڭ يامانلىقىمنى ئاندىن كۆرىسەن» دەيتتى. مەن پەقەت پەرۋەردىگاردىن پاناھ تىلەپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتىم.

قاراڭغۇ چۈشكەندە ستاندېرتونغا يېتىپ كەلدۇق. مەن بىرنەچچە ھىندىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇستۇمدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىك تىندىم. مەپىدىن چۈشۈشۈمگىلا، بۇ بۇرادەرلەر ماڭا: «بىز سىزنى سەيىق ئىسانىڭ سارىيىغا ئەكەتكىلى كەلدۇق. بىز دادا ئابدۇللانىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان» دېدى. تەبىئىيكى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مەن ئۇلار بىلەن سەيىق ئىسا ھاجى سۇممار (Haji Summar)نىڭ سارىيىغا كەلدىم. ئۇ ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى يېنىمدا ئولتۇردى، مەن يولدىكى دىشۋارچىلىقلىرىمنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىشتى ھەم ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن دىشۋارچىلىقلىرىنى ئېيتىپ ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولدى.

مەن بۇ ۋەقەنىڭ جەريانىدىن مەپە شىركىتىنىڭ غوجايىنىنى خەۋەردار قىلماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ، يولدا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى دېدىم ھەمدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ماڭا تەھدىت سالغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم، شۇنىڭدەك ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە بىر مەنزىلگە قاراپ ماڭغاندا، مېنىڭ باشقا يولۇچىلار بىلەن مەپىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشۇمغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. غوجايىننىڭ جاۋابى مۇنداق ئىدى: «ستاندېرتون باشلاپ بىز يەنە بىر چوڭ مەپىنى سالىمىز، ئۇنىڭغا باشقىلار مەسئۇل. سىز شىكايەت قىلغان ئۇ ئادەم ئەتە ئۇ يەردە بولمايدۇ، سىز باشقا يولۇچىلار بىلەن ئىچىدە ئولتۇرىسىز بولىدۇ.» بۇنىڭدىن سەل خاتىرجەم بولغاندەك بولدۇم. مېنى بوزەك قىلغان ئۇ

ئادەمنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى، شۇڭا بۇ ئىشنى بۇ يەردە توختىتىمەن.

شۇ كۈنى سەھەردە سەيىق ئىسا ئادەم ئەۋەتىپ، مېنى مەيگە سېلىپ قويدى. مەن ياخشى بىر ئورۇنغا ئېرىشتىم. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن جوخاننېسبۇرگقا سالامەت يېتىۋالدىم.

ستاندېرتون كىچىك بىر يېزا ئىدى، جوخاننېسبۇرگ بولسا چوڭ بىر شەھەر ئىدى. سەيىق ئابدۇللا جوخاننېسبۇرگقا ئاللىبۇرۇن تېلېگرامما بېرىۋەتكەنىكەن، يەنە تېخى ئۇ ماڭا مۇھەممەد كاسام كامرۇددىن (Muhammad Kasam Kamruddin)نىڭ دۇكىنىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ ۋوگزالغا مېنى ئالغىلى ئادەم ئەۋەتىپتۇ. لېكىن مەن ئۇنى ئۇچراتمىدىم، ئۇمۇ مېنى تونۇمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن مېھمانخانىدا تۇرۇش قارارىغا كەلدىم. مەن بىرنەچچە مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى بىلەتتىم. مەن بىر پەيتوننى كىرا قىلىپ، مېنى خەلق مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتىم. مەن مېھمانخانا دىرېكتورى بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭا بىر ئۆي بېرىشنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويدى ـ دە: «ئىنتايىن ئۆزرىلىكمەن، مېھمانلار توشۇپ كەتتى» دېدى ـ دە، يەنە ماڭا «خەير ـ خوش» دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيتوننى مۇھەممەد كاسام كامرۇددىننىڭ دۇكىنىغا ھەيدەشنى بۇيرۇدۇم. قارىسام سەيىق ئابدۇللا گانى (Abdul Gani Sheth) ئۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ مېنىڭ مېھمانخانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— سىزنىڭ مېھمانخانىغا چۈشمەكچى بولغىنىڭىز شېرىن خىيال ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— نېمىشقا، — دەپ سورىدىم مەن.

— سىز بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرسىڭىزلا بىلىسىز، — دېدى ئۇ، — بىز پەقەت مۇشۇنداق جايدىلا تۇرالايمىز، چۈنكى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئازراق خورلۇققا چىداش ھېچ گەپ ئەمەس، مانا شۇنداق ئىش. ئارقىدىن ئۇ ماڭا ھىندىلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى جەبىر ـ جاپالىرىنى سۆزلەپ بەردى.

سەيىق ئابدۇللا گانى ھەققىدە بىز كېيىن توختىلىمىز.

— بۇنداق يەرلەر سىزنىڭ تۇرۇشىڭىزغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ، — ھېلى كۆرىسىز، ئەتە سىز پىرېتورىيەگە ماڭسىڭىز، سىزنىڭ ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرماي ئامالىڭىز يوق. ترانسۋالدىكى ئەھۋال ناتالدىنمۇ ئوسال، بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلارنىڭ بېلەتى ھىندىلارغا ئەسلا سېتىپ بېرىلمەيدۇ.

— سىلەر بەلكىم بۇ جەھەتلەردە قەتئىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقمىغان بولساڭلار كېرەك.

— بىز پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتۇق، بىراق مەنمۇ ئېتىراپ قىلىمەنكى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ ئادەتتە بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلاردا ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ.

مەن بىر ئەيلەنگە بىر پارچە تۆمۇريول قائىدىسىنى ئەكەلدۇرۇپ كۆرۈپ ئىچىدە كاۋاك بارلىقىنى بايقىدىم. ترانسۋالنىڭ كونا قانۇن ـ پەرمانلىرىنىڭ سۆزلىرىدە ئەسلىدىنلا خاتا يېزىلغان جايلار بار ئىدى. تۆمۇريول قائىدىسىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق ئىدى.

مەن سەيىق گىنىغا: «مەن بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرماقچىمەن، ئەگەر بېلەت ئالالمىسام، بىر مەپە كىرا قىلىپ پىرېتورىيەگە مېڭىشقا رازىمەن، يەنە 37 ئىنگلىز چاقىرىم يولىلا قاپتۇ» دېدىم.

سەيىق ئابدۇللا گانى پەخەس بولۇشۇمنى سەممىگە سالدى، بۇنداق بولغاندا پۇلمۇ، ۋاقىتمۇ كېتەتتى، لېكىن ئۇ مېنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇشۇمغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ۋوگزال باشلىقىغا بىر پارچە باغاقچە ئەۋەتتۇق. مەن باغاقچىغا ئۆزۈمنىڭ ئادۋوكات ئىكەنلىكىمنى، سىرتقا چىقسام‌لا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرىدىغانلىقىمنى، ئۆزىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈشكە تەخىر قىلالمايدىغانلىقىمنى، مەن ۋوگزالغا بېرىپ ئۆزى بىلەن يۈزتۇرا مەسلىھەتلىشىشكە رازى ئىكەنلىكىمنى ھەمدە بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىدىن بىرگە ئېرىشىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. مېنىڭ ئۇنىڭ جاۋابىنى يۈزتۇرا ئاڭلىماقچى بولۇشۇمدا باشقىچە مۇددىئايىم بار ئىدى. مەن ئەگەر ۋوگزال باشلىقى يازما جاۋاب بەرسە، چوقۇم «بولمايدۇ» دېگەن گەپنى قىلىدۇ. بولۇپمۇ «مەدىكار» ئادۋوكاتلارغا باشقىچە قارايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن

ئۈنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە تولۇق ئەنگلىيە پاسونىدا كىيىنىپ بېرىپ سۆزلەشمەكچى ھەم مۇمكىن بولسا ئۈنى ماڭا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىدىن بىرنى سېتىپ بېرىشكە قايىل قىلماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئايەملىك كىيىممىنى كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ ۋوگزالغا باردىم. يېنىمدىن بىر فوندستېرلىڭ پۇلنى ئېلىپ پوكەيگە قويۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىدىن بىرنى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم.

— بۇ باغاقچىنى سىز يازغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— شۇنداق، ئەگەر ماڭا بېلەتتىن بىرنى سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن سىزدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان بولاتتىم. مەن پىرېتورىيەگە بۈگۈنلا يېتىپ بارمىسام بولمايتتى.

— مەن تىرانسۋاللىق ئەمەس، گوللاندىيەلىك، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — مەن سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمەن ھەم سىزگە ھېسداشلىق قىلىمەن. مېنىڭ سىزگە ھەقىقەتەنمۇ بىر تال بېلەت سېتىپ بەرگۈم بار، بىراق شەرت شۇكى پويىز نازارەتچىسى سىزنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا كەت، دەپ زورلىسا، مېنى بۇنىڭغا چېتىۋالماسلىقىڭىز كېرەك. دېمەك، سىز تۆمۈريول شىركىتى ئۈستىدىن دەۋا قىلىسىڭىز بولمايدۇ. سىزگە ئاقيول تىلەيمەن. سىزنىڭ بىر مۆتىۋەر ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن.

بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، ئۇ ماڭا بىر تال بېلەت سېتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ھەم تېگىشلىك كاپالەتلەرنى بەردىم.

سەيىق ئابدۇللا گانى مېنى ۋوگزالغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئۇ دەم خۇشال بولاتتى، دەم ھەيران قالاتتى. لېكىن، ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «پىرېتورىيەگە تىنچ ـ ئامان يېتىپ بارالىسىڭىزلا، ئالەمچە شۈكۈر ـ سانا ئېيتاتتىم. پويىز نازارەتچىسى سىزنى بولدى قىلمۇۋەتمەيدۇغۇ دەيمەن. ئۇ سىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇشىڭىزغا قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، باشقا يولۇچىلار قوشۇلمايدۇ» دېدى.

مەن بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا ئولتۇردۇم، پويىز قوزغالدى، ژىرمىستون (Germiston)غا كەلگەندە، پويىز نازارەتچىسى بېلەت تەكشۈرۈپ كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ زەردىسى

قايناپ، قولىنى شىلتىپ مېنى ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا كېتىشكە بۇيرۇدى. مەن بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ: «بۇ ھېساب ئەمەس، ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا بار» دېدى.

ۋاگوندا ئەنگلىيەلىك بىرلا يولۇچى بار ئىدى. ئۇ بۇ ناھەقچىلىكنى كۆرۈپ ماڭا بولۇشۇپ: «بۇ ئەپەندىنى بۇنداق ئاۋارە قىلغىنىڭ نېمىسى، ئۇنىڭ قولىدا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتى تۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ مەن بىللە ئولتۇرسۇن، مەن ھېچنېمە دېمەيمەن» دېدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ماڭا بۇرىلىپ: «جايىڭىزدا بەھۇزۇر ئولتۇرىۋېرىڭ» دېدى.

پويىز نازارەتچىسى غودۇڭشىپ: «بىر مەدىكار بىلەن ھەمسەپەر بولۇشنى خالىساڭ، ماڭا نېمىدى» دېدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سائەت سەككىز ئەتراپىدا پويىز پىرېتورىيەگە يېتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# پىرېتورىيەدىكى تۇنجى كۈن

مەن ئەسلىدە دادا ئابدۇللانىڭ ئادۋوكاتى مېنى ئالغىلى ۋوگزالغا ئادەم ئەۋەتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى، مەن ھىندىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرماسلىقىقا ئالاھىدە ماقۇل بولغانىدىم. مېنى ئالغىلى ھىندىلارنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئادۋوكاتنىڭ ئادەم ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. بۇنى كېيىن چۈشەندىم. چۈنكى، مەن ئۇ يەرگە يەكشەنبە كۈنى يېتىپ باردىم، ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋەتكەن بولسا بىئەپ بولاتتى. مەن تەڭلىكتە قېلىشقا باشلىدىم، نەگە بارسام ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، چۈنكى مېنى قوبۇل قىلىدىغان بىرەر مېھمانخانا چىقماسمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتىم.

پىرېتورىيە ۋوگزالىنىڭ 1893 - يىلىدىكى ئەھۋالى بىلەن 1914 - يىلىدىكى ھالىتى زادىلا ئوخشاشمايتتى. ئۇ چاغدا چىراغلار خىرە، يولۇچىلار شالاڭ ئىدى. مەن ھەممە يولۇچىنىڭ تارقىلىپ بولۇشىنى كۈتتۈم، كۆڭلۈمدە بېلەت يىغقۇچىنىڭ بوش ۋاقتى چىقىشىنى ساقلاي، مەن بېلەتنى بەرگەچ ئۇنىڭدىن ماڭا بىرەر كىچىك ساراي ياكى قونالغۇ بولغۇدەك باشقا بىرەر جاي كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنەي، بولمىسا ۋوگزالدا تۈنەشتىن باشقا ئامال يوق، دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، مەن ھەتتا ئۇنىڭدىن مۇشۇلارنى سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم. چۈنكى مەن ھاقارەتلىنىشتىن قورقاتتىم.

ۋوگزالدىكى يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ بولدى. مەن بېلەتنى بېلەت يىغقۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن سوراشقا باشلىدىم. ئۇ ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى، لېكىن ئۇنىڭ ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ھالبۇكى، چەتتە تۇرغان بىر ئامېرىكىلىق قارا

www.uyghurkitap.com

تەنلىك مەن بىلەن سۆزلىشىپ كەتتى.

— دېمەك، — دېدى ئۇ، — سىز ھېچقانداق دوست - بۇرادىرىڭىز يوق، بۇ يەرگە ناتونۇشمەن، دەڭ. ئەگەر مەن بىلەن مېڭىشنى خالىسىڭىز، مەن سىزنى كىچىك بىر مېھمانخانىغا باشلاپ بارىمەن، غوجايىن ئامېرىكىلىق، مەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىن تونۇش. مېنىڭچە، ئۇ سىزنى قوبۇل قىلىدۇ.

مەن بۇ تەكلىپتىن بىرئاز شۈبھىلەندىم. بىراق، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ھەمدە ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇ مېنى جونىستون (Johnston) ئائىلە مېھمانخانىسىغا باشلاپ باردى. ئۇ مېھمانخانا غوجايىنىنى بىر چەتكە تارتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى، غوجايىن مېنىڭ بىر كېچە قونۇشۇمغا قوشۇلدى، لېكىن بىر شەرت: مېنىڭ پەقەت ئۆز خانامدىلا تاماق يېيىشىمگە رۇخسەت قىلدى.

— مەن سىزگە كاپالەت بېرەي، — دېدى ئۇ، — مەندە ئىرقىي ئۆچمەنلىك يوق، لېكىن سارىيىمدا ياۋروپالىق مېھمانلار بار، ئەگەر مەن سىزنىڭ ئاشخانىدا تاماق يېيىشىڭىزگە قوشۇلسام، مېھمانلىرىم خاپا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ھەتتا كەتمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بۇ يەردە پەقەت بىر ئاخشاملا قونسام بولىدى. مەن ھازىر بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاز - تولا چۈشەنگەندەك قىلىۋاتىمەن، سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنىمۇ چۈشىنىمەن. مېنى ئاشخانىدا تاماق يېگۈزمەسلىكىڭىزنىڭ كارايىتى چاغلىق، مەن ئەتە بىر ئامالىنى قىلارمەن.

ئۇلار مېنى بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ قويدى. ئۇ يەردە يەككە - يېگانە ھالدا تاماقلىنىشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، قاتتىق خىيالغا چۆكۈپ كەتتىم. سارايدا ھېچقانچە كۆپ مېھمانمۇ يوق ئىدى. مەن تېخى كۈتكۈچى تاماقنى ئەكىرىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپتىمەن. مەن غوجايىنىنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. ئۇ: «سىزنى بۇ يەردە تاماق يەڭ دېيىشكە زادىلا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، شۇڭا باشقا مېھمانلارغا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ، ئۇلاردىن سىزنى ئاشخانىدا تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلسام بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ باشقا پىكرى يوق ئىكەن ھەمدە سىزنى بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇرۇشنى خالىسا، پىكرىمىز يوق دەيدۇ. شۇڭا مەن سىزنى ئاشخانىدا تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ كىردىم، ئەگەر خالى-

سىڭىز بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرسىڭىز مەيلى» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ، ئاشخانىغا كىرىپ، راسا بىر ۋاق كۆڭۈللۈك غىزالاندىم.

ئەتىسى سەھەردە مەن ئادۋوكات ئا.ۋ.بايكېر (A.W.Baker) ئەپەندىنى يوقلاپ باردىم. سەيىق ئابدۇللا ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكى ھەققىدە ماڭا بىر قۇر سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىلىرى مېنى ھەيران قالدۇرمىدى. ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى، يەنە مەندىن بەزى مەسىلىلەرنى سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىمنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم. ئارقىدىنلا ئۇ: «بىزنىڭ بۇ يەردە سىزگە ھاۋالە قىلدۇرغۇدەك ھېچقانچە ئادۋوكاتلىق خىزمىتى يوق. چۈنكى، بىز ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچىنى تەكلىپ قىلدۇق. بۇ دېلو بەك سوزۇلۇپ كەتتى ھەم بەك مۇرەككەپ، شۇڭا مەن سىزنى ياردەملىشەلەيدىكىن دېگەن، بەزى زۆرۈر ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ چىقسىڭىزلا بولىدى. يەنە كېلىپ سىز تەبىئىي ھالدا مەن بىلەن دەۋاگەرنىڭ داد ــ مۇئامىلىسىنى راۋانلاشتۇرالايسىز، چۈنكى مەن بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا كېرەك بارلىق ئەھۋاللارنى سىزدىن ئىگىلەيمەن. مەن تېخى سىزگە بىرەر چۈشكۈن تېپىپ بېرەلمىدىم. مەن سىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئاندىن بىرنەرسە دەي دەپ ئويلىغان. بۇ يەردە بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىرقىي ئايرىمىچىلىق بار، شۇڭا سىزدەك ئادەمگە تۇرالغۇ تاپماق ئاسان ئەمەس. بىراق، مەن نامرات بىر ئائىلىنى تونۇيمەن، ئۇ بىر بولكىچىنىڭ ئائىلى. مېنىڭچە ئۇ سىزنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇ كىرىمىنى بىرئاز ئاشۇرالايدۇ. يۈرۈڭ، بىز ئۇنىڭكىگە بېرىپ قاراپ باقايلى» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى باشلاپ ھېلىقى ئائىلىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى، ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەتلەشتى، دېگەندەك ئۇ مېنى قوبۇل قىلدى، يېمەك ــ ئىچمەك ۋە ياتاقنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ھەپتىسىگە 35 شىللىڭ تۆلەيدىغان بولدۇم.

بايكېر ئەپەندى ئادۋوكات بولۇپلا قالماي، يەنە تەۋرەنمەس ئاددىي مىسسىيونېر ئىدى. ئۇ ئادۋوكاتلىق كەسپىنى ئالىبۇرۇن تاشلىۋەتكەنىدى، ئۇ مەخسۇس چېركاۋ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ باي ئادەم ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ مەن بىلەن خەت ــ ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خېتىدە ھەمىشە ئوخشاش بىر مەسىلىنى تىلغا ئالاتتى. ئۇ تۇرلۇك

ئوخشىمايدىغان قاراشلار بويىچە خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەڭ ياخشى دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى ھەمدە ئىيسانى خۇدانىڭ بىردىن-بىر يالغۇز ئوغلى، ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ قارىسىلا، مەڭگۈ روھىي ئەمىنلىك تاپقىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

مەن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، بايكېر ئەپەندى مېنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرىمنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا: «مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا ھىندى دىنى مۇرىتى بولۇپ تۇغۇلغانمەن، لېكىن ھىندى دىنىدىن بىلىدىغانلىرىم چاغلىق، باشقا دىنلارنىمۇ ناھايىتى ئاز بىلىمەن. راست گەپنى ئېيتسام، بۇ مەسىلىدە مېنىڭ دېگەندەك ئىشەنچىم يوق ھەم ئۆزۈمنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقىمنى ۋە نېمىگە ئىشىنىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن. مەن ئۆز دىنىمنى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ باقماقچىمەن» دېدىم.

بايكېر ئەپەندى مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن: «مەن جەنۇبىي ئافرىقا دىنىي تەرغىبات باش ئۇيۇشمىسىنىڭ لىدىرلىرىدىن بىرىمەن. مەن ئۆزۈم پۇل چىقىرىپ بىر چېركاۋ سالدۇردۇم، ئۇ يەردە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئىبادەت قىلىپ تۇرىمەن. مەندە ئىرقىي ئايرىمچىلىق يوق. مېنىڭ بىرنەچچە خىزمەتدىشىم بار. بىز ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئۇ يەردە بىرنەچچە مىنۇت بىللە بولۇپ، تىنچلىق ۋە ئەمىنلىك ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىمىز. ئەگەر سىزمۇ بىزنىڭ ئىبادىتىمىزگە قاتنىشىشنى خالىسىڭىز، مەن ناھايىتى خۇشال بولاتتىم. مەن سىزنى خىزمەتداشلىرىمغا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، ئۇلار سىزنى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ شۇنداق ھۆددە قىلىمەنكى، سىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ياقتۇرۇپ قالىسىز، بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە سىزنىڭ كۆرۈشىڭىزگە بىرنەچچە دىنىي كىتاب بېرىمەن. «ئىنجىل»لارنىڭ سەردارى، بۇلارنى مەن سىزگە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇۋاتىمەن» دېدى.

مەن بايكېر ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتتىم ھەمدە چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىكى ئىبادەتكە ئىمكانقەدەر ۋاقتىدا قاتنىشىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردىم.

ــ ئەمىسە ئەتە سائەت بىردە سىزنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن، بىز ئىبادەتكە بىللە بارايلى، ــ بايكېر ئەپەندى بۇ گەپنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، مەن بىلەن خوشلاشتى.

مەن ئەينى چاغدا ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ مەسىلىنى ئوبدانراق ئويلى-

نىپ باقماپتىكەنمەن.

مەن مېھمانخانا غوجايىنىغا پۇلنى بېرىۋېتىپ، يېڭى تۇرالغۇمغا كۆچۈپ كەلدىم، چۈشلۈك تاماقنى ئۇ يەردە يېدىم. ئايال غوجايىن ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۇ ماڭا بىر ۋاق گۆشسىز تاماق ئېتىپ بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي مەن بۇ ئائىلە كىشىلىرى بىلەن تونۇشۇپ كەتتىم.

كېيىن مەن دادا ئابدۇللا تونۇشتۇرغان بىر بۇرادەر بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. ئۇ ماڭا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلار دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مېنى ئۆيىدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزۈمنىڭ ماكانلىشىپ بولغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ نېمىگە ھاجىتىم چۈشسە تارتىنماي سوراۋېرىشىمنى ئېيتتى.

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن ئۆيگە قايتىپ كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ياتىقىمغا قايتتىم ـ دە، چوڭقۇر خىياللار ئىلكىگە تاشلىنىپ ياتتىم. ئەينى ۋاقىتتا دەرھاللا قىلمىسام بولمايدىغان خىزمەتمۇ يوق ئىدى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى سەيىف ئابدۇللاغا مەلۇم قىلدىم. مەن ئىچىمدە بايىقى ئەپەندىنىڭ ماڭا بۇنداق قىزىقىپ قېلىشىدا نېمە مۇددىئا باردۇ؟ مەن ئۇنىڭ دىنداشلىرىدىن نېمىگىمۇ ئېرىشەرمەن؟ مەن خىرىستىيان دىنىنى تەتقىق قىلىپ قايسى سەۋىيەگە بارارمەن؟ مەن قانداق قىلسام ھىندى دىنىغا دائىر كىتابلارنى قولغا چۈشۈرەلەرمەن؟ مەن ئۆز دىنىمنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمىسەم، خىرىستىيان دىنىنى قانداقمۇ توغرا چۈشىنەلەرمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. مەن پەقەت بىرلا خۇلاسىگە كەلدىم: ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىشىم، ماڭا دۇچ كەلگەن بارلىق نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىشىم كېرەك. بايىقى ئەپەندىنىڭ كوللېكتىپىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشقا كەلسەك، پەرۋەردىگارنىڭ ئىجازىتىنىلا كۈتۈشۈم، ئۆز دىنىمغا نىسبەتەن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن، مەن يەنە باشقا دىنغا ئىشەنمەسلىكىم كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون بىرىنچى باب

## خرىستىيانلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلدىم

ئەتىسى سائەت بىردە بايكىر ئەپەندىنىڭ ئۆيچە ئىبادىتىگە باردىم. مەن ئۇ يەردە خاررىس (Harris) خېنىم، گابىي (Gabb) خېنىم ۋە كوتېس(Coates) ئەپەندى، يەنە باشقا بىرنەچچەيلەن بىلەن تونۇشتۇم. ھەممەيلەن يۈكۈنۈپ سەجدە قىلاتتى، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. ھەربىر ئادەم ئۆز ئارزۇسى بويىچە پەرۋەردىگارغا سىغىنىپ دۇئا قىلاتتى. ئادەتتە شۇ بىر كۈننىڭ تىنچ ـ ئامان ئۆتۈشىنى تىلەيتتى ياكى پەرۋەردىگاردىن ئۆز قەلبىگە رىغبەت ئاتا قىلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنەتتى.

ئەمدى ئۇلار مېنىڭ بەخت ـ سائادىتىم ئۈچۈن يەنە بىر كەلىمە دۇئانى قوشۇپ ئوقۇيدىغان بولدى: «ئى رەببىم، بۇ يېڭى كەلگەن قېرىنداشىمىزغا ھىدايىتىڭنى كۆرسەتكەيسەن. ئى رەببىم، بىزگە ئېھسان قىلغان ئەمىنلىكىڭگە ئۇنىمۇ نائىل قىلغايسەن، رەببىمىز ئىيسا، نىجاتلىقىڭنى ئۇنىڭدىنمۇ ئايىمىغايسەن، بارچە تىلاۋىتىمىزدە ئىيسانىڭ نامىغا سىغىنىمىز.» بۇنداق ئىبادەتلەردە مۇناجات ياكى باشقا مۇزىكىلار ئوقۇلمايتتى. ھەر كۈنى ئالاھىدە بىر ئىش ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ، ھەركىم چۈشلۈك تامىقىنى يېيىشكە كېتەتتى. چۈنكى، بۇ دەل چۈش ۋاقتىغا توغرا كېلەتتى. ئىبادەتكە كېتىدىغان ۋاقىت بەش مىنۇتتىن ئاشمايتتى.

خاررىس خېنىم بىلەن گابىي خېنىم ياشقا چوڭ بولسىمۇ تويى قىلمىغانىدى. كوتېس ئەپەندى دىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇ ئىككى خېنىم بىللە تۇراتتى، ئۇلار ماڭا: «بۈنىڭدىن كېيىن ھەر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە بىزنىڭكىگە بېرىپ چاي ئىچىڭىز» دېگەن تەكلىپنى بەردى.

ھەر يەكشەنبە كۈنى بىز كۆرۈشكەندە مەن ھەر ھەپتىلىك كۈندىلىك دىنىي خاتىرەمنى كوتېس ئەپەندىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا بېرەتتىم ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ئوقۇغان كىتابلار ۋە بۇ كىتابلاردىن ئالغان تەسىراتىم ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىشاتتىم. بۇ ئىككى خېنىم ئۆزلىرىنىڭ شېرىن تەجرىبىلىرى ۋە ئېرىشكەن تىنچ ـ ئېسەنلىكلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ كېتەتتى.

كوتېس ئەپەندى ئوچۇق ـ يورۇق، قەيسەر ياش ئىدى. بىز دائىم بىللە سەيلە قىلاتتۇق، بەزىدە ئۇ مېنى ئېلىپ باشقا خىرىستىيان دوستلىرىنى يوقلاپ باراتتى.

بىز يېقىن چىقىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ماڭا ئۆزى تاللىغان كىتابلارنى ئوقۇۋېلىشىمغا بەردى، بۇ ھال تاكى كىتاب جازام توشۇپ كەتكۈچە داۋام قىلدى. ئۇ مېنى كىتاب بىلەن تاكامۇللاشتۇرماقچىدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. مەن ساپ ئىمانىم بىلەن بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولىمەن، دەپ لەۋز قىلدىم، بىز كىتابلارنى ئوقۇغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى بىر ياقتىن مۇھاكىمە قىلىپ ئوقۇيتتۇق.

بۇنداق كىتابلارنى مەن 1893 ـ يىللىرى كۆپ ئوقۇغانىدىم. ھازىر ئۇ كىتابلارنىڭ ئىسمى تولۇق ئېسىمدە قالماپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى دوكتور پاركېر (Parker) «شەھەر چېركاۋىغا باھا» دېگەن كىتابىنىڭ ئىسمىلا ئېسىمدە قاپتۇ. بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايتتى، مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ياخشى كۆرەتتىم، بەزىلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتىم. «مۆجىزاتلار»دا ئاپتور ئۆزى چۈشەنگەن پاكىتلار بويىچە «ئىنجىل»دىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى شەرھلىگەنىدى. بۇ كىتاب ماڭا ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى. بېكنىڭ «شەھەر چېركاۋىغا باھا» ئەخلاقىي رىغبەت ئىدى، لېكىن ئۇ بازار تېپىۋاتقان خىرىستىيان دىنىغا قارىتا ھېچقانداق ئىشەنچى يوق بىر ئادەمگە ھېچقانچە ياردەم بېرەلمەيتتى. باتلېرنىڭ «سېلىشتۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن كىتابى تېرەن ھەم مۇپەسسەل، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئەسەر ئىدى. ئۇنى مۇۋاپىق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆت ـ بەش قېتىم تەكرار ئوقۇش كېرەك ئىدى. مېنىڭچە، ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا ئاتېئىزمچىلارنى ئىدېئالىزمچىلارغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغاندەك قىلاتتى. كىتابتىكى پەرۋەردىگارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دائىر نۇرغۇن نۇقتىئىنەزەرلەرگە مەن ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدىم. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن پەرۋەردىگارنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەسلىك باسقۇچىدىن ئۆتۈپ بولغانىدىم. لېكىن، ئۇنىڭدىكى ئىنسانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلى ۋە پەرۋەردىگار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى ۋە كېيىن ئىكەنلىكىدىكى دەلىللەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھېچقانداق تەسىراتتا بولمىدىم.

لېكىن، كوتېس ئەپەندى ئۇتتۇرغىنىغا ئۇنداق ئاسان تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ مېنىڭ بوينۇمدىكى تۇلسى (Tulsi) (رەيھانگۈل) ئۇرۇقىدىن ياسالغان ۋىسنۇ دىنىي تەسۋىسىنى كۆرۈپ، بۇنى خۇراپىيلىق، دەپ قاراپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى.

— بۇنداق خۇراپاتلىق سىزگە ماس كېلەرمۇ؟ كېلىڭ، مەن بۇ تەسۋىنى ئۈزۈۋېتەي.

— ياق، بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ، بۇ ئانام بەرگەن مۇقەددەس سوۋغا.

— لېكىن سىز ئۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— مەن ئۇنىڭ مۇقەددەس سىرىنى چۈشەنمەيمەن. ناۋادا ئۇنى سالمىسامىمۇ بىرنېمەمنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلمايمەن، لېكىن تولۇق سەۋەب بولماي تۇرۇپ، مەن بۇ تەسۋىنى بوينۇمدىن ئېلىۋېتەلمەيمەن. چۈنكى، ئانام ئۇنى بىر خىل مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد بىلەن بوينۇمغا ئېسىپ قويغان، ئۇنى مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمغا ھەمراھ بولغاي دەپ قارىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۇپراپ تۈگىسە، مەن يەنە يېڭىدىن بىرنى ياساپ يۇرمەيمەن. لېكىن، بۇ تەسۋىنى ئۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ.

كوتېس ئەپەندى مېنىڭ نەزەرىيەلىرىمنى چۈشىنەلمىدى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ دىنىمغا ھۆرمەت قىلمايتتى. ئۇ مېنى ھامان بىر كۈنى تەگسىز نادانلىق ئويقاندىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلايتتى. ئۇ مېنى باشقا دىنلاردا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھەقىقەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر مەن ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلمىسام، نىجاتلىق تاپماقچى بولۇشۇمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە، ئىيسانىڭ ئىجازىتىسىز گۇناھىمنىڭ مەغپىرەت بولمايدىغانلىقىغا، ھەر قانچە كۆپ ساۋابلىق ئىش قىلسامىمۇ، بەربىر بىكار بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن ماڭا بىرمۇنچە كىتابلارنى تونۇشتۇرسا، يەنە بىر

جەھەتتىن مېنى ئۆزى ئىمانى چىڭ دەپ قارىغان بىرنەچچە دىنىي بۇرادىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىرىستىيان دىنىنىڭ يەنە بىر مەزھىپى بولغان پلىيموس (Plymouth) مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىغا تەۋە بىرەيلەن بار ئىدى.

كوتېس ئەپەندى مەسئۇل بولۇپ ئورناتقان ئالاقىلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى نەتىجە بېرەتتى. ئادەمنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگاردىن قورقاتتى. ھالبۇكى، مەن بۇ ئائىلە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يۈرگەندە، پلىيوس مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىدىكى بىر مۇرىت كۈتۈلمىگەن بىر خىل نەزەرىيەنى كۆتۈرۈپ چىقتى:

— سىز دىنىمىزنىڭ نەقەدەر ئېسىللىقىنى چۈشەنمەيسىز. سىز ھاياتىڭىزنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى گويا سەۋەنلىكىڭىزگە بولغان تۈۋا - ئىستىغپار ۋە ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن دەۋاتىسىز. بۇنداق تىنىمسىز تەكرارلىق سىزنى قانداقمۇ قۇتقۇزۇۋالالايدۇ. سىز مەڭگۈ خاتىرجەملىك تاپالمايسىز. سىز بىزنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈۋاتىسىز، بىزنىڭ ئۆزگىرىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇشىمىزنىڭ پايدىسى يوق، لېكىن بىز جەزمەن قۇتقۇزۇۋېلىنىمىز. بىز گۇناھ بويىنى قانداقمۇ يۇدۇپ يۈرەلەيمىز؟ بىز ئۇنى ئەيسانىڭلا ئۈستىگە ئارتالايمىز، ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ بىردىنبىر گۇناھسىز ئوغلى. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلار مەڭگۈ نىجاتلىق تاپىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ چەكسىز مېھىر - شەپقىتى دەل مۇشۇ يەردە. ئەگەر بىز ئەيسانىڭ بىز ئۈچۈن گۇناھىمىزنى يۈيىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك، گۇناھىمىز بىزنى بەند قىلالمايدۇ. بىزنىڭ گۇناھىمىز مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ گۇناھسىز ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئەيسا شۇڭا ئازاب چەككەن، ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۇلۇغ نىجاتكارلىقىغا ئىشەنگەن ئادەم ئاندىن مەڭگۈلۈك ئەمىنلىك تاپالايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ھاياتىڭىز ۋەسۋەسىچىلىك بىلەن تولغانىكەن. لېكىن، بىز تىنچ - ئامانلىق لەۋزىسى ئالغانىمىز. لېكىن، بۇ بايانلار مېنى پۈتۈنلەي قايىل قىلالمىدى.

— ئەگەر بارلىق خىرىستىيانلار بەيئەت قىلىدىغان خىرىستىيان دىنى مۇشۇ بولسا، — دېدىم مەن كەمتەرلىك بىلەن، — مەن قوبۇل قىلالمىغۇدەكمەن. مەن ئۆز گۇناھىمنىڭ ئاقىۋىتىدىن پارىغلىق ئىزدىمەيمەن. مېنىڭ ئىنتىلىدىغىنىم گۇناھىمنىڭ ئۆزىدىن پارىغلىق ئىزدەش.

www.uyghurkitap.com

مەن مۇشۇ مەنزىلگە يەتمىگۈچە، تۇرمۇشۇمدا خاتىرجەم بولالمايمەن.

— مەن سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، — دېدى ھېلىقى پىيمۇس مۇرىتى دېگەنلىرىمگە رەددىيە بېرىپ، — تىرىشچانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، دېگەن گەپلىرىمنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ باققايسىز.

لېكىن، بۇ مۇرىت ھەقىقەتەن قىلىمەن دېگىنىنى قىلالىتتى. ئۇ غەرەزلىك گۇناھ سادىر قىلىۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ماڭا بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مەن بۇ دوستلار بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، بارلىق خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ گۇناھتىن پارىغ بولۇش ھەققىدىكى بۇنداق نەزەرىيەلەرگە ئىشەنمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. كوتېس ئەپەندى پەرۋەردىگاردىن قورقىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ قەلبى پاك ئىدى، ئۇمۇ ئۆزىنى پاكلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشىنەتتى. ھېلىقى ئىككى خانىممۇ بۇ خىل چۈشەنچىلەرنى قۇۋۋەتلەيتتى. مەن ئوقۇغان بىرنەچچە كىتاب مۇشۇنداق تەقۋادارلىق بىلەن تولغانىدى. كوتېس ئەپەندى مېنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىمدىن ئىنتايىن تەشۋىشلىنىۋاتقان بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا پىيمۇس مۇرىتىنىڭ بۇرمىلانغان ۋەزلىرى مەندە خىرىستىيان دىنىغا قارىتا ھېچقانداق بىر تەرەپلىمە قاراشنى شەكىللەندۈرمەيدۇ دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىدىم.

مېنىڭ قىيىنچىلىقىم باشقا يەردە ئىدى، يەنى «ئىنجىل» ھەم ئۇ ھەقتىكى باشقىلار ئېتىراپ قىلغان شەرھلەردە ئىدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# ھىندىلار بىلەن بولغان باردى - كەلدىلەر

مەن خىرىستىيان مۇرىتلىرى بىلەن بولغان ئالاقەمنى يەنىمۇ تەپسىلىيرەك يېزىشتىن ئاۋۋال، مۇشۇ مەزگىللەردىكى باشقا باردى - كەلدىچىلىكلىرىم ئۈستىدە توختىلىشىم زۆرۈر.

تىيىب ھاجىخان مۇھەممەد سەيفىنىڭ پىرېتورىيەدىكى ئورنى دادا ئابدۇللانىڭ ناتالدىكى ئابرۇيى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ھەرقانداق ئاممىۋى پائالىيەتنى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزگىلى بولمايتتى. مەن پىرېتورىيەگە كەلگەن تۇنجى ھەپتىسىلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانىدىم. ئۇنىڭغا پىرېتورىيەدىكى ھەربىر ھىندىستانلىق بىلەن ئۇچراشقۇم بارلىقىنى ئېيتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئۇ يەردىكى ھىندىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ بېقىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى بىلدۈردۈم ھەمدە ئۇنىڭ ھەمكارلىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم، بۇنىڭغا ئۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى.

مەن تۇنجى قەدەمنى يىغىن ئېچىشتىن باشلىدىم. مەن يىغىنغا پىرېتورىيەدىكى بارلىق ھىندىلارنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدىم، مەن ئۇلارغا ترانسۋالدىكى ھىندىلارنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزمەكچى ئىدىم. بۇ قېتىمقى يىغىن ھاجى مۇھەممەد ھاجى سەيىف جوساب (Joosab)نىڭ ئۆيىدە ئېچىلدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى ئارقىلىق تونۇشقانىدىم. يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك مۆمىن سودىگەرلەر ئىدى، يەنە بىرنەچچە ھىندى دىنى مۇرىتلىرىمۇ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە پىرېتورىيەدە ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى.

مېنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندىكى نۇتقۇمنى ھاياتىمدىكى جامائەتكە يۈزلىنىپ قىلغان تۇنجى نۇتقۇم دېيىشكە بولىدۇ. مەن سودىدىكى سەمىمىيەتلىك ھەققىدە سۆزلىدىم، سۆزلەشتىن ئىلگىرى مەن خېلىلا تەييارلىق قىلىۋالغانىدىم. مەن سودىگەرلەرنىڭ سودىدا راستگۇيلۇق

قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، دېگەنلىرىنى ھەمىشە ئاڭلاپ تۇراتتىم. دەسلەپتە بۇ گەپلەر ماڭا ياقمىغانىدى، ئۇنى ھازىرمۇ ياقتۇرمايمەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ خېلى كۆپ تىجارەتچى بۇرادەرلەر سودا بىلەن سەمىمىيلىكنى تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلارچە سودا ئەمەلىيەتكە ئېتىبار بېرىدۇ، سەمىمىيلىك بولسا بىر خىل دىنىي ھېسسىيات. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەمەلىيەت بىر گەپ، سەمىمىيلىك يەنە بىر گەپ. ئۇلار تىجارەت قىلغاندا نوقۇل سەمىمىيلىكتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاقتۇرالمايدىغان ئىش بولمىسىلا، كىشىلەر ئاسانلىقچە راست گەپ قىلمايدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. مەن نۇقتۇمدا بۇنداق گەپلەرنى كۆچۈمنىڭ بارىچە ئەيىبلىدىم. سودىگەرلەرگە ئۆزلىرىنىڭ قوش بۇرچىنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشتىم، چەت ئەللەردە سەمىمىي بولۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، چۈنكى ئاز ساندىكى بىرنەچچە ھىندىنىڭ قىلمىشىنىڭ ئۇلارنىڭ مىليونلىغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.

مەن خەلقىمىزنىڭ ئادىتى ۋە تۇرمۇشىنى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنگلىزلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئالىبۇرۇنلا بايقىغانىدىم. مەن ئۇلاردىن بۇنىڭغا دىققەت قىلىشنى ئۆتۈندۈم. مەن يەنە ھىندى مۇرىتى، مۇسۇلمانلار، پارسلار، خىرىستىيانلار، گۇجاراتلار، مادراسلىقلار، پەنجاپلىقلار، دېھلىلىقلار، كوچىنلىقلار، سۇراتلىقلار دېگەندەك پەرقلەرنى ئۇنتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا ــ قايتا تەكىتلىدىم.

سۆزۈم ئاياغلىشىدىغان ۋاقىتتا، مەن ھىندى مۇھاجىرلىرىنىڭ دەرد ــ ئەلەملىرىنى مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەرگە ئېيتىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدىم. مەن ئىمكانقەدەر ۋاقىت چىقىرىپ، بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ماقۇل بولدۇم. قارىغاندا بۇ قېتىمقى يىغىن ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاندەك قىلاتتى.

مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇلدى. بەزىلەر مېنى كۆپلىگەن پاكىت بىلەن تەمىنلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن بۇنىڭدىن ئىلھاملاندىم، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنگلىزچە بىلىدىغانلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مېنىڭچە، بۇ دۆلەتتە ئىنگلىز تىلىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. مەن بوش ۋاقتى بار كىشىلەرنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىنى، ياشانغان كىشىلەرنىڭمۇ بىرەر

تىل ئۆگىنىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدىم ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن دەلىللىدىم. مەن ئىنگلىز تىلى سىنىپى ئاچماقچى بولدۇم. بۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى خالايدىغانلارغا ئايرىم دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

ئىنگلىز تىلى سىنىپى ئېچىلمىدى، لېكىن ئۈچ ياش قولايلىق ۋاقىتتا ئۆگىنىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شەرت مەن ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ دەرس ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدى. بۇلارنىڭ ئىككىسى مۇسۇلمان بولۇپ، بىرسى ساتىراشلىق قىلاتتى، يەنە بىرسى خىزمەتچى ئىدى. ئۈچىنچىسى ھىندى دىنى مۇرىتى بولۇپ، بىر كىچىك دۇكان خادىمى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بىر - بىرلەپ قاندۇردۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتۇش قابىلىيىتىمدىن ئەندىشە قىلمايتتىم، ئوقۇغۇچىلىرىم زېرىكىپ قالسىمۇ، مەن زېرىكمەيتتىم. بەزىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا بارسام، تىجارىتىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بايقايتتىم، لېكىن سەۋرسىزلىك قىلمايتتىم. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىنگلىزچىنى چوڭقۇر ئۆگەنگۈسى يوق ئىدى، بىراق، ئىككىيلەن سەككىز ئايدەك ئۆگەنگەندىن كېيىن خېلىلا ئىلگىرىلەپ قالدى. ئىككىيلەن ئىنگلىزچە ھېساب قىلىش ۋە ئادەتتىكى سودا ئالاقىلىرىنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالدى. ھېلىقى ساتىراش ئۆز خېرىدارلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇچىلىك بىلىم ئىگىلەش بىلەنلا چەكلەندى. ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگەنگەندىن كېيىنكى نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئىككىيلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق نىسبەتەن كۆپرەك ئىقتىدارنى ئۆزىدە ھازىرلىدى.

مەن شۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ نەتىجىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دەپ ئويلايمەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ قېتىمقى يىغىندا بۇنىڭدىن كېيىن ھەپتىدە ياكى ئايدا بىر قېتىم مۇشۇنداق يىغىننى ئېچىپ تۇرۇش قارار قىلىنغانىدى. بۇنداق يىغىن ئاساسەن ۋاقتىدا ئېچىلىپ تۇرۇلدى، يىغىندا كۆپچىلىك ئەركىن پىكىر ئالماشتۇراتتى. نەتىجىدە، پىرېتورىيەدە تۇرۇشلۇق ھىندىستانلىقلاردىن مەن تونۇمايدىغان بىرىمۇ قالمىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلەتتىم. بۇ ھال مېنىڭ پىرېتورىيەدە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ۋالىيسى جاكوبۇس.دي.ۋېت (Jacobus de Wet) ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشۈمگە تۈرتكە بولدى. ئۇ ھىندىلارنىڭ ھالىغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ھېچقانچە تەسىر كۈچى بولمىسىمۇ، بىزگە ئىمكانقەدەر ياردەم بېرىدىغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com

زۆرۈر تېپىلغاندا ھەر ۋاقىت ئۇنى ئىزدىسەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ چاغدا مەن تۆمۈريول دائىرىلىرىگە خەت يېزىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ھىندىلارغا قارىتىلغان سىياسەت چەكلىمىسىنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم. ماڭا بىر پارچە جاۋاب خەت كەلدى. خەتتە ھىندىلار ئىچىدە مۇۋاپىق كىيىنگەنلەرلا بولسا، بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىنى ئېلىشقا بولىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان چارە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، كىمنىڭ كىيىمىنىڭ «مۇۋاپىق» بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش ھوقۇقى يەنىلا ۋوگزال باشلىقىنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

ئەنگلىيە ۋالىيسى ماڭا ھىندىستانلىقلارغا دائىر ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتى. تىيىپ سەيفمۇ ئىلگىرى ماڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆججەتلەرنى كۆرسەتكەنىدى. مەن ھىندىلارنىڭ ئورانگې (Orange) ئەركىن ئىشتاتىنىڭ سىرتىغا قانداق رەھىمسىزلىك بىلەن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى مۇشۇ ھۆججەتلەردىن بىلدىم.

قىسقىسى، مېنىڭ پىرېتورىيەدە بولۇشۇم مېنى ترانسۋال ۋە ئورانگې ئەركىن ئىشتاتىدىكى ھىندىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىنى بىر قېتىم چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. مەن بۇ تەتقىقاتلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۈچۈن بۇنچىۋالا زور قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم. چۈنكى، مەن يىل ئاخىرىدا ياكى بۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق ۋەتەنگە قايتماقچىدىم. مۇبادا ئۇ دېلو مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاياغلاشسا. لېكىن پەرۋەردىگار باشقىچە ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

## ئون ئۈچىنچى باب

## «مەدىكار» زادى نېمىنى چۈشەندۈردۇ؟

بۇ يەردە ھىندىستانلىقلارنىڭ تىرانىسكېي ۋە ئورانگې ئەركىن ئىشتا-تىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. كىمكى ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەنمەكچى بولسا، مەن يازغان «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكەت تارىخى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ باقسۇن. بۇ يەردە ئۇنى ئىخچاملىراق قىلىپ سۆزلەپ قويۇشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بار.

ئورانگې ئەركىن ئىشتاتىدىكى ھىندىستانلىقلار 1888 ـ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق تۈزۈلگەن ئالاھىدە بىر قانۇن تۈپەيلى، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. ئەگەر ئۇلار ئاشۇ يەردە ماكانلىشىپ قالماقچى بولسا، ئۇلار پەقەت مېھمانخانىلارغا بېرىپ كۈتكۈچى بولۇشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان باشقا پەس خىزمەتلەرنى قىلىشى كېرەك ئىدى، شۇندىلا بۇنىڭغا مۇمكىن بولاتتى. گەرچە نامدا ئازراق تۆلەم پۇلى بېرىلىسىمۇ، تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ھەيدىۋېتىلگەنلەر ئىدى. ئۇلار ئىلتىماس قىلىپ، مۇراجىئەتنامە سۇنسىمۇ ھۆججەت چۈشمىگەنىدى.

1885 ـ يىلى تىرانسكېيدا دەھشەتلىك بىر قانۇن ماقۇللاندى، 1886 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى بۇ قانۇنغا ئاساسلانغاندا، بارلىق ھىندىستانلىقلار تىرانسۋالغا كەلسە ئۈچ فوندستېرلىڭ ئادەم بېجى تۆلەيتتى. پەقەت ئۇلارغا ئالاھىدە ئايرىپ بېرىلگەن رايونلاردىن باشقا جايلاردا ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى مەنئى قىلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇنداق رايون-

دا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ يەرگە قارىتا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ سايلام ھوقۇقى يوق ئىدى. سانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسىيالىقلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئاشۇ ئالاھىدە قانۇنغا ئاساسلانغانىدى، رەڭلىك ئىرقلارغا باب كېلىدىغان باشقا قانۇنلارمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن كۈچكە ئىگە ئىدى. مۇشۇ قانۇن بويىچە بولغاندا، رەڭلىك ئىرقلار، ھىندىستانلىقلارنىڭ پىيادىلەر يولىدا مېڭىشىغا يول قويۇلمايتتى. ئەگەر ئىجازەتنامە بولمىسا، كېچە سائەت توققۇزدىن كېيىن ئىشىكتىن چىقىشمۇ چەكلەنگەنىدى. ئەڭ ئاخىرقى بۇ بەلگىلىمە ھىندىستانلىقلارغا نىسبەتەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، «ئەرەب» دەپ قارالغانلىكى كىشىلەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىناتتى، ئۇلار بۇ خىل بەلگىلىمىنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي ئىدى. كىمكى بۇنداق ئالىي مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولماقچى بولسا، ئۇ تەبىئىي ھالدا ساقچىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ بۇ ئىككى خىل بەلگىلىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدىم. مەن ھەمىشە ئاخشىمى كوتېس ئەپەندى بىلەن سىرتنى ئايلىنىپ كېلەتتىم. بىزنىڭ سائەت ئوندىن ئىلگىرى ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقتىمىز ناھايىتى ئاز بولاتتى. ئەگەر ساقچى مېنى تۇتۇۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ كوتېس ئەپەندى بۇنىڭغا مەندىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قارا تەنلىك خىزمەتچىلىرىگە يول خېتى تارقىتىپ بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ ماڭا نېمىشقا تارقىتىپ بەرمەيدىكىنە؟ پەقەت غوجايىن بولغان كىشىلا چاكارلىرىغا يول خېتى تارقىتىپ بېرەلەيتتى. ماڭا بىر پارچە يول خېتى كېرەك بولغان تەقدىردە، كوتېس ئەپەندىنىڭ ماڭا تارقىتىپ بەرگۈسى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇنداق قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇ قانۇنغا خىلاپ ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن كوتېس ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە دوستلىرى مېنى شۇ جاينىڭ ساقچى باشلىقى كرائۇس (Krause) دوكتورنىڭكىگە ئاپاردى، ئەسلىدە بىز مەكتەپداش ئىكەنتۇق. كېچە سائەت توققۇزدىن كېيىن سىرتقا چىقالىشىم ئۈچۈن بىر پارچە يول خېتى كېرەك بولۇپ قالغانلىقىدەك بۇ ئىشقا ئۇ زادىلا چىديالماي قالدى. ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ ماڭا يول خېتى بېرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرمەستىن، ئەكسىچە

بىر پارچە خەت قىلىپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا سىرتقا چىقسام ساقچىلار ئارىلىشالمايدىغان ھوقۇقنى بەردى. مەن سىرتقا چىققان ۋاقىتتا، ھەمىشە مۇشۇ خەتنى يېنىمغا سېلىۋالاتتىم. لېكىن، مەن بۇ خەتنى زادىلا ئىشلىتىپ باقمىدىم.

كرائۇس دوكتور مېنى ئۆزىنىڭ قېشىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى، بىز دوست بولۇپ قالغانىدۇق. مەن پات - پات ئۇنى يوقلاپ تۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى — جوخانىسبۇرگنىڭ مەشھۇر تەپتىشى بىلەن تونۇشۇۋالدىم. بور (Boer — ئافرىقىدىكى بىر مىللەت) ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ بىر ئەنگلىيە ھەربىي ئەمەلدارىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەربىي سوت تەرىپىدىن يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ھەم ئۇنىڭ ئادۋۇكاتلىق قىلىشى چەكلەنگەنىدى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ قويۇپ بېردىلىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تىرانسۋالدا ئادۋوكاتلىق كەسپىنى بېجىرىشكە قايتىدىن رۇخسەت قىلىنغانىدى.

بۇ مۇناسىۋەتلەر كېيىنكى ئالاقە ئىشلىرىمدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى ھەمدە خىزمىتىمنى كۆپ ئاسانلاشتۇرۇۋەتتى.

پىيادىلەر يولىدا مېڭىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىگە كەلسەك، ئۇ مەن ئۈچۈن خېلىلا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئەكەلگەنىدى. مەن ھەمىشە پىرىزىدېنت كوچىسىدىن ئۆتۈپ بىر پارچە بوشلۇققا بېرىپ سەيلە قىلاتتىم. كرۇگېر (Kruger) زۇڭتۇڭنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدا ئىدى، ئۇ تولىمۇ ئاددىي، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان بىر دوم قۇرۇلۇش ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈلزارلىقىمۇ يوق بولۇپ، ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن ھېچبىر پەرقلەنمەيتتى. پىرېتورىيەدىكى نۇرغۇن بايلارنىڭ ئۆيى ئۇنىڭكىدىن كۆپ ھەشەمەتلىك ئىدى، يەنە كېلىپ ئەتراپى پۈتۈنلەي گۈلزارلىق بولاتتى. كرۇگېر زۇڭتۇڭنىڭ ئاددىي - ساددىلىقى ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا داستان ئىدى. پەقەت ئىشىك ئالدىدا قاراۋۇللۇققا قويۇلغان بىر ساقچىلا ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئەمەلدارنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. مەن ھەمىشە پىيادىلەر يولىنى بويلاپ پوستتا تۇرغان بۇ ساقچىنىڭ ئالدىدىن ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۆتەتتىم.

بۇ چاغدا پوستتا تۇرغان ساقچىلار ھەمىشە ئىسمىنا ئالمىشاتتى، بىر قېتىم بىر ساقچى ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەيلا، ھەتتا پىيا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىلەر يولىدىن ئايرىلىشىمغا بۇيرۇق بەرمەيلا، غولامدىن ئىتتىرىپ كوچىدىلا ئۇرۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپ بولغۇچە، يولدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كوتېس ئەپەندى مېنى چاقىردى:

— گەندى، مەن ھەممىنى كۆردۈم، ئەگەر سىز سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئۇ ئادەم ئۈستىدىن ئەرز سۇنسىڭىز، مەن سىزگە گۇۋاھچى بولۇپ بېرىمەن. سىزنىڭ بۇنداق قوپاللارچە تاياق يېگەنلىكىڭىزدىن مەن قاتتىق ئۆكۈنىمەن.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بۇ بىچارە نېمىنى بىلسۇن؟ ھەربىر رەڭلىك ئىرقتىكىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە يۇتۇنلەي ئوخشاش. شۈبھىسىزكى، ئۇ قارا تەنلىكلەرگىمۇ ماڭا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ دەرد - ھالىنى دەپ دەۋا - دەستۇر قىلمايمەن دېگەن نىيەتكە كەلگەن، شۇڭا مەن بۇ ئادەمنى ئەيىبلىمەيمەن.

— سىز ھەمىشە مۇشۇنداق، — دېدى كوتېس ئەپەندى، — لېكىن ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ، بۇنداق ئادەملەرنى ئازراق ئەدەپلەپ قويمايمۇ بولمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ساقچىغا بىرنېمىلەرنى دېدى ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. چۈنكى، ساقچى بور مىللىتىدىن ئىدى، ئۇلارنىڭ گېپى گوللاندىيەچە ئىدى، شۇڭا مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. لېكىن، ئۇ ماڭا ناماقۇل بولدى، بۇمۇ زۆرۈر ئىدى، مەن ئۇنى ئاللىقاچان كەچۈرۈۋەتكەنىدىم.

ۋاھالەنكى، مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يولدا زادىلا ماڭمىدىم. بۇ ئادەمنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئادەم ھامان چىقاتتى، ئۇلار مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى يەنە بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. نېمىشقا بۇنداق بىھۇدە جاپا تارتىپ يۈرگۈدەكمەن؟ شۇڭا مەن ئايلىنىپ كەلمەكچى بولسام، يەنە بىر يول بىلەن ماڭىدىغان بولدۇم.

بۇ ئىش مېنىڭ ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارغا بولغان مۇھەببىتىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مەن مۇشۇنداق بەلگىلىمىلەر ۋەجىدىن ئەنگلىيە

ۋالىيسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن كۆپچىلىك مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر دەپ ئويلىسا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېلولارنى ئەيىبلەشكە بولامدۇ، يوق دېگەن مەسىلىنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ مۇشەققەتلىك ئەھۋالىنى يېقىندىن تەتقىق قىلدىم. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپلا قالماي، نۇرغۇن سۆھبەتلەرنى ئاڭلىدىم، يەنە كېلىپ بەزى ئىشلارنى بىۋاسىتە بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ غۇرۇرلۇق بىر ھىندىستانلىق تۇرىدىغان دۆلەت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىمەن. بۇ ھالەتنى قانداق قىلغاندا ياخشىلىغىلى بولىدۇ؟ بۇ مەن بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.

ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم دادا ئابدۇللانىڭ دېلوسى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون تۆتىنچى باب

# ئەرز قىلىشقا تەييارلاندىم

پىرېتورىيەدە تۇرغان ئاشۇ بىر يىلدا ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. مەن بۇ يەردە ئاممىۋى خىزمەتلەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم ھەمدە بەزى خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇم. مەن ئادۋوكاتلىق كەسپىگە دائىر ھەقىقىي بىلىمگە مۇشۇ يەردىلا ئېرىشتىم. مەن بۇ يەردە ئىقتىسادى ئاجىز بىر ئادۋوكات تەجرىبىلىك بىر ئادۋوكاتتىن ئۆگىنىدىغان بىلىمنى ئالدىم. بۇ يەردە يەنە شۇنداق بىر خىل ئىشەنچكە ئىگە بولدۇمكى، ئۆزۈمنىڭ ئادۋوكاتلىق قىلسام مەغلۇپ بولمايدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. ئادۋوكاتلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئېپىگىمۇ مانا مۇشۇ يەردە ئېرىشتىم.

دادا ئابدۇللانىڭ دېلوسىنى كىچىك دېگىلى بولمايتتى. ئۇ 40 مىڭ فوندستېرلىڭلىق پايدا ـ زىيانغا بېرىپ تاقىلاتتى. تىجارەت ئىشىدىن كېلىپ چىققان بۇ دېلو نۇرغۇن پارچە ـ پۇرات ھېساباتلارغا چېتىلاتتى. دەۋا تەلىپى چىقىم قىلىنغان بىر قىسىم چەكنى ئاساس قىلغان، يەنە بىر قىسمىغا قارشى تەرەپنىڭ چىقىم قىلغان قەرەللىك چېكىدىكى ئالاھىدە ۋەدىسىنى ئاساس قىلىنغانىدى. جاۋابكارنىڭ ئادۋوكاتى بۇ قەرەللىك چەكلەر قانۇنلۇق ۋاستىلەر بىلەن كەلمىگەن، تولۇق ئاساسقا ئىگە ئەمەس دەيتتى. بۇ ئاجايىپ دېلو سانسىزلىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ۋە قانۇنىي مەسىلىلەر بىلەن تولغانىدى.

جاۋابكار بىلەن دەۋاگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئىقتىدارلىق ئادۋوكات ۋە قانۇن مەسلىھەتچىلىرىنى كېچىكىپ تەكلىپ قىلغانىدى. شۇڭا، ماڭا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت كەلگەنىدى. جاۋابكارنىڭ دېلو ماتېرىياللىرىنى ئادۋوكاتقا تەييارلاپ بېرىشتە

ئۇنىڭ دېلوسىغا ياردىمى تېگىدىغان بەزى پاكىتلارنى تاللاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئىشقا مەن مەسئۇل بولدۇم. مەن تەييارلىغان ماتېرىياللارنىڭ قانچىلىكىنى ئادۋوكات ئىشلىتىدىغانلىقىغا، قانچىلىكىنىڭ تاشلىۋېتىدىغانلىقىغا، يەنە شۇنىڭدەك ئادۋوكاتلار تەييارلىغان ماتېرىياللارنىڭ زادى قايسىلىرىنى قانۇن مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئىشلىتىدىغانلىقىغا قاراش كېرەك ئىدى. مانا بۇلار مەن ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل تەربىيە بولغانىدى. مەن بۇ خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ماڭا خېلى زور چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىسپاتنامىلەردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم.

مەن بۇ دېلوغا ئىنتايىن قىزىقاتتىم، ھەقىقەتەنمۇ بۇ دېلوغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىرىشىپ كەتكەنىدىم. مەن بۇ سودىغا ئالاقىدار بارلىق ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىقتىم. مېنىڭ دەۋاگىرىم ئىنتايىن ئىقتىدارلىق بىر ئادەم ئىدى، ئۇ ماڭا مۇتلەق ئىشىنەتتى. بۇ ھال خىزمىتىمنى كۆپ يەڭگىللىتىۋەتتى. مەن دەپتەردارلىق ئىلمىنى خېلىلا تەتقىق قىلدىم. تەرجىمانلىق ئىقتىدارىممۇ يۇقىرىلاپ كەتتى. چۈنكى، ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۇجاراتچە بولغاچقا، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

گەرچە مەن دىنىي مەسىلىلەر ۋە جامائەت خىزمىتىگە ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىم ھەم ھەمىشە بىر قىسىم ۋاقتىمنى مۇشۇ ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلىقىمنى سۆزلەپ ئۆتكەن بولساممۇ، لېكىن بۇلار مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاساسلىق قىزىقىشىم ئەمەس ئىدى، مەن ئاساسلىقى مۇشۇ دېلونىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قىزىقاتتىم. قانۇن كىتابلىرىنى ئوقۇش، زۆرۈر تېپىلغاندا قانۇن مىساللىرىنى تەكشۈرۈش مېنىڭ ئالدى بىلەن قىلىدىغان مۇھىم ئىشىم ئىدى. نەتىجىدە مېنىڭ دېلوغا بولغان چۈشەنچەم ھەتتا جاۋابكار بىلەن دەۋاگەردىنمۇ قېلىشمايدىغان بولدى. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھۆججىتى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى.

مەن بۇ ۋاقىتتا مەرھۇم پىنكات ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئەسلەپ قالدىم، ئۇ پاكىت قانۇننىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، دېگەنىدى. بۇ گەپنى كېيىن جەنۇبىي ئافرىقىلىق مەشھۇر ئادۋوكات لېئونارد (Leonard) ئەپەندى تولۇق ئىسپاتلىدى. مەن ئۆزۈم بېجىرگەن بىر دېلودا دەۋاگىرىمنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ تولۇق بولسىمۇ، قانۇننىڭ ئۇنىڭغا

پايدىسىز بولغانلىقىنى بايقىدىم. ماڭا نېمە ئىلاج، شۇنىڭ بىلەن لېئونارد ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇمۇ بۇ دېلونىڭ پاكىتلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ بىردىنلا ۋارقىراپ: «گەندى، مەن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدىم، ئەگەر بىز بىر دېلونىڭ پاكىتلىق تەرەپلىرىگىلا ئېتىبار بەرسەك، قانۇنىي تەرەپلىرى ئۆز يولى بىلەن يورۇشۇپ كېتىدۇ. بىز بۇ دېلونىڭ پاكىتلىق تەرەپلىرىگە ئىچكىرىلەپ باقايلى» دېدى ـ دە، مېنى بۇ دېلونى ئوبدانراق تەتقىق قىلىپ، ئاندىن ئۆزىنى ئىزدىشىمنى ئېيتتى. مەن قايتىپ كېلىپ پاكىتلارنى قايتىدىن تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. قارىشىم پۈتۈنلەي ئۆزگەردى، شۇنىڭدەك مەن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ دېلو بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر كونا دېلو مىسالىنى بايقىدىم. مەن خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا لېئونارد ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— توغرا، — دېدى ئۇ، — بىز بۇ دەۋادا چوقۇم ئۇتىمىز، بىراق بۇ دېلونى قايسى سوتچى بېجىرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

مەن دادا ئابدۇللانىڭ دېلوسىغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، پاكىتنىڭ ئۇنچىۋالا مۇھىم ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيتتىم. پاكىت — ھەقىقەت، بىز ھەقىقەتكە تايانساقلا قانۇن بىزگە ياردەم بېرىدۇ. مەن دادا ئابدۇللانىڭ دېلوسىنىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈك پاكىتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، شۇڭا قانۇنىي تەرەپلىرىمۇ ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىدى. لېكىن، ماڭا شۇ ئاياننىكى، ئەگەر داۋاملىق دەۋالىشىۋەرسەك دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار تەڭلا توگىشەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆز ئارا تۇغقان كېلەتتى ھەم يۇرتداش ئىدى. بۇ دېلونىڭ قاچان يېپىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەگەر سوتتا ئېنىقنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلىمەن دېسەك، دەۋا چەكسىز سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ھەر ئىككىلا تەرەپكە پايدىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ھەر ئىككىلا تەرەپ دېلونىڭ ئىمكان بار تېزرەك يېپىلىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى.

مەن تيىيب سەيىف بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بۇ دېلونى سوتتا چۈشمەي ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردىم. مەن ئۇنىڭغا ئۆزىگىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بىلەن سۆزلىشىڭ، دېدىم. ئەگەر ھەر ئىككىلا تەرەپ ئورتاق ئىشىنىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭ لىللا ھۆكۈم قىلىشىنى تەكلىپ قىلساق، بۇ دېلو ناھايىتى تېزلا ھەل بولۇپ كېتەتتى. ئادۋوكاتلىق ھەققى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆسۈپ

كېتىپ باراتتى. دەۋالاشقۇچىلار كاتتا سودىگەرلەردىن بولسىمۇ، بۇنچىۋالا زور چىقىمنى كۆتۈرەلمەيتتى. بۇ دېلو ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى باشقا ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئۇلار بارغانسېرى بىر ـ بىرىدىن يىرگىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەن بۇ خىل كەسىپتىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادۋوكات ۋە قانۇن مەسلىھەتچىلىرى قانۇنىي ئاساسلارنى تېپىپ، ئۆز دەۋاگەرلىرىنى قوللاش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. مەن دەۋادا غەلىبە قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئۇتۇش ئۈچۈن تۆلىگەن بارلىق بەدەللىرىنى مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. دەۋا ھەققىگە دائىر قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ مۇقىم خىراجەت دائىرىسى بەلگىلەنگەن بولاتتى، ئادۋوكات بىلەن دەۋالاشقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي ھەق بىر ئاز يۇقىرى ئىدى. مەن بۇلارغا زادى چىدىيالماي قالدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش، دەپ قارايتتىم. مەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى ياراشتۇردۇم. تىيىب سەيىق ئاخىر ماقۇل بولدى، كېيىنمۇ بېكىتىلدى. ھەر ئىككى تەرەپنى دەرقەمتە قىلىپ دېلو باشتىن بايان قىلىندى، دادا ئابدۇللا غەلىبە قىلدى.

ھالبۇكى، بۇ مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئەگەر دەۋاگەرىم قارشى تەرەپتىن دەرھال تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلسا، تىيىب سەيىفنىڭ تۆلەمنى پۈتۈنلەي تۆلەپ بولۇشى ناتايىن ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقان پورباندارمىنلارنىڭ ئۆلۈشكە بولىدۇكى، ۋەيران بولۇشقا بولمايدۇ، دەيدىغان يېزىقلاشمىغان بىر قانۇنى بار ئىدى. تىيىب سەيىفتىن 37 مىڭ فوندستېرلىڭ دەۋا ھەققىنى پاك ـ پاكىز تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر تەڭگىنى ئاز بېرىشكە رازى ئەمەس ئىدى. لېكىن، ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاشنىمۇ خالىمايتتى. بۇنىڭ بىرلا چارىسى بار ئىدى. سەيىف ئابدۇللا ئۇنىڭ پۇلىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلىشىگە قوشۇلدى. بۇنىڭغا ئۇ مەردلەرچە ماقۇل بولغانىدى، ۋاقىت سورۇكىمۇ خېلى ئۇزاق ئىدى. پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەشكە ئۇنىتىش ئۇلارنى كېسىمچى تەكلىپ قىلىپ ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا كۆندۈرۈشتىنمۇ تەسكە چۈشتى. لېكىن، ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن رازى بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. مېنىڭ خۇشاللىقىمنى تىل



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن ئىدى. مەن بۇ جەرياندا قانۇن ھەققىدىكى ھەقىقىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇم. ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشىلىق تەرەپتىن ئادەم قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن ئادۋوكاتنىڭ ھەقىقىي بۇرچىنىڭ ئارازلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. بۇ خىل ساۋاق قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناشتى. ھەتتا مەن ئادۋوكاتلىق قىلغان 20 يىل جەريانىدا، مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتىم مىڭلىغان دېلولارنى مادارا قىلىپ ھەل قىلىش بىلەن ئۆتتى. مەن بۇنداق قىلىپ قىلچە زىيان تارتمىدىم، ھەتتا كىرىمىممۇ تەسىرگە ئۇچرىمىدى، ھەتتا روھىي جەھەتتىنمۇ ئانچە بەك زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدىم.

## ئون بەشىنچى باب

# دىنىي ھاياجان

ئەمدى يەنە باشقا قايتىپ خىرىستىيان دوستلىرىم بىلەن بولغان كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەيمەن.

بايكېر ئەپەندى مېنىڭ ئىستىقبالىمغا بارغانسېرى كۆيۈنمەكتە ئىدى. ئۇ مېنى باشلاپ ۋېللىنگتون (Wellington) يىغىنىغا ئاپاردى. پىروتېستانت (Protestant) مەزھىپىنىڭ خىرىستىيان مۇرىتلىرى بىرنەچچە يىلدا بىر قېتىم مۇشۇنداق چوڭ يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، مۇرىتلارنى بىر خىل ئىلھامغا ۋە پاكلىققا ئىگە قىلاتتى. ۋېللىنگتون يىغىنى مۇشۇنداق يىغىن ئىدى. ئۇنىڭ رەئىسى شۇ جايدىكى داڭلىق ئاندرېۋ مۇرراي (Andrew Murray) دېگەن پوپ ئىدى. بايكېر ئەپەندى يىغىندىكى ھاياجانلىق دىنىي كەيپىيات ۋە يىغىنغا كەلگۈچىلەرنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن چىن ئىخلاسمەنلىكى مېنىڭ خىرىستىيان دىنىغا بەيئەت قىلىشىمغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئۈمىد قىلاتتى.

ھالبۇكى، ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدىنى دۇئا ـ تەكبىرنىڭ كۈچىگە باغلىغانىدى. ئۇنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتكە بولغان ئېتىقادى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيتتى. ئۇ قىزغىن ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئالار پەرۋەردىگارغا يەتمەي قالمايدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان مىساللارنى شېپى كەلتۈردى. بىرىستولدىكى گېئورگې مۇللېر (George Muller) پۈتۈنلەي ئىبادەتكە تايىناتتى، دىنىدىن تاشقىرى ئېھتىياج بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا شۇنداق ئىدى. مەن قەلبىمدە ھېچقانداق كىر ساقلىمىغان ھالدا ئۇنىڭ ئىبادىتىنىڭ رولى ھەققىدىكى بايانلىرىغا قۇلاق سالدىم ھەمدە ئەگەر مەن ئاشۇنداق ئىلتىجانى ھېس قىلسام، مېنىڭ خىرىستىيان دىنىغا كىرىشىمنى ھېچقانداق نەرسە توسۇۋالالمايدۇ دەپ كاپالەت باردىم. مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ۋەدە بەردىم.

www.uyghurkitap.com

چۈنكى، مەن كۆڭۈل قېتىمىدىن چىققان ئاۋازغا بويسۇنۇشنى بۇرۇنلا ئۆگىنىۋالغانىدىم. مەن مۇشۇ ئاۋازغا خۇشاللىق بىلەن بويسۇناتتىم، مېنىڭ بۇ ئاۋازغا خىلاپ ئىش قىلىشقا جۈرئىتىم يوق ئىدى. ئۇنداق قىلىش ماڭا نىسبەتەن ئازابلىق ئىش ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز ۋېللىنگتونغا يۈرۈپ كەتتۇق. بايكېر ئەپەندى مېنى ھەمراھ قىلىپ، مۇنداق «رەڭلىك ئىرقلار جەمئىيىتى»نىڭ يىغىنىغا مېڭىشتا بىر ئاز تەڭلىك بولدى. ئۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن نۇرغۇن قولايسىزلىققا ئۇچرىغانىدى. دەل بىر يەكشەنبە كۈنى بايكېر ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە بۇرادىرى ئاشۇرا كۈنى سەپەر قىلىشنى خالىمىغاچقا، بىز يولدا تۇرۇپ قالدۇق. گەرچە نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىكلەردىن كېيىن ۋوگزال مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى مېنى ياتاققا ئېلىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئاشخانىدا تاماق يېيىشىمگە زىنھار قوشۇلمىدى. بايكېر ئەپەندى ئاسان يول قويىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ مېھمانخانىدىكى مېھمانلارنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدى. لېكىن، مەن بۇنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتىم. ۋېللىنگتونغا بارغاندا مەن يەنىلا بايكېر ئەپەندى بىلەن بىللە تۇردۇم. ئۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن بەزى قولايسىزلىقلارنى ھەدەپ يوشۇرسىمۇ، مەن ئۇنى يەنىلا ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم.

بۇ يىغىن ئىخلاسمەن خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىلىشى ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ يەكدىللىكىدىن خۇشال بولاتتىم. مەن مۇرراي پوپ بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۇلار ئېيتقان بەزى مۇناجاتلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇ قەسىدىلەر ئىنتايىن يېقىملىق ئىدى.

يىغىن ئۈچ كۈن ئېچىلدى. مەن يىغىنغا بارغان ئاشۇ تەقۋادار مۇرىتلارغا زوقلىناتتىم ھەم ئۇلارنى چۈشىنەتتىم. ھالبۇكى، مېنىڭ ئېتىقادىم، يەنى دىنىمنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگۈدەك بىرەر سەۋەبنى كۆرەلمىدىم، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ياخشى ئۆتتۇشىدىغان بىرنەچچە خىرىستىيان دوستۇمغا بۇنى ئوچۇقلا ئېيتقان ۋاقتىمدا، ئۇلار ھەيران بولۇشتى، لېكىن بۇنىڭغا ئامال يوق ــ دە!

مېنىڭ مۇشكۇلاتلىرىم بۇنىڭ بىلەنلا توگەپ قالمىدى. مەن ئەيسانىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتىم، لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ئادەملا ئەبەدىيلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ دەپ قارايتتىم.

ئەگەر پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلى بولىدىغان بولسا، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھېسابلىنىمىز. ئەگەر ئىيسا پەرۋەردىگارغا ئوخشاش ياكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى دېيىلسە، ئۇنداقتا بارلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭ ئۆزىدۇر. ئەقلىم مېنى ئىشىنىشكە ئۈندەيتتى، پەقەت خەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئوخشاش، ئىيسا ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئۆلۈمى ۋە قېنى بىلەن دۇنيانى گۇناھتىن قۇتقۇزغانىدى. بەلكىم ئۇ بىر تەمسىلدۇر ياكى ئۇنىڭغا باشقا قائىدىلەر يوشۇرۇنغاندۇر. يەنە خىرىستىيان دىنى ئېتىقادىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت ئىنسانىيەتلا روھقا ئىگە بولىدۇ، باشقا جانلىقلارنىڭ روھى بولمايدۇ. مەن ئىيسانىڭ بىر شېھىت، بىر قۇربان بولغۇچىنىڭ ناماياندىسى، بىر مۇقەددەس ئۇستاز ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. لېكىن، ئۇنى مىسلىسىز مۇكەممەل ئادەم دېگەنگە ئىشەنمەيمەن. ئۇنىڭ كىرېستقا مىخلىنىپ تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە گەپ قىلىشى بىر ئۇلۇغ نەمۇنە. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۆزىدە ئاللىقانداق ئاجايىپ ۋە غەيرىي ئەزگۈلۈكلەر بار دېيىلسە، مەن ئۇنى قوبۇل قىلالمايمەن. ئەگەر باشقا دىنلارغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى ماڭا ھېچنېمە بەخش ئېتەلمىدى دېيىشكە توغرا كەلسە، خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ تەقۋادارانە تۇرمۇشى ماڭا ھېچنېمە ئاتا قىلالمىغانىدى. مەن خۇددى خىرىستىيان مۇرىتلىرى ئارىسىدا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنگە ئوخشاش، باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يېڭىلىقلارنى كۆرگەنىدىم. پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنىڭ ئاللىقانداق يۈكسەك يېرى يوق ئىدى. ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى خىرىستىيان دىنى مۇرىتلىرىدىن كۆپ ئۇستۇن تۇرىدۇ، شۇڭا مەن خىرىستىيان دىنىنى قىلچە نۇقسانسىز، شۇنداقلا ئەڭ بۈيۈك دىن دەپ قارىيالمايمەن.

مەن پۇرسەت بولسىلا كۆڭلۈمگە كەچكەن پىكىرلىرىمنى خىرىس-تىيان دوستلىرىمغا ئېيتىپ بېرىشكە ئاران تۇراتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ جاۋابى مېنى ھامان قانائەتلەندۈرەلمەيتتى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن خىرىستىيان دىنىنى بىر خىل كەم-كوتىسىز ۋە ئەڭ بۈيۈك دىن دەپ قارىمايتتىم، ئەينى ۋاقىتتا ھىندى دىنىنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر خىل دىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتىم. ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىللەتلىرىنى مەن چوڭقۇر چۈشىنەتتىم. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

«يېقىن يولىغىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمى»[1] ھىندى دىنىنىڭ بىر قىسمى دېيىلسە، بۇ ئەڭ چىرىك قىسىم ئىدى ياكى ئۇنى بىر خىل ئۆسمە دېيىشكە بولاتتى. مەن سانسىزلىغان مەزھەپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ نېمىشقا مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. «ۋېداس»[2] پەرۋەردىگارنىڭ بېشارىتى دېيىلىدۇ. بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئەگەر ئۇلار راستىلا پەرۋەردىگارنىڭ بېشارىتى بولىدىغان بولسا، «ئىنجىل» بىلەن «قۇرئان كەرىم» نېمىشقا ئۇنداق بولمايدىكەن؟

خىرىستىيان دوستلىرىم بىر ئامال قىلىپ ئېتىقادىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولاتتى، ھەتتا مۇسۇلمان دوستلىرىممۇ شۇنداق ئىدى. سەيىف ئابدۇللا مېنى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئىسلام دىنىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇ ئاغزى ئاغرىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى.

مەن ئۆز قىيىنچىلىقلىرىمنى رايچاندبېيگە خەت ئارقىلىق ئېيتتىم. مەن يەنە ھىندىستاندىكى باشقا دىنىي نوپۇز ئىگىلىرى بىلەن ئالاقىلەشتىم ھەمدە ئۇلارنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتىم. رايچاندبېينىڭ خەتلىرى مېنى ھەرھالدا تەسكىن تاپتۇراتتى. مەن سەۋر قىلىشىم كېرەك. ئۇنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار ئىدى: «ئەگەر بۇ مەسىلىگە سوغۇققان نەزەر بىلەن قارايدىغان بولساق، ئىشىنىمەنكى، باشقا دىنلار ھىندى دىنىغا ئوخشاش ئۇنداق تېرەن ئىدىيىگە ئىگە ئەمەس، ئۇلاردا ئۇنىڭدىكىگە ئوخشاش ئىچكى مەنىۋى كۆز ياكى ئۇلۇغۋار سۆيگۈ يوق.» مەن سېيىل (Sale) تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»دىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن يەنە ئىسلام دىنىغا دائىر نۇرغۇن

---

[1] ھىندى دىنىنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈمى. ھىندى دىنى جەمئىيىتىدە كىشىلەر تۆت تەبىقىگە بۆلۈنەتتى: بىراھمانلار (راھىبلار)، ساشتىرلار (ئەسكەرلەر)، ۋائىسيالار (دېھقان، سودىگەرلەر) ۋە سۇترالار (قۇللار)، بۇ تۆت چوڭ تەبىقىدىن باشقا يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان يەنە بىر تەبىقە بولۇپ، ئۇلار «ھەقىرلەر»، ناپاكلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار ئاممىۋى قۇدۇقلاردىن سۇ ئىچسە، ئىبادەتخانىلارغا كىرسە، چوڭ يوللاردا ماڭسا بولمايتتى.

[2] ۋېداس (Vedas) — ھىندى دىنىي نومى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ ۋە 1000 ـ يىللىرى تاماملانغان. ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى، ئۇ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ؛ «رىگ ۋېدا» — ئىلاھ مەدھىيىلەنگەن قەسىدە، «ساماۋېدا» — «رىگ ۋېدانىڭ» قوشۇمچىسى، نەزىر ـ چىراغ ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان سەترىلەر، «ياجۇرۋېدا» ئالدىنقى ئىككى «ۋېدا» بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە. لېكىن، ئۇنىڭغا ئايرىم نەسرىي بايانلار ئارىلاشقان. «ئانخاراۋېدا» دۇئا ـ تىلاۋەت ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان نەزم، ئۇ نۇرغۇن دۇئايىبەند بىلەن تولغان. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كىتابلارنى قولغا چۈشۈردۈم. مەن ئەنگلىيەدىكى دوستلىرىم بىلەن ئالاقىلەشتىم. ئۇلارنىڭ بىرسى مېنى ئېدۋارد مېيتلاند (Edward Maitland)غا تونۇشتۇرۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقا باشلىدىم. ئۇ ماڭا «مۇكەممەل يول» دېگەن كىتابنى ئەۋەتىپ بەردى. بۇ كىتابنى ئۇ ئاننا كىڭسفورد (Anna Kingsford) بىلەن بىرلىشىپ يازغانىكەن. بۇ كىتاب خىرىستىيان دىنى ئەقىدىلىرىگە قارىتا ئەكسىچە نۇقتىدىكى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ ماڭا يەنە «ئىنجىلنىڭ يېڭى تەپسىرى» دېگەن بىر كىتابنى ئەۋەتتى. مەن بۇ ئىككى كىتابنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇلار ھىندى دىنىنى قۇۋۋەتلىگەندەك قىلاتتى. تولستوينىڭ «جەننەت قەلبىڭلاردا» دېگەن كىتابى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. بۇ كىتابنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرىنى ھەرگىزمۇ يوقاتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە خاس ئىدىيە، چوڭقۇر ئەخلاق ۋە ھەقىقەتكە تېۋىنىش روھى ئالدىدا كوتېرىس ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن كىتابلىرى خىرەلىشىپ قالاتتى.

مەن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار مېنى خىرىستىيان دوستلىرىمنىڭ كۈتمىگەن يۆنىلىشلەرگە باشلاپ كەتتى. مېنىڭ مېيتلاند بىلەن بولغان ئالاقەم خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى، لېكىن رايچاندبەي بىلەن ھازىرغىچە خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز. مەن ئۇ ئەۋەتكەن بىرنەچچە كىتابنى ئوقۇدۇم، جۈملىدىن «بەش ئەمەل»، «گۆھەر جام»، ۋاستونىڭ «يوگا نەزەرىيەسى» دېگەن كىتابنىڭ «خالاسلىق» دېگەن بابى، خارىبخادرا سۇرى (Haribhadra Suri)نىڭ «قالتىس پىكىرلەر» قاتارلىق كىتابلار بار ئىدى.

مەن خىرىستىيان دوستلىرىم مەندىن كۈتمىگەن يولغا ماڭساممۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىمدە دىنىي مايىللىق ئويغاتقانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. مەن ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقەمنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن. كېلەچەكتە ماڭا بۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەل ۋە مۇقەددەس ئەسىرىلىقلارنى تېخىمۇ ھازىرلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون ئالتىنچى باب

## ئىش باشقا، خىيال باشقا

بۇ دېلو يېپىلدى، مېنىڭ پىرېتورىيەدە تۇرۇۋېرىشكە ئاساسىم قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پورباندارغا بېرىپ ۋەتەنگە قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدىم. ھالبۇكى، سەيىق ئابدۇللا مەن ئۈچۈن خوشلىشىش زىياپىتى بېرىمەن، بولمىسا ماقۇل قويمايمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ سىدېنھام (Sydenham)دا مەن ئۈچۈن خوشلىشىش زىيا-پىتى بەردى.

بىز ئۇ يەردە توپتوغرا بىر كۈننى ئۆتكۈزمەكچىدۇق. مەن بىرنەچچە گېزىتنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغاندا، كۆزۈم ئىختىيارسىز گېزىتنىڭ بۇرجىكىدىكى «ھىندىلارنىڭ سايلام ھوقۇقى» سەرلەۋھىلىك خەۋەرگە چۈشۈپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا قانۇن تۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇشۇ قانۇن لايىھەسىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقانلىقى، ھىندىلارنىڭ سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ناتال قانۇن تۈزۈش كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. مەن مۇشۇنداق بىر تەكلىپ لايىھەسىنىڭ بارلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن، شۇنىڭ بىلەن مەن يىغىلىشقا ئەڭ كېچىكىپ بارغان مېھمان بولۇپ قالدىم.

مەن بۇ ئىشنى سەيىق ئابدۇللادىن سورىدىم. ئۇ:

— بىز نېمىنى چۈشىنەتتۇق؟ بىز پەقەت تىجارىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىلا چۈشىنىمىز. سىزگە مەلۇم، بىزنىڭ ئورىنگې ئەركىن ئىشتاتىدىكى سودىمىز پۈتۈنلەي تۈگەشتى. مانا بۇ بىزنى تىت-تىت قىلماقتا، لېكىن بۇنىڭ نېمە كارايىتى. يەنە كېلىپ بىز ساپلا تاينى يوق ئادەملەرمىز، ھېچقايسىمىز تەربىيە كۆرمىگەن. بىز

گېزىتنى شۇ كۆنلۈك ئەھۋاللارنى ئېنىقلاش ئۈچۈنلا كۆرىمىز، قانۇن تۈرغۈزۈش ـ تۈرغۇزماسلىق دېگەننى كىممۇ چۈشىنىدۇ؟ مۇشۇ يەردىكى ياۋروپالىق ئادۋوكاتلارنى بىزنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىمىز دېسە بولىدۇ، — دېدى.

— لېكىن، — دېدىم مەن، — بۇ يەردە مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ تەربىيە كۆرگەن شۇنچىۋالا كۆپ ھىندىستانلىق ياشلار بارغۇ، ئەجەبا ئۇلار سىلەرگە ياردەم بەرمەسمۇ؟

— ئۇلار، — دېدى سەيىق ئابدۇللا ئۈمىدسىزلىك بىلەن خورسىنىپ، — بىزنى پىسەنتىگىمۇ ئالمايدۇ، سىزگە راستىنى ئېيتسام، بىز ئۇلار بىلەن سودا قىلىشنى خالىمايمىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىرىستىيان مۇرىتى، ئاق تەنلىك پوپلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن بۇ پوپلار ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ.

بۇ گەپلەر كۆزۈمنى بىردىنلا ئاچتى. مەن ئۇلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز دەپ ھېسابلىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئەجەبا، ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ھىندىستانلىق ھېسابلانمامدۇ؟

ۋاھالەنكى، مەن ۋەتەنگە قايتىمەن دەپ تۇراتتىم، ئەينى ۋاقىتتا كاللامغا كەلگەن ئويلارنى بىراقلا دەپ بولالمايمەن، مەن پەقەت سەيىد ئابدۇللاغا ئاددىي قىلىپلا: — ناۋادا بۇ قانۇن لايىھەسى ماقۇللىنىپ قانۇنلاشسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالىمىز تېخىمۇ ئوساللىشىدۇ. بۇ بىزنىڭ گۆرىمىزنىڭ تۇنجى كەتمەن توپىسى بولۇپ قالىدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىمىزنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىدۇ، — دېدىم.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى سەيىق ئابدۇللا قوشۇمچە قىلىپ، — مەن سىزگە سايلام ھوقۇقى مەسىلىسى دېگەننىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى دەپ بېرەي. بىز ئەسلىدە ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتۇق. لېكىن، بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئادۋوكاتىمىز ئېسكومبە (Escombe) ئەپەندى، بۇ ئادەمنى سىزمۇ تونۇيسىز، ئۇ بۇ مەسىلىنى بىزنىڭ كاللىمىزغا قويدى. ئىش ئەسلى مۇنداق باشلاندى، ئۇ بىر ئۇلۇغ جەڭچى، ئۇ پىرىستان ئىنژېنېرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ قالدى. ئۇ بۇ ئىنژېنېرنىڭ سايلامدا ئاۋاز بەرگۈچىلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۆزىدىن غالىب كېلىشىدىن قورقۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىنى بىزگە چۈشەندۈردى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىزمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەممىمىز ئۇنىڭ سايلىغۇچىسى بولۇپ تىزىملاتتۇق ھەمدە ئۇنىڭغا ئاۋاز بەردۇق. ئەمدى سايلام ئۆتۈلـ-غاندەك ئۇنداق مۇھىم ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەيسىز. بىراق، بىز سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى چۈشىنىمىز. ئۇنداقتا سىزنىڭچە بىز زادى قانداق قىلىـ-شىمىز كېرەك؟

باشقا مېھمانلارمۇ بىزنىڭ پارىڭىمىزنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئارىدىن بىرەيلەن:

— قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ، قانداق؟ سىز بۇ قېتىمقى پاراخوتنىڭ بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتىڭ، بۇ جايدا يەنە بىرەر ئاي تۇرۇڭ، بىز سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە كۆرەش قىلىمىز، — دېدى.

— ياخشى چارە، ياخشى چارە بولدى، — دېدى باشقىلار بۇنىڭغا تەڭلا ئاۋاز قوشۇپ، — سەيىق ئابدۇللا، سىز گەندىنى چوقۇم ئېلىپ قېلىڭ.

— ئەمدى ئۇنى مەن ئېلىپ قالمىساممۇ بولىدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭمۇ ئۇنى ئېلىپ قېلىش ھوقۇقۇڭلار بار، — دېدى سەيىق ئابدۇللا، — سىلەر-نىڭ دېگىنىڭلار توغرا، بىز ئۇنىڭغا بۇ يەردە قېلىشنى تەۋسىيە قىلايلى، لېكىن سەمىڭلاردا بولسۇنكى، ئۇ دېگەن بىر ئادۋوكات، ئۇنىڭ خىراجىتىنى قانداق قىلىمىز؟

— سەيىق ئابدۇللا، خىراجەت ھېچقانچە گەپ ئەمەس، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، مەن خىراجەتنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن بەكمۇ خىجىل بولدۇم، — ئومۇمنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەق ئالمايمەن. مەن كۆپچە-لىكنىڭ چاكىرى بولالىسام قېلىپ قالاي. بىراق، سىزگە مەلۇم، مەن بۇ دوستلار بىلەن ئانچە تونۇشمايمەن. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ھەمكارلى-شالايدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، مەن بىر ئاي ئارتۇق تۇرماقچىمەن، بىراق شۇنىسى ئوخشاشكى، گەرچە سىلەرنىڭ ماڭا پۇل تۆلىشىڭلار ھاجەتسىز بولسىمۇ، بىز قىلماقچى بولغان بۇنداق خاراكتېردىكى خىزمەتنى ئازراق فوند يىغماي تۇرۇپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئالايلۇق، بىز بەلكىم تېلېگ-راما يوللىشىمىز، ھۆججەت - ئالاقە بېسىپ تارقىتىشىمىز، جايلارغا ئادەم ئەۋەتىشىمىز، يەرلىك ئادۋوكاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشىمىز مۇمكىن، يەنە كېلىپ مەن سىلەرنىڭ قانۇنىڭلارنى چۈشەنمىگەچكە، مەن

بەلكىم پايدىلىنىش ئۈچۈن بىرنەچچە قانۇن كىتابلىرىنى سېتىۋېلىشىم مۇمكىن. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل بولمىسا بولمايدۇ. يەنە كېلىپ بۇ خىزمەتنى بىرلا ئادەم قىلىدىغان خىزمەت ئەمەس، ئۇنى ئورغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشى بىلەنلا قىلغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلە ئۇلار تەڭلا: «ئىنشائاللا، پۇل دېگەن تېپىلىدۇ. سىزگە قانچىلىك ئادەم كېرەك بولسا شۇنچىلىكى بار. سىز قېلىپ قېلىشقا قوشۇلسىڭىزلا، ھەممىگە ئامال تېپىلىدۇ» دېدى.

بۇ خوشلىشىش چېيى مانا مۇشۇنداق قىلىپ خىزمەت يىغىنىغا ئايلىنىپ قالدى. مەن تاماقنى تېزرەك يەپ ئۆيگە قايتىش تەكلىپىنى بەردىم. ئىچىمدە بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى قوزغاشنىڭ پىروگراممىسىنى تۈزۈپ بولغانىدىم. مەن سايلام تىزىملىكىدىكى ئاشۇ كىشىلەرنى ئېنىقلاپ، يەنە بىر ئاي تۇرۇشقا بەل باغلىدىم.

پەرۋەردىگار مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تۇرمۇشۇمغا مۇشۇنداق ئاساس سالدى ھەمدە مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئۇرۇقىنى چاچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبەتلىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى



## ئون يەتتىنچى باب

# ناتالدا ئولتۇراقلىشىپ قالدىم

1893 ـ يىلىغا كەلگەندە ھاجى مۇھەممەد سەيىق دادا ناتالدىكى ھىندى مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق داھىيسى بولۇپ قالدى.
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئابدۇللا ھاجى ئەدھەم سەيىق (Sheth Abdulla Haji Adam) ئۇلارنىڭ سەردارى ئىدى. لېكىن، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىدا، ئۇ باشقىلار بىلەن بىللە ھەمىشە بىرىنچى ئورۇننى ھاجى مۇھەممەد سەيىقكە ئۆتۈنۈپ بېرەتتى.
شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا سەيىقنىڭ ئۆيىدە ھاجى مۇھەممەد سەيىقنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بىر قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى ھەمدە سايلام قانۇنىغا قارشى پىكىر بېرىش قارار قىلىندى.
پىدائىيلار تىزىملاپ چىقىلدى. ناتال مۇھاجىرلىرىدىن بولغان ھىندىستانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلدى. دۇربان سوت مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى پائۇل ئەپەندى بىلەن بىر چېركاۋ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى سۇبخان گودفرېي ئەپەندىمۇ يىغىنغا قاتناشتى، ئۇلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر تۈركۈم ياشلارنى يىغىنغا ئەكېلىشكە مەسئۇل ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىدائىي بولۇپ تىزىملاندى.
نۇرغۇنلىغان يەرلىك سودىگەرلەرمۇ تىزىمغا ئالدۇردى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە داۋۇت مۇھەممەد سەيىق، مۇھەممەد كاسىم كامرۇددىن سەيىق، ئا . ك . كولانداۋېللۇ (Kolandavellu)، س . لاچخىرام (Lachhiram)، رانگاسۋامى پادىياچى (Rangaswami Padiachi) ۋە ئاماد جىۋا (Amad Jiva) قاتارلىق كىشىلەر، يەنە باچ رۇستومجى (Rustomji)مۇ بار ئىدى. مانىكجى يوس، نارسىنخرام

(Narsinhram) قاتارلىق ئەپەندىلەر كاتىپلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دادا ئابدۇللا شىركىتى ۋە باشقا سودا سارايلارنىڭ ياللانما خادىملىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر قىسىم جامائەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقلىرىدىن دەم ھەيران بولسا، دەم خۇشال بولاتتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق خىزمەتلەرگە تەكلىپ بىلەن قاتنىششى ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. يۇتكۇل مۇھاجىرلار كوللېكتىپىنىڭ بېشىغا كەلگەن جەبىر - زۇلۇملار ئالدىدا يۇقىرى - تۆۋەن، غوجايىن - چاكار، ھىندى دىنى مۇرىتى، مۇسۇلمان، ئاتەشپەرەس، خىرىستىيان، گۇجاراتلار، مادراسلار، دېھلىلىقلار دېگەندەك پەرقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇپ قېلىندى، ھەممىيلەن گويا ۋەتەننىڭ پەرزەنت ۋە خىزمەتكارلىرى ئىدى.

بۇ قانۇن لايىھەسى ئاللىبۇرۇن ئىككى قېتىملىق ماقۇللۇقتىن ئۆتۈپ بولغانىدى.① مۇھاكىمە جەريانىدا بېرىلگەن پىكىرلەردىن قارىغاندا، ھىندىستانلىقلاردىن بۇ نامۇۋاپىق قانۇن لايىھەسىگە قارشى پىكىر بەرگەنلەر بولمىغانىدى. بۇ پاكىت ئۇلارنىڭ سايلام قانۇنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىلى، دەپ قارالغانىدى.

مەن يىغىندا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللاردىن بىر قۇر چۈشەنچە بەردىم.

بىزنىڭ قىلغان تۇنجى ئىشىمىز پارلامېنت باشلىقىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭدىن بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىشىنى كېچىكتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەينى ۋاقىتتىكى زۇڭلى جون روبىنسون (John Robinson) تۆرە بىلەن دادا ئابدۇللانىڭ دوستى ئېسكومبە (Escombe) ئەپەندىگىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا تېلېگرامما يوللىدۇق. پارلامېنت باشلىقى ناھايىتى تېزلا جاۋاب قايتۇرۇپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىشقا قوشۇلدى. بۇ بىزنى قاتتىق خۇشال قىلىۋەتتى.

قانۇن چىقىرىش پالاتاسىغا سۇنۇلىدىغان مۇراجىئەتنامە تەييارلىنىپ بولۇنغانىدى. بۇ ئۈچ نۇسخا يېزىلدى، ئاخبارات ساھەسى ئۈچۈن يەنە بىر نۇسخا كۆپەيتىپ يېزىشقا توغرا كەلدى. مۇراجىئەتنامىگە ئىمكان-

① كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى پارلامېنتلارنىڭ شەكلەن دېموكراتىيەسى: بىر تەكلىپ لايىھەسى چوقۇم ئىككى پالاتانىڭ ئۈچ قېتىم كۆرۈپ ماقۇللىشى بىلەنلا تەرتىپكە ئۆيغۇن بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قەدەر كۆپرەك ئادەمنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇشى، يەنە كېلىپ بۇ خىزمەتلەر بىر كېچىدىلا ئىشلىنىپ بولۇنۇشى كېرەك ئىدى. ئىنگلىزچە بىلىدىغان پىدائىيلار بىلەن يەنە بىرنەچچە ئادەم كېچىچە ئىشلىدۇق. ئارتۇر (Arthur) ئەپەندى دېيىلىدىغان بىر بوۋاينىڭ خېتى چىرايلىق بولغاچقا، ئۇ رەسمىي نۇسخىنى يېزىشقا مەسئۇل بولدى. بىر نۇسخىنى بىر ئادەم ئوقۇپ بەردى، بىر ئادەم يازدى، شۇنداق قىلىپ بەش نۇسخا تەييارلاندى. سودىگەر پىدائىيلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇردى، بەزىلەر مەپە كىرا قىلىپ، باشقىلارغا ئىمزا قويدۇرۇش ئۈچۈن ماڭدى. بۇ ئىشلار ناھايىتى تېزلا ئىشلىنىپ بولۇندى، مۇراجىئەتنامىمۇ تارقىتىلىپ بولۇندى. بىرنەچچە گېزىت بۇ مۇراجىئەتنامىنى باستى ھەمدە پايدىلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. بۇ مۇراجىئەتنامە پارلامېنتتا ئوخشاشلا تەسىر قوزغاپ، بەس - مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى. بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئىگە بەزى كىشىلەر ئەسلىي تەكلىپ لايىھەسىنى ئاقلاپ پىكىر بەردى. بۇ خىل ئاقلاش تەبىئىيكى ناھايىتى ئاجىز ئىدى، بۇ ئارقىلىق مۇراجىئەتنامىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيەۋى ئاساسلارغا رەددىيە بېرىلدى. ۋاھالەنكى، بۇ قانۇن لايىھەسى يەنىلا ماقۇللاندى.

بىز بۇنىڭ مۇقەررەر شۇنداق نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدۇق. لېكىن، مۇشۇ تۇپەيلى قوزغالغان ھاياجان بۇ مۇھاجىرلار كوللېكتىپىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارغا قەتئىي ئىشەنچ بېغىشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ھىندى مۇھاجىرلىرى مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ كەتتى، ئۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇھاجىرلار كوللېكتىپىنىڭ سىياسىي ۋە تىجارەت قىلىش ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچى ئىدى.

رىپون (Ripon) تۆرە شۇ چاغدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىلىرى دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا مۇراجىئەتنامىدىن بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ بىر كۈندىلا تاماملىنىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. بىز يەنە بىر قىسىم پىدائىيلارنى يىغدۇق. ئۇلار يەنە بىر بۆلەك خىزمەتنى ئۈستىگە ئالدى.

مەن بۇ مۇراجىئەتنامىنى ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ يازغانىدىم. مەن مۇشۇ مەسىلىگە دائىر تاپقىلى بولىدىغان بارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. مەن كۆپچىلىككە نۇقتىئىنەزەرلىرىمنىڭ پىرىنسىپ

ۋە بىر خىل ۋاقىتلىق چارە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم، چۈنكى سايلام ھوقۇقىنى ئىشلىتەلەيدىغان ھىندىستانلىقلار يەنىلا ئاز ئىدى.

يېرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بۇ مۇراجىئەتنامىگە 10 مىڭ ئادەم ئىمزا قويدى. پۈتكۈل ئۆلكە بويىچە مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ ئىمزاسىنى ئېلىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ مۇشۇ ئىشنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشقا خام ئىدى. بىز بۇ ئىشنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرنەچچە پىدائىيىنى ئالاھىدە تاللاپ ئۇلارغا يۈكلىدۇق. چۈنكى، كۆپچىلىك ئىمزا قويغۇچىلار بۇ مۇراجىئەتنامىگە نىسبەتەن تولۇق چۈشەنچىدە بولۇشى، ھەرگىز مەجبۇرىي ئىمزا قويماسلىقى كېرەك، دەپ قارار قىلىنغانىدى. بەزى كەنتلەر ناھايىتى يىراق جايلارغا تارقاق جايلاشقانىدى. بۇ خىزمەتنى پەقەت خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدىغان كىشىلەرگە تايانغاندىلا، ئاندىن تېز سۈرئەتتە تاماملىغىلى بولاتتى. ئۇلار ئىشنى ئاشۇنداق تەلەپتە ئورۇنلىيالىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن خىزمەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنلىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ سەھىپىلەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، داۋۇت سەيىف مۇھەممەد، رۇستومجى، ئادامجى مىياكخان ۋە ئاماد جىۋالارنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدا ئەينەن پەيدا بولدى. ئۇلار كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ ئىمزا قويدۇرغانىدى. داۋۇد سەيىف كۈنبويى مەپىگە چىقىپ تىنىم تاپماي قاترايتتى. ھالبۇكى، بۇ پۈتۈنلەي سۆيگۈدىن چىققان مېھنەت ئىدى، ھېچكىم ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايتتى. دادا ئابدۇللانىڭ ئۆيى كىشىلەر تىنىمسىز كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان بىر مەركەزگە ۋە ئاممىۋى ئىشخانىغا ئايلانغانىدى. تەربىيە كۆرگەن بىر قىسىم دوستلار مېنىڭ خىزمىتىمگە قاراشتى، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئاشۇ يەردە تاماق يەيتتى. شۇڭا، ھەربىر ياردەمچى ئاز پۇل خەجلىمەيتتى.

بۇ مۇراجىئەتنامە ئاخىرى يۇقىرىغا سۇنۇلدى. بىز ئۇنى 1000 نۇسخا بېسىپ تارقاتتۇق. بۇ خىزمەت ناتالدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى تۇنجى بولۇپ دۇنياغا تونۇتتى. مەن يەنە بۇ مۇراجىئەتنامىنى ئۆزۈم بىلىدىغان بارلىق گېزىتخانا ۋە نەشرىياتلارغا ئەۋەتتىم.

«ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى» بۇ مۇراجىئەتنامە مۇھاكىمە قىلىنغان بىر باش ماقالە ئېلان قىلىپ، ھىندىستانلىقلارنىڭ تەلىپىنى كۈچلۈك قوللىدى. بىز يەنە بىرنەچچە نۇسخا مۇراجىئەتنامىنى ئەنگلىيەدىكى ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ژۇرنال ۋە نەشرىياتلىرىغا يوللىدۇق. لوندوندىكى «تايمىس گېزىتى» بىزنى قوللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىزدە بۇ

قانۇن لايىھەسى رەت قىلىنىدىغان بولدى، دەيدىغان ئۈمىد پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ناتالىدىن ئايرىلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىندىستانلىق دوستلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ مېنى ئورۇۋېلىپ، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۆز قىيىنچىلىقىمنى ئېيتتىم. مەن كۆپچىلىكنىڭ چىقىمىغا تايىنىپ تۇرمايمەن، دېگەن قارارغا كېلىپ بولغانىدىم. مەن ئۆز ئالدىمغا روزغار تىكلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن مۇۋاپىق بىر يۇرۇش ئۆيۈم بولۇشى، يەنە كېلىپ ئورۇنمۇ لايىقىدا بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم. مەندە يەنە شۇنداق بىر خىيال بار ئىدىكى، تۇرمۇشتا ئادەتتىكى ئادۋوكاتلاردەك بولمىغۇچە، مۇھاجىرلارنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرالمايمەن دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭچە، بىر يىلدا 300 فوندستېرلىڭ بولمىسا بۇنچىلىك ئورۇننى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ماڭا ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بېرىشكە كاپالەتلىك قىلسىلا، مەن ئاندىن قېلىپ قالالايمەن دېگەن قارارغا كەلدىم ۋە بۇ قارارىمنى ئۇلارغا ئۇقتۇردۇم.

— بىراق، — دېدى ئۇلار، — بىز سىزنىڭ ئاممىۋى خىزمەت ئىشىنىلا ئىشلەش ئارقىلىق پۇل ھازىرلىشىڭىزنى خالايمىز، يەنە كېلىپ بىز ناھايىتى ئاسانلا ئىئانە يىغالايمىز، تەبىئىيكى بۇ سىزنىڭ خۇسۇسىي ئادۋوكاتلىق خىزمىتىڭىزدىن قىلىدىغان كىرىمىڭىزدىن سىرت بولىدۇ.

— يوقسۇ، مەن ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىدىم دەپ سىلەردىن پۇل تەلەپ قىلسام بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — بۇ خىزمەت بىر ئادۋوكاتتىن ئۇنچىۋالا زور ماھارەت تەلەپ قىلمايدۇ. مېنىڭ خىزمىتىم ئاساسلىقى سىلەرنى يىغىلىشلارغا سەپەرۋەر قىلىش. شۇنداق ئىكەن، مەن مۇشۇنى دەپ سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارغا قانداقمۇ چوت سوقالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق خىزمەتلەر ئۈچۈن سىلەردىن دائىم پۇل تەلەپ قىلىپ تۇرىمەن. ئەگەر مەن تۇرمۇشۇمنى قامداشتا سىلەرنىڭ ئىئانەڭلەرگە قاراپ قالسام، ئۇ ھالدا سىلەردىن زور قىممەتتە پۇل ئىئانە يىغىشتا بىئەپلىك ھېس قىلىپ قالىمەن، ئاخىرىدا ئۆزىمىزنىڭ قىمىرلىيالماس ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بايقايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھاجىرلار تەشكىلاتىمىز ئاممىۋى خىزمەت ئۈچۈن ھەر يىلى 300 فوندستېرلىڭدىن كۆپرەك پۇل ھازىرلىشى كېرەك.

— بىراق، بىز سىزنى خېلىلا چۈشىنىپ قالدۇق، بىز سىزنىڭ زۆرۈر بولمىغان نەرسىنى ھەرگىز تەلەپ قىلمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنمىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئۇزاقچە تۇرۇپ قېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلغانىكەنمىز، ئەجەبا سىزنىڭ چىقىملىرىڭىزدىن باش تارتىشىمىز كېرەكمۇ؟

— سىلەر مۇھەببىتىڭلار ۋە كۆز ئالدىڭلاردىكى قىزغىنلىقىڭلاردىن شۇنداق دەۋاتىسىلەر. بىز بۇ خىل مۇھەببەت بىلەن قىزغىنلىق مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزمۇ؟ مەن ھەرقايسىڭلارنىڭ دوستى ۋە چاكىرى سۈپىتىدە سىلەرگە ھەر ۋاقىت دەرد ئېيتىپ تۇرۇشۇم مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، ئۇ چاغدا مەن يەنىلا سىلەرنىڭ ھىمايەڭلەرگە ئېرىشەلەمدىم؟ بىراق، ئومۇمنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئەھۋالدا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلالمايمەن. سىلەر دېلولىرىڭلارنى ماڭا ھاۋالە قىلىپ بېجىرىشكە قوشۇلساڭلار، مۇشۇنىڭ ئۆزى ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭلاردۇر. لېكىن، بۇ ھال سىلەرنىڭ بىر مۇنچە قىيىنچىلىقىڭلارنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. چۈنكى، مەن يا بىر ئاق تەنلىك ئادۋوكات ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ بىر ئادۋوكات بولۇش سۈپىتىدە تەقدىرىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. شۇڭا سىلەر مېنى قانۇن مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان تەقدىردىمۇ، سىلەر يەنە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشىڭلار مۇمكىن. سىلەر مېنى قوللىغانىكەنسىلەر، مەن بۇ ئەمەلىيەتنى ئۆزۈمنىڭ كۆپچىلىك ئۈچۈن پايپېتەك بولغانلىقىمغا بېرىلگەن ھەق دەپ ھېسابلىشىم كېرەك.

بۇ قېتىمقى مۇزاكىرىنىڭ نەتىجىسىدە 20 نەچچە سودىگەر بىر يىللىق مۇددەت بىلەن مېنى ئۆزلىرىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، دادا ئابدۇللا مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھازىرلىغان پۇلنى مېنىڭ كېرەكلىك ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىشىمغا بەردى.

شۇنداق قىلىپ، مەن ناتالدا ئولتۇراقلىشىپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## ئون سەككىزىنچى باب

# ئىرقىي ئايرىمچىلىق

سوت دېگەن شۇنداق چىرايلىق تارازىدۇركى، ئۇنى ئادىل، كۆزلىرى قارىغۇ، ئەمما ئەقىللىك بىر ئايال ھېچ ياققا ئاغماستىن تۇتۇپ تۇرىدۇ. تەقدىر ئۇنى ھوكۇم قىلىدىغان ۋاقىتتا بىر ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ قالماستىن، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە قاراپ ھوكۇم قىلسۇن دەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قارىغۇ قىلىپ قويغان. ۋاھالەنكى، ناتال قانۇن جەمئىيىتى ئالىي سوت مەھكىمىسىنى بۇ پرىنسىپقا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە سۆرەپ، ئۆزىنىڭ بۇ چىرايلىق نامىنى يوقىتىپ قويغانىدى.

مەن ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادۋوكاتى بولۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. مەندە بومباي ئالىي سوت مەھكىمىسى تارقىتىپ بەرگەن ئىجازەتنامە بار ئىدى. مەن ئۇ يەردە ئادۋوكاتلىققا تىزىملاتقاندا، بىر نۇسخا ئىنگلىزچە ئىجازەتنامىنى بومباي ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئارخىپتا ساقلاشقا تاپشۇرغانىدىم. بۇ قېتىم ئىلتىماس قىلغاندا، ئەخلاقىي گۇۋاھنامىدىن ئىككى پارچە قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مەن بۇ ئىككى پارچە گۇۋاھنامىنى ياۋروپالىقتىن ئالسام تېخىمۇ سالماق بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئابدۇللا سەيىف تونۇشتۇرغان ياۋروپالىق ئىككى سودىگەر ئارقىلىق بۇ خىل ئىسپاتنامىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدۇم. بۇنداق ئىلتىماس چوقۇم سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادۋوكاتلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. ئەگەر باش تەپتىش يەتكۈزۈپ بەرسە، قائىدە بويىچە ھەق ئېلىنمايتتى. دادا ئابدۇللا شىركىتىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى ئېسكومبە ئەپەندى ئەينى

ۋاقىتتىكى باش تەپتىش ئىدى. مەن ئۇنى يوقلاپ باردىم، ئۇ ئىلتىماسىمنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى.

بۇ چاغدا قانۇن جەمئىيىتى مېنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ ئادۋوكاتى بولۇشۇمغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، مېنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى شۇكى، ئۇلار مېنى ئىنگلىزچە ئىجازەتنامىمنىڭ ئەسلىيسىنى ئىلتىماسقا قوشۇمچە قىلماپتۇ دېگەنىدى. ھالبۇكى، ئەسلىي سەۋەب مۇنداق ئىدى: ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتىنى بەلگىلىگەندە، ئۇلار رەڭلىك ئىرقتىكى ئادۋوكاتلارنىڭمۇ جەمئىيەتكە كىرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاشمىغانىدى. ناتالنىڭ راۋاج تېپىشى ياۋروپالىقلارنىڭ كارخانىلىرىغا تايىناتتى، شۇڭا ياۋروپالىقلار قانۇن ساھەسىنى ئىگىلىشى زۆرۈر ئىدى. رەڭلىك ئىرقلارمۇ قىسىلىپ كىرسە، ئۇلارنىڭ سانى ياۋروپالىقلارنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق كاپالىتى غۇلاپ چۈشەتتى.

قانۇن جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ قارشى پىكرىنى قوللاش ئۈچۈن بىر مەشھۇر ئادۋوكاتنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ دادا ئابدۇللا شىركىتى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇ ئابدۇللا سەيىفكە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى ھاۋالە قىپتۇ. ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى تۈزلا پاراڭلاشتى، يەنە مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنىمۇ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىپ بەردىم.

ــ سىزگە دېيىشتىن قىسىلىدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن سىزنى بىر مۇستەملىكىدە تۇغۇلغان تەۋەككۇلچى ئىكەن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، يەنە كېلىپ ئىلتىماسىڭىزغا ئەسلىي گۇۋاھنامىنىڭ چاپلانمىغانلىقى گۇمانىمنى ئاشۇردى. بەزىلەرنىڭ ھەر خىل، ھەر ياڭزا گۇۋاھنامىلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۇۋاھنامىلەر ئۇلارنىڭ ئەمەس، سىز ياۋروپالىق سودىگەرلەر قىلىپ بەرگەن ئەخلاق گۇۋاھنامىسى ئەۋەتىپسىز، مەن بۇنىڭ نېمە قىممىتى بارلىقىنى بىلەلمىدىم، ئۇلار نېمىنى بىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ سىز بىلەن بولغان ئالاقىسى قانچىلىك چوڭقۇر؟

ــ بىراق، ــ دېدىم مەن، ــ بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەم مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ناتونۇشتۇر، ھەتتا سەيىف ئابدۇللامۇ مەن بىلەن بۇ يەردە تۇنجى بولۇپ تونۇشتى.

www.uyghurkitap.com

— لېكىن، سىز ھېلى مەن ئابدۇللا سەيىف بىلەن يۇرتداش دېمىگەنمىدىڭىز؟ ئەگەر دادىڭىز راستلا دىۋانبېگى بولغان بولسا، سەيىف ئابدۇللا جەمەتىڭىزنى چوقۇم بىلگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇ سىزگە بىر پارچە كاپالەتنامە يېزىپ بەرمەكچى بولسا، مەن بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ قارشى تۇرمايمەن. ئۇ چاغدا مەن سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا قارشى تۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىمنى قانۇن جەمئىيىتىگە ئۇقتۇرىمەن.

بۇ گەپ جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتتى، لېكىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. «ئەگەر مەن دادا ئابدۇللانىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئەۋەتكەن بولسام، — دېدىم ئۆزۈمگە، — يەنىلا رەت قىلىناتتى، ئۇ چاغدا ئۇلار ياۋروپالىقنىڭ ئىسپاتنامىسىنى تەلەپ قىلاتتى، ھالبۇكى مېنىڭ ئادۋوكات بولۇش ئۈچۈن قانۇن جەمئىيىتىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىشىمنىڭ كېلىپچىقىشىم ۋە كەچۈرمىشلىرىم بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى، كېلىپچىقىشىم ھەرقانچە پەس ھەم يىرگىنچلىك بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئارقىلىق مەن بىلەن قارشىلاشقىنى نېمىسى؟» ھالبۇكى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردىم:

— گەرچە مەن سىز تەلەپ قىلغان كاپالەتنامىنى تاپشۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن مەن قانۇن جەمئىيىتىنىڭ بۇ تەپسىلاتلارنى بىلىشكە ئالاقىدار ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايمەن.

ئابدۇللا سەيىفنىڭ كاپالەتنامىسىمۇ تەييار بولدى، ئۇنى قانۇن مۇدىرىيىتىگە تاپشۇردۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ رازى بولغانلىقىنى، لېكىن قانۇن جەمئىيىتىنىڭ يەنىلا قوشۇلمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قانۇن جەمئىيىتى ئالىي سوت مەھكىمىسىدە مېنىڭ ئىلتىماسىمغا قارشى تۇردى، لېكىن ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇلارنى رەت قىلدى، ھەتتا ئېسكەمبە ئەپەندىنى سوت مەھكىمىسىگە چىقىپ جاۋاب بېرىشكىمۇ چاقىرتمىدى. باش سوتچى مۇنداق جاكارلىدى:

— ئىلتىماس قىلغۇچىنى ئىسپاتنامىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى تاپشۇرمىغان دېگەن سەۋەب بىلەن رەت قىلىشنىڭ ئاساسى تولۇق ئەمەس. ئۇ ساختا ئىسپات ياسىغان بولسا جازالىنىدۇ، ئۇنىڭ جىنايىتى بارلىقى ئىسپاتلانسا، نامى رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدۇ. قانۇن ئاق تەنلىكلەر بىلەن رەڭلىك ئىرقلارغا ئوخشاش. شۇڭلاشقا سوت مەھكىمىمىز گەندى ئەپەندىنىڭ ئادۋوكاتلىققا تىزىملىتىشىنى

چەكلەشكە ھوقۇقسىز. بىز ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدۇق. گەندى ئەپەندى، سىز ئەمدى قەسەم بەرسىڭىز بولىدۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تىزىمغا ئالغۇچى ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا قەسەم بەردىم. قەسەم بېرىش ئاياغلاشتى. باش سوتچى ماڭا: «گەندى ئەپەندى، ئەمدى سىز ياغلىقىڭىزنى ئېلىۋېتىشىڭىز كېرەك. ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتقاندا، سىز سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىشىڭىز، بەلگىلەنگەن كىيىمنى كىيىشىڭىز كېرەك» دېدى.

مەن چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىمنى چۈشەندىم. ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئۈچۈن مەن يەرلىك ئامانلىق سوت كوللېگىيەسىدە قەتئىي ئالمىغان ياغلىقىمنى ئېلىۋەتتىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلسام بولمايدۇ، دەپ قارىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز كۈچۈمنى ساقلاپ قېلىپ، تېخىمۇ زور ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مەن ياغلىقىمنى ئېلىۋەتمەيمەن دەپ بىر جەڭچىگە خاس ئىقتىدارىمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ، تېخىمۇ بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغىنىم توغرا ئىدى.

سەيىق ئابدۇللا بىلەن باشقا دوستلار مېنىڭ بويسۇنغىنىمنى (ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاجىزلىقىمنى) توغرا تاپمىدى. ئۇلار مېنىڭ سوتقا چىقىپ ئادۋوكاتلىق قىلغاندا بېشىمدىن ياغلىقىمنى ئالماسلىق ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك، دەپ ئويلاتتى. مەن ئۇلارنى قايىل قىلماقچى بولدۇم. ئۇلارغا «ئەلگە كىر سەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىر سەڭ بېلىڭچە» دېگەن قائىدىنى بىر ئامال قىلىپ چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم. مەن: «ئەگەر ھىندىستاندا بىر ئەنگلىيە ئەمەلدارى ياكى سوتچى ياغلىقىڭنى ئېلىۋەت دەپ بۇيرۇق قىلسا، ئۇنى رەت قىلساق توغرا بولىدۇ. لېكىن، ناتال ئۆلكىسىدە سوت خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يەرلىك سوتنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمىسام خاتالاشقان بولىمەن» دېدىم.

مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر بىلەن دوستلىرىمنى پەسكويغا چۈشۈردۈم، لېكىن بۇ ئىشتا مەن ئوخشاشمىغان ئەھۋالدا مەسىلىگە ئوخشاشمىغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش دېگەن پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇلارنى تامامەن قايىل قىلدىم دېيەلمەيمەن. لېكىن، بۇ ھاياتىمدا مەن بۇ خىل روھنىڭ زورلۇق كۈچ

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ زۆرۈر بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتىم. لېكىن، بۇ ھەمىشە ھاياتىمغا خەتەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، دوستلىرىمنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايتتى. ھالبۇكى، ھەقىقەت پولاتتەك مۇستەھكەم، گۈلدەك گۈزەل نەرسە ئىدى.

قانۇن جەمئىيىتىنىڭ قارشىلىقى مەن ئۈچۈن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يەنە بىر تەشۋىقات بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن گېزىتلەر بۇ خىل قارشىلىقنى توغرا تاپمىدى ھەمدە قانۇن جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى تارلىقىنى ئەيىبلىدى. بۇ خىل تەشۋىقاتلار مېنىڭ خىزمىتىمگە مەلۇم دەرىجىدە قولايلىق يارىتىپ بەردى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ناتالدىكى ھىندىستانلىقلار يىغىنى

ئادۋوكاتلىق كەسپى مېنىڭ ئىككىنچى كەسپىم ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كەسپىم بولۇپ قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئاممىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتىم، چۈنكى مەن مۇشۇ مەقسەتتە ناتالدا داۋاملىق تۇرۇپ قالغاندىم. سايلام ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش قانۇن لايىھەسى ھەققىدىكى مۇراجىئەتنامىنى تارقىتىش كۇپايە قىلمايتتى. مۇستەملىكە ئىشلىرى باش ۋەزىرىدە ئازراق تەسىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن تەشۋىق ـ تەرغىباتنى داۋاملاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن دائىملىق بىر تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئابدۇللا سېيىق ۋە باشقا دوستلار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، مەڭگۈلۈك بىر ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك دېگەن يەرگە كەلدۇق.

بۇ يېڭى تەشكىلاتقا بىر ئىسىم قويۇش ئۈچۈن مېڭەم قوچۇلۇپ كەتتى. ئۇنى ئەڭ ياخشىسى ھەرقانداق بىر پەۋقۇلئاددە سىياسى پارتىيە بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك ئىدى. مەن «مەجلىس» دېگەن بۇ نامنىڭ ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلىرى ئارىسىدا سەت ئاڭلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، خەلق مەجلىسى ھىندىستاننىڭ ھاياتلىق رىشتىسى ئىدى. مەن ئۇنى ناتالدا يەنىمۇ كېڭەيتىشىم كېرەك. بۇ ھال مېنىڭ ھېچ ئىككىلەنمەستىن مۇشۇ ئىسىمنى قوللىنىشىمغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سەۋەبلىرىمنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ نامىنى ناتال ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى دەپ بېكىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردىم ھەمدە 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بۇ تەشكىلاتنىڭ

قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدىم.

ئۇ كۈنى دادا ئابدۇللانىڭ يوغان بىر ئۆيى ئادەم بىلەن لىق تولۇپ كەتكەنىدى. قۇرۇلتاي بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. قۇرۇلتاي نىزامنامىسى ئىنتايىن ئاددىي، لېكىن ئەزالىق بەدەل پۇلى ئېغىر ئىدى. بىر ئايدا بەش شىللىڭ تاپشۇرالايدىغان كىشىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئەزا بولالايتتى. ھال ـ ئوقىتى ياخشىراق بولغانلارنىڭ ئەزالىق بەدىلىنى كۆپرەك تاپشۇرۇشى تەشەببۇس قىلىناتتى. ئابدۇللا سەيىف ھەر ئايدا ئىككى فوندستېرلىڭ تاپشۇرىدىغان بولۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. يەنە ئىككى بۇرادەرمۇ ئىككى فوندستېرلىڭ تاپشۇرىمىز، دەپ يازدى. مەن بەك ئارقىدا قالسام بولماس دەپ ئويلاپ، ئايدا بىر فوندستېرلىڭ ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرىمەن دەپ يازدىم. بۇ مەن ئۈچۈن ئاز پۇل ھېسابلانمايتتى، بىراق بىرئاز تېجەشلىك بولسام يەنىلا تۆلەپ كەتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. يەنە كېلىپ پەرۋەردىگار ماڭا ھەمدەم بولۇۋاتاتتى. دەرۋەقە، ئايدا بىر فوندستېرلىڭ بەدەل پۇلى تۆلەيدىغانلار خېلى چىقتى، ئېيىغا 10 شىللىڭ تۆلەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئىئانە بېرىدىغانلارمۇ بار ئىدى، بۇلارنى ئەلۋەتتە رەھمەت ئېيتىپ ئالدۇق.

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، پەقەت سۆيلەشكە قاراپ قالسا، بەدەل پۇلىنى ھېچكىم تۆلىمەيدىكەن، دۇربانىنىڭ سىرتىدىكى ئەزالارنى دائىم ئىزدەپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىرپەس كۆتۈرۈلگەن قىزغىنلىقتىن قارىغاندا ئۇلار بىردىنلا سوۇۇپ كېتىدىغاندەكمۇ قىلاتتى. دۇربانىدىكى ئەزالارنىمۇ پات ـ پات سۆيلەپ تۇرمىسا، ئۇلار بەدەل پۇلىنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرمايتتى.

مەن قۇرۇلتاينىڭ كاتىپى ئىدىم، شۇڭا بەدەل پۇلى يىغىدىغان ئىش زىممەمگە يۈكلەندى. كېيىن كۈنبويى بەدەل پۇلى يىغىش ئۈچۈن چېپىشقا مەخسۇس بىر كاتىپ ئالماي بولمىدى. ئۇ ئادەممۇ بۇ خىزمەتتىن بىزار بولۇپ كەتتى. مەن بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، بەدەل پۇلىنى ئايدا تۆلەشنى يىلدا تۆلەشكە ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئالدىن تۆلىمىسە بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قېتىملىق يىغىن ئاچتىم، ھەممە ئادەم ئايلىق بەدەلنى يىللىق بەدەلگە ئۆزگەرتىش تەكلىپىنى قارشى ئالدى ھەمدە ئاز

دېگەندە يىلىغا ئۈچ فوندستېرلىڭ تۆلەش بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن بەدەل يىغىش ئىشىمۇ كۆپ ئاسانلىشىپ كەتتى.

مەن ئومۇمىنىڭ خىزمىتىنى پۇل قەرز ئېلىشقا تايىنىپ ئىشلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى دەسلەپتىلا بىلگەنىدىم. نۇرغۇن ئىشلاردا كىشىلەر ۋەدىگە تايىنىدۇ، پەقەت پۇل ئىشىدىلا ئۇنداق قىلمايدۇ. مەن زىممىسىدىكى ئەزالىق بەدىلىنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىگەن بىرەر ئادەمنى زادىلا كۆرمىدىم، ناتالدىكى ھىندىستانلىقلار مۇشۇنداق ئىدى. پۇل بولمىغان ۋاقىتتا ئىش بېجىرمىگەچكە، ناتالدىكى ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى ئەزەلدىن قەرز بولۇپ قالغان ئەمەس.

ئىشداشلىرىم ئەزالار بىلەن ئالاقە باغلايدىغان ئىشقا ئادەتتىن تاشقىرى ئاكتىپلىق كۆرسەتتى. بۇ ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان خىزمەت ئىدى، شۇنداقلا بىر خىل قىممەتلىك تەجرىبە ئىدى. قۇرۇلتاي ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەزالىق بەدىلى ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرۇشنى خالايتتى. يىراقتىكى ئىچكى يېزىلاردا خىزمەت ئىشلەش خېلىلا تەسكە توختايتتى، كىشىلەر ئاممىۋى خىزمەتنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمەيتتى. لېكىن، بىز يىراقتىن كەلگەن زىيارەت تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇراتتۇق. ھەرقايسى جايلاردىكى مەشھۇر سودىگەرلەر بىزنى سەمىمىيلىك بىلەن كۈتۈۋالاتتى.

بىر قېتىم بىز مۇشۇنداق سەپەر داۋامىدا مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندۇق. بىز ساھىبخانىنىڭ ئالتە فوندستېرلىڭ ئىئانە قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق، لېكىن ئۇ كۆپ بولغاندا ئۈچ فوندستېرلىڭ بېرىشكە ئۇنىدى. ئەگەر بىز بۇنى قوبۇل قىلساق، باشقىلار بۇنى ئۈلگە قىلىۋالاتتى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ بەدەل يىغىش خىزمىتىمىز تەسىرگە ئۇچرايتتى. بۇ يېرىم كېچە بولۇپ قالغان چاغ ئىدى، قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، ھالبۇكى بىز يىغماقچى بولغان پۇلنى يىغىپ بولالمىغان تۇرساق، قانداقمۇ بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ تاماق يېيەلەيمىز؟ قىلمىغان ياخشى گېپىمىز قالمىدى، ساھىبخانا پەيلىدىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى، چىرايىنىمۇ ئاچمىدى. باشقا سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، بىز تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇردۇق، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يول قويمايدىغاندەك قىلاتتى. ئاخىر ساھىبخانا يول قويۇپ ئالتە فوندستېرلىڭ تۆلىدى، يەنە تېخى بىزنى مېھمان قىلدى. بۇ ئىش تونگات (Tongaat) ئارىلىدا يۈز بەرگەنىدى، لېكىن شىمالىي دېڭىز

www.uyghurkitap.com

قىرغىنقىدىكى ستىرانگېر (Stranger) بىلەن ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى چارلېستون شەھىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ ئىش بىزنىڭ ئەزالىق بەدىلى يىغىش خىزمىتىمىزنى تېزلىتىۋەتتى.

ھالبۇكى، ئىئانە توپلاش بىردىنبىر خىزمىتىمىز ئەمەس ئىدى، ئەمەلىيەتتە، مەن ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق پۇل يىغىۋالماسلىق كېرەك دەيدىغان بىر پرىنسىپنى چۈشىنىپ يەتكەنىدىم.

بىزنىڭ يىغىنىمىز ئادەتتە ئايدا بىر قېتىم ئېچىلاتتى، ناۋادا زۆرۈر تېپىلسا ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلاتتى. يىغىندا ھەر قېتىم ئالدىنقى قېتىمقى يىغىن خاتىرىسى ئوقۇلاتتى، ئاندىن تۈرلۈك مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىناتتى. كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى مۇھاكىمىگە قاتنىشىش تەجرىبىسى يوق ئىدى، شۇنداقلا ئىخچام ھەم مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ پىكىر بايان قىلىشنى ئۇقمايتتى. ھەر كىم ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولغاچقا، جۇرئەتسىزلىك قىلاتتى. مەن ئۇلارغا يىغىننىڭ كۈنتەرتىپى بىلەن قائىدىسىنى چۈشەندۈرەتتىم، ئۇلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتى. ئۇلار بۇنىڭ بىر خىل تەربىيە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كۆپچىلىك ئالدىدا سۆز قىلىپ ئادەتلەنمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلار ئۇزاققا قالماي ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىدىغان ۋە ئۇ ھەقتە پىكىر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردى.

مەن ئومۇمنىڭ خىزمىتىدە كىچىككىنە خىراجەتمۇ ناھايىتى زور چىقىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، باشتا مەن ھەتتا ھۆججەت تالونىنىمۇ باسمىدا باستۇرمىدىم. ئىش ئورنۇمدا بىر دانە شاپىگراف بار ئىدى. بىز تالون ۋە ھۆججەتلەرنى شۇنىڭدا باساتتۇق، يىغىنىمىز تاكى يېتەرلىك خىراجەتكە ئىگە بولغان، يىغىننىڭ سانى ۋە خىزمەتلەر كۆپەيگەندىن كېيىن ئاندىن بەزى نەرسىلەرنى مەخسۇس باسمىدا باسىدىغان بولدۇق. بۇنچىلىك چىقىم ھەرقانداق بىر تەشكىلات ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى.

لېكىن مەن بۇنىڭ ھەرقانداق بىر تەشكىلاتنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مېنىڭ ئۆزى كىچىك، لېكىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر تەشكىلاتنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىشىم دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

كىشىلەر ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرغاندا تالون بار ــ يوقلۇقى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى، لېكىن بىز تالون كېسىپ بېرىشتە چىڭ

تۇراتتۇق. شۇڭا، ھەربىر تەڭگە ئېنىق خاتىرىلەنگەندى، يەنە كېلىپ مەن كېيىن ئېيتالايمەنكى، 1894 ـ يىلىدىكى ھېسابات دەپتىرىنى ناتال ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئارخىپىدىن تولۇق تاپقىلى بولىدۇ. ھەر قانداق بىر تەشكىلات ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېساباتنى تەپسىلىي خاتىرىلەش ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇ بولمايدىكەن تەشكىلات ئابرۇيىنى يوقىتىپ قويىدۇ. مۇۋاپىق ھېسابات ئارخىپى بولمايدىكەن، ئۇ ئەسلىدىكى ساپ ھەقىقەتنى ساقلاپ قالالماسلىقى مۇمكىن.

قۇرۇلتاينىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇرۇلتىيىمىز يەرلىك مۇھاجىرلارنى ھەم تەربىيە كۆرگەن ھىندىستانلىقلارنى ئۆزىگە قوبۇل قىلىپ كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلالاتتى. قۇرۇلتاينىڭ ياردىمىدە مۇھاجىر ھىندىستانلىقلار مائارىپ جەمئىيىتى قۇرۇلدى، جەمئىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەزالىرى تەربىيە كۆرگەن ياشلار ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتكە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇراتتى. جەمئىيەت ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىنۇېلىشىغا ياردەم بېرەتتى، ئىدىيەسىنى ئويغىتاتتى، ئۇلارنى ھىندىستانلىق سودىگەرلەر بىلەن ئۇچراشتۇراتتى، شۇنداقلا ئۇلارغا مۇھاجىرلار كوللېكتىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دائىرىسى كۆرسىتىپ بېرەتتى. جەمئىيەت يەنە بەس ـ مۇنازىرە سورۇنى ئىدى، ئەزالار قەرەللىك ھالدا يىغىلىپ، ھەر خىل تېمىدىكى دىسسېرتاتسىيەلەرنى ئوقۇيتتى. شۇنىڭدەك جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر كىچىك كۇتۇپخانىمۇ قۇرۇلدى.

قۇرۇلتاينىڭ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى تەشۋىق قىلىش ئىدى. بۇ جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئەنگلىيەدىكى ئەنگلىيەلىكلەر ھەمدە ھىندىستان خەلقىنى ناتالنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مۇشۇ مەقسەتتە مەن ئىككى كىتابچە يېزىپ چىقتىم: بىرسى، «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھەربىر ئەنگلىيەلىككە مۇراجىئەت» بولۇپ، ئۇ پاكىتلار ئاساسىدىكى بىر بايانات ئىدى. بۇنىڭدا ناتالدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلەتتى؛ يەنە بىرسى، «ھىندىستانلىقلارنىڭ سايلام ھوقۇقى — بىر مۇراجىئەت» ئىدى. بۇ كىتابچىدا ئەمەلىي پاكىت ۋە سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ناتالدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ سايلام ھوقۇقى تارىخى قىسقىچە ئومۇملاشتۇرۇلغانىدى. بۇ كىتابچىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن مەن نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

ئەمگەك سەرپ قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ باردىم. گەرچە مېنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلغانلىرىم ناھايىتى تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولغاندى. بۇ كىتابلار ناھايىتى كەڭ تارقالدى.

مانا بۇ پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلار ئۈچۈن سانسىز دوست تېپىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنى ھىندىستاندىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشىغا ئېرىشتۈردى. بۇ پائالىيەتلەر يەنە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ ئالدىدا ئېنىق بىر ھەرىكەت يولىنى نامايان قىلدى.

## يىگىرمىنچى باب

### بالاسۇندارام (Balasundaram)

قىزغىن ھەم ساپ ئارزۇلار ھامان ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆز تەجرىبەمدىن ئېيتقاندا، مەن بۇ قانۇنىيەتنىڭ دەلىلىنى كۆپ كۆرگەنمەن، نامرات خەلقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ ئارزۇلار ۋەجىدىن مەن ھەمىشە نامراتلار ئارىسىدا بولاتتىم، ئۇلار ئۇيلىغاننى ئويلايتتىم.

ناتال ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزالىرى مۇھاجىر ھىندىستانلىقلار ۋە ئىلمىي خىزمەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، لېكىن تېخنىكىسىز ئىشچىلار ۋە توختاملىق ئىشچىلار بۇ دائىرىدە ئەمەس ئىدى. قۇرۇلتاي ئۇلارغا تەۋە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ئەزا قىلىش ئۈچۈن بەدەل پۇلى تاپشۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇرۇلتاي ئۇلار ئۈچۈن خىزمەتلا قىلالايتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەمدەملىكىگە ئېرىشەلەيتتى، گەرچە ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇلتاينىڭ ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىسىمۇ، لېكىن بىر قولايلىق پۇرسەت چىقىپ قالدى. مەن ئادۋوكاتلىق كەسپىنى يولغا قويغىلى ئۈچ - تۆت ئاي بولغان، يەنە كېلىپ قۇرۇلتاي تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بىر چاغدا، كىيىملىرى جۇل - جۇل، قولىدا ياغلىق تۇتۇۋالغان، ئىككى چىشى ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋېتىلگەن، ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالغان بىر تامىل (Tamil) لاغ - لاغ تىترىگەن ھالدا ئالدىمغا يىغلاپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇنى غوجايىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىكەن. مېنىڭ بىر تامىل كاتىپىم بار ئىدى. ئۇ ماڭا ھەممە ئەھۋالنى يەتكۈزدى. كەلگەن كىشىنىڭ ئىسمى بالاسۇندارام بولۇپ، ئۇ كېلىشىم بويىچە دۇرباندىكى

بىر مەشھۇر ياۋروپالىقنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان ئىشلەمچى ئىكەن. غوجايىن ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بالاسۇندارامنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئىككى ئۇدۇل چىشىمنى چۇشۇرۇۋەتكەنىدى. مەن ئۇنى بىر دوختۇرنىڭ قېشىغا ئاپاردىم. ئۇ چاغلاردا ئاق تەنلىك دوختۇرنىلا تاپقىلى بولاتتى. مەن دوختۇردىن بالاسۇندارامنىڭ يارىسىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ بىر پارچە ئىسپاتنامە يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. مەن ئىسپاتنامىنى ئېلىپ، ياردارنى باشلاپ ئۇدۇل ھاكىمنى ئىزدەپ باردىم ـ دە، ئەرزنى سۇندۇم. ھاكىم ئەرزنامىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ـ دە، غوجايىننى چاقىرتىپ سوراق قىلىش ۋە چاقىرىقنامە ئەۋەتىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى.

مېنىڭ مەقسىتىم غوجايىننى جازالاتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى بالاسۇندارامنى ئىشلەمچىلىكتىن بوشاتقۇزۇشلا ئىدى. مەن كېلىشىملىك ئەمگەكچىلەرگە دائىر قانۇننى ئوقۇغانىدىم. ئەگەر بىر مەدىكار ئۇن ـ تىنسىزلا ئىش ئورنىدىن ئايرىلسا، غوجايىنى ھەق تەلەپ كوللېگىيەسىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلسا بولاتتى. توختاملىق ئىشچىلارغا نىسبەتەن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئەگەر ئوخشاش ئەھۋال يۈز بەرسە، ئۇ شۇ ھامان جىنايى ئىشلار دەۋا سوتىغا چاقىرتىلىپ ئەيىبلىنەتتى ـ دە، جازا ھۆكۈم قىلىناتتى. ۋىللىيام خانتېر (William Hunter)نىڭ كېلىشىملىك ئىشچىلار تۈزۈمىنى قۇللۇق تۈزۈم بىلەن ئوخشاش ئوسال دېيىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. كېلىشىملىك ئىشچىلارمۇ قۇللارغا ئوخشاش غوجايىنىنىڭ مۈلكى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا بالاسۇندارامنى قۇتقۇزىدىغان ئىككىلا چارە بار ئىدى، ئۇ توختاملىق ئىشچىلارنىڭ ۋەسىيلىرىدىن كېلىشىمنى بىكار قىلىپ، ئۇنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ياكى بالاسۇندارامنىڭ غوجايىنىدىن ئۇنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. مەن ئۇنىڭ غوجايىنىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇنىڭغا: «مەن ئۇستىڭىزدىن ئەرز قىلىپ سىزنى سوراققا قويغۇم يوق، سىز ئۇ كىشىنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپسىز، بۇنىسى ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان، ئەگەر سىز كېلىشىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىسىڭىزلا، مەنمۇ رازى بولىمەن» دېدىم. ئۇ بۇنىڭغا دەرھاللا ماقۇل بولدى، ئاندىن مەن ۋەسىيلىك قىلغۇچىنى ئىزدىدىم. بۇنىڭغا ئۇمۇ قوشۇلدى، شەرت يېڭى غوجايىن تېپىشىم كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن غوجايىن ئىزدەشكە باشلىدىم. ئۇ جەزمەن ياۋروپالىق بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ھىندىستانلىقلار كېلىشىملىك ئىشچى ياللىسا بولمايتتى. ئۇ چاغلاردا مەن تونۇشىدىغان ياۋروپالىقلار بەك ئاز ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەننى ئىزدىدىم. ئۇ بالاسۇندارامنى ئېلىپ قېلىشقا ناھايىتى مەردلىك بىلەن قوشۇلدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم. ھاكىم بالاسۇندارامنىڭ غوجايىنىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، ئۇنى كېلىشىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

بالاسۇندارامنىڭ دېلوسى ھەربىر كېلىشىملىك ئىشچىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندى. يەنە كېلىپ مەن ئۇلارنىڭ دوستى بولۇپ تونۇلغانىدىم. مەن بۇ خىل مۇناسىۋەتتىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. كېلىشىملىك ئىشچىلار ئايىغى ئۈزۈلمەستىن ئىش بېجىرىش ئورنۇمغا ئېقىشقا باشلىدى. مەن بولسام ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە غەم - قايغۇسىنى چۈشىنىدىغان ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشكەنىدىم.

بالاسۇندارامنىڭ دېلوسىنىڭ تەسىرى ھەتتا مادراس (Madras) تەك يىراق جايلارغىمۇ يەتكەنىدى.

بۇ دېلونىڭ ئەسلىدىنلا ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق ئىدى. ھالبۇكى، ناتالدا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان كىشىنىڭمۇ بارلىقى ھەمدە ئۇلار ئۈچۈن ئوچۇق - ئاشكارا خىزمەت قىلىنىۋاتقانلىقىدەك پاكىت كېلىشىملىك ئىشچىلارنى دەم ھەيران قالدۇرسا، دەم خۇشال قىلاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئۈمىدۋار قىلىۋەتكەنىدى.

مەن بالاسۇندارامنىڭ ئىش ئورنۇمغا دەسلەپ كىرگەن چېغىدا قولىغا ياغلىق ئېلىۋالغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ پەۋقۇلئاددە مىسكىن ھالىتى بىزنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. مەن بېشىمدىن ياغلىقىمنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇلغاندىكى ئەھۋالنى بايان قىلدىم. ھەربىر كېلىشىملىك ئىشچى ۋە ھىندىستانلىق ياۋروپالىقنى يوقلاپ بارغاندا بىر خىل زورمۇزور ئادەت تۈپەيلى ياغلىقىنى ئېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. مەيلى بېشىدا بۆك، ياغلىق ياكى ئورىۋالغان لۆڭگىسى بولسۇن ئىختىيارسىز شۇنداق قىلاتتى. قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بېرىش ئۇسۇلىمۇ يەتمىگەندەك

قىلاتتى. بالاسۇندارام ماڭىمۇ ئاشۇنداق ئۇسۇلدا سالام بېرىشنى كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. بۇنى مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۇچراتقانىدىم. مەن بىر خىل خورلۇق ھېس قىلدىم، ئۇنى ياغلىقنى ئورىۋېلىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلدى، ئۇ يەنىلا ئىككىلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنىنى كۆردۇم.

ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ خورلىنىۋاتقانلىقىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلارمۇ بولىدىكەن، مەن بۇنى زادى چۈشىنەلمىدىم.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئۈچ فوندستېرلىڭلىق ئادەم بېجى

بالاسۇندارامنىڭ ئىشى مېنى ھىندىستانلىق كېلىشىملىك ئىشچىلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. ھالبۇكى، مېنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئۈندىگەن نەرسە ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئالۋان ــ ياساقلارغا قارشى كۈرەشلىرى ئىدى.

شۇ يىلى، يەنى 1894 ــ يىلى ناتال ھۆكۈمىتى ھىندىستانلىق كېلىشىملىك ئىشچىلاردىن بىر يىلدا 25 فوندستېرلىڭ باج ئالماقچى بولغانىدى، بۇ لايىھە مېنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. مەن بۇ ئىشنى قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدۇم. قۇرۇلتاي دەرھال تېگىشلىك قارشىلىق كۆرسىتىشنى قارار قىلدى.

ئالدى بىلەن مەن بۇ خىل باج ــ سېلىقنىڭ كېلىپ
چىقىشىنى قىسقىغىنا سۆزلەپ ئۆتەي.

تەخمىنەن 1860 ــ يىلى ناتالدىكى ياۋروپالىقلار بۇ يەردە شېكەر قومۇشى ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدىغان ناھايىتى كۆپ ئېشىنچا يەر بارلىقىنى، لېكىن ئەمگەك كۈچىنىڭ كەملىكىنى بايقىغان. چۈنكى، ناتالدىكى زۇلۇملار بۇ خىل ئەمگەككە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئەگەر سىرتتىن كېلىدىغان ئىشچى بولمىسا، شېكەر قومۇشى تېرىش ۋە شېكەر ئىشلەپچىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ناتال ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ھىندىستاندىن ئىشچى ئالغان، ئىشچى ئېلىشتا ناتالدا بەش يىل ئىشلەش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، بەش يىل توشقاندىن كېيىن ئىشچىلار ئۇ يەردە

ئەركىن ئولتۇراقلىشىپ قالسىمۇ بولىدۇ ھەمدە يەر سېتىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بىر يەمچۈك ئىدى، چۈنكى ئاق تەنلىكلەر ھىندىستانلىق ئىشچىلارنىڭ تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ھالبۇكى، ھىندىستانلىقلار ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئەكەلدى. ئۇلار ناھايىتى زور مىقداردا كۆكتات تېرىدى، ئۇلار ھىندىستاندىكى زىرائەت سورتلىرىنى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئەكېلىپ ھەم تېرىپ، شۇ جايدىكى سورتلارنى تېخىمۇ ئەرزانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار يەنە مانگو دەرىخىمۇ كىرگۈزدى.

ئۇلارنىڭ ئىشى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئۇلار سودا ساھەسىگىمۇ كىردى. ئۇلار يەر سېتىۋېلىپ، ئۆي سالدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىشچىلىقتىن يەر ۋە ئۆي ـ مۈلۈك غوجايىنىغا ئايلاندى. ھىندىستاننىڭ ئىچىدىكى سودىگەرلەرمۇ بۇ يەرگە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ ماكانلىشىپ، تىجارەت قىلىشقا باشلىدى. مەرھۇم سەيىق ئابابەكرى ھامۇت (Sheth Abubakar Amod) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق شەخس ئىدى. ئۇ تېز ئارىدىلا كۆلىمى ناھايىتى زور تىجارەت تورىنى شەكىللەندۈردى.

بۇ ھال ئاق تەنلىك سودىگەرلەرنىڭ ئىچىگە ھەسەت ۋە قورقۇنچ سالدى. ئۇلار دەسلەپتە ھىندىستانلىق ئىشچىلارنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىشىلەرنىڭ سودا ئىقتىدارى بارلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ناۋادا ئۇلار مۇستەقىل دېھقانلاردىن بولۇپ قالسا، بۇنىڭغا چىداش مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ سودىدىكى رىقابەتچانلىقىغا ئادەم چىداپ بولمايتتى.

مانا بۇ ھىندىستانلىقلارغا قارىتا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچتى، لېكىن يەنە ئۇنى زورايتىدىغان نۇرغۇن ئامىللارمۇ بار ئىدى. بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىز ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشىمايتتى. بىزنىڭ تۇرمۇ- شىمىز ئاددىي ـ ساددا ئۆتەتتى، ئازغىنا كىرىمگە قانائەت قىلاتتۇق، بىز تازىلىق بەلگىلىمىلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمەيتتۇق، ئەتراپ- تىكى مۇھىتنى پاكىزە، رەتلىك تۇتۇشقا ھەمدە ئۆي ئىچى مۇھىتىنىڭ كۆركەملىكىنى ساقلاشقا ماھىر ئەمەس ئىدۇق. مانا بۇلار، شۇنىڭدەك دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئىختىلاپلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەنلىك ئوتى- نى تۇتاشتۇرىدىغان ئامىللار ئىدى. سايلام ھوقۇقىنى بىكار قىلىش

توغرىسىدىكى قانۇن لايىھەسى، ھىندىستانلىق توختاملىق ئىشچىلاردىن باج ـ سېلىق ئېلىش توغرىسىدىكى قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل دۇشمەنلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى، تۈزۈلگەن قانۇنلاردىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن ئېكسپلاتاتسىيە خاراكتېرلىك ئۇسۇل ـ چارىلەر ئاللىقاچان ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. دەسلەپتە ھىندىستانلىق ئىشچىلارنى مەجبۇرىي تۈردە قايتۇرۇۋېتىش تەشەببۇس قىلىنىدى، بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ توختام مۇددىتى ھىندىستاندىلا توشۇپ قالاتتى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئېھتىمال بۇ چارىنى ماقۇل كۆرمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭا بەزىلەر يەنە بىر خىل تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

1. ھىندىستانلىق ئىشچىلار توختام مۇددىتى توشقاندا، جەزمەن ھىندىستانغا قايتىشى زۆرۈر؛

2. ئەگەر ئۇلار قايتمىسا، ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم يېڭى توختامغا ئىمزا قويىدۇ، ھەر قېتىم ئىمزا قويغاندا، ئىش ھەققى بىر قېتىم كۆپەيتىلىدۇ؛

3. ئەگەر ئۇلار ھىندىستانغا قايتىشنى خالىمىسا ياكى يېڭى توختامنامىگە ئىمزا قويۇشقا ئۇنىمىسا، ھەر يىلى 25 فوندستېرلىڭ باج تۆلەيدۇ.

ھېنرى بىنس (Henry Binns) تۆرە ۋە ماسون (Mason) ئەپەندى تەشكىللىگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ تەكلىپ لايىھەسى ھەققىدە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىش ئۈچۈن ھىندىستانغا ئەۋەتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئېلگىن (Elgin) تۆرە ھىندىستاننىڭ ۋالىيسى ئىدى. ئۇ 25 فوندستېرلىڭ باج تۆلەشنى قۇۋۋەتلىمىگەن، لېكىن ئۈچ فوندستېرلىڭ ئادەم بېشى بېجى تۆلەشكە قوشۇلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇنى ۋالىينىڭ ئېغىر خاتالىقى دەپ ئويلايتتىم، ھېلىھەم شۇنداق ئويلايمەن. ئۇ بۇ تەكلىپ لايىھەسىنى قۇۋۋەتلىگەندە، ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتىنى قىلچە ئويلاپ قويمىغانىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ناتالدىكى ياۋروپالىقلارغا بۇنداق يول قويىدىغان مەسئۇلىيىتى يوق ئىدى. ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە بىر توختاملىق ئىشچى بىلەن ئايالى ۋە ئۇلارنىڭ 16 ياشلاردىكى ئوغلى ۋە 13 ياشلاردىكى قىزى باج تۆلىشى كېرەك ئىدى. تۆت جانلىق بىر ئائىلە — ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ۋە باللىرى ھەر يىلى 12 فوندستېرلىڭ تۆلەشكە توغرا كېلەتتى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئاتا بولغۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 شىللىڭدىن ئاشمايتتى. بۇ ئىنتايىن رەھىمسىز ئۇسۇل ئىدى. يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدا تېپىلمايتتى.

بۇ خىل ئالۋان ـ ياساقلا قارشى تۇرۇش يۇزىسىدىن بىز شىددەتلىك كۈرەش ئۇيۇشتۇردۇق. ناۋادا ناتالدىكى ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى بۇ مەسىلىگە سۈكۈت قىلغان بولسا، ھىندىستان باش ۋالىيسى 25 فوندستېرلىڭ باجغا قوشۇلامدۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. 25 فوندستېرلىڭدىن 3 فوندستېرلىڭغا كېمەيتىلىشمۇ، بەلكىم قۇرۇلتاينىڭ نارازىلىقىدىن ئىدى. بەلكىم مەن خاتا ئويلىغاندىمەن، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپتىلا 25 فوندستېرلىڭ باج ئېلىشقا قوشۇلمىغان بولۇشى ناتايىن، ھالبۇكى ئۇنىڭ ئۈچ فوندستېرلىڭغا چۈشۈشى قۇرۇلتاينىڭ قارشى تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئومۇمەن، بۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتى تەرەپىنىڭ ئادەمنى كۆڭۈلسىز قىلىدىغان بىر ئۇسۇلى، ھىندىستان پاراۋانلىقىنىڭ ھامىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن باش ۋالىي ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇنداق باجنى قۇۋۋەتلىمىسە بولاتتى.

قۇرۇلتاي بۇ خىل سېلىقنىڭ 25 فوندستېرلىڭدىن ئۈچ فوندستېرلىڭغا چۈشۈشىنى ھېچقانچە زور مۇۋەپپەقىيەت دەپ ھېسابلىمىدى. قۇرۇلتاينىڭ ھىندىستانلىق توختاملىق ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى تەلتۆكۈس قوغدىيالماسلىقى يەنىلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. ئۇ ئىزچىل ھالدا بۇ خىل سېلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشكە بەل باغلاپ كەلدى، ھالبۇكى بۇ ئىرادە 20 يىلدىن كېيىنلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئىرادىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ناتالدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان بارلىق ھىندىستانلىقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەرھۇم گوكلىي ئەپەندىنىڭ ۋاپاسىزلىقى بۇ قېتىمقى كۈرەشنى ئەڭ ئاخىر ئەۋجىگە چىقاردى، ھىندىستانلىق توختاملىق ئىشچىلار بۇ قېتىمقى كۈرەشكە پۈتۈنلەي قاتناشتى، لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئوق چىقىرىشى نەتىجىسىدە بەزىلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى، 10 مىڭدىن كۆپ ئادەم ھەپسىگە ئېلىندى.

ۋاھالەنكى، ھەقىقەت ھامان زەپەر قۇچىدۇ، ھەربىر ھىندىستانلىق تارتقان جەبىر - زۇلۇم دەل ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. لېكىن، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئېتىقاد، غايەت زور سەۋرچانلىق ۋە بوشاشماس تىرىشچانلىق بولمىسا، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ناۋادا مۇھاجىرلار كوللېكتىپى كۆرەشتىن ۋاز كەچسە، كۆرەشتىن ۋاز كېچىپ ھاياتىنى بۇ خىل ئالۋان - ياساقتا سېلىپ بەرسە ھەممە بۇنى خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىسا، بۇ خىل يىرگىنچلىك سېلىق ھىندىستانلىق توختاملىق ئىشچىلاردىن داۋاملىق ئېلىنىۋەرگەن، تاكى بۇگۈنگە قەدەر توختىمىغان بولاتتى. يەنە كېلىپ جەنۇبىي ئافرىقىدا مۇھاجىر بولۇپ يۇرۇۋاتقان ھىندىستانلىقلار ۋە پۈتكۈل ھىندىستان مەڭگۈلۈك نومۇسقا قالغان بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ھەر خىل دىنلار ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات

ناۋادا ئۆزۈمنى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىغا خىزمەت قىلىش بىلەنلا بولۇپ كەتتىم دەپ ئويلىسام، بۇنىڭدا مېنىڭ ئۆزلۈكۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشتەك مۇنداق بىر مەنىۋى ئارقا كۆرۈنۈشمۇ بار. مەن مۇلازىمەتنى ئۆزۈمنىڭ دىنى دەپ قارايمەن. چۈنكى، مېنىڭچە مۇلازىمەت ئارقىلىقلا پەرۋەردىگارنى بىلگىلى بولىدۇ. مۇلازىمەت دېگىنىم مېنىڭ ھىندىستان ئۈچۈن قىلغان مۇلازىمىتىمدۇر، بۇنى مەن ئاللىقانداق بىر ئېھتىياجدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي يوسۇندا، رازىمەنلىك بىلەن قىلدىم. مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا ساياھەت قىلىش، كاسىۋادتىكى سىياسىي تالاش - تارتىشلاردىن قېچىش ئۈچۈن، شۇنداقلا تىرىكچىلىك ئۈچۈن بارغانىدىم. ھالبۇكى، خۇددى مەن ئېيتقاندەك مەن ئۆزۈمنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ئىستىكىدە، ئۆزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىكىدە ئىكەنلىكىمنى بىلدىم.

خىرىستىيان دوستلىرىم مېنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇيۇمنى قوزغىدى، بۇنداق ئارزۇنى قاندۇرغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، مەن پەرۋا قىلماي دېسەممۇ، لېكىن ئۇلار مېنى تىنچ قويمايتتى. جەنۇبىي ئافرىقا دىن تارقىتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى سپېنسېر ۋالتون (Spencer Walton) ئەپەندىنىڭ دۇرباندا ماڭا كۆزى چۈشكەنىدى، مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالاي دېگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن پىرېتورىيەدە خىرىستىيان مۇرىتلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغانىدىم. ۋالتون ئەپەندىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۇسۇلى بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ مېنى خىرىستىيان دىنىغا ئىشىنىشكە ئەسلا سايە





قىلمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزەتسۇن، دەپ ئۆز ھاياتىنى خۇددى بىر كىتابقا ئوخشاش ئالدىمغا يايغانىدى. ۋالتون خانىم ئىنتايىن مۇلايىم، ئىقتىدارلىق ئايال ئىدى. مەن بۇ ئىككىيلەننىڭ پوزىتسىيەسىنى ياقتۇراتتىم. بىز ئارىمىزدا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان جايلارنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىمىز، مەيلى قانداق مۇھاكىمە قىلايلى، بۇ خىل پەرقنى يەنىلا تۈگەتكىلى بولاتتى. بىراق، ئۆزئارا سەۋر ـ تاقەت قىلىشىش ھەمدە ئۇلۇغۋار مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت ئىستەش روھىغا ئىگە بولساقلا، چۈشەنچە جەھەتتىكى بۇنداق پەرقنىڭ ـ مۇ پايدىلىق تەرىپى بولىدۇ. مەن ۋالتون ئەپەندى ۋە ۋالتون خانىمنىڭ كەمتەرلىكىنى، سەۋرچانلىقىنى ۋە خىزمەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ياقتۇراتتىم، بىز دائىم كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق.

بۇ خىل دوستلۇق مېنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىمنى ئەسلا سۇسلاشتۇرمىدى. مېنىڭ ھازىر پىرىتورىيەدىكىگە ئوخشاش دىنىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بوش ۋاقتىم يوق. ئەمما، ئازراق بوش ۋاقتىملا بولسا، مەن ئۇنى زادىلا بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن. مېنىڭ دىنىي مەسىلىلەرگە دائىر ئالاقىلىرىم ئىزچىل داۋاملىشىۋاتاتتى. رايچاندبەي مېنىڭ ئۇستازىم ئىدى. بىر دوستۇم ماڭا نارمادا شانكىر (Narmadashanker) يازغان «دارما ۋىچار (Dharma Vichar)» دېگەن كىتابنى ئەۋەتىپ بەردى.

بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنىڭ ماڭا كۆپ ياردىمى تەگدى. مەن بۇ شائىرنىڭ ئەركىن ھاياتىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. كىرىش سۆزدە ئۇنىڭ دىنىي تەتقىقات سەۋەبىدىن ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقى سۆزلەنگەنىدى. بۇلار مېنى قاتتىق جەلپ قىلدى. مەن بۇ كىتابنى ئاستا ـ ئاستا ياقتۇرۇپ قالدىم. باشتىن ـ ئاخىرغىچە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدىم. مەن ماكىس مۇللېر (Max Muller) يازغان «ھىندىستان ـــ ئۇ بىزگە نېمىلەرنى ئۆگىتەلەيدۇ؟» ۋە تېئوسوپىيە جەمئىيىتى نەشر قىلغان ئىنگلىزچە «ئۇپانىساد»① دېگەن كىتابلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتىم، بۇ كىتابلار ماڭا بارا ـ بارا ھىندى دىنىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتتى ھەمدە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى بارا ـ بارا تونۇتتى.

① «ئۇپانىساد» (Upanishads) ـــ ۋېدا نومىنى شەرھلەيدىغان بىر خىل ئەسەر بولۇپ، پەلسەپىۋى شەرھلەرگە باي، كۆپرەك نەسرىي ژانىر ئۇسلۇبى قوللىنىلغان، ئۇپانىسادنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، 150 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكىلىرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىدىكى 6 ـ ئەسىرگە سۈرۈش مۇمكىن. ـــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

لېكىن، بۇنىڭدىن مەندە باشقا دىنلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر تەرەپلىمىلىك تۇغۇلمىدى. مەن ۋاشىنگتون ئىرۋىڭ (Washington Irving)نىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرى» ۋە كارلىل[①]نىڭ بۇ پەيغەمبەرگە بولغان قەسىدىلىرىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ كىتابلار مېنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىراممىنى ئاشۇردى. مەن يەنە «زوروئاستېر ئۆزۈندىلىرى» ناملىق كىتابنىمۇ ئوقۇدۇم.

نەتىجىدە مەن تۈرلۈك دىنلارغا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. بۇ تەتقىقاتلار مېنىڭ ئۆزۈم ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئىقتىدارىمنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەندە نېمىدىن ئىلھاملانسام شۇنى تەجرىبە قىلىپ بېقىشتەك بىر خىل ئادەتنى يېتىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھىندى دىنى كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بەزى يوگا ئۇسۇللىرىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئەمەلىيىتىمگە تەتبىقلاپ باقتىم. لېكىن، مېنىڭ سۈرئىتىم چەكلىك ئىدى، مەن ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىن مەخسۇس مۇتەخەسسىس تېپىپ ئۆگىنىشنى قارار قىلدىم. ئەپسۇسكى، بۇ ئارزۇيۇمنى ھازىرغا قەدەر ئىشقا ئاشۇرالمىدىم.

مەن يەنە تولستوينىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ جىددىي تەتقىق قىلىپ كۆردۈم. «ئىنجىلنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى»، «نېمە قىلىش كېرەك» ۋە باشقا بىرنەچچە كىتاب مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەن ئۇلۇغۋار سۆيگۈ روھىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنىڭ چەكسىز ئىمكانىيىتىنى بارغانسېرى تونۇشقا باشلىدىم.

مۇشۇ چاغلاردا مەن يەنە بىر خرىستىيان ئائىلىسى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر يەكشەنبە كۈنى ۋېسلىيان (Wesleyan) چېركاۋىغا ئىبادەتكە باراتتىم، ھەر قېتىم مۇشۇ كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار مېنى تاماققا تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ چېركاۋ ماڭا ئانچە ياخشى تەسىر بەرمىدى، پوپنىڭ ۋەزلىرى دېگەندەك مەنىلىك ئەمەس ئىدى، جامائەتنىڭ ئىخلاسىمۇ سۇس بولۇپ،

---

① توماس كارلىل (Thomas Carlyle) ــ ئەنگلىيەلىك يازغۇچى، تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، ئېدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. «فىرانسىيە ئىنقىلابى تارىخى»، «ئۆتمۈش ۋە ھازىر» ناملىق ئەسەرلىرى بار. بۇ يەردە گەندى ئۇنىڭ 1840 ـ يىلى يېزىلغان «قەھرىمانلار ۋە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش» ناملىق ئەسىرىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ. ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دىنىي كەيپىيات ئانچە قويۇق ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گويا تولىمۇ ئاددىي بەندىلەردەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ چېركاۋغا ئىبادەتكە بېرىشى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ۋە بىر خىل ئادەتتىنلا ئىبارەت ئىدى. مەن ئۇ يەردە بەزىدە ئىختىيارسىز مۈگدەپ قالاتتىم ـ دە، بۇنىڭدىن خىجىللىق ھېس قىلاتتىم، لېكىن يېنىمدىكىلەرنىڭمۇ مۈگدەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئاز تەسكىن تاپقاندەك بولاتتىم. بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا مەن كېيىن بۇ چېركاۋغا بارمايلا قويدۇم.

مېنىڭ ئۇ ئائىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم كېيىن بىردىنلا بۇزۇلدى. ئەمەلىيەتتە بۇنى مېنى بۇ ئۆيگە ئەمدى كەلمە، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش دېسەممۇ بولىدۇ. ئىش مۇنداق باشلاندى: ئايال ساھىبخانا ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا بولسىمۇ، لېكىن ئىچى سەل تار ئىدى. بىز ھەمىشە دىنىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلاتتۇق. ئۇ چاغدا مەن ئارنولد (Arnold)نىڭ «ئاسىيا نۇرى» دېگەن كىتابىنى قايتا ئوقۇۋاتاتتىم. بىر قېتىم بىز ئىيسا بىلەن بۇددانىڭ ھاياتىنى سېلىشتۇردۇق. مەن: «قاراڭ، گائۇتاما (Gautama) نېمىدېگەن مېھرىبان ـ ھە! ئۇنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىنسانىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى بارلىق جانلىقلارغىچە ئومۇملاشقان. بىز ئۇنىڭ يەلكىسىدە شادىمانلارچە تۇگۇلۇپ ياتقان قوزىنى ئېسىمىزگە ئالساقلا، قەلبىمىزدە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئىللىق سېزىمى جۇش ئۇرىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئىيسانىڭ ھاياتىدىن، پۈتكۈل ھاياتلىقتا بولغان بۇ خىل مۇھەببەتنى كۆرەلمەيدۇ» دېدىم. بۇ سېلىشتۇرما ئۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ كۆڭلىگە تەگكەندى. مەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىمەن. مەن بۇ گەپنى بىردىنلا تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشخانىغا كىردىم. ئۇنىڭ تېخى بەش ياشقىمۇ توشمىغان پەرىشتىدەك ئوماق ئوغلىمۇ بىز بىلەن بىللە تاماق يەيتتى. كىچىك بالا بىلەن بىللە بولۇشتىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك، ھالبۇكى بۇ بالا ئاللىبۇرۇنلا مەن بىلەن چىقىشىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ تەخسىسىدىكى گۆشنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئالمىسىنى مەززە قىلىپ يېگىلى تۇردۇم. بۇ مەسۇم بالا ماڭا قايىل بولۇپ، مەن بىلەن بىرلىكتە ئالمىنى ماختىغىلى تۇردى.

لېكىن، ئانا بولغۇچىچۇ؟ ئۇ ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى.

مەن ئاگاھلاندۇرۇلدۇم. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتتىم. كېيىنكى ھەپتىسى مەن يەنە ئۇنىڭكىگە باردىم، لېكىن ئىچىمدە بىر ئاز دەككە ـ دۈككە بولدىم. مەن بېرىش ـ بارماسلىقىمنى بىلمەيتتىم، بارمىسام سەت بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. لېكىن بۇ ئاق كۆڭۈل ئايال ئىچىمدىكى تۈگۈننى يېشىۋەتتى:

— گەندى ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە ئامالسىز بەزى گەپلەرنى قىلسام كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. ئوغلۇمنىڭ سىز بىلەن بىللە بولۇشىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. ئۇ ھەر كۈنى گۆش يەيمۇ، يېمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ، مېۋە يەيمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ، تېخى سىزنىڭ داۋلىلىرىڭىز بىلەن ماڭا تاقابىل تۇرىدۇ. بۇ بەك ھەددىدىن ئاشقانلىق. ئەگەر ئۇ گۆش يېمىسە، كېسەل بولمىغان تەقدىردىمۇ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭغا مەن قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن سىز بۇ مەسىلىلەرنى بىز چوڭلار بىلەنلا مۇھاكىمە قىلىڭ، كىچىك بالا بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىڭىز چوقۇم ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ.

— خانىم، — دېدىم مەن جاۋابەن، — تولىمۇ خىجىلمەن. مەن ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن، چۈنكى مېنىڭمۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىم بار. بىز بۇ خىل كۆڭۈلسىزلىككە ناھايىتى ئاسانلا خاتىمە بېرەلەيمىز. مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك تاللىشىم بۇ بالىغا دېگەن گەپلىرىمدىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە ئەڭ ياخشى چارە — بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ كەلمەي، تەبىئىيكى، بۇ بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ. ئېنىقكى ئۇنىڭ كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەنىدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم

ئۆي تۇتۇپ ماكانلاشماق مەن ئۈچۈن يېڭى ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن، ناتالدا تۇتقان ئۆيۈم مېنىڭ بومباي ۋە لوندوندىكى ئۆيۈمگە ئوخشىمايتتى. بۇ قېتىم بىر قىسىم چىقىمنى پۈتۈنلەي ئىززەت ـ ئابرۇي ئۈچۈنلا قىلغانىدىم. مەن مېنىڭ شۇنداق بىر ئۆيۈم بولۇشى كېرەككى، ئۇ مېنىڭ ناتالدىكى ھىندىستانلىق ئادۋوكاتقا ۋە ۋەكىللىك ئورنۇمغا مۇناسىپ كېلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر داڭلىق رايوندىن چىرايلىق بىر يۈرۈش ئۆينى تاپتىم، يەنە تېخى ئۆيگە بىر يۈرۈش ئۆي جاھازلىرىنى سەپلىدىم. يېمەك ـ ئىچمىكىم ئىنتايىن ئاددىي ئىدى، لېكىن مەن ئەنگلىيەلىك دوستلارنى ۋە ھىندىستانلىق خىزمەتداشلىرىمنى دائىم تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۆينىڭ چىقىمىمۇ خېلى جىق ئىدى.

ھەربىر ئائىلىنىڭ بىردىن ياخشى چاكىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مەن بىر ئادەمنى قانداق قىلىپ چاكار ئورنىدا ئىشلىتىشنى بىلمەيتتىم.

مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم ۋە ياردەمچىم سۈپىتىدە ئۆيۈمدە تۇراتتى. يەنە بىر ئاشپىزىم بولۇپ، ئۇ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغانىدى. يەنە ئىش ئورنۇمدا ئىشلەيدىغان بىرنەچچە كاتىپىممۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ ياتاق ـ تاماقتا مەن بىلەن بىللە ئىدى.

مەن بۇ خىل كەچۈرمىشلەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەرەپلىرىم خېلى بار دەپ ئويلايتتىم، لېكىن تۇرمۇشتىكى ئېغىر قىسمەتلەر قىلچە نۇقسانسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ ئۇ ھەمراھىم تولىمۇ ئەقىللىك ئادەم ئىدى، يەنە كېلىپ مەن ئۇنى ماڭا ئىنتايىن سادىق دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، مەن بۇ نۇقتىدا ئالدانغانىكەنمەن. ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتقان بىر كاتىپقا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئاجايىپ پۇختا بىر ھىيلىنى ئويلاپ چىقىپ، مەندە ئۇ كاتىپقا قارىتا گۇمان قوزغىغانىدى. ئۇ كاتىپنىڭمۇ غەلىتە مىجەزى بولۇپ، ئۇ مېنىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىمنى سەزگەن ھامان دەرھال مېنىڭ ئۆيۈم ۋە ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلدى. كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم، ۋىجدانىم مېنى ئەيىبلەپ ئارام بەرمەيتتى.

بۇ چاغدا ئاشپەز بىرنەچچە كۈنلۈك رۇخسەت سورىماقچى بولۇپ قالدى ياكى باشقا سەۋەبتىن بىرنەچچە كۈن نېرى بولماقچى بولدى. ئۇ بولمىغان بىرنەچچە كۈندە يەنە بىر ئادەمنى ئورنىغا سەپلەشكە توغرا كەلدى. يېڭى كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدە ئۇچىغا چىققان بىر مۇتتەھەم ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدىم. لېكىن، ماڭا نىسبەتەن، ئۇ گويا پەرۋەردىگار ئالاھىدە ئەۋەتكەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇ كېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولمايلا، ئۆيۈمدە بەزى بىنورمال ئىشلارنىڭ مەندىن يوشۇرۇن داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. مېنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ باشقىلارغا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان مىجەزىمنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بايقىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنىدى. ھەر كۈنى چۈش سائەت بىردە، مەن ھەمىشە ئىش ئورنۇمدىن ئۆيگە تاماق يېگىلى كېلەتتىم. بىر كۈنى سائەت ئون ئىككىلەردە، ئاشپەز ئىش ئورنۇمغا ئالدىراپ ـ تېنەپ كەلدى ـ دە:

— دەرھال ئۆيگە قايتىڭ، قاتتىق ھەيران قالىسىز، — دېدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن، — سىز ماڭا نېمە ئىشلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭچۇ! بۇ چاغدا مەن ئىش ئورنۇمدىن قانداقمۇ ئايرىلالايمەن؟

— قايتمىسىڭىز پۇشايمان قىلىسىز، مەن سىزگە مۇشۇنچىلىكلا دېيەلەيمەن.

مەن ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشىدىن بىر خىل كۆچلۈك ھەيدەكچىلىكنى ھېس قىلدىم ـ دە، دەرھال ئۆيگە قايتتىم. كاتىپمۇ مەن بىلەن بىللە قايتتى، ئاشپەز ئالدىمىزدا ماڭدى. ئۇ مېنى باشلاپ ئۇدۇل بىناغا چىقتى ـ دە، ھېلىقى ھەمراھىمنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇ ئىشىكنى ئاچسىڭىزلا نېمە ئىشلىقىنى چۈشىنىسىز» دېدى.

مەن ھەممىنى چۈشەندىم. مەن ئىشىكنى چەكتىم، لېكىن سادا چىقمىدى، مەن ئىشىكنى كۈچەپ چەكتىم، كۈچەپ چېكىشتىن تاملارمۇ تىترەپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلدى، ئىچىدە بىر پاھىشىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭغا بۇ يەردىن كېتىشىنى، بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلمەسلىكنى ئېيتتىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن، — دېدىم مەن ھېلىقى ھەمراھىمغا بۆردىلىپ، — سىز بىلەن ئارىلاشمايمەن. مەن ئالدىنىپ كەپتىمەن. ئەخمەق قىلىنىپتىمەن. بۇ سىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟

ئۇ خاتالىقىنى بويىنىغا ئالماقتا يوق، ئەكسىچە «چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن» دەپ تەھدىت سالدى.

— مېنىڭ باشقىلار ئالدىدا تىل تۇتۇقۇم يوق، — دېدىم مەن، — مەيلى قانداق ئىش قىلاي، ئوچۇق - ئاشكارا قىلدىم. لېكىن، سىز ھازىرلا يوقىلىڭ!

بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ چىچاڭشىتىۋەتتى. مەن ھېچقانداق ئامال يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىنانىڭ ئاستىدا تۇرغان ھېلىقى كاتىپقا «ساقچى باشلىقىغا مەلۇم قىلىڭ، مەن بىللە تۇرىدىغان بىر ئادەمنىڭ يولسىز ھەرىكەتلەردە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىڭ. مەن ئۇنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋېرىشىنى خالىمايمەن. لېكىن، ئۇ كەتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئەگەر ساقچى باشلىقى ئادەم ئەۋەتسە، مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار بولاتتىم» دېدىم.

بۇ ئارقىلىق مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئۆز گۇناھىدىن جىددىيلىشىشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا ناماقۇل بولۇپ، مەندىن ساقچىغا مەلۇم قىلماسلىقنى ئۆتۈندى ۋە ئۆيۈمدىن دەرھال كېتىدىغانغا ماقۇل بولدى.

بۇ ھاياتىمدىكى دەل ۋاقتىدا بىرىلگەن تۇنجى ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مەن بۇ گۇناھكار ئەرۋاھنى پۈتۈنلەي بىلمەي كەلگەنلىكىمنى ئېنىق ھېس قىلدىم. دەسلەپتە مېنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىم ئەگرى ياغاچنى تۈز قىلىمەن دېگەندەك ياخشى مەقسەتتىن بولغانىدى. مەن بۇ ھەمراھىمنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ ناچارلىقىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭ سەمىمىيىتىگە ئىشەنگەنىدىم، مەن ئۇنى تۈزەيمەن دەپ ئۆزۈمنى نابۇت قىلىۋالغىلى تاسلا قالغانىدىم. مەن نۇرغۇن دوستلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ دۆتلۈك قىلغانىدىم.





ئەگەر بۇ يېڭى ئاشپەز كەلمىگەن بولسا، مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەي قالار ئىكەنمەن. يەنە كېلىپ بۇ ھەمراھىمنىڭ تەسىرىدە مېنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرالىشىم بىر گەپ بولار ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا ۋاقتىمنى مەڭگۈ ئىسراپ قىلار ئىكەنمەن. ئۇ مېنى جاھالەت قوينىغا تاشلاپ، تۇيۇق يولغا باشلىغۇدەك كۈچكە ئىگە ئىكەن.

ھالبۇكى، خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش پەرۋەردىگار مېنى پاناھىدا ساقلىدى. مېنىڭ قەلبىم پاك ئىدى، گەرچە مەندىن خاتالىق ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا قۇتقۇزۇۋېلىندىم، ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى بۇ كەچۈرمىشلىرىم كېلەچىكىم ئۈچۈن مېنى ئۇزۇل - كېسىل ئاگاھلاندۇرغانىدى.

بۇ ئاشپەزنى پەرۋەردىگار ئەۋەتكەن ئەلچى دېسەممۇ بولاتتى، ئۇ تاماق ئېتەلمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۆيۈمدە ئۇزۇنمۇ تۇرالمىدى. مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ قويىدىغان باشقا ئادەم يوق ئىدى. كېيىن مەن ئۇ ئايالنىڭ ئۆيۈمگە كېلىشىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەسلىكىنى بىلدىم. ئىلگىرىمۇ ئۇ دائىم كېلەتتىكەن، لېكىن ھېچكىممۇ بۇ ئاشپەزچىلىك جۈرئەتلىك بولالمىغانىدى. چۈنكى، مېنىڭ ئۇ ھەمراھىمغا قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغانلىقىمنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. بۇ ئاشپەز دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەنىدى، چۈنكى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇ ھامانلا كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

— مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرالمايمەن، — دېدى ئۇ، — سىز شۇنچە ئاسان ئالدىنىپ قالىدىكەنسىز، بۇ مەن تۇرىدىغان جاي ئەمەس ئىكەن.

مەن ئۇنى ماڭغىلى قويدۇم.

ئەمدى بىلسەم، مېنى ھېلىقى كاتىپتىن گۇمانلاندۇرغان باشقا ئادەم ئەمەس، دەل ئاشۇ ھەمراھىم ئىكەن. مەن ھېلىقى كاتىپقا يۈز كېلەلمەيدىغان ئاشۇ ئىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا شۇنچە ئۇرۇنغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى كىرنى زادىلا يۇقتالمىدىم. بۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالدى. مەيلى سىز ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ چۈشكەن دەزنى ئەسلا ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىكەن.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ۋەتەنگە قايتىش

مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقىنىمغا ھازىر ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. مەن يەرلىك كىشىلەرنى ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشىنىپ قالدىم، ئۇلارمۇ مېنى خېلى چۈشەندى. 1896 - يىلى مەن يېرىم يىللىق رۇخسەت بىلەن ۋەتەنگە قايتتىم. چۈنكى، مەن ئۇ جايدا ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. مەن خېلى ئوبدان بىر كەسىپنى يولغا سېلىۋالغانىدىم، يەنە كېلىپ كىشىلەر مېنىڭ ئۇ يەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى ئېنىق ھېس قىلغانىدى. شۇڭا مەن يۇرتۇمغا بېرىپ خوتۇن - بالىلىرىمنى ئەكېلىپ، مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالماقچىدىم. مەن ۋەتەنگە قايتىپ بىر قۇر ئايلىنىپ چىقسام، يەنە بىرئاز ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىيەلەيمەن، ئاممىۋى غۇلغۇلا قوزغىيالايمەن ھەمدە كىشىلەرنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلارغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغىيالايمەن، دەپ ئويلايتتىم. ئۈچ فوندستېرلىڭ ئادەم بېجى ئاللىقاچان ئاشكارىلانغان بىر جاراھەت بولۇپ، ئۇنى سېتىۋەتمىگۈچە كىشىلەر ئاسانلىقچە تىنچىمايتتى.

بىراق، مەن ماڭغاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ۋە جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىگە كىم مەسئۇل بولىدۇ. مەن ئىككى ئادەمنى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇلار ئادامجى مىياكخان ۋە پارسى رۇستومجى (Parsi Rustomji) ئىدى. شۇ تاپتا سودىگەرلەر ساھەسىدىنمۇ نۇرغۇن خىزمەتچىلەرنى تاپقىلى بولاتتى. لېكىن، دائىملىق خىزمەتلەرنى ھەم كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، شۇنىڭدەك ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلار ئاشۇ ئىككىيلەنلا ئىدى. كاتىپ بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىنگلىزچە

بىلىم بولۇشقا توغرا كېلەتتى، مەن قۇرۇلتايغا ھەرھالدا ئادامجى مىياكخاننى تونۇشتۇردۇم. قۇرۇلتاي ئۇنىڭ كاتىپ بولۇشىغا قوشۇلدى. تەجرىبىلەر بۇ نامزاتنىڭ ناھايىتى مۇۋاپىق تاللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئادامجى مىياكخان ئۆزىنىڭ قەتئىيلىكى، كەڭ قورساقلىقى، ھەممەتلىكلىكى، چىقىشقاقلىقى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىكلىكى بىلەن كۆپچىلىكنى رازى قىلدى، يەنە كېلىپ كۆپچىلىككە كاتىپ بولۇش ئۈچۈن مائارىپ تەربىيەسى ئالغان كىشى بولمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئالاھازەل 1896 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەن كالكۇتتاغا ماڭغان «پونگولا (Pongola)» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتتىم.

پاراخوتتا يولۇچىلار ناھايىتى ئاز ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيەلىك ئىككى ئەمەلدار بولۇپ، مەن ئۇلار بىلەن ناھايىتى قويۇق ئارىلىشاتتىم. مەن ئۇلارنىڭ بىرسى بىلەن كوندە دېگۈدەك بىر سائەت شاھمات ئوينايتتىم. پاراخوتتىكى دوختۇر ماڭا «تامىلچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قوللانمىسى»دىن بىرنى بەردى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. مېنىڭ ناتالدا تۇرغاندىكى تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، مەن ئوردۇ تىلى بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشۇم كېرەك ئىدى، شۇنىڭدىلا مۇسۇلمانلار بىلەن قويۇق ئالاقىلىشەلەيتتىم. مەن تامىلچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىم كېرەك ئىدى، مەن شۇنىڭدىلا مادراستىكى ھىندىستانلىقلار بىلەن يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتەلەيتتىم.

مەن بىلەن بىللە ئوردۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئەنگلىيەلىك دوستۇمنىڭ تەلىپى بىلەن مەن پاراخوتتا ئوردۇ تىلىغا ئۇستا بىر ئوقۇتقۇچىنى تاپتىم. بىز ئۆگىنىشكە كىرىشىپ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ كەتتۇق. بۇ ئەمەلدارنىڭ خاتىرىسى مەندىن ياخشى ئىدى، ئۇ ئوقۇغان ھەرپلەرنى ئۇنتۇپ قالمايتتى، مەن بولسام ئوردۇ ھەرپلىرىنى پەرقلەندۇرۇشنى ناھايىتى تەس ھېسابلايتتىم. مەن ناھايىتى زور سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەندىم، لېكىن ئۇ ئەمەلدارغا يېتىشەلمىدىم.

مەن تامىل تىلىنى پەۋقۇلئاددە ياخشى ئۆگەندىم. مەن ئەينى ۋاقىتتا ماڭا ياردەم بەرگۈدەك بىرەر ئادەمنىمۇ تاپالمىغانىدىم. بەختكە يارىشا «تامىلچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قوللانمىسى» ناھايىتى ياخشى كىتاب بولۇپ، مەن ھېچقانداق سىرتقى كۈچنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولمىدىم.

ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن مەن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى

ئويلىغانىدىم. لېكىن، مۇمكىن بولمىدى. مەن 1893 ـ يىلىدىن كېيىن ئوقۇغان كىتابلىرىمنى ئاساسەن دېگۈدەك تۈرمىدە ئوقۇغانىدىم. مەن تامىل ۋە ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىلىگەنىدىم. لېكىن، تۈرمىدە تىرىشىشقا توغرا كەلدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تۈرمىلەردە مەن تامىل تىلى ئۆگەندىم، يېراۋدا تۈرمىسىدە ئوردۇ تىلى ئۆگەندىم. لېكىن، مەن تامىل تىلىنى زادىلا ئۆگىنىپ بولالمىدىم. يەنە كېلىپ ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەنگەن ئۇ ئازغىنا بىلىملىرىمنى كۆپ ئىشلەتمىگەچكە، ھازىر پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەن تامىل تىلى ۋە تېلۇگۇ (Telugu) تىلىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن قولايسىزلىق ھېس قىلىمەن. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى دىراۋىد[①]لارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن دوستانىلىقى ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە. مەن ھەر قېتىم بىرەر تامىل ۋە تېلۇگۇ دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىنىڭ ئىخلاسمەن، قەتئىي ۋە خالىس پىداكارانە روھىنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز بولۇپ، ئاياللار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار ئەڭ كۆپ ئىدى، ئەرلەر ئىچىدىكى خەت تونۇمايدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كۈرەش دەل مۇشۇ مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغانىدى، مەن بۇ كۈرەشنى خەت تونۇمايدىغان ئاشۇ ساۋاتسىز جەڭچىلەر بىلەن ئېلىپ بارغانىدىم. كۈرەش نامراتلار ئۈچۈن ئىدى، نامراتلارمۇ بۇ كۈرەشكە قاتناشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەسلىكىم مېنىڭ يەكدىل ۋە ئاق كۆڭۈل بۇ قېرىنداشلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىمغا توسالغۇ بولالمىدى. ئۇلار ھىندى ۋە ئىنگلىز تىلى بىلەن كەلسە ـ كەلمەسە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەشنى بىلەتتى. بىز بىرلىكتە ئىشلەشتە ھېچقانداق قىينالمايتتۇق. ھالبۇكى، مەن تامىل تىلى بىلەن درۇگۇ تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىممىتىگە جاۋاب قايتۇرماقچىدىم. مەن تامىل تىلىنى ئۆگىنىشتە خېلىلا ئىلگىرىلەپ قالغانىدىم. لېكىن، درۇگۇ تىلىنى ھىندىستاندا ئۆگەنگەن بولساممۇ، ھەرپ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنىدىم. مەن بەلكىم بۇ ئىككى خىل تىلنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەسلىكىم مۇمكىن، شۇڭا مەن دىراۋىدلارنىڭ ھىندىستان تىلىنى ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقان، لېكىن ئىنگلىزچە سۆزلەشنى بىلمەيدىغان دىرا-

① دراۋىد (Dravidians) — ھىندىستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى يەرلىك مىللىتى، ھازىر ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەنۇبىي ھىندىستاندا، تامىل ۋە درۇگۇ تىلى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تىلىدۇر.

ۋىدىلار بۇزۇپ سۆزلىسىمۇ ھىندى ۋە ھىندىستان تىللىرىنى بىلەتتى، گويا ئازراق ئىنگلىزچە بىلسە ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە توسالغۇ بولىدىغاندەك ئاز - پاز ئىنگلىز تىلى بىلىدىغانلار ئۇنى ئۆگىنىشنى خالىمايتتى.

لېكىن، گەپنى ئارىلىۋەتتىم، دېڭىز سەپىرىم ھەققىدىكى گېپىمنى دەپ بولۇشۇمغا ئىجازەت قىلىڭلار. مەن ئوقۇرمەنلەرگە «پونگولا» ناملىق پاراخوتنىڭ كاپىتانىنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچىمەن. بىز دوست بولۇپ قالغانىدۇق. بۇ ئاق كۆڭۈل كاپىتان پىلمائۇس (Plymouth) مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز دېڭىز تۇرمۇشى توغرىسىدىكى پاراڭلارغا قارىغاندا، كۆپرەك مەنىۋىيەتكە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولاتتى. ئۇ ئەخلاق بىلەن دىنني ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدا بىر چېگرا سىزغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېتىقاندا «ئىنجىل»دىكى ساۋاقلار گويا بالىلارنىڭ ئويۇنى ئىدى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ ئاددىي - ساددىلىقىدا ئىدى. ئۇنىڭچە بارلىق ئەر - ئايال، قېرى - ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ پىداكارلىقىغا ئىخلاس قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ گۇناھى جەزمەن مەغپىرەت قىلىناتتى. بۇ دوستۇم ماڭا پىرېتورىيەدىكى پىلمائۇس مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىنى ئېسىمگە سالدى. مېنىڭ گۆشسىز تاماق يېيىشىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق دەتالاشلارنىڭ تېمىسى ئىدى. گۆش يېسە نېمە بوپتۇ؟ پەرۋەردىگارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەخلۇقاتلارنى يارىتىشى ئىنسانىيەتنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مىسال بىلەن ئېيتساق، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنى يارىتىشىدىكى مەقسىتى نېمە دېگەندەك بۇ مەسىلىلەر بىزنى دىنىي بەس - مۇنازىرىلەر ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىپ كېتەتتى.

بىز بىر - بىرىمىزگە قايىل بولمايتتۇق. مەن ئۆز قارىشىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: دىن بىلەن ئەخلاق بىر - بىرىگە ئوخشاش نەرسە دېيتتىم. كاپىتان ئەكسىچە پىكرىنى قۇۋۋەتلەيتتى، ئۇ ئۆز پىكرىگە شەك - شۈبھىسىز ئىشىنەتتى.

24 كۈنلۈك كۆڭۈللۈك دېڭىز سەپىرىدىن كېيىن مەنزىلگە يېتىپ كەلدۇق. مەن خوگلىي (Hooghly) دەرياسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدىم، كالكۇتتادا قىرغاققا چىقىپ، ئەتىسى پويىز بىلەن بومبايغا يۈرۈپ كەتتىم.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## ھىندىستاندا

پويىز بومبايغا بارغۇچە ئاللاھئاباد (Allahabad)تا 45 مىنۇت توختىدى. مەن مۇشۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ شەھەرگە كىرىپ ئايلىنىپ چىقماقچى بولدۇم. مەن يەنە دورىخانىغا بېرىپ ئازراق دورا سېتىۋالدىم. دورىگەر تېخىچە چالا ئۇيقۇدا ئىدى، ئۇ دورا راسلاۋېتىپ تولىمۇ ئەزمىسىنى ئېزىپ كەتتى، پويىز ئىستانسىسىغا كەلسەم، پويىز مېڭىپ كېتىپتۇ. ئىستانسا باشلىقى ياخشى نىيەت بىلەن پويىزنىڭ مېڭىش ۋاقتىنى بىر مىنۇت ئۇزارتىپتۇ، لېكىن مەن قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن باشقىلارغا يۈك ـ تاقلىرىمنى پويىزدىن چۈشۈرگۈزۈۋېتىپتۇ.

مەن كېلنېر (Kellner) مېھمانخانىسىدىن بىر ئۆينى ئېلىپ، شۇ يەردە ئاز ـ تولا ئىش قىلايچۇ، دېگەن يەرگە كەلدىم. مەن كىشىلەردىن ئاللاھابادتىكى «پېشۋالار گېزىتى» دېيىلىدىغان بىر گېزىتنىڭ ئەھۋالىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. يەنە كېلىپ بۇ گېزىتنىڭ ھىندىستان خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى مەۋقەدىكى گېزىت ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى كىچىك چېسنېي (Chesney) ئەپەندى ئىدى. مەن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياردىمى بىلەن چېسنېي ئەپەندىگە بىر باغاقچە يېزىپ، پويىزدىن قانداق قېلىپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇنىڭ مەن بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىشىنى، ئەتىلا بۇ يەردىن كەتمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلدى. بولۇپمۇ مېنى قالتىس خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ مېنىڭ پىكىرلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ئۆز گېزىتىدە مەن يازغان ھەرقانداق نەرسىنى ئېلان قىلىدىغانغا قوشۇلدى. لېكىن، ئۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ ھەممە تەلىپىنى

قاندۇرۇپ كېتەلمەيمەن، دەپ ئەسكەرتىپ قويدى. چۈنكى، ئۇ مۇستەملىكىچىلىك قارىشىغا سالماق بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى.

— مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، — دېدىم ئۇنىڭغا، — پەقەت سىز مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا قوشۇلسىڭىز ھەم گېزىتىڭىزدە مۇھاكىمە قىلسىڭىزلا بولدى. مېنىڭ تەلىپىم ۋە ئۈمىدىم باشقا نەرسە ئەمەس، دەل بىز ئېرىشمەكچى بولغان ساپ ھەققانىيەتنىڭ ئۆزى.

مەن بۇ بىر كۈندىكى قالغان ۋاقتىمنى گۈزەل، ھەيۋەتلىك ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلۇش ئېغىزى[①]نى تاماشا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم ھەمدە كۆز ئالدىمدىكى خىزمەتلەر ئۈستىدە پىلان تۈزدۈم.

بۇ قېتىمقى «پېشۋالار گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى بىلەن بولغان تاسادىپىي سۆھبىتىم مېنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىم ئۈچۈن ئاساس سالدى، بۇ ئىشلار مېنىڭ ناتالدا سوراققا تارتىلىشىمغا سەۋەب بولدى.

مەن بومبايدا ئۇزاق تۇرماي ئۇدۇل راجكوتقا ماڭدىم، مەن بۇ ۋاقىتتا جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ۋەزىيىتى توغرۇلۇق بىر كىتابچە يېزىشقا تەييارلىنىۋاتاتتىم. بۇ كىتابچە يېزىلىپ نەشر قىلىنغۇچە بىر ئايدەك ۋاقىت كەتتى. كىتابچىنىڭ مۇقاۋىسى يېشىل بولغاچقا، كېيىن «يېشىل تاشلىق كىتاب» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. مەن بۇ كىتابچىغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىر ھىندىستانلىقنىڭ بوزەك قىلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى مەقسەتلىك سىزىپ قويغانىدىم. كىتابنىڭ تىلى مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىككى كىتابنىڭ تىلىدىن كۆپ سىلىق ئىدى، چۈنكى مەن «يىراقنىڭ ئېتى يامان» دېگەن گەپنى بىلەتتىم.

بۇ كىتابچە 10 مىڭ نۇسخا بېسىلدى، مەن ئۇنى ھىندىستاندىكى ھەرقايسى گېزىت ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىرىگە تارقىتىپ بەردىم. «پېشۋالار گېزىتى» ئالدى بىلەن مۇشۇ كىتابچە توغرۇلۇق باش ماقالە ئېلان قىلدى. رېيتېر (Reuter) ئاگېنتلىقى مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئۈزۈۋېلىپ ئەنگلىيەگە تارقاتتى، ئاندىن يەنە لوندوندىكى باش ئاگېنتلىق قىسقارتىپ ناتالغا تارقاتتى. بۇ قېتىمقى تېلېگراممىا خەۋىرى ئۈچ قۇرلا بولسىمۇ، لېكىن مەن تەسۋىرلىگەن ھىندىستانلىقنىڭ ناتالدىكى سەرگۈزەشتىلىرى كۆپتۈرۈۋېتىلگەنىدى. بۇنىڭ ناتالدا پەيدا

① ئۈچ دەريانىڭ قوشۇلۇش ئېغىزى (Tribeni) — گانگ دەرياسى بىلەن جۇمنا دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزى ھىندى دىنىي مۇرىتلىرى تەرىپىدىن مۇقەددەس جاي دەپ ھېسابلىنىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

قىلغان تەسىرىنى بىز كېيىن چۈشىنىۋالىمىز. شۇنىڭدەك ھەربىر داڭلىق گېزىت بۇ مەسىلىگە قارىتا ئالاھىدە ئوبزورلارنى يازدى.

بۇ كىتابچىنى تارقىتىش كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئادەم ياللاپ تارقىتىشقا جىق پۇل كېتەتتى. لېكىن، مەن ئاددىي بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقتىم، مەن شۇ جايدىكى بالىلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ھەر كۈنى ئەتىگىنى دەرس ئوقۇمايدىغان چاغدا ئىككى - ئۈچ سائەت خالىسانە ئەمگەك قىلىشقا تەشكىللىدىم. ئۇلار بۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن ماقۇل بولدى. مەن ئۆزۈم توپلىغان بارلىق پوچتا ماركىلىرىنى ئۇلارغا مۇكاپات قىلىپ تارقىتىپ بەرمەكچى بولدۇم. ئۇلار بۇ ئىشنى بىردەمدىلا قىلىپ تۈگەتتى. بۇ مېنىڭ بالىلارنى پىداكار خىزمەتچىلەردىن بولۇشقا سەپەرۋەر قىلغان تۇنجى سىنىقىم ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىيلەن ھازىر مېنىڭ خىزمەتدىشىم بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا بومبايدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى. كۆپچىلىك راجكودىمۇ ئامان قالمايدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەيتتى. مەن سەھىيە تارماقلىرىدىن ياردەمگە ئېرىشمەنغۇ دېگەن ئويدا ھۆكۈمەتكە خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ ئۆزۈمنى تىزىمغا ئالدۇردۇم. ئىلتىماسىم قوبۇل قىلىنىپ، مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل كومىتېتقا خىزمەتكە ئەۋەتىلدىم. مەن ھاجەتخانىلارنىڭ تازىلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدىم. كومىتېت ھەربىر كوچىدىكى ھاجەتخانىلارنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. نامرات ئائىلىلەر بىزنىڭ ھاجەتخانا تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزنى رەت قىلمىدى، بەلكى بىزنىڭ تەكلىپىمىز بويىچە ئۆزلىرىنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلىدى. ھالبۇكى، بىز ھاللىق ئائىلىلەرگە بارغىنىمىزدا بىزنىڭ مۇھىتنى ياخشىلاش ھەققىدىكى تەكلىپلىرىمىزنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بەزىلەر بىزنىڭ ھاجەتخانىلارنى كۆرۈپ بېقىشىمىزنى رەت قىلدى. بىزنىڭ ئورتاق تەسىراتىمىز شۇ بولدىكى، پۇللۇق ئائىلىلەرنىڭ ھاجەتخانىلىرى نامرات ئائىلەرنىڭكىدىنمۇ مەينەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاجەتخانىلىرى ساپلا قاپقاراڭغۇ بولۇپ، مەينەت بولغانلىقى ئۈستىگە سېسىق پۇرايتتى، چىۋىن لىچىنكىلىرىدىن نېرى بولغىلى بولمايتتى. بىزنىڭ ئۆزگەرتىش پىكرىمىز تولىمۇ ئاددىي بولۇپ پوق - سۈيدۈكنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى چېلەككە ئېلىش، ھاجەتخانىلاردا يېتەرلىك يورۇقلۇق ۋە ھاجەتخانىنىڭ

ھاۋاسىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قاشا تامنى ئېلىۋېتىش، بۇ ئارقىلىق تازىلىق خادىملىرىنىڭ تازىلىق قىلىشىغىمۇ قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئىدى. يۇقىرى قاتلام ئائىلىدىكىلەر كېيىنكى تەكلىپكە قارشى ھەددى - ھېسابسىز باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتى، شۇنداق بولغاچقا بىز قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى زادىلا ئىجرا قىلغىلى بولمىدى.

كومىتېت يەنە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار رايونىنىمۇ تەكشۈردى. كومىتېتتىن بىرلا كىشىنىڭ مەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىغا يول قويۇلدى. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھاجەتخانىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇلار تۇرغان جايغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشمۇ باشقىلارغا بىمەنە تۇيۇلاتتى، لېكىن مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق يەرلەرگە كېلىش خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا بۇ رايونغا تۇنجى كېلىشىم ئىدى. ئۇ يەردىكى ئەر - ئاياللار بىزنىڭ كەلگىنىمىزدىن ھەيران قېلىشتى. مەن ئۇلاردىن بىزگە ھاجەتخانىلىرىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدىم.

— بىزنىڭ ھاجەتخانىلىرىمىز! — دېيىشتى ئۇلار ھەيران قېلىشقان ھالدا، — بىز چوڭ - كىچىك تەرەتىمىزنى ئوچۇقچىلىقتىلا قىلىمىز، پەقەت سىلەردەك كاتتىلارنىڭلا ھاجەتخانىسى بولىدۇ.

— ئەمىسە ئۆيۈڭلارغا كىرىپ كۆرۈپ باقساق، باشقىچە ئويلىمايدىغانسىلەر؟

— قارشى ئالىمىز، تەقسىر، سىلەر ئۆيىمىزنى خالىغانچە كۆرسەڭلار بولىدۇ، بىزنىڭ تۇرار جايىمىزنى ئۆي دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ساپلا گەمە.

مەن ئۆيگە كىرىپ، ئۆي ئىچىنىڭ سىرتى بىلەن ئوخشاشلا پاكىز ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن بايقىدىم. كارىدورلارمۇ پاك - پاكىز سۈپۈرۈلگەن بولۇپ، يەر يۈزى كالا تېزىكى بىلەن چىرايلىق سۇۋالغانىدى، ئاندا - مۇندا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئىدىش ۋە تەخسە دېگەن نەرسىلەر يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەنىدى. شۇڭا، بۇنداق جايلارغا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىشتىن غەم قىلىش ھاجەتسىز ئىدى.

مەن يۇقىرى قاتلام ئائىلىلىرى تۇرالغۇ رايونىدا كۆرگەن بىر ھاجەتخانا ھەققىدە بۇ يەردە كۆپرەك توختالماي تۇرالمايمەن. ھەربىر ئۆيدە بىردىن كىچىك ئېرىقچە بار بولۇپ، يۇندى بىلەن سۈيدۈك مۇشۇ

ئېرىقچە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىناتتى، ئۆيىنىڭ ئىچىنى سېسىق پۇراق قاپلىغانىدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يۇرۇش ئۆيدە چوڭ ـ كىچىك تەرەت ئۈچۈن بىر كىچىك ئېرىقچە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئېرىقچە تۇرۇبا ئارقىلىق بىنانىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قانداق ئۇخلايدىغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلىۋالسۇن.

كومىتېت ۋىسنۇ مۇرىتلىرىنىڭ خاۋىل ئىبادەتخانىسىنىمۇ كۆزدىن كەچۈردى. بۇ خاۋىل ئىبادەتخانىسىغا مەسئۇل راھىب بىلەن بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر ئىنتايىن دوستانە ئۆتەتتى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزگە قوشۇلدى ھەمدە بىزنىڭ ھەرقانداق ئۆزگەرتىش پىكرىمىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خاۋىل ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر جايغا ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بېرىپ باقمىغانىكەن. بۇ كىشىلەر قاشا تامنىڭ سىرتىدىن قالايمىقان نەرسە ـ كېرەك تاشلايدىغان جاي بولۇپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ ماكانى ئىدى، ئىبادەتخانىدىكى ھاجەتخانىلار مەينەت ئىدى. بۇ راھىبنىڭ تەكلىپىمىزنى قانچىلىك قوبۇل قىلغانلىقى ماڭا نامەلۇم، چۈنكى مەن راجكودتا ئۇزاق تۇرالمىدىم.

كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان جاينىڭ مۇشۇنداق ئوسال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. كىشىلەر مۇقەددەس دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان جاينىڭ ھەمىشە پاك ـ پاكىز بولۇشىنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىشىدۇ. بىلىشىمچە، ئەينى ۋاقىتتىلا نۇرغۇن كىلاسسىك يازغۇچىلار ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسىنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# ئىككى خىل قىزغىنلىق

مېنىڭ ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇنىغا بولغان ساداقىتىمنى باشقىلارنىڭ دەڭسىيەلىشى تەس. ھازىر چۈشەندىمكى، مېنىڭ ھەققانىيەتكە بولغان ساپ مۇھەببىتىم مۇشۇ خىل ساداقەتنى مەنبە قىلغانىكەن. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يالغاندىن ساداقەتمەن بولۇۋېلىش ياكى رىياكارلارچە گۈزەل ئەخلاق تونىغا ئورىنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ناتالدا قاتناشقان يىغىلىشلارنىڭ ھېچقايسىسى دۆلەت شېئىرىسىز ئۆتكۈزۈلگەن ئەمەس، مەن ئەينى ۋاقىتتىلا دۆلەت شېئىرىنى كۆپچىلىك بىلەن تەڭ ئورۇنلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانىدىم. مەن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نۇقسانلىرىنى بىلمەيمەن ئەمەس، لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايمەن. مەن ئەينى ۋاقىتتىلا شۇنىڭغا ئىشىنەتتىمكى، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۇچراتقان ئىرقىي كەمسىتىشلەرنى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە خىلاپ دەپ قارايتتىم، يەنە كېلىپ بۇنىڭ ۋاقىتلىق ۋە ئايرىم ھادىسە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. شۇڭا مەن پادىشاھقا بولغان ساداقەتمەنلىكتە ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بەسلىشەتتىم. مەن قەتئىي بوشاشماستىن كۈچ بىلەن «دۆلەت شېئىرى»نى ئۆگىنىۋالدىم. كىمدىكىم دۆلەت شېئىرىنى ئېيتسىلا، شۇ كىشىگە ئەگىشىپ ئېيتاتتىم. مۇشۇ خىل ساداقىتىمنى بىلدۈرىدىغان پۇرسەت بولسىلا، مەن قىلچە ئىككىلەنمەي قاتنىشاتتىم. مەن ھاياتىمدا بۇ خىل ساداقەتنى سۈيىئىستېمال قىلغان ئەمەسمەن. شۇنداقلا ساداقەتنى

ۋاستىلە قىلىپ شەخسىي مەقسىتىمگە يېتىش غەرىزىدىمۇ بولغان ئەمەسمەن. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ساداقەت بىر خىل مەجبۇرىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ساداقەت بىلدۈرۈش ھەق تەمە قىلغانلىق ئەمەس.

ھىندىستانغا قايتقان ۋاقتىمدا، ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيەنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەش تەييارلىقى خىزمىتى ئىشلىنىۋاتقانىكەن. راجكوتتىمۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى بىر كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا مەنمۇ قاتنىششقا تەكلىپ قىلىندىم، مەن تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم. لېكىن، بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى قۇرۇق شەكىل چىقىرىپ قويۇش بىلەنلا ئاياغلىشامدىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتىم، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ساختىلىقلارنى بايقىدىم. كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن كومىتېتتا قالايمۇ، قالمايمۇ دەپ ئۆزۈمدىن سوراشقا باشلىدىم، لېكىن ئاخىرىدا ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك خىزمىتىمنى ياخشى قىلساملا كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

تەبرىكلەش پائالىيىتىدە قىلىنىدىغان بىر تۈرلۈك خىزمەت دەرەخ تىكىش ئىدى. مەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قۇرۇق شەكىل چىقىرىش ياكى ئەمەلدار ـ تۆرىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا دەرەخ تىكىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەن ئۇلارنىڭ دەرەخ تىكىش ئەمگىكىگە بولغان قايىللىقىنى قوزغاش ئۈچۈن: «دەرەخ تىكىش مەجبۇرىيەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل تەكلىپ، بولسا ئەستايىدىل تىكىڭلار، بولمىسا تىكمەڭلار» دېدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇلار گېپىمنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشكەنىدى. مەن ماڭا بۆلۈپ بېرىلگەن دەرەخلەرنى ئەستايىدىل تىكتىم، يەنە تېخى كۆڭۈل قويۇپ سۇغاردىم.

مەن يەنە ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت شېئىرىنى بالىلىرىمغا ئۆگەتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇنى شۇ جايدىكى دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ ئۆگەتكەنىدىم. بىراق، بۇ پائالىيەتنىڭ ئەنگلىيە ئايال پادىشاھنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش ياكى ئېدۋارد VII ھىندىستان پادىشاھى بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. كېيىن ناخشىنىڭ تېكىستى تۈپەيلى ئىچىمدە توقۇنۇش ھېس قىلدىم. چۈنكى، مېنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىم بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتاتتى. مەن ئۆز ئىدىيەم ۋە پىكىرلىرىمدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ دۆلەت شېئىرىنىڭ تېكىستىدە مۇنداق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرنەچچە مىسرا بولۇپ، مېنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» توغرىسىدىكى ھېسسىياتىم بىلەن توقۇنۇشاتتى.

يوقىتايلى بىز ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى،
تىتىپ ياۋنىڭ دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلىرىنى.
بىز ئۇلارنىڭ تۈزۈمىنى قىلايلى ۋەيران،
بىتچىت قىلىپ ھىيلە ـ نەيرەڭ، تەدبىرلىرىنى.

دوكتور بوس (Booth) «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك»كە ئىخلاس قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ مۇنداق ناخشىلارنى ئوقۇپ يۈرۈشىنى توغرا تاپمايتتى. مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىم. بىز «دۈشمەنلەر»نىڭ ھەممىسىنى نېمە ئۈچۈن قارىقويۇق ئەسكى دەپ پەرەز قىلىمىز؟ ئەجەبا، دۈشمەن بولسىلا ئەسكى بولىۋېرەمدۇ؟ بىزنىڭ پەرۋەردىگاردىن كۈتىدىغىنىمىز ھەققانىيەت ئىدى. دوكتۇر بوس مېنىڭ قاراشلىرىمنى پۈتۈنلەي قوللايتتى. ئۇ تەرىقەت يولىنى تۇتقانلار ئۈچۈن بىر ناخشا قاتتى. بىراق بىز دوكتور بوس توغرۇلۇق كېيىن يەنە توختىلىمىز.

ساداقەتمەنلىككە ئوخشاش باشقىلارنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى ساقلاشمۇ بىزنىڭ قېنىمىزغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، مەن مەيلى دوست ياكى ناتونۇش كىشى بولسۇن، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

مەن راجكودتا جەنۇبىي ئافرىقا ھەققىدىكى ئاشۇ كىتابچىنى يېزىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ يۈرگەن چېغىمدا، بومبايغا ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر بېرىپ كەلدىم. مەن مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق شەھەرلەردە بىرنەچچە قېتىملىق يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇپ كۆپچىلىكنى جامائەت پىكرى تەربىيەسىگە ئىگە قىلماقچىدىم، ھالبۇكى بومباي مەن كۆڭۈلۈمگە پۈككەن تۇنجى شەھەر ئىدى. مەن ئالدى بىلەن سودىيە راناد (Ranade) بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ گەپلىرىمنى تەپسىلىي ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنى فېروزىشا مېھتا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۈندىدى. ئاندىن مەن يەنە سودىيە بادرۇددىن تىيابجى (Badruddin Tyabji) بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇمۇ شۇنداق قاراشتا ئىدى. ئۇ: «سوتچى راناد بىلەن مەن سىزگە بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيمىز. بىزنىڭ ئورنىمىز سىزگە مەلۇم. بىز جامائەت ئىشىدا كۆپ رول ئوينىيالمايمىز، بىراق بىز سىزگە ھېسداشلىق قىلىمىز، سىزگە يول كۆرسىتەلەيدىغان ئادەم دەل فېيروزىپس مېھتىدا

ئەپەندى» دېدى.

مېنىڭ ئەلۋەتتە فىروزىشا مېھتا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش ئويۇم بار ئىدى، بىراق بۇ ئىككى ئاقساقالنىڭ ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىش ھەققىدىكى دەۋەتلىرى ماڭا فىروزىشا مېھتا ئەپەندىنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى تەسىرىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن دەل ۋاقتىدا كۆرۈشتۇم. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە قارىتا تولۇق تەييارلىنىپ قويغانىدىم. مەن ئۇنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىدىم، ئۆزۈمنىڭ «بومباي ئارسلانى»، مۇشۇ دىيارنىڭ «تاجسىز پادىشاھى» بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلەتتىم. ھالبۇكى، بۇ پادىشاھ مېنى قورقۇتالمىدى، مەن بىلەن گويا مېھرىبان ئاتا ئۆز ئوغلىنى كۈتىۋالغاندەك كۆرۈشتى. بىز ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ دوست ـ بۇرادەر ۋە مۇرىتلىرى بار ئىدى. جۈملىدىن د . ي . ۋاچا (D.E.Wacha) ئەپەندى ۋە كاما (Cama) ئەپەندى دېيىلىدىغان ئىككىيلەن بولۇپ، باشقىلار ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرغانىدى. ۋاچا ئەپەندىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. ئۇ فىروزىشا ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى دەپ قارىلاتتى، ۋىرچاند گەندى (Virchand Gandhi) ئەپەندى ئۇنى ماڭا ئەڭ چوڭ ئىستاتىستىكىشۇناس دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ۋاچا ئەپەندى ماڭا: «گەندى، بىز كېيىن پۇرسەت تېپىپ سۆزلىشەيلى» دېدى.

تونۇشتۇرۇشقا ئىككى مىنۇتلا ۋاقىت كەتتى، فىروزىشا ئەپەندى سۆزۈمنى تەپسىلىي ئاڭلىدى. مەن ئۇنىڭغا سودىيە راناد ۋە تېيېبجى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى ئېيتتىم. «گەندى، مەن سىزگە ياردەم بېرەلەيمەن. بىز بۇ يەردە چوقۇم بىر ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.» ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كاتىپى مۇنشى (Munshi) ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا يىغىلىش كۈنىنى بېكىتىشنى بۇيرۇدى. يىغىلىش كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىپ، يىغىنىنىڭ تۇنجى كۈنى ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى ئېيتتى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئىچىمدىكى قورقۇنچۇمنى تۈگەتتى، مەن خۇشال ـ خۇرام ھالدا ئۆيگە قايتتىم.

مەن بۇ قېتىم بومبايغا بېرىپ، يەنە يېزنەم بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىكەن. ئۇ قەدىر ئەھۋال كۈن كەچۈرەتتى، ئاچاممۇ ئۇنى كۈتۈشكە ماھىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

كېسەلى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، مەن ئۇنى راجكوتقا ئەكېتىش تەكلىپىنى بەردىم، ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچام ۋە يېزىنەم بىرلىكتە يۇرتقا قايتتۇق. ئۇنىڭ كېسەلى مېنىڭ كۈتكىنىمدىنمۇ ئۇزاق سوزۇلۇپ كەتتى.

مەن ئۇنى ئۆز خانامغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھ بولدۇم. كېچىسى بىر قىسىم ۋاقتىمنى ئۇنىڭغا قاراش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەنۇبىي ئافرىقا ھەققىدىكى ھېلىقى كىتابچىنىمۇ يازمىسام بولمايتتى. كېيىن كېسەل ئاخىر ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈمدە كۆپ تەسەللى تاپتىم.

مېنىڭ كېسەللەرگە قاراشقا ئامراق بولۇشتەك بۇ خىل مايىللىقىم شۇنداق بىر خىل قىزغىنلىققا ئايلاندىكى، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان بولدۇم، بەزىدە ئۆزۈم يېتىشەلمىسەم، خوتۇنۇمنى، ھەتتا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا قاراشقا سالدىم.

ناۋادا كىشىلەر بۇنىڭدىن لەززەت ئالالمىسا، بۇنداق خىزمەتنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ناۋادا پەقەت شەكىل ئۈچۈنلا ياكى جامائەت پىكرىدىن قورقۇش تۈپەيلىلا شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە روھىيىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ناۋادا ئادەمدە باشقىلار ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ھېسسىيات يېتەرلىك بولمىسا، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئۇيلىغاننىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەر باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا ئۆزىنى خۇشال ھېس قىلىدىغانلا بولسا، باشقا ھەرقانداق خۇشاللىق ۋە بايلىق ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆز قىممىتى ۋە جەلپكارلىقىنى يوقىتىدۇ.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# بومباي يىغىلىشى

يېزنەم ۋاپات بولغان ئاشۇ كۈنى ئاممىۋى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن دەرھال بومبايغا بېرىشىمغا توغرا كەلدى، سۆزلەيدىغان نۇتقۇم ئۈستىدە ئويلىنىۋالغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقمىدى. ئۇدا بىرنەچچە كۈن جىددىيچىلىك بىلەن ئۆتكەچكە، گويا پۇت ـ قولۇمدا كۈچ قالمىغاندەك ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاپشۇردۇم. نۇتۇق تېزىسى يېزىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

فېروزېشا ئەپەندىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يىغىننىڭ ھارپا كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم.

— سۆزلەيدىغان نۇتقىڭىزنى تەييارلاپ بولدىڭىزمۇ، گەندى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق تېخى، ئەپەندى، — دېدىم مەن تىترىگەن ھالدا، — مەن ئارگىنالسىز سۆزلەيمىكىن دەيمەن.

— بۇ ئۇسۇل بومبايدا ئاقمايدۇ. بۇ يەردە دوكلات بەرمەك تەس. ئەگەر بىز بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىمىز دەيدىد- كەنمىز، سىز سۆزىڭىزنى يېزىپ چىقىشىڭىز، يەنە كېلىپ ئەتە تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن بېسىپ تەييار قىلىپ بولۇشىمىز كېرەك، مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن، بولامدۇ؟

— بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تەييارلايمەن، — دېدىم مەن.

— ئۇنداقتا، ئېيتىڭا، مۇنشى ئەپەندى ئارگىنالنى ئالغىلى قېشىڭىزغا قاچان بارسا بولىدۇ؟

— كېچە سائەت ئون بىردە — دېدىم مەن.

www.uyghurkitap.com

مەن ئەتىسى يىغىن ۋاقتىدا فىروزىشا ئەپەندىنىڭ يىگىرمىنىڭ ئورۇنلۇق ئىككەنلىكىنى چۈشەندىم. بۇ قېتىمقى يىغىن كوۋاسجى جېخانگىر (Cowasji Jehangir) ئەپەندى تەتقىقات يۇرتىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەن فىروزىشا مېھتا ئەپەندى سۆزگە چىقىدىغان ھەرقانداق يىغىلىشتا زالنىڭ ئادەم بىلەن توشۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. زال ئاساسلىقى ئۇنىڭ نۇتقىغا ئامراق ئوقۇغۇچىلار بىلەن تىقما ـ تىقماق بولۇپ كېتەتتى. مۇنداق يىغىنغا قاتنىشىش ھاياتىمدىكى تۇنجى ئىش ئىدى. ئاۋازىمنىڭ ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرگىلا ئاڭلىنىدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. مەن ئارگىنالنى ئوقۇشقا باشلىغاندا بىر ئاز تىترەپ كەتتىم. فىروزىشا ئەپەندى ھە دەپ ئۈنلۈك ئوقۇڭ دەپ ماڭا مەدەت بېرەتتى، لېكىن غەيرىتىم ئاشماستىن ئاۋازىم بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

قەدىناس دوستۇم كېشاۋرا دېشپاندى (Keshavrao Deshpande) ئەپەندى چىقىپ ماڭا ياردەم قىلدى. مەن ئارگىنالنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇنىڭ ئاۋازى تازا مۇۋاپىق ئىدى. لېكىن، يىغىن ئەھلىلىرىنىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمىدى، زال ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كېتەي دېدى. ۋاچا ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقۇۋىدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. يىغىن ئەھلىلىرى پۈتۈنلەي بېسىقتى، تاكى پۈتۈنلەي ئوقۇلۇپ بولغۇچە دەم ـ دەم كۆتۈرۈلگەن ئالقىش ۋە «نومۇس»، «گېزى كەلگەندە» دېگەن سادالار ئۇنىڭ ئاۋازىنى پات ـ پات ئۈزۈپ قوياتتى. بۇنىڭدىن ئىچىمدە بەكمۇ خۇشال بولدۇم. فىروزىشا ئەپەندى بۇ قېتىمقى نۇتقۇمنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالدى، مەن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلدىم. بۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ شارائىتىدە مەن دېشپاندې ۋە پارس دوستۇمنىڭ دىلكەشلىكىگە ئېرىشتىم. بۇ دوستۇمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇراي، چۈنكى ھازىر ئۇ ھۆكۈمەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار. ئۇ ئىككىيلەن مەن بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن ئەينى چاغدا ئادەتتىكى سوت كوللېگىيەسىنىڭ سوتچىسى ش . م . كۇرسېتجى (Cursetji) ئەپەندى بۇ پارس دوستۇمنى نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ توي قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئۇ توي قىلىش ياكى جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشنىڭ بىرسىگە تۈرۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ئالدىنقىسىنى تاللىۋالدى. ھالبۇكى، پارسى رۇستومجى پىلانىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن داغۇ ـ ھەسرەتتە قالدى، بىرمۇنچە پارس ئېگىچە ـ سىڭىللا ھازىر ئۆز قولى

بىلەن توقۇمىچىلىق قىلىپ يېرىم يولدا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان ئاشۇ قىزنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكتە. شۇڭا، مەن ئۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالنى خۇشاللىق بىلەن كەچۈردۇم. دېشپاندېنىڭ توي قىلغۇسى يوق ئىدى، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغىمۇ بارمىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ لەۋزىدە تۇرمىغانلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقتا. مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىش سەپىرىدە، زەنزىباردا تىيابجى جەمەتىدىكى بىرەيلەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇمۇ ماڭا ھەمدەم بولۇشقا قوشۇلدى، لېكىن ئۆزىنى زادىلا كۆرسەتمىدى. ئابباس تىيابجى ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ شۇ قېتىمقى لەۋزىدىسىزلىكىنىڭ ئورنىنى بىر ئامال قىلىپ تولدۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، مېنىڭ ئادۋوكاتلارنى جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشقا دالالەت قىلغان سىناقلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، پېستونجى پادشاخ (Pestonji Padshah) ئەپەندى ئېسىمگە كەلدى. ئەنگلىيەدە ئوقۇغاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ئىزچىل دوستلۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانىدىم. مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم لوندوندىكى بىر گۆشسىز تاماقخانىدا ئۇچراتقانىدىم. مەن ئۇنىڭ ئىنىسى بارجورجى پادشاخ (Barjorji Padshah) ئەپەندىنىمۇ بىلەتتىم، چۈنكى ئۇ غەلىتە مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. مەن ئۇنى كۆرمىگەن، لېكىن دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى غەلىتە دەيتتى. ئۇ ئاتقا ئىچ ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن ئات ھارۋىسىدا ئولتۇرمايتتى، ئۇنىڭ خاتىرىسى ئالامەت ياخشى ئىدى، لېكىن ئىمتىھان بېرىپ ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس بىر خىل مۇستەقىللىق روھى بار ئىدى. ئۇ پارس بولسىمۇ، گۆشسىز تاماق يەيتتى. پېستونجىنىڭ نامى ئادەتتىكىچە ئىدى، لېكىن ئۇ لوندوندىكى ۋاقتىدىلا دوكتور دەپ نام ئالغانىدى. ئارىمىزدىكى ئورتاقلىق ئىلىم بولماستىن، بەلكى گۆشسىز تاماق ئىدى، ئىلىم مۇتالىئە قىلىش ئۈچۈن مەندە ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى.

مەن بومبايدا ئۇنى يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ خاتىرىلىگۈچىلەر باشلىقى ئىدى. مەن ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ئۇ گۇجارات تىلىدىكى بىر ئالىي دەرىجىلىك لۇغەتنى تۈزۈش بىلەن ئالدىراش ئىكەن. ئومۇمەن مەن ئۇچرىغانلىكى دوستلارنى ئۆزۈمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا ھەمكارلىشىشقا چاقىردىم. لېكىن، پېستونجى پادشاخ ماڭا ياردەم بېرىشنى خالاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ماڭا جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتماسلىقنى دەۋەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

— سىزگە ياردەم بېرىشىم مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ، — لېكىن سىزگە سەممىيلىك بىلەن ئېيتسام، مەن ھەتتا سىزنىڭ ئافرىقىغا بېرىشىڭىزنىمۇ قوۋۋەتلىمەيمەن. ئەجەبا، دۆلەت ئىچىدە ئىش يوقمىكەن؟ قاراڭ، ھازىر بىزنىڭ تىلىمىز ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەن بەزى ئىلمىي ئاتالغۇلارنى ئىزدەۋاتىمەن، بىراق بۇ ئاشۇ خىزمەتلەرنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى. بىزنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئادەملىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىق تارتقانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، لېكىن مەن سىزدەك بىر ئادەمنىڭ ئاشۇنداق خىزمەتلەرنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىشىنى خالىمايمەن. بىز ئالدى بىلەن بۇ يەردە ئاپتونومىيە ھوقۇقىمىزنى قولغا كەلتۈرەيلى، ئاندىن ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزغا تەبىئىيلا ياردەم بېرەلەيمىز. مەن سىزنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن، لېكىن مەن سىزگە ئوخشاش بىر ئادەم بىلەن بىللە بېرىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئادەمگە مەدەت بېرەلمەيمەن.

مەن مۇنداق نەسىھەتلەرنى ياقتۇرمايتتىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ پېستونجى پادشاخ ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتىمنى ئاشۇردى. ئۇنىڭ دۆلەتكە ۋە ئانا تىلغا بولغان مۇھەببىتى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئارىمىزنى تېخىمۇ يېقىن قىلدى. مەن ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى چۈشىنەلەيتتىم، لېكىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خىزمىتىمدىن ۋاز كەچمىدىم، ئەكسىچە بۇ خىزمەتكە بولغان ئىرادەم تېخىمۇ چىڭىدى. بىر ۋەتەنپەرۋەر ۋەتەن ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ھەرقانداق ئىشقا سەل قارىماسلىقى كېرەك. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، «چىترا نومى»دىكى ئاشۇ بىرنەچچە كەلىمە گەپلەر ئىنتايىن ئېنىق ۋە سالماق ئېيتىلغانىدى:

ۋەزىپەڭنى ئادا قىل، مەغلۇپ بولار بولساڭمۇ؛
ئۆزگىلەرگە خىزمەت قىل، زىيان تارتار بولساڭمۇ.
ئىشنى ئاچىق بىر باشقا، كېسەل يۇقماس بۇنىڭدىن؛
بولما باشقا ئويلاردا، تېنەپ، مەڭدەپ قالساڭمۇ.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# پونا ۋە مادراس

فىروزشا ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن خىزمىتىم ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بومبايدىن پوناغا باردىم. بۇ جايدا ئىككى گۇرۇھ بار ئىدى. مەن بولسام ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدىم. مەن ئالدى بىلەن لوكامانيا تىلاك (Lokamanya Tilak) بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم.

— سىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىشىڭىز توغرا، — دېدى ئۇ ماڭا، — جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىدە باشقىچە پىكىر چىقمايدۇ. بىراق، سىزنىڭ رەئىسىڭىز پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتتىن بولمىسا بولمايدۇ. سىز پىروفېسسور بانداركار (Bhandarkar)غا قاراپ بېقىڭ. يېقىندىن بۇيان ئۇ ھېچقانداق ئاممىۋى ھەرىكەتكە قاتناشمىدى. ئەمما، بۇ مەسىلە تۈپەيلى ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. سىز بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ. ئاندىن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ. مەن سىزگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشكە رازىمەن. ئەلۋەتتە، سىزگىلا مالال كەلمىسە، مېنى ھەر ۋاقىت ئىزدەپ كەلسىڭىز بولىدۇ. سىزدىن كۈچۈمنى ئايىمايمەن.

ئاندىن مەن گوكلېي (Gokhale) بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن ئۇنى فېرگۇسسون (Fergusson) ئىنستىتۇتىنىڭ ھويلىسىدىن تاپتىم. ئۇ مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇ ئاشۇ قىزغىن مۇئامىلىسى بىلەن كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالغانىدى. بۇمۇ مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى ئەسرا بولۇشۇم ئىدى، لېكىن بىز قەدىناس دوستلاردەك كۆرۈشۈپ كەتتۇق.

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، فېروزىشا ئەپەندى ھىمالايا تېغى بولسا، لوكامانىيا بەئەينى پايانسىز دېڭىز ئىدى. لېكىن گوكلېي گانگى دەرياسىغا ئوخشايتتى. كىشىلەر بۇ دەرياغا چۆمۈلگىلى كېلەتتى. ھىمالايا تېغىغا بولسا ئېگىزلىكىدىن چىققىلى بولمايتتى، دېڭىزغا كەلسەك، يىراقلىقىدىن كۆز يەتمەيتتى. لېكىن، گانگى دەرياسى قۇچىقىنى ئېچىپ قارشى ئالاتتى. بىر كېمە، بىر قولۋاق بىلەن دەريادا سەيلە قىلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ـ ھە! گوكلېي گويا مەكتەپ مۇدىرى يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىنى سىنىغاندەك، مېنى ئىنچىكىلىك بىلەن سىناپ باقتى. ئۇ ماڭا كىملەرنى ئىزدىشىم، ئۇلارنى قانداق تېپىشىم لازىملىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ مېنىڭ نۇتۇق ئارگىنالىمنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. مېنى باشلاپ بۇ ئىنستىتۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى، مېنىڭ خىزمىتىمگە ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىگە كاپالەت بەردى، دوكتور باندىركار بىلەن بولغان كۆرۈشۈش نەتىجىسىدىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن ناھايىتى خۇشال ئايرىلدىم. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، گوكلېينىڭ ھايات ۋاقتىدا قەلبىمدە ئىگىلىگەن ئورنى ھازىرقى كۈندىمۇ مۇتلەق تەڭداشسىزدۇر.

دوكتور باندىركار مېنى گويا مېھرىبان ئاتىغا ئوخشاش كۈتۈۋالدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان پەيت دەل چۈش ۋاقتى ئىدى. مېنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا ئادەم ئىزدەپ يۈرگەنلىكىمدەك بۇ پاكىت بۇ تىرىشچان ئالىمغا ئاجايىپ تەسىر قىلغانىدى، ھالبۇكى مەن قۇرۇلتاي رەئىسلىكىنى بىر پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلاتتىم، ئۇ بۇنى توغرا تاپتى.

ئۇ مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

ــ مېنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغانلىقىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. لېكىن، سىزنى رەت قىلالمايمەن. سىزنىڭ تەلىپىڭىز شۇ قەدەر كۈچلۈك، تىرىشچانلىقىڭىزغا ئادەمنىڭ زوقى كېلىدۇ، سىزنىڭ قۇرۇلتىيىڭىزغا قاتناشماسلىقىمغا ئامالسىزمەن. سىز تىلاك ۋە گوكلېيلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بوپسىز، بۇنىسى تولىمۇ ياخشى بوپتۇ. مەن بۇ ئىككى تەشكىلات بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان قۇرۇلتاينىڭ

رەئىسلىكىنى خۇشاللىق بىلەن ئۇستۇمگە ئالىمەن. قايسى ۋاقىتنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى مەندىن سورىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇلار قايسى ۋاقىتنى مۇۋاپىق تاپسا، ماڭا بەرىبىر. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا مەن بىلەن خوشلاشتى ھەمدە مېنى قۇتلۇقلاپ تەبرىكلىدى.

پۈنانىڭ بىلىمدە يېتۈك ھەم خالىس بۇ كىشىلىرى ساددا ھەم سېخىي بۇ جايدا ھېچ كۆچمەيلا بىر قېتىملىق ئامىمۇي يىغىلىش ئۆتكۈزدى ھەمدە مېنى خۇشال ـ خۇرام ئۇزىتىپ قويدى، بۇ ئارقىلىق مەندە ئۆز ئىشلىرىمغا نىسبەتەن زور ئىشەنچ ئويغاتتى.

مەن ئارقىدىنلا مادراسقا باردىم، ئۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندىم. بالاسۇندارام ۋەقەسى بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا كۆچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. مېنىڭ ئۇتۇق تېكستىم مەخسۇس باسما ماشىنىسى بىلەن بېسىلغانىدى، يەنە كېلىپ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېلىلا ئۇزاق ئىدى. لېكىن، ئاڭلىغۇچىلار ھەربىر سۆزۈمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. يىغىن ئاياغلاشقاندا ئادەت بويىچە ھېلىقى «يېشىل تاشلىق كىتاب»نى ساتتىم.

مەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ئىككىنچى نەشردىن 10 مىڭ نۇسخا ئاچىقتىم، ئۇلار ئەمدىلا بازارغا سېلىنغان پىرەنىكلەردەك بىر دەمدىلا سېتىلىپ بولدى. بىراق، بۇ كىتابنى بۇنچە كۆپ بېسىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. مېنىڭ دوكلاتىم ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان ئاممىغا قارىتىلغانىدى. ھالبۇكى، مادراستا نوقۇل مۇشۇ قاتلامدىكىلەر 10 مىڭ نۇسخا كىتابىمنى تۈگىتىپ بولالمايتتى.

بۇ يەردە مەرھۇم گ. پارامېشۋاران پىللاي (G.ParameshvaranPillay) ئەپەندى ماڭا ئەڭ كۆپ ياردەم بەردى. ئۇ «مادراس تۇغى گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغانىدى. ئۇ مېنى دائىم ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، يول كۆرسىتەتتى. «ھىندى مۇرىتى گېزىتى»دىكى گ. سۇبراخمانىئام (G.Subrahmaniam) ئەپەندى بىلەن دوكتور سۇبرومانىيانمۇ ناھايىتى يېقىن تۇردى.

لېكىن، گ . پارامېشۋاران پىللاي ئەپەندى «مادراس تۇغى گېزىتى»نىڭ مەخسۇس بېتىنى پۈتۈنلەي مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا تاپشۇرۇپ بەردى، مەنمۇ بۇ پۇرسەتتىن ھېچ ئەنسىرىمەستىنلا پايدىلاندىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، پاچايئاپپا (Pachaiappa) زالىدا

ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىلىشقا دوكتور سۇبراخمانئىيام رىياسەتچىلىك قىلغانىدى.

مەن تونۇشىدىغان كۆپلىگەن دوستلارنىڭ ماگا بولغان غەمخورلۇقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارغا بولغان قىزغىنلىقى شۇقەدەر بۈيۈك ئىدى، گەرچە مەن ئۇلار بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىشكە مەجبۇر بولساممۇ، لېكىن ئۆزۈمنى ھېچقانچە يات ھېس قىلمايتتىم. كىشىلىك دۇنيادا مۇھەببەت بىلەن يەڭگىلى بولمايدىغان قانداق توسالغۇ بولسۇن؟

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## «تېز قايتىش»

مەن مادراستىن يەنە كالكۇتتاغا باردىم، ئۇ يەردە ھېسابسىز قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدىم. ئۇ يەردىكى كىشىلەردىن مەن بىرسىنىمۇ تونۇمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۈيۈك شەرق مېھمانخانىسىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدىم، كېيىن «كۈندىلىك تېلېگرامما خەۋەرلىرى گېزىتى»نىڭ ۋەكىلى ئېرتو ئەپەندى بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ مېنى تۈرال-غۇسى بېنگال كۇلۇبىغا تەكلىپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ تېخى كۇلۇب مېھمانخانىسىغا ھىندىستانلىقلارنى باشلاپ كېلىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، بۇ بەلگىلىمىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ كەلدى.

ئۇ شۇ جايدىكى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىكىدىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مېنى مېھمانخانىغا باشلىيال-مايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدى.

مەن ئەلۋەتتە «بېنگال مەبۇدى» سۇرېندراناس بەنېرجى (Surendranath Banerji)نىڭ ھوزۇرىغا كۆرۈشكىلى بېرىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، بىر توپ دوستلىرى ئۇنى ئارىغا ئېلىپ تۇرغانىكەن.

ـــ مەن كىشىلەرنى سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا قىزىقماسمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. بىزدە قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ. بىراق، ئىمكانقەدەر سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. سىز بەگلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشە-شىڭىز شەرت، يەنە ئەنگلىيە ـ ھىندىستان ئۇيۇشمىسىدىكى ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى راجا پىيارىموخان

www.uyghurkitap.com

مۇكارجى (Raja Pyarimohan Mukarji) ئەپەندى ۋە ماخاراجا تاگور (Maharaja Tagore) بىلەن سۆزلىشىپ بېقىڭ. بۇ ئىككىيلەن ئىركىنلىك تەرەپدارلىرى، يەنە كېلىپ ھەممىشە ئاممىۋى خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ تۇرىدۇ.

مەن بۇ ئىككى مۆتىۋەر بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتۈم، لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. ئۇلار مەن بىلەن ناھايىتى سوغۇقلا سۆزلەشتى، كالكۇتتادا بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئاسان ئەمەس دېيىشتى. بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي سۈرىندىرناس بەنېرجىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى.

مەن ۋەزىيەمنىڭ بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. مەن «كاملو بازىرى گېزىتى»نى زىيارەت قىلىپ باردىم، مېنى كۈتۈۋالغان مۆتىۋەر مېنى بىر ساياھەتچى يەھۇدىي ئوخشايدۇ دەپ قالغاندى.

«بېنگاللىقلار گېزىتى» تېخىمۇ ئوساللىق قىلدى، باش مۇھەررىر مېنى بىر سائەتتەك ساقلىتىپ قويدى. ئېنىقكى، ئۇ كۆرۈشىدىغان كىشىلەر بەك كۆپ ئىدى، لېكىن باشقىلار ئاللىقاچان كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ماڭا قاراپ قويۇشقىمۇ ئېرىنچەكلىك قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن جۇرئەتكە كېلىپ، ئۇنىڭغا كېلىش مۇددىئايىمنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ: «ئەجەبا سىز بىزنىڭ بىكار بولالمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ سىزگە ئوخشاش مېھمانلارنىڭ كەلگىنى كەلگەن، ئەڭ ياخشىسى يولىڭىزغا مېڭىڭ، گېپىڭىزنى ئاڭلايدىغانغا ۋاقتىم يوق» دېدى. مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلغاندىم، لېكىن بۇ باش مۇھەررىرنىڭ ئورنىنى دەرھاللا ئېسىمگە ئالدىم. مەن «بېنگاللىقلار گېزىتى»نىڭ بۈيۈك نامىنى بۇرۇنلا ئاڭلىغاندىم. ئۇ يەرگە كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم، يەنە كېلىپ ساپلا ئۇنىڭغا تونۇش كىشىلەر كېلەتتى. ئۇنىڭ گېزىتىدە دېيىلگەن گەپ چىقماي قېلىشتىن ئەنسىرەش بىھاجەت ئىدى. ھالبۇكى، جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىسىنى چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

كەلگۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تارتقان جەبىر - جاپالىرى مەيلى قانچە ئېغىر بولسۇن، ئۇ بۇ باش مۇھەررىرنىڭ ئىشخانىسىغا دەخلى قىلىپ كەلگەن سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ بىرسىلا ئىدى،

خالاس. ھالبۇكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ئىدى. بۇ باش مۇھەررىر ئۇلار بىلەن قانداقمۇ بىر - بىرلەپ سۆزلىشىپ بولالىسۇن؟ نېمىلا دېگەنبىلەن دەردمەنلەر گېزىتخانا باش مۇھەررىرىنى يەرلىكتىكى ئەڭ ھوقۇقدار كىشى دەپ بىلەتتى. ئۆز ھوقۇقىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاسانلىقچە ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقى پەقەت باش مۇھەررىرنىڭ ئۆزىگىلا ئايان ئىدى. لېكىن، مەن بەل قويۇۋەتمىدىم، باشقا گېزىتلەرنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنى داۋاملىق ئىزدەۋەردىم. ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، مەن ئىنگلىزلار بىلەن ھىندىستانلىقتىن بولغان باش مۇھەررىرلەرنىمۇ ئىزدىدىم. «سىياسىيونلار گېزىتى» بىلەن «ئىنگلىزلار گېزىتى» بۇ مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، مەن بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى، ئۇلار سۆھبەتنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئېلان قىلدى.

«ئىنگلىزلار گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى سائۇندېرس (Saunders) ئەپەندى ماڭا ئۆز ئادىمىدەك مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسى بىلەن گېزىتىنى مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا بەردى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە يازغان باش ماقالىلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشىمگە رۇخسەت قىلدى، ئۇ كوررېكتور نۇسخىسىنى ئالدى بىلەن مېنىڭ كۆرۈشۈمگە ئەكېلىپ بېرەتتى. ئارىمىزدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىلدى دېيىلسە ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايتتى. ئۇ خىزمىتىمگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى، يەنە كېلىپ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇپ، تاكى ئۆزى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانغا قەدەر مەن بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى.

بۇنداق دوستلۇق مۇھەببىتىگە ھاياتىمدا تالاي قېتىم مۇيەسسەر بولدۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۈتۈلمىگەن شارائىتتا پەيدا بولغانىدى. سائۇندېرس ئەپەندى مېنىڭ ھېچقانداق كۆپتۈرمىچىلىك ئارىلاشمىغان ئەركىنلىكىم ۋە ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈشۈمدىن مېنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى قوللاشتىن ئىلگىرى مېنىڭ ھال - ئەھۋالىمنى ئەتراپلىق سورۇشتۇرگەنىدى؛ ئۇ شۇنداق ھېسابلىغانكى، مەن ھەتتا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھېچقانداق شەخسىي غەرەز - ئاداۋەت ساقلىماي ئادىل چۈشەندۈرگەنىدىم ھەمدە ئۇنىڭغا ئادىل باھا بەرگەنىدىم.

تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، باشقىلارغا ئادىل مۇئامىلە

www.uyghurkitap.com

قىلغاندا ئادالەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئەگەر كالكۇتتادا بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزسەك، ئېھتىمال مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز مۇمكىن. سوندىس ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن كۆتۈلمىگەن ياردىمىدىن ھەر خىل تەسەۋۋۇلارنى قىلغۇدەك جاسارەتكە ئېرىشكەنىدىم. بۇ ۋاقىتتا، مەن دۇرباندىن كەلگەن «قۇرۇلتاي 1 ـ ئايدا يىغىن ئاچماقچى، تېز قايتىڭ» دېگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن گېزىتخانىغا بىر پارچە خەت يېزىپ، كالكۇتتادىن نېمىشقا بۇنداق ئالدىراپ ـ تېنەپ ئايرىلغانلىقىمنى چۈشەندۇردۇم ھەمدە تېزدىن بومبايغا يۈرۈپ كەتتىم. مەن مېڭىشتىن ئىلگىرى دادا ئابدۇللا شىركىتىنىڭ بومبايدىكى ۋاكالەتخانىسىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلاردىن مېنى جەنۇبىي ئافرىقىغا ماڭىدىغان تۇنجى نۆۋەتلىك پاراخوتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنگەنىدىم. ئەينى ۋاقىتتا دادا ئابدۇللا دەل «كېران» ماركىلىق پار كېمىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان بولۇپ، مېنى ئاشۇ پاراخوتقا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە مېنىڭ ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ بارلىق خىراجىتىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن بۇ تەكلىپنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلدىم، شۇنىڭدەك 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا خوتۇنۇمنى، ئىككى بالامنى ۋە تۇل ئاچامنىڭ يالغۇز ئوغلىنى ئېلىپ، ئىككىنچى قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىغا ئاتلاندىم. «نادىل» ناملىق يەنە بىر پاراخوتمۇ بىرلا ۋاقىتتا دۇربانغا قاراپ ماڭغانىدى. بۇ پاراخوت شىركىتىنىڭ ۋاكالەتچىسى دادا ئابدۇللا شىركىتى ئىدى. بۇ ئىككى پاراخوتتىكى يولۇچى 800 ئەتراپىدا ئىدى، جۇملىدىن ئۇلارنىڭ تەڭ يېرىمى ترانسۋالغا باراتتى.



# ئۈچىنچى قىسىم



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىرىنچى باب

# بوران ساداسى

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم خوتۇن - بالىلىرىمنى باشلاپ دېڭىز سەپىرى قىلىشىم ئىدى. مەن بۇ كەچۈرمىشلىرىمنى بايان قىلىش ئالدىدا، ئوتتۇرا بۇرژۇئازلاردىن بولغان ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بالىلىق ۋاقتىدىلا نىكاھلىنىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەر بولغۇچىلار كۆپ ھاللاردا خەت تونۇيدىكەن، لېكىن خوتۇنلىرى ساۋاتسىز بولىدىكەن، دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ھاڭنى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئەر شەرتسىز ھالدا خوتۇنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن خوتۇن - بالىلىرىم قانداق كىيىنىشى كېرەك، ئۇلار نېمە يېسە مۇۋاپىق بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنى قانداق ھالەتتە تۇتسا، ئاندىن يېڭى مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ، دېگەندەك ئۇششاق - چۈششەك مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدىم. ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى ئەھۋاللار بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەسلەنسە كىشىگە يەنىلا ئاجايىپ مەنىلىك تۇيۇلىدىكەن.

ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خوتۇن ئېرىنىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىقنى ئەڭ ئالىي دىنىي ئەقىدە دەپ بىلىدۇ. ھىندى دىنى مۇرىتى بولغان بىر ئەرمۇ ئۆزىنى خوتۇنىنىڭ شاھىنشاھى ۋە ئىگىسى دەپ بىلىدۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئوچۇق چىراي بولۇشى كېرەك.

مەن مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا، شۇنداق ئىشەنچتە بولدۇمكى، بىز كىشىلەرگە مەدەنىيرەك تەسىر بېرىش ئۈچۈن كىيىنىش ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا ئىمكانقەدەر ياۋروپالىقلار بىلەن ئوخشاش بولۇشنى ئۆلچەم

www.uyghurkitap.com

قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، مۇشۇنداق بولغاندىلا، بىزنىڭ ئاندىن ئاز ـ تولا تەسىرىمىز بولاتتى، ھېچقانداق تەسىر بولماي تۇرۇپ، مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئىش قىلىمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ كىيىم نۇسخىسىنى تاللاپ بەردىم. مېنىڭ ئۇلارنىڭ كاسىياۋادىن كەلگەن بەنيالار (Banias)دىن ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا قانداقمۇ بىلدۈرگۈم كەلسۇن؟ ئۇ چاغلاردا، پارسلار ھىندىستانلىقلار ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك دەپ قارىلاتتى، شۇڭا نوقۇل ياۋروپاچە فورمىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، بىز پارسچە فورمىنى تاللىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئايالىم پارسچە سارى كىيدى، باللىرىمۇ پارسچە يەكتەك ۋە تامبال كىيدى. ئەلۋەتتە ھېچكىممۇ ئاياغ ـ پايپاق كىيمەيمەن دېيەلمەيتتى. بۇنىڭغا خوتۇن ـ بالىلىرىم ناھايىتى ئۇزاقتا ئادەتلەندى، ئاياغ[1] ئۇلارنىڭ پۇتىنى قىستاپ ئاغرىتاتتى، پايپاقتىن تەر پۇراپ تۇراتتى، پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئاغرىپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلىپ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە ھەمىشە بىر يۇرۇش تەييار جاۋابىم بار ئىدى. لېكىن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇنى جاۋابىمنىڭ يوللۇقلۇقىدىن دېگەندىن كۆرە نوپۇزۇم چوڭ كەلدى، دېگىنىم تۈزۈك. ئۇلار كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. ئۇلارمۇ ئوخشاش روھ ۋە قەيسەر ئىرادە بىلەن داستىخان ۋاقتىدا ۋىلكا، ئارا ئىشلىتىدىغان بولدى.

مېنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تىمسالى بولمىش بۇ نەرسىلەرگە بولغان شەيدالىقىم تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇلارنى ئىشلىتىشتىن دەرھاللا ۋاز كەچتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزاقتا ئادەتلەنگەن يېڭى ئۇسۇلىدىن كونا ئۇسۇلغا قايتىشىمۇ يەنىلا ئاسان ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، بىز بۇ «مەدەنىيەت» بېزەكلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ئەركىن ۋە ئازادە ھېس قىلغانىكەنمىز.

---

[1] ئادەتتە ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئەر ـ ئايال دېمەي يىل بويى يالاڭ ئاياغ يۈرىدۇ. ئەگەر ئاياغ ـ پايپاق كىيىۋالسا، دىيانەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. ئەرلەر ئادەتتە ئىشتان كىيمەيدۇ. پەقەت بىر ئۇزۇن رەختنى يۆگىۋالىدۇ. بۇ «تودى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاياللارمۇ ئىشتان كىيمەيدۇ. پەقەت بىر تال رەختنى ئۇچىسىغا ئارتىۋالىدۇ، بىر ئۇچى بىلەن بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى يېپىۋالىدۇ، بۇ سارى دېيىلىدۇ ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

بىز بىلەن بىر كېمىگە چىققان ئۇرۇق - تۇغقان ۋە تونۇش - بىلىشلەرمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارنى ۋە پاراخوتتىكى يولۇچىلارنى دائىم كۆرۈپ تۇراتتىم، چۈنكى بۇ پاراخوت ماڭا ئىش بېجىرىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغان بىر دەۋاگىرىمنىڭ دوستىنىڭ بولغاچقا، مەن پاراخوتتا ئەركىن يۈرەلەيتتىم.

بۇ پاراخوت بىۋاستە ناتالغا بارىدىغان بولغاچقا، ئارىلىقتا توختىمىدى، شۇڭا سەپەرگە 18 كۈنلا ۋاقىت كەتتى. ھالبۇكى، ناتالغا تۆت كۈنلۈك يول قالغاندا، بىز دېڭىزدا قورقۇنچلۇق قارا بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. بۇ گويا قورۇقلۇقتا يېتىپ كەلمەكچى بولغان ھەقىقىي بوراننىڭ بىر خىل ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئوخشايتتى. 12 - ئاي يازنىڭ يامغۇرلۇق ئايلىرى ئىدى. شۇڭا بۇ پەسىلدە، جەنۇبىي دېڭىزدا چوڭ - كىچىك قارا بوراننىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال ئىدى، بىز شۇ قېتىمقى ئۇچرىغان قارا بوران شۇ قەدەر دەھشەتلىك ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدىكى، يولۇچىلار قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى، مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى ھىندى، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، ھەممىسى قەسەملەرنى قىلىشىپ كەتتى، كاپىتانمۇ يولۇچىلار بىلەن بىرلىكتە دۇئا قىلاتتى. ئۇ كۆپچىلىككە كاپالەت بېرىپ، بۇ قېتىمقى قارا بوراننى خەتىرى يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن خەتەرلىك كەچۈرمىشلەرنى كۆپ باشتىن كەچۈرگەنمەن دەيتتى. ئۇ يەنە كۆپچىلىككە ياخشى بىر پاراخوتنىڭ ھەرقانداق كىلىماتقا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. لېكىن، بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرالمايتتى. ھەر دائىم كېمىنىڭ قاراسلىغان ۋە سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. پاراخوت گويا غەرق بولۇپ كېتىدىغاندەك قاتتىق داۋالغۇيتتى. پالۇبىدا ھېچكىم يوق ئىدى. «پەرۋەردىگارىم پاناھىڭدا ساقلا» دېگەن سۆز ھەربىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىكى بىردىنبىر نىدا ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ ئاپەت ئالاھازەل 24 سائەت داۋام قىلغانىدى. ئاخىر ھاۋا ئېچىلىپ كۈن چىقتى، كاپىتان قارا بوراننىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىدى. كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە شۇ ئان خۇشاللىق تەپتى، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، پەرۋەردىگارنىڭ نامىمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۆچۈشكە باشلىدى. يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈشلەر يەنە كۈندىلىك ئادەت بولۇپ قالدى. ئۆلۈم قورقۇنچى غايىب بولدى. تىنىمسىز ئوقۇلىدىغان قىزغىن دۇئا ـ تەكبىرلەرنىڭ ئورنىنى «مايا»① ئالدى. ئادەتتىكى ناماز ۋە ئىبادەتلەر تەبىئىي بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن خەۋپ ـ خەتەر ۋاقتىدىكى ئۇ خىل مۇقەددەس سەلتەنەتتىن ئەسەر يوق ئىدى.

ۋاھالەنكى، بۇ قېتىمقى بوران ـ چاپقۇن مەن بىلەن يولۇچىلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. مەن بۇ قېتىمقى قارا بوراندىن ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىگەنىدىم، چۈنكى بۇنداق ئىشلار بېشىمدىن كۆپ ئۆتكەنىدى. مەن يارامىلىق دېڭىزچى بولغاچقا، پاراخوتتا بېشىم قايمايتتى، شۇڭا مەن يولۇچىلارنى بىمالال ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتەتتىم، ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتىم، كاپىتاننىڭ ھەر سائەتتە بىر چىقىرىدىغان دوكلاتىنى ئۇلارغا يەتكۈزەتتىم. بۇ مېنى ناھايىتى كۆپ دوستقا ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىمغا قارىتا ناھايىتى زور ياردىمى بولدى. بۇنى بىز كېيىن چۈشىنىپ قالىمىز.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ ۋە 19 ـ كۈنلىرى پاراخوت دۇرباندا لەڭگەر تاشلىدى. «ناتىل»مۇ شۇ كۈنى يېتىپ كەلدى.

ھالبۇكى، ھەقىقىي بوران ـ چاپقۇن تېخى ئالدىمىزدا ئىدى.

---

① مايا (maya) ــ ھىندى پەلسەپىسىدىكى بىر مەشھۇر سۆز، تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ سۆز ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچىغا خام خىيال، شېرىن خىيال دېگەن مەنىلەردە تەرجىمە قىلىنغان.

## ئىككىنچى باب

# بوران - چاپقۇن

بىز بۇ ئىككى پاراخوتنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنلىرى دۇربانىدا لەڭگەر تاشلىغانلىقىنى ئالدىدا دەپ ئۆتتۇق. يولۇچىلار تولۇق بىر قېتىملىق سەھىيە كارانتىنىدىن كېيىن، ئاندىن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ خالىغان بىر پورتىدا قىرغاققا چىقالايتتى. ئەگەر پاراخوتتا يۇقۇملۇق كېسەل يۇقتۇرۇۋالغان بىرەر يولۇچى بارلىقى بايقالسا، پاراخوت چوقۇم بىر مەزگىل ئايرىم توختىتىپ قويۇلاتتى. بىز يولغا چىققان چاغلاردا، بومبايدا چۇما كېسىلى تارقالغانىدى، شۇڭا بىز بىرمەھەل توختىتىپ قويۇلىدىغان بولدۇق، دەپ ئەنسىرىگەنىدۇق. كارانتىن باشلىنىشتىن ئىلگىرى ھەربىر پاراخوتتا بىردىن سېرىق تۇغ قاداپ قويۇلدى، دوختۇر كېسەل يوق، دەپ ئىسپاتلىغاندىن كېيىنلا، سېرىق تۇغ ئاندىن چۈشۈرۈلەتتى. تۇغ چۈشۈرۈلگەندىن كېيىنلا يولۇچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېمىگە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقالايتتى.

دوختۇر بىزنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە، كېمىدە سېرىق تۇغ يەنىلا ئېسىقلىق ئىدى. ئۇ پاراخوتىمىزنى بەش كۈن توختىتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، چۈنكى ئۇنىڭ پىكرىچە، چۇما ۋىرۇسى ئۇزۇن بولغاندا 23 كۈن ياشىيالايدىكەن. شۇڭا، بىزنىڭ پاراخوتىمىز بۇيرۇق بويىچە توختىتىپ قويۇلدى. بۇ بىز بومبايدىن ئايرىلىپ 23 ـ كۈنگە قەدەم قويغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ۋاھالەنكى، توختىتىپ قويۇش ھەققىدىكى بۇ پەرماننىڭ سەھىيە جەھەتتىكى سەۋەبلىرىدىن باشقا، يەنە باشقا ئارقا كۆرۈنۈشمۇ بار ئىدى.

دۇرباندىكى ئاق تەنلىكلەر قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، ئالد- توپىلاڭ كۆتۈرۈپ كېتىشكەنىدى. بۇ بۇيرۇقنىڭ چۈشۈرۈلگەنلىكىدىكى

سەۋەبلەرنىڭ بىرسى مۇشۇ ئالتوپىلاڭدىن ئىدى. دادا ئابدۇللا شىركىتىدىكىلەر شەھەردە بولغان ئىشلاردىن بىزنى ھەر كۈنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى. ئاق تەنلىكلەر ھەر كۈنى يىغىن ئېچىپ، تەھدىت سېلىپ قورقۇتىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى، ھەتتا دادا ئابدۇللا شىركىتىنى پايلا ئارقىلىق قايمۇقتۇرماقچىمۇ بولۇشقانىدى. ئەگەر بۇ پاراخوت ھىندىستانغا قايتىپ كەتسە، ئۇلار شىركەتنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدىغان بولغانىدى. لېكىن، دادا ئابدۇللا شىركىتى تەھلىكە سالغۇچىلاردىن قورقۇپ قالمايتتى. ئابدۇللا كەرىم ھاجى ئەدھەم سەيىد ئەينى ۋاقىتتا بۇ سودا شىركىتىنىڭ پاي دىرېكتورى ئىدى، ئۇ ھەر قانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ، بۇ ئىككى پاراخوتنى پىرىستانغا يېقىنلاشتۇرۇپ، بارلىق يولۇچىلارنى قىرغاققا چىقىرىشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى خەت يېزىپ تەپسىلىي ئەھۋالدىن مېنى خەۋەردار قىلاتتى. بەختكە يارىشا مەرھۇم مەنسۇكلال نازار (Mansukhlal Nazar) ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتا دۇرباندا ئىدى، ئۇ ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ئۆمىكىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتى لائۇگتون (Laugton) ئەپەندىمۇ ئوخشاشلا قورقۇمىسىز بىر ئادەم ئىدى. ئۇ يەرلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى، ئۇ مۇھاجىرلارغا تەكلىپ قىلىنغان بىر ئادۋوكاتتەك ئەمەس، بەلكى چىن دوستلارغا ئوخشاش ياردەم بەردى.

شۇنداق قىلىپ، دۇربان باراۋەرسىزلىككە قارشى جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى، بىر تەرەپ ئاز ساندىكى نامرات ھىندىستانلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەنگلىيەلىك دوستلىرى، يەنە بىر تەرەپ سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ ئاق تەنلىكلەر ئىدى. ئۇلار قورالدا، ساندا، تەربىيە ۋە مائارىپتا ھىندىستانلىقلاردىن كۆپ كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار يەنە دۆلەتنىڭ قوللىشىغىمۇ ئېرىشەلەيتتى، چۈنكى ناتال ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ياردەم بېرەتتى. ئىچكى كابىنېتتىكى ئەڭ كۈچلۈك كابىنېت ئەزاسى خاررىي ئېسكومبە (Harry Escombe) ئەپەندىمۇ ئۇلارنىڭ يىغىلىشىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قاتناشقانىدى.

شۇڭا، بۇ قېتىمقى توختىتىپ قويۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى يولۇچىلارغا ياكى ۋاكالەتچى سودا شىركىتىگە تەھدىت سېلىپ قورقۇتۇش ئارقىلىق يولۇچىلارنى ھىندىستانغا قايتۇرۇۋېتىش ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار: «ئەگەر سىلەر قايتىپ كەتمىسەڭلار، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىسىلەر؛ ئەگەر قايتىپ كېتىشكە قوشۇلساڭلار، سىلەر يەنە قايتىش يول خىراجىتى ئالالايسىلەر» دەپ قورقاق سالدى، مەنمۇ پاراخوتتىكى-

لەرگە مەددەت بېرەتتىم. مەن يەنە «ناتىل»دىكى يولۇچىلارغىمۇ ھال سوراش خېتى ئەۋەتتىم. ئۇلار قەتئىيلىكى ۋە جاسارىتىنى قىلچىلىك بوشاشتۇرمىدى.

بىز پاراخوتتا ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويۇشتۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتۇق. مىلاد بايرىمى كۈنى كاپىتان بىرىنچى دەرىجىلىك بۆلۈمچىدىكى يولۇچىلارغا زىياپەت بەردى. مەن ئۇنىڭغا ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ئاساسلىق مېھمان سۈپىتىدە قاتناشتىم. مەن زىياپەتتىن كېيىنكى سۆزۈمدە غەرب مەدەنىيىتى توغرۇلۇق سۆزلىدىم. مەن بۇنىڭ كەسكىن نۇتۇق سۆزلەيدىغان جاي ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇنىڭدىن باشقا سۆزلىگۇدەك گېپىممۇ يوق ئىدى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچتىم، لېكىن قەلبىم دۇرباندىكى كۇرەشتە ئىدى، چۈنكى ھەقىقىي نىشان مەن ئىدىم. ماڭا قارشى تۇرۇشتا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار ئىدى:

1. ئۇلار مېنى ھىندىستاندىكى ۋاقىتتا ناتالدىكى ئاق تەنلىكلەرنى غالجىرلارچە ئەيىبلىدى، دېگەنىدى.

2. ناتالنى قىستاڭچىلىققا تولدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئىككى پاراخوت ھىندىستانلىقنى ناتالدا ماكانلىشىشقا ئالاھىدە باشلاپ كەلگەن دېيىلگەنىدى.

مەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتتىم. مەن دادا ئابدۇللا شىركىتىنىڭ مېنى دەپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. يولۇچىلارنىڭ ھاياتى خەۋپتە قالغانىدى، مەن ئائىلەمدىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارنىمۇ خەۋپ ـ خەتەرگە سۆرەپ كىرگەنىدىم.

لېكىن ماڭا راستلا ئۇۋال قىلىنغانىدى. مەن ھېچكىمنى ناتالغا بېرىشقا قىزىقتۇرمىغانىدىم، يولۇچىلار پاراخوتقا چىققاندا مەن ئۇلارنى تونۇمايتتىم. بۇ بىر جۈپ ئەر ـ ئايال تۇغقانلىرىمدىن باشقا پاراخوتتىكى نەچچە يۈزلىگەن كىشىنىڭ ئىسمى، ئادرېسىنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن ھىندىستاندا ناتالدىكى ئاق تەنلىكلەر ھەققىدە ناتالدا دېيىلگەن گەپنىڭ بىرسىنىمۇ دېمىگەنىدى. لېكىن، گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى سانسىز ئەمەلىي پاكىتلار ئاساسىدىكى گەپلەر ئىدى.

شۇڭا مەن ناتالدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا گەۋدىلەنگەن مەدەنىيەتتىن ھەسرەتلەنمەي قالمىدىم. بۇ خىل مەدەنىيەت ھەققىدىكى خىياللىرىم زادىلا كۆڭلۈمدىن چىقمايتتى، شۇڭا مەن كىچىككىنە بىر زىياپەتتىمۇ ئۇنى تىلغا ئالماي تۇرالمىدىم. كاپىتان ۋە باشقا

www.uyghurkitap.com



دوستلارنىڭ ھەممىسى پىكرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ھەمدە سۆزۈمنىڭ ئاساسىي روھىنى قوبۇل قىلدى. مەن بۇ گەپلىرىمنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا زادى قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن، كېيىن مەن كاپىتان ۋە باشقا باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى قورال كۈچىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت دەپ تەسۋىرلىدىم. ئۇ شەرق مەدەنىيىتى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايتتى. سوئال سورىغۇچىلار ئەقىدەمنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كاپىتان ماڭا مۇنداق دېگەنىدى:

— ئەگەر ئاشۇ ئاق تەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تەھدىتىنى راستىللا رېئاللىققا ئايلاندۇرسا، سىز زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك پرىنسىپىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟

— مەن پەرۋەردىگارنىڭ ماڭا ئۇلارنى ئەپۇ قىلغۇدەك جاسارەت ۋە ئەقىل ئاتا قىلىشىنى تىلەكداشمەن، — دېدىم مەن جاۋابەن، — مەن ئۇلارغا قانۇن بىلەن قارشى تۇرىمەن، مەن ئۇلارنىڭ نادان ھەم ئىچى تارلىقىدىن رەنجىمەيمەن، بەلكىم ئەپسۇسلىنىمەن. ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى قىلمىشلىرىنى توغرا ۋە مۇۋاپىق دەپ قارايدىغانلىقى ماڭا مەلۇم. شۇڭا مېنىڭ ئۇلار بىلەن قېرىشىشقا ئاساسىم يوق.

كاپىتان كۈلۈپ قويدى. بەلكىم ئۇ بۇنى توغرا تاپمىغاندۇر. كۈنلەر مانا شۇنداق ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى، توختىتىپ قويۇش ۋاقتىنىڭ قاچان توشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدار بۇ ئىشنىڭ ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلسىلا، بىزنىڭ قىرغاققا چىقىشىمىزغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاخىرقى ئۇلتىماتوم يولۇچىلارغا ۋە ماڭا يەتكۈزۈلدى. ئۇلتىماتومدا سىلەر جېنىڭلارنى قۇتقۇزماقچى بولىدىكەنسىلەر، تىز پۈكۈشۇڭلار كېرەك، دېيىلگەنىدى. بىز جاۋابىمىزدا بىزنىڭ ناتال پورتىدا قىرغاققا چىقىش ھوقۇقىمىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتتۇق ھەمدە ھېچقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي ناتالغا كىرىشكە بەل باغلىغانلىقىمىزدىن بېشارەت بەردۇق.

23 ـ كۈنى بۇ ئىككى پاراخوتنىڭ پورتقا كىرىشىگە ئىجازەت قىلىنىدى، ئارقىدىن يولۇچىلارنىڭ قىرغاققا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنىغانلىق پەرمانىمۇ يېتىپ كەلدى.

# ئۈچىنچى باب

## سىناق

شۇنىڭ بىلەن ئىككى پاراخوت پىرىستانغا كىردى، يولۇچىلارمۇ بەس ـ بەس بىلەن قىرغاققا چىقىشتى. ۋاھالەنكى، ئېسكومبە ئەپەندى كاپىتانغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەندىن يەنىلا ئىنتايىن نارازى ئىكەنلىكىنى، ھاياتىمنىڭ خەۋپتە ئىكەنلىكىنى، مەن ۋە بالىچاقىلىرىمنىڭ قاش قارايغاندا قىرغاققا چىقىشىمىز لازىملىقىنى، ئۇ چاغدا پورت ساقچىسى تاتۇم (Tatum) ئەپەندىنىڭ بىزنى ئۆيىمىزگە مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كاپىتان بۇ ئۇقتۇرۇشنى ماڭا يەتكۈزدى، مەن شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە قوشۇلدۇم. لېكىن، يېرىم سائەت بولا ـ بولمايلا لائۇڭتون ئەپەندى كاپىتاننى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا گەندى ئەپەندى قارشى تۇرمىسا، مەن ئۇنى قىرغاققا باشلاپ چىقايمىكىن دەيمەن، دەپتۇ. كاپىتان ماڭا: «مەن بۇ سودا شىركىتىنىڭ قانۇن ۋاكالەتچىسى. مېنىڭچە، سىز ئېسكومبە ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچىلا ئىش قىلمايسىزغۇ دەيمەن» دېدى. ئاندىن مېنى كۆرگىلى كەلدى. ئۇ ماڭا ئاساسەن مۇنداقراق مەزمۇندا گەپ قىلغانىدى: «ئەگەر سىز قورقمىسىڭىز، گەندى خانىم ۋە بالىلار ئالدى بىلەن مەپىدە رۇستومجى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرسا، ئىككىمىز پىيادە ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭساق، مەن سىزنىڭ شەھەرگە خۇددى ئوغرىدەك كېچىدە كىرىشىڭىزنى قۇۋۋەتلىمەيمەن. مېنىڭچە، باشقىلار زىيانكەشلىك قىلامدىكىن دەپ ئەنسىرەشنىڭ ئورنى يوق، ھازىر ۋەزىيەت بېسىقتى، ئاق تەنلىكلەرمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئومۇمەن، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سىز شەھەرگە تىمىسقىلاپ كىرمەسلىكىڭىز كېرەك.» مەن بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلدۇم. خوتۇن ـ بالىلىرىم مەپە بىلەن رۇستۇمجى

ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە خاتىرجەم ھالدا كەتتى. كاپىتان قوشۇلغاندىن كېيىن مەن لائۇڭتون ئەپەندى بىللە قىرغاققا چىقتىم، رۇستومجى ئەپەندىنىڭ ئۆيى پىرىستانغا ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم كېلەتتى.

بىز ئەمدىلا قىرغاققا چىقىشىمىزغا، بىرنەچچە ياش مېنى تونۇۋېلىپ «گەندى»، «گەندى» دەپ تووۋلاشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا بەش ـ ئالتە ئادەم ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلدى. لائۇڭتون ئەپەندى ئادەملەر كۆپىيىپ كەتسە ياخشى بولماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، بىر رىكشىچىنى چاقىردى. مەن ئادەم سۆرەيدىغان مەيدە ئولتۇرۇشنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم شۇنداق قىلىشىم ئىدى، لېكىن بۇ ياشلار مېنى رىكشىغا چىققىلى قويمىدى، يەنە تېخى رىكشىچىغا جېنىڭنى ئالىمىز دەپ تەھدىت سالدى. رىكشىچى دەرھال يۇگۈرۈپ كېتىپ قالدى. بىز ئىلاجسىز ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋەردۇق. كىشىلەر بارغانسېرى ئاۋۇپ كەتتى. بىز ماڭالماي قالدۇق. ئۇلار ئالدى بىلەن لائۇڭتون ئەپەندىنى تۇتۇۋېلىپ مەندىن ئايرىۋەتتى، ئاندىن تاش، خىش ۋە سېسىق تۇخۇملارنى ئېلىپ ماڭا ئاتقىلى تۇردى، كىمدۇر بىرسى مېنىڭ ياغلىقىمنى ئېلىۋەتتى، باشقىلار مېنى كاچاتلايتتى، تېپەتتى. مەن يەرگە يىقىلىپ چۈشتۇم، بىر ئۆينىڭ سالاسۇنىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ يەردە بىرئاز دېمىمنى ئېلىۋالـماقچى بولدۇم. ئۇلار يېتىپ كېلىپ، مېنى يەنە بىرپەس ئۇر ـ تېپىك قىلدى، بىر ساقچىنىڭ ئايالى بۇ يەردىن كېتىۋېتىپ مېنى تونۇپ قاپتۇ، بۇ باتۇر ئايال قېشىمىزغا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ھاۋا سۆرۈن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۈنلۈكنى ئېچىپ، كىشىلەر توپى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىغا كېلىپ تۇرۇۋالدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ بىر توپ غالجىر تەلۋىلەر توسۇۋېلىندى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالېكساندېر (Alexander) خانىمغا زەخمەت يەتكۈزمەي تۇرۇپ مېنى ئۇرالىشى تەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستانلىق بىر ياش بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىپتۇ. ساقچى باشلىقى ئالېكساندېر ئەپەندى بىر ئەترەت ساقچى ئەۋەتىپ، مېنى ئارىغا ئېلىپ، بارار جايىمغا بىخەتەر يەتكۈزۈپ قويدى. ئۇلار دەل ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلگەنىدى. ساقچىخانا ئۆتەر يولىمىزدا ئىدى، بىز ئۇ يەرگە بارغاندا، ساقچى باشلىقى مېنىڭ ساقچىخانىغا كىرىپ بىرپەس پاناھلىنىپ تۇرۇشۇمنى



www.uyghurkitap.com





ئېيتتى. لېكىن مەن ئۇزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى رەت قىلدىم. مەن: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى تونۇغان ھامان، چوقۇم بېسىقىپ قالىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ غەرەز ئۇقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدىم. مەن ساقچىنىڭ ھىماتىدا، رۇستومجى ئەپەندىنىڭكىگە بارغۇچە ھېچقانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىدىم. بەدىنىمنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى، بىرلا يېرىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان يېرىمدىن قان چىقمىغانىدى، پاراخوت دوختۇرى دادىبارجور (Dadibarjor) ئەپەندىمۇ نەق مەيداندا بار ئىدى، ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن كۆپ خەۋەر ئالدى.

ئۆي ئىچى تىپتىنچ ئىدى، لېكىن سىرتتا ئاق تەنلىكلەر ئۆينى قورشىۋېلىشقانىدى. ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەنىدى، سىرتتىكى تېخى بېسىقمىغان ئاما: «بىز گەندىنى تاپماي قويمايمىز» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىشاتتى. ھېلىقى چەبدەس ساقچىنىڭ كۆڭلىدە بىر ئاز ئەندىشىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ تەھدىت بىلەن ئەمەس، بەلكى يۇمۇرلۇق گەپ بىلەن ئاممىنى تىزگىنلىمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ باشقىلاردىن: «ئەگەر سىز دوستىڭىزنىڭ ئۆيىقى ۋە مال ـ مۈلكىگە، يەنە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمەن دېسەڭىز، مېنىڭ پىكرىم بويىچە بۇ ئۆيدىن باشقىچە ياسىنىپ چىقىپ كېتىڭ» دەپ گەپ كىرگۈزگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن بىر كۈندە ئىككى خىل زىددىيەتلىك ھالەتكە دۇچ كەلدىم. ھاياتىمغا يېتىدىغان خەۋپ بىر خىل پەرەز بولۇپ قالغانىدى، لائۇڭتون ئەپەندى مېنى بۇنىڭغا ئاشكارا تاقابىل تۇرۇشقا ئۈندىدى. مەن بۇنى ماقۇل تاپتىم. ھالبۇكى، خەۋپ ـ خەتەر رېئاللىققا ئايلانغاندا، يەنە بىر دوستۇم ماڭا ئەكسىچە يول كۆرسەتتى، مەن بۇنى قوبۇل قىلدىم، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنىڭ ئۆز ھاياتىمغا خەۋپ يەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ياكى دوستۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ ھاياتىنى خەۋپكە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كىممۇ مۇئەييەنلەشتۈرەلىسۇن؟ مەن تۇنجى قېتىم ئاممىغا باتۇرانە يۈزلەنگەنىدىم، ئەمدى پەرداز قىلىپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسىنىڭ توغرىلىقىغا كىممۇ ھۆكۈم قىلالىسۇن؟

بولۇپ بولغان ئىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. ئۇنى چۈشىنىش مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭدىن ساۋاق،

ئىبرەت ئېلىش كېرەك. كونكرېت بىر ئادەمنىڭ كونكرېت ئەھۋالىدا قانداق ھەرىكەت قوللىنىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس. بىز يەنە شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ھەرىكىتىگە ئاساسەن شۇ كىشىگە باھا بېرىش گۇمانىي پەرەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاساس قىلغان ماتېرىياللار يېتەرلىك ئەمەس.

مەيلى قانداق بولسۇن، قېچىش تەييارلىقى بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇردى. مەن ساقچى باشلىقىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر يۈرۈش ساقچى فورمىسى كىيدىم، بېشىمغا مادراسلىقلارنىڭ ياغلىقىنى شىلەپە شەكلىدە ئوربدىم. ئىككى رازۋېدكىچى ماڭا ئەگەشتى، ئۇلارنىڭ بىرسى ھىندىستانلىق سودىگەرلەردەك ياساندى، يۈزىنى ھىندىستاندىلىقلارغا ئوخشاش بويىۋالدى، بىز خالتا كوچىنى بويلاپ قوشنا دۇكانغا كىرىپ، ئىسكىلاتقا دۆۋىلەپ قويۇلغان تاغارلاردىن ئۆتۈپ، ئاشۇ دۇكاننىڭ دەرۋازىسىدىن قېچىپ چىقتۇق ـ دە، ئاممىنى كېسىپ ئۆتۈپ دوقمۇشتا بىزنى ساقلاپ تۇرغان مەپىنىڭ قېشىغا كەلدۇق. بىز ئۇ مەپىگە ئولتۇرۇپ، باشتا ئالېكساندېر ئەپەندى مېنى بىر مەزگىل پاناھلىنىپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان ھېلىقى ساقچىخانىغا كەلدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى رازۋېدكىچىغا رەھمەت ئېيتتىم.

مەن قېچىپ چىققاندا، ئالېكساندېر ئەپەندى مۇنداق بىر ناخشىنى ئېيتىپ، ئاممىنى كولدۇرلىتىپتۇ:

گەندى دېگەن نادان قېرىنى،
ئاشۇ ئالما دەرىخىگە ئاسايلى.

ئۇ مېنىڭ ساقچىخانىغا بىخەتەر يېتىپ بارغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپلا، بۇ خەۋەرنى ئاممىغا جاكارلاپتۇ: «بولدى قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ئولجاڭلار ئاللىقاچان قوشنا دۇكان ئارقىلىق قېچىپ كەتتى. ئەمدى كەتسەڭلار بولارمىكىن.» بۇنى ئاڭلاپ بەزىلەر خاپا بولۇپ كېتىپتۇ، بەزىلەر كۈلۈپ كېتىپتۇ، بەزىلەر بۇنىڭ راستلىقىغا زادىلا ئىشەنمەپتۇ.

— ئەمىسە، — دەپتۇ ساقچى باشلىقى، — گېپىمگە ئىشەنمىسەڭلەر، ئىككى ۋەكىل كىرگۈزۈپ قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۇلار گەندىنى تاپالىسا، ئۇنى سىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن؛ ئەگەر تاپالمىساڭلار سىلەر كېتىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ رۇستوم-

جى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە چېقىلمايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

ئۇلار ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا دەرۋەقە ۋەكىل كىرگۈزۈپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۈمىدسىز خەۋەرنى ئېلىپ چىقىپتۇ، كۆپچىلىك تارقىلىپ كېتىپتۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇنىڭغا تاقابىل تۇرغاندىكى ئۇستىلىقىمىزنى ماختاپ كېتىپتۇ، يەنە بەزىلەر تېپىرلاپ كېتىپتۇ.

مەرھۇم چامبېرلېين (Chamberlain) ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى ئىدى. ئۇ ناتال ھۆكۈمىتىگە غوۋغا تۇغدۇرغانلارنى قانۇن بويىچە جازالاش ھەققىدە تېلېگراما بېرىپتۇ. ئېسكومبە ئەپەندى مېنى ئىزدەپ كېلىپ، مېنىڭ تاياق يەپ زىيان ـ زەخمەت چەككەنلىكىمدىن كەچۈرۈم سورىدى ھەمدە:

ـــ ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزنىڭ قىلچىلىك زىيان ـ زەخمەت تارتىشىڭىزغا چىدىمايمەن. سىز لائۇڭتون ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇسال ئەھۋالغا قالدىڭىز، بۇ سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز، لېكىن مېنىڭ تەكلىپىمنى ئوبدانراق ئويلاپ باققان بولسىڭىز، ئىشىنىمەنكى، بۇ كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى ئۇرغان كىشىلەرنى تونۇيالىسىڭىزلا، مەن ئۇلارنى چوقۇم تۇتۇپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن، چامبېرلېين ئەپەندىمۇ مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ، ـــ دېدى.

مەن بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردىم:

ـــ مېنىڭ ھېچقانداق كىشىنى ئەيىبلىگۈم يوق، مەن بەلكىم بىر ـ ئىككى ئادەمنى تونۇيالارمەن، بىراق ئۇلارغا چارە كۆرگەننىڭ نېمە پايدىسى، مەن ئىش تۇغدۇرغان كىشىلەرنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن. ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىپ، مېنى ھىندىستاندا ئەمەلىي بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىپ، ناتالدىكى ئاق تەنلىكلەرگە بوھتان چاپلىغان دەپ قالغان. ئەگەر ئۇلار مۇشۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەزەپ-لەنگەن بولسا، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق، ئەيىبلەشكە تېگىشلىكى ئاشۇ رەھبەرلەر، يەنە كېلىپ سىز مېنىڭ شۇنداق دېيىشىمگە رۇخسەت قىلىسىڭىز، يەنە سىزمۇ بار. ئەسلىدە سىز كىشىلەرنى مۇۋاپىق يېتەك-لىسىڭىز بولاتتى، لېكىن سىزمۇ رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئىشىنىپ كەتتىڭىز، ئىشىنىمەنكى، ئىشنىڭ ماھىيىتى ئايدىڭلاشسا،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېنىكلىك قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

— سىز بايا دېگەن گەپلىرىڭىزنى يازما شەكلىدە يېزىپ چىقالامسىز؟ — دېدى ئېپسكومبە ئەپەندى، — چۈنكى مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزنى تېلېگراما ئارقىلىق چامبېرلېين ئەپەندىگە يەتكۈزۈشۈم كېرەك. مەن سىزنى ئالدىراپ - تېنەپ بايانات ئېلان قىلغۇزماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر خالىسىڭىز، سىز لائۇۋتون ئەپەندى ۋە باشقا دوستلىرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن بىر قارارغا كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، سىز ئىش تۇغدۇرغانلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كەچسىڭىز، سىز مېنىڭ تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈمگە زور ياردەم قىلغان بولىسىز، يەنە كېلىپ ئۆزىڭىزنىڭ نام - ئابرۇيىڭىزنىمۇ ئۆستۈرەلەيسىز.

— رەھمەت سىزگە، — دېدىم مەن، — مەسلىھەتلەشمىسەممۇ بولىدۇ، مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرىلا بىر قارارغا كېلىپ بولغان. ئىشەنچىم كامىلكى، مەن مېنى ئۇرغانلارنى ئەيىبلىمەسلىكىم كېرەك، ھازىر ئۆزۈممۇ بۇ قارارىمنى يازما شەكلىدە يېزىپ چىقاي دەۋاتىمەن.

مەن گېپىمنى تۈگىتىپلا ئۇ تەلەپ قىلغان يازما باياناتنى يېزىپ ئۇنىڭغا بەردىم.

## تۆتىنچى باب

# بوراندىن كېيىنكى جىمجىتلىق

ئېپىسكوپبە ئەپەندى ئادەم ئەۋەتىپ مېنى ئىزدەتكەندە، مەن تېخى ساقچىخانىدىن ئايرىلمىغانىدىم. ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئىككى كۈن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئىككى ساقچىنى مېنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويىدى. گەرچە بۇنچىلىك ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ.

پاراخوتتىكى سېرىق تۇغ چۈشۈرۈلۈپ، بىز قىرغاققا چىققان كۈنى «ناتال ئېلان گېزىتى»نىڭ بىر مۇخبىرى مېنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇ مەندىن بىرمۇنچە سوئاللارنى سورىدى. مەن جاۋابىمدا ماڭا قارشى چىققان ھەر خىل گەپلەرگە بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بەردىم. فېروزېشا مېھتا ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەن ھىندىستاندا بەرگەن دوكلاتلىرىمنى يازما نۇتۇق قىلىۋالغانىدىم. يەنە كېلىپ باشقا ماقالىلىرىمنى قوشۇمچىلىرى بىلەن بىللە يېنىمدا ئېلىپ يۈرەتتىم. مەن بۇ ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ مۇخبىرغا تاپشۇردۇم ھەمدە ئۇنىڭغا ھىندىستاندا دېگەن گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا دېگەن گەپلەر ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ جەنۇبىي ئافرىقىدا دېگەنلىكىدەك كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا «كېلان» ۋە «ناتىل»دىكى يولۇچىلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كېلىشىنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى كونا مۇھاجىرلار ئىدى، يەنە كېلىپ كۆپ قىسمى ناتالدا تۇرۇشنى خالىمايتتى، بەلكى ترانسۋالغا بېرىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا مال ـ دۇنيا ئىزدەپ كەلگەنلەرنى ترانسۋال ناتالدىنمۇ ياخشى ئىستىقبال بىلەن تەمىنلىگەنىدى، شۇڭا نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار شۇ

يەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت ۋە مېنىڭ ۋەقە تۇغدۇرغانلارنى ئەيىبلىشىم ئا رەت قىلىشىم ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى، ھەتتا دۇربانىدىكى ياۋروپالىقلار ئۆز قىلمىشىدىن خىجىل بولۇشتى. گېزىتلەر مېنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلىشتى ھەمدە ئاشۇ زوراۋانلىقلارنى ئەيىبلىدى. بۇ قېتىمقى زىيانكەشلىك ئاخىرىدا مەن ئۈچۈن، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن يول خېتى بولۇپ قالدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈردى ھەمدە خىزمىتىمگە تېخىمۇ كۆپ قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئائىلەمگە قايتتىم. ئۇزاق ئۆتمەي خاتىرجەم بولۇپ قالدىم، بۇ ۋەقە مېنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىمنى كۆپەيتىۋەتتى.

ۋاھالەنكى، بۇ ئىش مۇھاجىرلارنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈردى دېسەك، ئۇ ھەم ئەكسىچە مۇھاجىرلارغا قارشى بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارنىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ھىندىستانلىقلارنىڭمۇ باتۇرلارچە كۆرەش قىلالايدىغانلىقى ئىسپاتلانسا، ھىندىستانلىقلار بىر خىل خەۋپ دەپ قارالماي قالمايدۇ. بەزىلەر ناتال قانۇن پالاتاسىدا ھىندىستانلىق سودىگەرلەرگە پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلىدىغان، يەنە بىرىدە ھىندىستانلىقلارنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى قاتتىق چەكلەيدىغان ئىككى خىل قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بەختكە يارىشا سايلام ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىدە ھىندىستانلىقلارغا قارشى قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللاشقا بولمايدۇ، دېگەن قارار چىقىرىلدى. دېمەك، قانۇن كىشىلەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ۋە ئىرقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشقا يول قويمايتتى. يۇقىرىدەك ئىككى خىل قانۇن لايىھەسىنىڭ ماددىلىرى ھەممىلا ئادەمگە باب كەلسىمۇ، لېكىن ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا ناتالدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەكلەشنى مەقسەت قىلاتتى.

بۇ ئىككى لايىھە مېنىڭ ئاممىۋى خىزمەت سىجىللىقىمنى كۆپ ئاشۇرۇۋەتتى، يەنە كېلىپ مۇھاجىرلارغا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى مىسلىسىز دەرىجىدە تونۇتتى. بىز بۇ ئىككى قانۇن لايىھەسىنى ھىندى تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ھەم تولۇق چۈشەندۈرۈپ، مۇھاجىرلارنى ئۇنىڭ ئاجايىپ

مەنىلىرىنى تولۇق چۈشىنەلەيدىغان قىلدۇق. بىز ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ۋەزىرىگە مۇراجىئەت قىلدۇق، لېكىن ئۇ ئارىلىشىشنى رەت قىلدى، چۈنكى بۇ ئىككى قانۇن لايىھەسى قانۇنلىشىپ قالغانىدى.

ئەمدى مېنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىمنى ئاممىۋى خىزمەتلەر ئالىدىغان بولدى. مەن باشتا تىلغا ئالغان مەنسۇكرال نازار دېگەن ھېلىقى ئەپەندى بۇ چاغدا دۇربانغا كېلىپ، مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانىدى. ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى ئاممىۋى خىزمەتلەرگە قاراتقان بولغاچقا، مېنىڭ يۈكۈم خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى.

ئادامجى سەيىق مىياكخان مەن ۋەتەنگە قايتقان مەزگىلدە، مېنىڭ ۋەزىپەمنى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ھالدا بېجىرىپ كەلگەنىدى، ئۇ نۇرغۇن ۋەكىللەرنى تەربىيەلەپتۇ، يەنە ناتال ھىندىستانلىقلار خەزىنىسىگە ئالاھازەل 1000 فوندستېرلىڭ فوند جۇغلاپتۇ. مەن ئىككى قانۇن لايىھەسى قوزغاتقان ئويغىنىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇ ئىككى پاراخوتتىكى يولۇچىلارغا قارشى كۈچ كۆرسىتىش نامايىشىدىن پايدىلىنىپ، بۇنى ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە ئىئانە توپلاش پۈرسىتى قىلىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتىم. ھازىر ئەزالارمۇ كۆپەيدى. فوندنىڭ پۇلىمۇ 5000 فوندستېرلىڭغا يەتتى. مېنىڭ مەقسىتىم مەڭگۈلۈك فوند تەسىس قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆز ئىگىلىكىمىزنى يولغا سېلىۋېلىش، كېيىن خىزمەتلەرنى ئىجارە يىغىپ كىرىمگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى. بۇ مېنىڭ بىر ئاممىۋى ئورگاننى تۇنجى قېتىم باشقۇرۇشۇم ئىدى. مەن بۇ پىكرىمنى سەپداشلىرىمغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتىم. قۇرۇلتىيىمىزنىڭ سېتىۋالغان ئىگىلىكلىرى ئىجارىگە بېرىلدى، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم ئۇنىڭ كۈندىلىك چىقىملىرىنى قامداشقا يېتەتتى. بىز ئىگىلىكنى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ۋاكالەتەن باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغانىدۇق. بۇ ئاپپارات تاكى ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىراق، بۇ ئورگان تىنىمسىز تالاش ـ تارتىشلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى، نەتىجىدە ھازىر ئىجارە مەبلىغىنى سوت مەھكىمىسىگە ئامانەت قويۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

بۇ بەختسىزلىك مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىن كەتكەندىن كېيىن زورىيىپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ خىل ئىختىلاپ يۈز بېرىشتىن ئىلگى-

www.uyghurkitap.com

رى، مېنىڭچە مەڭگۈلۈك فوند بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ساقلاش ئۇسۇلىدا ئاللىقاچان ئۆزگىرىش بولدى دەپ ئويلايمەن. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مەن نۇرغۇن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇپ خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم. مېنىڭ قەتئىي ئەقىدەم شۇكى، مەڭگۈلۈك فوند تەسىس قىلىپ تەشكىلاتنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، مەڭگۈلۈك فوند كوللېكتىپ ئەخلاقىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش ئاملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىر ئاممىۋى تەشكىلات كوللېكتىپىنىڭ قوللىشى ۋە فوندنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ، ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلغان ھامان، مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىنى يوقىتىدۇ. مەڭگۈلۈك فوند ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر تەشكىلات جامائەتنىڭ پىكرىگە سەل قارايدۇ، يەنە كېلىپ ھەمىشە ئاممىنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە بولغان ھەرىكەتلەرگە جاۋاب بولۇپ قالىدۇ. دۆلەت ئىچىدە، بىز باسقان ھەربىر قەدىمىمىزدە مۇشۇنداق تەسىراتلارنى ھېس قىلغانمىز. دىنىي خاراكتېر ئالغان بەزى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئۇيۇشمىلىرى ھېساباتىنى ئەسلا ئېلان قىلمايدۇ، ھاۋالە بىلەن باشقۇرغۇچى ئەكسىچە غوجايىن بولۇۋېلىپ، ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولمايدۇ. خۇددى تەبىئەتكە ئوخشاش ھەر كۈنى تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرغاندەك، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ بىر تەشكىلاتنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن. جىنايەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن كوللېكتىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. بىر تەشكىلاتنىڭ ھەر يىلى ئالىدىغان بەدەل پۇلى ئۇنى باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىش ـ ئالماسلىقى ھەمدە باشقۇرۇلۇشىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سىنايدىغان ئىمتىھاندۇر. مەن بىر تەشكىلات بۇنداق سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. شۇنداقلا، كىشىلەرنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭ پىكرىم ئۆز خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، مەڭگۈلۈك ئۆي ـ زېمىنى بولمىسا باشقۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئۇ خىل تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان ئەمەس، دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، كۈندىلىك چىقىم ھەر يىلى ئۆزلۈكىدىن ئىئانە قىلىپ يىغىلغان بەدەل پۇلىدىن ئېلىنىشى كېرەك.

بۇ خىل كۆزقاراش جەنۇبىي ئافرىقىدا زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى داۋامىدىلا ئىسپاتلانغانىدى. ناھايىتى زور كۆلەملىك ئاشۇ بىر قېتىملىق ھەرىكەت ئالتە يىل داۋاملاشقانىدى، گەرچە مەڭگۈلۈك فوند بولمىسىمۇ، لېكىن نەچچە ئون تۈمەن رۇپىيە چىقىم قىلىشقا توغرا كەلگەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەگەر ئىئانە پۇل چۈشمىسە، ئەتىسى قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالىدىغان چاغلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. ھالبۇكى، كېيىن بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىن چوت سوقۇشۇمنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. ئوقۇرمەنلەر كېيىنكى باياناتلىرىمدىن يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمنىڭ نەقەدەر ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بەشىنچى باب

## باللار تەربىيەسى

مەن 1897 ـ يىلى 1 ـ ئايدا دۇرباندا قۇرۇقلۇققا چىققاندا، ئۆزۈم بىلەن بىللە ئۈچ بالىنى ــ ئاچامنىڭ ئون ياشلىق ئوغلى، ئۆزۈمنىڭ توققۇز ياشلىق ۋە بەش ياشلىق ئوغلۇمنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم. مەن ئۇلارنى نەگە ئاپىرىپ تەربىيەلىسەم بولىدىكىن؟

مەن ئەسلىدە ئۇلارنى ياۋروپالىقلارنىڭ مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، بۇنداق مەكتەپلەرگە ئالاھىدە ئېتىبارغا ۋە قائىدىدىن سىرت ئىمتىيازغا ئىگە بولغاندىلا كىرگىلى بولاتتى. ھىندىستانلىق باشقا باللارمۇ ئۇنداق مەكتەپلەرگە كىرەلمەيتتى. خىرىستىيان مۇرىتلار ئۇيۇشمىسى ھىندىستانلىق باللار ئۈچۈن بەزى مەكتەپلەرنى ئاچقانىدى، لېكىن مېنىڭ باللارنى بۇنداق مەكتەپلەرگە بەرگۈم يوق ئىدى. چۈنكى، مەن ئۇ مەكتەپلەردە يۈرگۈزۈلىدىغان تەربىيەنى ياخشى كۆرمەيتتىم. مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەكتەپلىرىدە دەرسلەر ئىنگلىزچە ئۆتۈلەتتى. يەنە دېگەندەك توغرا بولمىغان تامىل ۋە ھىندى تىل ـ يېزىقى دەرسىمۇ بولسا كېرەك، لېكىن بۇ دەرسلەر ئاسان ئورۇنلاشتۇرۇلمايتتى، مانا مۇشۇنداق بىرتالاي پايدىسىز نەرسىلەردىن ساقلانماقمۇ بىر گەپ ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، مەن ئىلاجسىز ئۇلارنى ئۆزۈم تەربىيەلىدىم، لېكىن دائىملىق ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ مۇۋاپىقراق گۇجارات تىل ـ يېزىقى ئوقۇتقۇچىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

مەن زادىلا ئامال قىلالماي، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ

قىلىش ئېلانى چىقاردىم. ئۇ جەزمەن مېنىڭ يېتەكچىلىكىم بويىچە بالىلارنى ئوقۇتۇشى كېرەك ئىدى. بەزى دەرسلەرنى تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچى ئۆتەتتى، باشقا دەرسلەرنى مەن ئۆتەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنى ئىنگلىز تىلى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدىم. بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى يەتتە فوندستېرلىڭ ئىدى. بالىلار مەن بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق بەزى گۇجاراتچە سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى، لېكىن ئۇلار ساپلا يەرلىك شېۋىلەر ئىدى. مېنىڭ ئۇلارنى ھىندىستانغا قايتۇرۇۋېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى، چۈنكى مەن ئەينى ۋاقىتتا بالىلار ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك دەپ قارايتتىم. بالىلار تەرتىپلىك ئائىلە مۇھىتىدا ئىگە بولغان تەربىيەگە كوللېكتىپ ياتاقتا ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا، بالىلارنى يېنىمدا ئېلىپ قالدىم. مەن ھىندىستاندىكى ۋاقتىمدىمۇ، جىيەن ئوغلۇم بىلەن چوڭ ئوغلۇمنى ياتاقلىق مەكتەپكە بىرنەچچە ئاي ئەۋەتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنى يەنە قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالغانىدىم. كېيىن تۇنجى ئوغلۇم چوڭ بولغاندىلا ئاندىن مەندىن ئايرىلىپ، ھىندىستانغا قايتىپ ئەھمەتئاباد ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىردى، ئېسىمدە قېلىشىچە، جىيەن ئوغلۇم مېنىڭ بەرگەن تەربىيەمدىن خېلىلا قانائەت ھېس قىلغانىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ بىر قېتىملىق قاتتىق كېسەلدە بەختكە قارشى قازا تاپتى. مېنىڭ قالغان ئۈچ ئوغلۇم ئەزەلدىن ئاممىۋى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قۇرغان مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇنتىزىم دەرس ئاڭلىغان ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سىناقلار ئادەمنى رازى قىلالمايتتى. مەن ھەممە ۋاقتىمنى بالىلارغا سەرپ قىلالمايتتىم. مەن بالىلارنىڭ ھالىدىن يېتەرلىك خەۋەر ئالالمىغانلىقىم ھەمدە خالىي بولغىلى بولمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇلارنى ئۆزۈم كۆزلىگەن تىل - يېزىق تەربىيەسىگە ئىگە قىلالمىدىم، بۇ نۇقتىدا ھەتتا ئۆز بالىلىرىمنىڭمۇ ماڭا قارىتا پىكرى چىققانىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ماگىستىرلىق ياكى باكلاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىمتىھان بەرمەكچى بولۇپ قالسا، ھەتتا ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانى بەرگەن ۋاقتىدا، ئۇلار يېتەرلىك مەكتەپ تەربىيەسىگە ئىگە بولالمىغانلىقىنىڭ زىيىنىنى ھېس قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋاھالەنكى، مەن ھېلىھەم شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ناۋادا مەن ئۇلارنى چوقۇم ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتقان بولسام، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى مول مەكتەپلەردە ياكى ئاتا-ئانىلىرى بىلەن دائىم بىللە بولۇش جەريانىدىلا ئالالايدىغان ئاشۇ خىل تەربىيەگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مېنىڭچە خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئاددىي كەسىرى ئۇچۇن غەم تارتماي يۇرىۋەرسەممۇ بولاتتى، ھالبۇكى ئۆز تەسىراتىمدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە ياكى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئەگرىنى تۈز قىلىمەن دەپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئاشۇ خىل سۇنئىي تەربىيەگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىپادىلەنگەن ئاشۇ خىل ئاددىي - ساددا ۋە باشقىلار ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈشتەك روھنى ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل سۇنئىي تۇرمۇش شەكلى مېنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىم ئۇچۇن بىر خىل توسالغۇ بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، مەن ئۇلارغا تىل - يېزىق تەربىيەسى بېرەلمىگەن بولساممۇ، ئۇلارنى ياكى ئۆزۈمنى مەمنۇن قىلالىغانىدىم، لېكىن مەن ئۆتمۈشۈمنى ئەسكە ئالغىنىمدا، ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم دەپ قارىمايمەن، ئۇلارنى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بېرەلمىگەنلىكىم ئۇچۇنمۇ ئۆكۈنمەيمەن. مەن ھەمىشە بۈگۈنكى كۈندە چوڭ ئوغلۇمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن ئاشۇ خىل ناچار مىجەزنى دەل ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەربىيە كۆرمىگەن بەڭباشلارچە تۇرمۇشۇمنىڭ ئىنكاسى دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇ يىللارنى بىر نەرسىلەرنى چالا - بۇلا ئاڭقىرىپ، تەنتەكلەرچە ئۆتكەن بىر مەزگىلىم دەپ قارايمەن. بۇ ھال مېنىڭ چوڭ ئوغلۇمنىڭ كىشىلەرگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر بەرگەن چاغلاردىكى ئىپادىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ بۇنىڭ مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەڭگىللىكتەك ۋە تەجرىبىسىز چاغلىرىمغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ ئەينى چاغلارنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ شانلىق دەملەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ھالبۇكى ئۇ كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىر خىل خىيالنىڭ تەسىرى دەپ بىلىپ، بۇنى خاتا ھالدا ئىلغارلىق دەپ چۈشىنىۋالغانىدى. ئۇ قانداق ئويلىسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. نېمىشقا ئۇ مېنىڭ دەسلەپكى

تۇرمۇشۇمنى ئويغىنىشقا ۋەكىللىك قىلىغان بىر باسقۇچ، كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى رادىكاللارچە ئۆزگىرىش، خام خىيال ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان بىر خىل مەسئۇلىيەتچانلىقنى ۋەكىللىك قىلىدىغان يىللار دەپ چۈشەنمەيدۇ؟ دوستلىرىم ھەمىشە مەندىن: باللارغا مەكتەپ تەربىيەسىنى سىڭدۈرسەڭ نېمە يامىنى؟ ئۇلارنىڭ قانىتىنى قىرقىۋېتىشكە نېمە ھەددىڭ؟ ئۇلارنىڭ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشىغا ۋە ئۆز تۇرمۇشىنى تاللىشىغا نېمىشقا توسقۇنلۇق قىلىسەن؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورىشىدۇ.

مەن بۇ مەسىلىلەرنى بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايمەن. مەن تالاي ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقانمەن، مەن ئۆزۈم ياكى باشقىلار ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ مائارىپ «خۇمارىم»نى باشقا باللارغىمۇ تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇپ باققانمەن ھەم بۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەنمەن، مەن بۈگۈنكى نۇرغۇن ياشلارنى ئوغۇللىرىم بىلەن تەڭدېمەتلىك دەپ قارايمەن، لېكىن ئۇلارنى ئوغۇللىرىمدىن ئاللىقانداق ياخشى، ئۇلاردا ئوغۇللىرىم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر بار، دەپ قارىمايمەن.

ۋاھالەنكى، تەجرىبىلىرىمنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى كەلگۈسىدە تەۋەللۇت بولاتتى. بۇ يەردە بۇ مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسىتىم، مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەلۇم ئىنتىزامغا ئىگە ئائىلە تەربىيەسى بىلەن مەكتەپ تەربىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى دەڭسەپ بېقىش، شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ باللارنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا قىلىدىغان تەسىرىنىمۇ مۆلچەرلەپ بېقىش ئىدى. مەن بۇ بابنى يېزىش ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى تەجرىبە قىلىۋاتقاندا، خېلى زور دەرىجىدە سەۋرچان بولۇشى كېرەكلىكىنى، شۇنىڭدەك ئەركىنلىككە ئىخلاسمەن بىر ئادەمنىڭمۇ ئاشۇ مۇقەددەس ئىلاھە ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش، بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى قەيت قىلماقچىدىم. ناۋادا مەندە كىشىلىك غۇرۇر كەمچىل بولسا ھەمدە مەن باللىرىمغا باشقا باللار ئېرىشەلمەيدىغان تەربىيەنى بېرەلىگەنلىكىم بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالسام، ئۇنداقتا مەن

ئۆلارنى يېزىق تەربىيەسىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن ئەركىنلىكتىن ۋە كىشىلىك غۇرۇر ھەققىدىكى ئۆگىنىش تېمىلىرىدىن مەھرۇم قىلغان بولىمەن. ھالبۇكى، ئەركىنلىك بىلەن ئۆگىنىشنىڭ بىرسىنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، كىممۇ ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە ياخشى دېمىسۇن؟

1920 ـ يىلى مەن قۇللۇق شەھىرى بولغان ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن چاقىرىپ ئاچققان ئاشۇ ياشلارغا: قۇللۇق كىشەنلىرىگە بەند قىلىنىپ يازما تەربىيە ئالغاندىن خەت تونۇمايدىغان ساۋاتسىز بولغان، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلىغان تۈزۈك، دەپ نەسىھەت قىلغانىدىم. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار بۇ مۇراجىئىتىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندۇر.

## ئالتىنچى باب

# مۇلازىمەت روھى

ئىشلىرىم ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتتى، لېكىن ئارزۇيۇمدىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. ماخاۋ كېسەللىكى بار بىر ئادەم ھەر قېتىم ئېسىمگە ئالدىغا كەلگەندە، تۇرمۇشۇمنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇش ۋە قېرىنداشلار ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي خىزمەت قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەر مېنى ھاياجانلاندۇراتتى ۋە تىت ـ تىت قىلاتتى. ئۇنى بىر قاچا ئاش بەرمەي ماڭدۇرۇۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، جاراھىتىگە دورا سۈركەيتتىم ھەمدە ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىم. لېكىن، بۇ ئىشنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيتتىم، مەن بۇنى كۆتۈرەلمەيتتىم، ئۇنى مەڭگۈ ئېلىپ قالاي دېگەن ئىرادە مەندە كەمچىل ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدا كېلىشىملىك ئىشچى بولۇشقا ئەۋەتىپ بەردىم.

لېكىن، مەن ھەمىشە خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتىم. مەن بەزى مەڭگۈلۈك خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىش ئارزۇسىدا ئىدى. سانت ئايدان (St Aidan) مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى دوكتور بوس ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇپ، ھەقسىز كېسەل كۆرۈپ قويياتتى. باچ رۇستومجىنىڭ ئىئانىسى بىلەن بىز كىچىككىنە خەير ـ ساخاۋەت دوختۇرخانىسى قۇرغاندۇق، بۇنىڭغا دوكتور بوس ئۆزى مەسئۇل ئىدى. مەن بۇ دوختۇرخانىدا سېستىرا بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. دورا تەڭشەشكە كۈندە بىر ـ ئىككى سائەت ۋاقىت كېتەتتى. كەسپىي ئىشلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ئىش ئورنۇمدا بولغاچقا، گۇۋاھنامە چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. تەبىئىيكى ناھىيەلىك

سوت مەھكىمىسىدە ھەمىشە مېنى كۈتۈپ تۇرغان بەزى دېلولار بولاتتى، لېكىن بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تالاش ـ تارتىشسىز ئاددىي دېلولار ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىغا مەن بىلەن بىللە كەلگەن كىخان (Khan) ئەپەندى ئۇ چاغدا مەن بىلەن بىللە تۇراتتى. مەن يوق چاغلاردا خىزمەتلەرنى ئۇ بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇڭا ۋاقتىم بولسىلا بۇ كىچىك دوختۇرخانىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلاتتىم. دوختۇرخانىغا بېرىپ ـ كېلىشكە ھەر كۈنى ئىككى سائەت ۋاقىت كېتەتتى. بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم خېلىلا ئارام تېپىپ قالدى. مەن كېسەللەرنىڭ يىكرىنى ئېلىپ، دوختۇرغا چۈشەندۈرۈپ، دورا تەڭشەشنى بېرەتتىم. بۇ مېنى ھىندىستانلىق بىمارلار بىلەن قويۇق ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېلىشىملىك ئىشچىلار ئىدى، يەنە تامىللارمۇ، درۇگۇلارمۇ، شىمالىي ھىندىستانلىقلارمۇ بار ئىدى.

بۇ خىل تەجرىبىلەرنىڭ ماڭا پايدىسى تەگكەنىدى. بور ئۇرۇشى مەزگىلىدە، مەن يارىدارلارغا قاراش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانىدىم.

بالىلارنى بېقىش مەسىلىسى مەن ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇغۇلغانىدى، مېنىڭ دوختۇرخانىدىكى مۇلازىمىتىمنىڭ ئۇلارنى بېقىشىمغا كۆپ پايدىسى تەگكەنىدى. مېنىڭ مۇستەقىل ئىش كۆرۈش روھىم سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشىمدىكى قورۇماس بولاق ئىدى. مەن خوتۇنۇم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇ يەڭگىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى داۋالىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدىم. لېكىن، دوختۇر بىلەن سېستىرا ھالقىلىق پەيتتە بىزنى قويۇپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويسا، مەن نېمىمۇ قىلالايمەن؟ شۇڭا سېستىرا جەزمەن ھىندىستانلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقىدا تەربىيە كۆرگەن ھىندىستانلىق سېستىرانى تېپىش ھىندىستاندىكىدىن ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن بىخەتەر يەڭگىشكە دائىر زۆرۈر بىلىملەرنى تەتقىق قىلدىم. مەن تىرىبھۇۋانداس (Tribhuvandas) دوختۇر يازغان «ئانىلار ئۇچۇن زۆرۈر ئوقۇشلۇق» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، كىتابتا كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىككى بالامغا قاراش

ئىشنىنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالدىم. باشقا جايلاردىن ئاڭلىغان تەجرىبىلەرنىمۇ پۈتۈنلەي قوللاندىم. مەن بىر سىستىرانى تېپىپ بوۋاققا ئەمەس، ئاساسلىقى خوتۇنۇمغا قاراشقا سالغاندىم، بوۋاققا قاراش ئۆزۈمنىڭ ئىشى ئىدى.

ئاخىرقى بالامنىڭ تۇغۇلۇشى مەن ئۈچۈن بىر ئېغىر سىناق بولغانىدى. تۇغۇت ئانىسى تېپىشقىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ نەق مەيداندا بولغان تەقدىردىمۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇشىغا ياردەم بېرەلمەيتتى. مەن بالىنىڭ بىخەتەر تۇغۇلۇشىغا باشتىن ـ ئاخىر قارىدىم. تىرىبىخۇۋانداس ئەپەندىنىڭ ئەسىرىگە بولغان ئىنچىكە تەتقىقاتىم ماڭا مۆلچەرلىگۈسىز ياردەم بەرگەنىدى. مەن ئانچە جىددىيلىشىپ كەتمىگەنىدىم.

ئىشەنچىم كامىلكى، بالىنى مۇۋاپىق بېقىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بالىغا قاراش ۋە كۈتۈشكە دائىر ئادەتتىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى زۆرۈر. مېنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بولغان تەپسىلىي تەتقىقاتىم مېنى قەدەممۇقەدەم ياخشى مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى. ئەگەر مەن بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلمىغان، بۇ بىلىملەردىن پايدىلانمىغان بولسام، بالىلىرىم بۈگۈنكى نورمال ساغلاملىقتىن بەھرىمەن بولالمىغان بولاتتى. بىزدە شۇنداق بىر خىل خۇراپاتلىق باركى، بالا بەش ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ھېچنېمە ئۆگەتمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايمىز. بىراق، بالىلار بەش ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەرنى بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆگىنىۋالالمايدۇ. بالىلار تەربىيەسى تۆرەلمە مەزگىلىدىن باشلىنىدۇ. ئانا قورساق كۆتۈرگەندە، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بارچە ھالەتلىرى بالىنىڭ جىسمىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، تەۋەللۇت مەزگىلىدە تۆرەلمە ھەمىشە ئانىنىڭ كەيپىياتىنىڭ، ئارزۇسىنىڭ ۋە مىجەز ـ خۇلقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەبىئىيكى، يەنە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنى دورايدۇ. يەنە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى پۈتۈنلەي ئاتا ـ ئانىنىڭ ھامىيلىقىدا بولىدۇ.

ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپ بۇ ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، مەڭگۈ جىنسىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىنلا جىنسىي ئالاقە قىلىدىغان بولمايدۇ. ئۇلار بالىلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلغان

ۋاقتىدىلا ئاندىن بۇ ئىشقا تۇتۇنىدۇ. بەزىلەر جىنسىي ھەرىكەت خۇددى ئۇيقۇ ۋە يېمەك ــ ئىچمەككە ئوخشاش كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل مۇستەقىل ئىقتىدار دېگەنگە ئىشىنىدۇ. مەن بۇنى ئۇچىغا چىققان نادانلىق دەپ قارايمەن. كىشىلىك دۇنيا ئەۋلاد قالدۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ دۇنيا پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى ۋە ئۇنىڭ شانۇشەۋكىتىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر، شۇڭا ئەۋلاد قالدۇرۇش پائالىيىتىگە كىشىلىك دۇنيانىڭ تەرتىپلىك رەۋىشتە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن دەرىجىدە چەك قويۇش كېرەك. مۇشۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن ھەرقانداق ئادەم بەدەل تۆلەشتىن يانماي جىنسىي ھەۋىسىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ جىسمانىي، مەنىۋى جەھەتتىكى پاراۋانلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملەر بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرالايدۇ ھەمدە بۇ خىل بىلىملەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

## يەتتىنچى باب

## پەرھىز (1)

ھېكايە سۆزلىنىپ بۇ يەرگە كەلگەندە، «پەرھىز» تۇتۇمەن دەپ بەرگەن قەسىمىم ئۇستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان ۋاقتىمنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. توي قىلغاندىن بۇيان خوتۇنۇم بىلەن بىر ئەر - بىر خوتۇنلۇق تۇزۇمدىكى كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشنى كەچۈرۈپ كەلگەندۇق. مەن ئايالىمغا بولغان ساداقەتمەنلىكنى ھەقىقەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتىم. لېكىن، مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلگەندىن كېيىن «پەرھىز» تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم، بۇ ھەتتا خوتۇنۇم ئۇچۇنمۇ شۇنداق ئىدى. مەن ئىدىيەمنىڭ بۇ يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالىلىقانداق مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن ياكى بىرەر كىتابنىڭ ئىلھامىدىن بولغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمەن. بىراق شۇنىسى ئېسىمدىكى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي ئامىل رايچاندبەينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىمدىن بولغانىدى. بۇ ئادەم توغرۇلۇق ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملا پاراڭلاشقانلىقىمۇ ئېسىمدە. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گىلادستون (Gladstone) خانىمنىڭ ئېرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى ماختىغانىدىم. مەن بىر كىتابتىن گىلادستون خانىمنىڭ ئېرى گىلادستون ئەپەندىنىڭ تۆۋەن پالاتادا خىزمەتلەرگە ئىشتىراك قىلىۋاتقان ۋاقتىدىمۇ چاي دەملەپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بۇ بىر جۈپ شەۋكەتلىك ئەر - خوتۇننىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر خىل قانۇنىيەتكە ئايلانغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى نەقەدەر ماسلاشقان - ھە! مەن بۇ ھېكايىنى رايچاندبەيگە ئېيتىپ بېرىپ، بۇ

خىل ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھىر ـ مۇھەببەتنى مۇنداقلا ماختاپ قويغانىدىم. سىزنىڭ «ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغان تەتقىقاتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى رايچاندبەي مەندىن، — گىلادستون خانىمنىڭ ئېرىگە بولغان خوتۇنلۇق مۇھەببىتىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئاشۇ خىل ساپ غەمگۇزارلىقىمۇ؟ ئەگەر گىلادستون خانىم گىلادستون ئەپەندىگە غەمخورلۇق قىلغان بولسا، سىز ئۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولاتتىڭىز؟ ئەجەبا، بىز بۇنداق سەمىمىي ـ ساداقەتمەن ئاچا ـ سىڭىللارنى ۋە چۆرىلەرنى كۆرمىگەنمۇ؟ ئەگەر سىز بىر ئەر چاكارنىڭ ئوخشاشلا سەمىمىي ئىكەنلىكىنى بايقىسىڭىز، سىز گىلادستون خانىمنى ياقتۇرۇپ قالغانغا ئوخشاش ئۇنىمۇ تەرىپلەمتىڭىز؟ مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئويلاپ بېقىڭ.»

رايچاندبەينىڭمۇ خوتۇنى بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىمچە، ئۇنىڭ گەپلىرى ئۇ چاغدا قۇلىقىمغا ياقمىغانىدى، لېكىن مېنى قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەن بىر چاكارنىڭ ساداقەتمەنلىكى بىر خوتۇننىڭ ئېرىگە بولغان ساداقىتىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە ماختاشقا لايىق دەپ بىلەتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئايرىلماسلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇ خىل ساداقەتمەنلىك ئىنتايىن تەبىئىي بولاتتى، لېكىن چاكار بىلەن خوجايىن ئوتتۇرىسىدا بىر خىل پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا، ئاندىن شۇنىڭغا باراۋەر ساداقەتمەنلىككە يەتكىلى بولاتتى. بۇ شائىرنىڭ قاراشلىرى قەلبىمدە بارا ـ بارا ئۇلغىيىشقا باشلىدى.

مەن ئۆزۈمدىن: ئايالىم بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم زادى قانداق؟ مېنىڭ ساداقىتىم خوتۇنۇمنى جىنسىي خۇمارىمنى چىقىرىۋالىدىغان بىر خىل قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىمۇ، قانداق؟ مەن پەقەت جىنسىي ھەۋەسىنىڭ قۇلىلا بولىدىكەنمەن، ئايالىمغا بولغان ساداقىتىم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ سورىدىم. لىللا گەپ قىلسام، ئايالىم مېنى ئەزەلدىن ئۆزىگە رام قىلىش ئويىدا بولۇپ باققان ئەمەس، شۇڭا مەن خالىسالا پەرھىز تۇتىمەن دەپ قىلغان قەسىمىمنى ئورۇنلاش ئاسان ئىدى. بۇ يەردىكى بىردىنبىر توسالغۇ ئىرادەمنىڭ ئاجىزلىقى ۋە جىنسىي ھەۋەسىمنىڭ جەزىبىسى ئىدى.

بۇ ئىشتا مەن ئاشۇنداق ئىرادىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە بىر ـ ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولغانىدىم. مەغلۇپ بولۇشۇمغا مېنىڭ بۇنداق

تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمدىكى مۇددىئايىمنىڭ دېگەندەك يۈكسەك بولمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. مېنىڭ ئاساسىي مەقسىتىم يەنىمۇ ئۈششاق بالىلىق بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئىدى. مەن ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا دائىر بەزى كىتابلارنى ئوقۇغانىدىم. مەن گۆششىز غىزالىنىشقا دائىر ئاشۇ بابتا ئاللىنسون دوختۇرنىڭ تۇغۇت چەكلەش ھەققىدىكى تەشۋىقاتى توغرۇلۇق توختالغانىدىم. ئەگەر بۇنىڭ ماڭا قارىتا بەلگىلىك تەسىرى بولدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا ئاللىنسون دوختۇر ئۇ خىل ئۇسۇلغا ــ تاشقى تەسىردىن پايدىلىنىپ مەنئۇيەتنى ئىشقا سېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇ خىل تىرىشچانلىققا، يەنى ئۆزىنى تىزگىنلەيدىغان ئۇسۇلغا قارشى ئىدى. لېكىن، بۇ چارىنى تەتبىقلاش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۇچرىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن تېخىمۇ كۆپ بالىلىق بولۇشنى خالىمىغاچقا، ئۆزۈمنى تىزگىنلەشكە باشلىدىم. بۇنى ئورۇنلاش ئىنتايىن تەس ئىدى. بىز دەسلەپتە ئايرىم كارىۋاتتا ئۇخلىدۇق. مەن بىر كۈن قاتتىق ئىشلەپ ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەندىلا، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلايتتىم. مېنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ ھېچقانچە نەتىجىسى بولمىدى. لېكىن، ئۆتمۈشكە نەزەر سالغىنىمدا، ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسىنىڭ دەل ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز سىناقلارنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن.

مەن ئاخىرقى ئامالنى 1906 ـ يىلى ئويلاپ تاپتىم. ئۇ چاغدا زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى تېخى باشلانمىغانىدى. مەن ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنى قىلچىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. بور ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ناتالدا زۇلۇلار «توپىلىڭى» كۆتۈرۈلدى. ئۇ چاغدا مەن تېخىچە جوخاننېسبۇرگتا ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتاتتىم. مەن بۇنداق ئەھۋالدا ناتال ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىم كېرەك، دەپ ھېسابلىغانىدىم. مېنىڭ تەكلىپىم قوبۇل قىلىندى. بۇ ھەقتە بىز كېيىن توختىلىمىز. ھالبۇكى، بۇ خىزمەت مېنى ئىنچىل ھالدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنىلا ئويلايدىغان قىلىپ قويغانىدى. يەنە كېلىپ مەن ئادىتىم بويىچە ئويلىغانلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشاتتىم. تۇغۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بالىلارغا قاراش ئىشى مېنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىمگە زىت ئىدى،

ئاممىۋى خىزمەت ئاللىقاچان ئېتىقادىمغا ئايلانغانىدى. «توپىلاك» مەزگىلىدە، مەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئۈچۈن جوخانىسبۇرگتىكى بارلىق ئاپپاراتلىرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ بىر ئاي بولا ـ بولمايلا، ئالاھىدە ئۇيلىشىشلار ئارقىلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيۈمنىمۇ تاشلىۋەتتىم. مەن خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ئېلىپ سۇمۇرغ كەنتىگە كېلىپ، ناتال قىسمىدىكى ھىندىستانلىق سانتارلار ئەترىتىدىكىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئالدىم. ئەينى چاغدىكى جاپالىق ھەربىي يۈرۈشلەردە مەن مۇشۇنداق روھ بىلەن ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماقچى بولسام، بالا بېقىش، مال ـ دۇنيا يىغىش دەيدىغان ئارزۇلارنى تەرك ئېتىپ، ئائىلە غېمىدىن خالىي ـــ «ۋاناپراستا» (Vanaprastha)لارچە تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم زۆرۈر، دېگەن خىيالغا كەلگەنىدىم.

بۇ قېتىمقى توپىلاك ئالتە ھەپتىلا داۋام قىلالىدى، لېكىن بۇ قىسقىغىنا مەزگىل ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ قالغانىدى. ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ساقلىنىش ھەققىدىكى قەسەمنىڭ مۇھىملىقى قەلبىمدە بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. مەن قەسەم ـ لەۋز دېگەننىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىك ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئېچىلىشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. مېنىڭ بۇ چاغلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىمغا ئىرادەمنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەب بولغانىدى. مەندە ئۆزۈمگە، پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتىگە بولغان ئىشەنچ كەمچىل ئىدى. شۇڭلاشقا، ئوي ـ پىكرىم گۇمان ۋە تەشۋىشنىڭ ئەسەبىي دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرەتتى. مەن ئۆمرى بىر خىل ئېزىقىشقا رام بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن، قەسەم قىلىشتىن قورقىدىغان بىر ئادەمنى تونۇيمەن. ھالبۇكى، قەسەمنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنغان ئادەم خۇددى شاللاقلارچە تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ ھەقىقىي بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق نىكاھ ھاۋاسىدا ياشاۋاتقان كىشىگە ئوخشايدۇ. «مەن ئادەمنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىمەن، قەسەمنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا ئۇچراشنى خالىمايمەن». بۇ بىر خىل زەئىپلەرچە مەنىۋى ھالەتتۇر، ئۇ بىر خىل كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان ساقلانغۇسىز ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكنىڭ ئىنكاسى ئىدى، بولمىسا ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق مۇھىم



www.uyghurkitap.com

قارارغا كېلىشتىن قېينىلىدۇ. مەن كەلگۈسىدە ماڭا زىيىنى يېتىدىغان بوغما يىلاندىن قېچىشىم كېرەك دەپ قەسەم قىلغانمەن. بۇ نوقۇل ھالدا جاۋابكارلىقتىن قېچىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلا ئەمەس ئىدى. نوقۇل تىرىشچانلىقتا تاپىنىۋېلىش بوغما يىلاننىڭ كەلگۈسىدە زىيىنى يېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەر پاكىتقا كۆز يۇمغانلىقتۇر. شۇڭا مەن ئادىمىي كۈچ بىلەنلا چەكلىنىپ قالسام، بۇ مېنىڭ تېخى ئېنىق ھەرىكەت قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىمنى ئىپادىلەيدۇ. «ھالبۇكى، قاراشلىرىم كەلگۈسىدە ئۆزگىرىپ قالسا، مەن ئۆزۈمنى قەسەم بىلەن قانداقمۇ تۇتۇپ تۇرالايمەن؟». بۇنداق تەشۋىشلەر مېنى ھەمىشە ئىككىلەندۈرۈپ قوياتتى. لېكىن، ئۇ خىل تەشۋىشلەر پەۋقۇلئاددە بىر خىل شەيئىدىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ نۇقتىدا چۈشەنچەمنىڭ يېتەرسىزلىكى ئېنىق ئاشكارىلانغانىدى. شۇڭا، نىشكۇلاناند (Nishkulanand) مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتقان:

تەرك ئەتتىم بولمايلا بىزار،
ئۆزاققىچە چەكتىم ئاھۇ زار.

شۇڭا، ئارزۇ ـ ھەۋەستىن خالىي بولغان ھامان، پەرھىزانە قەسەملەرمۇ تەبىئىي ھالدا مۇقەررەر ئاقىۋەت بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# سەككىزىنچى باب

## پەرھىز (2)

ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشلاردىن كېيىن مەن 1906 ـ يىلى مۇشۇنداق قەسەم قىلدىم، تاكى قەسەم قىلىدىغان چاغدىلا ئاندىن ئايالىمغا مەسلىھەت سالدىم. ئىلگىرى ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا دېمىگەنىدىم. ئۇ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. لېكىن، ئىرىشچانلىقىم يەنىلا بىكارغا كەتتى. مەن ئاجىز كەلگەنىدىم. مەن ئۆز ھەۋىسىمنى قانداقمۇ تىزگىنلىيەلەيمەن؟ ئايالىم بىلەن بولغان جىنسىي مۇناسىۋىتىمنى يوققا چىقىرىش ئەينى ۋاقىتتا بىر ئاز غەلىتىلىك ھېسابلىناتتى. لېكىن، مەن پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرەت ـ كامالىغا بولغان ئىشەنچىم بىلەن يېڭى مەنىۋى تەجرىبەمنى باشلىدىم.

قەسەم قىلغاندىن كېيىنكى بۇ 20 يىللىق كەچۈرمىشلىرىمنى ئويلىسام، قەلبىم شاد ـ خۇراملىق ۋە ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلىدۇ. مەن 1901 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا باشلاپ ئاز ـ تولا نەتىجىمۇ قازانغانىدىم. لېكىن، 1906 ـ يىلىغا كەلگۈچە، مەن قەسەم قىلغاندىن كېيىنكى ئاشۇ خىل ئەركىنلىك ۋە ئۈمىدۋارلىقنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. قەسەم قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر ۋاقىت ئېزىقىپ كېتىش ئېھتىماللىقىم بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە قىلغان قەسىمىم ئېزىقىشقا قارشى ئىشەنچلىك قورالىم بولۇپ قالدى. «پەرھىز»نىڭ يوشۇرۇن قۇدرىتى ماڭا كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنى تونۇتماقتا ئىدى. مەن قەسەمنى سۇمۇرغ كەنتىدىكى ۋاقتىمدا قىلغانىدىم. مەن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدىن قول ئۈزۈپلا سۇمۇرغ كەنتىگە كەلدىم. ئاندىن جوخاننېسبۇرگقا كەتتىم. مەن ئۇ جايغا قايتىپ

بىرەر ئايلاردىن كېيىن زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىنى سالدىم. «پەرھىز» قەسىمىم مېنىڭ بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقىم بولۇپ قالدى. مەن زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر خىل ئالدىنئالا پىلانلانغان ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى ئىستىخىيەلىك كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ھېس قىلمىغانىدىم. مەن بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگەنىدىم. بىراق، مەن ئىلگىرىكى قەدەملىرىمنىڭ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ تاشلانغانلىقىنى چۈشىنىمەن. مەن جوخانىسبۇرگتا ئائىلە چىقىمىمنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، سومۇرغ كەنتىگە كېلىپ «پەرھىز» تۇتۇش ھەققىدە قەسەم قىلدىم.

«پەرھىز» قەسىمىمنى شەكسىز ئادا قىلىش «بىراھمانلىق»نىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئىدى. بۇنى مەن نوم ـ سۇترالادىن ئەمەس، بەلكى تەجرىبىلىرىم داۋامىدا ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلغانىدىم. بۇنىڭغا دائىر نوملارنى ئوقۇشۇم كېيىنكى ئىش ئىدى. مۇشۇ قەسەمنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆتكەن ھەربىر كۈن مېنى بۇ خىل تونۇشقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇراتتى. «پەرھىز» تەن بىلەن روھنى قوغدايدىغان بىر خىل قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ھازىر «پەرھىز» بىر خىل جەبىر ـ جاپالىق جەريان بولماستىن، بەلكى بىر خىل تەسەللى ۋە خۇشاللىق بولۇپ، ھەر كۈنى ماڭا ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلانى بېغىشلايتتى.

ۋاھالەنكى، ئۇنى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر خىل خۇشاللىق دېسەم، بۇنى مەن ئۈچۈن ئاسان توختىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن ھازىر 56 ياشقا كىردىم. مەن بۇنىڭ نەقەدەر مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن. مەن كۈندىن ـ كۈنگە شۇنى ھېس قىلماقتا ئىدىمكى، بۇ خۇددى پىچاقنىڭ بىسىدا ماڭغاندەك بىر ئىش ئىدى، مەن ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

قەسەمنى ئادا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىشتىھانى يېڭىش ئىدى. مەن ئىشتىھانى پۈتۈنلەي يەڭگەندە قەسەمنى بەجا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم. شۇڭا، مەن ھازىر يېمەك ـ ئىچمەككە نوقۇل گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەرنىڭ مەۋقەسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر پەرھىزكارنىڭ مەيدانى بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلىدىغان بولغانىدىم. مەن بۇ سىناقلارنىڭ نەتىجىسىدە پەرھىزكارلار يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆزىگە چەك قويۇشى، ئاددىي يېمەكلىكلەرنى يېيىشى، ئۇنىڭغا دورا ـ دەرمەك





www.uyghurkitap.com

قوشماسلىقى، يەنە كېلىپ مۇمكىن بولغاندا ئەڭ ياخشىسى خام يېيىشى كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدىم.

ئالتە يىللىق تەجرىبەمدىن شۇنى چۈشەندىمكى، يېڭى مېۋە ـ چېۋە ۋە قاتتىق پوستلۇق مېۋە پەرھىزكارلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يېمەكلىكى ئىدى. مەن يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى، مۇشۇنداق يېمەكلىكلەرنى يەپ هايات كەچۈرگەندە شەھۋەتنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا ئوزۇقلۇقۇمغا مېۋە ـ چېۋە ۋە قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنىلا ئىستېمال قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا «پەرھىز» قەسىمىمنى ئادا قىلىشنى ئانچە قىيىن هېس قىلمىغانىكەنمەن. مەن كالا سۈتى ئىچىشكە كىرىشكەندىن كېيىن تولىمۇ زورۇقىدىغان بولۇپ قالدىم. نېمىشقا مېۋە ـ چېۋە ۋە كالا سۈتى ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى كېيىن دەيمەن. بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا تېگىشلىكى، مەن كالا سۈتى ئىچكەندە «پەرھىز» قەسىمىنى ئادا قىلىش تەسكە چۈشىدۇ، دېگەندىن قىلچە گۇمانلانمايتتىم. بىراق، كىشىلەرنىڭ پەرھىزكارلارنىڭ هەممىسى كالا سۈتى ئىچسە بولمايدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئوخشىمىغان يېمەكلىكلەرنىڭ پەرھىزكارلارغا بولغان تەسىرىنى كۆپ قېتىملىق تەجرىبە ئارقىلىقلا ئاندىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. مەن قايسى مېۋىنىڭ سۈتىنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئەتكە ئوخشاشلا پايدىلىق ئوزۇقلۇقنىڭ ئاسان هەزىم بولىدىغانلىقىنى بايقىشىم كېرەك ئىدى. غەربچە دوختۇرلار، هىندى دىنى دوختۇرلىرى ۋە مۇسۇلمان دوختۇرلارنىڭ هەرقايسىسى مېنى يېتەكلىيەلمىدى. شۇڭا، مەن كالا سۈتىنىڭ بىر خىل غىدىقلىغۇچى يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، لېكىن باشقىلارنى كالا سۈتى ئىچمەسلىككە ئالدىراپ سايە قىلمايتتىم.

پەرھىزنىڭ بىر خىل سىرتقى ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاچلىق، يېمەكلىك تاللاش ۋە ئاز يېيىش ئوخشاشلا مۇھىم، هېسسىيات مانا مۇشۇنداق هەممىدىن ئۈستۈن بىر خىل كۈچ، ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن تېگىش قىلىپ بۇلجىماس هالەتكە چۈشۈرگەندىلا ئاندىن تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. هەممىگە مەلۇمكى، ئاشلىق بولمىسا هېسسىيات

دېگەن بۇ نەرسە ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. شۇڭا، مەن ئاچلىقنىڭ ھېسسىياتنى تىزگىنلەشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچى ئىكەنلىكىگە قىلچە شەك كەلتۈرمەيمەن. مەلۇم كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاچلىقنىڭ ھېچقانداق رولى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار مېخانىك ھالدىكى ئاچلىقتا تايىنىپلا بولمىغۇر ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، نەرسە ـ كېرەك يېمىسىمۇ، كاللىسى ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان بولىدۇ، ھە دېسىلا ئاچلىق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن نېمىلەرنى يېيىش ئۈستىدىلا چوت سوقىدۇ. بۇنداق تەركىتاماقلىق ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى، شەھۋىتىنى تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرەلمەيدۇ. روھىي ھالەت بىلەن ئاچ بەدەن ھەمكارلاشقان چاغدىلا، يەنى ئۇ بەدەندە بولماسلىقتا تېگىشلىك نەرسىلەرگە پىسەنت قىلمىغان چاغدىلا تەركىتاماقلىقنىڭ ئاندىن رولى بولىدۇ. روھىي ھالەت بارلىق ھېسسىياتنىڭ يىلتىزى. شۇڭا، تەركىتاماقلىقنىڭ رولى چاغلىق بولىدۇ، جىنسىي ھەۋەسنىڭ يوقىلىشى ئادەتتە مۇمكىن ئەمەس، لېكىن «پەرھىز» تۇتىمەن دەپ قەسەم بەرگەن ئادەم تاماقنى تەرك قىلمىسا بولمايدۇ. «پەرھىز»كارلىقنى قىزغىن ياقلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇپ بولدى. چۈنكى، ئۇلار پەرھىز تۇتمىغان كىشىلەرگە ئوخشاش باشقا ھېسسىياتلىرىنى تىزگىنلىيەلمىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى گويا پىژغىرىم تومۇزدا قىشنى تىلىگەنگە ئوخشاش بىھۇدە ئىش بولدى. پەرھىزكار بىلەن پەرھىز تۇتمىغان ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا ئېنىق چېگرا بولۇشى كېرەك. ئىككىيلەننىڭ ئوخشاشلىقى يۈزەكى ئەھۋال، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۈندۈزدەك روشەن، ئۇلار شەيئىلەرنى ئوخشاشلا كۆزى بىلەن كۆزىتىسىمۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، پەرھىزكار شەيئىلەرگە پەرۋەردىگارنى كۆرىدىغان كۆزى بىلەن قارايدۇ، باشقىلار ئەتراپىدىكى ئۈششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى كۆرىدىغان كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئۇلار ئوخشاشلا قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغىنى بەزىلەرنىڭ قۇلىقىدا ساماۋى قەسىدىلەر ياڭرىسا، بەزىلەرنىڭ قۇلىقى بۇ دۇنيادىكى پەس ئاھانەتلەرنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار ئوخشاشلا كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغىنى، بەزىلەر پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن پەرۋەردىگارغا سىغىنىپ چىقسا، بەزىلەر ۋاقتىنى قوپال ھەم مەنىسىز شادىمانلىقتا

ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئوخشاشلا پەرۋەردىگارنىڭ سىيماسى بار. لېكىن، ئوخشىمايدىغىنى، بەزىلەر مەسچىت، ئىبادەتخانىلاردا ياخشىلىق ـ مۇرۇۋۋەت بىلەن ھىدايەتلەرگە نەزەر سالمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى ئادەم گويا ئىككى تۈۋرۈككە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى يىراقلايدۇ.

«پەرھىز» دېمەك، ھېسسىياتنى ئىدىيە، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتىن تىزگىنلەش دېمەكتۇر. مەن ھەر كۈنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۇرلۇك ھەۋەسلەرنى چەكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەممۇدەم ھېس قىلىپ تۇرىمەن. بۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى تۆۋەن، بۇنداق «پەرھىز»گە ئانچىكىم تىرىشچانلىق بىلەنلا يەتكىلى بولمايدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ پەقەتلا بىر غايە. «پەرھىز» تۇتىمەن دەپ ئىرادە قىلغان ئادەم كەمچىلىكلىرىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرۇشى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھاۋايى ـ ھەۋەسنى چىقىرىپ تاشلىشى كېرەك. ئۇي ـ پىكرنى ئىرادە تولۇق تىزگىنلىيەلىگۈچە، «پەرھىز»نى مۇكەممەل، كەم ـ كوتىسىز تۇتقىلى بولمايدۇ. ئۇ ئاڭسىز بىر خىل روھىي ھالەتنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇڭا ئىدىيەنى تىزگىنلىگەنلىك روھىي ھالەتنى تىزگىنلىگەنلىككە باراۋەر، ھالبۇكى، بۇ چويلىدا سۇ توختىتىشتىنمۇ تەس. ئەمما پەرۋەردىگار كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، روھىي ھالەتنى تىزگىنلەش يەنىلا مۇمكىن. كىشىلەر ھەرگىزمۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۆزىنى بىقوۋۇل ھېس قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ئەڭ يۇكسەك نىشاندۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەڭ يۇكسەك تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ۋاھالەنكى، مەن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن نوقۇل ئادىمىي كۈچكە تايىنىپلا بۇ خىل «پەرھىز» كامالەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. تاكى شۇ كەمگە قەدەر مەن مېۋە ـ چېۋە يېسىلا بارلىق ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە مەلھەم بەرگىلى بولىدۇ دەپ ئويلاپ كەلگەنىكەنمەن. شۇڭا، مەن مۇشۇ خىل ئەقىدە بىلەن: «بۇنىڭدىن باشقا قىلغۇدەك نېمە ئىش بار ئىدى» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم.

لېكىن، مەن بۇ بابتا ئۆزۈمنىڭ كۆرەشلىرى ھەققىدە گەپ ئاچماسلىقىم كېرەك، شۇنىڭدەك ماڭا شۇنىسى ئايانكى، ئومۇمەن «پەرھىز» ئارقىلىق پەرۋەردىگارنى تونۇشنى ئىزدىگەن ھەرقانداق ئادەم

ئۆمىدسىزلەنمەسلىكى، پەرۋەردىگارغا بولغان ئىمان ـ ئېتىقادى ئۈز تىرىشچانلىقىغا بولغان ئىشەنچىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

روھ بىلەن تەن بىر تۇغقان،
جۇدالاشماس داۋامەت.
ھەۋىسىنى يىغقانلار،
تاپار نۇسرەت، ھىدايەت.

شۇڭا، پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ئۇنىڭ مەرھەمەتى پەرھىزكارلىقتا ئىرادە باغلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى مەنبەسىدۇر، مەن بۇ ھەقىقەتنى ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىنلا تونۇپ يەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

## توققۇزىنچى باب

# ئاددىي تۇرمۇش

مەن بىر مەزگىل خاتىرجەم ۋە راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنىدىم، لېكىن بۇ كۈنلەر ناھايىتى قىسقا بولدى. مەن ئۆيۈمنى كۆڭۈل قويۇپ زىننەتلىگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قىلچىمۇ مېھرىم چۈشمىگەندى. شۇڭا، مەن مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خىراجىتىمنى ئازايتىشقا باشلىدىم. ماڭا كىرچىنىڭ ھېسابات تالونى ئېغىر كېلەتتى. لېكىن، ئۇ ئەزەلدىن ۋاقتىدا رىئايە قىلمايتتى. ئىككى ـ ئۈچتىن كۆڭلىكىم ۋە ياقىلىقىم بولسىمۇ، بۇلار ماڭا يېتىشمەي قالاتتى. ياقىنى كۈندە ئالماشتۇراتتىم، كۆڭلەكنى كۈندە ئالماشتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، كۈن ئارىلاپ ئالماشتۇراتتىم. مانا بۇ چىقىمنىڭ ئۈستىگە چىقىم بولاتتى. مەن بۇنى ئارتۇقچە ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر كىر يۇغۇچ ئېلىپ، بۇ چىقىمنى تېجەپ قالماقچى بولدۇم. مەن كىر يۇيۇشقا دائىر بىر كىتاب سېتىۋېلىپ، كىر يۇيۇش ھۈنىرىنى تەتقىق قىلدىم ھەمدە بۇنى ئايالىمغا ئۆگىتىپ قويدۇم، بۇ تەبىئىيلا خىزمەت سىجىللىقىمنى ئاشۇرۇۋەتتى، لېكىن ئۇ ماڭا يېڭىياچە تۇيۇلغاچقا، بۇ خىزمەت مەن ئۈچۈن بىر خىل ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەك بولۇپ قالدى.

مەن ئۆز قولۇم بىلەن يۇغان تۇنجى ياقىلىقنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايمەن. مەن ئۇنى يۇيۇپ كىراخماللىدىم، دەزمالنىمۇ ئۆزۈم سالدىم، ياقىنى كۆيدۈرۈپ قويارمەنمىكىن دەپ قورققاچقا، دەزمالنى كۈچەپرەك بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. نەتىجىدە ياقىلىق خېلىلا تەكشىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ياقىغا بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كىراخمال شىرىنىسى تولا چۈشۈپ ئارام بەرمەيتتى. مەن بۇ ياقىلىقنى ئىش ئورنۇمغا ئاپىرىپ خىزمەتداشلىرىمنىڭ مەسخىرىسىگە قالدىم.

لېكىن، ئۇ چاغدا بۇنى ئازراقمۇ كۆڭلۈمگە ئالمىغانىدىم.

— ھەي، بۇ مېنىڭ ياقىلىقىمنى تۈنجى قېتىم ئۆز قولۇم بىلەن يۇيۇشۇم، بىراق پەرۋايىم پەلەك، سىلەرگە كۆلكە دەستىكى بولۇپ بەردىم، جۇمۇ.

— لېكىن بۇ يەردە كىرخانىلار ئاز ئەمەسقۇ؟ — دەپ سورىدى بىر دوستۇم.

— بەك قىممەت ئىكەن، — دېدىم مەن، — ياقىنى يۇغۇزغان پۇلغا باشقا نەرسە سېتىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ ھە دېسىلا كىرچىلارغا بېقىنىپ قالىدىغان گەپ ئىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ نەرسىسىنى ئۆزۈم يۇيۇشنى خالايمەن.

لېكىن، مەن بۇرادەرلىرىمگە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ قالتىسلىقىنى تونۇتالمىغانىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي، مەن كىر يۇيۇش ماھارىتىم بىلەن كىر يۇيۇش مۇتەخەسسىسى، دەپ نام ئالدىم، يەنە كېلىپ يۇغان نەرسىلىرىمنىڭ سۈپىتى كىرخانىلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ياقامنىڭ تىك ۋە پارقىراقلىقى باشقىلارنىڭكىدىن ناچار ئەمەس ئىدى.

گوكلېي جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلگەندە، بىر مۇرىلىك ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ماخادو گوۋىند راناد (Mahadeo Govind Ranade) سوۋغا قىلغانىدى. ئۇ بۇنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ساقلايتتى، شۇڭا پەۋقۇلئاددە سورۇنلاردىلا ئىشلىتەتتى. بىر قېتىم جوخاننېسبۇرگتىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ئۇنى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ قارشى ئالدى، لېكىن ئۇنىڭ ھېلىقى مۇرىلىكى بەك پۈرلىشىپ كەتكەچكە، دەزماللاشقا توغرا كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى كىرخانىغا ئاپارغاندا ۋاقتىدا ئالغىلى بولمايتتى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم بازارغا سېلىپ، ھۈنىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولدۇم.

— مەن سىزنىڭ ئادۋوكاتلىق ماھارىتىڭىزگە ئىشىنىمەن، لېكىن كىرچىلىك ھۈنىرىڭىز بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى گوكلېي، — بۇزۇپ قويسىڭىز قانداق قىلىمىز، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلىسىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ سوۋغىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. مەن يەنىلا مۇرىلىكنى دەزماللاپ بېرىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم ھەمدە ئۇنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىمەن دەپ ۋەدە

www.uyghurkitap.com

بەردىم. ئۇ ماقۇل بولغاندىن كېيىن مۇرىلىكنى دەزماللاپ بەردىم. ھەمدە ئۇنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمنى پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەر ماختىمىسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم.

مەن كىرچىگە يۆلىنىۋېلىشتىن قۇتۇلۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ساتىراشقا يۆلىنىۋېلىشتىنمۇ ۋاز كەچتىم، ئەنگلىيەگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى قىرىشتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار بولسا كېرەك، لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۆزىنىڭ چېچىنى ياساشنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. لېكىن، مەن بۇ ھۈنەرنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدىم. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەلىك بىر ساتىراش مەنسىتمەسلىك بىلەن چېچىمنى ياساپ قويۇشنى رەت قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم ئازار يېگەندەك بولدى، لېكىن مەن دەرھال بىر قايچا سېتىۋېلىپ، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ چېچىنى ياساشقا باشلىدىم. چېكە چېچىمنى مەن خېلىلا ياخشى قىرقىيالىدىم، لېكىن گەجگە چېچىمنى ياخشى ئالالمىدىم. بۇنىڭدىن ئىش ئورنۇمدىكى دوست ـ بۇرادەرلەر ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ كېتىشتى.

— چېچىڭىزغا نېمە بولدى، گەندى، چاشقان غاجاپ قويمىغاندۇ؟

— يوقسۇ، ئاق تەنلىك ساتىراش ئۇستام مېنىڭ قارا چاچلىرىمغا تېگىشنى ئەرزىمەسلىك دەپ قارايدىكەن، — دېدىم مەن، — شۇڭا سەت بولۇپ قالسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ چېچىنى ئۆزۈم ئالماقچىمەن.

بۇ جاۋابىم كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرمىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ساتىراشنىڭ چېچىمنى ياساپ قويمىغانلىقىنى ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كەتمەيمەن. ئەگەر ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويىدىكەن، ئاساسلىق خېرىدارلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى، بىزمۇ ساتىراشلىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ يېقىن يولىغىلى بولمايدۇ دېيىلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چېچىنى ئېلىشقا يول قويمايمىز. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا بۇنداق ئىشلارغا تولا ئۇچرىدىم. مېنىڭچە، بۇ تېگىشلىك جازا ئىدى. شۇڭا، مەن بۇنىڭغا خاپا بولمايدىغان بولدۇم.

مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلىشتەك قىزغىنلىقلىرىمنى گېزى كەلگەندە يەنە بايان قىلىمەن. ئۇرۇق چېچىلغانىكەن، ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ تۇتقۇزۇپ، چېچەكلىتىپ مېۋە بەرگۈزۈش كېرەك. ھالبۇكى، پەرۋىش ئىشلىرىنى كېيىن قىلدىم.

## ئونىنچى باب

# بور ئۇرۇشى

مەن 1897 ـ يىلىدىن 1899 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن كەچۈرمىشلىرىمنى ئاتلاپ، بىۋاسىتە بور ئۇرۇشى توغرۇلۇق سۆزلەيمەن.

ئۇرۇش ئېلان قىلىنغاندا، مەن پۈتۈنلەي بورلارغا ھېسداشلىق قىلاتتىم. لېكىن، مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشقا شەخسىي ئەقىدەمنى تېڭىشىشكە ھەقلىق ئەمەسمەن دەپ قارايتتىم. مەن «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى تارىخى» دېگەن كىتابىمدا مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئىچكى كۈرەشلىرىمنى مۇپەسسەل بايان قىلغانىدىم. شۇڭا بۇ يەردە ئارتۇقچە پىكىر بايان قىلىشىمنىڭ ئورنى يوق. ئومۇمەن قىزىقىقۇچىلار بولسا، مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ كىتابىمنى ۋاراقلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. باشقىسىنى دېمەي تۇرايلى، كىشىلەر مېنى ئۇرۇشتا ئەنگلىيە تەرەپتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. مەن ئەنگلىيە پۇقرالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىكەنمەن، ئۇ ھالدا مېنىڭ بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنى قوغداش مەسئۇلىيىتىم بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن ھىندىستان بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى بولغاندىلا ھۆكۈمرانلىقىدا ھەم شۇ ئارقىلىقلا تولۇق ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ دەپ قارايتتىم. شۇڭا، ئىمكانقەدەر كۆپرەك سەپداشلارنى ئىئانە توپلاپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بىر قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەشكە تۇتۇندۇم.

ئادەتتە ئەنگلىيەلىكلەر ھىندىستانلىقلارنى قورقۇنچاق، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالمايدۇ، يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، كۆز ئالدىدىكى شەخسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەنپەئەتىنىلا ئويلايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئەنگلىيەلىك نۇرغۇن دوستلار قىزغىنلىقىمغا سوغۇق سۇ سەپتى. لېكىن، دوختۇر بوس مېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. ئۇ قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ بەردى. بىز تېببىي خىزمەتكە مۇۋاپىق دەيدىغان گۇۋاھنامە ئالدۇق. لائوڭتون ئەپەندى بىلەن مەرھۇم ئېسكانبېر ئەپەندى بۇ پىلاننى قىزغىن قوللىدى، بىز ئالدىنقى سەپكە بېرىپ خىزمەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. ھۆكۈمەت تەلىپىمىزنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلدى، لېكىن يەنە ئەينى ۋاقىتتا بىزگە ئانچە ھاجەت ئەمەسلىكىنىمۇ ئېيتتى.

لېكىن، بىز بۇنداق رەت قىلىش ئالدىدا بەل قويۇۋەتمىدۇق. بوس دوختۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەن ناتالنىڭ باش ئېپىسكوپىنى زىيارەت قىلدىم. ئەترىتىمىزدە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ھىندىستانلىق بار ئىدى. باش ئېپىسكوپ تەكلىپىمنى قىزغىن ئالقىشلاپ، بىزنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتۈشىمىزنى تەستىقلىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان بولدى.

پۈرسەتمۇ بىزگە پايدىلىق ئىدى، بورلار كىشىلەر ئويلىغاندىنمۇ يامان، قەتئىي ۋە باتۇر ئىدى، بىزنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتىشىمىزگە ئاخىر پۈرسەت چىقتى.

ئەترىتىمىزدە 1100 ئادەم، 40 قا يېقىن ئەترەت باشلىقى، 300 چە ئەركىن ھىندىستانلىق بار ئىدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىشىملىك ئىشچىلار ئىدى. بوس دوختۇرمۇ بىز بىلەن بىللە بولدى. قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. خىزمىتىمىز ئالدىنقى سەپنىڭ سىرتىدا، يەنە كېلىپ قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ ھىمايىسىدە بولسىمۇ، لېكىن جىددىي پەيتلەردە بىزمۇ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلدۇق. بىز ھەرگىز ئۆزىمىز تەلەپ قىلىپ قېلىپ قالغان ئەمەس ئىدۇق، بەلكى دائىرىلەر بىزنى توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ زەربە بېرىش دائىرىسىدە تۇرۇشىمىزنى خالىمىغانىدى. ھالبۇكى، سپىئون كوپ (Spion Kop)تىكى ھەرىكىتىمىز مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەندىن كېيىن ۋەزىيەت ئۆزگەردى، گېنېرال بۇللېر (Buller) بىزگە ئالاقە ئارقىلىق بىزنىڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىمىزنىڭ ئورنى بولمىسىمۇ، ئەگەر بىز جەڭگاھلارغا بېرىپ ياربدارلارنى

قۇتقۇزۇشنى خالىساق، ھۆكۈمەت بىزدىن مىننەتدار بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز قىلچىمۇ ئىككىلەنمىدۇق. شۇڭا، سېپىئان كوپتىكى ھەربىكىتىمىز جەڭ ئوتلىرى ئىچىدە بولدى. بۇ كۈنلەردە بىز ھەر كۈنى 20 ئىنگلىز چاقىرىمدىن 25 ئىنگلىز چاقىرىمغىچە يول يۈرەتتۇق، يەنە تېخى نوسىلكا بىلەن ياربدارلارنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتۇق، بۇ ياربدارلار ئىچىدە بىز قۇتقۇزۇشقا مۇيەسسەر بولغان گېنېرال ۋۇگېت (Woodgate)قا ئوخشاش ھەربىيلەرمۇ بار ئىدى.

قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىزدىكىلەر ئالتە ھەپتە خىزمەت قىلغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتى. سېپىئون كوپ بىلەن ۋالكرانز (Vaalkranz)تا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ئاساسىي كۈچىنى لادىيسمىت (Ladysmith) بىلەن باشقا جايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا قارىتىشتىن ۋاز كېچىپ، ئەسكەرلەرنى تەدرىجىي ئىلگىرىلەپ، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان ياردەمچى قىسىملىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشنى قارار قىلدى.

بىزنىڭ ئەرزىمەس خىزمىتىمىز ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشكەندى، ھىندىستانلىقلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىمۇ ئۆستى. گېزىتلەردە بىزنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىرلارمۇ ئېلان قىلىندى، بىز «ئىمپېرىيەنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى» دېيىلگەندۇق.

گېنېرال بۇللېر دوكلاتىدا قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىزنى مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالغاندى. ئەترەت باشلىقلىرىمۇ شەرەپ بىلەن جەڭ مېداللىرىغا ئېرىشتى.

بۇ چاغدا ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ئالىلىقاچان مۇكەممەل تەشكىللىنىپ بولغانىدى. مەن ھىندىستانلىق كېلىشمىلىك ئىشچىلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئېڭى يۈكسەلگەنىدى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار، تامىللار، گۇجاراتلار ۋە دېھلىلىقلارنىڭ ھەممىسى ھىندىستانلىق ئىدى، ھەممىمىز ۋەتەننىڭ پەرزەنتى دەيدىغان بۇ خىل ھېسسىيات ئۇلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ھىندىستانلىقلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. شۇ چاغلاردا ئاق تەنلىكلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدە روشەن بۇرۇلۇش بولغانىدەك بولدى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئاق تەنلىكلەر بىلەن

بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئەڭ ياخشى چەككە يەتتى. بىر نەچچە مىڭلىغان ئەسكەرلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار بىزگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغانلىقىمىزدىن مىننەتدار ئىدى.

ئىختىيارسىز شۇ ئىش ئېسىمگە كەلدىكى، ئادەمنىڭ سىناقلارغا دۇچ كەلگەن چاغدىكى باتۇرانە جاسارىتى شۇ قەدەر شېرىن بولىدىكەن، بىز زىخرى لاگېرىغا يۈرۈش قىلدۇق. روبېرتس (Roberts) ئەپەندىنىڭ ئوغلى لېيتېنانت روبېرتس ئۇ يەردە ئېغىر يارىدار بولۇپ، جىددىي قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپ ياتاتتى. ئەترىتىمىز بەختكە يارىشا ئۇنى جەڭگاھتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوتتەك قىزىق بولۇپ، دەل بىز ھەربىي يۈرۈش قىلغان كۈن ئىدى، كۆپچىلىك ئۇسساپ چاڭقاپ كېتىشكەنىدى. يول بويىدا كىچىك ئېرىق بار ئىدى، بىز ئېرىقتىن سۇ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى باسالايتتۇق، ئالدى بىلەن كىم ئىچىدۇ؟ بىز ئەسكەرلەر ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىز ئىچەيلى دېدۇق. لېكىن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئىچىشكە ئۇنىمىدى، ئۇلار ئالدى بىلەن سىلەر ئىچىڭلار، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىدىغان ئۆزئارا ئۆتۈنۈش كەيپىياتى ئارىنى قاپلىدى.

## ئون بىرىنچى باب

# سەھىيە ئىسلاھاتى ۋە ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇش

مېنىڭ ھېچقانداق رولى يوق سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئەزەلدىن مۇھاجىرلار كوللېكتىپىدىن خۇپىيانە ئىش تۇتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا سەل قارايدىغان ئىللەتلەردىن بىزار ئىدىم. كىچىككىنە ئىللەت بولسىمۇ يوقاتماي تۇرۇپ ھەرخىل ھوقۇقلارنى تەلەپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتىم. شۇڭا مەن ناتالىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن ئېتىبارەن، ئىزچىل كىشىلەرنىڭ مۇھاجىرلار تەشكىلاتىنى ئەيىبلەشلىرىنى يوقىتىشقا تىرىشتىم. گەرچە بۇ ئەيىبلەشلەر قىلچە ئاساسسىز بولسىمۇ. بۇ ئەيىبلەشلەر ئاساسەن ھىندىستانلىقلارنىڭ ئادىتى قالايمىقانەي، ئۆيىنىڭ ئىچى - تېشى تەرتىپسىزەي، دېگەندەك گەپلەر ئىدى، شۇڭا مۇھاجىرلار تەشكىلاتىدىكى ئاساسلىق شەخسلەر ئۆز ئۆيلىرىنى رەتلىك تۇتۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈش دۇربۇندا چۇما كېسىلى تارقىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىلا ئېلىپ بېرىلدى. بىز بۇ ھەرىكەتنى شەھەردىكى پوپلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا قويغانىدۇق. ئۇلار ئەسلىدە بىز بىلەن ھەمكارلىشىش ئۈمىدىدە ئىدى. بىزنىڭ ھەمكارلىشىشىمىز ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇۋەتتى، شۇنىڭدەك بىزنىڭ مۈشكۈلىمىزنىمۇ كۆپ يەڭگىللەتتى. چۈنكى، شەھەردە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتسىلا دائىرىلەر ئادىتى بويىچە غەزىپىنى باسالماي، چەكتىن ئاشقان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زورلۇق ۋاسىتىلىرى بىلەن كىشىلەرنى رەنجىتەتتى. مۇھاجىرلار تەشكىلاتى ئۆزلۈكىدىن تازىلىق

تەدبىرلىرىنى قوللانغاچقا، بۇ بىسىمدىن ئامان قالدى.

ھالبۇكى، مەن ئەكسىچە ئازابلىق ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇم. مەن مۇھاجىرلار تەشكىلاتىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشتىغا ئۇمىد باغلىيالمىغىنىمغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىنى يېنىكلىك بىلەن ئۇمىد قىلالمايتتىم. بەزى جايلاردا مەن ھاقارەتكە ئۇچرىدىم. بەزى جايلاردا سىلىق كەمستىشلەرگە دۇچار بولدۇم. كىشىلەردىن مۇھىت تازىلىقىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىش بەك ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى. ئۇلاردىن بۇ ئىش ئۈچۈن پۇل چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تەجرىبىلەردىن شۇنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالدىمكى، چەكسىز سەۋرچانلىق بولماي تۇرۇپ، كىشىلەردىن ھەرقانداق ئىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جىددىي ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىكى جەمئىيەت بولماستىن، بەلكى ئىسلاھاتچىنىڭ ئۆزى ئىدى. جەمئىيەتنىڭ ئۇلارغا بېرەلەيدىغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى قارشىلىق، بىزارلىق، ھەتتا رەھىمسىز زىيانكەشلىكلەردىنمۇ بەتتەر نەرسىلەر ئىدى. جەمئىيەت نېمە ئۈچۈن ئىسلاھاتچىلار ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىك نەرسىلەرنى بىر خىل چېكىنىش دەپ قارايدۇ؟

ئەمما، بۇ قېتىمقى سەپەرۋەرلىكنىڭ نەتىجىسىدە، ھىندىستان مۇھاجىرلىرى تەشكىلاتىدىكىلەر ئۆيىنىڭ ئىچ ـ تېشىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاز ـ تولا چۈشىنىپ قالدى. مەن دائىرىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇم. مەن ئۇلارنى دەپ ھەققانىيەتنى ياقلىغان، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بولسامۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ مەنىۋى پاكىزلىق جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىمگە جىددىي مۇئامىلە قىلىشىم ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى.

ۋاھالەنكى، قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بار ئىدى، ئۇ دەل ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ۋەتەنگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىش ئىدى، ھىندىستان بىر نامرات دۆلەت، ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار جەنۇبىي ئافرىقىغا بايلىق ئىزدەپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى مۇشكۈلات ئىچىدە قالغاندا، ئۇلار بىر قىسىم كىرىمىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىشى كېرەك ئىدى. 1897 ـ، 1899 ـ يىللىرىدىكى قورقۇنچلۇق ئاچارچىلىق يىللىرىدا مۇشۇنداق قىلىش

ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلدى. ئۇلار ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان پۇل - مېلىنى ئىئانە قىلدى، 1899 - يىلى 1897 - يىلىدىكىدىنمۇ كۆپ ئىئانە قىلىندى. بىز ئەنگلىيەلىكلەرنىمۇ ئىئانە قىلىشقا مۇراجىئەت قىلدۇق. ئۇلارمۇ بۇنىڭغا كۆڭلۈك ئاۋاز قوشتى. ھەتتا ھىندىستانلىق كېلىشىملىك ئىشچىلارمۇ قاراپ تۇرمىدى، ھالبۇكى بۇ ئىككى قېتىملىق ئاچارچىلىقتا بارلىققا كەلگەن تۇزۇمىمىز ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بىزگە مەلۇمكى، ھىندىستاندا ئاپەت يۈز بەرگەن ھامان جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ھامان زور ھىممەت بىلەن پۇل ئىئانە قىلاتتى.

جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ مۇلازىمەت روھى مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە ماڭا ھەقىقەتنىڭ يېڭى مەنىلىرىنى ئايان قىلدى. ھەقىقەت شۇنداق بىر چوڭ دەرەخ ئىدىكى، سەن ئۇنى قانچىكى پەرۋىش قىلساڭ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى شۇنچە كۆپ بولاتتى، يەنە ھەقىقەت كانىدا چوڭقۇر ئىزدەنسەڭ، قېزىۋالىدىغان دۇردانىلىرىڭمۇ شۇنچ كۆپ بولاتتى. مانا بۇلار كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان مول، رەڭدار شەكىللەرنى نامايان قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئون ئىككىنچى باب

## ھىندىستانغا قايتىش

ئۆرۈش ۋاقتىدىكى مەسئۇلىيىتىم ئاياغلاشقان ھامان، مەن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا ئەمەس، ھىندىستاندا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا قىلغۇدەك ئىش قالمىدى دېگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى مەن ئاساسلىق ئىشلىرىمنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىغانىدىم.

دۆلەت ئىچىدىكى دوستلىرىممۇ مېنى قايتىشقا ئالدىراتتى، يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ ھىندىستانغا قايتىپ كۆپرەك ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خىزمەتلەرنى كىخان ئەپەندى بىلەن مەنسۇكلال نازار ئەپەندى ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن سەپداشلىرىمدىن خىزمىتىمدىن بوشىنىشنى تەلەپ قىلدىم. بىرمۇنچە ھەرەج تارتقاندىن كېيىن تەلىپىم شەرتلىك يوسۇندا قوبۇل قىلىنغان بولدى. شەرت شۇكى، ئەگەر بىر يىل ئىچىدە مەن تەشكىلاتقا زۆرۈر بولۇپ قالسام، يەنە جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىشقا تەييارلىنىپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى. مېنىڭچە، بۇ بىر ئېغىر شەرت ئىدى، لېكىن مەن مۇھاجىرلار تەشكىلاتىغا بولغان مۇھەببىتىم تۈپەيلى، ئۇنى قوبۇل قىلدىم. مىرابەي (Mirabai) ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى:

> باغلاندى ئىشقىڭ رىشتىگە جىسمىم خۇدا،
> مەن مۇھەببەت بەندىسى، قۇل ھەم گەدا.

ھالبۇكى، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار تەشكىلاتى بىلەن مېنى باغلاپ تۇرغان مۇھەببەت رىشتىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇنى ئۈزگىلى بولمايتتى. خەلقىنىڭ ساداسى پەرۋەردىگارنىڭ ساداسى ئىدى، لېكىن بۇ يەردە دوستلارنىڭ ساداسى ھەممىدىن چىن ئىدى، ئۇنى رەت قىلغىلى بولمايتتى. مەن بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدىم ھەمدە ئۇلار رۇخسەت قىلغاندىلا جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلدىم.

بۇ چاغدا مېنىڭ ناتال بىلەن زىچ ئالاقەم بار ئىدى. ناتالدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلىرى مېنى سۆيگۈ مەيزابىغا چۆمۈلدۈردى، ھەممىلا يەردە مېنى ئۇزىتىدىغان يىغىلىشلار ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە ماڭا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلار ھەدىيە قىلىندى.

1899 ـ يىلى مەن ھىندىستانغا قايتقاندا، ئۇلار مېنى سوۋغا ـ تارتۇقلارغا كۆمۈۋەتكەنىدى، لېكىن بۇ قېتىمقى ئۇزىتىش ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولدى. سوۋغىلار ئىچىدە ئەلۋەتتە ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. يەنە قىممەتلىك بىرىلىيانتلارمۇ كەم ئەمەس ئىدى.

مېنىڭ بۇ سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىشقا نېمە ھەددىم؟ بۇ سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىپ، مۇھاجىرلار تەشكىلاتى ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىمگە ھەق ئالمايدىغانلىقىمنى قانداق چۈشەندۈرىمەن. بۇ سوۋغىلاردىن دەۋالاشقۇچىلىرىم ھەدىيە قىلغان ئازغىنا بىرنەچچە تېلىدىن باشقا قالغان ھەممىسى پۈتۈنلەي مېنىڭ مۇھاجىرلار تەشكىلاتى ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىمگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بېرىلگەنىدى. ھالبۇكى، دەۋالاشقۇچىلىرىممۇ ئاممىۋى خىزمەتلەرگە كۆپ ياردەملەرنى بەرگەنىدى.

سوۋغىلار ئىچىدە قىممىتى 50 ئالتۇن گىنىيە كېلىدىغان بىر ئالتۇن بوِلاپىكمۇ بار ئىدى، ئۇ ئايالىمغا ھەدىيە قىلىنغانىدى. ھالبۇكى، مانا مۇشۇ سوۋغىمۇ مېنىڭ ئاممىۋى خىزمەتلىرىم ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغاچقا، ئۇنى باشقا سوۋغىلاردىن پەرقلەندۇرۇشمۇ تەس ئىدى.

مەن بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئاخشىمى كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مەن ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتىم، قاتتىق

www.uyghurkitap.com

ھاياجانلانغانىدىم، لېكىن كاللامغا بىر ئەقىل كەلمەيتتى. قىممەتلىك سوۋغا بۇيۇملارنى رەت قىلىش مەن ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئىش ئىدى، بۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ قويۇش تېخىمۇ مۇشكۇل ئىدى.

مەن بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلسام، بالىلىرىم قانداق قىلىدۇ؟ يەنە ئايالىمچۇ؟ ئۇلار ھازىر كىشىلەرگە مۇلازىمەت قىلىشتەك بۇ خىل تۇرمۇشقا ماسلىشىشقا باشلىغانىدى. ناۋادا مەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلسام، ئۇلار مۇلازىمەت روھىنى بىر خىل مۇكاپات دەپ چۈشىنىۋالاتتى.

ئائىلەمدە پۇلغا يارىغۇدەك زىبۇ ـ زىننەتلىرىم يوق ئىدى. بىز تۇرمۇشىمىزنى ئاددىيلاشتۇرۇۋالغانىدۇق. شۇنداق تۇرسا مەن ئالتۇن سائەت، ئالتۇن زەنجىر ۋە بىرىليانت ئۈزۈكلەرنى قانداقمۇ سېلىپ يۈرەلەيمەن؟ ئەينى چاغدا مەن كىشىلەرگە زىبۇ ـ زىننەتلەرگە خۇراپىيلارچە بېرىلمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغانىدىم، ھازىر بۇ زىبۇ ـ زىننەتلەر مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

مەن بۇ نەرسىلەرنى ئالماسلىق قارارىغا كەلدىم. مەن بىر پارچە خەت يېزىپ، بۇ سوۋغىلارنى مۇھاجىرلار تەشكىلاتىغا ئەۋەتىپ بەردىم ھەمدە بىر ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، باچ رۇستومجى بىلەن باشقا بىرنەچچەيلەننى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىلىققا كۆرسەتتىم. ئەتىسى مەن خوتۇن ـ بالىلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئېغىر يۈكنى ئاخىر تاشلىۋەتتىم.

مەن ئايالىمنى قايىل قىلىشنىڭ تەسكە توختايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بالىلارغا كەلسەم، مېنىڭچە ھېچقانچە قىيىنچىلىق يوق ئىدى. شۇڭا مەن ئالدى بىلەن ئۇلارغا قول سالماقچى بولدۇم.

— بىزگە بۇ قىممەتلىك سوۋغىلار كېرەك ئەمەس، بىز جەزمەن ئۇلارنى مۇھاجىرلار تەشكىلاتىغا ئەۋەتىپ بېرىشىمىز كېرەك، بىز خالىساق ئۇلارنى سېتىۋالالايمىز، — دېدى ئۇلار تەكلىپىمگە دەرھال قوشۇلۇپ.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم: — ئۇنداقتا سىلەر ئاناڭلارنى قايىل قىلالامسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇلاردىن.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇلار، — بۇ ئىشنى بىزگە قويۇپ بېرىڭ، ئانىمىز زىبۇ ـ زىننەت تاقىمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى قوبۇل

قىلسا، چوقۇم بىزگە ساقلاپ قويىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى كېرەك قىلمىساق، ئۇ بۇ نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە نېمىشقا ئۇنىمايدىكەن؟ ۋاھالەنكى، ئېغىزدا دېمەك ئاسان، قىلماق تەس ئىدى.

— سىزگە بەلكىم بۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوقتۇر، — دېدى خوتۇنۇم، — بالىلىرىڭىزغىمۇ كېرەك ئەمەستۇر. مېنىڭ زىبۇ - زىننەت سېلىشىمغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. لېكىن، مېنىڭ كېيىنلىرىم قانداق قىلىدۇ؟ خەق ياخشى كۆڭلى بىلەن سوۋغا سوۋغا بەرسە، مەن ئۇنى تاشلىۋېتىشكە قانداق چىدايمەن.

تالاش - تارتىش مانا مۇشۇنداق باشلىنىپ كەتتى، ئۇ ئاخىر كۆز يېشىغا مۇراجىئەت قىلدى، لېكىن بالىلار قەتئىي ئىدى. مەنمۇ تەۋرىنىپ قالمىدىم.

— بالىلار تېخى توي قىلمىدى، — دېدىم مەن مۇلايىملىق بىلەن، — ئۇلار بالدۇر نىكاھلىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ ھالىدىن ئۆزلىرى خەۋەر ئالالايدۇ. يەنە كېلىپ بىز ئوغۇللىرىمىزغا ھەرگىزمۇ زىبۇ - زىننەتكە ئامراق كېلىن ئېلىپ بەرمەيمىز. مۇبادا زىبۇ - زىننەت ئېلىپ بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، مەن بار، ۋاقتى كەلگەندە ماڭا دېسىڭىزلا بولىدۇ.

— سىزگە دېسەم، بۇ قېتىم مەن سىزنى كۆرۈپ قويدۇم، سىز مېنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىمنى تارتىۋالدىڭىز، مېنىڭ زىبۇ - زىننەتلىرىم بولۇپ قالسا، سىز ماڭا ئاراملىق بەرمەيسىز، سىزنى تېخى كېيىنلىرىگە ئاتاپ زىبۇ - زىننەت ئېلىپ قويامدىكىن دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. سىز بۈگۈندىن باشلاپ ئوغۇللىرىمىزنى سادخۇس (Sadhus) دەپ چاقىرىۋېرىڭ. ياق، زىبۇ - زىننەتلەرنى قايتۇرمايمىز، يەنە كېلىپ، سىزنىڭ مېنىڭ بويۇنلۇقۇمغا ئارىلىشىدىغان نېمە ھوقۇقىڭىز بار؟ — دېدى خوتۇنۇم.

— لېكىن، — دېدىم مەن رەددىيە بېرىپ، — بويۇنلۇقنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بېرىلگەنمۇ ياكى مېنىڭ خىزمىتىمگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن بېرىلگەنمۇ؟

— دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ خىزمىتىم، مەن كېچە - كۈندۈز سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەيمەن، ئەجەبا بۇ خىزمەت ھېسابلانمامدىكەن. سىز باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ، مېنى تەڭلىككە سالىسىز، يىغلىتىسىز، لېكىن مەن ئۇلار ئۈچۈن

ئات ـ كالا بولىمەن، ـــ دېدى خوتۇنۇم.

گەپنىڭ پوسكاللىسى دېگەن مانا شۇ، ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن، مەن زىبۇ ـ زىننەتلەرنى قايتۇرۇشتا يەنىلا چىڭ تۇردۇم. مەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ زورمۇزور ماقۇللۇقىنى ئالدىم. بىز 1896 ـ يىلىدىن 1901 ـ يىلىغىچە ئالغان بارلىق سوۋغىلارنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇۋەتتۇق. بىز بىر پارچە ۋاكالىتەن باشقۇرۇش توختامنامىسى تەييارلاپ، بۇ زىبۇ ـ زىننەتلەرنى بىر بانكىغا ئامانەتكە قويدۇق، مېنىڭ ئارزۇيۇم ياكى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، بۇ نەرسىلەر مۇھاجىرلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىشلىتىلەتتى.

مەن ئاممىۋى مەقسەت ئۈچۈن فوندقا موھتاج ئىدىم، بۇ پۇلنى ئىشلىتىش كېرەك دەپ قارىغىنىمدا، ھەمىشە بىر ئامال قىلىپ يېڭىدىن ئىئانە يىغىپ، ئىمكانقەدەر بۇ پۇلنى ئىشلەتمەيتتىم. بۇ پۇل ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلاقلىق، كېرەك بولغاندا ئىشلىتىپمۇ باقتۇق، لېكىن ھەمىشە جۇغلانمىمىز بار ئىدى.

مەن بۇ ئىشتىن ئەزەلدىن ئۆكۈنگەن ئەمەسمەن، ھالبۇكى ئارىدىن بىرمۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئايالىممۇ مۇشۇنداق قىلىشنىڭ توغرىلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ بىزنى نۇرغۇن ئېزىقىشلاردىن خالاس قىلدى.

مەن كېيىپ ئېيتالايمەنكى، بىر ئاممىۋى خىزمەتچى قىممەتلىك سوۋغىلارنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

## ئون ئۈچىنچى باب

# ھىندىستانغا ئىككىنچى قېتىم قايتىش

شۈنىڭ بىلەن مەن پاراخوت بىلەن ۋەتەنگە قايتتىم. ماۋرىتىئۇس (Mauritius)تىن ئۆتكەندە پاراخوت پىرىستاندا ئۇزۇنىراق تۇرۇپ قالغاچقا، مەن قىرغاققا چىقىپ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، ئۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ چىقتىم. بۇ مۇستەملىكىنىڭ باش ۋالىيسى چارلىز بىرۇس (Charles Bruce) ئەپەندىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە ئۇ يەردە بىر كۈن تۇردۇم.

مەن ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىن ۋاقىت چىقىرىپ جايلارنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتىم. بۇ 1901 ـ يىلى بولۇپ، كونگرېسسلار پارتىيەسى كالكۇتتادا يىغىن ئېچىۋاتاتتى، يىغىنغا دىنشاۋ ۋاچا (Dinshaw Wacha) (كېيىن سىرلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەن) رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا مەنمۇ قاتناشتىم. بۇ مېنىڭ كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ يىغىنىغا تۇنجى قېتىم قاتنىششىم ئىدى.

مەن بومبايدىن ئايرىلىدىغاندا فېروزېشا مېھتا ئەپەندى بىلەن بىر پويىزدا ئولتۇردۇم. چۈنكى، مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندىم.

مەن ئۇنىڭ ئېسىلزادىلەرچە تۇرمۇش ئادىتىنى بىلەتتىم. ئۇ ئالاھىدە بىر بۆلۈمچىنى كۆتۈرە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ مېنى ئۆز لوژىسىغا پاراڭلىششقا چاقىرتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بەلگىلەنگەن بېكەتتە ئۇنىڭ لوژىسىغا كېلىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. لوژىدا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ۋاچا ئەپەندى، چىمانلال سېتالۋاد (Chimanlal Setalvad) ئەپەندىمۇ بار ئىدى. ئۇلار سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىپ

ئولتۇرۇپتىكەن. فىيروزىس ئەپەندى مېنى كۆرۈپلا: «گەندى، قارىغاندا سىزگە ياردەم بېرەلمەيدىغاندەك قىلىمىز، بىز سىز ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھەسىنى ماقۇللاشنى خالايمىز، لېكىن بىزنىڭ دۆلەت ئىچىدە قانچىلىك ھوقۇقىمىز بار دەيسىز. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ئۆز دۆلىتىمىزدە ھاكىمىيىتىمىز بولمىسا، مۇستەملىكىلەردە سىلەرمۇ ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەيسىلەر» دېدى.

مەن بۇنىڭدىن بىر ئاز ھەيران قالدىم. سېتالۋاد ئەپەندى بۇ كۆزقاراشقا قوشۇلىدىغاندەك قىلاتتى. ۋاچا ئەپەندى سوغۇق نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ قويدى.

مەن فىروزىشا ئەپەندىنى قايىل قىلالماقچى بولدۇم. لېكىن، بومباينىڭ بۇ تاجسىز پادىشاھىنى مەندەك بىر ئادەمنىڭ قايىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۆز لايىھەمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇنىڭ ئۆزىلا مېنى مەمنۇن قىلاتتى.

«ئەلۋەتتە، قارارنامىنى ماڭا كۆرسىتىڭ» دېدى ۋاچا ئەپەندى. بۇ مەن ئۈچۈن ئىلھام بولدى. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم ۋە كېيىنكى بېكەتتە ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم.

بىز ئۇزاق ئۆتمەي كالكۇتتاغا كەلدۇق. يىغىن رەئىسى كۇتۇۋېلىش ئۆمىكى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى ھەمدە ئۆز تۇرالغۇسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن يىغىن خىزمەتچىسىدىن نەگە بېرىشىم كېرەكلىكىنى سورىدىم. ئۇ مېنى رىپون (Ripon) ئىنستىتۇتىغا ئاپىرىپ قويدى، نۇرغۇن ۋەكىللەر شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تەلىيىم يامان ئەمەس ئىكەن، لوكمانىيا بىلەن بىر بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم، ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ مەندىن بىر كۈن كېيىن كەلگەنىدى.

تەبىئىيكى، لوكمانىيا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان پەتچىلەرنىڭ زىيارىتىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ناۋادا مەن بىر رەسسام بولغان بولسام، ئۇنىڭ كارىۋاتتا ئولتۇرغان قاملاشقان ھالىتىنى سىزىۋالغان بولار ئىدىم، پۈتكۈل كۆرۈنۈش خاتىرەمدە شۇقەدەر ئېنىق ساقلىنىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنى يوقلاپ كەلدى. بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرلا



www.uyghurkitap.com

ئادەم «كاملو بازىرى گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى مەرھۇم بابۇ موتىلال گوس (Babu Motilal Ghose) ئەپەندىلا ئېسىمدە قاپتۇ. ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىچە ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ نادرۇسلۇقلىرى ئۈستىدە كاتتا پاراڭلارنى سېلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى، مەن بۇنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايمەن.

ۋاھالەنكى، مەن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى خېلىلا ئىنچىكە كۆزىتىپ چىقتىم. خىزمەتچى خادىملار ئىشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشەتتى. سىز بىراۋنى بىر ئىشقا بۇيرۇسىڭىز، ئۇ يەنە بىر ئادەمنى بۇيرۇيتتى، ئۇ بولسا ئۈچىنچى بىر ئادەمگە بۇيرۇيتتى. ئىشلار مانا مۇشۇنداق رەۋىشتە داۋاملىشاتتى. ۋەكىللەرگە كەلسەك، ئۇلارنى تاپقىلىمۇ بولمايتتى.

مەن بىرنەچچە خىزمەتچى خادىم بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. مەن ئۇلارغا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇلار بىرئاز خىجىل بولغاندەكمۇ قىلدى. مەن ئۇلارغا خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى ھەقىقەتنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇم، بىراق مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاق كۆڭۈل، قەلبى پاك ئاشۇ ياشلارغا كەلسەك، ئۇلاردا ئىرادە كەم ئەمەس، لېكىن تەجرىبە يوقنىڭ ئورنىدا. كونگرېسلار پارتىيەسى ھەر يىلى ئۈچ كۈن يىغىن ئاچاتتى، يىغىندىن كېيىن ئۇيقۇسىنى ئۇخلايتتى. بىر يىلدىكى ئۈچ كۈنلۈك ئىپادە بىلەن ئۇلار خەلقنى قانداقمۇ تەربىيەلىسۇن؟ ھالبۇكى، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەتچى خادىملاردىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى، خىزمەتچى خادىملارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ياخشىراق ۋە ئۇزاقراق تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە زادىلا ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى ئۆزلىرى قىلمايتتى، ئەكسىچە ھە دېسىلا قولىنى شىلتىپ: «مۇلازىم، ئۇنى قىلىۋەت، مۇلازىم، بۇنى قىلىۋەت» دەپ كاپشىيتتى.

مۇشۇنداق بىر چاغدا، مەن يەنە يېقىن يولىغىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە كونا قائىدىلەرگە دۇچ كەلدىم. تامىللارنىڭ ئاشخانىسى بىلەن باشقىلارنىڭ ئاشخانىسى ئايرىۋېتىلگەنىدى. تامىل ۋەكىللىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار تاماق يەۋېتىپ باشقىلارغا قاراپ سالسا، بىر خىل ناپاكلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاشخانىسى

ئىنىستىتۇتتىكى بىر بوشلۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئەتراپى تال چىۋىقلار بىلەن قورشىۋېتىلگەنىدى. ئاشخانا ئىچى دۇت بىلەن تولغان بولۇپ، دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. يەنە ئاشخانا، تاماقخانا، كىرخانا بىللە ئىدى. قىستاڭچىلىقتىن ئەركىنرەك نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ يەر «ۋارنادخارما»نىڭ ئۆزى بولۇپ، بىر خىل كالانپايلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەگەر كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدىمۇ مۇشۇنداق يېقىن يولىغىلى بولماسلىق قائىدىلىرى بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان سايلىغۇچىلار ئىچىدىكى ئازارلىقنىڭ زادى قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشۋالمىقى تەس ئەمەس ئىكەن، دېگەن نەرسە كۆڭلۈمگە كەچتى. مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم.

تازىلىققا خىلاپ ئەھۋاللار چېكىدىگە يەتكەنىدى. يۇندىلار ھەممىلا يەردە ئېرىقچە ھاسىل قىلغانىدى. ھاجەتخانا پەقەت بىرنەچچىلا ئىدى. مەن بەتبۇي سېسىقچىلىق ئالەمنى بىر ئالغان ئاشۇ ئەھۋالنى ئويلىسام، ھازىرمۇ قۇسقۇم كېلىدۇ. مەن بۇنى خىزمەتچى خادىملارغا كۆرسەتسەم، ئۇلار كەسكىن ھالدا: «بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، ھاجەتخانا تازىلايدىغانلارنىڭ ئىشى» دېيىشتى. مەن بىر سۈپۈرگە بېرىشنى ئېيتتىم، ئۇ خادىم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەن سۈپۈرگە تېپىپ ھاجەتخانىنى سۈپۈردۇم. ئادەم شۇنچە كۆپ، شۇنچە قىستا - قىستاڭ، لېكىن ھاجەتخانا شۇنچە ئاز ئىدى، شۇڭا ئۇنى كۈندە سۈپۈرۈپ تۇرمىسا بولمايتتى. لېكىن، مەن بىر ئادەم ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشنى قىلىپ بولالمايتتىم. شۇڭا مەن ئۆزۈم ئولتۇرغۇچىلىك يەرنى سۈپۈرۈش بىلەنلا قانائەتلىنىپ بولدى قىلدىم. لېكىن، باشقىلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇرنىغا ھېچقانداق سېسىقچىلىق پۇرىمىغاندەك قىلاتتى.

لېكىن، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. بەزى ۋەكىللەر كېچىسى ياتىقىنىڭ سىرتىدىكى كارىدورغىلار شاققىدە چوڭ - كىچىك تەرەتلەرنى قىلىپ قوياتتى. مەن بۇنى خىزمەتچى خادىملارغا كۆرسەتسەم، بىرمۇ ئادەم سۈپۈرۈپ قوياي دېمىدى، يەنە كېلىپ ئۆزۈم قول سېلىپ سۈپۈرسەممۇ، بۇ خىل شەرەپنى مەن بىلەن تەڭ ئۈستىگە



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېلىشىپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. كېيىن ئەھۋالدا خېلى زور ياخشىلىنىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاكى مۇشۇ كەمگە قەدەر خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ كونگېرىسلار پارتىيەسى تۈرۈشلۇق جاينىڭ مۇھىتىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئۇنداق يوغان باش ۋەكىللەر يەنە ئاز ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇلارنىڭ تازىلىق قىلىشىغا مىختەك قادىلىپ تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

مېنىڭچە، ئەگەر يىغىن ئېچىش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، بۇنداق ئەھۋال يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

## ئون تۆتىنچى باب

# پوتۇكچى ۋە خىزمەتكار

كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلىشقا يەنە ئىككى كۈن بار ئىدى. مەن ئاز ـ تولا تەجرىبە توپلاپ، دېگەن مەقسەتتە كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا مۇلازىمەت قىلىش ئىرادىسىگە كەلدىم. مەن كالكۇتتاغا كېلىپ، كۆندىلىك پەرھىزلىك غۇسۇلامنى قىلىپ بولۇپ، كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا باردىم.

ئەينى ۋاقىتتا بابۇ بۇپېندراناس باسۇ (Babu Bhupendranath Basu) بىلەن گوسال (Ghosal) ئەپەندى كاتىپ ئىدى. مەن بۇپېنبابۇنى ئىزدەپ بېرىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم. ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويىدى ـ دە، «بۇ يەردە قىلغۇدەك ئىش يوق، گوسال ئەپەندى سىزگە تايىنلىق بىرەر ئىش بېرىپ قالارمىكىن، بېرىپ بېقىڭ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: — مەن سىزگە پوتۇكچىلىك خىزمىتىنىلا بېرەلەيمەن، قىلامسىز؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن، — مەن بۇ يەرگە قانداقلىكى ئىش بولسا قىلغىلى كەلدىم، پەقەت قۇربىم يەتسىلا.

— مانا بۇ بولىدىغان روھ، يىگىت، — دېدى ئۇ يېنىدىكى خادىملارغا قاراپ، — سىلەر بۇ يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دېدى ئۇ يەنە ماڭا بۇرۇلۇپ، — بۇ يەردە بىر دۆۋە خەت ـ ئالاقە بار. سىز ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ. چۈشىنەمسىز، مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ تۇرغان نەچچە مىڭلىغان كىشى بار. مەن قانداق قىلىمەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشەيمۇ؟ ياكى بۇ

ئايغى ئۈزۈلمەس خەتلەرگە جاۋاب بېرەمدۇ؟ مەن بۇ ئىشنى بىرەر ئادەمگە تاپشۇرمىغاندىم. بۇ ئالاقىلەرنى كۆپىنچىسى مەنىسىز بىرىنېمىلەر، بىراق سىز يەنىلا بىر قېتىم كۆرۈپ چىقمىسىڭىز بولمايدۇ، جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە جاۋاب بېرىڭ. ئۇيلىنىپ جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىكلىرىنى يېنىمغا ئەكېلىڭ.

مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم.

گوسال ئەپەندى ماڭا بۇ خىزمەتنى بەرگەن ۋاقىتىدا، مېنىڭ كىملىكىمنى تېخى بىلمەيتتى. پەقەت كېيىنكى كۈنلەرگە كېلىپلا مېنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىمنى سورۇشتۇردى.

ئاشۇ بىر دۆۋە خەت ـ ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بۇ ئىش ماڭا بەك ئاسان تۇيۇلغانىدى. مەن خەت ـ چەكلەرنى تېزلا بىر تەرەپ قىلىپ بولدۇم. بۇنىڭدىن گوسال ئەپەندى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ پاراڭچى ئادەم ئىدى، شۇڭا بىر پاراڭغا چۈشۈپ كەتسە بىرنەچچە سائەتكىچە توختىمايتتى. ئۇ مېنىڭ تارىخىمنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەن ۋاقىتتا، ماڭا پۇتۇكچىلىك خىزمىتى بەرگەنلىكى ئۈچۈن خېلىلا ئۆزرە خاھلىق ئېيتتى.

ــ ئارتۇقچە ئويلاردا بولماڭ، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ــ مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قانچىلىك ئادەمتىم؟ سىز قۇرۇلتاي ئۈچۈن ئىشلەپ چېچىڭىزمۇ ئاقىرىپ كېتىپتۇ، يەنە كېلىپ مەن ئۈچۈن ئاتا يوللۇق ئادەمسىز. مەن بولسام تەجرىبىسىز بىر ياش. سىز ماڭا بۇنداق ئىشەنچ قىلىپ، بۇ خىزمەتنى تاپشۇرغىنىڭىزدىن ھەقىقەتەن ھاياجانلىنىۋاتىمەن. مەن قۇرۇلتاي ئۈچۈن ئازراق خىزمەت قىلاي دېگەنىدىم. سىز ماڭا ئېرىشىش تەس بولغان پۇرسەتنى بېرىپ، مېنى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدىڭىز.

ــ راستىنى ئېيتسام، ــ دېدى گوسال ئەپەندى، ــ بۇ دەل بىر خىل ھەقىقانىي روھ، ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى ياشلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئەلۋەتتە كونگېرىسلار پارتىيەسى بارلىققا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، مەن بۇ خىل روھنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئەمەلىيەتتە شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇكى، كونگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھيۇم (Hume) ئەپەندىدىن باشقا مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەم بار.

شۇنداق قىلىپ بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، ئۇ چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. گېسار ئەپەندى

چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ھەمىشە چاكارلارغا ئەتكۈزەتتى. مەن چاكارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۈستۈمگە ئالدىم، ھالبۇكى، مەن بۇ خىزمەتنى ياخشى كۆرەتتىم، چۈنكى مەن ئەزەلدىن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلاتتىم. ئۇ بۇ ھالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغان ئانچىكىم ئىشلىرىدىن ئانچە غەيرىيلىك ھېس قىلمايدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ مېنى تۈگمىسىنى ئېتىپ قويۇشقا بۇيرۇغاندا ھەمىشە: «ئەمدى چۈشەنگەنسىز، قۇرۇلتاي كاتىپىنىڭ ھەتتا چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىدىغان ۋاقتىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىراپ يۈرگىنىنى يۈرگەن» دەيتتى. گوسال ئەپەندىنىڭ ساددىلىقى كۆلكەمنى قىستايتتى. لېكىن، مەن ئاشۇنداق ئىشنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن بىزارلىق ھېس قىلمايتتىم. مېنىڭ مۇشۇ ئىشنى قىلىشتىن كۆرگەن پايدام مۆلچەرلىگۈسىز ئىدى.

قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈندە، مەن قۇرۇلتاي خىزمەتلىرىنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىم. مەن نۇرغۇن رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشتۈم. يەنە گوكلېي ۋە سورۇندىپراناسقا ئوخشاش يادرولۇق ئەربابلارنى كۆزەتتىم. نۇرغۇن ۋاقتىنىڭ بىكار ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. شۇنداقلا ئىنگلىز تىلىنىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا تۇتقان سالمىقىنىڭ نەقەدەر گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالدىم. مەن شۇ چاغدا بىئارامىلىق ھېس قىلغاندىم. ھېچكىم ئۇنۇمنى ئۈستۈرۈش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. بىر ئادەم قىلالايدىغان ئىشنى نۇرغۇن ئادەم قىلاتتى، ھالبۇكى نۇرغۇنلىغان مۇھىم ئىشلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىچىمدە چىۋىن يەۋالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. قەلبىم مېھرىبانلىق بىلەن تولغانىدى. شۇڭا، ئاشۇنداق ئەھۋاللاردا بىر ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىشىم ھەقىقەتەنمۇ تەسكە چۈشەتتى، لېكىن بۇ ماڭا ھەرقانداق خىزمەتكە ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتى.

## ئون بەشىنچى باب

# كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا

مەن ئاخىر قۇرۇلتايغا قاتناشتىم. ئېلىپىس شەكىللىك ھەيۋەتلىك تورۇس ۋە سالاپەتلىك كىيىنگەن خىزمەتچى خادىملار، يەنە رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىشقان مويسىپىتلار مەندە چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغايتتى. مۇنداق چوڭ، كاتتا يىغىلىشتا مەن ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشۇم كېرەكلىكىنى راستلا بىلەلمەي قالدىم.

رەئىسنىڭ نۇتۇق ئارگىنالى بىر كىتاب ئىدى. ئۇنى باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا بىرنەچچە بۆلەكلا ئوقۇپ ئۆتتۈلدى. رەئىسنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سايلىمى ئىدى، بۇ يىغىنغا مېنى گوكلېي باشلاپ كىردى.

فېروزېشا ئەپەندى مېنىڭ تەكلىپ لايىھەمنى قوبۇل قىلىشقا تەبىئىي قوشۇلاتتى. لېكىن، بۇ تەكلىپ لايىھەسىنى كىمنىڭ قايسى ۋاقىتتا تەكلىپ لايىھە كومىتېتىغا قويغانلىقىنى بىلمىدىم. چۈنكى، ھەربىر تەكلىپ لايىھەسى ئۈچۈن ئۇزاق پىكىر بايان قىلىشقا، يەنە ئىنگلىزچە سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى، يەنە كېلىپ بۇنى قوللاپ بېرىدىغان مەشھۇر زاتلار بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاشۇ پېشقەدەملەرنىڭ ھەيۋەتلىك سادالىرى ئىچىدە مېنىڭ ئاۋازىم گويا ئاجىزغىنا بىر نەي ئاۋازى ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئەگىشىپ يۈرىكىم تېخىمۇ قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئومۇمەن ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ لايىھەلىرى ھاپىلا-شاپىلا ماقۇللىنىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مېڭىشقا ئالدىرايتتى. كېچە سائەت ئون بىر بولۇپ قالغانىدى. مەندە گەپ قىلىغۇدەك جۈرئەتمۇ قالمىدى. گوكلېي بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ تەكلىپ لايىھەمنى كۆرگەنىكەن، مەن ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ پەس

ئاۋازدا: — ئىشىمغا ياردەم بەرگەن بولسىڭىز؟ — دېدىم. ئۇ: «سىزنىڭ لايىھەيىڭىزنى ئىزچىل ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، قاراڭ، ئۇلار تەكلىپلەرنى نەقەدەر يەڭگىللىك بىلەن قارار قىلىدۇ - ھە! لېكىن، مەن سىزنىڭ تەكلىپىڭىزنى ئاسانلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن، — دېدى.

— ئۇنداقتا ئىشىمىز تامام، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى فېروزېشا ئەپەندى.

— ياق، ياق، يەنە جەنۇبىي ئافرىقىغا مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ لايىھەسىمۇ بار، گەندى ئەپەندى ساقلىغىلى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى، — دېدى گوكلېي.

— سىز ئۇنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى فېروزېشا ئەپەندى.

— ئەلۋەتتە.

— سىزچە قانداق؟

— ناھايىتى ياخشى.

— ئۇنداقتا، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ، گەندى.

مەن تىترىگىنىمچە تەكلىپ لايىھەمنى ئوقۇدۇم.

بۇنىڭغا گوكلېيمۇ قوشۇلدى.

— بىردەك ماقۇللايمىز، — دەپ كۆپچىلىك قىيقاس سېلىپ كېتىشتى.

— سىزنىڭ يەنە بەش مىنۇت سۆزلەش ۋاقتىڭىز بار، گەندى، — دېدى ۋاچا ئەپەندى.

بۇ تەرتىپ مېنى رازى قىلالمايتتى. ھېچكىمنىڭمۇ بۇ تەكلىپنى چۈشىنىپ بېقىشقا تاقىتى يوقتەك قىلاتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مېڭىشقا ئالدىرايتتى، يەنە كېلىپ گوكلېي بۇ تەكلىپنى ئالدىنقاچان كۆرۈپ بولغان بولغاچقا، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ياكى كۆرۈشى ھاجەتسىز دېگەن قاراشتا بولۇۋاتاتتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەن ئۆزۈمنىڭ پىكىر بايان قىلىشىمدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغاندىم. مەن بۇ بەش مىنۇتتا زادى نېمىنى سۆزلىشىم كېرەك؟ مەن خېلى ياخشى تەييارلىق قىلىۋالغان بولساممۇ، دەرھال ئاغزىمغا گەپ كەلمىدى. مەن ئارگىنالغا قارىماي سۆزلىمەكچىدىم. لېكىن، جەنۇبىي ئافرىقىدا يېتىلدۈرگەن نۇتۇق قابىلىيىتىم نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندى.

تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ۋاچا ئەپەندى ئىسمىمنى چاقىردى. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەن بېشىم پىررىدە قىلدى، مەن تەكلىپنى ھەرھالدا ئوقۇپ تۈگەتتىم. كىمدۇر بىرسى چەت ئەلگە كۆچمەن چىقىرىش مەدھىيەلەنگەن بىر شېئىرنى ژۇرنالغا بېسىپ تارقاتقانىدى. مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇدۇم ھەمدە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بايان قىلدىم. بۇ چاغدا ۋاچا ئەپەندى قوڭغۇراقنى باستى. مەن بەش مىنۇت سۆزلەپ بولالمىغانلىقىمغا ھۆددە قىلالايمەن. بىر قېتىم قوڭغۇراق باسقاندا ئىككى مىنۇت ۋاقىت قالغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن بەزىلەرنىڭ يېرىم سائەت ياكى 45 مىنۇت سۆزلىسىمۇ قوڭغۇراق بېسىلمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ئازار يېگەندەك ھېس قىلدىم ـ دە، قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان ئولتۇرۇۋالدىم. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتىكى گۆدەك مىجەزىم بىلەن ئۇ شېئىر فېروزشا ئەپەندىگىمۇ جاۋاب دەپ ئويلىغانىدىم. قارارىمىنىڭ ماقۇللىنىدىغانلىقىغا قىل سىغمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا مېھمانلار بىلەن ۋەكىللەرنىڭ پەرقى يوق ئىدى. ھەممە ئادەم قولىنى كۆتۈردى. بارلىق تەكلىپ لايىھەلىرى بىردەك ماقۇللاندى. مېنىڭ تەكلىپ لايىھەممۇ شۇنداق ماقۇللاندى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بارلىق ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. بىراق، تەكلىپ لايىھەمنىڭ ماقۇللانغانلىقىدەك بۇ پاكىتتىن ئېيتقاندا، مەن خۇشال بولغانىدىم. قۇرۇلتايدا ئېتىراپ قىلىنغانلىق پۈتۈن مەملىكەتتە ئېتىراپ قىلىنغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ھەربىر ئادەمنى خۇشال قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون ئالتىنچى باب

# كۇرزون (Curzon) تۆرىنى زىيارەت

قۇرۇلتاي يېپىلدى، لېكىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبلىك مەن سودا ـ سانائەت ئۇيۇشمىسى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەرباблار بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايتتى. شۇڭا، كالكۇتتادا بىر ئايچە تۇرۇپ قالدىم. بۇ قېتىم مېھمانخانىغا چۈشمىدىم، تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھىندى كۇلۇبىدىن بىر ئۆينى قولغا چۈشۈردۇم، كۇلۇبنىڭ ئەزالىرى بىرنەچچە داڭلىق ھىندىستانلىقتىن تەركىب تاپقانىدى. مەن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خىزمەتلەرگە تارتىش ئارزۇسىدا ئىدىم. گوكلېي دائىم بۇ كۇلۇبقا كېلىپ بىليارت ئوينايتتى، ئۇ مېنىڭ كالكۇتتادا يەنە بىر ئاي تۇرىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، مېنى ئۆزى بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن بۇ تەكلىپنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلدىم، لېكىن ئۆزۈم بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم. ئۇ بىر ـ ئىككى كۈن ساقلىغاندىن كېيىن مېنى ئالغىلى ئۆزى كەلدى. ئۇ مېنىڭ يەنىلا بىر ئاز تارتىنىۋاتقانلىقىمنى بايقاپ: «گەندى، سىز يەنىلا دۆلەت ئىچىدە تۇرۇۋاتىسىز، بۇنداق تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ. سىز ئىمكانقەدەر كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشىڭىز كېرەك. مەن سىزنىڭ كونگرېسلار پارتىيەسىدە ئىشلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

مەن گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە ھىندى كۇلۇبىدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار توغرۇلۇق توختالماقچىمەن.

كۇرزون تۆرە مۇشۇ كۈنلەردە تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. تاۋاپ قىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان

بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈبنىڭ ئەزالىرى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بېنگالچە تودى، كەمزۇللارنى كىيىپ، ياغلىقلارنى ئوراپ كۈلۈبتا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ئۇ كۈنى ئۇلار «كىخانساماس» (Khansamas)چە تامبال ۋە ۋالىلداپ تۇرىدىغان ئۆتۈكلەرنى كىيىۋالغانىدى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ پەرىشان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەندىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— ئۆزىمىزنىڭ شور پېشانە ھالىتىمىزنى ئۆزىمىزلا بىلىمىز، مۇشۇنداق خورلۇققا چىدىشىمىز كېرەكلىكى بىزگىلا مەلۇم، مەقسەت ئۆزىمىزنىڭ بايلىق ۋە مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش، — دېدى ئۇ.

— لېكىن نېمىشقا كىخانساماسلارچە كىيىم ـ كېچەكلەرنى ۋە پارقىراق ئۆتۈكلەرنى كىيىۋالىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— قاراڭ، كىخانساماس بىلەن بىزنىڭ نېمە پەرقىمىز بولسۇن؟ ئۇلار بىزنىڭ كىخانساماسلىرىمىز، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — بىزچۇ؟ بىز كۇرزون تۆرىنىڭ كىخانساماسى. مەن مۇراسىمغا قاتناشمىسام، ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېسەم بولىدۇ. ئەگەر مەن ئادەتتىكىچە كىيىنىپ مۇراسىمغا بارسام، ئۇنداقتا ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمەن. مېنىڭ كۇرزون تۆرە بىلەن پاراڭلاشقۇدەك نەدىمۇ پۇرسىتىم بولسۇن؟ بۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭ گېپى ئوچۇق بۇ بۇرادەرگە ئىچىم ئاغرىپ قالدىم.

بۇ ئىش ماڭا يەنە بىر قېتىملىق تاۋاپ قىلىش مۇراسىمىنى ئەسلەتتى.

ئۇ قېتىم ھاردىنجى (Hardinge) تۆرە ھىندى دىنى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇل سېلىش پائالىيىتى يۈزىسىدىن بىر قېتىملىق تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنىدى. بۇنىڭغا بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ھەممىسى كېلەتتى، لېكىن پاندىت مالاۋىياجى (Pandit Malaviyaji) مېنى قاتنىشىشقا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. شۇڭا مۇراسىمغا مەنمۇ قاتناشتىم.

مېنى بىئارام قىلغىنى ئاشۇ بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش كىيىنىۋالغان، بوينىغا مەرۋايىت ئاسقان، قوللىرىغا بىلەزۈك سالغان، دەستارلىرىغا ھەر خىل ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئالماسلاردىن كۆز

www.uyghurkitap.com

قويغان، يەنە تېخى بەللىرىگە ئالتۇن ساپلىق شەمشەر ئاسقان تۇرقى ئىدى.

مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇللۇق ئورنىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. مەن ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرنى ئېسىۋېلىشى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدىن بولغان دەپ ئويلايتتىم، ھالبۇكى ئاڭلىسام بۇنداق سورۇنلاردا ئاشۇنداق قىممەتلىك ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى ئېسىۋېلىش بەگ - غوجاملارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەن. مەن يەنە بەزىلەرنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى مۇشۇنداق سورۇنلاردىن باشقا جايلاردا ئەزەلدىن سالمايدىغانلىقىنى بايقىدىم.

مەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن ئۇلار باشقا سورۇنلاردىمۇ مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سالسۇن - سالمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا ئاياللارلا ئېسىۋالىدىغان ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تاقاپ، باش ۋالىينى تاۋاپ قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ گاڭگىراپ قالدىم.

كىشىلەر بايلىق، ھوقۇق ۋە نام - ئابروي ئۈچۈن گۇناھ ۋە گۇمراھلىق پاتقىقىغا نەقەدەر پاتقان - ھە!

## ئون يەتتىنچى باب

# گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ئاي (1)

گوكلېي بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىغان تۇنجى كۈنى ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئۆز ئۆيۈمدە تۇرغاندەكلا ھېس قىلدۇردى. ئۇ ماڭا خۇددى ئۆز ئىنىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ ئىمكانقەدەر تەلىپىمنى ئىلىك ئالاتتى ھەمدە بىر ئامال قىلىپ ھاجىتىمدىن چىقاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، مېنىڭ تەلىپىممۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ مەن ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەنىدىم، باشقىلارغا دېگەندەك تايىنىۋالمايتتىم. مېنىڭ ئىشلاردا ئۆزۈمگە تايىنىدىغان ئادىتىم، شەخسىي تازىلىقىم، قەتئىي تەۋرەنمەس مىجەزىم ۋە قانۇنىيەتلىك تۇرمۇشۇم ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى، ئۇ مېنى ھەمىشە ماختايتتى.

ئۇ مەندىن ئاساسەن سىر تۇتمايتتى. ئۇ ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ھەرقانداق مۇھىم شەخسلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى پ. س. راي (P.C.Ray) دوختۇر (ھازىر سىر) ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىزگە تام قوشنا بولۇپ، دائىملىق مېھمان ئىدى.

ئۇ راي دوختۇرنى مۇنداق تونۇشتۇرغانىدى: «بۇياق پىروفېسسور راي بولىدۇ، ئايلىق مائاشى 800 رۇپىيە، لېكىن ئۆزىگە 40 رۇپىيەلا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى ئاممىۋى ئىشلارغا ئىئانە قىلىدۇ، ئۇ تېخى توي قىلمىدى، يەنە كېلىپ توي قىلغۇسىمۇ يوق.»

مەن بۈگۈنكى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى راي دوختۇرنىڭ قانچىلىك پەرقى بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىمۇ خۇددى بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئاددىي ـ ساددا كىيىنىپ يۈرەتتى، ئەلۋەتتە ئوخشىمايدىغان يېرىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ ھازىر ئۇ يەرلىك رەختتىن تىكىلگەن

www.uyghurkitap.com

كىيىملەرنى كىيىدۇ، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستان توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان سېپتا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى. مەن گوكلېي بىلەن راي دوختۇرنىڭ پارتىيىگە قاندىغاندەك قىلمايتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ساپلا ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ياكى تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار ئىشلار ئۈستىدە بولاتتى. بەزىدە ئۇلار ئاممىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەيىبكە قالدىغانلىقىدىن تولىمۇ بىئارام بولاتتى. نەتىجىدە ئىلگىرى مەن قەيسەر ئەزىمەت دەپ قاراپ كەلگەن ئادەملەر ئەمدى ماڭا تولىمۇ ئەرزىمەس كىشىلەردەك بىلىنمەكتە ئىدى.

گوكلېينىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە قارىسا، ئادەم خۇددى ئاللىقانداق تەربىيەگە ئىگە بولۇۋاتقاندەك كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ خۇسۇسىي مۇناسىۋەت ۋە دوستلۇقى پۈتۈنلەي ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولاتتى. ئۇ بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ ئىسراپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ قىلغان پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئىدى، يەنە كېلىپ ئازراقمۇ ساختا ۋە سەممىيەتسىز يەرلىرى يوق ئىدى. ھىندىستاننىڭ نامراتلىقى ۋە ئار ـ نومۇسى ئۇ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار ئىدى. ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئادەملەر كېلىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشلارغىمۇ تارتىشقا ئۇرۇناتتى. لېكىن، ئۇ ھەربىر ئادەمگە ئوخشاشلا: «سىز ئۆزىڭىز بىلگەننى قىلىڭ، مەنمۇ ئۆزۈم بىلگەننى قىلاي، مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم دۆلەتنىڭ ئەركىنلىكى. دۆلەت ئەركىن بولسىلا، بىز ئاندىن باشقا ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرالايمىز، بۇگۈن مۇشۇ خىزمەتنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ بارلىق ۋاقتىمىز ۋە زېھنىمىزنى ئىشلىتىشىمىزگە يېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۇنىڭ رانادقا بولغان ھۆرمىتىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا رانادنىڭ گېپىنى تەتبىقلايتتى. راناد ۋاپاتىنى خاتىرىلەش كۈنى (تۇغۇلغان ۋاقتى ئېسىمدە قالماپتۇ) مەن گوكلېي بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندىم. لېكىن، خاتىرىلەشنى ئۇ يەنىلا قائىدە بويىچە ئۆتكۈزدى. ئەينى ۋاقىتتا مەندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ دوستى پىروفېسسور كاسۋات (Kathavate) بىلەن يەنە بىر سوتچىمۇ بار ئىدى. ئۇ بىزنى خاتىرە يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ راناد، تېلاڭ (Telang) ۋە ماندىرىك (Mandlik)لارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ قالاتتى. ئۇ تېلاڭنىڭ ئېسىل سالاپىتى بىلەن ماندىرىكنى ئۆزئارا سېلىشتۇراتتى. ئۇ دراننى

مەدھىيەلەيتتى. ئۇ ماندىرىكنىڭ دەۋالاشقۇچىلار ئۇچۇن نەقەدەر جان كۆيەرلىك بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، راناد ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە يۇكسەك ئىكەن، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ماھارەتلىك تالانت ئىگىسى ئىدى. ئۇ بىر ئۇلۇغ سوتچى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر ئۇلۇغ تارىخچى، ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىسلاھاتچى ئىدى. ئۇ قىلچە قورقماستىن كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ يىغىلىشىغا قاتناشقانىدى، يەنە كېلىپ كۆپچىلىك ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە شۇ قەدەر ئىشىنەتتى. ئومۇمەن ئۇ قارار قىلغانلا بولسا، كۆپچىلىك شەك ـ شۈبھىسىز قوبۇل قىلاتتى. گوكلېي ئاتا يوللۇقلارنىڭ بۇ خىل ئەقلى ۋە مەنىۋى پەزىلىتىنى تەسۋىرلىگەندە چەكسىز خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

ئۇ چاغلاردا گوكلېينىڭ بىر مەپىسى بار ئىدى، مەن مەپىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايتتىم. شۇڭا، بىر قېتىم مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز سىرتقا چىقسىڭىز تىرامۋايدا ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ، ئەجەبا شۇنداق قىلسىڭىز ئابرۇيىڭىز چۈشۈپ كېتەمدۇ ـ يە؟ — دەپ سورىغانىدىم.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

— قارىغاندا سىزمۇ مېنى چۈشەنمەيدىكەنسىز! مەن ئومۇمنىڭ ياردەم پۇلىنى شەخسىي راھەت ـ پاراغەتكە ئىشلەتمەيمەن. سىزگە ئوخشاش ئەركىن ـ ئازادە ھالدا تىرامۋايلاردا ئولتۇرۇپ، ھەممە يەردە چېپىپ يۇرۇشتىن مەنمۇ زوقلىنىمەن، لېكىن مەن شۇنداق قىلالمىغانلىقىمدىن ئالدىڭىزدا ئۆزرىلىكمەن. ئەگەر سىزمۇ ماڭا ئوخشاش نام ـ ئاتىقى چىقىپ قېلىشنىڭ قۇربانى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ تىرامۋايغا ئولتۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۇرۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن تەسكە توختايدۇ. بىر رەھبەر ھە دېسىلا شەخسىي پاراغەتنىلا چىقىش قىلىشقا قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟ مەن سىزنىڭ ئاددىي ـ ساددا ئادىتىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن. مەنمۇ تۇرمۇشۇمنى ئىمكانقەدەر ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزىمەن، لېكىن ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بەزى چىقىملاردىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ مەن سورىغان بىر مەسىلىگە ئەنە شۇنداق قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەنىدى، لېكىن يەنە بىر مەسىلىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدى.

— لېكىن سىز تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيمۇ دېمەيسىز، — دېدىم مەن، — سىز ھەمىشە ئۆزىڭىزنى ساقسىز ھېس قىلىسىز، بۇنىڭ نېمە ئەجەبلەنگۈچىلىكى بولسۇن؟ ئەجەبا ئاممىۋى خىزمەت قىلىسا، بەدەن چېنىقتۇرغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقماسمۇ؟

— سىزچە مېنىڭ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلگۈدەك ۋاقتىم قاچان چىقار؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

مەن گوكلېينى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتىم، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن زاكونلىشىشنى خالىمايتتىم. بۇ جاۋاب ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمىسىمۇ، لېكىن مەن ئۈندىمىدىم. شۇ چاغدا مەن شۇنىڭغا ئىشىنەتتىم ھەم ھازىرمۇ ئىشىنىمەن: بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك خىزمەت قىلسۇن، ئاز ـ تولا ۋاقىت چىقىرىپ چېنىقىپ قويۇشى كېرەك. چولتا پىكرىم بويىچە بولغاندا، ھەرىكەت بىر ئادەمنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى خورىتىۋەتمەستىن، بەلكى بۇنداق ئىقتىدارنى كۈچەيتىدۇ.

# ئون سەككىزىنچى باب

## گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ئاي (2)

مەن گوكلېي بىلەن بىللە تۇرغان مەزگىللەردە دائىم سىرتقا چىقىپ تۇراتتىم.

مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خىرىستىيان دوستلىرىمغا ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىن ھىندىستانلىق خىرىستىيان مۇرىتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. مەن بابۇ كالىچاران بانېرجى (Babu Kalicharan Banerji)نى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم ھەم ئۇنىڭغا قالتىس ئىخلاس قىلاتتىم. ئۇ كونگىرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلاتتى، ئۇ كونگىرېسلار پارتىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدىغان ئادەتتىكى ھىندىستانلىق خىرىستىيانلار ھەمدە ھىندى مۇرىتىمۇ ئەمەس، مۇسۇلمانمۇ ئەمەس كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئازراقمۇ يامان كۆرمەيتتىم. مەن گوكلېيغا ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ كۆرۈشكۈم بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ: «بانېرجى بىلەن كۆرۈشكىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى. ئۇ ناھايىتى ئېسىل ئادەم، لېكىن مەن ئۇ سىزنى مەمنۇن قىلالماسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇش، ئەگەر كۆرۈشكۈڭىز بولسا، ئەلۋەتتە بولىدۇ» دېدى.

مەن بىر ۋاقىتنى پۈتۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ بۇنىڭغا شۇ زامان ماقۇل بولدى. مەن ئۇنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇنىڭ خانىمى كېسەل بولۇپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغانىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى تولىمۇ ئاددىي ئىدى. قۇرۇلتايدا مەن ئۇنىڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، بۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ بېنگالچە «تودى» ۋە «كەمزۇل» كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال

بولدۇم. مەن ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرقىنى ياقتۇراتتىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن پارىچە تون ۋە تامبال كىيىۋالغان بولساممۇ، ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقىمنى ئالدىرىماي ـ تېنىمەي دەپ بەردىم. ئۇ مەندىن:

— سىز ئادەم ئەسلىي زاتىدىنلا گۇناھكار دېگەن قاراشقا ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشىنىمەن، — دېدىم مەن.

— بەللى، ھىندى دىنىدا بۇ نۇقتىدا نىجاتلىق تاپقىلى بولمايدۇ، خىرىستىيان دىنىدا بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنغان. گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈم، — دېدى ئۇ يەنە ئارقىدىنلا، — «ئىنجىل»دا دېيىلىشىچە، نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەيساغا ئېتىقاد قىلىشتۇر.

مەن «بىخاگاۋادگىتا» (Bhagavadgita)دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەقۋادارلىق يوللىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى كۆرسەتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم، لېكىن ئۇ مېنى قانائەتلەندۈرەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ماڭا خېلىلا پايدىسى بولدى.

ئۇ كۈنلەردە مەن كالكۇتتادا ھەمىشە كوچا ئايلىنىپ يۈرەتتىم، مەن نۇرغۇن جايلارغا پىيادە باردىم. مەن سوتچى مىتتېر (Mitter) ۋە گۇرۇداس بانېرجى (Gurudas Banerji) تۆرە بىلەن كۆرۈشتۈم. مەن ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىشلىرىمغا ياردەم بېرىشىگە موھتاج ئىدىم. بۇ ۋاقىتتا مەن يەنە راجا پىيارىموخان مۇكارجى (Raja Pyarimohan Mukarji) گەپەندىنىمۇ كۆردۈم.

كالىچاران بانېرجى ماڭا كالى ئىبادەتخانىسى ۋەقەسىنى بۇرۇنلا سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەن زادى نېمە ئىشلىقىنى كۆرۈپ باقاي دەپ تۇراتتىم، بولۇپمۇ مەن بۇ ئىبادەتخانىغا ئالاقىدار كىتابلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق ئويغا كەلگەنىدىم. مەن بىر كۈنى شۇ مەقسەتتە سوتچى مېتتېرنىڭ تۇرار گاھىغا باردىم، شۇڭا ئۇنى زىيارەت قىلىپ بارغان ئاشۇ كۈنى ئىبادەتخانىغىمۇ باردىم. يول بويى توپ ـ توپ قويلارنىڭ كالى ئىبادەتخانىسىغا قۇربانلىق قىلىنغىلى ھەيدەپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتىم. توپ ـ توپ تىلەمچىلەر ئىبادەتخانىغا بارىدىغان كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتى، ئۇلارغا بەزى

دەرۋىشلەرمۇ ئارىلىشىۋالغانىدى، ھەتتا مەن ئەينى ۋاقىتتا تېنى ساغلام ئاشۇ دىۋانىلەرگە سەدىقە بېرىشنى قەتئىي رەت قىلغانىدىم. ئۇلار توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ ماڭا ئەگىشىۋالدى، ئارىدىن بىرەيلەن كارىدوردىلا ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ، ماڭا: «نەگە بارىسىز، بالام؟» دېدى. مەن نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم.

ئۇ ھەمراھىم بىلەن ئىككىمىزنى ئولتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بىز ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ مەندىن:

— سىز بۇ خىل قۇربانلىقنى دىن دەپ چۈشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنى كىممۇ دىن دەپ قارايدۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئۇنداقتا، سىز نېمىشقا كىشىلەرگە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلمايسىز؟

— ئۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئىلاھقا تاۋاپ قىلىش.

— لېكىن سىز تاۋاپ قىلىدىغان باشقا بىر جاينى تاپالامسىز؟

— بىز ئۈچۈن ھەممىلا يەر ئوخشاش، كىشىلەر قويىغا ئوخشاش، باشچىغا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ بىز شاستىرالار قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

بىز ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ تۇرۇۋەرمەي، ئىبادەتخانىغا قاراپ ماڭدۇق. بىز قانلار دەريا بولۇپ ئاققان مەنزىرىنى كۈتۈۋالدۇق. مەن ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە چىدىيالماي قالدىم، بۇ كۆرۈنۈشنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن تەكلىپ بىلەن بېنگاللىق دوستلىرىمنىڭ يىغىلىشىغا قاتناشتىم. مەن بىر دوستۇمغا بۇ خىل رەھىمسىزلەرچە تاۋاپ شەكلىنى ئېيتتىم. ئۇ: «لېكىن قوي ئۇنداق ھېس قىلمايدۇ، ئۇ يەردىكى قىيا ـ چىيالار، ھەر خىل دۇمباق سادالىرى بارلىق ئازابلىق ھېسسىياتلارنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ» دېدى.

مەن بۇ گەپكە ئىشەنمىدىم، ئۇنىڭغا قويلار گەپ قىلالىغان بولسا، ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرى باشقىچە بولاتتى، دېدىم. مەن بۇنداق رەھىمسىز ئادەتنى چەكلەش كېرەك دەپ قارايمەن. مەن بۇددىنىڭ ھېكايىلىرىنى

خىيالىمغا كەلتۈردۈم. لېكىن، شۇنىسى چۈشىنىشلىككى، مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتىم.

مەن ھازىرمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قاراشتىمەن، مەن بىر قوزىنىڭ جېنىنىڭ مۇھىملىقىنى بىر ئادەمنىڭ جېنىدىن تۆۋەن كۆرمەيمەن. ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بىر پاقلاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋر قىلالمايمەن. مەن قانچىكى ئاجىز، تايانچىسىز جانىۋارنىڭ ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماستىن، بەلكى ئىنسانلار تەرىپىدىن قوغدىلىش ھوقۇقىغا تېخىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. لېكىن، مۇشۇنداق مۇلازىمەتكە سالاھىيىتى توشمايدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قولىدىن بۇنداق ھىماتكارلىق ئەسلا كەلمەيدۇ، مەن ئاشۇ قوزىلارنىڭ بۇ خىل ناپاك قۇربانلىققا دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرىلا ئامان قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن تېخىمۇ كۆپ پاكلىق ۋە قۇربانلىقنى باشتىن كەچۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە مەن مۇشۇ خىل پاكلىق ۋە قۇربانلىق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشىم كېرەك، دەپ قارايمەن. مەن قەلبىدىن رەھىمدىللىك بالقىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) دۇنياغا كېلىشىنى، بىزنى بۇ ئېغىر گۇناھلاردىن قول ئۈزدۈرۈپ، ئاشۇ بىتەلەي جانىۋارلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشىنى، بۇ ئارقىلىق بۇ ئىبادەتخانىنى پاكلىق نۇرىغا چۆمۈلدۈرۈشىنى پەرۋەردىگاردىن ھەر ۋاقىت تىلەيمەن.

بېنگال ئۆزىگە خاس بىلىمى، ئەقىل ـ پاراستى، پىداكارلىقى ۋە ھېسسىياتى بىلەن بۇ خىل قىرغىنچىلىققا قانداق سەۋر قىلىپ تۇرالىسۇن؟

## ئون توققۇزىنچى باب

## گوكلېي بىلەن بىللە ئۆتكەن بىر ئاي (3)

دىن نامى بىلەن كالى ئىلاھىغا ئاتاپ قىلىنىدىغان بۇ خىل قۇربانلىق مېنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىپ بېقىش ئارزۇيۇمنى كۈچەيتىۋەتتى. مەن بىراخمان دىنى جەمئىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغان ھەم مۇشۇ ھەقتە توختالغانىدىم. پراتاپ چاندرا مازۇمدار (Pratap Chandra Mazumdar)نىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىنمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرىم بار ئىدى. مەن بىرنەچچە قېتىملىق يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ئۇنىڭ كېشاۋ چاندرا سېن (Keshav Chandra Sen)نىڭ ھاياتىغا بېغىشلاپ يازغان بىر كىتابىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ، بۇ ئارقىلىق سادخاران (Sadharan) بىراخمان جەمئىيىتى بىلەن ئادى (Adi) بىراخمان دىنى جەمئىيىتىنىڭ پەرقىنى چۈشەنگەنىدىم. مەن پاندىت شىۋانات شاستىرى (Pandit Shivanath Shastri)نى كۆرگەنىدىم، يەنە پىروفېسسور كاسۋاتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ماخارشى دېۋېندرانات تاگور (Maharshi Deviendranath Tagore)نىمۇ يوقلىغانىدىم، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشالمىغانىدىم. بىراق، بىز ھەر ئىككىلىمىز ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىراخمان دىنى جەمئىيىتىنىڭ تەبرىكلەش يىغىلىشىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، گۈزەل بېنگال مۇزىكىسىنى ئاڭلاش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەن بېنگال مۇزىكىسى ھەۋەسكارى بولۇپ قالغانىدىم.

مەن بىراخمان دىنى جەمئىيىتىنى كۆرگەندىن كېيىن سىخاۋمى ۋىۋېكاننى كۆرمىگۈچە پۇخادىن چىقمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن بېيرۇماستا مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلار تورى

بىر خىلۋەت جاينىڭ پارلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. لېكىن، شۇ تاپتا سىخاۋمىنىڭ كالكۇتتادىكى ئۆيىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، مېھمان قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۈمىدسىزلەندىم.

كېيىن مەن راھىبە نىۋېدىتا (Nivedita)نىڭ تۇرالغۇسىنىڭ مۇشۇ يەردىلىكىنى ئوقۇپ، گېئورگى قەسرىگە ئۇنى يوقلاپ باردىم، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى سەرەمجانلار شۇ قەدەر ھەشەمەتلىك ئىدىكى، مەن ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم، ھەتتا پاراڭ ئارىسىدا ئىككىمىزدە ھېچقانداق ئورتاقلىق يوقلۇقىنىمۇ ھېس قىلدىم. مەن بۇ ئەھۋاللارنى گوكلېيغا دەپ بەردىم، ئۇ:

— بۇنداق شاللاق ئايال بىلەن پىكرىڭىزنىڭ بىر يەردىن چىقمىغانلىقىدىن كىشى ئەجەبلەنمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئۇنى ئىككىنچى قېتىم پېستونجى پادشاخ ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنىدىم. مەن ئىشىكتىن كىرسەم، ئۇ پادشاخ ئەپەندىنىڭ ئانىسى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئىككىيلەننىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق پىكىر ئورتاقلىقىم يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىندى دىنىغا چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ئەھمىيەت بەرمەي ۋە ئۇنىڭدىن زوقلانماي تۇرالمىدىم. كېيىن مەن ئۇنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم.

مەن ئادەتتە بىر كۇنلۇك ۋاقتىمنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىرىدە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى خىزمەتلەر يۈزىسىدىن كالكۇتتادىكى مەشھۇر شەخسلەرنى زىيارەت قىلاتتىم، بىرىدە بۇ شەھەردىكى دىنىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە تەتقىق قىلاتتىم. بىر قېتىم مەن دوكتور مۇللىك (mullick) رىياسەتچىلىك قىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ، بور ئۇرۇشى جەريانىدىكى ھىندىستان قۇتقۇزۇش ئەترىتى ھەققىدە دوكلات بەردىم. مېنىڭ «ئەنگلىيەلىكلەر گېزىتى» بىلەن قويۇق ئالاقەم بار ئىدى، ئۇلار بۇ قېتىمقى دوكلاتىمنىڭ ئېلان قىلىنىشىغىمۇ كۆپ ياردەم بەردى. ئۇ چاغدا سونداس (Saunders) ئەپەندى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا 1896 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش ماڭا كۆپ ياردەم قىلدى. مېنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقۇم گوكلېيغا بەكمۇ ياراپ كەتكەنىدى، ئۇ راي دوختۇر ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلىغاندا بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن گوكلېينىڭ ئائىلىسىدە كالكۇتتادىكى خىزمىتىمنى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، بېنگالدىكى ئەڭ داڭلىق جەمەتلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلالىدىم، بۇ ھەم مېنىڭ بېنگال بىلەن بولغان قويۇق ئالاقەمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

مەن بۇ بىر ئاي ئىچىدە مەندە چوڭقۇر ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى يازمايلا قويدۇم، بۇ يەردە مەن بىرمىدىكى يۇزەكى ساياھىتىم ۋە ئۇ يەردىكى راھىبلار ئۈستىدە توختىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىل خامۇش ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. مەن بۈيۈك ئالتۇن مۇنارغا بارغانىدىم. مەن بۇتخانىدا ئۇنچىۋالا كۆپ ئۇششاق شاملارنىڭ يېقىۋېتىلىشىنى ياخشى كۆرمەيتتىم، يەنە كېلىپ ئايۋان - سارايلاردا چاشقانلار مىغىلداپ يۈرۈشەتتى، بۇ ھال ماڭا سۋامى دايانانىد (Swami Dayanand)نىڭ مورۋېيدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەتتى. بىرما ئاياللىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھاياتىي كۈچى مېنى سۆيۈندۈرسە، ئەرلەرنىڭ ھورۇن ۋە لايغەزەللىكى قەلبىمنى ئازابلايتتى. قىسقىغىنا ئاشۇ مەزگىلدە، مەن خۇددى بېنگال ھىندىستانغا ئوخشىمىغاندەك، بىز ھىندىستانلىقلار ئالدىقاچان ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ۋاستىچىسى بولۇپ قالغاندەك رانگوننىڭمۇ بىرمىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدىم. بىز بىرمىدا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىرمىلىقلارنى ئۆزىمىزنىڭ ۋاستىچىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدۇق.

مەن بىرمىدىن قايتىپ كېلىپلا گوكلېي بىلەن خوشلاشتىم. بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ئىنتايىن تەسكە توختىدى. لېكىن، مېنىڭ بېنگالدىكى ياكى مۇنداقچە ئېيتسام كالكۇتتادىكى خىزمىتىممۇ ئاياغلاشقانىدى، شۇڭا بۇ جايلاردا تۇرىۋېرىشىمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى.

مەن ھىندىستاندا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قېلىشتىن ئىلگىرى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگون بىلەن پۈتۈن ھىندىستاننى بىر ئايلىنىپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى يولۇچىلارنىڭ ئازابىنى بىر تېتىپ باقماقچى بولدۇم. مەن بۇ ئويۇمنى گوكلېيغا ئېيتتىم. دەسلەپتە ئۇ مېنىڭ بۇ ئويۇمنى كۇلكىلىك ھېس قىلدى، كېيىن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. مەن ئالدى بىلەن بېنارېسقا بېرىپ بېسانت (Besant) خانىمنى يوقلىماقچى بولدۇم، شۇ چاغدا ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانىدى.

مەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى قايتىدىن تۈزەشتۈردۈم. گوكلېي ماڭا مېنىڭ ئالدىنقى ياسالغان پېچىنە ـ پىرەنىك قېپىدىن بىرنى بەردى، ئۇنىڭ ئىچىدە لىققىدە پېچىنە ـ پىرەنىك قاچىلانغانىكەن. مەن 12 ئەنىنا خەجلەپ كىلىونكا خالتا، چىخايا توقۇلمىسىدىن تىكىلگەن توندىن بىرنى سېتىۋالدىم. مەن بۇ توننى، بىر تودىنى، بىر لۆڭگىنى ۋە بىر كەمزۇلنى خالتىغا سالدىم. مېنىڭ ئۆزۈمگە تۇشلۇقلا بىر پالىسىم ۋە چاشكام بار ئىدى. مەن مانا مۇشۇنداق تەييارلىقلارنى قىلغاندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلاندىم. گوكلېي بىلەن روي دوختۇر ۋوگزالغا مېنى ئۇزىتىپ كەلدى، مەن ئەسلىدە ئۇلارنى ئاۋارە قىلماي دېگەنىدىم، لېكىن ئۇلار ئۇزىتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئەگەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرمىغان بولسىڭىز بىز ئۇزىتىپ كەلمەيتتۇق، لېكىن هازىر جەزمەن ئۇزىتىشىمىز كېرەك، — دېدى گوكلېي.

گوكلېي ۋوگزال سۇپىسىغا كىرگەندە ئۇنى ھېچكىم توسمىدى. ئۇ بېشىغا يىپەك دەستار ئورىغان، ئۈچىسىغا كالتە كەمزۇل ۋە تودى كىيگەنىدى. راي دوختۇر بېنگالچە كىيىنىۋالغانىدى. بىلەت تەكشۈرگۈچى ئۇنى توسۇۋالدى، لېكىن گوكلېي ئۇنى مېنىڭ دوستۇم دەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ۋوگزال سۇپىسىغا كىرگىلى قويدى.

مەن ئۇلارنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئېلىپ سەپىرىمنى مانا مۇشۇنداق باشلىۋەتتىم.

## يىگىرمىنچى باب

## بېنارېس (Benares)تا

بۇ قېتىمقى سەپەر كالكۇتتادىن راجكودقىچە ئىدى، ئەسلىدە مەن سەپەر ئۈستىدە بېنارېس، ئاگرا (Agra)، جەيپۇر (Jaipur) ۋە پالانپۇر (Palanpur)دا ئازراق توختاپ ئۆتەي دېگەنىدىم. مېنىڭ باشقا جايلارغا بارغۇدەك ئۇنداق ئارتۇق ۋاقتىم يوق ئىدى. مەن ھەربىر شەھەردە بىر كۈنلا توختىدىم، يەنە كېلىپ ئادەتتىكى يولۇچىلارغا ئوخشاش خەير - ساخاۋەت ياتاقلىرىغىلا چۈشتۈم. پەقەت پالانپۇردىلا ئۇنداق قىلمىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ قېتىمقى سەپەرگە 31 رۇپىيەلا كەتكەنىدى (پويىز كىراسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى).

مەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇردۇم. كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى ئاپتوموبىللارغا چىقتىم. پوچتا ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيتتىم. چۈنكى، پوچتا ماشىنىلىرى قىستاڭچىلىق ھەم ھەققىمۇ قىممەترەك ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلارنىڭ مەينەتلىكى ۋە ھاجەتخانىلىرىنىڭ سېسىقلىقى بۇگۈنكىدىن ھېچ پەرقسىز ئىدى. ھازىر بەلكىم بىرئاز ياخشىلانغاندۇ، لېكىن بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگون بىلەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ پەرقى ئالاھىدە ئىدى، كىرا ھەققىنىڭ نىسبىتىنىمۇ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى يولۇچىلارغا قوي پادىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئالىدىغان راھىتىمۇ پادىلارنىڭ راھىتىلا ئىدى. مەن ياۋروپادىكى ۋاقتىمدىمۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇپ باققانىدىم، مېنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇشۇمدىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك پەرقى بارلىقىنى

كۆرۈپ بېقىش ئىدى. لېكىن، بايقىشىمچە بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگون بىلەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگون ئالاھىدە پەرقلىنىپمۇ كەتمەيتتى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلاردىكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قارا تەنلىكلەر ئىدى، لېكىن بۇ يەردىكىدىن كۆپ راھەت ئىدى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلارغا كارىۋاتلىق ۋە پورشېنلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى چەكلىك ئىدى، بۇنداق بولغاندا زىيادە قىستاڭچىلىقتىن ساقلانغىلى بولاتتى، لېكىن مەن بۇ يەردە ئادەتتىكى چەكتىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم.

تۆمۈريول دائىرىلىرى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلاردىكى يولۇ-چىلارنىڭ ئارامى بىلەن كارى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولۇچىلار مەينەت ۋە ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى ناچار بولۇپ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرغان پاكىزرەك بىرەر يولۇچى ئۈچۈن بۇ بىر خىل سىناق ئىدى. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇ ئادەتلەرنىڭ ئەڭ ئادەت-تىكىلىرى قالايمىقان نەرسە — كېرەك تاشلاش، ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە تاماكا چېكىش، پالما ياپرىقى ۋە تاماكا كۆكى چايناش ئىدى، پۈتكۈل ۋاگون گويا غايەت زور تۈكۈرۈك قاچىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قىيا — چىيا، ۋاراڭ — چۇرۇڭ ئاۋازلار، قوپال، سەت گەپلەر ئەتراپىنى بىر ئالغان، بۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئارامىنى ۋە كۆڭۈل تىنچلىقىغا قانداق تەسىر بېرىۋاتقانلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق ئىدى. مەن 1902 - يىلى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرغان چېغىمدىكى ئەھۋال بىلەن 1915 - ۋە 1919 - يىللىرى ئۇدا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرغان چاغلىرىمدىكى ئەھۋاللار پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەن-لىكىنى بايقىدىم.

بۇنداق ناچار ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلاردا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئىدى، يەنە كېلىپ تۆمۈريول دائىرىلىرىنىڭ بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق، ھەرقانداق ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قائىدە — تۈزۈملەرنى بۇزۇشىغا سۈكۈت قىلماسلىق ئىدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، زور ياخشىلى-نىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

1918 ـ، 1919 ـ يىللىرى مەن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدۇم.
يامان بولغىنى شۇكى، مەن بۇ ۋاقىتتا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا
ئولتۇرۇپ سەپەر قىلىشتەك ئادىتىمنى تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ مەن
ئۈچۈن قىيىن ھەم ئۇياتلىق بىر ئىش ئىدى، بولۇپمۇ ئۈچىنچى
دەرىجىلىك ۋاگوندىكى يولۇچىلارنى قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىش
ھەققىدىكى تەشۋىقات تازا ئۇنۇم بېرىۋاتقاندا، مەن بۇ خىل سەپىرىمنى
داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. تۆمۈريول ۋە پاراخوتلاردىكى نامرات
يولۇچىلارنىڭ جەبىر ـ جاپاسى ئۇلارنىڭ ناچار تۇرمۇش ئادەتلىرى
تۈپەيلى، تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەنىدى، ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى سودىغا
ھەددىدىن زىيادە قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ھەمدە مۇشۇنىڭغا
ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار ئېغىر مەسىلىلەرنى پەيدا قىلغانىدى،
بۇ بىر ـ ئىككى ئىرادىلىك، غەيرەتلىك ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ،
ئۆمۈرلۈك ئىش سۈپىتىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا ئەرزىيتتى.

بىراق، مەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى يولۇچىلار مەسىلىسى
ئۈستىدە توختىلىشنى مۇشۇ يەردە بولدى قىلىمەن، ئەمدى مەن ئۆزۈمە-
نىڭ بىنارېستىكى كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەيمەن. مەن ئۇ يەرگە ئەتى-
گەندىلا يېتىپ بېرىپ، بىر «پاندا» بار جايغا بېرىپ پۇت ـ قوللىرىمنىڭ
ھاردۇقىنى چىقىرىۋالماقچى بولدۇم. مەيدىن چۈشۈشۈمگىلا بىرتالاي
بىراخمان كېلىپ مېنى ئورىۋالدى، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پاكىزرەك
كەلگەن ھەم ماڭا ياخشىراق تەسىر بەرگەن بىرەيلەننى تاللىۋالدىم.
ئەمەلىيەت تاللىشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ
ھويلىسىدا بىر ئىنىكى، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى بار ئىكەن، مەن
ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم. رەسمىي قائىدە بويىچە بولغاندا، مەن
گانگى دەرياسىغا بېرىپ غۇسلى قىلماي تۇرۇپ، ئاغزىمغا بىرنەرسە
سالسام بولمايتتى. بۇ «پاندا» ماڭا بۇ نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بېرىش
بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئالدىنئالا سۆيۈنچە بېرىمەن
دەپ لەۋز قىلغانىدىم، ئۇ مۇشۇلارنى بەجا كەلتۈرۈۋاتقاندا، مۇشۇلارنى
ئېسىدە تۇتماي قالمايتتى.

بۇ «پاندا» ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قوشۇلاتتى. «يولۇچى مەيلى پۇللۇق
كىشى ياكى يوقسۇل كىشى بولسۇن، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ
مۇلازىمىتىمىز ئوخشاش. بىراق، بىز سۆيۈنچە ئېلىشنىڭ ئاز ـ

www.uyghurkitap.com

كۆپلۈكىنى پۈتۈنلەي يولۇچىنىڭ مەيلىگە ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ بېكىتىمىز.» مەن بۇ «پاندا»نىڭ خىزمىتىمنى قىلىشتا ئالدىراڭغۇلۇق ئەتراپلىق بولمىغان جايلىرى بارلىقىنى بايقىمىدىم. پۇجا① سائەت ئون ئىككىدە ئاياغلاشتى. مەن كاسدىكى ۋىسنۇ ئىبادەتخانىسىغا تاۋاپقا ماڭدىم. ئۇ يەردە ئۇچراتقان ئىشلار مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئەسلىمە بولۇپ قالدى. مەن 1891 - يىلى بومبايدا ئادۋوكاتلىق كەسپىنى يولغا قويغاندا، پرارتانا (Prarthana) ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ، «كاسقا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈش» ھەققىدىكى ۋەزنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، كاللامدا ئۇ يەردىن ئانچە زور ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، دېيدىغان تەييارلىق بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ كۆپ ئۈمىدسىزلەندىم.

ئىبادەتخانىغا بارىدىغان يول تار ھەم تېيىلغاق ئىدى، ئۇ يەردە جىمجىتلىقتىن گەپ ئاچقىلى بولمايتتى، غۇژمەك - غۇژمەك چىۋىنلارنىڭ گىژىلداشلىرى ۋە ھۆپىگەرلەر بىلەن تاۋاپچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئادەمنى بىئارام قىلاتتى.

كىشىلەر ئەسلىدە بۇ يەرگە بىر خىل خىيال ۋە ئىلاھىي ۋىسال ئىستەپ كېلەتتى. روشەنكى، بۇ يەردە بۇنداق كەيپىيات كەم ئىدى. بۇنداق كەيپىياتنى تاپىمەن دېسە، ئادەم ئۆز قەلبىگىلا مۇراجىئەت قىلسا بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ يەردە ئەتراپتىكى قاينام - تاشقىنلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ھالدا بىر خىل شېرىن خىيال ئىچىگە غەرق بولغان تەقۋادار ئېگىچە - سىڭىللارنى كۆردۈم. ھالبۇكى، بۇنداق ھالەتتىن ئىبادەتخانا ئىگىلىرى ھېچقانداق ئىشەنچكە ئېرىشەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانا ئىچى - تېشىنىڭ پاكىزلىقىنى، جىمجىت، ئازادە كەيپىياتىنى، جۇملىدىن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئاشۇنداق كەيپىياتنى يارىتىش ۋە ساقلاش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. مېنىڭ بايقىغىنىم بۇنداق كەيپىيات ئەمەس، بەلكى مەككار ھۆپىگەرلەرنىڭ ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈم ۋە مودا ئويۇنچۇقلارنى سېتىشى ئىدى.

مەن ئىبادەتخانىغا بېرىشىم بىلەنلا، بەزىلەر ماڭا سولىشىپ قالغان بىر دەستە گۈلنى سۇندى. ئىبادەتخانا ئىچىگە نەپىس مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغانىدى، لېكىن ئۇلار گۈزەللىك دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئاق كۆڭۈل ئىخلاسمەن ئەر - ئاياللار تەرىپىدىن چېقىۋېتىلگەنىدى،

① پۇجا — ئىلاھقا سەجدە قىلىش دېگەن مەنىدە.

ئۇلار پۇل ئىئانە قىلىپ، نەپىس بىر ئەخلەتخانىنى بەرپا قىلغانىدى.

مەن «جىنانا ـ ۋاپى (Jnana – vapi)» (بىلىم قۇدۇقى)غا يېقىنلىشىپ، پەرۋەردىگارنى تاپماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇنى تاپالمىدىم. شۇڭا، كەيپىياتىم ناچارلىشىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. «جىنانا ـ ۋاپى»نىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ئىنتايىن مەينەت ئىدى. تەرەت ئېلىشقا رايىم بارمىدى، شۇڭا بىر يارماقلا بەردىم. بىر مەسئۇل «پاندا» بۇنىڭغا خاپا بولۇپ كەتتى، ئۇ ھېلىقى يارماقنى تاشلىۋەتتى، ئۇ ماڭا ئاغزىنى بۇزۇپ: بۇ ھاقارەت سېنى ئۇرۇپ دوزىخىي قىلىۋەتكەي، ـــ دېدى.

ـــ لېكىن، بۇنىڭدىن بىئارام بولۇپ كەتمىدىم، بېگىم، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ـــ مەيلى مېنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىم قانداق بولسۇن، بۇ تەبىقىدىكى سىزگە ئوخشاش ئادەم بۇنداق گەپلەرنى قىلماسلىقى كېرەك، بۇ يارماقنى ئالسىڭىز ئېلىڭ، بولمىسا سىز بىر يارماقتىنمۇ قۇرۇق قالىسىز.

ـــ يوقال، بىر يارماققا نەزەر قىلمىدىم سالمايمەن، ـــ دېدى ئۇ، ئارقىدىن ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ، مېنى بىرھازا تىللىدى.

مەن ھېلىقى يارماقنى يەردىن ئالغىلى ماڭدىم، ئىچىمدە ھېلىقى بىراخمانىنىڭ بىر يارماق زىيان تارتقانلىقىدىن، ئۆزۈمنىڭ بىر يارماقنى ئاز خەجلىگەنلىكىمدىن تولىمۇ خۇش ئىدىم. ئۇ مېنى قايتىپ كەل دەپ چاقىرىپ:

ـــ بولىدۇ، ھېلىقى يارماقنى قويۇپ قوي، مېنىڭ سەندەك زىغىرلاپ كەتكۈم يوق، ئەگەر مەن ئۇنى ئالمىسام، ساڭىمۇ ياخشى ئەمەس، ـــ دېدى.

مەن غىڭ قىلماستىن ھېلىقى يارماقنى بىراخمانغا بەردىم، ـ دە، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ يولۇمغا ماڭدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن كاشى ۋىشۋانات (Kashi Vishvanath) ئىبادەتخانىسىغا ئىككى قېتىم باردىم، لېكىن بۇ چاغدا مەن «ماخاتما» دېگەن نامىمدىن پەرىشان بولۇپ يۈرەتتىم، يۇقىرىقىدەك دىشۋارچىلىقلارغا ئەمدى ئۇچرىمايدىغانلىقىم تۇرغانلا گەپ ئىدى. كىشىلەر ماڭا تاۋاپ قىلىمىز دەپ ئالدىراش ئىدى، ئۇلار مېنىڭ ئۇ ئىبادەتخانىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىشىمغا يول قويمايتتى. «ماخاتما» بولۇشنىڭ دەردىنى «ماخاتما» بولغان ئادەملا بىلىدۇ. بولمىسا ئاشۇ

www.uyghurkitap.com

خىل مەينەتچىلىكلەر ۋە قىيىقاس ـ سۈرەنلەر يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا داۋاملىشىۋەرگەن بولار ئىدى.

پەرۋەردىگارنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدىن گۇمانلىنىدىغانلار بولسا، بۇ مۇقەددەس جايلارغا قاراپ باقسۇن. رىياكارلىق ۋە مۇرتەتلىك يوگا مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىلاھىغا ئارتىپ قويۇلغاندى. ئۇ ئاللىبۇرۇن نېمىنى تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن، دېگەننى جاكارلىغاندى.

كارما پىرىنسىپى مۇتلەق پىرىنسىپ ئىدى، ئۇنىڭدىن چەتلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، پەرۋەردىگار ئۇچۇن ۋايىم يېيىشنىڭ قىلچە ئورنى قالمىغاندى. ئۇ بۇ پىرىنسىپنى تىكلەپ قويۇپ، ھېچ ئىش يوقلا ئۆزىنى تارتقاندى.

مەن بۇ ئىبادەتخانىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بېسانت خانىمنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. مەن ئۇنىڭ ئېغىر كېسەلدىن ئەمدىلا ياخشى بولغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۇنى يوقلاپ باردىم، ئۇ دەرھال ئالدىمغا چىقتى. چۈنكى، مەن ئۇنى پەقەتلا يۈزىسىدىنلا يوقلاپ بارغانىدىم. مەن: «ئاڭلىسام سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولمىسىمۇ، ئالدىمغا چىقىپسىز، بۇ خىل سەمىمىيىتىڭىزدىن چەكسىز مىننەتدارمەن، مەن سىزنىڭ كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن.» دېدىم.

مەن گېپىمنى تۈگىتىپلا، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## بومبايدا ئولتۇراقلىشىپ قالايمۇ؟

گوكلېي مېنىڭ بومبايدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىمنى جىددىي تەلەپ قىلدى. بۇنداقتا بىر تەرەپتىن ئادۋوكاتلىق قىلغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاممىۋى ئىشلىرىغا ياردەم بەرگىلى بولاتتى، ئەينى ۋاقىتتا ئاممىۋى خىزمەت دېگەندە ئاساسەن كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەتلىرى كۆزدە تۇتۇلاتتى، ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ قىلىدىغان ئاساسلىق خىزمەت پارتىيەنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدى.

گوكلېينىڭ پىكرى دىتىمغا ياقتى، لېكىن ئادۋوكاتلىقنى ئوبدان قىلغىلى بولمايتتى، بۇنىڭغا ئىشەنچىم كەم ئىدى. ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەتلىك كۆڭۈلسىز كەچۈرمىشلىرىم تۇنۇگۈنكىدەكلا ئېسىمدە ئىدى. مەن كەسپىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن خۇشامەتچىلىك قىلىشتىن ھېلىھەم ئۆغىدىن نەپرەتلەنگەندەك نەپرەتلىنەتتىم.

شۇڭلاشقا، مەن خىزمەتنى راجكوتتا باشلاشنى قارار قىلدىم. كېۋالرام ماۋجى داۋې (Kevalram Marji Dave) يەنىلا شۇ يەردە ئىدى، ئۇ ماڭا ئەزەلدىن زور ئۈمىد باغلاپ كەلگەن بولۇپ، مېنى ئەنگلىيەگە بېرىپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلغانمۇ شۇ ئىدى، ئۇ ماڭا بىجىرىش ئۈچۈن ئۈچ دېلونى بەردى. بۇلارنىڭ ئىككىسى كاسىياۋاد سىياسىي نازارەتچىسىنىڭ ئەدلىيە ياردەمچىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ قىلىدىغان دەۋا ئىدى. يەنە بىرسى جامناگار (Jamnagar)دىكى كونا دېلو ئىدى. ئاخىرقى بىر دېلو خېلىلا مۇھىم دېلو ئىدى. مەن دېلولارغا ئانچە چوڭ ئىشەنچىم يوقلۇقىنى ئېيتتىم. كېۋالرام داۋې يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «دەۋادا غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز،

سىز پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئىشقا سالسىڭىزلا بولىدۇ، مەن ئەلۋەتتە سىزگە ياردەم بېرىمەن» دېدى.

قارشى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى مەرھۇم سامارس (Samarth) ئەپەندى ئىدى. مەن ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغانىدىم. بۇ مېنىڭ ھىندىستان قانۇنلىرىنى ناھايىتى كۆپ بىلىدىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى كېۋالرام داۋې ئەپەندىنىڭ ماڭا ئېنىق كۆرسەتمىلەرنى بەرگەنلىكىدىن ئىدى. مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشتىن ئىلگىرى دوستلىرىمدىن فېيروزېشا مېھتا ئەپەندىنى گۇۋاھلىق قانۇنىغا ناھايىتى پۇختا دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ نۇقتا ئىزچىل ئېسىمدە ئىدى، مەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىش سەپىرىدە ھىندىستاننىڭ گۇۋاھلىق قانۇنى ۋە ئۇنىڭ شەرھىسىنى ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانىدىم. ئەلۋەتتە، جەنۇبىي ئافرىقىدا ئېرىشكەن قانۇن بىلىملىرىمۇ ئىنتايىن ئەسقاتتى.

مەن بۇ دەۋادا ئۇتۇپ ئۆزۈمگە خېلى ئىشەنچ تىكلىۋالدىم. قالغان ئىككى دېلودىن قورقۇپ قالمايتتىم، دېگەندەك بۇ ئىككى دېلودا غەلىبە قىلدىم. بۇلار قەلبىمدە: «بومبايدا ئىش باشلىسامىمۇ مەغلۇپ بولمايمەن» دېگەن ئۈمىدنى ئويغاتتى.

لېكىن، مەن نېمە بولۇپ بومبايغا بېرىش قارارىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنىڭ دەردى - ھالىغا يەتمەيدىغانلىقى ئۈستىدە توختالماقچىمەن. ئەسلىدە ئەدلىيە ئەمەلدارى ياردەمچىسىنىڭ سوتى سەييارە خاراكتېرلىك ئىدى. ئۇ ھە دېسىلا ھەممىلا يەرنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئادۋوكاتلار بىلەن دەۋاگەرلەر ئۇ نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. ئادۋوكات تەبىئىي ھالدا ئىككى ھەسسە پۇل چىقىرىشى كېرەك ئىدى. سوتچى بۇ ئەھۋاللارغا پەرۋا قىلمايتتى.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان دېلو ئۈستىدە ۋېراۋال (Veraval)دا سوت ئېچىلماقچىدى، بۇ چاغدا ئۇ يەردە تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ يەردە 5500 نوپۇس بار بولۇپ، كۈنىگە 50 تىن كۆپرەك ئادەم كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر قاقاس جاي ئىدى، مەن شەھەردىن يىراقراق بىر قاقاسلىقتىكى ساخاۋەتخانىغا چۈشتۈم. لېكىن، ئۇ يەردە دەۋاگەرلەر

تۇرغۇدەك جاي يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلار نامرات بولسا، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭمۇ بىرنەچچە دېلوسى مۇشۇ سوتتا ئېچىلماقچىدى، ئۇ ماڭا تېلېگراممىا يوللاپ، مەندىن سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقا يەردە سوت ئېچىشىنى ئىلتىماس قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، چۈنكى ۋېرلوۋاردا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغانىدى. مەن ئىلتىماسنى سۇنۇشۇم بىلەن ھېلىقى ئەمەلدار مەندىن: — قورقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ قورقۇش - قورقماسلىق مەسىلىسى ئەمەس. مەن بولسام ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە يۆتكىلىپلا يۈرىمەن، بىراق دەۋالاشقۇچىلارچۇ؟ — دېدىم مەن.

— يۇقۇملۇق كېسەل ھىندىستاندا ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى، — دېدى بۇ ئەمەلدار غوجام جاۋابەن، — ئۇنىڭدىن نېمىشقا قورققۇلۇق؟ ۋېرلوۋارنىڭ ھاۋاسى ياخشى (بۇ ئەمەلدار غوجام شەھەردىن ناھايىتى يىراقتىكى دېڭىز بويىدا تۇراتتى، ئۇ بۇ يەردە خۇددى قەسىرگە ئوخشاش كاتتا چېدىر تىككەنىدى)، كىشىلەر دالا تۇرمۇشىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

بۇنداق پەلسەپە بىلەن دەتالاش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. «گەندى ئەپەندىنىڭ گەپلىرىنى خاتىرىلىۋېلىڭ، ئاندىن ئادۋوكات بىلەن دەۋاگەرلەر قولايسىزلىق ھېس قىلىۋاتامدۇ، قانداق؟ ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ» دېدى بۇ غوجام كاتىپىغا.

بۇ غوجام تەبىئىيكى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان پىكىر بويىچە ئىش قىلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ نامرات ھىندىستاننىڭ دەرد - ھالىغا قانداقمۇ يەتسۇن؟ ئۇ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى، ئادىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ شەيئىلەرنى ئالتۇن تەڭگە بىلەن ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن بىر ئادەم بىردىنلا كۆمۈش يارماق ئىشلەتسە، ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ ماسلىشالىسۇن؟ گەرچە بۇ دۇنيا ئەڭ ياخشى ئارزۇلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، بىر پىل چۈمۈلىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، ئوخشاشلا ئەنگلىيەلىكلەرمۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىمايدۇ ياكى ھىندىستاننىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشىپ قانۇن تۈرغۈزمايدۇ.

بىراق، مەن ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك. بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولغاچقا، راجكودتا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، بىر كۈنى كېۋالرام داۋې ئەپەندى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— گەندى، بىز سىزنىڭ بۇ يەردە كۆمۈلۈپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمىز، سىز بومبايغا بېرىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

— لېكىن ئۇ يەردە ماڭا كىم خىزمەت بېرىدۇ؟— دېدىم مەن، — سىز مېنىڭ خىراجەت مەسىلەمنى ھەل قىلىپ بېرەمسىز، ئەمىسە؟

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ، — بىز سىزنى بەزىدە بومبايدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن كاتتا ئادۋوكات دەپ ئويلاپ قېلىشتىن ساقلىنالمايمىز، ئەرز يازىدىغان ئىشنى بىز سىزگە ئەۋەتىپ بېرەيلى، بىر ئادۋوكاتنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدا بىزگە ئوخشاش ئادۋوكات بولغانلارغا قاراش كېرەك. سىز كامىناجا بىلەن ۋېرلوۋاردا ئاللىقاچان كارامىتىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز، شۇڭا سىزدىن قىلچىمۇ ۋايىم يېمەيمەن. سىز جەزمەن ئاممىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىز كېرەك. بىزمۇ سىزنىڭ كاسىياۋادتا كۆمۈلۈپ قېلىشىڭىزغا قوشۇلالمايمىز. قېنى ئېيتىڭا، سىز بومبايغا قاراپ قاچان يولغا چىقىسىز؟

— مەن ناتالدىن كېلىدىغان پۇلنى ساقلاۋاتىمەن، پۇل كەلسىلا مېڭىپ كېتىمەن، — دېدىم.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن پۇل كەلدى، مەن بومبايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. پاينې (Payne)، گىلبېرت (Gilbert) ۋە سايانى (Sayani)نىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىغا ۋۇۋسكامىنى ئاستىم، قارىغاندا مەن راستىلا بومبايدا ماكانلىشىپ قالىدىغاندەك قىلاتتىم.

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئېتىقادىمغا كەلگەن سىناقلار

مەن ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنىنى فورد رايونىدىن ئىجارە ئالغان بولساممۇ، ئۆيىنى چىركون (Girgaum)دىن ئىجارە ئالدىم. پەرۋەردىگار مېنى خاتىرجەم قىلمايۋاتاتتى. مەن يېڭى ئۆيگە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككىنچى ئوغلۇم مانىلال (Manilal) كېزىك بولۇپ يېتىپ قالدى. يەنە تېخى ئۇنىڭدا ئۆپكە ياللۇغى ۋە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كېچىسى ھوشىدىن كېتىدىغان ئالامەتلەرمۇ بار ئىدى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئېغىر دەرىجىدە چېچەك چىققانىدى.

بىز دوختۇر چاقىرتىپ كەلدۇق، ئۇ دورىنىڭ چوڭ رولى يوقلۇقىنى، بۇنىڭغا تۇخۇم ۋە توخۇ شورپىسى پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مانىلال 10 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ۋەسىيسى بولۇش سۈپىتىدە قارارنى ئۆزۈم چىقاردىم. دوختۇر پارس بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ گۆشسىز تاماق يەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. بۇنداق دېسەم، ئۇ باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ئىدى.

— ئوغلىڭىزنىڭ ھاياتى ئىنتايىن خەۋپلىك، — دېدى دوختۇر ماڭا ياخشى كۆڭلى بىلەن، — بىز ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قوشۇلغان سۈت بەرسەك بولىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئېھتىياجلىق ئوزۇقتا ئىگە بولالمايدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، نۇرغۇنلىغان ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ماڭا كېسەل كۆرسىتىپ باققان، ئۇلار مەن يېزىپ بەرگەن ھەرقانداق رېتسېپنى رەت قىلغان ئەمەس. سىز ئوغلىڭىزغا مۇئامىلە قىلىشتا

ئۇنچىۋالا كاجلىق قىلمىسىڭىز بولاتتى.

— دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن مۇشۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. لېكىن، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئىنتايىن ئېغىر. ئەگەر بۇ بالا چوڭ ئادەم بولسا ئىدى، مەن جەزمەن ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىشىم ھەمدە ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، مەن ھازىر ئۇنىڭ غېمىنىلا يېيەلەيمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىدا قارار چىقىرىمەن. مەن مۇشۇنداق دەقىقىلەردە، بىر ئادەمنىڭ ئېتىقادى ھەقىقىي سىناققا دۇچ كېلىدۇ دەپ قارايمەن. توغرا بولسىمۇ مەيلى، خاتا بولسىمۇ مەيلى، ئادەم گۆش، تۇخۇم ۋە شۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى يېمەسلىكى كېرەك. بۇ مېنىڭ دىنىي ئەقىدەمنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ھاياتىمىزنى قوغداشتىكى ۋاستە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى چەكلىشىمىز كېرەك. ھاياتىمىزغا تاقىلىدىغان، بىز مۇتلەق قىلمايدىغان بەزى ئىشلار بولىدۇ. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، دىن مەن ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ گۆش ياكى تۇخۇم بىلەن كېسەل داۋالىشىغا يول قويمايدۇ. شۇڭا مەن سىز ئېيتقان ئۇ خىل خەۋپكە تەۋەككۈل قىلالمايمەن. بىراق، مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنىمەن. مەن سىزنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىڭىزنى قوللىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىغاندىكىن، بىر چاغلاردا ئۆگىنىۋالغان سۇ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى سىناپ باقماقچىمەن. لېكىن، بالىنىڭ تومۇر، كۆكرەك، ئۆپكە قىسىملىرىنى تەكشۈرتكۈزمەيمەن. ئەگەر سىز كۆڭۈل قويۇپ ئۇنى تەكشۈرۈپ تۇرسىڭىز ھەمدە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنى خەۋەردار قىلسىڭىز، مەن سىزدىن ئېيتقۇسىز مىننەتدار بولغان بولاتتىم.

بۇ ئاق كۆڭۈل دوختۇر مېنىڭ قىيىنچىلىقىمنى چۈشەندى ھەمدە تەلىپىمنى قوبۇل كۆردى. مانىلال ئۆزى بىر قارارغا كېلەلمەيدىغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا دوختۇر بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم ھەمدە ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدىم.

— سۇ بىلەن داۋالاپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ، — مەن تۇخۇممۇ يېمەيمەن، توخۇ گۆشى شورپىسىمۇ ئىچمەيمەن.

ئۇنىڭغا ئاشۇ نەرسىلەردىن بىرسىنى بەرسەك، ئۇنىڭ يەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن ئۇنىڭ بۇ گېپى مېنى ئىنتايىن خۇرسەن

قىلدى.

مەن كۆھىنچە داۋالاش ئۇسۇلىنى بىلەتتىم ھەم ئۇنى سىناق قىلىپمۇ باققانىدىم، مەن يەنە تەركىتاماقلىقنىڭمۇ پايدىسى بارلىقىنى بىلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن كۆھىنچە ئۇسۇل بىلەن مانىلالنى سۇغا ئولتۇرغۇزدۇم، مەن ھەر قېتىم ئۇنى سۇغا ئۈچ مىنۇتتىن ئارتۇق ئولتۇرغۇزمايتتىم ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان ئاپېلسىن شەربىتى ئىچۈردۈم.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى 40 سېلسىيە گىرادۇس بولۇپ، قىزىتمىسى زادىلا چۈشمەيۋاتاتتى. تۇن نىسپىغا كەلگەندە ئۇ پۈتۈنلەي گاراڭ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدىم. كىشىلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟ ئاكام ماڭا قانداق قارايدۇ؟ بالىنى باشقا دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقسىچۇ؟ «ياجۇرۋېدا» دوختۇرىنى ئىزدىسەمچۇ؟ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەلىتە ئوي - پىكىرلىرىنى بالىلىرىغا تېڭىشقا نېمە ھوقۇقى بار؟

بۇ پىكىرلەر ماڭا زادىلا ئارام بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەندە ئەكسىچە بىر خىل ئوي - پىكىر تۇغۇلدى. پەرۋەردىگار مېنىڭ ئۆزۈمنى داۋالىغان ئۇسۇلدا ئوغلۇمنى داۋالىغانلىقىمنى كۆرسە، جەزمەن خۇشال بولاتتى. مەن سۇ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىغا ئىشىنەتتىم، لېكىن باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئانچە ئىشەنمەيتتىم. دوختۇرمۇ بالىنى داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقىغا ھۆددە قىلالمىدى. ئۇلار كۆپ بولغاندا سىناقلا قىلالايتتى. ھاياتلىق رىشتىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئىلكىدە ئىدى. پەرۋەردىگارغا ئىشەنگەنىكەنمەن، نېمىشقا ئۆزۈم توغرا تاپقان داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۇنىڭ نامى بىلەن داۋاملاشتۇرمىغۇدەكمەن؟

قەلبىم ئىككى خىل ئىدىيەۋى توقۇنۇشتا ئازابلىناتتى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. مەن مانىلالنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ياتتىم. مەن ئۇنى ھۆل قىلىنغان بىر ئەدىيالغا ئورىماقچى بولدۇم. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بىر ئەدىيالنى ھۆل قىلدىم، ئاندىن ئۇنىڭ سۇيىنى سىقىۋېتىپ مانىلالغا ياپتىم، ئۇنىڭ بېشىلا سىرتقا چىقىپ تۇراتتى. ئاندىن ئىككى يۇڭ ئەدىيالنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتىم، ھۆل لۆڭگىدىن بىرنى بېشىغا قويدۇم. ئۇنىڭ پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

بەدىنى قىزىق تۆمۈرگە ئوخشاش قىزىپ كەتكەنىدى، تېرىسى شۇ قەدەر قۇرغاقلىشىپ كەتكەنكى، ئازراق تەرمۇ يوق ئىدى.

مەن ھالىمدىن كەتكەنىدىم. مانىلالنى ئانىسىغا تاشلاپ قويۇپ، بىرئاز ھاۋاداپ كېلىش ئۈچۈن چائۇپاتى (Chaupati)غا كەتتىم. ئالاھازەل سائەت ئون بولغاندا، كوچىدىكى كىشىلەرمۇ ئازىيىشقا باشلىدى. مەن چوڭقۇر خىياللارغا بەند ئىدىم، يولدىكى ئادەملەرگىمۇ ئانچە دىققەت قىلمايتتىم. «ئېھ، پەرۋەردىگارىم، مېنى سىنايدىغان پەيت كەلدى، مېنىڭ بارچە شان ـ شەرىپىم سېنىڭ قولۇڭدا.» مەن قايتا ـ قايتا شۇنداق پىچىرلايتتىم، ئاغزىمدىن «راماناما» دېگەن گەپ چۈشمەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن يۈرىكىم پوك ـ پوك ھالدا ئۆيگە قايتتىم.

— قايتىپ كەلدىڭىزمۇ، بابى؟ — دېدى مانىلال ئىشىكتىن كىرىشىمىگىلا.

— ھە، بالام.

— مېنى سىرتقا ئاچىقىۋالسىڭىز، بەك قىزىپ كەتتىم.

— تەرلىدىڭىزمۇ، بالام؟

— پۈتۈن بەدىنىم تەرلەپ كەتتى، ئورنۇمنى يۆتكەپ قويغان بولسىڭىز.

مەن ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ باقسام، ھەقىقەتەنمۇ تەرلەپ كېتىپتۇ. قىزىتمىسىمۇ يېنىپتۇ، خۇداغا شۈكۈر.

— مانىلال، ئەمدى سېنىڭ قىزىتماڭ چوقۇم يانىدۇ، يەنە ئازراق تەر چىققاندىن كېيىن مەن سېنى يۆتكەپ قوياي.

— ياق، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بۇ تونۇردىن تېزرەك ئاچىقىۋەتسىڭىز. ئاندىن كېيىن يەنە ئوراپ قويسىڭىز بولىدۇ.

مەن ئۇنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئالداپ بىرنەچچە مىنۇتنى ئۆتكۈزدۇم، تەرلەر ئۇنىڭ چېكە ـ پېشانىسىدىن قۇيۇلۇشقا باشلىدى، مەن ئەدىيالنى ئېچىپ، ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتتۈم، دادا ـ بالا ئىككىمىز بىر كارىۋاتتا يەڭگىل تىنىق ئېلىپ ئۇيقۇغا كەتتۇق.

ھەممىمىز خۇددى كۆتەككە ئوخشاش قېتىپ ئۇخلاپ كېتىشكەندۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە مانىلال ئانچە قىزىپ كەتمىگەنىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق سۇ قوشۇلغان كالا سۈتى ۋە مېۋە شەربىتىگە تايىنىپ

40 كۈننى ئۆتكۈزدى. مەن ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم. بۇ جاھىل قىزنىڭ ئىدى، لېكىن ئۇ ئاخىر بويسۇندۇرۇلدى.

مانا ئەمدى مانىلال بالىلىرىمنىڭ ئەڭ ساغلاملىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىدىن ياكى سۇ بىلەن داۋالىغانلىقتىن ۋە ياكى كۆڭۈل قويۇپ بېقىلغانلىقتىن ياكى ئەتراپلىق قارالغانلىقتىن بولدى، دەپ كىممۇ كېسىپ بىرنېمە دېيەلەيدۇ، كىشىلەر بۇنىڭغا ئۆز ئېتىقادى بويىچە ھۆكۈم قىلىۋالسۇن. مەن ئوغلۇمنىڭ ساقايغانلىقىغا پەرۋەردىگارنىڭ ئارا تۇرغانلىقىغا ئىشىنىمەن، تاكى مۇشۇ كەمگە قەدەر، مېنىڭ بۇ خىل ئېتىقادىم ھېلىھەم ئۆزگەرگىنى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بېكىتى

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## جەنۇبىي ئافرىقىغا يەنە بېرىش

مانىلالنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، مەن چىركوندىكى ئۆينى مۇۋاپىق تاپمىدىم، چۈنكى ئۆينىڭ ئىچى يورۇق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن رېۋاشانكار جاگجىۋان ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بومباي شەھەر ئەتراپى رايونىدىن ھاۋاسى ساپ ئەجنەبىيچە يېڭى ئۆي ئىجارىگە ئالماقچى بولدۇم. مەن باندرا (Bandra) ۋە سانتا كرۇز (Santa Cruz)غا بېرىپ ئۆي ئىزدىدىم. باندرادا بىر قۇشخانا بار ئىدى، لېكىن بىز ئۇ يەرنى تاللىمىدۇق. گاتكوپار (Ghatkopar) بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى جايلار دېڭىزدىن بەك يىراق ئىدى. ئاخىر بىز سانتا كرۇزدىن چىرايلىق بىر ئۆينى تاپتۇق، بۇ ئۆي تازىلىق نۇقتىسىدىن ياخشى ئۆي ھېسابلىناتتى. شۇڭا بىز بۇ ئۆينى ئىجارە ئالدۇق.

مەن سانتا كرۇزدىن چېچكاتقا بارىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ پەسىللىك بېلىتىنى سېتىۋالدىم، ئېسىمدە قېلىشىچە، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ماڭا ھەمىشە بەزى خىزمەتلەر بېرىلەتتى، بۇ پويىزدىكى خەج ـ خىراجىتىمگە يېتەتتى.

مەن ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن تېخى بىرەر خىزمەت تاپمىغانىدىم، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا دائىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «بەس ـ مۇنازىرە يىغىلىشلىرى»غا دائىم قاتنىشىپ تۇراتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، جامىئاترام ناناباي (Jamiatram Nanabhai) بۇ يىغىلىشنىڭ ئەڭ مەشھۇر قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. مېنىڭ ئەمدىلا ئادۋوكاتلىق قىلىشقا باشلىغان كىشىلەرگە ئوخشاش، ئالىي سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ياندىن ئاڭلىشىمنى بىلىمىمنى ئاشۇرۇۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، دېڭىزدىن بىۋاستە ئۇرۇلۇپ كېتىپ، كىشىنى

مەستخۇش قىلىدىغان مەيىن شاماللاردىن زوقلىنىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇدا ئىدى. مېنىڭچە بۇنداق ھۆزۈردىن بەھرىلىنىۋاتقان يالغۇز مەنلا ئەمەس ئىدىم. بۇنداق قىلىش ئەينى ۋاقىتتا مودىغا ئايلانغانىدى، شۇڭا بۇنىڭدىن ئوڭايسىزلىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى.

ۋاھالەنكى، مەن ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ قىرائەتخانىسىدىن پايدىلىنىشقا باشلىدىم. يەنە كېلىپ نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، مەن ئۇزاق ئۆتمەي ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن خىزمەت تاپالايدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمنى كەسپىي ئىشلىرىم راۋانلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. گوكلېيىنىڭ كۆزى ئىزچىل مەندە ئىدى، ئۇ مەن ئۈچۈن پىلان تۈزۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمغا ھەيتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم كەلمەي قالمايتتى. ئۇ ھەمىشە ئۆزى تونۇشىدىغان بىرنەچچە دوستىنى باشلاپ كېلەتتى، يەنە تېخى بىر ئامال قىلىپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنى پىششىق بىلىۋېلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى.

ۋاھالەنكى، پەرۋەردىگار پىلانلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھە دېگەندىلا يول قويمايۋاتاتتى. ئۇ ئۆز يولى بويىچە مېنىڭ بەزى پىلانلىرىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.

كۆڭۈلدىكىدەك ماكانلىشىۋالىدىغان بولدۇم دەپ تۇرغان كۈنلەردە، جەنۇبىي ئافرىقىدىن كەلگەن كۈتۈلمىگەن بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «چامبىرلېين بۇ يەرگە كەلمەكچى، تېز قايتىپ كەلگەيسىز.» مەن بەرگەن ۋەدەمنى ئېسىمگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارغا سىلەر پۇل ئەۋەتكەندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقىمەن دەپ جاۋاب تېلېگراممىسى يوللىدىم. ئۇلار دەرھال پۇل ئەۋەتتى. مەن ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمنى تاقاپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا يۈرۈپ كەتتىم.

مەن ئۇ يەرگە بارسام ئاز دېگەندە بىرەر يىل ئىشلەپ قالارمەن دەپ مۆلچەرلىگەنىدىم، شۇڭا مەن ئىجارىگە ئالغان ئۆينى ئېلىپ قېلىپ، خوتۇن - بالىلىرىمنى بومبايدا قالدۇرۇپ قويدۇم.

ئەينى ۋاقىتتا مەن ئومۇمەن كەسىپچانلىقى بار ياشلار دۆلەت ئىچىدە چىقىش يولى تاپالمىسا، چەت ئەلگە چىقىپ چارە - ئامال ئىزدىشى كېرەك دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا مەن مۇنداق ياشلاردىن تۆت - بەشنى ئېلىۋالدىم.

ئۇلارنىڭ بىرسى ماگانلال گەندى (Maganlal Gandhi) مۇگەنلال گەندى ئىدى.

گەندى جەمەتى ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ ئوخشاشلا بىر چوڭ جەمەت ئىدى. مەن تۇيۇق يولدىن قايتىپ چەت ئەلگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلىكى كىشىلەرنى ئامال بار ئىزدىدىم. دادام ھەمىشە بىر تالاي كىشىلەرنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇراتتى، مەن ئۇلارنى بۇ خىل ئېزىقىش ئىچىدىن ئاچىقماقچىدىم. مەن ئۇلارغا خىزمەت تېپىپ بېرەلمەيتتىم ھەم تېپىپ بېرىشنىمۇ خالىمايتتىم. مەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.


ھالبۇكى، مەن ئۆز غايەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ياشلارنى مەن بىلەن بىردەك غايىدە بولۇشقا قايىل قىلماقچى بولدۇم ھەمدە ئىشنى ماگانلال گەندىدىن باشلاپ خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتىم. بىراق، بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمەن.

خوتۇن ـ بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم، قارىغاندا ئەمدىلا خاتىرجەم بولغان ئائىلىمىز يەنە قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ئىشلار ئادەمنى ۋاقتىنچە بىئارام قىلسىمۇ، لېكىن مەن تىنچسىز تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغانىدىم. مەن بۇ دۇنيادا خاتىرجەملىكتىن ئۈمىد كۈتۈش يېگىلىشقانلىق دەپ قارايمەن. چۈنكى، بۇ دۇنيادا پەرۋەردىگارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن باشقا، قالغان ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. بىزدىن ئىلگىرى ۋە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا زاھىر بولغان ۋە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇقىمسىزدۇر، ۋاقىتلىقتۇر. ھالبۇكى، تەڭدىشى يوق پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىلا مۇقىملىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنى كۆرەلەيدىغان ھەمدە ئۇنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشەلىگەنلەر بولسا، ئۇلار تەلەيلىكتۇر. ئاشۇ خىل ھەقىقەتكە ئېرىشىش دەل ھاياتلىقتىكى ئەڭ ئالىي مۇكەممەللىكتۇر.

مەن دۇربانغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ باردىم. ئۇ يەردە مېنى خىزمەتلەر كۈتۈپ تۇرغانىكەن. چامبىرلېين ئەپەندىنى كۈتۈۋېلىشقا ۋەكىل ئەۋەتىدىغانغا ئازلا ۋاقىت قالغانىدى. مەن بىر پارچە ئەسلەتمە يېزىپ، ئۇنىڭغا سۇنۇشقا، يەنى ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندىم.



# تۆتىنچى قىسىم



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بىرىنچى باب

# سۆيگۈ ئەجرى بىكار كەتتى

چامبىرلېين ئەپەندى جەنۇبىي ئافرىقىغا 35 مىلىيون فوندستېرلىڭلىق سوۋغىنى قوبۇل قىلغىلى ھەمدە ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بورلارنىڭ كۆڭلىنى ئالغىلى كەلگەنىدى.

— سىزگە مەلۇم، — دېدى ئۇ، — ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى ئاپتونومىيە پەرمانىغا ھېچقانداق تىزگىن سالغىنى يوق. سىلەرنىڭ ئازابىڭلار راست ئەمەلىيەتتەك قىلىدۇ. مەن سىلەرگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىمەن، لېكىن سىلەر ياۋروپالىقلارنىڭ ئارىسىدا ياشىماقچى بولىدىكەنسىلەر، ئىمكانىقەدەر ئۇلار بىلەن دوستانە ئۆتۈشۈڭلار كېرەك.

بۇ جاۋاب ۋەكىللەر ئۈمىكى ئەزالىرىنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپكەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مەنمۇ ئۈمىدسىزلىك ھېس قىلدىم، بۇمۇ بىر ھېسابتا ھەممىمىزنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويدى. قارىغاندا ئىشىمىزنى باشتىن باشلىساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن بۇ خىل ۋەزىيەت ئۈستىدە كۆپچىلىككە چۈشەنچە بەردىم.

سالماقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەندە، چامبىرلېين ئەپەندىنىڭ پىكرىنى يامان دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى يۇزتۇرانە دېگىنىمۇ ياخشى بولغانىدى. ئۇ ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ توغرىلىقىنى ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قىلىچ ـ مىلتىق پىرىنسىپىنى چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى.

ۋاھالەنكى، بىزدە قىلىچ ـ مىلتىق يوق، ھەتتا قىلىچ ـ مىلتىقنىڭ زەربىسىنى كۆتۈرەلىگۈدەك روھ ۋە تەنمۇ يوق ئىدى.





www.uyghurkitap.com

چامبېرلېين ئەپەندىنىڭ بۇ ئىككىنچى قۇرۇقلۇقتا ئاجراتقان ۋاقتى تولىمۇ قىسقا بولدى. ناۋادا شرىناگار (Shrinagar)دىن كوموروندىن (Comorin) تۇمشۇقىغىچە 1900 ئىنگلىز چاقىرىم، دۇربانتىن (Capetow) شەھىرىگىچە 1100 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا چامبېرلېين ئەپەندى بۇ مۇساپىنى گويا قۇيۇندەك بىردەمدىلا بېسىپ بولغانىدى.

ئۇ ناتالدىن ئالدىراپ ــ تېنەپ يولغا چىقىپ تىرانسۋالغا باردى. مەن شۇ يەرلىك ھىندىستانلىقلار ئۈچۈن بىر ئەسلەتمە تەييارلاپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. لېكىن، مەن پىرېتورىيەگە قانداق يېتىپ بارىمەن؟ بىزنىڭ ئۇ يەردىكى كىشىلىرىمىز مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىمغا زۆرۈر قانۇنىي قولايلىقلارنى ئېرىشتۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇرۇش تىرانسۋالنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ يەردە يا يېگۈدەك، يا كىيگۈدەك نەرسە تاپقىلى بولمايتتى. ماگىزىنلار بولسىمۇ بەزىلىرى قۇرۇق، بەزىلىرى تاقاقلىق ئىدى، ئۇلارغا مال تولۇقلاشقا ۋە ھېسابات ئېچىشقا موھتاج ئىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى، دۇكانلارغا يېمەكلىكلەر سېلىنمىغۇچە، قېچىپ كەتكەنلەر قايتىپ كەلمەيتتى. شۇڭا، ھەربىر تىرانسۋاللىقتا بىر پارچىدىن ئىجازەتنامە بولۇشى كېرەك ئىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ ئىجازەتنامە ئالالىشى قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ناھايىتى كۆپ ئوفىتسېر ــ جەڭچىلەر ھىندىستان بىلەن سېيلون (Ceylon) (تايلاند) دىن بەس ــ بەس بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلگەنىدى. ئۇلار شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالماقچى بولسا، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەنگلىيە دائىرىلىرى مەسئۇل بولاتتى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى قانداقلا قىلمىسۇن بىر قىسىم يېڭى ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتتى. بۇ تەجرىبىلىك كىشىلەر كېلىپ ناھايىتى ئەسقاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى چېچەن كىشىلەر ئىدى، ئۇلار بىر يېڭى تارماق بولۇپ قۇرۇلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى چارە ــ تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، يەنە بىر مەخسۇس تارماق بولۇپ، ئۇلار مەخسۇس قارا تەنلىكلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغانىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا نېمىشقا ئاسىيالىقلار ئۈچۈن قۇرۇلغان تارماق بولمايدۇ، بۇنداق مۇلاھىزىلەر قولاقتا ناھايىتى خۇشياقىدىغاندەك

قىلاتتى. مەن تىرانسۋالغا بارغاندا، بۇ يېڭى ئورۇن ئىش بېجىرىشكە باشلىغانىدى، يەنە كېلىپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىۋاتاتتى. قايتىپ كەلگەن مۇساپىرلارغا ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىدىغان ئەمەلدارلار ئىجازەتنامىنى ھەرقانداق ئادەمگە تارقىتىپ بەرسە بولاتتى، لېكىن بۇ يېڭى ئورۇندىن سورىماي تۇرۇپ، ئۇلار ئاسىيالىقلارغا قانداقمۇ ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرەلىسۇن، يەنە كېلىپ بۇ يېڭى ئورۇننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىش ئارقىلىق ئىجازەتنامە تارقىتىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىجازەتنامە تارقىتىدىغان خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە يۈكى يەڭگىللەيتتى. مانا بۇ ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. لېكىن، بۇ يېڭى ئورۇنغا قىلىدىغان ئىش بولمىسا بولمايتتى، ھالبۇكى ئۇلارغا ئاقچا كېرەك ئىدى. ئەگەر قىلغۇدەك ئىش بولمىسا، بۇ يېڭى ئورۇن ئارتۇقچە بولۇپ قالاتتى ـ دە، تارقىتىۋېتىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇشۇ خىزمەتنى تاپقانىدى.

ھىندىستانلىقلار جەزمەن مۇشۇ يېڭى ئورۇنغا ئىلتىماس سۇناتتى، نەچچە كۈنلەپ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن جاۋابقا ئېرىشەلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا تىرانسۋالغا قايتىدىغانلار بەك كۆپ بولغاچقا، بىر تۈركۈم ۋاستىچى ۋە خېرىدار تارتقۇچىلار پەيدا بولدى. ئۇلار ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، نەچچە ئون مىڭلىغان ھىندىستانلىق نامراتنى تالان ـ تاراج قىلدى، مەن يولى بولمىسا ئىجازەتنامە ئالغىلى بولمايدۇ، يول تاپقان تەقدىردىمۇ، يەنە 100 فوندستېرلىڭ جەملەشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. راست شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتىم. مەن قەدىناس دوستۇمنى، يەنى دۇربان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئىزدىدىم. مەن ئۇنىڭغا: «ئىجازەتنامە تارقاتقۇچى ئەمەلدارغا تونۇشتۇرۇپ، ماڭا بىر پارچە ئىجازەتنامە ئېلىپ بەرسىڭىز، سىزگە مەلۇم، مەن ئىلگىرى تىرانسۋالدا تۇراتتىم» دېدىم. ئۇ شۇ زامان شلەپىسىنى كىيىپ چىقىپ كېتىپ، ماڭا بىر پارچە ئىجازەتنامە ئەكېلىپ بەردى. ئۇ چاغدا پويىز ماڭىدىغانغا يەنە بىرەر سائەتچە ۋاقىت بار ئىدى. مەن يۈك ـ تاقلىرىمنى تەخلەپ قويغانىدىم. مەن ساقچى باشلىقى ئالېكساندېرغا رەھمەت ئېيتىپ، پويىزغا چىقىپ پىرېتورىيەگە ماڭدىم.

شۇ تاپتا ئالدىمدا مېنى ناھايىتى كۆپ قىيىنچىلىقلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلماقتا ئىدىم. مەن پىرېتورىيەگە كېلىپلا بىر پارچە ئەسلەتمە تەييارلىدىم. دۇرباندىكى ۋاقىتىمدا، ھىندىستانلىقلاردىن ۋەكىللەرنىڭ تىزىملىكىنى ئالدىن تەييارلاشنى تەلەپ قىلىدىغانلارنىڭ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. لېكىن، بۇ بىر يېڭى ئورگان بولۇپ، ئۇ بىزدىن بىر نۇسخا ۋەكىللەر تىزىملىكىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. پىرېتورىيەدىكى ھىندىستانلىقلار دائىرىلەرنىڭ مېنى بۇ يەردىن قوغلايدىغانلىقتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىكەن.

لېكىن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان، ئەمما قىزىقارلىق بۇ ئىشنى بايان قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجراتماي بولمايدۇ.

## ئىككىنچى باب

# ئاسىيادىن كەلگەن مۇستەبىت

بۇ يېڭى ئورگانغا مەسئۇل ئەمەلدار مېنىڭ ترانسۋالغا قانداق كەلگەنلىكىمدىن گاڭگىراپ قالدى. ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئىزدەپ بارىدىغان ھىندىستانلىقلاردىن مېنى سورايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەن توغرۇلۇق ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئەمەلدارلار نائىلاج كەلسە ـ كەلمەس پەرەزلەرنى قىلىپ، مېنى ئىجازەتنامىسى يوق بولۇشى مۇمكىن، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ شەھەرگە كىرگەن گەپ دەپ قارىدى. راستلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇلار مېنى قولغا ئالسىمۇ بولاتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەتتىكى ئۇسۇل شۇكى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھۆكۈمەتلەرگە بەزى پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلار بېرىلدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ھۆكۈمەت بىر تۈرلۈك تىنچلىقنى ساقلاش پەرمانىنى ئېلان قىلغانىدى. ھەر قانداق ئادەم ئىجازەتنامىسىز ترانسۋالغا كىرسە، شۇ كىشىگە قولغا ئېلىش ۋە رېجىمغا ئېلىش جازاسى بېرىلەتتى. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مېنى قولغا ئېلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغانىدى، لېكىن مەندىن ئىجازەتنامىنى سوراشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

ئۇ ئەمەلدارلار ئەلۋەتتە دۇربانغا تېلېگرامما يوللاپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرەتتى، ئۇلار مېنىڭ شەھەرگە ئىجازەت بىلەن كىرگەنلىكىمدىن ۋاقىپلانغاندا، قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. لېكىن، ئۇلار بۇنداق ئۈمىدسىزلىككە تەن بېرىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. مەن بىر ئامال قىلىپ ترانسۋالغا كىرگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا مېنىڭ چامبىرلىيىن ئەپەندىنى ساقلاپ تۇرۇشۇمغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ جايدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ئۆمە-

www.uyghurkitap.com

كىگە تەشكىل قىلىنىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ تىزىملىـ
كىنى تاپشۇرۇشنى ئۇقتۇردى. ئىرقىي كەمسىتىش جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ
ھەممىلا يېرىدە مەۋجۇت ئىدى، لېكىن مەن بۇ يەردە ماڭا ھىندىستاندا
تونۇش بولۇپ كەتكەن ئاشۇ خىل ئىپلاس ئەمەلدارلارغا ئۇچراپ قېلىـ
شىمنى ئويلىماپتىمەن. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاممۇۋى تەشكىلاتلار
خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى، ئۇلار يەنە
جامائەت پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا، مەسئۇل ئەمەلدارلار
كىشىلەرگە مۇئەييەن دەرىجىدە ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە
قىلاتتى. ھالبۇكى، رەڭلىك ئىرقتىكىلەرمۇ بۇ ئورگانلاردىن ئاز ـ تولا
مەنپەئەت كۆرۈپ تۇراتتى. ئاسىيادىن كەلگەن ئاشۇ ئەمەلدارلار ئۆزلىـ
رىنىڭ ئىستىبداتلىقىنىمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى، يەنە كېلىپ،
ئاشۇ ئىستىبداتلارنىڭ ئادىتىنىمۇ ئۆنتۈپ قالمىغانىدى. جەنۇبىي
ئافرىقىدا مەسئۇلىياتچان ھۆكۈمەت ياكى دېموكراتىيە بولسىمۇ، لېكىن
ئاسىيادىن ئىمپورت قىلىنغان ئىستىبدات تۈزۈم بار ئىدى. چۈنكى،
ئاسىيالىقلار ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس ئىدى، ئۇلار چەت ئەل
ھاكىمىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ياۋروپالىقلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىـ
قىدا ئولتۇراقلاشقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار جەنۇبىي
ئافرىقا پۇقرالىرىدىن بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى نازارەت
قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ھالبۇكى، ئاسىيادىن كەلگەن ئىستىبدات
شەخسلەر ھازىر ئوتتۇرىغا چىقتى، نەتىجىدە ھىندىستانلىقلار ئىبلىس
بىلەن بىپايان دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى.

مەن مۇنداق ئىستىبداتلىقنىڭ تەمىنى تېتىغانىدىم. دەسلەپتە مەن
بۇ ئورگاننىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتىلدىم. ئۇ سېيلوندىن
كەلگەن ئەمەلدار ئىكەن. مەن بۇ ئەمەلدار بىلەن كۆرۈشۈشكە «چاقىرـ
تىلدىم» دېدىم. گېپىمنىڭ مۇبالىغە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش
ئۈچۈن، مەن ئىشلارنى ئېنىق سۆزلىمەكچى بولدۇم. ئۇ ماڭا يازما يارلىق
چۈشۈرمىگەنىدى. ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ داھىيسى ھەمىشە
ئاسىيا ئىشلىرى ئورگىنىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى،
مەرھۇم ھاجىخان مۇھەممەد سەيىق ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ
رەھبىرى ئىدى. بۇ كاتتىباش مەندىن نېمە ئادەملىكىمنى، بۇ يەرگە
نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى سورىدى.

ــ ئۇ بىزنىڭ مەسلىھەتچىمىز، ــ دېدى تېيىپ سەيىق، ــ
بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە بۇ يەرگە كەلگەن.

— ئۇنداقتا بىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز؟ بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمىز سىلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ گەندى بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى قانچىلىك چۈشىنىدۇ؟ — دېدى ئىستېبدات.

تېيىپ سەيىف ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەتتى:

— دەرۋەقە سىلەر مۇشۇ يەردە، لېكىن گەندى بىزنىڭ ئادىمىمىز، ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزنى، بىزنى چۈشىنىدۇ، سىلەرچۇ؟ ھەر نېمى دېگەندىلەن سىلەر ئەمەلدارلار - دە!

بۇ ئەمەلدار غوجام تېيىپ سەيىفكە مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشقا بۇيرۇپتۇ. مەن تېيىپ سەيىد ۋە باشقا بىرنەچچەيلەن بىلەن بىرلىكتە بۇ ئەمەلدار غوجام بىلەن كۆرۈشۈشكە باردىم. بىز ئولتۇرغۇدەك ئورۇندۇقمۇ يوق ئىدى، بىز ھەممىمىز ئۆرە تۇردۇق.

— سەن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى مەندىن ھېلىقى ئەمەلدار غوجام.

— قېرىنداشلىرىمنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدىم مەن جاۋابەن، — ئۇلارغا بەزى تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىمەن.

— لېكىن سەن بۇ يەرگە كېلىش ھوقۇقۇڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسەن؟ سەن ئالغان ئىجازەتنامە خاتا تارقىتىلىپ قاپتۇ. سەن ئولتۇراقلىشىپ قالسا بولىدىغان ھىندىستانلىق ئەمەس، سەن چوقۇم قايتىپ كېتىشىڭ كېرەك. سېنىڭ بۇ يەردە چامبىرلىن ئەپەندىنى كۆتۈپ تۇرۇشۇڭغا يول قويۇلمايدۇ، ئاسىيا ئىشلىرى ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى دەل مۇشۇ يەردىكى ھىندىستانلىقلارنى قوغداش ئۈچۈن، بولدى، كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى - ئۇ، ئاندىن گېپىنى تۈگىتىپلا مەن بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ماڭا ئازراقمۇ گەپ قىلىش پۇرسىتى بەرمىدى. لېكىن، ھەمراھلىرىمنى ئېلىپ قالدى. ئۇ ئۇلارغا بىرھازا تىل - ئاھانەت قىلىپ، مېنى بىر ئامال قىلىپ يولغا سېلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇلار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ قايتىپ كەلدى. شۇ تاپتا بىز كۈتۈلمىگەن بىر خىل ۋەزىيەتكە دۇچار بولۇۋاتاتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

## خورلۇققا چىداش

بۇ خورلۇقتىن قاتتىق ئازابلاندىم، لېكىن ئىلگىرى بۇنداق خورلۇقلارنى كۆپ تارتقاچقا، بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. مەن بارلىق خورلۇقلارنى قەلبىمدىن چىقىرىپ تاشلاپ، بۇ ئىشنى ئىمكانقەدەر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەي دېگەن يەرگە كەلدىم.

مەن ئاسىيا ئىشلىرى ئورگىنىدىكى باشلىقنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلار خەتتە مېنىڭ دۇرباندا چامبىرلېين ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغانلىقىمنى، شۇڭا ئۇلار ئىسمىمنى چامبىرلېينغا سۇنىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسملىكىدىن چىقىرىۋېتىش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ خەتنى خىزمەتداشلىرىم قوبۇل قىلالمايتتى، ئۇلار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەش ئىشىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىشتى. مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گاڭگىراپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىلەر چامبىرلېين ئەپەندىگە تەلەپ قويغىلى بارمىساڭلار، كىشىلەر سىلەرنى ھېچقانداق مەسىلىسى يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئىشقىلىپ تەلەپنى يازمىچە ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تەييارلىقنى قىلىپ بولغانمىز. تەلەپنامىنى مېنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئوقۇشىنىڭ كارايىتى چاغلىق. چامبىرلېين ئەپەندى بىز بىلەن بۇ ئىشنى تالاش - تارتىش قىلمايدۇ. مېنىڭچە، بىز ئاچچىقنى ئىچىمىزگە يۇتۇۋەتكىنىمىز ياخشى، — دېدىم.

گېپىم تۈگە - تۈگىمەيلا تېيىپ سەيىق ئەپەندى ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەجەبا، سىز ئۇچرىغان ھاقارەت مۇھاجىرلار ئۆمىكى ئۇچرىغان

ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ بىز سىزنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىڭىزنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالايلى؟

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مۇھاجىرلار ئۆمىكىمۇ بۇ ھاقارەتكە چىدىشى كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا نېمە چارە بار؟

— بىز نېمە ئۈچۈن ئاچچىققا چىدايدىكەنمىز؟ بىز ئاللىقانداق بىر ئىشنىڭ بولۇشىدىن قورقمايمىز. بىزنىڭ قولدىن بەرمىگەن يەنە قانچىلىك ھوقۇقىمىز قالدى؟ — دېدى تېيىپ سەيىق.

بۇ تولىمۇ ياخشى جاۋاب بولدى، لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن مۇھاجىرلار ئۆمىكىنىڭ ھوقۇقىنىڭ چاغلىقلىقىنى تولۇق ھېس قىلغانىدىم. مەن ئۇلارنى پەسكويىغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا گېئورگىي گودفرېي ئەپەندىنى ئىزدىشىنى، يەنى ئورنۇمغا ھىندىستانلىق بىر ئادۋوكاتنى دەسسىتىشنى بۇيرۇدۇم.

شۇنىڭ بىلەن گودفرېي ئەپەندى ئۇلارنى باشلاپ تەلەپ قويغىلى ماڭدى. چامبېرلېين ئەپەندىنىڭ جاۋابىدا مېنىڭ تەلەپ قويۇشقا قاتناشمىغانلىقىم تىلغا ئېلىنغانىدى. «بىرلا ۋەكىلنىڭ گېپىنى قايتا-قايتا ئاڭلىغاندىن، باشقا بىر ئادەمنىڭ ئالماشقىنىمۇ ياخشى بوپتۇ» دېگەنىدى ئۇ ۋەزىيەتنى يۇمشاتماق بولۇپ.

ھالبۇكى، بۇ ئىشلارغا خاتىمە بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە مۇھاجىرلار خىزمىتى ۋە بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى كۆپەيتىۋەتكەنىدى. بىز ئىشنى جەزمەن باشتىن باشلىمىساق بولمايتتى.

«مۇھاجىرلار ئۆمىكىنىڭ ئورۇشقا قاتنىشىشى سىز ئوتتۇرىغا قويغان چارە، ئەمدى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆردىڭىز»، مېنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلغانلارمۇ بولدى. لېكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. «مۇشۇنداق تەكلىپ بەرگەنلىكىمدىن پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدىم مەن، — بىزنىڭ ئورۇشقا قاتناشقانلىقىمىز توغرا بولدى دەپ قارايمەن. بىز مۇشۇنداق قىلىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق. بىزنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشىمىز قانداقتۇر ھەق ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس. لېكىن، مەندە ھەرقانداق ياخشى ئىش ھامان ياخشى نەتىجە بېرىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچ بار ئىدى. بىز ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز ئۈستىدە ئويدانراق باش قاتۇرايلى.» بۇ گېپىمگە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى.

«راستىنى ئېيتقاندا، — دېدىم مەن يەنە، — سىلەر قىلىشىمنى كۈتكەن ئىشلارنى قىلىپ تۈگەتتىم. بىراق، ئىشەنچىم كامىلكى، مەن

www.uyghurkitap.com

تىرانسۋالدىن ھازىرچە ئايرىلسام بولمايدۇ، سىلەر ماڭا رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن ئىمكانقەدەر كۆپرەك تۇرماقچىمەن، مەن ئىشلىرىمنى ئىلگىرىكىدەك ناتالدا ئەمەس، بەلكى تىرانسۋالغا كۆچۈپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە قىلماقچىمەن. مېنىڭ بىر يىل ئىچىدە ھىندىستانغا قايتىش ئويۇم يوق، مەن تىرانسۋال ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئادۋوكات بولماقچىمەن. مېنىڭ بۇ ئورگانغا تاقابىل تۇرۇشقا ئىشەنچىم بار، ئەگەر بىز مۇشۇنچىلىك ئىشنى بەجا كەلتۈرەلمىسەك، ئۇ ھالدا مۇھاجىرلار ئۆمىكى بۇ دۆلەتتىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىلسە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىزنى يەنە دەھشەتلىك تالان ـ تاراج كۈتۈپ تۇرىدۇ. مۇھاجىرلار ئۆمىكىمىز كۈندە يېڭى ھاقارەتلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. چامبىرلېين ئەپەندىنىڭ مېنى رەت قىلىشى ھەمدە ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ مېنى ھاقارەتلىشىدەك ئىشلارنى مۇھاجىرلار ئۆمىكى ئۇچراۋاتقان خورلۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھېچقانچە ئىش ئەمەس. بىزنى ئىتقا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈر دېسە، بۇ مۇمكىن ئەمەس.»

شۇنىڭ بىلەن مەن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، پىرېتورىيە ۋە جوخاننېسبۇرگتىكى ھىندىستانلىقلار بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى مۇزاكىرىلەشتىم، ئاخىرىدا جوخاننېسبۇرگدا ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى قۇرۇشنى قارار قىلدىم.

مېنىڭ تىرانسۋال ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئۆزۈمنى ئادۋوكات دەپ تىزىملىتىش ـ تىزىملىتالماسلىقىقا ھېچقانچە ئىشەنچىم يوق ئىدى. ھالبۇكى، قانۇن جەمئىيىتى ئىلتىماسىمنى رەت قىلمىدى، يەنە كېلىپ ئۇنى سوت مەھكىمىسىمۇ ماقۇل كۆردى. ئەينى ۋاقىتتا مۇۋاپىق بىر جايدىن ھىندىستانلىقلارغا ئىشخانا بولغۇدەك بىرنەچچە ئېغىز ئۆي تېپىش تەس ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ رىچ (Ritch) ئەپەندى دېيىلىدىغان يەرلىك بىر سودىگەر بىلەن خېلى قويۇق ئالاقىمىز بار ئىدى، ئۇ پىششىق تونۇشىدىغان بىر ئۆي ـ جاي ۋاسىتىچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق شەھەر ئىچىدىكى ئەدلىيە رايونىدىن مېنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى قىلىشىمغا مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىرنەچچە ئېغىز ئۆي تېپىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ كەسپىي خىزمىتىمنى باشلىۋەتتىم.

## تۆتىنچى باب

# ئادەمنى جانلاندۇرىدىغان پىداكارلىق روھى

مەن ترانسۋالدىكى ھىندىستان ئاھالىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاسىيالىقلار ئىش ئورنىغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ھاياتىمدىكى بەزى تەرەپلەر ئۈستىدە سۆز ئېچىشنى زۆرۈر تاپتىم.

تاكى مۇشۇ كەمگە قەدەر قەلبىمدە بىر خىل مۇرەككەپ ئۈمىد ئۇچقۇنداپ كەلمەكتە. كەلگۈسىنى كۆزلەۋاتقان ئارزۇلىرىم ئۆزۈمنى قۇربان قىلىشتەك پىداكارلىق روھىمنى ئاجىزلاشتۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

ئېھتىمال بومبايدا ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى قۇرغان چاغلىرىم بولسا كېرەك، ئامېرىكا سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ بىر ۋاستىسىچى بومبايغا كەلدى، ئۇ تەق ـ تۇرقى ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك شېرىنسۇخەن بىر ئادەم ئىدى. ئۇ مەن بىلەن كەلگۈسى بەخت ـ تەلىيىم ھەققىدە خۇددى قەدىناس دوستلاردەك سۆزلىشىپ كەتتى. «ئامېرىكىدا — دېگەنىدى ئۇ، — سىزگە ئوخشاش ئورنى بار ئادەملەردىن ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشمايدىغانلار يوق دېيەرلىك، ئەجەبا سىزمۇ كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن سۇغۇرتىغا قاتناشمامسىز؟ ھاياتقا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. بىز ئامېرىكىدا ياشاۋاتقانلار سۇغۇرتىنى بىر خىل دىنىي مەجبۇرىيەت دەپ قارايمىز. مەن سىزنى سۇغۇرتىغا كىرىش دوكۇمېنتى سېتىۋېلىشقا دەۋەت قىلاي.»

تاكى شۇ كەمگە قەدەر مەن جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ھىندىستاندا ئۇچراتقان بارلىق ئىقتىسادىي ۋاستىچىلەرنىڭ ھەممىسىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدىم. چۈنكى، مەن ئەينى ۋاقىتتا سۇغۇرتىنى قورقۇش ۋە پەرۋەردىگارغا بولغان ئىمانى سۇسلۇقنىڭ ئىپادىسى دەپ

قارايتتىم. ھالبۇكى، مەن ھازىر ئامېرىكىلىق بۇ ۋاستىچىنىڭ قايمۇقتۇرۇشلىرىغا باش ئەگكەندىم. ئۇ ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلغاندا، قەلبىمدە خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ سىيماسى بىرلا بىرلەپ نامايان بولۇشقا باشلىدى. مەن ئىچىمدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ھەي، قويە سېنى، سەن خوتۇنۇڭنىڭ بارلىق زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى سېتىۋېتىپ بولدۇڭ، مۇبادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭنى باقمىدىغان مەسئۇلىيەت ئاشۇ بىچارە ئاكاڭنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالسا قانداق قىلىسەن، ئۇ ئاتىلىق مەسئۇلىيەتنى قىلچە باش تارتماستىن ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقىلى نېكەم. سەن مۇشۇنداق بولۇشىغا چىداپ تۇرالامسەن؟» دېدىم. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن، 10 مىڭ رۇپىيەلىك ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا كىرىشكە قايىل بولۇپ قالدىم.

ۋاھالەنكى، مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرمۇش شەكلىمنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن كۆزقارىشىممۇ ئۆزگەردى. مېنىڭ مۇشۇنداق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مىنۇتلاردا قوللانغانلىكى ۋاستىلىرىمنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن پەرۋەردىگارغا بولغان پەرمانبەردارلىقتىن ئىدى. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا قانچىلىك تۇرۇپ قېلىشىمنى بىلمەيتتىم، ھەتتا ھىندىستانغا مەڭگۈ قايتالماي قېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پۇل تېپىپ خوتۇن ـ بالىلىرىمنى بېقىش قارارىغا كەلدىم. بۇ پىلان ماڭا ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى، مەن سۇغۇرتا ۋاستىچىسىنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەنلىكىمدىن نومۇس قىلدىم. مەن كۆڭلۈمدە، ناۋادا راستىلا بېشىمغا ئاشۇنداق كۈن كەلسە، ئاكام راستىلا دادامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم بولۇپ قالسا، ئۇ ھەرگىزمۇ تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارنى بېقىشنى بىر خىل ئارتۇقچە مەجبۇرىيەت دەپ ھېس قىلمايدۇ، يەنە كېلىپ مەن نېمىگە ئاساسەن ئۆزۈمنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ قىياس قىلىمەن. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقىي سۇغۇرتىچى ئۆزۈممۇ ئەمەس، ئاكاممۇ ئەمەس، بەلكى ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار ئىدى. مەن ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا كىرىپ خوتۇن ـ بالىلىرىمنىڭ ئىشەنچىنى تارتىۋالغاندىم. مەن ئۇلارنىڭ ئۆز ھالىدىن ئۆزلىرى خەۋەر ئالالايدىغانلىقىغا نېمىشقا ئىشەنمەيمەن؟ ئەگەر شۇنداق بولمىسا، دۇنيادىكى ھەددى ـ ھېسابسىز نامرات كەمبەغەللەر قانداق قىلىدۇ؟ مەن

ئۆزۈمنى نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم دەپ قارىيالمايمەن دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مۇشۇنداق خىياللار قەلبىمدە دەممۇدەم داۋالغۇيتتى، لېكىن مەن دەرھال بىر قارارغا كېلەلمىدىم، ئېسىمدە قېلىشىچە مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا بىر قېتىملا سۇغۇرتا ھەققى تۆلىگەنىدىم.

تاشقى مۇھىتمۇ مېنىڭ بۇ قاراشلىرىمنى توغرا تاپتۇراتتى. مەن تۇنجى قېتىم جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرغان مەزگىلدە، خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ تەسىرىدە كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتىمنى ساقلاپ قالالغانىدىم. ھازىر بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ كۈچىيىشىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقىنى تېئوسوپىيە تەرەپدارلىرى ئىدى. رىچ ئەپەندىمۇ بىر تېئوسوپىك ئىدى، ئۇ مېنى جوخانىسبۇرگتىكى تېئوسوپىيە تەشكىلاتى بىلەن ئۇچراشتۇردى. مەن بۇ تەشكىلاتقا كىرمىدىم، چۈنكى مېنىڭ ئېتىقادىم باشقا ئىدى. لېكىن، مەن ھەربىر تېئوسوپىك (theosophist) بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلدىم. مەن ئۇلار بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك دىنىي مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتىم، ئۇلار ھەمىشە دىنىي كىتابلارنى قىرائەت قىلاتتى، بەزىدە ئۇلارنىڭ يىغىلىشلىرىدا سۆز قىلاتتىم. تېئوسوپىكنىڭ ئاساسلىق روھى قېرىنداشلىق، دوستلۇق روھىنى ئويغىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئىدى. بۇ مەسىلە ھەققىدە بىز نۇرغۇن تالاش - تارتىشلارنى قىلغانىدۇق، يەنە كېلىپ مەن ئېتىقادى بىلەن ئىش - ئەمىلى بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدىغان تېئوسوپىكلارنى تەنقىد قىلاتتىم. بۇ تەنقىدلەرنىڭ ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئانچە - مۇنچە پايدىلىق تەسىرى بولدى، ئۇ مېنى ئۆزۈم ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# تووۋا مېۋىلىرى

1893 ـ يىلى مەن خىرىستىيان بۇرادەرلەر بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگەندە، مەن تېخى دىندىن مۇستەسنا بىر ئادەم ئىدىم. ئۇلار ماڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، ماڭا ئىيسانىڭ دىنىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى ئىدى، مەن بولسام ھېچقانداق غوم ـ خۇسۇمەتلەردىن خالىي ھالدا ئۇلارنىڭ ۋەزلىرىگە ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن قۇلاق سالاتتىم. مەن ئۇ چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھىندى دىنىنى تەتقىق قىلىۋاتاتتىم، شۇنداقلا باشقا دىنلارنىمۇ چۈشىنىپ بېقىش ئىستىكىدە ئىدىم.

1903 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەھۋالدا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولدى. تېئوسوپىيە ئۇيۇشمىسىدىكى دوست ـ بۇرادەرلەر ھە دېگەندىلا مېنى ئۆز دىنىي ئۇيۇشمىسىغا تارتىپ كىرمەكچى بولاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى مەندەك بىر ھىندى دىنى مۇرىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاز ـ تولا بىرنەرسىگە ئېرىشىش ئىدى. تېئوسوپىيە ئەدەبىياتى ھىندى دىنىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغانىدى، شۇڭا بۇ دوستلار مېنىڭ ياردىمىمگە ئىنتىزار ئىدى. مەن ئۇلارغا سانسكرىتچە سەۋىيەمدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، ھىندى دىنى نوم ـ سۇترالىرىنىڭ ئەسلىسىنىمۇ ئوقۇپ باقمىغانمەن، تەرجىمە قىلىنغانلىرىنىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرگەنمەن دەپ چۈشەنچە بەردىم. ھالبۇكى، ئۇلار «سانسكارا (Sanskara)» (تەقدىر) بىلەن «پۇنارجانما (Punarjanma)» (سامسارا، يەنى مەڭگۈلۈك ئايلىنىش) قا ئېتىقاد قىلاتتى، ئۇلار مېنى ئۆزلىرىگە ھېچبولمىغاندا ئانچە ـ مۇنچە ياردەم بېرەلەيدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى توخۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەنقادەك ھېس قىلىپ قالدىم. مەن بىرنەچچە دوستۇم بىلەن بىرلىكتە ۋىۋېكاناندا يازغان «يوگا نوملىرى»نى قىرائەت قىلاتتىم،

شۇنىڭدەك باشقا دوستلار بىلەن بىرلىكتە م . ئېن . دېۋىپىگىد يازغان «يوگا نەزەرىيەسى»نى ئوقۇيتتىم. مەن يەنە بودانتور يازغان «يوگا سۇترالىرى»، «بىخاگۋاتگىتا (Bhagavadgita) قەسىدىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ ئوقۇغانىدىم. بىز «ھەقىقەت مۇرىتلىرى كۇلۇبى» دېگەندەك بىر ئۇيۇشمىنى قۇرۇپ، دائىم دىنىي كىتابلارنى ئوقۇيتتۇق. «بىخاگۋاتگىتا»غا نىسبەتەن مەندە بۇرۇنلا بىر خىل ئېتىقاد شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغانىدى. ھازىر مەن ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. قولۇمدا بۇ ئەسەرنىڭ ئىككى خىل تەرجىمىسى بار ئىدى، مەن بۇ ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىتچە ئەسلىي مەنىسىنى چۈشىنەتتىم. مەن يەنە كۈندە ئۇنىڭدىن بىر – ئىككى پارچە شېئىرنى يادلاش قارارىغا كەلگەنىدىم. بۇ كۈنلەردە ماڭا يېڭى مۇناجاتلارنى قىرائەت قىلىش ۋە كونا نەزملەرنى تەكرارلاشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 30 بابنى يادقا ئېلىپ بولغانىدىم. لېكىن، «بىخاگۋاتگىتا»نى ئوقۇيدىغان ۋاقتىمنى كېيىن باشقا خىزمەتلەر ئىگىلەپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى پۈتكۈل ۋاقتىمنى ئېلىپ كەتتى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر شۇنداق بولماقتا.

«بىراخمان كۈيلىرى»نى قىرائەت قىلىشنىڭ ئۇ دوستلىرىم ئۈچۈن قانچىلىك رولى بولىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم، لېكىن مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، «بىراخمان كۈيلىرى» دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ھەرىكەت قىبلىنامىسى ئىدى. ئۇ مەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا پايدىلىنىدىغان لۇغەت ئىدى، گويا ئىنگلىزچە لۇغەتلەرنى ئاختۇرۇپ ئۆزۈم بىلمەيدىغان سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى تاپقىنىمغا ئوخشاش، مەن بۇ ھەرىكەت دەستۇرۇمغا تايىنىپ، ئۆزۈم ئۇچرىغان بارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ۋە سىناقلارنى ھەل قىلاتتىم. كېيىن «ئاپارىگراخا (Aparigraha)» (ئىگىلىۋالماسلىق) ۋە «سامابخاۋا (Samabhava)» (باراۋەرلىك) دېگەنگە ئوخشاش بەزى ئىبارىلەر دىققىتىمنى تارتتى. ئاشۇنداق باراۋەرلىكنى قانداق بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ساقلاش بىر مەسىلە ئىدى. بىر ئادەم خورلۇققا، ئۆكتەم ۋە چىرىك ئەمەلدارلارغا، ھە دېسىلا پىرىنسىپ بىلەن ئوينىشىپ غەلۋە – غوۋغا سېلىپلا تۇرىدىغان

كونا خىزمەتداشلىرى ھەمدە باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنى ئەيىبلەپ كېتىشكىمۇ بولمايدىغان ئاشۇ كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟ بىر ئادەم ئۆز مال ـ مۈلكىنى قانداق ئىگىلىشى كېرەك؟ ئەجەبا، جىسمانىي ئىگىلەشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمامدۇ؟ خوتۇن بىلەن بالىچاقىلار ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا، مەن ئىشكاپىمدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشىم كېرەكمۇ؟ ئەجەبا، ھەممىنى تەرك ئېتىپ، «ئۇ»نى ئۇلگە قىلىشىم كېرەكمۇ؟ جاۋاب شۇ قەدەر كەسكىن ئىدى، مەن ھەممىدىن ۋاز كەچمىگۈچە، «ئۇ»نىڭغا قايتالمايتتىم. ئەنگلىيە قانۇنىغا بولغان تەتقىقاتىم ماڭا ياردەم بەردى. مەن سنېل (Snell)نىڭ مۇۋازىنەت ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىنى ئەسكە ئالدىم، «بىراخمان كۈيلىرى»دىكى دىداكتىك بايانلار ماڭا «ۋاكالەتچى» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. شۇڭا قانۇن ئىلمىگە بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى. مەن ئۇنىڭدىن دىنىنى بايقىدىم. مەن «بىراخمان كۈيلىرى»دىكى ئىگىلىۋالماسلىق ھەققىدىكى دىداكتىك مەزمۇنلارنى چۈشەندىم؛ خاسلىق تاپماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ۋاكالەتچىدىن ئۇلگە ئېلىشى كېرەك، گەرچە ئۇ بىھېساب مال ـ مۈلۈكلەرنى تۇتۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىرسىنىمۇ ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي مۈلكۈم دەپ ئويلىمايدۇ. بۇ خۇددى كۈندۈزگە ئوخشاش روشەن ھەقىقەتكى، بىر ئادەم ئىگىلىۋالماسلىق ۋە باراۋەرلىك دەرىجىسىگە يەتمەكچى بولىدىكەن، كۆكسى ـ قارنى ۋە پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشى شەرت. شۇنىڭ بىلەن رىۋاسانگابەيگە خەت يېزىپ، ئازراق پۇل يانسىمۇ ياكى مەن سۇغۇرتا ھەققى ئۈچۈن تۆلىگەن پۇل زىيانغا كەتسىمۇ، مېنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتامنى بىكار قىلىشىمغا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. چۈنكى، شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، پەرۋەردىگار خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ۋە مېنى ياراتقانىكەن، ئەلۋەتتە ئۆزى ھالىمىزغا يېتىدۇ. مەن يەنە ئاكامغا خەت يازدىم، ئۇ ماڭا دادامغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى بارلىق دۇنيا ـ دەپىنىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتكەنلىكىمنى، كېيىن يەنە پۇل ئەۋەتىشىمدىن ئۈمىد كۈتمەسلىكىنى، ئەگەر ئازراق بىرنەرسە يىغالىسام، مۇھاجىرلار ئۆمىكىنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم.

مەن ئاكامغا بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرمەكچىدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئۇ ئىنتايىن قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن ماڭا بولغان

مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ مېنى سەن ئۆزۈڭنى دادىمىزدىنمۇ ئەقىللىك مەن دەپ ئويلاپ قالمىغىن، دېگەنىدى. مەن چوقۇم ئۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلەمدىن خەۋەر ئېلىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ دەل دادىمىز ئىلگىرى قىلغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدىم. لېكىن، «ئائىلە»نىڭ مەنىسى بىر ئاز كېڭىيىپ كەتكەنىدى، ھالبۇكى مەن قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ زادى قانچىلىك ئەقىل ئاساسى بارلىقى كېيىن ئايان بولاتتى.

ئاكام ماڭا ئانچە پەرۋا قىلمىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەن بىلەن بولغان خەت ـ ئالاقىسىنى ئۈزگەنىدى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خاۋاتىرلەندىم، لېكىن مەن ئۆزۈم توغرا دەپ مۇقىملاشتۇرغان مەسئۇلىيەتتىن باش تارتسام، بۇنىڭدىن تېخىمۇ بەك ئارامسىزلىناتتىم. مەن بۇ ئىككى خىل ئارامسىزلىقتىن يېنىكرەكىنى تاللىۋالدىم، لېكىن بۇ مېنىڭ ئاكامغا بولغان ھۆرمىتىمگە تەسىر يەتكۈزەلمەيتتى. بۇ خىل مۇھەببەت پاك ۋە ئۇلۇغۋار ئىدى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ بەختسىزلىكلىرىنىڭ يىلتىزى ئىدى. ئۇ مېنىڭ پۇللىرىمغا ئۇنچىۋالا قاراپ قالمايتتى، ئۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى مېنىڭ ئائىلىۋى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغانلىقىم دەپ قارايتتى. بەختكە يارىشا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ مېنىڭ كۆزقاراشلىرىمنى چۈشەندى. ئۇ سەكراتتىكى ۋاقتىدا مېنىڭ باسقان قەدەملىرىمنىڭ يوللۇقلۇقىنى تونۇپ، ماڭا ئىنتايىن تەسىرلىك بىر پارچە خەت يازغانىدى. ئەگەر بىر ئاتا ئۆز ئوغلىغا ناماقۇل بولسا بولىدۇ دېيىلسە، ئۇ ئوغۇللىرىنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئۆزۈم توغرا دەپ تونۇغان ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى تەربىيەلىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى ھەمدە مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ ماڭا جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ، مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بىر پارچە تېلېگرامما يوللىغانىدى، مەن جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ھالبۇكى، ئىشلار ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن كۈتكەن ئارزۇلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ئالەمدىن ئۆتتى.



ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھېلىھەم كونىچە كەيپىياتتا ياشاپ كەلمەكتە ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرمىدى. مەنمۇ ئۇلارنى يېنىمغا ئەكېلىۋالالمىدىم. بۇنى ئۇلاردىن كۆرۈشكە بولمايتتى. «كىممۇ ئۇلار تەقدىرىگە ئالدىن كېسىپ بىرنېمە دېيەلىسۇن؟»، كىممۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغاندىن بۇيانقى تەسىراتىنى يۇيۇۋېتەلىسۇن؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، كىمكى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ھايات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلسا، بىكارغا ئاۋارە بولغان بولىدۇ.

بۇ ھال ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلارنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق بىر خىل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# گۆشسىز تاماق ئۇچۇن تۆلەنگەن بەدەل

ھەققانىي قۇربان بېرىش ۋە ئادىي - ساددا ياشاش غايەم بارغانسېرى رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقان، دىنىي ئاڭمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا بارغانسېرى جانلىنىۋاتقاندا، گۆشسىز تاماق يېيىشنى بىر خىل بۇرچ دەپ قاراشتەك قىزغىنلىق كۈچىيىشكە باشلىدى. مەن بىلىمخۇمار كىشىلەر بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىشتىن ئىبارەت بىر خىل دىنىي تەرغىبات ئۇسۇلىنى بىلەتتىم.

جوخاننېسبۇرگتا بىر گۆشسىز تاماقخانا بار ئىدى، ئۇنى كۇھىننىڭ سۇ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىغا ئىخلاس قىلىدىغان بىر نېمىس باشقۇراتتى. مەن ئىلگىرى بۇ تاماقخانىغا بارغان ھەمدە گۆشسىز تاماق يەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئەنگلىيەلىك دوستلىرىمنى خېرىدار قىلىپ باشلاپ كەلگەنىدىم. بىراق، مەن بۇ ئاشخانىنىڭ ئۇزاققا بارالمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، چۈنكى بۇ تاماقخانا ھەمىشە ئىقتىسادىي كاساتچىلىق ئىچىدە تۇراتتى. مەن ئىمكانقەدەر ئۆزۈم مۇۋاپىق كۆرگەن ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتىم ھەمدە ئانچە - مۇنچە پۇلمۇ بېرەتتىم، لېكىن ئۇ ئاخىر تاقىلىپ قالدى.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى تېئوسوپىكلار گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەردىن ھېسابلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا مۇشۇ تەشكىلاتقا تەۋە بىر خانىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆلىمى خېلى چوڭ بىر گۆشسىز تاماقخانا ئاچتى. ئۇ سەنئەتخۇمار، چوڭ گەپ قىلىدىغان، يەنە كېلىپ ھېسابات قىلىشنى ئۇقمايدىغان بىر ئايال ئىدى، ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. دەسلەپتە ئاشخانىنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك ئىدى، كېيىن ئۇ چوڭراق ئۆينى ئىجارە ئېلىپ، تىجارەت كۆلىمىنى تەۋەككۈلگە كېڭەيتمەكچى بولدى ھەمدە مەندىن ياردەم سوراپ كەلدى. ئۇ مېنى

www.uyghurkitap.com

ئىزدەپ كەلگەندە، مەن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم، لېكىن مەن ئۇنىڭ خامچوتى چوقۇم ئىنچىكە بولغان دەپ ئويلايتتىم، يەنە كېلىپ مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرەلەيتتىم. ۋاكالەتچىلىرىم خېلى كۆپ پۇلنى مېنىڭ يېنىمدا ساقلايتتى، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ نامىدا ئالاھازەل 1000 فوندستېرلىڭ ئارىيەت ئالدىم. بۇ ۋاكالەتچى ئىنتايىن مەرد ۋە سەمىمىي ئادەم ئىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىغا دەسلەپ كەلگەندە، بىر كېلىشىملىك ئىشچى ئىدى. ئۇ: «ئەگەر خالىسىڭىز ئىشلىتىۋېرىڭ، بۇ ئىشلارنى مەن چۈشەنمەيدىكەنمەن، مەن سىزنىلا تونۇيمەن» دېدى. ئۇنىڭ ئىسمى بادرى (Badri) ئىدى. ئۇ كېيىن زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، تۈرمىدىمۇ ياتتى. مەن ئۇ قوشۇلسىلا بولدى دەپ ئويلاپ، بۇ پۇلنى ئارىيەت ئالدىم.

مەن ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. مەن بۇ زىيانغا زادىلا چىدىيالمىدىم. مەن بۇ پۇلنى ئەسلىدە باشقا ئىشلارغا ئىشلەتسەم بولاتتى، بۇ پۇلنى تاكى ھازىرغىچە قايتۇرۇۋالالمىدىم، بىرنەرسىدىن گۇمان قىلمايدىغان بۇددىستىنى قانداقمۇ بىكاردىن ـ بىكار زىيان تارتقۇزغىلى بولسۇن؟ ئۇ مېنىلا تونۇيدۇ، بۇ زىياننى ئۆزۈم تۆلىشىم كېرەك.

بىر قېتىم مەن بۇ ئەھۋالنى بىر دەۋاگەر دوستۇمغا ئېيتىپ بەردىم، ئۇ مېنىڭ نادانلىقىمنى سىلىق سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەپ:

— بۇرادەر، ھېلىمۇ ياخشى مەن ماخاتما (Mahatma) (قەھرىمان) دەپ ئاتىلىپ قالماپتىمەن. كىشىلەر مېنى «باپۇ (Bapu)» (پەدەر) دەپمۇ ئاتىمايدۇ، دوستلىرىم مېنى ھەمىشە «بۇرادەر» دەپلا چاقىرىشىدۇ. بۇ سىز بىلەن يۇرۇشىدىغان ئىش ئەمەس، بىزنىڭ سىزگە تاپىنىپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار. بۇ پۇلنى سىز قايتۇرۇۋالالمايسىز. ماڭا مەلۇم، سىز بۇددىستىنى كۆيدۈرمەيسىز، بۇ پۇلنى ئۆز يېنىڭىزدىن قايتۇرىسىز. لېكىن، سىز ھە دېسىلا ۋاكالەتچىلىرىڭىز يېنىڭىزدا ساقلاشقا بەرگەن پۇل بىلەن ئىسلاھات پىلانلىرىڭىزنى يۈرۈشتۈرىمەن دەيدىكەنسىز، بۇ بىچارىلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىشىدۇ، سىزمۇ ئۇزاق ئۆتمەي بىر دىۋانىگە ئايلىنىسىز. سىز بىزنىڭ ۋاكالەتچىمىز بولغانىكەنسىز، بۇ قائىدىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

ئۇ ھېلىھەم ھايات، مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۇنىڭدىنمۇ ھالال بىر ئادەمنى تېخى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا بولغان

گۇمانى ئاساسسىز بولۇپ چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆز خاتالىقىنى بويىنىغا ئاللايدىغان ئادەم ئىدى.

مەن ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ توغرىلىقىنى چۈشىنەتتىم. چۈنكى، بۇدسېتنىڭ زىيىنىنى تولۇقلاپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن شۇنىڭغا ئوخشاش زىيانلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم، مېنىڭ ئۇزاق يىل گەدىنىمگە قەرز ئارتىۋالغۇم يوق ئىدى. شۇنداقلا بۇنداق ئىشلار بېشىمغا كېلىپ باقمىغان ھەم بۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت بىزار ئىدىم. بىر ئادەمدە ئىسلاھات قىلىش قىزغىنلىقى بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز قۇربى يەتمەيدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. مەن بۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدىم. مەن يەنە شۇنىمۇ تونۇپ يەتتىمكى، ماڭا ئوخشاش ئامانەت پۇلنى ئىشلەتسە، «بىراخمان كۆيلىرى»دىكى ئاساسلىق ساۋاقلارغا مۇخالىپ كېلەتتى: جىرىمنى تىكىپ مېۋىسىدىن ئۈمىد كۈتمەسلىك كېرەك، يەنى مېھنەتسىز ئەجىر قىلغاندىلا، ئاندىن گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى خاتالىق مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك سىگنال بولۇپ قالدى.

گۆشسىز تاماق ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىم تەييارلىقسىز، غەرەزسىز قۇربانلىقىم ئىدى. بۇمۇ بىر خىل زۆرۈر گۈزەل ئەخلاقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# توپا ۋە سۇ بىلەن داۋالاشتىكى تەجرىبىلىرىم

تۇرمۇشۇم كۈنسېرى ئاددىيلىشىۋاتقان بولغاچقا، مەن دورا يېيىشنى بارغانسېرى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن دۇرباندا ئىش تۇتۇۋاتقاندا تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدىم ھەم رېماتىزم خاراكتېرلىك يۇقۇملانغانىدىم. پ. ج. مېھتا (P.J.Mehta) دوختۇر كېسىلىمنى كۆرۈپ داۋالىغاندىن كېيىن ياخشى بولۇپ كەتتىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاكى ھىندىستانغا قايتقۇچە ئۆزۈمنىڭ ئاللىقانداق بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.

بىراق، جوخانىپسبۇرگتىكى ۋاقتىمدا ھەمىشە قەۋزىيەت ۋە باش ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالاتتىم. بەزىدە بىرئاز سۇرگە دورىسى ئىچىپ، يېمەك ـ ئىچمەكتە دىققەت قىلسام، لا چاتاق چىقمايتتى. لېكىن، مەن ئۆزۈمنى ساق ـ سالامەت دېيەلمەيتتىم. يەنە كېلىپ ھەمىشە ئىچىم پۇشاتتى، بۇنداق سۇرگە دورىسى ئىچىدىغان ئېغىرچىلىقتىن قاچان خالاس بولىدىغانلىقىمنىمۇ بىلمەيتتىم.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، مەن گېزىتتىن مانچېستېردا «ناشتا قىلمىغۇچىلار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مەزكۇر ئۇيۇشما تەرغىباتچىسىنىڭ نەزەرىيەسىدە دېيىلىشىچە، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قېتىم سانى بەك كۆپ، دورا خىراجىتى زىيادە ئېغىر ئىكەن، چۈنكى ئۇلار يېرىم كېچىلەردىمۇ نەرسە ـ كېرەك يەيدىكەن، ئەگەر ئۇلار بۇ خىل ھالەتنى ياخشىلايمەن دېسە، ھېچبولمىغاندا ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمەسلىكى كېرەك ئىكەن. بۇ ئىشلار مەن ئۈچۈن دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن ئازراق

تېگىشلىك يېرى باردەك قىلاتتى. مەن ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماق يەيتتىم. چۈشتىن كېيىن يەنە بىر ئاز چاي ئىچەتتىم. بىر نەرسە يېسەم ئەزەلدىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايتتىم، ھېچقانداق دورا ـ دەرمەك قوشۇلمىغان سىيدام قورۇمىلارنى يېگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئاغزىمغا تېتىپلا قالسا، كۆپرەك يەپ سالاتتىم. ھەر كۈنى ئەتىگىنى سائەت ئالتە ـ يەتتىلەردىن بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرىدىغان چاغلىرىم ناھايىتى ئاز بولاتتى. شۇڭا مەن ئەتىگەنلىك تاماقنى يېمىسەم، بەلكىم باش ئاغرىقىم ساقىيىپ قالار دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇنى سىناق قىلىشقا باشلىدىم. دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە خېلىلا بىئارام بولدۇم. لېكىن، باش ئاغرىقىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، بۇنىڭدىن مەن ئىلگىرى يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆز ئېھتىياجىمدىن كۆپ ئاشۇرۇۋېتىپتىمەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

لېكىن، بۇ خىل ئۆزگىرىش مېنى قەۋزىيەت ئازابىدىن قۇتقۇزالمىدى. مەن كۆھنىنىڭ سۇ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى سىناق قىلىپ بېقىۋىدىم. بۇنىڭ بىر ئاز ئۈنۈمى بولدى، لېكىن پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كېتەلمىدىم. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ھېلىقى گۆشسىز تاماقخانا ئاچقان گېرمانىيەلىكمۇ ياكى بىرەر دوستۇممۇ كىملىكى ئېسىمدە قالماپتۇ، ماڭا كاستېرنىڭ «تەبىئەتكە قايتىش» ناملىق كىتابىنى بەردى. مەن بۇ كىتابتىن توپا بىلەن داۋالاشقا دائىر ئۇسۇللارنى ئوقۇدۇم. ئاپتور كىتابتا ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەر ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي ئوزۇقلۇقى دېگەننى تەشەببۇس قىلغانىدى. لېكىن، مەن شۇ زامانلا مېۋە ـ چېۋىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ كەتمىدىم. مەن توپا بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى سىناق قىلىپ، ھەيران قالغۇدەك ئۈنۈمگە ئېرىشتىم. ئۇسۇل مۇنداق ئىدى: مەن سوغۇق سۇ سېپىلگەن پاكىز لاي توپىنى بىر پارچە لاتىغا ئېلىپ يېيىتتىم، ئاندىن ئۇنى قورسىقىمغا تاڭدىم. ئۇخلايدىغان ۋاقتىمدا قورسىقىمغا چاپتىم، ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئويغانغان چېغىمدا ئېلىۋەتتىم. بۇ ئۇسۇل ناھايىتى تېزلا ئۈنۈم بەردى. كېيىن مەن مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۆزۈمنى داۋالىدىم ھەمدە بۇنى دوستلىرىمغا تونۇشتۇردۇم. بۇ ئۇسۇلنى دوستلىرىمغا تونۇشتۇرغاندىن كېيىنمۇ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئىش بولمىدى. ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىن مەن بۇ ئۇسۇلنى سىناق

قىلغۇدەك مۇقىم بىر جايدا خاتىرجەم تۇرۇپ باقمىدىم. ھالبۇكى، مېنىڭ سۇ ۋە توپا بىلەن داۋالاشقا بولغان ئىشەنچىم يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، زۆرۈر تېپىلغاندا مەن مۇئەييەن دەرىجىدە توپا بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزۈمنى داۋالاپ كېلىۋاتىمەن ھەمدە بۇنى خىزمەتداشلىرىمغا تونۇشتۇرۇۋاتىمەن.

مەن ھاياتىمدا ئىككى قېتىم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولساممۇ، ئادەمنىڭ دورىغا ئانچە موھتاج بولمايدىغانلىقىغا يەنىلا ئىشىنىمەن. 1000 كېسەلنىڭ 999 ىنى قانۇنىيەتلىك يېمەك - ئىچمەك، سۇ، تۇپراق بىلەن داۋالىغىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئائىلىۋى ئۇسۇللار بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدۇ. چۈنكى، كىچىككىنە كېسەلنى دەپ دوختۇرنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بارىدىغانلار ھەر خىل، ھەر ياڭزا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى، مىنېرال دورىلارنى يەپ، ئۆز ھاياتىنى دەپسەندە قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنى ئۆز تېنىنىڭ غوجايىنىغا ئەمەس، قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئادەملىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

بۇ پىكىرلەرنى كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ يېزىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن كېسەللەرنىڭ بۇلارغا سەل قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن نېمىشقا كېسەل بولىدىغانلىقىمنى بىلىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولغاچقا، سەۋرچانلىقىمنى يوقىتىپ قويمىدىم. ئەمەلىيەتتە، مەن مۇشۇ كېسەللىرىم ئۈچۈن پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتىشىم كېرەك. چۈنكى، مەن بۇنىڭدىن تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولدۇم، خىلمۇخىل دورىلارنى يېيىش ۋەسۋەسىسىنى ئۇنۇتۇلۈك يېڭەلىدىم. مەن جاھىللىقىمنىڭ دوختۇرلارنى بىزار قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭغا سىلىق - سىپايىلىك بىلەن سەۋر قىلالايتى ھەم مېنى مەيلىمگە قويۇۋېتەتتى.

لېكىن، گەپتىن يەنە چەتلەپ كەتتىم. مەن بىر تالاي چۈشەندۈرۈشلەرنى يېزىشتىن ئىلگىرى، ئوقۇرمەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن. ئومۇمەن مۇشۇ بابنى ئوقۇپ، جاست (Just)نىڭ كىتابىنى سېتىۋالغان ھەرقانداق ئادەم، ئۇنىڭدىكى ھەربىر جۈملە گەپنى گويا

مۇقەددەس كىتابلاردىكى ھەقىقەتمىكىن دەپ قالمىغاي، يازغۇچىلار ھەمىشە شەيئىلەرنىڭ بىر تەرىپىنى يازىدۇ، ھالبۇكى ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاز دېگەندىمۇ يەتتە جەھەتتىن كۆزىتىش كېرەك، بەلكىم شۇندىلا پۈتۈنلەي توغرا بولار. لېكىن، ئوخشاش ۋاقىت ۋە ئوخشاش ئەھۋالدا بۇنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ چىقىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن نەرسىلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ۋە نام ـ مەنپەئەت يۈزىسىدىن يېزىلىدۇ. شۇڭا، مۇشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىكى ئادەم بۇ ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈشى، كىتابتىكى پىكىر بويىچە ھەرقانداق سىناقتا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، ئەڭ ياخشىسى تەجرىبىلىك كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك يا بولمىسا كىتابتىكى بايانلارغا ئاساسەن ئەمەلىي سىناق ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، كىتابتا دېيىلگەن ھەممە نەرسىنى سەۋرچانلىق بىلەن مۇلاھىزە ۋە ھەزىم قىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

## بىر ئاگاھلاندۇرۇش

مەن بۇ بابتا يەنىلا تېمىدىن سىرت پاراڭلارنى سالىمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. مەن توپا بىلەن داۋالاشنى سىناق قىلىۋاتقاندا، يەنە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن داۋالاشنىمۇ سىناق قىلغانىدىم. بۇنى كېيىن سۆزلىگۈدەك پۇرسەت يەنە چىقمىدىغان بولسىمۇ، بۇ يەردە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالسام نامۇۋاپىق بولماس دەپ ئويلايمەن.

بىراق، ھازىر ياكى كېيىن بولسۇن، مەن يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىدە كۆپ زىغىرلاپ كەتمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى، بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن «ھىندى غۇلغۇلىلىرى»دا گۇجاراتچە ئېلان قىلغان بىر يۈرۈش ماقالىلىرىمدە مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەنىدىم، كېيىن بۇلار كىتابچە قىلىپ تارقىتىلدى، ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە «ساغلاملىق قىبلىنىماسى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى. مەن يازغان بىرنەچچە كىتابچىلار ئىچىدە، بۇ شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ ئوخشاشلا قارشى ئېلىنغان بىر كىتاب بولدى. بۇ مەن تاكى مۇشۇ كەمگە قەدەر تېگىشكە يېتەلمەيۋاتقان بىر ئىش. بۇ كىتاب «ھىندى غۇلغۇلىلىرى» ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن يېزىلغانىدى. ھالبۇكى، مەن بۇ كىتابنىڭ شەرقتىمۇ غەربتىكىگە ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلار «ھىندى غۇلغۇلىلىرى»نى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى بىلىمەن. چۈنكى، ئۇلار بۇ مەسىلىنى مەن بىلەن خەت ـ خەۋەر يۈزىدە مۇھاكىمە قىلىشقانىدى. شۇڭا، بۇ يەردە بۇ كىتابچە توغرۇلۇق توختىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، مەن كىتابتىكى نۇقتىئىنەزەرلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش زۆرۈر دەپ قارىمىساممۇ، لېكىن ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمدە

بەزى زور ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزگەنىدىم. بۇنىڭدىن ئۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلىرى تېخى خەۋەرسىز، يەنە كېلىپ مەن بۇلارنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش كېرەك دەپ قارايمەن.

باشقا ئەسەرلىرىمگە ئوخشاش مەن بۇ كىتابچىنىمۇ بىر خىل مەنىۋى مۇددىئادا يازغانىدىم. ھالبۇكى، بۇ خىل مەنىۋى مۇددىئا مېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمگە مەدەت بېرىپ كەلدى، شۇڭلاشقا كىتابتا زىكرى قىلىنغان بەزى نەزەرىيەلەرنى بۇگۈنكى كۈندە ئورۇنلىيالمىغان ۋاقتىمدا تولىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىمەن.

مەن بىر ئادەمنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئەمگەندىن باشقا، سۈتكە يەنە موھتاج بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ يېمەكلىكى ئاپتاپتا مەي باغلاپ پىشقان مېۋە ـ چىۋە ۋە قۇرۇق مېۋىدىن باشقا نەرسە بولماسلىقى كېرەك. ئۇ ئۇزۇم ۋە ئۆرۈك مېغىزىغا ئوخشاش مۇشۇ خىلدىكى مېۋىلەر ئارقىلىق بەدەن توقۇلمىلىرى ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇققا ئىگە بولالايدۇ. بىر ئادەم مۇشۇلارنى يېمەكلىك قىلىپ ياشىسا، جىنسىي ھەۋەس ۋە باشقا ھېسسىياتلىرىنى ئاسانلا تىزگىنلىيەلەيدۇ، ھىندىستاندا «نېمە يېسەڭ، شۇ بولىسەن» دەيدىغان بىر ماقال بار. خىزمەتداشلىرىم بۇنى بىۋاستە تەجرىبە قىلىپ، ئۇنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى، بۇ كۆزقاراش ئۇ كىتابتا تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

لېكىن، قاملاشمىغان يېرى شۇكى، ئەمەلىي تەجرىبە جەريانىدا بەزى نەزەرىيەلىرىمنى ئىنكار قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن كەمەھتە ئەسكەر ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، بىرنەرسىنى خاتا يەپ سېلىپ، تېنىمگە زەخمەت يېتىپ جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالغانىدىم. مەن كالا سۈتى ئىچمەسلىك بىلەن كېرەكتىن چىققان ئورگانىزمنى يېڭىباشتىن ھەرىكەتلەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇرۇنغانىدىم. لېكىن، بۇ مۇمكىن بولمىدى. مەن ئۆزۈم بىلىدىغان دوختۇرلارغا مۇراجىئەت قىلدىم. ھىندى دىنى دوختۇرلىرى ۋە ئالىملىرىنى كالا سۈتى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. بەزىلەر پۇرچاقباش شورپىسى ئىچىپ بېرىشمنى تەكلىپ قىلدى. بەزىلەر ئۆرۈك مېغىزى شىرنىسى ئىچىشمنى ئېيتتى. بۇ يېمەكلىكلەرنى يەپ سىناق قىلىپ باقتىم، لېكىن مېنى ھېچقايسىسى كېسەلدىن ئۆرە قىلالمىدى. ھىندى دىنى

www.uyghurkitap.com

دوختۇرى ماڭا چاراكا (Charaka)نىڭ نۇرغۇن مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، دىندا يېمەك ـ ئىچمەكتىن ۋايىم يېيىشنىڭ داۋالاش ئىشلىرىدا ھېچقانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۇردى. قارىغاندا كالا سۈتى ئىچمىگۈچە، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قامدىشىمغا ھېچقانچە ياردىمى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ھالبۇكى، كالا گۆشى شورپىسى ۋە بىرانىدى ئىچىشىمنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن تەكلىپ قىلغان ئاشۇ كىشىلەر مېنىڭ قەتئىي كالا سۈتى ئارىلاشمىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشىمگە قانداقمۇ ياردەم بېرەلەر؟

چۈنكى، مەن كالا سۈتى ۋە سۇ كالىسىنىڭ سۈتىنى ئىچمەيمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم. تەبىئىيكى، قىلغان قەسىمىم بارلىق سۈتلەرنى ئىچمەيدىغانلىقىمغا قارىتىلغانىدى. لېكىن مەن قەسەم قىلغان چېغىمدا كۆڭلۈمدە كالا ۋە سۇ كالىسىنىڭ سۈتىنى نەزەردە تۇتقاچقا، يەنە كېلىپ داۋاملىق ياشاشنى ئۈمىد قىلغاچقا، ئىلاجىسىز ئۆزۈمنى يوشۇرغانىدىم، سۆز مەنىسىدىن قەسىمىمنى تەكىتلەپ، كالا سۈتى ئىچىشكە نىيەت قىلدىم، كالا سۈتى ئىچىشكە باشلىغاندا، قەسىمىمنىڭ بۇزۇلغانلىقى كۆڭلۈمگە ئوپئوچۇق ئايان بولغانىدى.

ۋاھالەنكى، بىر قېتىملىق ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، روۋلات (Rowlatt) قانۇن لايىھەسىگە قارشى تۇرۇش خىيالىم مېنىڭ ياشاش ئارزۇيۇمنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى. نەتىجىدە ھاياتىمدىكى ئەڭ كاتتا سىناقلىرىمنىڭ بىرسى ئادا بولدى.

مەن بەزىلەرنىڭ روھ بىلەن ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنىڭ مۇناسىۋەتسىز بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىنى تالاش ـ تارتىش قىلغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، روھ يا ئىچمەيدۇ، يا يېمەيدۇ؛ دېمەكچىمەنكى، گەپ سىېنىڭ سىرتتىن ئىچىڭگە قانداق نەرسىنى ئەكىرگەنلىكىڭدە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ سىرتقا قانداق نەرسىنى چىقارغانلىقىڭدىدۇر، بۇلارغا شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇئەييەن كۈچ سىڭگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، مەن بۇ مەسىلىنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى تەكشۈرمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۆزۈمنىڭ قەتئىي ئېتىقادىنى جاكارلاپلا قويسام كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدۇ: پەرۋەردىگاردىن قورقۇشتەك مەنىۋى دۇنيادا ياشاشقا رازى بولغان، پەرۋەردىگارنىڭ جامالىغا يۈزلىنىپ ياشاشقا ئىنتىلگەن ئاشۇ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ سۈپىتىنى ۋە سانىنى چەكلەش ئوي ـ پىكىر ۋە

گەپ ـ سۆزنى چەكلىگەنگە ئوخشاشلا مۇھىمدۇر.

ۋاھالەنكى، مەن بەزى نەزەرىيەلىرىمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىغاندا، مەن بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ قويۇشنىلا ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭدىن يەنە پايدىلىنىپ يۇرمەسلىكىنى ئېيتىپ قويماقچى. شۇڭا مېنىڭ نەزەرىيەلىرىمگە ئاساسلىنىپ كالا سۈتى ئىچمەس بولۇپ قالغان ئاشۇ كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرىگە ھەر تەرەپتىن پايدىسى بارلىقىنى بايقىغان ياكى تەجرىبىلىك دوختۇرلار چىقىپ نەسىھەت قىلغانغا قەدەر، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇۋالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆز تەجرىبەمدىن ئېيتقاندا، مەن تاكى ھازىرغا قەدەر ھەزىم قىلىشى ناچار ياكى كېسەل چىرمىۋالغان ئاشۇ كىشىلەرگە كالا سۈتىدىنمۇ يەڭگىل ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبى مول نەرسە بولمىسا كېرەك دېگەنگە ئىشىنىمەن.

ئەگەر بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتلەردە ئاللىقانداق تەجرىبىسى بولسا، بۇ بايانلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن كىتابىي بىلىملىرى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىغا ئاساسلىنىپ، سۈت ئورنىدا ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان، سۈت بىلەن ئوخشاش ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە ھەم ئاسان ھەزىم بولىدىغان كۆكتاتلارنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولسا، ئىنتايىن مىننەتدار بولغان بولاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان كۈرەش

ئەمدى ئاسىيالىقلار ئىشى ھەققىدىكى گەپكە كېلەيلى.

جوخاننېسبۇرگ ئاسىيالىقلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ بازىسى بولۇپ قالغانىدى. كۆزىتىشىمچە، بۇ ئەمەلدارلار ھىندىستانلىقلارنى، جۇڭگولۇقلارنى ۋە باشقا ئاسىيالىقلارنى ياخشى قوغدىماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇلارنى ئېزەتتى. ھەر كۈنى: «شەھەرگە كىرىش ھوقۇقى بارلار ئىجازەتنامە ئالالمايۋاتىدۇ، لېكىن شەھەرگە كىرىش ھوقۇقى بولمىغان ئاشۇ كىشىلەر 100 فوندستېرلىڭ خەجلىسە شەھەرگە كىرەلەيدۇ. ئەگەر سىز ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادالەتنى ياقلىمىسىڭىز، كىم چىقىدۇ؟» دېگەندەك مەزمۇندا ئەرز قىلىدىغانلار ئالدىمغا كېلىپ تۇراتتى. مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلاتتىم. مەن بۇنداق يامان ئىشلارنى يوقاتمىسام، ئۇ چاغدا ترانسۋالدا بىكار تۇرغان بولاتتىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن دەلىل ـ ئىسپات توپلاشقا باشلىدىم، قولۇمغا خېلى كۆپ ماتېرىيال چۈشكەندىن كېيىن ساقچى باشلىقىنى ئىزدەپ باردىم. قارىغاندا ئۇ ئادىل ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى شىكايىتىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ھەمدە مەندىن بارلىق ماتېرىياللارنى ئۆزىگە كۆرسىتىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇ گۇۋاھچىلار بىلەن بىۋاستە سۆزلەشتى ھەمدە كۆڭلىدە خېلىلا قانائەت ھېس قىلدى. بىراق، جەنۇبىي ئافرىقىدا رەڭلىك ئىرقلارغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەن ئاق تەنلىكلەرنى سوتلايدىغان ئاق تەنلىك زاسېداتېللارنى تېپىشنىڭ تەسلىكىنى ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئېنىق بىلەتتى.

— ھالبۇكى، — دېدى ئۇ، — مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىز بۇنى سىناپ بېقىشىمىز كېرەك. زاسېداتېللارنىڭ ئۇلارغا يان بېسىشىدىن قورقۇپ، بۇ جىنايەتچىلەرنى قانۇننىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. مەن ئۇلارنى تۇتىمەن، سىزگە شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، مەن ئۇلارغا بىر ئامال قىلىپ تاقابىل تۇرىمەن.

مەن بۇنداق كاپالەتكە موھتاج ئەمەس ئىدىم. مەن بىر تۈركۈم ئەمەلدارلاردىن گۇمانلىناتتىم، لېكىن مەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچلۈك پاكىتلار كەمچىل ئىدى. تۇتۇش بۇيرۇقى ئىككى ئادەمگىلا چۈشتى. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ جىنايىتى بارلىقىدىن قىلچە شەكلەنمەيتتىم.

مەن ھەرىكەتتە ئەزەلدىن خۇپىيانە ئىش قىلمايتتىم. مېنىڭ ھەر كۈنى ساقچى ئىدارىسىگە چاپىدىغانلىقىمنى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەتتى. قولغا ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئەمەلدارنىڭ قول ئاستىدا ئازدۇر - كۆپتۇر چارە - تەدبىرى بار پايلاقچىلار بار ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمنىڭ ئەتراپىغا ھەر كۈنى ماراقچى قويۇپ، ھەرىكىتىمنى ئۇ ئىككى ئەمەلدارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، بۇ ئىككى ئەمەلدار بەك ئوسال نېمىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پايلاقچىلىرىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەگەر ھىندىستانلىقلار بىلەن جۇڭگولۇقلار ماڭا ياردەم بەرمىگەن بولسا، ئۇلار قولغا چۈشمىگەن بولاتتى.

بىرسى قېچىپ كەتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىر پارچە چاقىرىقنامە چىقىرىپ، ئۇنى يەنە ترانسۋالغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار سوراققا تارتىلدى، گەرچە يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتلار بولسىمۇ، زاسېداتېللار ئارىدىن بىرەيلەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، قالغان ئىككىيلەننى گۇناھسىز دەپ قويۇۋەتتى.

مەن ھەقىقەتەن بەك ئۈمىدسىزلەندىم. ساقچى باشلىقىنىڭمۇ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. بۇ ئىش مېنى ئادۋوكاتلىق خىزمىتىدىن قاتتىق سەسكەندۈرۈۋەتتى. مېنىڭچە، ئىنتايىن چېچەن بىر ئادەم بىردىنلا ئادەمنى نەپرەتلەندۈرىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ جىنايەتكە چاپان يېپىمەن دەپ ئۆز پاكلىقىنى چۆرۈپ تاشلىغانىدى.

ھالبۇكى، بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ جىنايىتى شۈبھىسىز روشەن ئىدى، ھەتتا ئۇلار گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خىزمىتىدىن ئېلىۋېتىلدى. ئاسىيالىقلارنىڭ ئورنىمۇ بىر ئاز ئۆسكەندەك بولدى، ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ئاز ـ تولا كاپالەتكىمۇ ئىگە بولدى.

بۇ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئابرۇيۇمنى ئۆستۈردى، كەسپىي ئىشلىرىممۇ ئاۋۇپ كەتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، مۇھاجىرلار ئۆمىكىمىزنىڭ پۇلى ھەر ئايدا ئاز ـ تولا تېجەپ قېلىندى. بۇ پۇلنى پۈتۈنلەي خەجلىمەيمەن دېگىلىمۇ بولمايتتى، چۈنكى پارىخورلار پۇرسەت تاپسىلا ئۆزلىرىنىڭ كونا ھۈنىرىنى كۆرسىتەتتى. ئەمدى دۇرۇس ئادەملەر ئۆزىنىڭ دۇرۇسلۇقىنى ساقلاپ قالالىغۇدەك كاپالەتكە ئېرىشكەندى.

بۇ ئەمەلدارلار شۇنداق ئوسال بولسىمۇ، ۋىجدانەن گەپ قىلسام، مېنىڭ ئۇلارغا قىلچىلىك شەخسىي غۇمۇم يوق ئىدى. بۇ تەرىپىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار قىيىنچىلىق تارتىپ مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، مەنمۇ ئۇلاردىن ياردىمىمنى ئايىمايتتىم. ئۇلار ئىمكان بار جوخانىسبۇرگ شەھەرلىك مەمۇرىيەتتە ئىشلەپ قېلىشنى ئويلايتتى. پەقەت مەن قارشى پىكىر بەرمىسەملا بولاتتى. ئۇلارنىڭ بىر بۇرادىرى مۇشۇ ۋەجىدىن مېنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، مەن توسالغۇ بولماسلىققا ۋەدە بەردىم، ئۇلار مەمۇرىيەتكە قوبۇل قىلىندى.

مېنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيەم مەن بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغان ئاشۇ ئەمەلدارلارنى خېلىلا خاتىرجەم قىلغانىدى. مەن دائىم ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلار مەن بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئېينى ۋاقىتتا بۇ خىل ئادىتىمنىڭ خۇي ـ پەيلىمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تېخى پۈتۈنلەي تونۇپ يەتمىگەنىكەنمەن، كېيىن بۇنىڭ زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىمنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ «زورلۇق كۈچسىز» قارشى تۇرۇشتىكى بىر خىل خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

ئادەم بىلەن ئىش ـ ئەمەل بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى گەپ، بىر ياخشى ھەرىكەت ئەلۋەتتە مەدھىيىلىنىدۇ، بىر ناچار ھەرىكەتمۇ ئەلۋەتتە ئەيىبلىنىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇنداق ئىش ـ

ئەمەلدىكى ئادەم مەيلى ياخشى ـ يامان بولسۇن، ھەممىشە ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ھۆرمەت قىلىنىدۇ ياكى ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا كونىلار «ئادەم يامان ئەمەس، قىلىقى يامان» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. مانا بۇمۇ ئاداۋەت نەشتىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن جاھانغا تېرىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

بۇ خىل «زورلۇق كۈچسىز» قارشىلىق ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسى ئىدى. مەن «زورلۇق كۈچسىز» قارشىلىقنى ئاساس قىلمىغۇچە، بۇ خىل ھەقىقەتكە ئىنتىلىشنىڭ بىھۇدىلىك ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۈنسېرى چۈشىنىپ بېرىۋاتاتتىم. قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ھۇجۇم قىلىش بىر خىل يوللۇق تۈزۈم بولسىمۇ، لېكىن قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ھۇجۇم قىلىشتەك بۇ تۈزۈمنىڭ ئىختىراچىسىغا نىسبەتەن ئۇ ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە ھۇجۇم قىلغانغا تەڭدۇر. چۈنكى، بىز ھەممىمىز بىر قېلىپتا قۇيۇلغان ئادەملەرمىز، ھەممىمىز پەرۋەردىگارنىڭ بەندىلىرىمىز، شۇنداق بولغاچقا قەلبىمىزدىكى ئىلاھىي قۇدرەت پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچكە ئىگە. بىر ئاددىي ئادەمنى كۆزگە ئىلماسلىق ئاشۇ ئىلاھىي كۈچنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر. دېمەك، شىكەستە بىر ئادەمگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنياغا تەڭ يەتكەن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



## ئونىنچى باب

# بىر قېتىملىق مۇقەددەس ئەسلىمە ۋە توۋا ـ ئىستىغپار

تۈرمۈشتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلار مېنىڭ ھەرقايسى قاتلاملاردىكى كىشىلەر بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇشۇمغا سەۋەب بولدى. مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدى قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىم شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مەن ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتىم. مەيلى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم ياكى ناتونۇش كىشى، يۇرتدىشىم، ياكى ئەجنەبىي، ئاق تەنلىك، ياكى رەڭلىك ئىرق، مەيلى ھىندى دىنى مۇرىتى ياكى باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستانلىق، مۇسۇلمان، پارس، خىرىستىيان ياكى يەھۇدىي بولسۇن، ھەممىسىگە ئوخشاش ئىدىم. مەن قەلبىمدە بۇنداق پەرق يوق دەپ ئېيتالايمەن. مەن بۇنى ۋۇجۇدۇمدىكى بىر خىل تۇغما پەزىلىتىم دېمەستىمەن، بەلكى مۇئەييەن تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسى دەيمەن. مەن «ئاخىمسا (ahimsa)» (زورلۇق كۈچسىز قارشىلىق)، «براخما چاريا (brahma charya)» (ھەۋەسنى يېغىش)، «ئاپارىگراخا (aparigraha)» (ئىگىلىۋالماسلىق) دېگەنگە ئوخشاش گۈزەل پەزىلەتلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتىم.

مەن دۇرباندا ئادۋوكاتلىق قىلىپ يۈرگەندە، ئىش ئورنۇمدىكى كەسپىي خادىملار ھەمىشە مەن بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىندى دىنى مۇرىتلىرىمۇ، خىرىستىيانلارمۇ ياكى ئۆلكە بويىچە ئېيتقاندا، گۇجاراتلارمۇ، تامىللارمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارنى ئۆز ئادىمىمگە ئوخشاش كۆرگەندىن باشقا ئاللىقانداق مۇئامىلىلەردە بولغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. مەن ئۇلارغا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك مۇئامىلە قىلاتتىم. ئەگەر خوتۇنۇم مۇشۇنداق قىلىشىمغا توسقۇنلۇق

قىلسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازارلىنىپ قالاتتىم. بىر كەسپىي خادىم بولۇپ، ئۇ خىرىستىيان مۇرىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى پانچاما (Panchama) تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئىدى.

بىز تۇرۇۋاتقان ئۆي غەربچە پاسوندىكى ئۆي بولسىمۇ، ئۆي ئىچىدە يۇندى تۆكىدىغان ئورەك يوق ئىدى. شۇڭا، ھەربىر ئۆيدە كىچىلىك تەرەت قاچىسىدىن بىرسى بولاتتى. بۇ قاچىلارنى مالايلار ياكى تازىلىق قىلىدىغانلار تۆكمەستىن ئايالىم ياكى ئۆزۈم تۆكەتتىم. مەن بىللە تۇرىدىغان كەسپىي خادىملار ئۆز قاچىلىرىنى ئەلۋەتتە ئۆزلىرى تۆكەتتى. ئەمما، ھېلىقى خىرىستىيان يېڭى كەلگەنىدى. بىزنىڭ ئۇنىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار ئىدى. ئايالىم باشقىلار ئىشلەتكەن تەرەت قاچىلىرىنى يىغىشتۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭغا ھېلىقى پانچاما ئىشلەتكەن تەرەت قاچىنى تۆكۈۋېتىشنى ئېيتسام، بۇ ئۇنىڭغا چەكتىن ئېشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، شۇڭا بىز ۋارقىرىشىپ قالدۇق. ئۇ مېنىڭ تۆكۈشۈمگە رۇخسەت قىلمايلا قالماي، ئۆزىمۇ تۆكۈشكە ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ماڭا تىل - ئاھانەت قىلغاندىكى ھالىتى ھېلىھەم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاچىنى ئېلىپ پەلەمپەيدىن چۈشكەن چاغدا ئىككى مەڭزىنى بويلاپ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ھېلىھەم ئېسىمدە. لېكىن، مەن باغرى يۇمشاق، رەھىمدىل ئەر ئىدىم، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ مۇئەللىمى چاغلايتتىم. مەن قارىغۇلارچە ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇنى ئازابلايتتىم.

مەن ئۇنىڭ تەرەت قاچىسى تۆكۈشتىن ھە دېسىلا نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن قىلىشنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ: «بۇ ئۆيدە بۇنداق تېتىقسىز ھالەتنى كۆرۈۋېرىشكە تاقىتىم يوق» دېدىم.

بۇ گەپلىرىم خۇددى بىر ئوقتەك ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى زېدە قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇمۇ بوش كەلمەي:

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە ئۆزىڭىز ئىگە بولۇۋېلىڭ، مەن كېتىمەن، — دېدى.

مېنىڭ جۇدۇنۇم تۇتتى - دە، ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىم نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، يار - يۆلەكسىز بۇ ئايالنى پەلەمپەيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئاپاردىم - دە، ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتمەكچى

www.uyghurkitap.com

بولدۇم. كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى، ئۇ ۋايساپ: «خىجىل بولمامسەن، سەن ئۆزۈڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ مەن نەگە بارىمەن، پاناھ تارتىپ بارغۇدەك يا ئاتا ـ ئانام بولمىسا، خوتۇنۇڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن، سەن مېنى ئۇرۇپ ـ تېپىپ دۆشكەلىسەم بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭگە ئوبدانراق قاراپ باق، ئىشىكنى ياپ، باشقىلار بۇ سەتچىلىكنى كۆرۈپ قالمىسۇن» دېدى.

مەن يەنىلا پەيلىمدىن يانمايدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدىم، لېكىن ئىچىمدە ھەقىقەتەنمۇ پۇشايمان قىلماقتا ئىدىم، ئىشىكنى يېپىۋەتتىم. خوتۇنۇمنى مەندىن ئايرىلالمايدۇ دېگەندىمۇ، مەن ئۈچۈن ئۇ بولمىسا بولمايتتى. بىز قانچە قېتىم ئازارلاشقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز، لېكىن ئاقىۋەتتە يەنە ياخشىلىشىپ قالاتتۇق، خوتۇنلار چەكسىز سەۋرچانلىقى بىلەن ئاقىۋەتتە ھامان غالىبلاردىن بولۇپ چىقاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە مەن پەۋقۇلئاددە بىر ھېسسىيات بىلەن بۇ ئىشلارنى بايان قىلىۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ مەن بەختىيارانە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ چاغلاردىكى ئىشلارنىڭ بىرسى ئىدى. مەن ئەمدى قارىغۇلارچە ئىش كۆرىدىغان مەپتۇنكار بىر ئەر ئەمەس ئىدىم، ئايالىمنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئەمەس ئىدىم، ئەگەر كاستۇربە خالىسا، خۇددى ئىلگىرى مەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلغاندەك بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ ماڭا يۈز قاراپ ئولتۇرمايتتى. ھەر ئىككىلىمىز سىناقلاردىن ئۆتكەن دوستلاردىن ئىدۇق. ھېچكىممۇ قارشى تەرەپنى ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان ئوبيېكت دەپ قارىمايتتى، مەن كېسەل بولۇپ قالسام، ئۇ يېنىمدىن كەتمەي ماڭا قارايتتى، ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۇ بۇنداق چاغلاردا ھېچقانداق ئىلتىپاتقا ئېرىشىش ئويىدا بولمايتتى.

مەن تىلغا ئالغان بۇ ئىشلار 1898 ـ يىلى يۈز بەرگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەندە تېخى «ھەۋەسنى يېغىش» ئىدىيەسى تۇغۇلمىغانىدى. ئۇ چاغلاردا مەن تېخىچە ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ھەۋەسىنى قاندۇرۇۋېلىش ئوبيېكتى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئايال ئەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم. ئۇنىڭ قولداش، يولداش ۋە ئەرنىڭ خۇشاللىقى ھەم غەم ـ قايغۇسىنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتىم.

1900 ـ يىلغا كەلگەندە بۇ قاراشلىرىمدا جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. 1906 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇ كونكرېت ئىدىيەۋى ھالەت بولۇپ شەكىللەندى. بىراق، بۇ ھەقتە مەن مۇۋاپىق جايدا قايتا توختىلىمەن.

بۇ يەردە ئانچىكىم بىرنىمە دەپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىمەن. جىنسىي تەلىپىمنىڭ بارا ـ بارا ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، مىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشۇم بارغانسېرى تىنچلىنىشقا، شېرىنلىشىشكە ۋە بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

بۇ گەپلىرىمنى ئىشىتكەن كىشىلەر بىزنى يەنە كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ـ خوتۇنلار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن ياكى بىزنى ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكرى تامامەن بىردەك ئوخشىمايدۇ دەپمۇ چاغلاپ قالمىسۇن. كاستۇربە بەلكىم ئۆزىمۇ مەن بىلەن ئاللىقانداق ئوخشىمايدىغان ئىدىيەسىنىڭ بارلىقىنى ئەسلىيەلمەسلىكى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مىنىڭ نۇرغۇن ئۇسۇل ـ چارىلىرىمنى توغرا تاپماسلىقى مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە ئەزەلدىن مۇھاكىمە قىلىپ باقمىغانمىز. مىنىڭچە، بۇنداق مۇھاكىمىنىڭمۇ قىلچە پايدىسى يوق. چۈنكى ئۇ ئاتا ـ ئانا تەربىيەسى كۆرمىگەن، مىنىڭ ياردەم بېرىشىم تېگىشلىك بولغان چاغدىمۇ، مىنىڭ تەربىيەلىرىمگە ئىگە بولالمىدى. لېكىن، ئۇ يۈكسەك پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھىندى خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق گۈزەل پەزىلەت بار. دېمەك، ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، مىنىڭ ماڭغان قەدىمىمگە ئەگىشىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. مەن تۇرمۇشقا مۇئەييەن چەك قويۇشقا ئىنتىلىۋاتقاندا، ئۇ قارشىلىق قىلغانمۇ ئەمەس. شۇڭا، ئارىمىزدا مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە ناھايىتى زور پەرق بولسىمۇ، مەن تۇرمۇشۇمنى ئىزچىل گۈزەل، بەختلىك ۋە ئىنتىلىشچان ھالەتتە سېزىپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون بىرىنچى باب

## ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەر (1)

مەن ئوقۇرمەنلەرگە بۇ بابنى قانداق قىلىپ ئاز ـ ئازدىن يېزىپ چىققانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

مەن بۇ بابنى يېزىشقا باشلىغاندا ئېنىق پىلانىم يوق ئىدى، بۇ خىل مەنىۋى تەسىراتلىرىمنى ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقىشقا ئاساس بولىغۇدەك نە كۈندىلىك خاتىرە ياكى نە بىرەر ھۆججەت ـ پۈتۈك دېگەندەك نەرسەمۇ يوق ئىدى. مەن بۇ بابنى روھىي كەيپىياتىمغا تايىنىپلا يېزىپ چىققانىدىم. مەن بارلىق ئوي ـ پىكرىم ۋە ھەرىكەتلىرىم پۈتۈنلەي روھىي پائالىيەتلىرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىدى، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن. ۋاھالەنكى، بۇ ھاياتىمدىكى پەۋقۇلئاددە زور ئىشلىرىمنى، تولىمۇ ئەرزىمەس دەپ قارالغان ئاشۇ ئىشلارنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمدە، مەن ھەممە ئىشتا مەنىۋى ئىرادەم بويىچە ھەرىكەتلەنگەن دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مەن پەرۋەردىگارنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇنداقلا پەرۋەردىگارنىمۇ بىلمەيمەن. مەن ئۆز ماھىيىتىمگە ئاساسلىنىپلا پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىمەن، مېنىڭ بۇ ئېتىقادىمنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ خىل ئېتىقادنى بىر خىل تەجرىبە دەپ قارايمەن. ھالبۇكى، ئېتىقادنى تەجرىبە دەپ سۈرەتلەشنى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتكەنلىك دېيىش مۇمكىن. بەلكىم بۇنداق دېسەم تېخىمۇ توغرا بولار. مەن پەرۋەردىگارغا بولغان ئېتىقادىمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەشكە ھەقىقەتەنمۇ مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم.

مەن مۇشۇ ھېكايىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بويىچە يېزىۋاتقانلىقىمغا نېمىشقا ئىشىنىمەن؟ ئەمدى بۇنى چۈشەنمەك بىر ئاز

ئاسانلاشقان بولسا كېرەك. مەن ئالدىنقى بابنى يېزىۋاتقاندا مۇشۇ بابنىڭ تېمىسىنى قوللاندىم، لېكىن مەن ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان مۇئامىلە جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىمنى يېزىشىم كېرەككىلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم، مەن شۇنداق قىلغاچقا، تېمىمۇ ئۆزگەردى.

شۇ تاپتا مەن بۇ بابنى يېزىشقا تۇتۇنغىنىمدا يەنە بىر يېڭى مەسىلىگە يولۇقتۇم، مەن يازماقچى بولغان ئاشۇ ئەنگلىيەلىك دوستلىرىمنىڭ قايسى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىشىم كېرەك، قايسى ئىشلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك؟ — مانا بۇنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە بولغانىدى. ئەگەر مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى چۈشۈرۈپ قويسام، ھەقىقەتنى يوشۇرغان بولىمەن. لېكىن، مۇناسىۋەتلىك ئىشلار زادى نېمە؟ بۇنىڭغا كېسىپ بىر نېمە دېيىش تولىمۇ تەس ئىدى، چۈنكى قانداق يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئاندىن مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيتتىم.

بۈگۈن شۇنى ئېنىق چۈشەندىمكى، مەن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئاڭلىغان بارلىق تەرجىمىھاللارنىڭ ھەممىسىنى تارىخ دەپ قارىماسلىق كېرەك دېگەن بۇ گەپ ئورۇنلۇق ئىدى. مەن بۇ قىسسىلىرىمدە ئېسىمدىكى ھەممە ئىشلارنى يازمىغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ھەقىقەتنى كۆزلىگەن تەقدىردىمۇ مېنىڭ زادى نېمىلەرنى يېزىپ، نېمىلەرنى چۈشۈرۈپ قويۇشۇم كېرەكلىكىگە كىم بىر نېمە دېيەلەيدۇ؟ مەن سوتتا تىلغا ئالغان ھاياتىمدىكى بەزى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى يۈزەكى دەلىللەرنىڭ زادى قانچىلىك قىممىتى بار؟ ئەگەر مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان بىر ئادەم مەن ئالىلىقاچان قەلەمگە ئېلىپ بولغان بايانلارنى تەكشۈرۈپ باقسا، ئۇ بەلكىم بۇ بايانلارغا شان ـ شەرەپ قوشۇشى مۇمكىن. ئەگەر يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىدىغان بىرەر ئوبزورچى بولسا، ئۇ ھەتتا مېنىڭ نۇرغۇن ساختا ياسالمىلىقلىرىمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنى كۆرستىشىمۇ مۇمكىن.

شۇڭا، بۇ بابلارنى يازايمۇ، يازمايمۇ دېگەن خىيالدا بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ قالدىم، لېكىن قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سادالارنى چەكلەيدىغان ئادەملا بولمايدىكەن، مەن داۋاملىق يېزىۋېرىشىم كېرەك. مەن چوقۇم دانىشمەنلەرنىڭ: «ئەخلاقىي جەھەتتىن خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغۇچە، باشلىغان ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېرەك» دېگەن مەشھۇر سۆزىگە ئەمەل قىلىشىم كېرەك.

مېنىڭ تەرجىمىھال يېزىشىم تەنقىدچىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن ئەمەس، تەرجىمىھال يېزىشنىڭ ئۆزى ھەقىقەتكە يۈزلەنگەن بىر خىل بىۋاسىتە تەجرىبىدۇر. مېنىڭ تەرجىمىھال يېزىشتىكى مەقسىتىم خىزمەتداشلىرىمغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تاپقۇدەك ۋە ئەسلىگۈدەك ماتېرىيال تېپىپ بېرىش ئىدى. راست، مەن ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن يېزىقچىلىققا تۇتۇنغانمەن، ئەگەر جوللىيداس بىلەن سۋامى ئاناند (Swami Anand) ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا، بۇ كىتاب يېزىلمىغان بولاتتى. شۇڭا، مېنىڭ بۇ تەرجىمىھالىمنى يازغىنىم خاتا بولغان بولسا، ئۇلارمۇ مەسئۇلىيەتنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشىپ بېرىشى كېرەك.

ئەمدى ئەسلىي گەپكە كېلەيلى. نۇرغۇن ھىندىستانلىقلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمغا ئوخشاش مەن بىللە تۇرغاندەك، دۇربانىدىكى ۋاقتىمدا مەن بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئەنگلىيەلىك دوستلارمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مەن بىلەن بىللە تۇرۇشنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، مەن ھەممىلا ئىشتا ئۇنداق ئەقىللىك ئەمەس ئىدىم، مەيلى ياۋروپالىقلار بولسۇن ياكى ھىندىستانلىقلار بولسۇن، مېنىڭمۇ ئازابلىق تەجرىبىلىرىم بولغان، بىراق مەن بۇ تەجرىبىلىرىمدىن ئەپسۇسلانمايمەن. مەندە شۇنداق تەجرىبىلەر بولسىمۇ، بەزىدە دوستلىرىمنى بىئەدەپ ھېس قىلدۇرۇپ قويياتتىم ۋە بىئارام قىلىپ قويياتتىم، مەن بۇ ئادىتىمنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدىم، شۇڭا دوست ـ بۇرادەرلىرىم ماڭا ناھايىتى تۇزۇت قىلاتتى، مېنىڭ ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلىكلىرىمدىن دوستلىرىم خاپا بولغاندا، مەن ئۇلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەيىبلەيتتىم. مەن پەرۋەردىگارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن ئوخشاش پەرۋەردىگارنى بايقايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۇرغۇپ تۇرغان ئالاھىدە ھېسسىياتتا باشقىلار بىلەن بىللە ياشىشى كېرەك، دەپ قارايمەن. شۇندىلا باشقىلار بىلەن بىللە ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، مېنىڭچە كىشى بۇنداق ئاسانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئارىلىشىش پۇرسىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن، بەلكى بۇ خىل پۇرسەتنى باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى بىلەن قارشى

ئېلىشى كېرەك، شۇندىلا ئۆزىنى پۈرسەت بار ـ يوقلۇقىنىڭ تەسىرىدىن خالاس تاپقۇزالايدۇ.

شۇڭا، بىر ئۈرۈشى پارتلىغاندا ئۆيۈم ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا جوخانىېسبۇرگتىن كەلگەن ئىككى ئەنگلىيەلىكنى كۈتۈۋالغانىدىم. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تېئوسوپىستلاردىن ئىدى، ئۇلارنىڭ بىرسى كىتچىن (Kitchin) ئەپەندى ئىدى، مەن ئۇ توغرۇلۇق كېيىنچە توختىلىمەن. بۇ دوستلار ئايالىمنى ھەمىشە كۆز يېشىدىن نېرى قىلمايتتى، شۇنىسى يامان بولدىكى، مېنىڭ ۋەجىمدىن ئۇ بۇنداق سىناقلارنى كۆپ باشتىن كەچۈردى. ئەنگلىيەلىك دوستلارنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىمدەك مەن بىلەن بىللە تۇرۇشى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. مەن ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقاندا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بولسامۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرگەنىدىم، مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنى داچىلاردا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتىم. ھازىر ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى، ھازىر بۇ ئىككى ئەنگلىيەلىك دوست ئائىلىمىزنىڭ ئادىمى بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە ھىندىچە ئۇسۇللارنى قوللاندى، ئۆي ئىچىدىكى جاھازلار غەربچە بولسىمۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسەن ھىندىچە ئىدى، ئۇلارغا ئائىلەمدىكىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ماڭا بىر ئاز تەس كەلگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. لېكىن شۇنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ ئائىلىمىزنى ئۆز ئۆيىدەك ھېس قىلىپ تۇرالىشى تەس ئەمەس ئىدى، مەن بۇنداق بۇرادەرچىلىكنى جوخانىېسبۇرگتا دۇرباندىكىدىنمۇ كۆپرەك بېشىمدىن كەچۈردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئون ئىككىنچى باب

## ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەر (2)

مەن جوخاننېسبۇرگتىكى ۋاقتىمدا ئۈچ ـ تۆت ھىندىستانلىق كەسپىي خادىمنى يالالاپ ئىشلەتكەنىدىم. ئۇلارنى كەسپىي خادىم دېگەندىن كۆرە ئۆز ئوغلۇم دېگىنىم تۇزۇكرەك ئىدى. ھالبۇكى، مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار خىزمەت ئېھتىياجىمدىن چىقىپ بولالمايتتى، ماشىنكىنى ئالايلۇق، ماشىنكا بولمىسا بولمايتتى. ھالبۇكى، ئارىمىزدا مەنلا ماشىنكا ئىشلىتەلەيتتىم. مەن ئىككى خىزمەتچىگە خەت ئۇرۇشنى ئۆگەتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەسى بەك ناچار ئىدى، مەن بىر خىزمەتچىنى بوغالتىرلىق كەسپىي بويىچە تەربىيەلىمەكچى بولغانىدىم. مەن ئادەم ئىزدەش ئۈچۈن ناتالغا بارالمايتتىم، چۈنكى چېگرادىن كىرىش ئىجازەتنامىسى بولماي تۇرۇپ ترانسۋالغا بارغىلى بولمايتتى، ئۆز شارائىتىمدىن ئېيتقاندىمۇ، مەن ئىجازەتنامە بېجىرىدىغان ئەمەلدارلارغا يالۋۇرۇشنى خالىمايتتىم.

زادىلا ئامال قىلالمىدىم، ئىشلار دۆۋىلىنىپ كېتىپ باراتتى، ماڭا كەسپىي ۋە ئاممىۋى خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، مەن بىرەر ياۋروپالىقنى خىزمەتچىلىككە تەكلىپ قىلىشنى بەكمۇ خالايتتىم، لېكىن ئاق تەنلىكلەرنىڭ مەندەك رەڭلىك ئىرقلىق بىر كىشىگە ئىش قىلىپ بېرىشنى خالامدۇ، يوق؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيتتىم. لېكىن، مەن سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئۆزۈم تونۇيدىغان بىر ماشىنكا ۋاستىچىسىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن تېز خاتىرىلىگۈچى تاپقىلى بولىدىغان ـ

بولمايدىغانلىقىنى سورىدىم، ئۇ ماڭا تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇ دىك خانىم دەيدىغان شوتلاندىيەلىك بىر ئايالنى ئۇچرىتىپتۇ. ھالال تىرىكچىلىك قىلىشنى خالايدىغان بۇ ئايال نەدىلا بولسا، دۇرۇس خىزمەتكە موھتاج ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى سېتىقچى ئۇنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ماڭا ناھايىتى ياخشى تەسىر بەرگەنىدى.

— ھىندىستانلىقنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشنى خالامسىز؟

— پەرۋايىم پەلەك، — بۇ ئۇنىڭ قەتئىي جاۋابى ئىدى.

— ئىش ھەققىڭىز قانچە پۇل بولسا بولار؟

— 17 فوندسېتىرلىڭ 10 شىللىڭ كۆپلۈك قىلماس؟

— كۆپلۈك قىلمايدۇ، ئەگەر مەن كۈتكەن ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسىزلا. ئىشقا قاچان چۈشىسىز؟

— ھازىر بولسىمۇ بولىدۇ، ناۋادا خالىسىڭىزلا.

مەن ئۇنىڭغا خەت ـ چەكنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىپ، خەت ئۇرغۇزدۇم.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ مەن بىلەن ئاكا ـ سىڭىللاردەك چىقىشىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ھېچقانداق ئېيۋەن تاپالمىدىم، دېسەم بولىدۇ، مەن ھەمىشە ئۇنىڭغا نەچچە مىڭ فوندستېرلىڭ قىممىتىدىكى پۇلنى بىر تەرەپ قىلدۇراتتىم، يەنە ھېساباتنىمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاشلاپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ تولۇق ئىشەنچىمگە ئېرىشكەنىدى، لېكىن ئىشلار بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، ئۇ ھەتتا كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بېرەتتى، مەن ھەتتا ئۇنىڭ تويىغا باشچىلىق قىلىش شەرىپىگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇم. دىك (Dick) خېنىم ماكدونالد (Machonald) خانىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ خىزمەتتە يېتىشەلمەي قېلىپ ئۇنى ئىزدەپ بارسام، ئۇ كەلمەي قالمىدى.

ئەمدى مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان مۇقىم بىر تېز خاتىرىلىگۈچىگە موھتاج ئىدىم، بەختكە يارىشا يەنە بىر ئايالنى تاپتىم. ئۇ دەل سىلېسىن (Schlesin) خېنىم بولۇپ، ئۇنى كاللېنباچ (Kallenbach) ئەپەندى تونۇشتۇرغانىدى. كاللېنباچ لۇنباج ئەپەندى

توغرۇلۇق بىز كېيىن توختىتىلىمىز. سىلىسىن خېنىم ھازىر ترانسۋالدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقتىدا 17 ياشلاردا ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى بىر ئاز غەلىتە ئىدى، بۇ بەزىدە كالىلېنباچ ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزگىمۇ ئېغىر كېلەتتى، ئۇنى تېز خاتىرىلىگۈچى بولۇش ئۈچۈن كەلگەن دېگەندىن كۆرە، تەجرىبە توپلىغىلى كەلگەن دېگەن توزۇك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا رەھىملىك ئىرقلارغا بولغان كەمسىتىش يوق ئىدى، ئۇ ياش ۋە تەجرىبە دېگەنلەرگە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ ھەتتا قىلچە ئىككىلەنمەي ئولتۇرماستىن بىر ئادەمنى يۈزىدىن - يۈزىگە ھاقارەتلەيتتى، يۈزىدىن - يۈزىگە ئەيىبلەۋېرەتتى. ئۇنىڭ قوپاللىقىدىن ھەمىشە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىم، لېكىن ئۇنىڭ تۈز، سەمىمىي خاراكتېرى ئاشۇنداق مەسىلىلەرنى بىراقلا يوق قىلىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇرغان خەتلىرىنى مەن كۆپ ھاللاردا تەكشۈرمەيتتىم، چۈنكى مېنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەم ئۇنىڭكىگە يەتمەيتتى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ سەمىمىي ـ ساداقەتلىكىگىمۇ تولۇق ئىشەنچ قىلاتتىم.

ئۇنىڭدا پىداكارلىق روھى بار ئىدى، خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇ ئالتە فوندستېرلىڭدىن ئارتۇق ئىش ھەققى ئالمىدى، كېيىن ئۇ ئايدا 10 فوندستېرلىڭدىن ئارتۇق ئىش ھەققى ئېلىشنى رەت قىلدى. ھەر قېتىم ئۇنى كۆپرەك مائاش ئېلىشقا دەۋەت قىلغىنىمدا، ئۇ ھەمىشە مەندىن ئاغرىنىپ: «مەن بۇ يەرگە سىزدىن مائاش تەلەپ قىلىپ كەلمىدىم. مەن بۇ يەرگە سىز بىلەن بىللە ئىشلەشنى ياخشى كۆرگەچكە، سىزنىڭ غايىڭىزنى ياخشى كۆرگەچكە كەلدىم» دەيتتى.

بىر قېتىم ئۇ مەندىن 40 فوندستېرلىڭ ئالدى، لېكىن ئۇ بۇنى چوقۇم قەرز ھېسابلايمىز، دەپ تۇرىۋالغانىدى، يەنە كېلىپ كېيىنكى يىلى بۇ پۇلنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولدى. ئۇنىڭ جاسارىتى پىداكارلىق روھىغا ئوخشاش زور ئىدى. مەن ھاياتىمدا ئامەتىم كېلىپ مۇشۇنداق ئاياللاردىن بىرنەچچىنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى خۇددى خىرۇستالدەك سۈزۈك ئىدى، جاسارىتى جەڭچىلەرنىمۇ خىجىل قىلاتتى. ئۇ دەل ئاشۇ ئاياللارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ھازىر چوڭ ئادەم بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ھازىر قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرىكىدەك ئېنىق بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭ بۇ ياش قىزچاق بىلەن بولغان

ئۆچرىششىم مەن ئۆچۈن مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى، شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىگە ئائىت بىلىدىغانلىرىمنى دېمەيدىغان بولسام، ھەقىقەتكە يۈز كېلەلمىگەن بولىمەن.

ئۇ ھەرىكەتلىرىمىز ئۆچۈن كىچە ـ كۈندۈز پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ كىچىلىرىمۇ ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقىۋېرەتتى، ئەگەر كىمدىكىم ئۇنىڭغا ئادەم قوشۇش تەكلىپىنى بەرسە، ئۇ شۇ ئان بۇنى رەت قىلاتتى. نەچچە مىڭلىغان يۈرەكلىك ھىندىستانلىقلار ئۇنى ھىمايە قىلاتتى، زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى مەزگىلىدە، كاتتىباشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرمىگە قامالغانىدى. بۇ ھەرىكەتكە ئۇلا ئوڭۇشلۇق رەھبەرلىك قىلىپ كېتەلىگەنىدى. ئۇ ھەمىشە بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى تىزگىنلەپ تۇراتتى، سانسىزلىغان خەت ـ ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلاتتى، يەنە «ھىندى جامائەت پىكرى» ھەپتىلىك گېزىتىنىمۇ باشقۇراتتى، لېكىن ئۇ زادىلا ھېرىپ ـ چارچىدىم دېمەيتتى.

سىلسىن خېنىمنىڭ بۇنداق ئىشلىرى يازغانغا تۈگىمەيدۇ. بىراق، مەن بۇ بابنى گوكلېينىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى ئارقىلىق ئاخىرلاشتۇرىمەن. گوكلېي خىزمەتداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتى، نۇرغۇنلىرىنى ئۇ ياخشى كۆرەتتى ھەم ئۇلارنى ھەمىشە ماختاپ تۇراتتى. بارلىق ھىندىستانلىق ۋە ياۋروپالىق خىزمەتداشلىرىم ئىچىدە ئۇ سىلسىن خېنىمنى ھەممىدىن بەك بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى. ئۇ: «سىلسىن خېنىمغا ئوخشاش ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، باشقىلارغا پاك ۋە ھالال مۇئامىلە قىلىدىغان قورقۇمسىز ئايالنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقانمەن، خىزمەتداشلىرىڭىز ئىچىدە، مېنىڭچە ئۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن» دېگەنىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون ئۈچىنچى باب

## «ھىندىستان جامائەت پىكرى»

مەن باشقا ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان يېقىن باردى ـ كەلدىمدىن سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن تىلغا ئالىدىغان بىر ـ ئىككى مۇھىم ئىش بار. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىمنى شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ يەردىلا ئۆتۈپ كېتىشكە قويماقچىمەن. دېك خېنىمنىڭ ئىشقا قويۇلۇشى مېنىڭ خىزمەت ئېھتىياجىمنى تولۇق قامدىيالمىدى، شۇڭا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئالدىنقى بابلاردا رىچ ئەپەندىنى تىلغا ئالدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن يېقىن تونۇشلۇقىمىز بار ئىدى، ئۇ بىر سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئىدى، ئۇ پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ، ھېلىقى شىركەتتىن ئايرىلىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن يۈكۈم خېلى يېنىكلەپ قالدى.

ئاشۇ كۈنلەردە مادانجىت (Madanjit) ئەپەندى مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ «ھىندىستان جامائەت پىكرى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىش تەكلىپىنى بېرىپ، مېنىڭ پىكرىمنى ئالدى، ئۇ خېلى بۇرۇن بىر باسما زاۋۇتى قۇرغانىكەن، مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلىدىم. بۇ ژۇرنال 1904 ـ يىلى تەسىس قىلىندى، مانسۇكلال نازار ئەپەندى ژۇرنالنىڭ تۇنجى باش مۇھەررىرى بولدى، لېكىن ژۇرنالنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى چوقۇم ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك ئىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن ۋاقتىم مۇشۇ ژۇرنالغا كېتەتتى. بۇ ھەرگىزمۇ مانسۇكلالنىڭ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ھىندىستاندا نۇرغۇن

گېزىت ـ ژۇرناللارنى باشقۇرغانىدى، لېكىن بۇ يەردە مەنلا بولىدىكەنمەن، ئۇ ئاشۇ مۇرەككەپ جەنۇبىي ئافرىقا مەسىلىلىرى ئۈستىدە ماقالە يېزىشنى خالىمايتتى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمغا ئىنتايىن ئىخلاس قىلاتتى، شۇڭا باش ماقالە سەھىپىسىنى ماڭا ئىتتىرىپ قوياتتى. بۇ ژۇرنال تاكى بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر ھەپتىلىك ژۇرنال بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. دەسلەپتە ئۇنى گۇجاراتچە، ھىندىچە، تامىلچە ۋە ئىنگلىزچە بولۇپ تۆت خىل يېزىقتا نەشر قىلدۇق. بىراق، مەن تامىلچە ۋە ھىندىچە نۇسخىسىنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھەم تېگىشلىك رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كىشىلەرگە ساختىلىق قىلىۋاتقاندەك تەسىر بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ ئىككى خىل نۇسخىنى توختىتىپ قويدۇم.

مەن ئەسلىدە بۇ ژۇرنالغا پۇل سېلىپ بېرەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي شۇنى بايقىدىمكى، ئەگەر مېنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردىمىم بولمىسا، ژۇرنالنى داۋاملىق چىقىرىش تەسكە توختايتتى. مەن «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نىڭ رەسمىي مۇھەررىرى بولمىساممۇ، ئەمەلىيەتتە ژۇرنالنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل ئىكەنلىكىمنى ھىندىستانلىقلار بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. ئەگەر ژۇرنال تېخى چىقىرىلمىغان بولسىدى ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ نەشر قىلىنغانىكەن، ئۇنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇش بىر خىل ھاقارەت ئىدى. شۇڭا مەن بۇ ژۇرنالغا ئۈزۈلدۈرمەستىن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ تۇردۇم، تاكى ئامانەت پۇللىرىمنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىپ بولاي دېگۈچە شۇنداق قىلدىم، ئېسىمدە قېلىشىچە، مېنىڭ ھەر ئايدا 75 فوندستېرلىڭ ئەۋەتىدىغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى.

ۋاھالەنكى، مەن بۇ بىرنەچچە يىلنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بۇ ژۇرنالنىڭ ھىندىستان مۇھاجىرلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنى مەن ئەزەلدىن سودا خاراكتېرلىك ئىش دەپ قارىمايتتىم. ئۇ ئىزچىل تۇردە مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى ئۆزگىرىشنى چۈشەندۈرەتتى، ئەينى ۋاقىتتىكى «ھىندىستان جامائەت پىكرى» بۈگۈنكى «ياش ھىندىستان» ۋە «يېڭى تۇرمۇش»قا ئوخشاش

مېنىڭ قىسمەن ھاياتىمنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مەن پۇتكۇل يۈرەك قېنىمنى بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىگە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ سەرپ قىلاتتىم، زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىمنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تەشۋىق قىلاتتىم. ئۇ نەشر قىلىنغان 10 يىل ئىچىدە، يەنى 1914 ـ يىلى مەن تۈرمىدە ئىلاجسىز دەم ئالغان چاغلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا، «ھىندىستان جامائەت پىكرى»دىكى مۇھاكىمىلەر تەنقىدچىلەرنى قەلىمىنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەگەر «ھىندىستان جامائەت پىكرى» بولمىغان بولسا، زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنى قوزغىغىلى بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى، ئوقۇرمەنلەر بۇ ژۇرنالدىن زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە دائىر ئىشەنچلىك ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنداقلا ئۇ ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشنى خالايتتى. مەن ئۇچۇن ئۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىشىمدىكى بىر خىل ۋاستە ئىدى. چۈنكى، مەن مۇھەررىرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېقىن ھەم ھەقىقىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئىزچىل ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. مەن ھەمىشە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋاللارنى پاش قىلىپ يازغان نۇرغۇن خەت ـ چەكلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتىم، خەت يازغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، خەتلەرنىڭ بەزىلىرى تۇغقانلارچە كۆيۈنۈش، بەزىلىرى قاتتىق تەنقىد، يەنە بەزىلىرى دەرد ـ شىكايەت بىلەن تولغان بولاتتى. مۇشۇ خەتلەرنى تەتقىق قىلىش، ھەزىم قىلىش ۋە ئۇلارغا جاۋاب بېرىش مەن ئۈچۈن بىر خىل كۆڭۈلدىكىدەك تەربىيە ئىدى. مۇشۇ خەتلەر ئارقىلىق مەن گويا مۇھاجىرلار ئۈمىدىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم. ئۇ ماڭا بىر ئاخبارات خىزمەتچىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى پۇتۇنلەي تونۇتتى. شۇنداقلا مېنى مۇشۇ ژۇرنال ئارقىلىق مۇھاجىرلار ئۈمىدىنى ئىگىلەپ، كەلگۈسى ھەرىكەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغۇدەك ئىمكانىيەتكە، يەنە كېلىپ ئاشۇنچىۋالا ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان جاسارەتكە مۇۋەپپەق قىلدى.

«ھىندىستان جامائەت پىكرى» نەشر قىلىنغان ئايدىلا، مەن ئاخبارات كەسپىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى مۇلازىمەت قىلىش بولۇشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. گېزىت بىر خىل ئۇلۇغۋار كۈچ ئىدى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن ئېتىز - ئېرىقلارنى ۋە زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش، تىزگىنسىز بىر شاش قەلەممۇ ۋەيران قىلىش رولىنى ئۆتەيتتى، ئەگەر تىزگىن سىرتتىن كەلسە، ئۇ تىزگىنسىزلىكتىنمۇ ئۆتە زىيانلارنى كەلتۈرەتتى. پەقەت ئىچكى نازارەتلا ياخشى ئۈنۈم بېرەتتى، ئەگەر بۇ گەپ توغرا بولسا، ئۇنداقتا دۇنيادا مۇشۇنداق سىناققا بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك زادى قانچىلىك گېزىت - ژۇرنال بار؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ رېپىرى كىم بولىدۇ؟ كېرەكلىكى بىلەن كېرەكسىزى خۇددى ياخشى - يامانغا ئوخشاش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، كىشىلەر ئۇنى تاللىۋېلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون تۆتىنچى باب

## ئىشلەمچىلەر رايونىمۇ ياكى «ئايرىۋېتىشمۇ»؟

جەمئىيىتىمىز ئۇچۇن ئىنتايىن زور تۆھپە قوشقان، لېكىن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى «يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار» دەپ قارايدىغان ئاشۇ تەبىقىدىكى كىشىلەر ئىنتايىن چەت يېزا ـ قىشلاقلارغا ياكى بازارلارغا ھەيدىۋېتىلگەنىدى. بۇ جايلار گۇجارات تىلىدا «دېدۋادو» (dhedvado) دېيىلەتتى، بۇ گەپنىڭ كەمسىتىش مەنىسى بار ئىدى، ھەتتا خىرىستىيان ياۋروپاسىدىمۇ يەھۇدىيلار «يېقىن يولىغىلى بولمايدىغانلار» دەپ قارىلىپ، ئۇلارغا ئايرىپ بېرىلگەن رايونلارغىمۇ بىر لەنەتتەگكۈر نام بېرىلگەنىدى. بۇ «ئايرىۋېتىش» (ghettoes) دېيىلەتتى، ئوخشاشلا بۈگۈن ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىدىكى يېقىن يولىغىلى بولمايدىغان كىشىلەر بولۇپ قالغانىدى، بىزنىڭ گۇللەپ ـ ياشنىشىمىز ئۇچۇن، ئاندىرېۋس (Andrews)نىڭ قۇربانلىقى ۋە شاستىرىنىڭ سېھىرلىك ھاسىسىنىڭ قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى كېيىن چۈشىنىۋالىمىز.

باشقا مىللەت ـ قوۋملاردىن پەرقلىنىش ئۇچۇن، قەدىمكى يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى پەرۋەردىگار تاللىغان قوۋم دەپ ئاتىغانىدى، نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ئۇلار ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىنتايىن غەلىتە، ئادالەتسىز قىساسقا دۇچار قىلدى. «ئايرىۋېتىش» ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنى بىر خىل غەلىتە ياكى ئادالەتسىز يەكلەشكە ئۇچرىتىپلا قالماي، بەلكى مۇسۇلمانلار ۋە پارسلارنىمۇ ئوخشاشلا كەمسىتىلىشكە دۇچار قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئوخشاش بىر دۆلەتكە تەۋە ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ ھىندى دىنى مۇرىتى بولمىش قېرىنداشلىرى بىلەن ئوخشاش ئىرققا تەۋە ئىدى.

ئوقۇرمەنلەر شۇ تاپتا بۇ بابنىڭ ماۋزۇسىنىڭ قانداق مەنىلەرگە

ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلغاندۇ. بىز جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىنتايىن سېسىق نامغا ئېرىشكەنتۇق، يەنى «ئىشلەمچى» دېيىلدۇق. «ئىشلەمچى» دېگەن بۇ سۆز ھىندىستاندا ھاممال ياكى ياللانما ئىشچى دېگەن مەنىدە ئىدى، لېكىن ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا خۇددى بىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن «يېقىن يولىغىلى بولمايدىغانلار» دېگەنگە ئوخشاش ھاقارەت مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، «ئىشلەمچى»لەر تۇرىدىغان جايلار «ئىشلەمچىلەر مەھەللىسى» دەپ ئايرىۋېتىلگەنىدى. جوخاننېسبۇرگتا مۇشۇنداق مەھەللىلەر بار ئىدى. لېكىن، باشقا جايلاردىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ يەر ئىجارىگە ئېلىش ھوقۇقى بولغاچقا، ئەھۋال بىرئاز پەرقلىنەتتى. جوخاننېسبۇرگتىكى بۇ مەھەللىنى ھىندىستانلىقلار 99 يىللىق مۇددەت بىلەن ئىجارىگە ئالغانىدى. بۇ مەھەللىلەردە ئاھالىلەر ئىنتايىن زىچ ئىدى، لېكىن مەھەللىلەرنىڭ كۆلىمى نوپۇسنىڭ ئېشىشىغا بېقىپ كېڭەيتىلمىگەنىدى. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ھاجەتخانىلارنى تازىلاپ قويغاندىن باشقا، شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى بۇ مەھەللىدە ھېچقانداق سەھىيە خىزمىتى ئىشلىمەيتتى، يول ياساش ۋە چىراغ، توك بىلەن تەمىنلەش دېگەنلەردىنغۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى ئاھالىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مۇشۇنداق پەرۋاسىزلىق قىلغان يەردە، ئۇلارنىڭ بۇ مەھەللىلەرنىڭ ئاممىۋى تازىلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرىنىڭ ياردىمى ۋە نازارەتچىلىكى بولمىسا، كىشىلەر شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ تازىلىق نىزاملىرىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. ئەگەر ئاشۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى روبىنسون (Robinson)غا ئوخشاش روھقا ئىگە بولسىدى، ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كەتكەن بولاتتى. ۋاھالەنكى، بىز بۇ دۇنيادا روبىنسونچە كۆچمەنلەر مەھەللىسى بولغانلىقىنى ئۇقمايمىز. كىشىلەر چەت ئەللەرگە بايلىق ۋە سودا ـ تىجارەتنى دەپ چىقىدۇ، لېكىن جەنۇبىي ئافرىقىغا كەلگەن ھىندىستانلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغان، نامرات دېھقانلار ئىدى، ئۇلار كۆيۈنۈش ۋە قوغدىنىشقا موھتاج ئىدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ جەنۇبىي ئافرىقىغا بارغان سودىگەر ۋە تەربىيە كۆرگەن ھىندىستانلىقلار ئىنتايىن ئاز ساندا ئىدى.

شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرىنىڭ بۇ خىل بىپەرۋالىقى بىلەن ھىندىستانلىق ئاھالىلەرنىڭ بىلىمسىزلىكى بىرلىشىپ، بۇ

مەھەللىنىڭ تازىلىقىنى تولىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلىماقتا يوق، ئەكسىچە ئۆز بىپەرۋالىقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەينەتچىلىكنى باھانە قىلىپ، بۇ مەھەللىنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى، مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلار يەرلىك قانۇن تۈرغۇزۇش ئىدارىسىدىن ئاھالىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش ھوقۇقىنى ئالدى. مانا بۇ مېنىڭ جوخانىېسبۇرگتا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىمدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ئىدى.

ھىندىستانلىقلارمۇ مۇشۇ مەھەللىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندۇ. يەۋقۇلئاددە بىر سوت مەھكىمىسى يەر - مۈلۈك مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بەلگىلەندى. ئەگەر ئىجارە ئىگىلىرى شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى بەرگەن تۆلەمنى ئېلىشنى رەت قىلماقچى بولسا، ئۇلار مۇشۇ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان پۇل سانى شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ساندىن ئېشىپ كەتسىمۇ، شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان تۆلەم پۇلىنى ئۈستىگە ئالاتتى.

كۆپلىگەن ئائىلىلەر مېنى ئۆزلىرىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى. مەن بۇنداق دېلولاردا پۇل تېپىشنى ئويلىمايتتىم، شۇڭا مەن ئۇلارغا ئۆزلىرى دەۋادا غەلىبە قىلسىلا، سوت مەھكىمىسى مەيلى قانچە پۇل ھۆكۈم قىلسا - قىلسۇن، رازى بولىۋېرىدىغانلىقىمنى، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەربىر دېلو ئۈچۈن 10 فوندستېرلىڭلا ئالىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن يەنە ئۇلارغا تاپقان پۇلۇمنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئاجرىتىپ نامراتلار ئۈچۈن بىر دوختۇرخانا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئورگان قۇرماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم، بۇنىڭدىن ئۇلار تەبىئىيكى ناھايىتى خۇشال بولاتتى.

ئالاھازەل 70 دېلو ئىچىدە بىرلا دېلودا مەغلۇپ بولدۇم. شۇنداق بولغاچقا بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ پۇل تاپتىم. ھالبۇكى، «ھىندىستان جامائەت پىكرى» دائىم پۇلغا ئېھتىياجلىق بولاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇنىڭغا 1600 فوندستېرلىڭ كەتكەنىدى. بۇ دېلولارنى دەپ خىزمىتىم بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. دەۋاگەرلىرىم مېنى ئايلىنىپ

نېرى كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئەسلىدە بىخار (Bihar) ۋە ئۇنىڭغا يېقىن رايونلاردىن ھەمدە جەنۇبىي ھىندىستاندىن كەلگەن كېلىشىملىك ئىشچىلار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان پەقۇلئاددە مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ئۇيۇشما قۇرۇپ، ئەركىن ھىندى سودىگەرلىرى بىلەن ئارىنى ئۈزگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر غۇم ـ خۇسۇمەتتىن خالىي ئەركىن پىكىر تەرەپدارلىرى، ئالىي پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى جائىرامسىڭ (Jairamsing) ئەپەندى بولۇپ، ئۇ رەئىس ئىدى؛ يەنە بادرى ئەپەندىمۇ بار بولۇپ، رەئىس بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. ھازىر ئۇ ئىككىيلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەم بەرگەنىدى. ئەتراپىمدىكى بۇ دوستلار ئارقىلىق مەن جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھىندىستاندىن كەلگەن نۇرغۇن مۇھاجىرلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولالىدىم. مەن ئۇلارنىڭ قېرىندىشى بولۇپ قالغانىدىم، مەن ئۇلارنىڭ نوقۇل قانۇن مەسلىھەتچىسىلا ئەمەس ئىدىم، مەن ئۇلارنىڭ بارلىق شەخسىي ۋە ئورتاق غەم ـ قايغۇلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۈستۈمگە ئالغانىدىم.

بۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ مېنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقىنى دەپ كەلسەم، بۇمۇ بىر قىزىق ئىش. سەيىف ئابدۇللا مېنى گەندى دەپ چاقىرىپ بولالمايتتى. بەختكە يارىشا ھېچكىم مېنى «ساھىب»[1] دەپ چاقىرىپ ھاقارەتلىمىدى. (ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز پارسچە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىگىسى دېگەن مەنىدە ئىدى) سەيىد ئابدۇللا مېنى «بۇرادەر» دېگەن ناھايىتى ياخشى بىر نام بىلەن ئاتىدى. باشقىلارمۇ مېنى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرلىكتە «بۇرادەر» دەپ چاقىرىشتى، تاكى مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلغانغا قەدەر شۇنداق ئاتالدىم. مەن بۇنىڭدىن چەكسىز لەززەت ھېس قىلاتتىم.

---

[1] ساھىب (saheb) ــ ئوردۇ تىلى بولۇپ، ئادەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەت نامى، غوجا، بېگىم دېگەندەك مەنىگە ئىگە (ئاپتوردىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون بەشىنچى باب

## كالا ئازار كېسىلى (1)

شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى بۇ رايوننىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋالدى. لېكىن، ھىندىستانلىقلارنى شۇ زامانلا كۆچۈپ كېتىسەن دەپ قوغلىمىدى. ئۇلارنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارغا مۇۋاپىقراق يېڭى تۇرالغۇ رايونى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇ نۇقتىنى شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى دەماللىققا ئورۇنلاپ بولالمايتتى. ھىندىستانلىقلار شۇ ۋەجىدىن بۇ «ئىپلاس» رايوندا داۋاملىق تۇرۇۋەردى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئوساللاشقانىدى. ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى قولدىن كەتكەنىدىن كېيىن، ئۇلار شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرىنىڭ ئىجارىكەشلىرىگە ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ مۇھىتى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇلاردا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بار چاغدا، قانۇندىن قورقۇپ بولسىمۇ پاكىزلىقنى ئانچە - مۇنچە ساقلايتتى. شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى قانۇندىن قورقمايتتى، ئاھالىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغىنى پاسكىنىچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىدى.

ھىندىستانلىقلار دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈرگەندە، توساتتىنلا كالا ئازار كېسىلى① دېيىلىدىغان بىر خىل كېسەل پەيدا بولدى، بۇ كېسەل يەنە يۇقۇملۇق زاتىل (يۇقۇملۇق ئۆپكە ياللۇغى) دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇ چۇما كېسىلىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ۋە يامان ئىدى.

ھېلىمۇ ياخشى بۇ خىل يۇقۇملۇق كېسەل بۇ رايوندىن تارقالغان

① كالا ئازار (kala azar) كېسىلى ــ ئاساسلىقى شەرقىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا كۆپ كۆرۈلىدىغان، ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدىكى يۇقۇملۇق كېسەل، ئالامىتى قىزىش، قان ئازلىق، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىپ كېتىش، ۋەھاكازالار ــ تەرجىماندىن.

بولماستىن، بەلكى جوخاننېسبۇرگ ئەتراپىدىكى بىر ئالتۇن كاندىن تارقالغانىدى، بۇ كاندىكى ئىشچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قارا تەنلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تازىلىق ـ گىگىيىنا ئىشلىرىغا پوتونلەي ئاق تەنلىك غوجايىنلار مەسئۇل ئىدى. بۇ ئالتۇن كان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلىدىغان بىر قىسىم ھىندىستانلىق ئىشچىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 23 ئادەم بۇ خىل كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇلار بۇ رايون ئىچىدىكى تۇرالغۇلىرىغا قايتىشتى، ئۇلارنىڭ كېسىلى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. مادانجىت ئەپەندى ئۇ ۋاقىتتا «ھىندىستان جامائەت پىكرى»گە زاكاز توپلاۋاتقان بولۇپ، دەل مۇشۇ رايوندا ئىدى. ئۇ قورقۇمسىز ئادەم ئىدى، ئۇ كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بوپتۇ ـ دە، دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ ماڭا مۇنداق باغاقچە يېزىپتۇ: «كالا ئازار كېسىلى تۇيۇقسىز تارقالدى، دەرھال بۇ يەرگە كېلىپ ئامالىنى قىلىڭ، بولمىسا ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەش تەس، دەرھال كېلىڭ.»

مادانجىت ئەپەندى بىر بوش ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، بارلىق كېسەللەرنى ئاشۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. مەن بۇ رايونغا ۋېلىسىپىتلىك كەلدىم، شەھەردىكى مىرزا بەگكە باغاقچە ئەۋەتىپ، بۇ ئۆينى ئېنىقشا ئىگىلىگەنلىكىمىزنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويدۇم.

ئەينى ۋاقىتتا جوخاننېسبۇرگتا دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان ۋىللىيام گودفرېي (William Godfrey) دوختۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قۇتقۇزۇشقا كېلىپ، كېسەللەرگە ھەم دوختۇر، ھەم سېستىرا بولدى، لېكىن 23 ئادەمگە بىز ئۈچەيلەن يېتىشىپ بولالمايتتۇق.

تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا، مەندە شۇنداق بىر ئەقىدە بار ئىدى: بىز قەلبىمىزنى ساپ تۇتساق، بالايى ـ قازاغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئادەم ۋە چارە بىلەن تاقابىل تۇرالايمىز. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ئىش ئورنۇمدا ھىندىستانلىق تۆت خىزمەتچى بار ئىدى. ئۇلار كاليانداس (Kalyandas)، مانېكلال (Maneklal)، گۇنۋانتراي دېسەي (Gunvantrai Desai) ئەپەندى ئىدى، يەنە بىرەيلەننىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. كالياندىسنى دادىسى مېنىڭ قارىشىمغا ھاۋالە قىلغانىدى. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش بويرۇغان ئىشنى قىلىدىغان ۋە گەپ ئاڭلايدىغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى بويتاق ئىدى. شۇڭا مەن ھەر قانچە خەۋپلىك ئىش بولسىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا تاپشۇراتتىم. مانېكلالنى مەن جوخاننېسبۇرگتىن تېپىپ

كەلگەنىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇمۇ تويى قىلمىغانىدى، شۇڭا مەن ئاشۇ تۆتەيلەننى قۇربان قىلىش قارارىغا كەلگەنىدىم، مەن ئۇلارنى خىزمەتچى، خىزمەتداش ياكى باللىرىم دېسەممۇ بولاتتى. كالىيانداسنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئولتۇرمىساممۇ بولاتتى، قالغان ئۈچەيلەندىن مەن بىر ـ بىرلەپ سورىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەلىپىمگە ماقۇل بولدى. «سىز نەگە بارسىڭىز، بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز.» مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاددىي ۋە چۈچۈك جاۋابى ئىدى.

رىچ ئەپەندىنىڭ ناھايىتى يوغان بىر ھويلىسى بار ئىدى. ئۇمۇ مۇشۇ خىزمەتكە قاتنىشىشنى ئويلاۋاتاتتى، لېكىن مەن ئۇنى توسۇپ قويغانىدىم. ئۇنى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى، شۇڭا ئۇ خەتەرلىك رايوننىڭ سىرتىدا خىزمەت قىلدى.

ئۇ سەگەكلىك ۋە بىدارلىق بىلەن ئۆتكەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر كېچە ئىدى. ئىلگىرى مەن نۇرغۇن كېسەللەرگە قاراپ باققان بولساممۇ، لېكىن بۇنداق كالا ئازار كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەرگە قارىشىم تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. مەن گېفراي دوختۇرنىڭ جۇرئىتىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندىم. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلارغا دورا يېگۈزۈش، تەسەللى بېرىش، ھاجىتىدىن چىقىش، ئورنىنى پاكىزلاش ــــ مانا بۇ بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىدى.

بۇ بىرنەچچە ياشنىڭ ھارماس ـ تالماس خىزمەت قىزغىنلىقى ۋە قورقماس روھى مېنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتى، گودفرېي دوختۇردىكى بۇ خىل باتۇرلۇقنى ۋە مادانجىت ئەپەندىگە ئوخشاش ئىشقا پۇختىلىقىنى بىز ئاسانلا چۈشىنەلەيمىز. لېكىن، ئىش كۆرمىگەن بۇ ياشلاردىكى بۇ خىل روھ كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى!

ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز بارلىق كېسەللەرنى بىر يەرگە يىغدۇق.

ھالبۇكى، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ جەبىر ـ جاپاسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەمنى شۇ قەدەر قىزىقتۇراتتى، يەنە كېلىپ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور دىنىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ ۋەقەنى بايان قىلىشقا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى باب ئاجراتماقچىمەن.

## ئون ئالتىنچى باب

## كالا ئازار كېسلى (2)

شەھەرنىڭ مىرزابېگى بىزنىڭ كېسەللەرنى ئاشۇ بوش ئۆيگە يىغقانلىقىمىز ھەمدە كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىمىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئۇ شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ بۇنداق جىددىي ئىشقا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى دەماللىققا بىلمەي قالغانلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ماڭا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى. شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى بۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال جىددىي تەدبىر قوللاندى.

ئەتىسى ئۇلار بىر بوش ئىسكىلاتنى بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە بېرىپ، كېسەللەرنى شۇ يەرگە يۆتكەش تەكلىپىنى بەردى. لېكىن، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇ ئۆينى تازىلاش مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتتى، ئۇ ئۆي قالايمىقان ھەم رەتسىز ئىدى، بىز ئۆزىمىز قول سېلىپ، ئۇ ئۆينى تازىلىدۇق، ياخشى نىيەتلىك بىرنەچچە ھىندىستانلىقنىڭ ياردىمى بىلەن بىرنەچچە كارىۋات ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تېپىپ، بىر ۋاقىتلىق دوختۇرخانا قۇردۇق. شەھەر مەمۇرىيىتى سېستىرادىن بىرنى ئەۋەتتى، ئۇ بىراندى ۋە باشقا دوختۇرلۇق ئۇسكۇنىلىرىنى ئالغاچ كەلگەنىدى، ھەممە ئىشلارنى گودفرېي دوختۇر باشقۇراتتى.

بۇ سېستىرا تولىمۇ مېھرىبان بىر ئايال ئىدى، ئۇ كېسەللەرگە خۇشاللىق بىلەن قارايتتى، لېكىن بىز ئۇنى يۇقۇملىنىپ قالمىسۇن دەپ، كېسەللەرگە ئىمكانقەدەر يېقىن يولاتمايتتۇق.

بىز كۆرسەتمە بويىچە كېسەللەرگە ھەمىشە بىرئاز بىراندى ھارىقى ئىچكۈرەتتۇق. لېكىن، بۇ سېستىرا بىزنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئالدىنى

ئېلىش يۈزىسىدىن بىرالدىدىن بىرئاز ئىچىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى، لېكىن بىز ھېچقايسىمىز ئۇنى ئىچىپ باقمىغانىدۇق. مەن ئۇنىڭ كېسەلگە ئالىلىقاندىاق پايدىسى بارلىقىدىن گۇمانلىناتتىم. مەن گودفرېي دوختۇرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بىرالدى ئىچۈرمەيمۇ داۋالىغىلى بولىدۇ دەپ قارالغان ئۈچ كېسەلنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنى توپا بىلەن داۋالىدىم. مەن ئەم توپىنى ئۇلارنىڭ چېكىسى ۋە كۆكرەكلىرىگە سېپەتتىم. ئارىدىن ئىككى ساقايدى، قالغان 20 ئادەم ئىسكىلاتتا ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا كىرىشىپ كەتتى. جوخاننېسبۇرگتىن يەتتە ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان بىر جايدا يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىدىن بىرسى بار ئىدى. قۇتقۇزۇپ قېلىنغان ھېلىقى ئىككى بىمار ئاشۇ دوختۇرخانىغا يېقىن چېدىرغا ئەۋەتىلدى ھەمدە يېڭىدىن كېلىدىغان كېسەللەرمۇ شۇ جايغا ئاپىرىلىدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ بىز بۇ خىزمەتتىن بوشىنىپ چىقتۇق.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز ھېلىقى ئاق كۆڭۈل سېستىرانىڭمۇ كېسەل يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ شۇ ھامانلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. بىز ھېلىقى ئىككى كېسەلنىڭ قانداق قۇتقۇزۇپ قېلىنغانلىقىنى، بىزگە نېمىشقا كېسەل يۇقمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلەلمىدۇق. لېكىن، بۇ قېتىمقى تەجرىبە بىزنىڭ توپا بىلەن داۋالاشقا بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى، شۇنداقلا بىرالدىنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈمسىگە بولغان گۇمانىمىزنىمۇ ئاشۇردى، مەن بۇ خىل ئىشەنچ بىلەن گۇماننىڭ ھېچقانداق پۇختا ئاساسى يوقلۇقىنى بىلەتتىم، لېكىن ھازىرمۇ ئەينى ۋاقىتتىكىدەك ئاشۇ خىل تەسىراتتىمەن. شۇڭا، بۇ يەردە بۇنى تىلغا ئېلىشنى زۆرۈر تاپقاندىم.

مەن بۇ قېتىمقى يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا، گىيىزىتچىلىك ساھەسىدىكىلەرگە قاراتمىلىقى كۆچلۈك بىر پارچە خەت يېزىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرىنىڭ بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ تازىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولمىغانلىقىنى ئەيىبلىدىم، مەن بۇ قېتىمقى كېسەللىك تارقىلىشىغا شەھەر مەمۇرىيىتى دائىرىلىرى مەسئۇل بولۇشى كېرەك دەپ قارىغاندىم. مەن بۇ

خەت سەۋەبلىك ھېنرى پولاك (Henry Polak) ئەپەندى بىلەن تونۇشتۇم، پوپ جوسىف داك (Joseph Doke) بىلەن دوست بولۇپ قالدىم، بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەب مۇشۇ خەتنىڭ تەسىرىدىن ئىدى.

مەن ھەمىشە بىر گۆشسىز تاماقخانىغا بېرىپ تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئالدىدا دەپ ئۆتتۇم. مەن ئۇ يەردە ئالبېرت ۋېست (Albert West) ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. بىز ھەر كۈنى كەچتە مۇشۇ تاماقخانىدا باش قوشاتتۇق، تاماقتىن كېيىن سەيلە قىلاتتۇق. ۋېست ئەپەندى بىر كىچىك باسما زاۋۇتىنىڭ ھەسسىدارى ئىدى. ئۇ گېزىتتىن مېنىڭ تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل ھەققىدىكى خېتىمنى كۆرۈپتۇ، يەنە كېلىپ مېنى ئاشخانىدا ئۇچرىتالماي تولىمۇ بىئارام بوپتۇ.

خىزمەتداشلىرىم بىلەن مەن تارقالغاندىن كېيىن يېمەك ـ ئىچمەك مىقدارىمىزنى ئازايتتۇق. چۈنكى، مېنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل تارقالسىلا تاماقنى ئاز يەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى. شۇڭا، ئاشۇ بىر نەچچە كۈندە مەن زادىلا كەچلىك تاماق يېمىدىم. مەن چۈشلۈك تاماقنىمۇ باشقىلار كېلىپ بولغۇچە يەپ بولاتتىم. مەن بۇ ئاشخانىنىڭ غوجايىنىنى تونۇيتتىم. مەن ئۇنىڭغا كالا ئازار كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كېسەللەرگە قاراش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىمنى، شۇڭا دوستلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىدىغانلىقىمنى ئاللىقاچان ئۇقتۇرۇۋەتكەنىدىم.

ۋېست ئەپەندى ئاشخانىدا مېنى ئىككى كۈنگىچە ئۇچرىتالماپتۇ. بىر كۈنى مەن ئايلىنىپ كېلەي دەپ تۇرسام، ئۇ ئىشىكىمنى چەكتى. مەن ئىشىكنى ئېچىشىمغىلا، ئۇ سۆزلەپ كەتتى: «مەن ئاشخانىدا سىزنى ئۇچرىتالماي، سىزگە بىرەر ئىش بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، شۇڭا قاق پودىلا سىزنى ئىزدەپ كېلىشىم، تەلىيىمگە ئۆيدە ئىكەنسىز. بولدى، ئەمدى سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش كۆرىمەن، مەتمۇ كېسەللەرگە قاراشقا تەييارلىنىپ قويدۇم، مېنىڭ تىكەندەك يالغۇز، تارتىشىدىغان ھېچنېمىسى يوق بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى سىزمۇ بىلىسىز.»

مەن ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولدۇم ھەمدە ئانچە ئويلاشمايلا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردىم:

ــــ مەن سىزنى كېسەللەرگە قاراتماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە يېڭى كېسەل كەلمىسە، بىزمۇ ئەركىن بولىمىز،

www.uyghurkitap.com

بىراق بىر ئىش بار.

— ھە، نېمە ئىش؟

— سىز دۇربانغا بېرىپ «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نىڭ باسما ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بەرسىڭىز قانداق؟ مادانجىت ئەپەندى كۆپ ھاللاردا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىكەن. دۇرباندا بىر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ، ئەگەر بارىمەن دېسىڭىز، مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالاتتىم.

— مېنىڭ بىر باسما زاۋۇتۇم بارلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز. بەلكىم بېرىشىم مۇمكىن، لېكىن مەن ئاخىرقى جاۋابىمنى ئاخشاملىقتا بەرسەم بولامدۇ؟ بىز كەچتە سەيلە قىلغاندا، بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشەيلى.

مەن بەكمۇ خۇشال بولدۇم، بىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۇ بېرىشقا قوشۇلدى، ئىش ھەققىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئانچە ئويلاشىپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئىستىكى بۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن بىز ھەر ئايدا ئۇنىڭغا 10 فوندستېرلىڭ بېرىدىغان، ئەگەر پايدا بولسا، ئۇنىڭغا مەلۇم نىسبەتتە پىرسەنت ئايرىپ بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. ئەتىسى ۋېست ئەپەندى كەچلىك پوچتا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ دۇربانغا كەتتى، ئۇ قەرز ئىشلىرىنى ماڭا ۋاكالىتەن يىغىۋېلىشقا ھاۋالە قىلدى. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلغانغا قەدەر، ئۇ جاپا-دىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ مەن بىلەن بىرگە بولدى.

ۋېست ئەپەندى لوس (Louth) (ئەنگلىيەنىڭ لىنكولىن ئىشتاتى) دىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئادەتتىكى مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەنىدى، لېكىن ئۇ مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ۋە ئۆز تىرىشچانلىقلىرى داۋامىدا ئاز بولمىغان بىلىملەرگە ئېرىشكەنىدى. مەن ئۇنى ئىزچىل پاك - ديانەتلىك، ئېغىر - بېسىق، كىشىلەرگە مېھىر - مۇھەببەتلىك بىر ئەنگلىيەلىك دەپ قاراپ كەلدىم.

كېيىنكى بابلاردا، مەن ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق توختىلىمەن.

## ئون يەتتىنچى باب

# ھىندىستانلىقلار مەھەللىسىنى كۆيدۈرۈش

خىزمەتداشلىرىم بىلەن مەن كېسەللەرگە قاراش مەسئۇلىيىتىدىن خالاس بولغان بولساقمۇ، كالا ئازار كېسىلى سەۋەبى بىلەن كېلىپ چىققان نۇرغۇن ئىشلار بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا قاراشلىق ئىدى.

شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتى بۇ رايوننى ئېسىدىن چىقىرىپلا قويغانىدى، بۇ ھەقتە مەن ئالدىدا توختالغانمەن. لېكىن، شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتى ئاق تەنلىك شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلغانىدى، بۇ ۋاقىتتا كالا ئازار كېسىلىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن، پۇل خۇددى غازاڭدەك خەجلەندى. مەن شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتىنىڭ ھىندىستانلىقلارغا پەرۋا قىلماسلىق جىنايىتىنى ئەيىبلىگەن بولسامۇ، لېكىن ئاق تەنلىك شەھەر ئاھالىلىرىگە بولغان غەمگۈزارلىقىنى ماختىماي تۇرالمايتتىم. شۇنىسى ئېسىمدىكى، مەن ھەمكارلاشمىغان بولسام، شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتىنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. ئۇ چاغدا ئۇلار قوراللىق كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش تەدبىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قوللىناتتى.

ھالبۇكى، بۇلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالدۇق، شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتىنىڭ ھىندىستانلىقلارغا بولغان ھەرىكىتى قانائەتلەنەرلىك ئىدى، كەلگۈسىدە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىمۇ كۆپ ئاسانلىشىپ كېتەتتى. مەن پۈتۈن ھىندىستانلىقلارنى شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتىگە ياردەم بېرىشكە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن سەپەرۋەر قىلدىم، بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق نەشرى

ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، لېكىن تەشەببۇسلىرىمغا ئاللىكىملەرنىڭ قارشى چىققانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن.

ھىندىستانلىقلار مەھەللىسى قاتتىق نازارەتكە ئېلىنغانىدى، ئۇ يەرگە ھېچكىم رۇخسەتسىز كىرەلمەيتتى، خىزمەتداشلىرىم بىلەن مېنىڭ كىرىپ ـ چىقىش يول خېتىمىز بار ئىدى، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت پۈتكۈل ئاھالىلەر رايونىدىكى كىشىلەرنى يۆتكەپ چىقىپ، جوخانىسبۇرگتىن 13 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۈزلەڭلىككە تىكىلگەن چېدىرلاردا ئۈچ ھەپتە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن بۇ مەھەللىلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش ئىدى. ئاشلىق ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ چېدىرغا كىرىشكە ۋاقىت كېتەتتى، بۇ جەرياندا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆتكەلنى ساقلاش لازىم ئىدى.

كىشىلەر بەك قورقۇپ كەتكەنىدى، لېكىن مېنىڭ ھەمىشە ئاشۇ يەرلەردە بولۇشۇم ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل تەسەللى ئىدى. نۇرغۇنلىغان نامراتلار ھەمىشە ئاز ـ ئازدىن تېرىپ ـ تۆشەپ يەر ئاستىدا ساقلىغانلىرىنى ئەمدى قېزىۋېلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ بانكىسى يوق ئىدى ھەم بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇشنىمۇ بىلمەيتتى. مەن ئۇلارنىڭ بانكىسى بولۇپ قالغانىدىم. پۇل خۇددى سۇغا ئوخشاش ئىش ئورنۇمغا كىرىشكە باشلىدى. بۇنداق كىرىزىس ئىچىدە، مەن ئەلۋەتتە ئۆز ئەمگىكىم ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق ئالمايتتىم. لېكىن، مەن بىر چارە ئويلاپ چىقتىم. مەن پۇل ئامانەت قويغان بانكىنىڭ دىرېكتورى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئىدىم. مەن بۇ پۇللارنى ئۇنىڭ بانكىسىدا ئامانەت قويىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. باشقا بانكىلار بۇنچىۋالا كۆپ تەڭگە ـ يارماقلارنى ساقلاپ بېرىشنى ئەلۋەتتە خالىمايتتى. بانكا خادىملىرىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل رايونىدىن كەلگەن پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. ھالبۇكى، بۇ دىرېكتور ماڭا ھەممە قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. بىز بارلىق پۇللارنى بانكىغا قويۇشتىن ئىلگىرى دېزىنفېكسىيە قىلىشنى قارار قىلدۇق، ئېسىمدە قېلىشىچە، ئالاھازەل 60 مىڭ فوندستېرلىڭ ئامانەت قويۇلغانىدى. مەن قۇربى يېتىدىغان ئايرىم كىشىلەرنى بانكىدا مۇقىم ھېسابات ئېچىشقا دەۋەت قىلدىم، ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلدى، نەتىجىدە بەزىلەر پۇللىرىنى بانكىدا ئامانەت قويۇشقا ئادەتلىنىپمۇ قالدى.

بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر مەخسۇس پويىز بىلەن جوخانىسبۇرگقا يېقىن ئەتراپتىكى كلىپسپرۇت (Klipspruit) دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۆتكەلدى. شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتى ئومۇمىي خىراجەت ئاجرىتىپ ئاھالىلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. چېدىرلاردىن قۇرۇلغان بۇ شەھەر گويا ھەربىي گازارمىدەك تۇيۇلاتتى، بۇ خىل لاگېر تۇرمۇشىغا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر تەبىئىيكى بۇنىڭدىن تىت - تىت بولاتتى ۋە چۆچۈيتتى. لېكىن، ئۇلار ئۇنچىۋالا قولايسىزلىق ھېس قىلىپمۇ كەتمىدى. مەن ھەر كۈنى ۋېلىسىپىتلىك كېلىپ، ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتىم. ئولتۇراقلىشىپ 24 سائەت بولا - بولمايلا ئۇلارنىڭ بارلىق ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ، خۇشال - خۇرام پاراڭ سېلىشىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئوچۇقچىلىقتا ئۈچ ھەپتە تۇرۇش ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاھالىلەر كۆچۈرۈلگەننىڭ ئەتىسى، ئۇ رايون ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى، شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتى ئوت ئىچىدىن نەرسە - كېرەكلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئوخشاش سەۋەب بىلەن شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتى سودا سارايلاردىكى بارلىق ياغاچ - تاشلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى، زىيان 10 مىڭ فوندستېرلىڭغا يەتتى. بۇنداق كەسكىن قارارغا كېلىشتە، بەزىلەرنىڭ سودا سارايلاردا بىرنەچچە ئۆلۈك چاشقاننى بايقىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى.

شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتى بۇ قېتىم نۇرغۇن پۇل خەجلىدى، لېكىن يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توسۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن شەھەردىكى ئاھالىلەرمۇ يېڭىباشتىن ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

# بىر كىتابنىڭ سېھرىي كۈچى

بۇ قېتىمقى كالا ئازار كېسىلى مېنىڭ نامرات ھىندىستانلىقلار ئارىسىدىكى تەسىرىمنى زورايتتى ھەمدە مېنىڭ كەسپىي مەسئۇلىيىتىمنى ئاشۇردى، مېنىڭ ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان بەزى يېڭى مۇئامىلىلىرىممۇ قويۇقلاشتى، بۇ ھالمۇ مېنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بۇرچۇمنى كۆپ زورايتىۋەتتى.

مەن خۇددى ۋېست ئەپەندى بىلەن تونۇشقىنىمغا ئوخشاش ئاشۇ گۆشسىز تاماقخانىدا پولاك ئەپەندى بىلەنمۇ تونۇشقانىدىم. بىر كۈنى كەچتە مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىر يىگىت ماڭا ئىسىم كارتوچكىسىدىن بىرنى سۇنۇپ، مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى ئۆزۈم ئولتۇرغان ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدىم.

— مەن «ئوبزور گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلغان تارقىلىشچان كېسەل ھەققىدىكى خېتىڭىزنى كۆرۈپلا، سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولغانىدىم. مەن مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنىڭ بولغانلىقىدىن قالتىس خۇشالمەن.

پولاك ئەپەندىنىڭ سەممىيىتى مېنى تەسىرلەندۈردى. تۈنجى كۆرۈشكەن ئاشۇ كەچتىلا بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىپ قالدۇق. بىزنىڭ بەزى مۇھىم تۇرمۇش مەسىلىلىرىگە بولغان قارىشىمىز ئىنتايىن ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتا يولغا قويغان بەزى ئۆزگىرىشلىرى تېز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى.

«ھىندىستان جامائەت پىكرى»نىڭ چىقىمى بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋاتاتتى. ۋېست ئەپەندىنىڭ دەسلەپتە بەرگەن بىر مەلۇماتىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ: «مەن بۇ ئىشتا سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك پايدىغان ئېرىشەلىشىمدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن، ھەتتا زىيان تارتىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، بەزى قەرزلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ قايتۇرۇۋېلىش كېرەك، لېكىن بۇنىڭ باش - ئايغىنى دەپ بېرەلەيدىغان ئادەم يوق. ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق بۇلاردىن بەكمۇ ئالاقزەدە بولۇپ كەتمەڭ. مەن بۇ ئىشلارنى چوقۇم ئىزىغا سالىمەن. پايدا بولسۇن - بولمىسۇن، مەن مۇشۇ يەردە قېلىپ قالىمەن» دېگەنىدى.

ۋېست ئەپەندى بۇ ئىشتىن پايدا چىقمايدىغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىدىلا كەتسە بولاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن كۆرمەيتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مېنى ئەيىبلەپ، مېنى ھېچبىر ئاساسسىزلا بۇ ئىشتىن پايدا چىقىدۇ دېدىڭىز دېسە بولاتتى، لېكىن ئۇ بىر ئېغىزمۇ ئاغرىنىدىغان گەپ قىلمىدى، لېكىن مەندە شۇنداق بىر تەسىرات بار ئىدىكى، ۋېست ئەپەندى بۇ ئىش تۈپەيلىدىن مېنى ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىغان ئادەم ئىكەن دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن مادانجىت ئەپەندىنىڭ خامچوتىنى ناھايىتى ئاددىي ھالدىلا قوبۇل قىلىپ ھەم تەكشۈرۈپ باقماستىنلا ۋېست ئەپەندىگە پايدا ئېلىش مۇمكىنچىلىكىدىن گەپ ئاچقانىدىم.

ھازىر شۇنى چۈشەندىمكى، ئاممىۋى خىزمەت قىلىدىغان بىر ئادەم ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدىغان گەپنى خالىغانچە دەپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىكەن. بولۇپمۇ ئۆزىنى ھەقىقەتكە چوقۇنغۇچى دەپ قارىغان بىر ئادەم تېخىمۇ سالماق بولمىقى كېرەك ئىكەن. كىشىلەرنى تولۇق ئىسپاتلانمىغان ئىشلارغا ئىشەندۈرۈشىنىڭ ئۆزى ھەقىقەتكە زىيانلىقتۇر. مەن مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن بولسامم‍ۇ، لېكىن ئاسان ئالدىنىپ قالىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتاتتىم. چۈنكى، بۇ مېنىڭ كۆپرەك ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىم، لېكىن ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشنى قىلىپ بولالمايدىغانلىقىم سەۋەبىدىن ئىدى. مەن بۇنى ئېتىراپ قىلمىسام بولمايتتى، بۇ راستىلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى. ئىشنى كۆپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىشتەك بۇ خىل ھېسسىياتىم ھەمىشە خىزمەتداشلىرىمنى ئەندىشىگە سالاتتى. لېكىن، مەن بۇنىڭغا ئانچە

www.uyghurkitap.com



پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتىم.

مەن ۋېست ئەپەندىنىڭ خېتىنى ئېلىپلا دۇربانغا باردىم. مەن پولاك ئەپەندىنى ئۆز قېرىندىشىمدەك كۆرەتتىم. ئۇ مېنى ۋوگزالغىچە ئۇزىتىپ كەلدى ھەم ماڭا يولدا كۆرەرسىز، دەپ بىر كىتاب بەردى. ئۇ مېنىڭ بۇ كىتابنى ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ رۇسكىن (Ruskin)نىڭ «كېيىن كەلگەنلەر» دېگەن كىتابى ئىدى.

مەن بۇ كىتابنى بىرلا ئوقۇپ قولۇمدىن چۈشۈرگۈم كەلمەي قالدى. ئۇ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. جوخانىېسبۇرگتىن دۇربانغا بىر سوتكىلىق يول ئىدى. پويىز ئۇ يەرگە ئاخشىمى يېتىپ باراتتى. ئۇ كۈنى كېچىسى زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، مەن مۇشۇ كىتابتىكى غايىلەر بويىچە تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدىم.

بۇ مېنىڭ رۇسكىننىڭ ئەسەرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇشۇم ئىدى. مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا دەرسلىكلەردىن باشقا، دەرستىن سىرتقى ئاللىقانداق بىرەر ئوقۇشلۇقنى ئوقۇپ باقمىغانىدىم. جەمئىيەتكە ئاتلىنىپ كەتكەندىن كېيىن كىتاب ئوقۇش پۇرستى ناھايىتى ئاز بولدى. شۇڭا، مەن كىتابىي بىلىملەردىن كۆپ گەپ ئاچالمايمەن. ھالبۇكى، مەن بۇ خىل سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ زىيان تارتمىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئەكسىچە، دەل مەن كىتابنى ئاز ئوقۇغانلىقىم ئۇچۇن، ئۆزۈم ئوقۇغان بارلىق كىتابلارنى تولۇق ھەزىم قىلالىغانىدىم. تۇرمۇشۇمدا دەرھال ۋە ھەقىقىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالىغان كىتاب دەل «كېيىن كەلگەنلەر» دېگەن كىتاب ئىدى، كېيىن مەن ئۇنى گۇجاراتچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئىنسان سائادىتى» دەپ ئىسىم قويدۇم.

مەن رۇسكىننىڭ بۇ ئەسىرىدە ئۆزۈمنىڭ بەزى ئەڭ چوڭقۇر ئېتىقادلىرىمنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، مانا بۇ ئۇ كىتابنىڭ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىقى ھەمدە تۇرمۇشۇمدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. بىر شائىرنىڭ شائىرلىقى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئاق كۆڭۈللۈكنى قوزغىيالىشى مۇمكىن. شائىرلارنىڭ تەسىر كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە چوڭقۇر - تېيىزلىق پەرقى بولىدۇ.

مەن «كېيىن كەلگەنلەر» دېگەن بۇ كىتابتىن مۇنداق ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى ئالدىم:

1. شەخسنىڭ ياخشىلىقى كۆپچىلىكنىڭ ياخشىلىقىنى مەزمۇن قىلىدۇ.

2. ئادۋوكاتنىڭ خىزمىتى ساتىراشنىڭ خىزمىتىگە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە، چۈنكى خىزمەتكە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش كىشىلەرنىڭ ئورتاق ھوقۇقى.

3. مېھنەتلىك تۇرمۇش، يەنى تېرىقچىلارنىڭ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى قىممەتكە ئىگە تۇرمۇشتۇر.

بىرىنچى نۇقتىنى مەن ئۆزۈم تونۇپ يەتتىم. ئىككىنچى نۇقتىنى پەقەت غۇۋا ھېس قىلدىم. ئۈچىنچى نۇقتىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. «كېيىن كەلگەنلەر» دېگەن بۇ كىتاب ماڭا ئىككىنچى نۇقتا بىلەن ئۈچىنچى نۇقتىنىڭ بىرىنچى نۇقتىنىڭ مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدۇردى. تاڭ ئاتتى، مەنمۇ ئويغىنىپ كەتتىم ھەمدە بۇ پىرىنسىپلارنى تۇرمۇشۇمدا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون توققۇزىنچى باب

# سۈمۈرغ كەنتى

مەن بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ۋېست ئەپەندىگە تولۇق ئېيتىپ بەردىم، «كېيىن كەلگەنلەر» دېگەن بۇ كىتابنىڭ ماڭا بولغان تەسىردىنمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم، مەن يەنە «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نى دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۆتكەپ ئاپىرىشنى تەۋسىيە قىلدىم، ئۇ يەردە ھەربىر ئادەم ئەمگەك قىلالايتتى، ئوخشاش تۇرمۇش راسخوتى ئالاتتى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ، بۇ ژۇرنال ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بولاتتى. ۋېست ئەپەندى پىكرىمنى قۇۋۋەتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز مەيلى قانداق ئىرق ۋە دۆلەت تەۋەلىكىگە تەۋە بولايلى، ھەر ئايدا بىردەك ئۈچ فوندستېرلىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئالىدىغان بولدۇق.

لېكىن، باسما زاۋۇتىدىكى 10 نەچچە ئىشچىنىڭ ھەممىسى چەت دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ تۇرۇشنى، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداشنى خالامدۇ، يوق؟ بۇ بىر گەپ ئىدى. شۇڭا بىز بۇ چارىنى قۇۋۋەتلىمەيدىغانلار ئەسلىدىكىدەك مائاش ئالسا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، لېكىن بىز ئۇلارنىڭ بۇ يېڭى كەنتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق.

مەن بۇ پىلانىم توغرۇلۇق ئىشچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتىم. مادانجىت ئەپەندى مېنىڭ پىلانىمنى ئەخمەقلىق دەپ قارىدى، ئۇ:

— ئەمدى بارچە روزغارىمىز ۋەيران بولىدىغان، ئىشچىلار ئىشلەشنى خالىمايدىغان، «ھىندىستان جامائەت پىكرى» توختايدىغان، باسما زاۋۇتىمۇ نائىلاج تاقىلىدىغان بولدى، — دېدى.

باسما زاۋۇت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى چاگانلال گەندى (Chhaganlal Gandhi) ئىدى.

مەن بۇ پىلاننى ۋىست ئەپەندىگە ئېيتىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. ئۇ خوتۇن ـ بالىچاقىلىق ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ كىچىكىدىن مەن بىلەن بىرگە ئىشلەپ ئادەتلەنگەنىدى، شۇڭا ماڭا تولۇق ئىشىنەتتى. ئۇ مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزمەيلا پىلانىمغا قوشۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ مەن بىلەن بىللە ئىشلەپ كەلدى. مېخانىك ئىشچى گوۋىنداسۋامى (Govindaswami)مۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. لېكىن باشقىلار پىلانىمغا قوشۇلمىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى باسما زاۋۇت نەگە كۆچۈپ بارسا، شۇ يەرگە بېرىشقا قوشۇلدى.

مەن ئىككى كۈندىلا ئۇلار بىلەن بۇ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىۋەتكىلى بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن دۇربان پويىز ئىستانسىيىسىغا يېقىن بىر پارچە يەرنى سېتىۋېلىش ئېلانى چىقاردىم. مەن ۋە ۋىست ئەپەندى يەرلەرنى كۆرۈپ، بىر ھەپتە ئىچىدىلا 20 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يەرنى سېتىۋالدۇق، بۇ يەردە بىر بۇلاق، يەنە بىرنەچچە تۈپ ئەنبەھ ۋە ئاپېلسىن دەرىخى بار ئىدى. بىز بۇ يەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەمئىي 1000 فوندستېرلىڭ خەجلىدۇق.

مەرھۇم رۇستومجى ئەپەندى مېنىڭ بۇ ئىشىمنى باشتىن ـ ئاخىر قوللىدى. ئۇ بۇ پىلاننى ناھايىتى ياقتۇردى. ئۇ بىر چوڭ ئىسكىلاتنىڭ كونا تۆمۈر ـ تەرسەكلىرىنى ۋە باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى مېنىڭ ئىشلىتىشىمگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز قول سېلىپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. بور ئۇرۇشىدا مەن بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان ھىندىستانلىق بىرنەچچە ئىشچى ۋە ياغاچچى ماڭا بىر باسما زاۋۇت سېلىپ بەردى. ئۇزۇنلۇقى 75 ئىنگلىزچىسى، كەڭلىكى 50 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان بۇ قۇرۇلۇش بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا سېلىنىپ بولدى. ۋىست ئەپەندى بىلەن بىرنەچچەيلەن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ياغاچچى ۋە تامچىلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. بۇ يەر ئەينى ۋاقىتتا ئادەمسىز، قويۇق چاتقاللار بىلەن قاپلانغان، سان ـ ساناقسىز يىلان ـ چايانلار ماكان قىلغان يەر ئىدى، بۇ يەردە تۇرۇش ھەقىقەتەن خەۋپلىك ئىدى. دەسلەپتە كۆپچىلىك چېدىرلاردا تۇرۇشتى، بىز ئالاھازەل بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى كالا ھارۋىسى بىلەن يۆتكەپ كەلدۇق. بۇ يەر دۇرباندىن 14 ئىنگلىز چاقىرىم، ۋوگزالغا ئىككى يېرىم ئىنگلىز چاقىرىم كېلەتتى.

«ھىندىستان جامائەت پىكرى»نىڭ بىر سانىلا سىرتتا باستۇرۇلدى. ئەمدى مەن ھىندىستاندىن تەلەي سىناپ مەن بىلەن بىللە كەلگەن ھەم تۇرلۇك سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمنى سۇمۇرغ كەنتىگە كېلىشكە سەپەرۋەر قىلدىم. ئۇلار بۇ يەرگە پۇل تېپىپ بېيىغىلى كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارنى قايىل قىلىش تەس ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلارمۇ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەن ماگانلال گەندىنىلا تىلغا ئالىمەن. باشقىلار تىجارىتى بىلەن بولۇپ كېتىشتى، ماگانلال ئۆز كەسپىدىن مەڭگۈلۈك ۋاز كېچىپ، مەن بىلەن بىللە ئىشلىدى. ئۇ ئىستېداتى، ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن مېنىڭ ئەخلاقىي تەجرىبىلىرىمدە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئىگىلىۋالغان ماھارىتى، ئۆز ئورنى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېگانە بىر ئادەم ئىدى.

مانا شۇنداق قىلىپ، سۇمۇرغ كەنتى 1904 ـ يىلى قۇرۇلدى. «ھىندىستان جامائەت پىكرى» خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، نورمال نەشر قىلىنىۋەردى.

ھالبۇكى، دەسلەپتە ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلارنى، يولغا قويغان ئىسلاھاتلارنى، ئۈمىد ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا دەپ بولۇش تەس بولغاچقا، مەن بۇنى ئايرىم سەھىپىلەردە بايان قىلماقچى.

## يىگىرمىنچى باب

# تۇنجى كېچە

سۇمۇرغ كەنتىدە «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نىڭ تۇنجى سانىنى چىقىرىپ تارقىتىش ئاسانغا چۈشمىدى. ئەگەر ئىككى خىل ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللانمىغان بولساق، تۇنجى سانىنى چىقىرالمىغان بولاتتۇق، ھەتتا ئۇ كېچىكىپ نەشردىن چىقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مېنىڭ باسما ماشىنىسىنى بىرلا دىۋىگاتېل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. كەنتتىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرى قول بىلەن قىلىناتتى، شۇڭا مەن ئادەم كۈچى بىلەن باسقاندىلا، بۇ يەردىكى كەيپىياتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتىم. لېكىن، بۇ تەسەۋۋۇرنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايۋاتاتتى، بىز دىزېل مېيى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بىر دىۋىگاتېلنى ھەرىكەتلەندۈردۇق. بىراق، مەن ۋېست ئەپەندىگە ئۇ دىۋىگاتېلنى ئىشلەتكىلى بولمىسا، بۇنىڭغا ئالدىدىن تەييارلىق قىلىپ قويۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردىم. بىز قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بىر قۇرۇلمىنى تەييارلىدۇق. سۇمۇرغ كەنتىدەك مۇشۇنداق بىر جايدا گېزىتچىلىك چوڭلۇقلۇقتىكى قەغەزنى ئىشلىتىش ئەقىلسىزلىك ئىدى، شۇڭا بىز زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى كىچىكلەتتۇق.

دەسلەپتە بىز ھەربىر سان گېزىتنى چىقىرىش ئۈچۈن يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدۇق. قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك ھەممىمىز قەغەز قاتلايتتۇق، سائەت ئون بىر يېرىمدىلا ئىشنى توختىتاتتۇق. لېكىن، بۇ يەردە ئۆتكەن تۇنجى كېچە ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى. بەت ياسىلىپ بولۇنغانىدى، لېكىن دىۋىگاتېلنى ئايلاندۇرغىلى بولمايۋاتاتتى، بىز بۇ ماشىنىنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن دۇرباندىن بىر ئىنژېنېرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇق. ئۇ ۋېست ئەپەندى بىلەن بار ئامالالارنىڭ ھەممىسىنى

ئىشقا سالدى، لېكىن ماشىنا يەنىلا ئايلانمايۋاتاتتى. كۆپچىلىك تىت ــ تىت بولۇپ كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ۋېست بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا مېنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ يىغلىۋېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ:

ــ ماشىنا ئىشلىمىدى، بۇ سان گېزىتنى ۋاقتىدا چىقىرالمايدىغان ئوخشايمىز، ــ دېدى.

ــ ناۋادا شۇنداق بولسا،ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ،ــ بىزگىمۇ ئامال يوق، كۆز يېشى قىلغانلىقىڭمۇ پايدىسى يوق. ئادەم كۈچى ئىشلەتسەك بولامدۇ، بولمامدۇ، قاراپ باقايلى، قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان قۇرۇلمىنى ئىشلىتىپ باقتىڭىزمۇ؟

ــ ئۇنى ئايلاندۇرىدىغان ئادەم نەدە دەيسىز؟ــ دېدى ئۇ جاۋابەن، ــ ئادەم كۆپچىمىز يېتىشمەيدۇ، ئۇ چاقنى تۆت ئادەم بولغاندىلا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ يەنە نۆۋەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئادەملىرىمىز ھېرىپ ھالىدىن كەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئىشلىرى تېخى پۈتمىگەن بولۇپ، ياغاچچىلار شۇ يەردە ئىدى، ئۇلار باسما زاۋۇتىلا ئۇخلاپ قېلىشقانىدى، مەن ئۇلارنى كۆرسىتىپ:

ــ بۇ ياغاچچىلارنى ئىشلەتسەك بولمىدىمۇ، بىز ناھايىتى بىر كېچە ئىشلەيمىز، مېنىڭچە بۇ چارىنى سىناپ بېقىشقا بولىدۇ، ــ دېدىم.

ــ مېنىڭ بۇ ياغاچچىلارنى ئويغىتىۋەتكۈم يوق، لېكىن ئادەملىرىمىز بەك ھېرىپ كەتتى، ــ دېدى ۋېست ئەپەندى جاۋابەن.

ــ بولىدۇ، مەن بېرىپ باقاي، ــ دېدىم.

ــ ئۇنداقتا، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىڭىز مۇمكىن.

مەن ياغاچچىلارنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى ياردەملىشىشكە چاقىردىم. بىراق، ئۇلارنى ئانچە زورلاپمۇ كەتمىدىم. «ئەگەر جىددىي پەيتلەردە بىز ئەسقاتمىساق، ئۇنداقتا بىزنىڭ نېمە كېرىكىمىز؟ سىلەر ئارام ئېلىڭلار، بۇ چاقنى بىز ئايلاندۇرايلى. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس» دېدى ئۇلار. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ تەييار تۇرغانىدى، ئەلۋەتتە.

ۋېست ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىشچىلار ئىشقا كىرىشكەندە، ئۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىز ئەتىگەن سائەت يەتتىگىچە ئىشلىدۇق. قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. شۇڭا

مەن ۋېستنى ئىنژېنېرنى ئويغىتىپ دىۋىگاتېلنى ئوڭشىغىلى بولامدۇ، بولمامدۇ، قاراپ بېقىشقا بۇيرۇدۇم. ئەگەر بۇ قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىساق، بىز گېزىتنى ۋاقتىدا چىقىرالايتتۇق.

ۋېست ئۇنى ئويغاتتى، ئۇ ماشىنا بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرى بىلەن ھەپىلىشىۋىدى، موتور گۇرۇلدەپ ئوت ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن زاۋۇتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى. «بۇ قانداق بولغىنى، كېچە شۇنچىۋالا ئېيتىشساقمۇ پايدىسى بولمىغان، بۈگۈن ئەتىگەندە بولسا، ئاسانلا ئوت ئېلىپ كەتتى» دېدىم مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە.

— بىرنېمە دېمەك تەس، — بۇ گەپنى ئىنژېنېرنىڭ ياكى ۋېستنىڭ دېگىنى ئېسىمدە قالماپتۇ، — ماشىنىمۇ بەزىدە بىزگە ئوخشاش ئارام ئالىدۇ.

بۇ قېتىم دىۋىگاتېلنىڭ ماڭماسلىقى كۆپچىلىك ئۈچۈن سىناق بولغانىدى، لېكىن ئۇ ھالقىلىق پەيتتە يەنە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، بۇ بىزنىڭ ئەجرىمىزنىڭ مېۋىسى ئىدى.

گېزىت ۋاقتىدا چىقىرىلدى، بۇنىڭدىن كۆپچىلىك خۇشال بولدى.

دەسلەپكى چاغلاردا بۇ خىل غەيرەت ئارقىلىق گېزىتنىڭ ۋاقتىدا نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەمدە سۇمۇرغ كەنتىدە بىر خىل ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردى. كېيىنكى كۈنلەردە بىز ئەتەي ماشىنىنى تاشلاپ قويۇپ، ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلدۇق. مەن بۇ چاغلارنى سۇمۇرغ كەنتىدە ئەخلاق يۈكسىلىپ كامالەت تاپقان چاغلار دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## يىگىرمە بىرىنچى باب

## پولاك قەتئىيلىك بىلەن كەلدى

سۇمۇرغ كەنتىنى ئۆزۈم بەرپا قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ يەردە ناھايىتى ئاز تۇردۇم. بۇنىڭدىن ئىنچىل ئەپسۇسلىنىپ كەلدىم. مەن ئەسلىدە ئادۇوكاتلىق كەسپىدىن ئاستا ـ ئاستا قول ئۈزۈپ، ئۇ يەردە ماكانلىشىپ قالماقچىدىم. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، سۇمۇرغ كەنتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنىڭ خۇشاللىقىم ئىدى، لېكىن بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى چۈشەندىمكى، كىشىلەرنىڭ سوققان چوتلىرىنى پەرۋەردىگار سۇغا چىلاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن، ئەگەر ھەقىقەت ئىستىكى بىزنىڭ ئاداققى مەقسىتىمىز بولسا، كىشىلەرنىڭ پىلانلىرى مەيلى قانداق ئۆزگىرىشسىزلىكقا ئۇچرىسۇن، ئۇ يامان نەتىجە بەرمەستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى نەتىجە بېرىدىكەن. سۇمۇرغ كەنتىدىكى كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئەلۋەتتە زىيىنى يوق ئىدى. گەرچە ئۇنى بىزنىڭ ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن ياخشى دېيىش تەس بولسىمۇ.

كۆپچىلىكنى جىسمانىي ئەمگەككە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز باسما زاۋۇتىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئۈچ ئىنگلىز موسى بويىچە ئايرىپ بۆلدۇق، ئۆزۈممۇ بىر ئۇلۇش يەر ئالدىم. بىز بۇ يەرلەردە قاڭالتىر ئۆيلەرنى سالدۇق، بىز خىش ۋە شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن كېسەك ئۆيلەرنى سېلىپ، دېھقانلارغا ئوخشاش ئولتۇرماقچىدۇق. ھالبۇكى، بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى، ئۇنداق قىلساق تېخىمۇ كۆپ پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ بۇ

بەك قول تۇتىدىغان ئىش ئىدى، بۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىك تېزرەك خاتىرجەم بولۇشقا ئىنتىلىۋاتاتتى.

ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى يەنىلا مانسۇكلال ئەپەندى ئىدى، ئۇ بۇ يېڭى ئاھالە كۆچۈرۈش پىلانىنى قۇۋۋەتلىمەيتتى، ئۇ يەنىلا دۇربانىدا قېلىپ «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نىڭ شۆبىسىدە مۇشۇ گېزىتنى باشقۇرۇۋاتاتتى. بىزنىڭ يالىلىۋالغان نابورچىكلىرىمىز بولسىمۇ، لېكىن بىز كەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ ھەرپ تىزىشنى ئۆگىنىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتۇق، بۇ باسما مەشغۇلاتىدىكى ئەڭ يەڭگىل، لېكىن ئەڭ مۇرەككەپ ئىش ئىدى. شۇڭا، بۇ تېخنىكىنى بىلمەيدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ئۆگىنىۋالدى. لېكىن، مەن زادىلا ئۆگىنەلمىدىم. ماگانلال گەندىنىڭ ئىپادىسى ئەڭ ياخشى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ ئىشنى قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ھەرپ تىزىش مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ سۈرئىتى تېز بولغاچقا، بۇ مېنىڭ زوقۇمنى قوزغايتتى. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قالاتتىم، ئۇ بېسىش خىزمىتىدىكى بارلىق ماھارەتلەرنى ناھايىتى پىششىق ئىگىلىۋالغانىدى. مەن ئۇنى ئۆزىنىڭ بۇ ئىقتىدارىنى تېخى ھېس قىلمىدى، دەپ قارايمەن.

بىز تېخى ئورۇنلىشىپ بولالمىغانىدۇق. ئۆيلەرمۇ تېخى پۈتمىگەنىدى، لېكىن مەن يېڭى ماكانىمدىن ئايرىلىپ جوخاننېسبۇرگقا كەتتىم، مەن ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن كارىم بولمىسا بولمايتتى.

مەن جوخاننېسبۇرگقا قايتقاندىن كېيىن، ئۆزۈم يولغا قويغان بارلىق ئىسلاھاتلارنى پولاك ئەپەندىگە ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ئۆزى بېرىپ تۇرغان ھېلىقى كىتابنىڭ شۇنچىۋالا تېز ئۇنۇم بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ:

— مەنمۇ سىلەرنىڭ يېڭى تەجرىبەڭلەرگە قاتناشسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، پەقەت سىز خالىسىڭىزلا، سىز ئاشۇ كەنتكە بارسىڭىز بولىدۇ، — دېدىم. ئۇ:

— ئەگەر سىز مېنى ئېلىپ قېلىشنى خالىسىڭىزلا، مەن بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇنىڭ ئىرادىسى مېنى قايىل قىلدى. ئۇ باشلىقىغا ۋەكالەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ «ئوبزور گېزىتى»دىكى خىزمىتىنى بىر ئاي ئىچىدە بىكار قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ سۇمۇرغ كەنتىگە كەلدى. ئۇ ئالاقىگە ماھىر ئىدى، ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ، ئاشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى. ئۇ تەبىئىتىدىن ئاددىي ـ ساددا ئىدى، سۇمۇرغ كەنتىدىكى تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشەققەتلىك تۇرمۇش بولماستىن، بەلكى بېلىق سۇغا ئېرىشكەندەك تۇرمۇش ئىدى. ھالبۇكى، مەن ئۇنى ئۇزاق تۇتۇپ قالالمايتتىم. رىچ ئەپەندى ئەنگلىيەگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ قانۇن دەرسلىرىنى تاماملاپ كەلمەكچى بولدى، شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمدىكى ئىشلارنى ئۆزۈم يالغۇز قىلىپ بولالمايتتىم، شۇنىڭ بىلەن مەن پولاك ئەپەندىنى ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمغا كېلىپ، ئادۋوكات بولۇشقا دەۋەت قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتا بىز ئىككىمىز پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن سۇمۇرغ كەنتىدە تۇرۇپ قالىمىز دەپ ئويلىغانىدۇق. ۋاھالەنكى، بۇ خىيالىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. پولاكنىڭ ئادەمنى ئىشەندۇرىدىغان بىر خىل خاراكتېرى بار ئىدى، ئۇ بىر دوستىغا ئىشەندىمۇ بولدى، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قوۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلمايتتى. ئۇ سۇمۇرغ كەنتىدىن ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇ يەردىكى تۇرمۇشنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھەم ئۆزىنىڭ ناھايىتى خۇشال ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئاشۇ كەنتنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بۇ غايىلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پايدىلىق بولسا، سۇمۇرغ كەنتىدىن ئايرىلىپ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمغا كېلىشكىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ خېتىنى چىن قەلبىمدىن ماقۇل كۆردۈم، پولاك سۇمۇرغ كەنتىدىن ئايرىلىپ، جوخاننېسبۇرگقا مەن بىلەن توختام تۈزگىلى كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا شوتلاندىيەلىك بىر ئىلاھىيەتشۇناس كەلدى، ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ يېتەكچىلىكىمدە شۇ جايدىكى قانۇن ئىمتىھانىغا قاتناشماقچىدى. مەن ئۇنى پولاكتىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ مېنىڭ ئىش ئورنۇمغا كېلىپ توختاملىق پۈتۈكچى

بولدى، ئۇنىڭ ئىسمى مەكئىنتاير (Mac Intyre) ئەپەندى ئىدى.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەن قىلچە غەم تارتماستىن سۈمۈرغ كەنتىدىكى غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ چوڭ گەپ قىلغان ۋاقتىمدا، بارغانسېرى ئەكسىچە يۆنىلىشكە قاراپ كېتىپ بارماقتا ئىدىم، ناۋادا پەرۋەردىگارنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىغان بولسا، ئاددىي تۇرمۇش ئاتالغان بۇ تورغا چىرمىلىپ چىقالماس ئىكەنمەن.

مەن بىرنەچچە بابتىن كېيىن غايىلىرىمنىڭ كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# پەرۋەردىگار ساقلىغان ئادەم

بۇ چاغدا مەن يېقىن كەلگۈسىدە ھىندىستانغا قايتىش ئۈمىدىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنىدىم. مەن ئەسلىدە ئايالىمغا بىر يىل ئىچىدە ۋەتەنگە قايتىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋەتەنگە قايتىدىغان ئىش يەنىلا تايىنسىز تۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ۋە بالىلارنى ئەكېلىۋالماقچى بولدۇم.

ئۇلار جەنۇبىي ئافرىقىغا بارىدىغان بىر پاراخوتتا چىققانىدى، ئۈچىنچى ئوغلۇم رامداس (Ramdas) كاپىتان بىلەن ئوينىشىپ بىلىكىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، كاپىتان ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، ئۇنى پاراخوت دوختۇرىغا داۋالىتىپتۇ. پاراخوت قىرغاققا يېقىنلاشقاندا، رامداس بىر قولىنى ئېسىۋالغان ھالدا قىرغاققا چىقتى. دوختۇر ماڭا ئۆيگە بارغان ھامان مۇۋاپىق دوختۇر تېپىپ، ئوغلۇمنىڭ قولىنى كۆرستىپ بېقىشنى تاپىلىدى. ۋاھالەنكى، بۇ چاغدا مەن توپا بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىغا چوقۇنۇپ يۈرگەنىدىم، مەن ھەتتا بۇ ھۈنىرىمگە ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە سۇ ۋە تۇپراق بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى سىناپ بېقىشنى ئېيتقانىدىم.

ئۇنداقتا، مەن رامداسقا قانداق قىلسام بولار؟ ئۇ ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەنىدى، مەن ئۇنىڭدىن كېسىلىڭنى ماڭا داۋالىتىشنى خالامسەن؟ دەپ سورىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇنىڭ بۇ يېشىدا قانداق قىلسا ئۆزىگە ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش بىلەن ھەقىقىي داۋالاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلەيتتى. يەنە كېلىپ مېنىڭ ئائىلىۋى

داۋالاش ئادىتىم بارلىقىنىمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىنى ماڭا تاپشۇرغۇدەك ئىشەنچى بار ئىدى. مەن خاۋاتىرلەنگەن ھەم يۈرەكئالدى بولغان ھالدا ئۇنىڭ تېڭىقىنى يېشىپ، يارا ئېغىزىنى يۇدۇم، ئاندىن ئۇ يەرگە پاكىز توپا چېچىپ تاڭدىم. ئالاھازەل بىر ئايغىچە مۇشۇنداق توپا ئالماشتۇرۇپ يۈردۇم، جاراھەت ئاخىر ياخشى بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلىكىنى بىنت بىلەنمۇ تاڭمىدىم، يەنە كېلىپ جاراھەتنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋاقتى پاراخوت دوختۇرى ئېيتقان نورمال داۋالاش ۋاقتىدىنمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتمىدى.

بۇ قېتىمقى ۋە باشقا بىرنەچچە قېتىملىق سىناق مېنىڭ بۇ خىل ئائىلىۋى داۋالاش ئۇسۇلىغا بولغان ئېتىقادىمنى كۈچەيتتى، ھالبۇكى ھازىر بۇ ئۇسۇلغا تېخىمۇ ئىشەنچ قىلىدىغان بولدۇم. مېنىڭ داۋالاش دائىرەممۇ كېڭەيدى. مەن ھەر خىل يارا، قىزىتما، ھەل كېسەللى (سېرىق چۈشمەك) ۋە باشقا كېسەللەرنى توپا، سۇ بىلەن داۋالاش ۋە تاماقتىن پەرھىز تۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن داۋالاشنى سىناق قىلدىم، يەنە كېلىپ بۇ كۆپ ھاللاردا ئۈنۈملۈك بولدى. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمدىكىگە ئوخشاش بۇنىڭغا ئۇنداق ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، يەنە كېلىپ تەجرىبىلەردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ خىل سىناق روشەنكى تەۋەككۈلچىلىك ئىدى.

شۇڭا، بۇ يەردە مېنىڭ بۇ تەجرىبىلىرىمنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشۇم ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى چۈشەندۇرۇش ئەمەس. مەن ھەرقانداق بىر سىناقنى پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن، ھەتتا تېبىبىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق سىناقلىرىغا كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەيدۇ، مېنىڭ مەقسىتىم، بۇ خىل ئاجايىپ تەجرىبىنى سىناق قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ئىشنى ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلىشى كېرەك دېمەكچىمەن، بۇ ھەقىقەتنى ناھايىتى تېز بايقىۋېلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ، ھالبۇكى پەرۋەردىگار ھەمىشە ئەستايىدىل سىناق قىلىدىغان كىشىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.

ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ئەمەلىي سىناقلار داۋاملىق يۈزلەنگەن تەۋەككۈلچىلىكلىرىم كېسەل داۋالاش جەريانىدىكى ئەمەلىي سىناقلاردا

دۆچ كەلگەن تەۋەككۇلچىلىكلىرىم بىلەن ئوخشاشلا ئېغىر ئىدى. ئوخشىمايدىغىنى، تەۋەككۇلچىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشىمايتتى. بىراق، بۇ خىل ئالاقىنى يېتىلدۈرىدىغان ۋاقىتتا، مەن بۇنداق خەۋپلەرنى خىيالىمغۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

مەن پولاكنى بىللە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم، بىز خۇددى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلاردەك بىللە ياشاشقا باشلىدۇق. پولاكنىڭ قىز دوستى بار ئىدى، ئىككىيلەنگە چاي ئىچۈرۈپ قويغىلى بىرنەچچە يىل بولغانىدى، لېكىن ئۇ ۋاقىتنى سۈرۈپ توي قىلمايۋاتاتتى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، پولاك بىرئاز پۇل يىغىۋېلىپ، ئاندىن توي قىلماقچىدى. ئۇ رۇسكىننىڭ تەلىماتىغا نىسبەتەن مېنىڭدىنمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ غەربكە خاس مۇھىتى ئۇنىڭ بۇ خىل تەلىماتنى ئەمەلىيەتتە سىناق قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا: «خۇددى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا ئوخشاش، ئىككى ئادەمنىڭ دېگىنى بىر يەردىن چىقسا، ئىقتىسادىي سەۋەب يۈزىسىدىنلا تويىنى كېچىكتۈرۈشنىڭ ئورنى يوق، نامراتلىق بىر خىل توسالغۇ بولسا، ئۇ چاغدا كەمبەغەللەر مەڭگۈ توي قىلماي ئۆتسە بولاتتى، ھازىر سىز مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسىز، لېكىن ئائىلىۋى چىقىم مەسىلىسى كۆرۈلمىدىغۇ. مېنىڭچە، سىزنىڭ تېزرەك توي قىلىۋالغىنىڭىز تۈزۈك» دەپ نەسىھەت قىلدىم. خۇددى مەن ئالدىدا دەپ ئۆتكەنگە ئوخشاش، پولاك بىر مەسىلە ئۈستىدە مەن بىلەن ئىككى قېتىم مۇنازىرىلىشىپ باقمىغانىدى، ئۇ مېنىڭ سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئىقتىدارىمغا قايىل ئىدى. ئۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق قىز دوستى بىلەن شۇ ئان ئالاقىلەشتى، بۇ چاغدا ئۇ ئەنگلىيەدە ئىدى، ئۇ پولاكنىڭ تەكلىپىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ـ دە، بىرنەچچە ئايغا قالماي جوخانىسبۇرگقا كەلدى. تويغا ھېچقانچە پۇل كەتمەيتتى، ھەتتا بىرەر ياقىلىق يېڭى كىيىمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاللىقانداق دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈشىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. پولاك خانىم تۇغۇلۇشىدىنلا خىرىستىيان مۇرىتى ئىدى، پولاك يەھۇدىي ئىدى، ئۇلارنىڭ ئورتاق دىنى ئېتىكىلىق دىن ئىدى.

مەن بۇ قېتىمقى تويغا مۇناسىۋەتلىك قىزىقارلىق بىر ئىشتى تىلغا ئالماقچىمەن. ترانسۋالدىكى ياۋروپالىقلارنىڭ نىكاھ رويخېتىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار قارا تەنلىكلەر ياكى رەڭلىك ئىرقتىكىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

نىكاھنى رويخەتكە ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشنى خالىمايتتى. بۇ تويدا مەن ئۇلارنىڭ قولدىشى بولدۇم، بۇ بىزنىڭ قولداشلىقتا باشقا ياۋروپالىق دوستلارنى تاپالمىغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى پولاك باشقىلارنى ئىزدەپ يۈرۈشنى خالىمىغانىدى، شۇڭا بىز ئۈچىمىز نىكاھ تىزىملاش ئورنىغا رەسمىيەت بېجىرگىلى باردۇق. لېكىن، رويخەتكە ئالغۇچى ئەمەلدار مەن قولداش بولىدىغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ ياۋروپالىق ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ ئۇ تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. ئارقىدىنلا يېڭى يىل كۈنى — ئاممىۋى دەم ئېلىش كۈنى بولاتتى، مۇشۇنداق بىر تايىنى يوق باھانە - سەۋەب بىلەن تەنتەنىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان نىكاھ كۈنىنى ئارقىغا سۈرۈۋېتىشكە ئادەمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ سەۋر قىلغۇسى كەلمەيتتى. مەن ھاكىمنى تونۇيتتىم، نىكاھ تىزىملاش ئورنى ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدە ئىدى، شۇڭا مەن بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالنى باشلاپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە، نىكاھ تىزىملاش ئورنىنىڭ باشلىقىغا قارىتىپ بىر پارچە باغاقچە يېزىپ بەردى، نىكاھ رەسمىيىتى شۇنداق قىلىپ ناھايىتى ۋاقتىدا بېجىرىلدى.

تا مۇشۇ كەمگىچە بىز بىلەن بىللە تۇرغان ياۋروپالىقلارنىڭ ھەممىسى بىز ئىلگىرى ئاز - تولا تونۇشىدىغان كىشىلەر ئىدى، ھازىر پۈتۈنلەي ناتونۇش ياۋروپالىق بىر ئايال بۇ ئائىلىگە كىردى. مەن يېڭى توي قىلغان بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايال بىلەن پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلى تالاش - تارتىش قىلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن. پولاك خانىم بىلەن ئايالىم ئوتتۇرىسىدا ئاللىقانداق كۆڭۈلسىزلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ دېگەن ئۆزئارا چىقىشىپ ئۆتىدىغان نورمال ئائىلىلەردە بولىدىغان ئىشلار ئىدى، خالاس. ھالبۇكى، شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، مېنىڭ ئائىلەم ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىمىغان ئىرقتىكىلەرنىڭ ئائىلىسى ئىدى، ئۆيگە ھەر خىل، ھەر ياڭزا مىجەزدىكى كىشىلەر خالىغانچە كىرىپ چىقالايتتى. بىز مۇشۇ مەسىلىلەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرگەندە، ئوخشىماسلىق بىلەن ئوخشاشلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ پەقەت بىر خىل قىياس ئىكەنلىكىنىلا بايقايمىز، كۆللى ئىنسان قېرىنداشتۇر.

www.uyghurkitap.com

مەن مۇشۇ بابتا ۋىست ئەپەندىنىڭ توي ئىشىنىمۇ مۇبارەكلەپ قويۇش كېرەك دەپ ئويلايمەن. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ «پەرھىز» ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرىم تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. شۇڭلاشقا مەن بويتاق ئۆتۈۋاتقان دوستلىرىمنىڭ تېزرەك توي قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، بىر قېتىم ۋىست لوسقا ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ باردى. مەن ئۇنىڭغا مۇمكىن بولسا توي قىلىپ كېلىشنى ئېيتتىم. سومۇرغ كەنتى ئورتاق بىر ئائىلە ئىدى، بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنى دېھقان بولۇپ كەتتۇق، دەپ ئويلايتتۇق، بىز توي قىلىشتىن ھەمدە ئۇنىڭ ئادەتتىكى نەتىجىسىدىن قورقمايتتۇق. يەنە كېلىپ ۋىست خانىم بۇ زاۋۇتتا ئىشلىگەن بولغاچقا، مەلۇم خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. مېنىڭ ئۇنى گۈزەل دېيىشىمدە، ئۇنىڭ ئىچكى گۈزەللىكى مېنى دەرھاللا ئۆزىگە تارتقانىدى. ھەقىقىي گۈزەللىك ھەمىشە قەلب پاكلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ۋىست ئەپەندى بىلەن قېيىنئانىسىمۇ بىللە كەلگەنىدى، بۇ ياشانغان خانىم ھازىرمۇ ھايات. ئۇ ئىنتايىن ئىشچان بولۇپ، كىشىگە ئەركىن ۋە ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلە قىلاتتى.

مەن ياۋروپالىق دوستلارنى توي قىلىشقا دەۋەت قىلسام، ھىندىستانلىق دوستلارنى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەكېۋېلىشقا ئىلھاملاندۇراتتىم، سومۇرغ كەنتى شۇنداق قىلىپ بىر كەنتكە ئايلاندى. يېرىمدىن كۆپرەك ئائىلىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپ ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇپ، بالىچاقىلىق بولۇشقا باشلىدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئۆي ئىشلىرىغا بىر نەزەر

يۇقىرىدا ئائىلە چىقىمىمىز كۆپ بولسىمۇ، دۇرباندىكى چاغدىن باشلاپ تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا بولۇشقا يۈزلەنگەنلىكىمنى ئۇستىدە توختالدىم. لېكىن، رۇسكىننىڭ تەلىمى بويىچە، مەن جوخانىسبۇرگقا بارغاندىن كېيىن تېخىمۇ تېجەشلىك بولۇشقا باشلىدىم.

ئۇمۇمەن، مەن ئادۋوكات بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاددىي ـ ساددىلىقتا ئەڭ تۆۋەن چەككە يەتكەندىم، لېكىن بىر ئائىلىدە بەزى ئۆي جاھازلىرى بولمىسا بولمايتتى، ئىچكى ئۆزگىرىش تاشقى ئۆزگىرىشتىن ھامان چوڭ بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا شەخسنىڭ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش ھەۋىسى كۈچىيىدۇ. شۇڭا، مەنمۇ باللىرىمنى شۇ تەرتىپ ـ ئىنتىزام بويىچە تەربىيەلەشكە باشلىدىم.

تەييار بولكا سېتىۋالماسلىق ئۈچۈن، بىز كۇخنە (Kuhne)نىڭ تاماق رىسالىسى بويىچە پېتىر قارا بولكا ياساشقا باشلىدۇق، ئادەتتىكى ئاق بولكىنى ياساش تەس ئىدى. بىز يارغۇنچاق ئۇنى قولايلىق، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى ھەم تېجەشلىك بولىدۇ، دەپ قارايتتۇق. شۇڭا مەن يەتتە فوندستېرلىڭ خەجلەپ بىر يارغۇنچاق سېتىۋالدىم، بۇ يارغۇنچاقنىڭ تۆمۈر چاقىنى بىر ئادەم ئايلاندۇرسا زورۇقۇپ قالاتتى، ئىككى ئادەم ئايلاندۇرسا ناھايىتى يەڭگىل ئىدى. پولاك بىلەن مەن، يەنە باللار دائىم ئۇن تارتتۇق، بەزىدە ئايالىم ئاشخانىدا تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ بىزگە ياردەملىشەتتى. پولاك خانىم كەلگەندىن كېيىن ئۇمۇ بۇ خىزمەتكە قاتناشتى. ئۇن تارتىش باللارغا پايدىلىق ھەرىكەت ئىدى. بىز ئۇلارنى ئۇ ياكى بۇ ئىشنى قىل دەپ مەجبۇرلىمايتتۇق، ئۇلارنىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشىشى

www.uyghurkitap.com

پۇتۇنلەي ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن ئىدى، ئۇلار ھېرىپ قالسا ئۆزلىرىنى ئەپقېچىشاتتى. ھالبۇكى، بۇ باللار (ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كېيىن تونۇشتۇرىمەن) ئەزەلدىن بىر ئىشلارغا دەخلى قىلمايتتى، ئەلۋەتتە، بۇ دېگىنىم ئارقىدا قالىدىغانلار يوق ئىدى دېگىنىم ئەمەس، لېكىن كۆپىنچىلىرى ناھايىتى غەيرەت بىلەن ئىشلەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ چاغلاردا ئىش قىلمىشنى خالىمايدىغانلار ياكى ھېرىپ كەتتىم، دەپ باھانە كۆرسىتىپ ئىشتىن قاچىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

بىز ئۆيگە قاراشقا بىر ئادەمنى ياللىۋالدۇق، ئۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بىز بىلەن بىللە ئۆتتى، باللارمۇ ھەمىشە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى، شەھەر مەمۇرىيىتى نازارىتىنىڭ كوچا تازىلىقچىلىرى گەندە - سۈيدۈكلەرنى تۆكۈشكە مەسئۇل ئىدى. لېكىن، ھاجەتخانىنى ئۆزىمىز تازىلايتتۇق، بۇ ئىشقا ئەزەلدىن ئۆي خىزمەتچىسىنى بۇيرۇمايتتۇق ياكى ئۇنىڭ تازىلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلمايتتۇق، بۇ باللارغا نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى چېنىقىش بولۇپ ئىدى. نەتىجىدە باللىرىمدا تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى مەنسىتمەيدىغان ئەھۋال بولمىدى، ئۇلار ئادەتتىكى تازىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. بىز جوخاننېسبۇرگتا تۇرۇۋاتقاندا ئائىلىمىزدە كېسەل بولۇپ قالىدىغانلار ئاسان كۆرۈلمىدى، ناگان - ناگاندا كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ كېسەلگە باللار ئۆزلىرى قارايتتى. مەن ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق تەربىيەسى بىلەن چاتىقىم بولمىدى دېمەكچى ئەمەسمەن، بىراق مەن باشقا ئىشلار سەۋەبلىك بۇ تەرەپتىكى تەربىيەگە سەل قارىغانىدىم، شۇڭا باللىرىمنىڭ مەندىن ئاغرىنىشىغا ھەققى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ خىل نارازىلىقنى بەزىدە مەندىن يوشۇرمايتتى. ھالبۇكى، مەنمۇ بۇ جەھەتتە يېتەرسىزلىكىم بارلىقىنى تەن ئالاتتىم. مەن ئۇلارغا تىل - يېزىق تەربىيەسى بېرىشنى ئۈمىد قىلغانىدىم، ھەتتا ئۆزۈم دەرس ئۆتمەكچى بولغانىدىم. لېكىن، ھەمىشە يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن بۇنىڭغا دەخلى يېتەتتى. مەن ئۇلارغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەلمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنى ھەر كۈنى ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنۇمغا پىيادە ماڭدۇرۇپ ئەكېلەتتىم، ئۇ يەرگە بارغۇچە ئالاھازەل بەش ئىنگلىز چاقىرىم يول يۈرەتتۇق. بۇ ئۇلارغا ۋە ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى چېنىقىش ئىدى، ئەگەر يولدا بىرەر ئىش يۈز

بەرمىسىلا، مەن يول ئۈستىدىكى پاراڭ ئارىلىقلىرىدا ئۇلارغا تەربىيە بېرەتتىم. مەن ھىندىستاندا قالغان چوڭ ئوغلۇم خارىلال (Harilal)دىن باشقا بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى جوخانىسبۇرگتا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا تەربىيىلىگەنىدىم. مەن كۈندە ئاز دېگەندە بىر سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، ئۇلارغا تەلەپكە لايىق ۋە قانۇنىيەتلىك تىل - يېزىق تەربىيەسى بەرسەملا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك بىر خىل تەربىيە بولۇپ ھېسابلىناتتى، ھالبۇكى مەن ئۇلارنى يېتەرلىك يېزىق مەشىقىگە سالالمىدىم. بۇ ئۇلار بىلەن مېنى ئوخشاشلا ئەپسۇسلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئىش ئىدى. چوڭ ئوغلۇم ھەممىشە ئاستىرتتىن ماڭا نارازى بولاتتى، ھەتتا بەزىدە بۇ نارازىلىقىنى گېزىتتە ئاشكارا ئىپادىلىگەنىدى، قالغان بالىلىرىم بۇنى بىر خىل ساقلانغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت دەپ قاراپ، مېنى مەردانىلىك بىلەن كەچۈرەتتى. مەن بۇ ئىشتىن ئانچە بەك ھەسرەتلىنىپ كەتمەيتتىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئاتا بولالمىغىنىمدىن بىر ئاز ئۆكۈنەتتىم، مەن ئۇلارغا تىل - يېزىق تەربىيەسى بېرىدىغان ۋاقىتنى مۇھاجىرلار ئۈمىكىگە خىزمەت قىلىشقا قۇربان قىلىۋەتتىم دەپ قارايمەن. ماڭا شۇنىسى ئېنىقكى، مەن ئۇلاردا خاراكتېر يېتىلىشتە زۆرۈر دەپ قارىغان ھەرقانداق تەربىيەگە سەل قارىمىغانىدىم. مەن مۇشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن، ئوغۇللىرىم ھەر قېتىم ئاللىقانداق بىرنېمىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇلارنىڭ ئىنكاسلىرى مېنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئالالمىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا بولغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ كەمچىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن بولغانىدى.

بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىدۇ. مۇھىت ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن كىچىك بالىلارنىڭ تۇرمۇشنى باشلاشتىكى ئىپتىدائىي دەسمايىسى ئاتا - ئانىلىرىدىن ئۆدۈم قالغان بولىدۇ، مەن ناچار ئىرسىيەت تەسىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يەڭگەن نۇرغۇن بالىلارنى كۆرگەنمەن، بۇ بالىلارنىڭ پاك قەلبكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن بولغان.

پولاك بىلەن مەن بالىلارغا ئىنگلىزچە تەربىيە بېرىش كېرەكمۇ، يوق دېگەن مەسىلىدە يۈز - كۆزلىرىمىز قىزىرىپ كەتكۈچە دەتالاش

قىلىشىپ كەتتۇق. مەن ئىزچىل ھىندىستانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن بالىلىرىمنى كىچىكىدىن تارتىپ ئىنگلىزچە تەپەككۇر قىلىش ۋە سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش، بالىلىرىم ۋە ۋەتەنگە خائىنلىق قىلغانلىق، دەپ قارايتتىم، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن مەھرۇم قالاتتى. مۇشۇلارنى چىقىش قىلىپ، مەن ئادەتتە بالىلىرىم بىلەن گۇجاراتچە سۆزلىشەتتىم. پولاك ئۇنداق دەپ قارىمايتتى، ئۇ مېنى بالىلارنىڭ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ بالىلار ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش كەڭ قوللىنىلىدىغان مۇشۇنداق بىر تىلنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەنسە، ئۇلار كەلگۈسى تۇرمۇشتىكى رىقابەتتە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى مېنى قايىل قىلالمايتتى. مېنىڭ توغرا پوزىتسىيەم ئۇنى قايىل قىلدىمۇ ياكى مېنىڭ جاھىللىقىم ئۇنى بولدى قىلدۇردىمۇ، ئېسىمدە قالماپتۇ. بۇ ئىش بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەنىدى. ھالبۇكى، مېنىڭ بۇ ئەقىدەمۇ تەجرىبىلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ چوڭقۇرلاشتى، مېنىڭ بىرنەچچە ئوغلۇم تىل - يېزىق تەربىيەسىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى زىيان تارتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھالدا ئېرىشكەن ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىق بىلىملىرى ئۆزىگە ۋە دۆلىتىگە پايدىلىق ئىدى، چۈنكى ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاش يوچۇن تۇيغۇدا بولمايتتى، ئۇلار ئىككى دۆلەتنىڭ تىل - يېزىقىنى تەبىئىي ھالدا ئىگىلىۋالدى، ئىنگلىزچە سۆزلەش ۋە يېزىش ئۇلار ئۈچۈن ئاسانلا بىر ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئادەتتە ئەنگلىيەلىك دوستلار بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىپ تۇراتتى، ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ئىنگلىز تىلى قوللىنىلىدىغان بىر دۆلەتتە تۇرۇۋاتاتتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# زۇلۇلار «توپىلىڭى»

مەن ئۆزۈمنى جوخاننېسبۇرگتا ئولتۇراقلىشىپ قالدىم دەپ ئويلىساممۇ، لېكىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم. مەن ئەمدى ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ ئۇھ دەيدىغان بولدۇم دېيىشىمگە كۇتۇلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. گېزىتتە زۇلۇلارنىڭ ناتالدا «توپىلاڭ» كۆتۈرگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. مېنىڭ زۇلۇلارغا نىسبەتەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتىم يوق ئىدى، ئۇلار ھىندىستانلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلمىغانىدى. مەن «توپىلاڭ» دېگەننىڭ ئۆزىدىن گۇمانلىناتتىم، لېكىن مەن ئۇ چاغلاردا بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىنى دۇنيانىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ دېگەنگە ئىشىنەتتىم. بىر خىل سەممىي - ساداقەتمەنلىك مەندە ئىمپېرىيەگە نىسبەتەن يامان ئويلارنىڭ بولۇشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى «توپىلاڭ»نىڭ ھەق - ناھەقلىقى قارارىمغا ھېچقانداق تەسىر كۆرستەلمىدى. ناتالدا ئۆزىنى قوغداش پىدائىيلار ئەترىتى بار ئىدى، ئۇ ھېلىھەم ئەسكەر ئېلىۋاتاتتى. گېزىتتە دېيىلىشىچە، بۇ ئەترەت «توپىلاڭ»نى باستۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغانىدى.

مېنىڭ ناتال بىلەن زىچ مۇناسىۋىتىم بولغاچقا، ئۆزۈمنى ناتالنىڭ پۇقراسى دەپ بىلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن باش ۋالىيغا خەت يېزىپ، ھىندىستانلىقلار قۇتقۇزۇش ئەترىتى قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ بۇ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە دەرھال جاۋاب خەت يازدى.

مەن پىكرىمنىڭ بۇنچە تېز قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى، خەت يېزىشتىن ئىلگىرى





بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويغانىدىم. مەن تەكلىپىم قوبۇل قىلىنسا، جوخانىپسبۇرگتىكى ئۆيۈمنى چۇۋۇۋېتىش قارارىغىمۇ كېلىپ بولغانىدىم. پولاك كىچىكرەك بىر ئۆيدە تۇرماقچى، ئايالىم سۇمۇرغ كەنتىگە كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولدى، بۇ قارارىمنى ئۇ پۈتۈنلەي قۇۋۋەتلەيتتى. مەن ئۇنىڭ پىلانىمغا توسقۇنلۇق قىلىپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن، بىلىشىمچە مۇنداق ئىش بولمىغانىدى. شۇڭا باش ۋالىينىڭ جاۋاب خېتى كەلگەن ھامان، ئۆي ئىگىسىگە نورمال بىر تەلەپنى قويۇپ، بىر ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم، بەزى تەئەللۇقاتلار سۇمۇرغ كەنتىگە ئېلىپ كېلىندى، يەنە بىر قىسىم نەرسىلەر پولاكقا قالدۇرۇلدى.

كېيىن مەن دۇربانغا بېرىپ قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللىدىم، چوڭ كۆلەملىك ئەترەت تەشكىللەشنىڭ ئورنى يوق ئىدى، جەمئىي 24 ئادەم بولدۇق. مەندىن باشقا يەنە تۆت گۇجاراتلىق بار ئىدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ھىندىستانلىق مۇددىتى توشقان كېلىشىملىك ئىشچىلار ئىدى، پەقەت بىرەيلەنلا ئەركىن پاتان[1] ئىدى.

ماڭا مەنسەپ بېرىش ھەم خىزمەتكە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەت بويىچە تېببىي ئىشلار باشلىقى ماڭا ئىستارشىي سېرژانت دېگەن ۋاقىتلىق ھەربىي ئۇنۋانىنى بەردى. مەن ئۈچ سېرگېئان، بىر سېرژانتنى تالliۋالدىم، بىز ھۆكۈمەت تەرەپتىن فورمىلىق كىيىم ئالدۇق، بىزنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترىتىمىز ئالاھازەل ئالتە ئاي خىزمەت قىلدى. مەن «توپىلاڭ» بولغان جايغا بېرىپلا، ئۇ يەردە «توپىلاڭ» دېگۈدەك ھېچقانچە ئىش بولمىغانلىقىنى بىلدىم، ئاللىقانداق قارشىلىقنىمۇ كۆرمىدىم. بۇ بىر مەيدان مالىمانچىلىق زۇلۇلار-نىڭ بىر ئاتامانى زۇلۇلاردىن ئېلىنىدىغان بىر خىل يېڭى باجنى تاپشۇرماسلىقنى دەۋەت قىلغانلىقى ھەم باج يىغقىلى كەلگەن بىر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن توپىلاڭ دەپ مۇبالىغە قىلىنغانىدى. قىسقىسى، مەن زۇلۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتىم، شۇڭا ئىشتابقا بارغاندىن كېيىن ئاساسلىق ۋەزىپىمىزنىڭ يارىدار زۇلۇلارغا قاراش ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. مۇدىر دوختۇر بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقتى، ئۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ يارىلانغان زۇلۇلارغا قاراشنى

[1] پاتان (pathan) — ھىندىستان بىلەن پاكىستان بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى، ئەمەلىيەتتە ئافغانىستاندىكى بىر مىللەت ئىدى.

خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ جاراھىتى يىرىڭلاپ، ئۇنى نېمە قىلارىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاشۇ بىگۇناھ كىشىلەر بىزنىڭ غەمخورلۇقىمىزغا ئېرىشەلىسە، ھەقىقەتەنمۇ پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەندەك بىر ئىش بولاتتى، شۇڭا بىنت ۋە دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە بېرىپ، بىزنى ۋاقىتلىق دوختۇرخانىغا ئاپاردى. زۇلۇلار بىزنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كېتىشتى. ئاشۇ ئاق تەنلىك ئەسكەرلەر گويا بىزنى زۇلۇلارنىڭ يارىسىنى تېڭىشتىن توسماقچى بولغاندەك رېشاتكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزگە قاراپ تۇراتتى. بىز پەرۋا قىلمىغاندىكىن، ئۇلار تېرىكىپ، زۇلۇلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى.

كېيىن مەن بۇ ئەسكەرلەر بىلەن ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتىم، ئۇلار ئىشىمىزغا دەخلى قىلمايدىغان بولدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىچىدە سىباركىس ئىستارشىي سېرژانت ۋە ۋىللى ئىستارشىي سېرژانت دېيىلىدىغان ئىككى ئوفىتسېرمۇ بار ئىدى. ئۇلار 1896 - يىلى ماڭا كەسكىن قارشى تۇرغانىدى. ئۇلار مېنىڭ پوزىتسىيەمدىن قاتتىق ھەيران قالدى بولغاي، مېنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى ۋە ماڭا ناماقۇل بولدى. ئۇلار مېنى گېنېرال ماكېنزى (Mackenzie)غا تونۇشتۇردى. ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنى كەسپىي ھەربىيمىكىن دەپ خاتا ئويلاپ قالمىسۇن، ۋىللى (Wyle) ئىستارشىي سېرژانت دۇربانىدىكى داڭلىق قۇشخانىنىڭ، گېنېرال ماگېنزى ناتالدىكى بىر مەشھۇر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنى ئىدى. ئۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى پىدائىي ھەربىيلەر بولۇپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئىدى.

بىز ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان يارىدارلار جەڭ مەيدانىدا يارىدار بولمىغانىدى. بەزىلەر گۇمانلىق جىنايەتچى دەپ قارىلىپ تۇتۇپ كېلىنگەنلەر ئىدى، گېنېرال ماكېنزى ئۇلارنى قامچا بىلەن جازالاشقا بۇيرۇغاچقا، ئۇلار ئېغىر يارىلانغانىدى. ئۇلارغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، جاراھىتى يىرىڭلاپ شەلۋەرەپ كەتكەنىدى. قالغانلار دوستانە زۇلۇلار ئىدى، ئۇلار بىر خىل گۇۋاھنامە ئېلىپ «دۈشمەن»دىن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلەر ئۇقۇشماسلىقتىن ئۇلارنى ئوقتا يارىلاند-

www.uyghurkitap.com

دۇرۇپ قويغانىدى.

بۇ خىزمەتتىن باشقا، مەن يەنە ئاق تەنلىك ئەسكەرلەرگە دورا تەڭشەپ بېرەتتىم ھەمدە ئۇلارغا دورىنى قانداق ئىچىش كېرەكلىكىنى تاپلايتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئاسان ئىش ئىدى. چۈنكى مەن ئىلگىرى بوس دوختۇرنىڭ ئامبۇلاتورىيەسىدە بىر يىللىق چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرگەنىدىم. مەن بۇ ئىش سەۋەبلىك نۇرغۇنلىغان ياۋرو-پالىقلار بىلەن تونۇشقانىدىم.

بىز بىر ئەترەتنىڭ قارىمىقىدا ئىدۇق. بۇ ئەترەتكە قەيەردە خېيىم-خەتەر بولسا، شۇ يەرگە بېرىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئەترەتنىڭ زور كۆپچىلىكى ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. بۇ ئەترەت يۆتكىلىشى بىلەنلا، بىزمۇ نوسىلكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ پىيادە ھەربىي يۈرۈشىمىزنى باشلايتتۇق. بىز ئىككى-ئۈچ قېتىم كۈنىگە 40 ئىنگلىز چاقىرىمدىن يول يۈردۇق. لېكىن، بىز نەگىلا بارايلى، پەرۋەر-دىگارنىڭ بىزگە ساۋابلىق ئىش قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلى-كىدىن مىننەتدارمەن. بىز ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ۋە شىكەستىلەنگەن زۇلۇلارنى نوسىلكىلىرىمىز بىلەن كۆتۈرۈپ ھەربىي يۈرۈش قىلاتتۇق ھەمدە ئۇلارغا قاراپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتۇق.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# قەلب ئىستىكى

بۇ قېتىمقى زۇلۇلار «توپىلىڭى» يېڭى تەجرىبىلەر بىلەن تولغاندى، بۇ ماڭا كۆپلىگەن تەپەككۇر نېمەتلىرىنى ئاتا قىلدى. بىر ئۇرۇشى ماڭا بۇ قېتىمقى «توپىلاڭ»غا ئوخشاش ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى ئۇنداق جانلىق ھېس قىلدۇرمىغانىدى. بۇ ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار نىشان قىلىنغان شىكار ئىدى. بۇ مېنىڭلا پىكرىم ئەمەس، مەن نۇرغۇنلىغان ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش قاراشتا ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئەسكەرلەرنىڭ سائادەتمەن مىلتىقلىرىنىڭ كەنت - يېزىلاردا خۇددى ساليۇتقا ئوخشاش قالايمىقان ئېتىلىشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. بۇنى نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە بىۋاسىتە ھېس قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ئۈچۈن بىر خىل سىناق ئىدى. ۋاھالەنكى، قۇتقۇزۇش ئەترىتى يارىدار زۇلۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۇ ئاچچىق شارابنى ئىچىۋەتتىم، مەن بىز بولمىساق، زۇلۇلارغا قارايدىغان ئادەم چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا كۆڭلۈم خېلىلا تەسەللى تېپىپ قالدى.

ھالبۇكى، ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. بۇ ئادەم شالاڭ بىر جاي ئىدى، ئاتالمىش «ياۋايى» زۇلۇلارنىڭ بىرنەچچە ئاددىي مەھەللىلىرى يىراق تاغ چوققىلىرى بىلەن جىلغىلار ئارىسىدا چېچىلىپ تۇراتتى. بۇنداق ئىمتاس، خىلۋەت جايلاردىن ئۆتكەندە، كىشى يېنىدا يارىدار بولسۇن - بولمىسۇن ھەمىشە چوڭقۇر ئوي - پىكىرلەرگە غەرق بولاتتى.

«پەرھىز»كارلىقنىڭ چىن مەنىلىرى خىيالىمغا كەلگەندەك بولدى، ھالبۇكى ئەقىدەم بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، مەن

سەپداشلىرىم بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدىم. مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇنىڭ ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن. لېكىن، شۇنى چۈشەندىمكى، ئومۇمەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يەكدىللىك بىلەن خىزمەت قىلىمەن دېگەن ئادەملەر «پەرھىز»كارلىق بولمىسا بولمايدىكەن. مەن كەلگۈسىدە بۇ خىل مۇلازىمەت پۇرسىتىنىڭ چوقۇم كۆپ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۆيۋاق ۋە خوتۇن ـ بالىچاقىلىرىمنى تەربىيەلەشكىلا بېرىلىپ كەتسەم، مەن خىزمەتتىن خۇشاللىق تاپالمايتتىم.

قىسقىسى، مەن جىسمانىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇزۇرلىنالمايتتىم. نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمدىن ئېلىپ ئېيتساممۇ، ئايالىم ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مەن تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنداق خەتەرگە ئۆزۈمنى ئۇرالمايتتىم. مەن «پەرھىز»كارلىق تۇرمۇشىغا رىئايە قىلسام، ئائىلە بىلەن جەمئىيەتكە قىلىدىغان مۇلازىمىتىم تامامەن بىر يەردىن چىقاتتى.

مەن مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا، بىراقلا ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشنى ئويلاپ قالىمەن، بۇ قارار ماڭا مەلۇم دەرىجىدە مەدەت بولدى، شۇنىڭدەك تەسەۋۋۇرۇممۇ قاناتلىنىپ پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، كۆز ئالدىمدا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ چەكسىز ئىستىقبالى نامايان بولدى.

مەن مانا مۇشۇنداق جىسمانىي ۋە مەنىۋى خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەندە، «توپىلاڭ»نى باستۇرۇش خىزمىتى ئاياغلىشىپ قالدى. بىزنى پات ئارىدا تارقىتىۋېتىدىكەن دېگەن خەۋەر تارقالدى. دەرۋەقە ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنى تارقىتىۋەتتى، بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا ھەممىمىز ئۆيىمىزگە قايتتۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلكە باشلىقىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلگەنىدى.

مەن سۇمۇرغ كەتتىگە قايتىپ كېلىپلا، چاگانلال، ماگانلال، ۋېست ۋە باشقا بىرنەچچەيلەن بىلەن «پەرھىز» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدىم. ئۇلار پىكرىمنى قۇۋۋەتلەشتى ھەمدە قەسەمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى، لېكىن ئۆز قىيىنچىلىقلىرىنىمۇ يوشۇرۇشمىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز لەۋزىدە تۇرۇشتى، شۇنداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارمۇ بولدى.

مەنمۇ ئاشۇلار قاتارىدا ئۆمۈر بويى «پەرھىز» تۇتىمەن، دەپ قەسەم قىلدىم. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ شۇ قەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئەينى ۋاقىتتا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك. شۇ چاغلاردا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ھېلىمۇ خىرە ـ شىرە ئېسىمدە. بۇ قەسەمنىڭ مۇھىملىقى بارا ـ بارا تونۇلۇشقا باشلىدى. مەن «پەرھىز»سىز تۇرمۇشنى خۇددى ياۋايى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش مەنىسىز تۇرمۇش دەپ قارايتتىم. ھايۋان تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدۇ. ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ تۇرالىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىندۇر. ئىلگىرى مەن دىنىي كىتابلاردىكى پەرھىزچىلىككە ئائىت تەسۋىرىي تەرىپلەرنى بەك مۇبالىغىلەشتۇرۇۋېتىلگەن بولسا كېرەك دەپ قارايتتىم. ھازىر ئاشۇ تەسۋىرلەرنىڭ ھەققانىي ھەم تەجرىبىگە ئاساسلىنىلغانلىقىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېنىق ھېس قىلماقتىمەن.

«پەرھىز»نىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ماڭا ئايان، لېكىن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئانچە ئاسان ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ جىسمانىيەت بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىش ئەمەس. «پەرھىز» جىسمانىي ھاي بېرىشتىن باشلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. ئۇ تاكامۇللىشىپ ۋايىغا يەتكەندە، ھارام خىياللارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەقىقىي بىر «پەرھىزكار» ھەتتا قورساق ھەۋەسىنىمۇ مەيلىگە قويۇۋېتىشكە پېتىنالمايدۇ. بىر ئادەم بۇ خىل ماقامغا يېتىشتىن ئىلگىرى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى زۆرۈر.

ئۆزۈمنى ئالسام، ماڭا نىسبەتەن جىسمانىي جەھەتتىكى پەرھىزنى ئادا قىلىشمۇ بەسىي مۇشكۇل ئىش ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ جەھەتتە ئۆزۈمگە خېلىلا ئىشەنچ قىلالايمەن، لېكىن مەن ئىدىيەۋى پەللىدە ئۆزۈمگە تېخى تولۇق ئىگە ئەمەسمەن. ھالبۇكى، ھەممىدىن مۇھىمى دەل مۇشۇ نۇقتىدۇر. بۇ قانداقتۇر ئىرادەمنىڭ ئاجىزلىقى ياكى تىرىشچانلىقىمنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئەمەس، لېكىن ماڭا تۇساتتىن ھۇجۇم قىلىدىغان ئاشۇ ناباب پىكىرلەرنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقى مەن ئۈچۈن ھازىرمۇ ئېچىلمىغان بىر سىر. مەن كىشىلەرنىڭ قولىدا ناباب ئوي ـ پىكىرلەرنى قۇلۇپلايدىغان ئاچقۇچنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. لېكىن، بۇ ئاچقۇچنى ھەركىم ئۆزى ئىزدەپ تاپىدۇ. پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەر بىزگە بىھېساب تەجرىبىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇلار بىزگە ھەممىگە باپ كېلىدىغان بىرەر پىرىنسىپ ئاتا قىلغان ئەمەس، چۈنكى مۇپەسسەل تاكامۇللۇق پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ مەرھەمەتىدىنلا كېلىدۇ، شۇڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتىگە بېرىلگەنلەر بىزگە «راماناما»غا ئوخشاش نۇرغۇن نوم ـ بىتىكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇرۇۋۋەت ۋە پاكلىق بابىدا مەشھۇر ئەسەرلەردۇر. بىز پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىنى ئۈزۈكسىز تايانچ قىلمايدىغان بولساق، ئىدىيەنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىيەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەربىر دىنىي كىتاب بېرىدىغان ساۋاقلاردۇر. مەن مۇكەممەل «پەرھىز» ئىستىكىدە يېنىپ يۈرگەندە، بۇ ساۋاقنىڭ بەرھەقلىقىنى دەممۇدەم ھېس قىلىپ تۇرغانمەن.

بىراق، مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىم توغرۇلۇق كېيىنكى بابلاردا يەنە توختىلىمەن. مەن بۇ بابنى مۇشۇ مەقسەتنى قانداق تاماملىغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. دەسلەپتە بىر دەملىك قىزغىنلىقىم تۈپەيلى بۇ ماڭا ناھايىتى ئاسان تۇيۇلغانىدى، مەن دەسلەپتە تۇرمۇش ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ، ئايالىم بىلەن ئايرىم ئورۇندا يېتىش ياكى ئايرىم ئۆيدە تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەن 1900 ـ يىلى «پەرھىز» تۇتۇشقا باشلاپ، 1906 ـ يىلى 6 ـ، 7 ـ ئايلارغا كەلگەندىلا ئاندىن قەسىمىمنى مۇستەھكەملىيەلىدىم.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

بۇ چاغلاردا جوخاننېسبۇرگتا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇ خىل پاكلىنىشىمنى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغان دەسلەپكى خىزمەتلىرىمدەك قىلاتتى. ھازىر شۇنى بىلدىمكى، ھاياتىمدىكى «پەرھىز» قەسىمى تۈپەيلى تاكامۇللۇق قوغلىشىپ قىلىغان بارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەرىكەت ئۈچۈن قىلىنىغان يوشۇرۇن تەييارلىق خىزمىتى ئىدى. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ پىرىنسىپى بۇ ھەرىكەتنىڭ نامى بايقىلىشتىن ئىلگىرىلا بار ئىدى. راستىنى ئېيتسام، بۇ نام ئوتتۇرىغا چىققاندا، ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. مەن گۇجارات تىلىدا ئىنگلىزچىدىكى «پاسسىپ قارشى تۇرۇش» دېگەن ئىبارىنى قوللىنىپ، بۇ ھەرىكەتنى گۇجاراتچە سۈپەتلەپ باققانىدىم. بىر قېتىم مەن ياۋروپالىقلارنىڭ بىر يىغىلىشىدا «پاسسىپ قارشى تۇرۇش» دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسىنىڭ تولىمۇ تار ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ ئاجىزلارنىڭ قورالى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئاللاھىدىلىكى ئۆچمەنلىك بولۇپ، ئاخىرىدا يەنە زوراۋانلىققا ئايلىناتتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈلۈشىگە قارشى تۇرمىسام ھەمدە ھىندىستانلىقلارنىڭ بۇ ھەرىكەتتىكى خاراكتېرىنى چۈشەندۈرمىسەم بولمايتتى. روشەنكى، ھىندىستانلىقلار بۇ كۈرەشنى يېڭى بىر سۆزنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىشى كېرەك ئىدى.

مەن مېڭەمنىڭ قېتىنقى چىقىپ كەتكۈچە ئويلىنىپمۇ بىرەر مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن «ھىندىستان جامائەت

پىكرى»دە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇقتۇرۇشى چىقاردىم. نەتىجىدە ماگانلال گەندى «ساداگراخا» («ساد» ھەقىقەت، «ئاگىراخا» ئەمەلىي كۈچ دېگەن مەنىدە) دېگەن بۇ سۆزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇكاپاتلاندى. لېكىن، تېخىمۇ ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ ئىبارىنى «ساتياگراخا»غا ئۆزگەرتتىم. شۇنىڭدىن ئىبارەت ئۇ گۇجارات تىلىدا بۇ كۈرەشنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالدى.

بۇ كۈرەشنىڭ تارىخى ئەمەلىيەتتە مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھايات تارىخىم ئىدى، بولۇپمۇ مېنىڭ ئۇ يەردە ھەقىقەتنى تەجرىبە قىلىپ چۈشەنگەن تارىخىم ئىدى. مەن بۇ تارىخنىڭ كۆپ قىسمىنى يېراۋدا تۈرمىسىدە يازدىم، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پۈتۈنلەي يېزىپ بولدۇم. ئۇ دەسلەپتە «يېڭى تۈرمۇش»تا ئېلان قىلىندى. كېيىن ئايرىم كىتاب قىلىپ بېسىلدى. ۋالجى گوۋىندجى دېساي (Walji Govindji Desai) ئەپەندى «پىكىر ئېقىملىرى»دا ئۇنى ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. بىراق، مەن ھازىر كىشىلەرنىڭ مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ مۇھىم سىناقلىرىمنى چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تېزرەك چىقىشى بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتىمەن. مېنىڭ «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ھەرىكىتى تارىخى» دېگەن كىتابىمنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانلار بولسا، مەن ئۇلارنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ يەردە مەن ئۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تەكرارلىماقچى ئەمەسمەن، لېكىن مەن تۆۋەندىكى بابلاردا مېنىڭ ئۇ كىتابقا كىرگۈزۈلمىگەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىرنەچچە خۇسۇسىي كەچۈرمىشلىرىم ئۈستىدە توختىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرگە ھىندىستاندىكى ھەقىقەتنى چۈشىنىش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرىمەن. شۇڭا بۇ تەجرىبىلەرگە قاتتىق سالنامە ژانىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئەمدى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ تارىخىنى پۇختا ئىگىلىۋالار.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

## يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ئىچكى تەسىراتلار

مەن ئىدىيە ۋە سۆز ـ ھەرىكەت جەھەتتىمۇ «پەرھىز» تۇتىمەن دەپ بىتاقەت بولماقتا ئىدىم. شۇڭا ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى كۈرىشىگە سەرپ قىلماقتا ھەمدە ئۆزۈمدە پاك خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ، ئۆزۈمنى بۇ خىل تۇرمۇش شەكلىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدىم. مەن يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆزۈمنى يەنىمۇ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بۇرۇلۇش ياسىدىم. ئىلگىرىكى ئۆزگىرىشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىدە تازىلىققا رىئا ـ يە قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدىم، لېكىن بۇ قېتىمقى يېڭى سىناقلاردا پۇتۇنلەي دىنىي كۆزقاراشنى چىقىش قىلدىم.

ھازىر تەركىتاماقلىق بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك تۇرمۇشۇمدا ناھايىتى زور رول ئوينىماقتا ئىدى. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ جىنسىي ئارزۇسى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك ئارزۇسى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىممۇ شۇنداق ئىدى. مەن شەھۋىتىم بىلەن ئىشتىـ ـھايىمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرەج تارتتىم، ھەتتا ھازىرمۇ ئۇنى تولۇق تىزگىنلىيەلىدىم دەپ ئېيتالمايمەن، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ئىشتىھالىق ھېسابلايتتىم. بۇنداق ئەھۋالدا بۇرادەرلىرىم مېنى كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان نەرسىلەرنى ھېس قىلالمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئەگەر ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشىم ھازىرقى ھالەتكە يەتمىگەن بولسا، مەن ھايۋاند ـ دىنمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەن بولاتتىم. ۋاھالەنكى، مەن ئۆز يېتەرسىزلىكىمنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن زور تىرىش ـ چانلىق كۆرسىتىپ، بۇ يىللاردا خىزمەتكە باشچىلاپ كىرىپ كېتەلىدىم.

مەن ئەيىبلىرىمنى ئاڭلىق ھېس قىلالىغان، يەنە كېلىپ ئېپى ـ جېپىم كېلىشىدىغان كىشىلەر بىلەن كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدا دوست

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالغانىدىم، مەن قورساقنىڭ ئاچلىقىنى نوقۇل مېۋە ـ چېۋە بىلەنلا باسىدىغان «ئېكداش» (Ekadashi) ياكى «جاماشتامى»[①] كۈنىدە تۇز ـ تائامنى تەرك ئەتتىم. دەسلەپتە مېۋە ـ چېۋە يېدىم، لېكىن ئۆزىنى تارتىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مېۋە ـ چېۋە بىلەن دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ھېچقانچە پەرق يوق ئىدى. مەن ئادەمنىڭ بۇ ئىككى خىل يېمەكلىكنى ئوخشاش ھەۋەس بىلەن يەپ ئادەتلىنىپ قالسا، ئىلگىرىدىكىدىنمۇ بەك قارنى يامان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شۇڭا تەركىتاماقلىقتا ۋە ئايەم كۈنلىرى بىر ۋاقلا تاماق يېيىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە توۋا ـ ئىستىغبار ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇنلارغا دۇچ كېلىپلا قالسام، مەن بۇنداق پۇرسەتلەردىمۇ خۇشاللىق بىلەن تەركىتاماقلىق قىلىدىغان بولدۇم.

ھالبۇكى، ھازىر تېنىم تېخىمۇ قۇرغاقلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، يېمەكلىكلەر تېخىمۇ تەملىك تېتىيدىغان بولۇپ كەتتى، ئىشتىھايىممۇ ئېچىلىپ كەتتى. مەن تەركىتاماقلىقنى خۇددى ئۆزىنى تارتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك بىر خىل قورالى بولغانغا ئوخشاش، ئۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭمۇ بىر خىل كۈچلۈك قورالى، دەپ قارايمەن. كېيىن ئۆزۈم ۋە باشقىلارنىڭ تالاي تەجرىبىلىرى بۇ ئاجايىپ پاكىتنى دەلىللەيدىغان ئىسپات بولۇپ قالدى. مەن بەدىنىمنى كۈچەيتمەكچى ۋە ياخشىلىماقچى ئىدىم، لېكىن مېنىڭ ھازىرقى مەقسىتىم نەپسىمنى يىغىش ۋە ئىشتىھايىمنى يېڭىش ئىدى، شۇڭا مەن ئاۋۋال بىر خىل يېمەكلىكنى، ئاندىن يەنە باشقا تائاملارنى تاللاپ يېمەكلىك مىقدارىمنى چەكلەيتتىم، لېكىن ئىشتىھايىم يەنىلا بۇرۇنقىدەك يامان ئىدى. مەن بىر خىل يېمەكلىكنى يېمەي، يەنە بىر خىل يېمەكلىكنى يېگەندە، كېيىنكىسى ھەمىشە ئالدىنقىسىدىنمۇ تەملىك تېتىپ كېتەتتى.

مەن مۇشۇ تەجرىبىلەرنى سىناق قىلىۋاتقاندا، ھامان بەزىلەر ماڭا ھەمراھ بولاتتى، ھېرمان گاللېنباچ (Hermann Kallenbach) ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ دوستۇم ھەققىدە مەن «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ‹زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق› ھەرىكىتى تارىخى» دېگەن كىتابىمدا توختالغانمەن، بۇ يەردە ئۇ توغرۇلۇق قايتا

---

① جانماشتامى (Janmashtami) ــ بۇ ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى زۇلمەت تەڭرىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، 7 ـ، 8 ـ ئايلارنىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىرى، تەقۋادار ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بۇ كۈنى ئاش ـ تاماقنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئايەم كۈنلىرىدە تاماقنى تەرك ئېتىدۇ. ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

توختالغۇم يوق. مەيلى تەركىتاماق ياكى يېمەك - ئىچمىكىمنى ئۆزگەرتكەن ۋاقتىمدا بولسۇن، كاللىنىباچ ئەپەندى مەن بىللە «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە، مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدىم. بىز يېمەكلىكلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. بىز ئادەتلەنگەن يېمەكلىككە قارىغاندا يېڭى يېمەكلىكتىن تېخىمۇ كۆپ لەززەت ئالاتتۇق. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشلارنى زوق - شوخ بىلەن سۆزلىشىپ كېتەتتۇق. مەن بۇنى قىلچىمۇ نامۇۋاپىق ھېس قىلمايتتىم، ئەلۋەتتە. تەجرىبىلىرىم ماڭا بىر خىل تائامغا ئادەتلىنىۋېلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇتقانىدى. بىرنەرسە يېيىشتىكى مەقسەت تەم ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جىسمانىي كۈچنى ساقلاش ئۈچۈندۇر، ھەربىر سەزگۈ ئەزا بەدەن ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ، روھنى بەدەن ئارقىلىق تۇتۇپ تۇرغاندا، يېمەكلىكنىڭ پەۋقۇلئاددە تەمىمۇ يوقىلىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتىلا يېمەكلىك ئاندىن ئۆز رولىنى تەبىئىي رەۋىشتە جارى قىلدۇرالايدۇ.

تەبىئەت بىلەن بىردەك بولغان بۇ خىل گارمونىيەلىك ھالەتكە يېتىش ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ تەجرىبە قىلىش كۆپلۈك. قانچىلىك چوڭ بەدەل تۆلەش چوڭلۇق قىلمايدۇ. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ھازىرقى ئېقىم دەل ئەكسىچە يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا ئىدى. ھامان يوقىلىدىغان تەننىڭ كۆركى، ھاياتلىق ۋاقتىنى ئانچىكىم ئۇزارتىش ئۈچۈن، بىز سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشنى نومۇس بىلمىسەك، ئاقىۋەتتە ئۆزىمىزنى ھالاك قىلغان، تەن بىلەن روھنى تەڭلا يوقاتقان، بىر خىل كونا كېسەلنى ساقايتىمىز دەپ، نەچچە يۈز خىل يېڭى كېسەللىكنى پەيدا قىلغان بولىمىز. جىسمانىي ھۇزۇر سۈرۈش ئۈچۈن، ئاخىر زوقلىنىش ئىقتىدارىمىزنىمۇ يوقىتىمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا بولۇۋاتقان ئىشلاردۇر. لېكىن، بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالىدىغان ئاشۇ ئادەملەردىنمۇ ئۆتەر تەرسا ئادەملەر بولمىسا كېرەك.

مەن مەقسەت - مۇددىئايىمنى شۇ قەدەر ئېنىق بايان قىلدىم، ئەمدى يېمەك - ئىچمەك ئۇسۇلى ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىم ھەققىدە تەپسىلىي توختالماقچىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## كاستۇربەنىڭ جاسارىتى

ئايالىم ھاياتىدا ئۈچ قېتىم ئېغىر كېسەل تارتىپ ئۆلگىلى تاس قالغانىدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئادەتتىكى ئائىلىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق شىپا تاپقانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى باشلانغانىدى، ئۇ بوۋاسىر كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. بىر دوختۇر دوستۇم ئوپېراتسىيە قىلىش تەكلىپىنى بەردى، خوتۇنۇم بۇنىڭغا ئىككىلىنىپ رەك قوشۇلدى. ئۇنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، ئوپېراتسىيە قىلىنغاندا مەست قىلىندى، ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، لېكىن ئۇ بەكمۇ ئازابلىنىپ كەتتى. بىراق، ئۇ يەنىلا ئاجايىپ زور باتۇرلۇق بىلەن بۇنىڭغا بەرداشلىق بەردى. دوختۇر دوستۇم ۋە ئۇنىڭ ئايالى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ دۇرباندا بولغان ئىش ئىدى. دوختۇر مېنىڭ جوخاننېسبۇرگقا كېتىشىمنى، خوتۇنۇمدىن ئەنسىرىمىسەممۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە كاستۇربەنىڭ كېسىلىنىڭ يامانلاشقانلىقى، تېنىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى، ھەتتا ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى، يەنە تېخى پات ـ پات ھوشىدىن كېتىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى. دوختۇر مېنىڭ ماقۇللۇقۇمسىز، ئۇنىڭغا ھاراق ـ شاراب ۋە گۆش بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ جوخاننېسبۇرگقا تېلېفون قىلىپ، مەندىن ئۇنىڭغا ھاراق ئىچۈرۈش، گۆش يېگۈزۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلالمايمەن، لېكىن خوتۇنۇمنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۇنىڭ ئۆز پىكرىنى ئىپادىلىشىگە يار بەرسە، ئۇنىڭ

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ، ئۇ ئاشۇنداق قىلىشنى خالىسا مەيلى، دەپ جاۋاب بەردىم.

— لېكىن، — دېگەنىدى دوختۇر، — مەن بۇ ئىشتا كېسەلنىڭ پىكرىنى ئېلىپ ئولتۇرمايمەن، يەنىلا ئۆزىڭىز بىر كېلىپ كەتكىنىڭىز تۈزۈك، ئەگەر سىز كېسەلنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنى ئېھتىياج بويىچە بەلگىلىشىمگە رۇخسەت قىلمىسىڭىز، مەن خانىمىڭىزنىڭ ھاياتىغا مەسئۇل بولالمايمەن.

مەن شۇ كۈنىلا پويىز بىلەن دۇربانغا بېرىپ، ھېلىقى دوختۇر بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ ماڭا جىمجىت ئولتۇرۇپ:

— مەن سىزگە تېلېفون بەرگەندە ئۇنىڭغا ئالدىقاچان كالا گۆشى شورپىسى بېرىپ بولغانىدىم، — دېدى.

— دوختۇر، بۇ ئالدامچىلىققۇ، — دېدىم مەن.

— كېسەلگە رېتسېپ بويىچە دورا بېرىش ۋە يېمەك - ئىچمىكىنى بەلگىلەش ئالدامچىلىق - پالدامچىلىق دېگەنگە كىرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىر دوختۇر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېسەللەرنى ئالدىسىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن سىر تۇتسىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى دوختۇر قەتئىي تەلەپپۇزدا.

ئىچىم بەكمۇ سىيرىلدى، لېكىن زورمۇزور ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. بۇ دوختۇر ئوبدان ئادەم ئىدى، شۇنداقلا بىزنىڭ دوست - بۇرادەرچىلىكىمىز بار ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ بۇ خىل تېببىي ئەخلاقىغا بولدى قىلماقچىمۇ ئەمەس ئىدىم.

— دوختۇر، ئېيتىڭا، سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز، ھەتتا ئۇ جان ھەلقۇمىغا بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ مەن خوتۇنۇمغا ھەرگىز گۆش يېگۈزمەيمەن، ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزى يېيىشنى خالىسا، مېنىڭمۇ گېپىم يوق.

— قانداق ئويلىشىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، لېكىن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئايالىڭىز مېنىڭ قولۇمدىلا داۋالىنىدىكەن، مەن ئۆز پىكرىم بويىچە ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسە يېگۈزۈشكە ھوقۇقلۇقمەن، سىز بۇنداق قىلىشىمنى ياقتۇرمىسىڭىز، كەچۈرۈڭ، سىز ئۇنى باشقا جايغا ئاپارسىڭىز بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ شىپاخانامدا ئۆلۈپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمايمەن.

— سىزنىڭچە، مەن ئۇنى دەرھال ئېلىپ كېتىشىم كېرەكمۇ؟

www.uyghurkitap.com



— مەن سىزگە قاچان ئۇنى ئېلىپ كېتىڭ دېدىم؟ مەن پەقەت سىزنى مېنى پۇتۇنلەي ئۆز ئەركىنلىكىمگە قويۇۋېتىڭ دېمەكچى. سىز شۇنداق قىلسىڭىز، خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز ئۇنى پۇتۇن كۈچىمىز بىلەن داۋالايمىز، سىز ئەندىشە قىلماي، بۇ يەردىن كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز بۇ ئاددىي داۋلىنىمۇ چۈشەنمىسىڭىز، مەن ئايالىڭىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭ، دېيىشكە مەجبۇر بولىمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئەينى چاغدا بىر ئوغلۇملا يېنىمدا ئىدى، ئۇ مېنىڭ پىكرىمگە پۇتۇنلەي قوشۇلۇپ، ئانام كالا گۆشى شورپىسى ئىچمەسلىكى كېرەك دېگەنىدى. ئارقىدىن مەن كاستورىبە بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ئۇنىڭ تېنى ھەقىقەتەنمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمىسەم بولاتتى، لېكىن يەنە ئۆزۈمنى ئامالسىز ھېس قىلدىم ـ دە، دوختۇر بىلەن بولغان گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ماڭا: «مەن كالا گۆشى شورپىسى ئىچمەيمەن، بۇ دۇنيادا ئىنسان بولۇپ تۇغۇلۇشنىڭ ئۆزىلا ئىنتايىن مۇشكۇل ئىش ئىكەن. مەن سىزنىڭ قۇچىقىڭىزدا ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، تېنىمنى بۇنداق لەنىتى نەرسە بىلەن بۇلغاشنى خالىمايمەن» دەپ قەتئىي جاۋاب بەردى.

مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن ئۇنىڭغا بەزى مىساللارنى شېپى كەلتۈرۈپ، ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى دوستلارنىڭ گېزى كەلگەندە گۆش ۋە شارابنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ پەرھىز تۇتمىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. لېكىن، ئۇ ئىنتايىن قەتئىي ئىدى. ئۇ: «ياق، مېنى دەرھال ئېلىپ كېتىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى.

ئىچىمدە بەكمۇ خۇشال بولدۇم، بىراق ئۇنى قەتئىي ئېلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەندە، ئىچىمدە ھاياجانلانماي قالمىدىم. مەن ئۇنىڭ قارارىنى دوختۇرغا ئېيتتىم. دوختۇر قاتتىق خاپا بولدى ـ دە: «نېمانداق باغرى تاش ئادەمسىز! ئۇنىڭ كېسىلى مۇشۇنداق يامان تۇرسا، سىز بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپسىز، سىز نومۇس قىلمامسىز. سىزگە سەممىيلىك بىلەن شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئۇنى يۆتكەشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ئازراق تەۋرىنىشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، مۇبادا خوتۇنىڭىز يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسە، مەن بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەيمەن. لېكىن زادى ئەكەتمىسەم بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالسىڭىز،

گېپىڭىزنى ئاڭلىماقتىن باشقا ئامال يوق. ئۇنىڭغا كالا گۆشى شورپىسى بېرىشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا بىر كۈنمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ جايدىن دەرھال ئايرىلىش قارارىغا كەلدۇق. ئۇ چاغدا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ۋوگزالغا بېرىش ئۈچۈن خېلى مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بىز دۇرباندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ سۇمۇرغ كەنتىگە بېرىش ئۈچۈن، ئۇ يەردىن يەنە ئىككى چاقىرىم ئىنگلىز مىلى يول يۈرۈپ، ئاندىن كەنتىمىزگە كېلەلەيتتۇق. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ناھايىتى چوڭ خېيىم ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق ئىدى. لېكىن، مەن پەرۋەردىگارغا ئىشىنىمەن، شۇڭا ئويلىغانلىرىم بويىچە ئىش كۆرىمەن، مەن سۇمۇرغ كەنتىگە ئالدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ۋېستقا بىر نوسىلكا، بىر بوتۇلكا ئىسسىق كالا سۈتى، بىر بوتۇلكا قايناق سۇ ۋە كاستۇربەنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالتە ئادەمنى تەخ قىلىپ، بىزنى ئالغىلى ۋوگزالغا كېلىپ تۇرۇشنى ئېيتتىم. مەن بىر رىكشىنى كىرا قىلىپ ئاشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا ئۇنى ئېلىپ كېلەر قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ماڭدىم.

كاستۇربەگە مەدەت بېرىش كەتمەيتتى، ئەكسىچە ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ: «مەن ھېچنېمە بولمايمەن، ئەنسىرىمەڭ» دەيتتى.

ئۇ ئۇزۇق بولغۇدەك بىرنەرسىنى ئاغزىغا سېلىپ باقمىغىلى بىرنەچچە كۈن بولغاچقا، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ۋوگزال سۈپىسى ئىنتايىن ئۇزاق ئىدى، شۇڭا رىكشىنى سۆرەپ كىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىشىلەر پويىزغا چىقىش ئۈچۈن، بىرلا يول بىلەن ماڭاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ پويىزغا ئاپچىقتىم. بىز ئۇنى نوسىلكا بىلەن كۆتۈرۈپ سۇمۇرغ كەنتىگە ئاپاردۇق، ئۇ كەنتتە سۇ بىلەن داۋالىنىش ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى.

سۇمۇرغ كەنتىگە كېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر سىۋامى بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ بىزنىڭ دوختۇرنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ، ھېسداشلىقى تۇتۇپ بىزگە نەسىھەت قىلغىلى كەلگەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ كەلگەندە ئىككىنچى ئوغلۇم مانىلال بىلەن ئۈچىنچى ئوغلۇم رامداس شۇ يەردە ئىدى. ئۇ «مانى كالامىلىرى»دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، گۆش يېسە دىنغا زەرەرى يوقلۇقىنى ئېيتتى، مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇم ئالدىدا بۇنداق بەس ـ

مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇشىنى ياخشى كۆرمەيتتىم، لېكىن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىلاجسىز سەۋر قىلىپ ئولتۇردۇم. مەن «مانى كالاملىرى» دىكى ئۇ گەپلەرنى ئوقۇغانىدىم، مەن ئۇلارنىڭ قانداق قىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشكە موھتاج ئەمەسمەن. مەن يەنە بىر مەزھەپتىكىلەرنىڭ بۇ گەپلەرنى ساختا دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. راست بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ گۆش ـ مايسىز تاماق يېيىش ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى قاراشلىرىم دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. يەنە كېلىپ كاستۇربەنىڭ ئېتىقادى قەتئىي ئىدى. ئۇ نوم ـ سۇترالارغا ئەزەلدىن مۇراجىئەت قىلىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇنىڭغا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئەنئەنىۋى دىنىي ئۇدۇملارمۇ يېتىپ ئاشاتتى. ئوغلۇم ئەلۋەتتە مېنىڭ ئېتىقادىمنى ئۇلۇغلايتتى، شۇڭا ئۇلار سىۋامىنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى، لېكىن كاستۇربە سىۋامىغا: «مەيلى سىز نېمىلا دېسىڭىز دەڭ، مەن كالا گۆشى شورپىسى بىلەن شىپالىق تېپىشنى خالىمايمەن. ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلمىسىڭىز، خالىسىڭىز ئېرىم ۋە باللار بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ. لېكىن، مەن ئالىلقاچان بىر پىكىرگە كېلىپ بولدۇم» دەپ ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# ئائىلىدىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»

مەن تۇرمە تەمىنى تۇنجى قېتىم 1908 ـ يىلى تېتىدىم. مەن جىنايەتچىلەر ئەمەل قىلىدىغان بەزى قائىدە ـ مىزانلارنىڭ دەل پەرھىز تۇتماقچى بولغان ئادەم ــــ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىۋاتقان بىر ئادەم چوقۇم ئەمەل قىلىدىغان قائىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئالايلۇق، ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاق تاماق چوقۇم كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن يېيىلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. مەيلى ھىندىستانلىق جىنايەتچىلەر ياكى ئافرىقىلىق جىنايەتچىلەر بولسۇن، ئۇلارغا چاي ياكى قەھۋە دېگەندەك نەرسە بېرىلمەيتتى، ئۇلار خالىسا، پىشقان يېمەكلىككە ئازراق تۇز سېلىپ بېرەتتى، لېكىن ئادەمنىڭ تەم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىچىشكە ياكى يېيىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بىر قېتىم مەن تۈرمە دوختۇرىدىن ئازراق قەھۋە پاراشوكى بېرىشنى ھەمدە بىزگە تاماق ئەتكەندە ئۇنىڭغا ئازراق تۇز سېلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم. لېكىن ئۇ: «سىلەر بۇ يەرگە يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، ساغلاملىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا قەھۋە پاراشوكىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، تاماق پىشىشتىن ئىلگىرى ياكى پىشقاندىن كېيىن تۇز سېلىشقا كەلسەك، بۇنىڭمۇ ھېچقانچە پەرقى يوق» دېدى.

كېيىن بۇ بەلگىلىمىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. بۇنى يولغا قويۇش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى چارىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا پايدىسى بار ئىدى. سىرتتىن تېڭىلغان پەرھىز بەلگىلىمىلىرى ناھايىتى ئاز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆز خاھىشىدىن چىقسا، جەزمەن پايدىلىق ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇڭا مەن

تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن بۇ ئىككى ماددىنى دەرھال ئۆزۈمگە بەلگىلىمە قىلىۋالدىم. مەن ئەينى چاغدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چاي ئىچمەيتتىم، يەنە كېلىپ كەچلىك تاماقنى كۆن ئولتۇرۇپ يېيەلىشتىن ئىلگىرى يەپ بولاتتىم، ھازىر بۇ ئىككى قائىدىنى ئورۇنلاش مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئاسان.

ۋاھالەنكى، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە مەن ھەتتا تۈزىمۇ يېمەيدىغان بولدۇم، مەن بۇ پەرھىزگە ئۇدا 10 يىل ئەمەل قىلدىم، مەن گۆشسىز تاماق يېيىشكە دائىر كىتابلارنى ئوقۇدۇم. كىتابتا دېيىلىشىچە، تۇز ئىنسانلارنىڭ زۆرۈر يېمەكلىكى ئەمەس ئىكەن، يەنە كېلىپ تۇزسىز يېمەكلىك تەننىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق ئىكەن، بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى، «ھەۋەسنى يىغىش» يولىغا كىرگەن بىر ئادەم تۇز ئىستېمال قىلماسلىقتىن مەنپەئەت كۆرىدۇ. كىتابتا دېيىلىشىچە ھەم ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلىشىچە، تېنى ئاجىز ئادەملەر پۇرچاق تۇرىدىكى يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىكى كېرەك ئىكەن، لېكىن مەن پۇرچاق تۇرىدىكى يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى بەك ياخشى كۆرەتتىم.

كاستۇربە ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن بىر مەزگىل خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي قاناشقا باشلىدى، يەنە كېلىپ بۇ كېسەل ئىنتايىن جاھىل كېسەلدەك قىلاتتى. سۇ بىلەن داۋالاش كېسەلنى تۈپتىن ساقايتالمايتتى. ئۇ بۇنى رەت قىلمىسىمۇ، لېكىن مېنىڭ داۋالاش ئۇسۇلۇمغا ئانچە ئىشەنچ قىلمايتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ھەم باشقىلاردىن ياردەم سورىمايتتى. شۇڭا، مېنىڭ سۇ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلۇم پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن پۇرچاق ۋە تۇز ئىستېمال قىلماسلىقنى ئۆتۈندۈم. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، ئاخىرىدا ئۇ ماڭا خىرىس قىلغاندەك تەلەپپۇزدا: كىمدىكىم مەندىن ئاشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلسا، مەنمۇ بۇ يېمەكلىكلەردىن ۋاز كەچمەيمەن، دېدى. بۇنىڭدىن تۇرۇپ ئىچىم سىيرىلاتتى، تۇرۇپ خۇشال بولاتتىم، خۇشال بولۇشۇم — مەن ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىم.

— يېڭىلىشتىڭىز، مەن كېسەل بولغان بولسام، دوختۇر پەرھىز تۇتۇڭ دېگەن ھەرقانداق نەرسىگە قەتئىي يېقىن كەلمىگەن بولاتتىم، —

دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — قاراپ تۇرۇڭ، دوختۇر تەۋسىيە قىلسىمۇ، مەن بىر يىلغىچە تۇز ۋە پۇرچاق يېمەسلىككە نىيەت قىلدىم، سىزنىڭ شۇنداق قىلىش ـ قىلماسلىقىڭىز بىلەن كارىم يوق.

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى كاستۇربە قاتتىق چۆچۈپ، — مەن سىزنى چۈشىنىمەن، مەن سىزگە قاتتىق تەگمىسەم بولاتتى، مەن بۇ نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتۇشقا ماقۇل بولاي، لېكىن سىز لەۋزىڭىزدىن يانغان بولسىڭىز، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولۇۋاتىدۇ.

— بۇ نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتقىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇق ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. بۇ نەرسىلەرنى يېمىسىڭىز، سىزگە پايدىسى بولىدىغانلىقىدىن قىلچىلىك گۇمانلانمايمەن، ئۆزۈمگە كەلسەم، قىلغان لەۋزىمدىن يېنىۋالالمايمەن، بەلكى بۇنىڭ ماڭا پايدىسى بارلىقىغا ئىشىنىمەن، چۈنكى ئۆزىنى تۇتۇش مەيلى قانداق مۇددىئادىن بولسۇن، ئادەمگە پايدىلىقتۇر. شۇڭا مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، بۇ مەن ئۇچۇنمۇ بىر خىل سىناق، شۇنداقلا سىزنىڭ مۇشۇنداق نىيەتكە كېلىشىڭىزگە ياردەم بېرىشتىكى بىر خىل مەنىۋى قوللاش.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا قايتا دەخلى قىلمىدى. «سىز بەك جاھىل ئىكەنسىز، ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمىدىڭىز». ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مەن بۇ ئىشنى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىقنىڭ بىر خىلى دەپ بىلىمەن، ئۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىمنىڭ بىرسى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كاستۇربەنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى تېز لا ئەسلىگە كەلدى، بۇ زادى تۇز ۋە پۇرچاق تىپىدىكىلەردىن پەرھىز تۇتقانلىقىنىڭ ياكى ئۇنىڭ يېمەكلىككە نىسبەتەن باشقىچە ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ ياكى مېنىڭ باشقا تۇرمۇش مىزانلىرىدا چىڭ تۇرغانلىقىمنىڭ ۋە ياكى مۇشۇ ئىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان مەنىۋى خۇشاللىقنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ راستلا شۇنداق بولغاندا، زادى قانچىلىك دەرىجىدە؟ مەن بۇلارنى بىلمەيتتىم. ۋاھالەنكى، ئۇ راستلا ياخشى بولۇپ كەتتى. قانمۇ تامامەن توختىدى. شۇنىڭدەك ماڭا ئوخشاش بىر «چاكىنا دوختۇر»نىڭ نامىمۇ چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن بۇ يېڭى چەكلىمىلەر تۈپەيلى، ئاز بولمىغان نەپكە ئېرىشتىم. مەن ئەزەلدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سېغىنىپ ئولتۇرمايتتىم. بۇ بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى، مەن ھېسسىياتىمنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك رايىشلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ سىناق مېنى تېخىمۇ تۈتۈۋېلىشقا قاراپ تىرىششقا يۈزلەندۈردى. شۇڭا، مەن ھىندىستانغا قايتىپ خېلى ئۇزاققىچە بۇ نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتتۇم، ئاندىن قول ئۈزدۈم، پەقەت 1914 ـ يىلى لوندىكى ۋاقتىمدىلا، مەن بۇ ئىككى نەرسىگە يەنە بىر قېتىم ئېغىز تەگدىم. ئەمما، مەن بۇ ئىككى نەرسىگە قانداق ئەھۋالدا ئېغىز تەگكەنلىكىم توغرۇلۇق كېيىن يەنە توختىلىمەن.

مەن خىزمەتداشلىرىمنى تۇز ۋە پۇرچاق تىپىدىكىلەرنى تەرك ئېتىشكە دەۋەت قىلاتتىم، بۇ سىناق جەنۇبىي ئافرىقىدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. تېببىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىستېمالنىڭ قىممىتى ئوخشىمىغان ئىككى خىل پىكىرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەخلاقىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بارلىق پەرھىز ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى قەلبكە پايدىلىق ئىدى، مەن بۇ نۇقتىدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمايتتىم. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر ئادەم بىلەن مەئىشەتكە بېرىلىپ كەتكەن بىر ئادەمنى ئېلىپ ئېيتساق، خۇددى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئوخشىمىغاندەك ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. «پەرھىز»گە ئەقىدە قىلغان ئادەم مەئىشەتلىك تۇرمۇشتا مۇۋاپىق ئىش تۇتىمەن، دەپ ھامان ئۆتتۈرۈپ قويىدۇ.





## ئوتتۇزىنچى باب

# ئۆزىنى تىزگىنلەش

مەن ئالدىنقى بابتا كاستۇربەنىڭ كېسىلىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىمنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈستىدە توختالدىم. كېيىن «پەرھىز» تۇتۇش يۈزىسىدىن يېمەك - ئىچمىكىمدە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى.

تۇنجى ئۆزگىرىش كالا سۈتى[①] ئىچمەسلىكتىن باشلاندى، مەن دەسلەپتە كالا سۈتىنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى غىدىقلايدىغان بىر خىل ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى رايچاندبەيدىن بىلدىم، گۆشسىز تاماق نەزەردىيەسگە ئائىت كىتابلاردىمۇ بۇ پىكىر مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. لېكىن، مەن تېخى بۇ ھەقتە پەرھىز تۇتىمەن، دەپ لەۋزە قىلمىغانىدىم. مەن كالا سۈتى ئىچمەسلىككە زادى تايىن تاپالمايۋاتاتتىم. مەن كالا سۈتىنىڭ بەدەنگە زۆرۈر نەرسە ئەمەسلىكىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، لېكىن ئۇنى ئىچمەيمەن، دەپ ئۆزىنى تارتىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. مەن ئۆزۈمنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كالا سۈتى ئىچمەسلىكنىڭ زۆرۈرىيىتىنى كۆندىن - كۈنگە ھېس قىلىۋاتقاندا، كالكۇتتادىن ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. كىتابتا ئىنەكلەرنىڭ باقمىچىلارنىڭ خورلىشىغا ئۇچراۋاتقاندەك ئەھۋاللار سۆزلەنگەنىدى. بۇ مەندە غەلىتە بىر خىل تەسىرات پەيدا قىلدى، مەن كاللېنباچ ئەپەندى بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدىم.

مەن «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ‹زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق› ھەرىكىتى تارىخى» دېگەن كىتابىمدا كاللېنباچ ئەپەندىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ بولغانىدىم، ئالدىنقى بىر بابتىمۇ

---

① ھىندى دىنى مۇرىتلىرى كالا گۆشى يېيىشتىن پەرھىز تۇتىدۇ، لېكىن كالا سۈتى ئىچىدۇ، بۇ قەدىمدىن شۇنداق ئومۇملاشقان ئادەت.

ئۇ ھەقتە توختالغانىدىم، مەن بۇ يەردىمۇ بۇ ئادەم توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىش زۆرۈرىيىتى بار، دەپ قارايمەن. ئۇ كىخان ئەپەندىنىڭ دوستى ئىدى، كىخان ئەپەندى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل تەركىدۇنيالىق خۇسۇسىيەتنى بايقاپ، ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپلا، ئۇنىڭ راھەت ـ پاراغەتنى ۋە ماختانچاقلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ھەيران قالغانىدىم، لېكىن بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا، ئۇ مەندىن نۇرغۇن دىنىي مەسىلىلەرنى سورىدى. بىز تاسادىپىيلا ساكيامونى بۇددا ھەزرەتلىرىنىڭ پىراۋاراجانا (زاھىت، راھىب) بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشتۇق، بىز بىر كۆرۈشۈپلا قەدىناسلاردەك بولۇپ كەتتۇق ـ دە، ئۇزاق ئۆتمەي دىلكەش دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ ئوي ـ پىكرىمىز ئوپئوخشاش ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ مەن يولغا قويغان بارلىق ئۆزلۈك ئىسلاھاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋۇجۇدى بىلەن سىناق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شۇ چاغلاردا ئۇ تېخىچە بويتاق ئىدى، ئايلىق چىقىمى 1200 رۇپىيەگە يېتەتتى، ئۆي ئىجارىسى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ھازىر ئۇ تۇرمۇشتا تېجەشلىك بولۇپ كەتتى، ئايلىق خىراجىتى 120 رۇپىيە ئەتراپىدا ئىدى. ئائىلەم خانىۋەيران بولۇپ تۇنجى قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن بىز بىللە تۇرغاندۇق، بىزنىڭ ئۇ چاغدىكى تۇرمۇشىمىز ھەقىقەتەنمۇ جاپالىق ئىدى.

بىز كالا سۈتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشاتتۇق، دەل مۇشۇ چاغدا كاللېنباچ ئەپەندى: «بىز ئىككى گەپىنىڭ بىرى بولسىلا، كالا سۈتى زىيانلىق دەيمىز يۇ، نېمىشقا كالا سۈتى ئىچىشنى توختاتمايمىز، كالا سۈتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھاجىتى يوق» دېدى، بۇ تەكلىپتىن مەن چەكسىز خۇشال بولدۇم. مەن بۇ تەكلىپنى قىزغىن قوللىدىم، بىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زادىلا كالا سۈتى ئىچمىدۇق. بۇ 1912 ـ يىلى تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانى[①] دا بولغان ئىش ئىدى.

ھالبۇكى، مەن بۇ ئۆزگىرىشلەردىن يەنىلا قانائەت ھېس قىلمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي مەن يەنە مەخسۇس مېۋە ـ چېۋە بىلەن جان ساقلاش قارارىغا كەلدىم، ئەڭ ئەرزان مېۋىلەرنى يېدىم. بۇ ۋاقىتتا

① گەندى تولستويغا چوقۇناتتى، ئىدىيە جەھەتتە تولستوينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى، ئۇ تولستوي غايە قىلغان دېھقان تۇرمۇشىنى تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي ئافرىقىدا يەنە بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ نام بەرگەنىدى. ـــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

كۆڭلۈم ئەڭ جاپالىق تۇرمۇشنى ئىستەيتتى.

مېۋە يېيىش ناھايىتى قولاي بىر ئىش ئىدى. ئۇچاققا ئۈزۈم، قالاش، سەي قورۇش دېگەنلەرنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى، خام يەر ياڭىقى، بانان، چىلان، لىمون ۋە زەيتۇن يېغى دېگەنلەر بىزنىڭ ئادەتتىكى يېمەكلىكىمىز بولۇپ قالغانىدى.

بۇ يەردە مەن «ھەۋەسنى يېڭىش»قا ئەقىدە قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشنى لايىق تاپتىم. مەن يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن پەرھىز ئۇتتۇرىسىدىكى ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتنى تاپقان بولسامۇ، لېكىن بۇ يەردە قەلب يەنىلا مۇھىم ئامىلدۇر. بىر ئادەمنىڭ قەلبى ناپاك بولسا، شۇ كىشى تاماقنى تەرك ئەتسىمۇ يەنىلا پاك بولالمايدۇ، يېمەك ـ ئىچمىكىنى ئۆزگەرتكىنىنىڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ. خۇتۇنپەرەس ئادەم ئۆز ـ ئۆزىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، پەرۋەردىگارغا مەقبۇللۇق ئەيلەپ، ئاخىرىدا پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولمىغۇچە، ئۇنى قەلبى پاك بولالمايدۇ. ۋاھالەنكى، قەلب بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېقىن ئالاقە مەۋجۇت. ھالبۇكى، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلگەن قەلب ئەيش ـ ئىشرەتكە تۇتقۇن بولىدۇ، بۇنداق مايىللىقتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئۆزىنى تۇتۇش ۋە تەركىتاماقلىق زۆرۈردۇر. ھەۋەسمەن قەلب ھېسسىياتنى تىزگىنلىيەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، تەن ھەمىشە پاك، غىدىقلاشتىن خالىي يېمەكلىكلەرگە ۋە قەرەللىك تەركىتاماقلىققا موھتاج.

يېمەك ـ ئىچمەكتىن يەڭگىل پەرھىز تۇتۇش ۋە تەركىتاماقلىق ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلارنىڭ سەۋەنلىكلىرى تاماقتىن ئۆزىنى تارتىش ۋە تەركىتاماقلىققا ئەقىدە قىلغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۆز تەجرىبەمدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى نىيەت قىلغان كىشىلەرگە ئاز تاماقلىنىش ۋە تەركىتاماقلىق ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ياردىمى بولماي تۇرۇپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىك قەلبنىڭ پۈتۈنلەي پارىغ بولمىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز بىرىنچى باب

## تەركىتاماقلىق

مەن كالا سۈتى ئىچىشتىن قول ئۈزۈپ ۋە دانلىق يېمەكلىكلەرنى يېمەي، مېۋە ـ چېۋىنى ئاساسلىق ئوزۇق قىلىش سىنىقىنى باشلىغاندا، تەركىتاماقلىقنى ئۆزۈمنى تىزگىنلەشتىكى بىر خىل ۋاستە قىلىشقا باشلىدىم. بۇنىڭغا كالليىنباچ ئەپەندىمۇ ئىشتىراك قىلدى، ئىلگىرى مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى تاماقتىن پەرھىز تۇتاتتىم، لېكىن بۇ نوقۇل ساغلاملىق يۈزىسىدىنلا ئىدى، ئۆزىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تەركىتاماق بولۇش كېرەك، بۇنى مەن دوستۇمدىن ئۆگەندىم.

مەن ۋىسنۇ دىنى ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم، يەنە كېلىپ ئانام قەسەمى چىڭ ئايال ئىدى. مەن ھىندىستاندىكى ۋاقتىمدىلا «ئېكىداش» ۋە باشقا تەركىتاماق قائىدىسىگە ئەقىدە قىلاتتىم، مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم ئاتا ـ ئانامنى دوراپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەن تەركىتاماقلىقنىڭ رولىنى دېگۈدەك چۈشەنمەيتتىم ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتىم، لېكىن مەن تىلغا ئالغان ھېلىقى دوستۇمنىڭ تەركىتاماق بولۇپ نەپ ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئۇنى دوراپ «ئېكىداش» پەرھىزىنى تۇتۇپ تاماق تاشلىدىم، مەن بۇ ئارقىلىق پەرھىز تۇتۇش قەسىمىمنى ئادا قىلماقچىدىم. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى تاماق تاشلىغان كۈنلەردە، ئوخشاشلا كالا سۈتى ۋە مېۋە ـ چېۋىنى ئىستېمال قىلىۋېرەتتى، ھالبۇكى بۇ خىل تاماق تاشلاش ئائىلىمىزدە ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى، مەن تەركىتاماق بولسام، سۇلا ئىچەتتىم.

مەن بۇ خىل تەجرىبىنى سىناق قىلىشقا باشلىغان ۋاقتىمدا،

ھىندى كالېندارىدىكى شراۋان (Shravan) ئېيى[1] دەل ئىسلام كالېندارىدىكى رامىزان ئېيى بىلەن بىللە كەلدى. گەندى جەمەتىدىكىلەر ۋىشنۇ ئەقىدىلىرىگىلا ئېتىقاد قىلماستىن، سەيىدلەرنىڭ ئەھدىسىگىمۇ ئىخلاس قىلاتتى، سەيىدلەر ئىبادەتخانىسىغا بىرىپلا قالماي، ۋىشنۇ ئىبادەتخانىلىرىغىمۇ باراتتى، ئائىلىمىزدىكى بەزىلەر شراۋان ئېيىغا كەلگەندە، ھەمىشە پۈتۈن بىر ئاي «پرادوشا (Pradosha)» تۇتاتتى[2]، مەنمۇ شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش قارارىغا كەلدىم.

بۇ كاتتا تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسى تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلغاندى، بۇ چاغدا كاللېنباچ ئەپەندى ۋە مەن، يەنە زورلۇق كۆچىسىز قارشى تۇرغۇچى، ھەمكارلاشمىغۇچى بىرنەچچە ئائىلە، جۈملىدىن ياشلار ۋە باللار بولۇپ، ھەممىمىز بىللە تۇراتتۇق. بىز بۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەكتەپ قۇرغاندۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ـ بەشەيلەن مۇسۇلمان ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە رىئايە قىلىشقا ئىزچىل مەدەت بېرىپ ۋە ياردەم بېرىپ تۇردۇم. مەن ھەمىشە ئۇلارنى ھەر كۈنى ناماز ئۆتەپ تۇرۇۋاتامدۇ، يوق دەپ تەكشۈرۈپ تۇراتتىم، بۇلاردىن باشقا يەنە خىرىستىيانلار ۋە مەجۇسىيلارمۇ بار ئىدى، مەن ئۇلارنى ئۆز دىنىي قائىدە ـ نىزاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش بۇرچۇم بار دەپ ئويلايتتىم.

شۇڭا، بۇ ئايدا مەن مۇسۇلمان ياشلارنى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا دەۋەت قىلدىم، مەن ئەلۋەتتە «پرادوشا»غا ئەمەل قىلاتتىم. بىراق، مەن ھازىر ھىندى دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى ياشلىرىدىن مەن بىلەن بىللە تاماق تاشلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولدۇم. مەن ئۇلارغا باشقىلار بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر تەكلىپىمنى قوللىدى، ھىندى دىنى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياشلار ھەربىر ئىشتا مۇسۇلمان ياشلارنى دوراپ بولالمايتتى، بۇنداق قىلىشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. مۇسۇلمان ياشلار كۈن ئولتۇرغاندىلا

---

[1] شراۋان (Shravan) ئېيى — مىلادىيە 7 ـ، 8 ـ ئايلار، ھىندى كالېندارىدىكى ئىككىنچى پەسىلنىڭ بىرىنچى ئېيى، ئۇ كونا ئۇيغۇر كالېندارىدىكى سەرەتان ئېيىغا توغرا كېلىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

[2] پرادوشا (pradosha) — كۈندىلىك پەرھىز، كېچىدىلا تاماقلىنىشقا بولىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئاندىن تاماق يەيتتى، باشقىلار ئۇنداق قىلسا بولمايتتى، شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمان ياشلار ئۇچۇن تىلغا تېتىغۇدەك بىرنەرسە تېپىپ بېرىش ئۇچۇن تىرىشاتتى، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن باشقا ياشلار ئەتىسى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرىلا شۇ بىر كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاق تامىقىنى يەيتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇشىنى تەلەپ قىلمايتتى، ھالبۇكى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھەرقانداق كىشى ئاش ـ تاماقتىن پەرھىز تۇتقان مەزگىلدە سۇ ئىچسە بولاتتى.

بۇ سىناقلارنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، كۆپچىلىك ئاش ـ تاماقتىن پەرھىز تۇتۇشنىڭ ئەرزىيدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە، ئۆزلىرى ئارىسىدا بىر خىل قىممەتلىك كوللېكتىۋىزملىق روھ پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى گۆشسىز تاماق يېگۈچىلەر ئىدى. مەن شۇنى مىننەتدارلىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، مەن ھېسسىياتىمغا ھۆرمەت قىلغان ھەربىر ئادەمگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك. ئاشۇ مۇسۇلمان ياشلار رامىزان ئېيىدا گۆش يېيىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى ماڭا بىلدۈرۈشمىدى، ئۇلار گۆشسىز تاماقلارنىمۇ مەززە قىلىپ يەپ كېتەتتى، ھالبۇكى ھىندى دىنى ياشلىرىمۇ ئۇلارغا تىلغا تېتىغۇدەك گۆشسىز تائاملارنى تەييارلاپ بېرىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پېقىرانە تۇرمۇشىغا ماسلىشاتتى.

مەن بۇ بابتا گېپىمنى ئەتەي يۆتكىمەكچىمەن، چۈنكى مەن بۇ شېرىن ئەستىلىكلەرنى باشقا يەرگە قىستۇرۇشنى خالىمايمەن، يەنە كېلىپ مەن ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىنى ۋاستىلىك ھالدا تەرىپلەپ ئۆتتۇم، مەن ئۆزۈم ياخشى دەپ بىلگەن ئىشلاردىن كۆپچىلىك بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. تەركىتاماقلىق ئۇلار ئۈچۈن يېڭى نەرسە ئىدى. بەختكە يارىشا، پىرادوس ۋە رامىزان ئېيىدىكى روزا تۇتۇش ئۆرپ ـ ئادىتى، ماڭا ئۇلاردا تەركىتاماقلىقنى ئۆزىنى تىزگىنلەشتىكى بىر خىل ۋاستە ئىكەن دەپ قارايدىغان قىزىقىشنى پەيدا قىلىشىمغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

ئۆزىنى تىزگىنلەش كەيپىياتى دېھقانچىلىق مەيدانىدا مانا مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە ئادەم بىزنىڭ قىسمەن ياكى تولۇق تەرزدىكى تەركىتاماقلىق پائا-

لېيتىمىزگە ئىشتىراك قىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى
ئىش بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ خىل ئۆزىنى تىزگىنلەش ئۇلارنىڭ
قەلبىدە قانچىلىك يىلتىز تارتالىدى؟ ئۇلارنىڭ ئۆز تەنلىرىنى يېگىـ
شىگە قانچىلىك ياردەم قىلالىدى؟ مەن بۇلارغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلـ
مەيمەن. لېكىن، ئۆز شەخسىيىتىمدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ جىسمانىي ۋە
روھىي جەھەتتە ئالغان پايدام ناھايىتى زور بولدى. لېكىن، شۇنى
چۈشىنەتتىمكى، كۆپچىلىككە نىسبەتەن ئوخشاش ئۇنۇمگە ئېرىشىش
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چوقۇم ئاش ـ تاماقنى تەرك ئېتىشى ۋە مۇشۇنىڭغا
ئوخشاش رەسىم ـ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى ناتايىن ئىدى.

ئۆزىنى تىزگىنلەش مەقسەت قىلىنغاندىلا، ئاش ـ تاماقنى تەرك
ئېتىشنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى بېسىشقا ياردىمى بولاتتى ھەمدە ئۇنۇمى
كۆرۈلەتتى. مېنىڭ بەزى دوستلىرىم ئاش ـ تاماقنى تەرك ئەتكەندىن
كېيىن، ئۇلارنىڭ جىنسىي ئارزۇسى بىلەن ئىشتىھاسى بەك ئېشىپ
كەتكەنىدى. دېمەك، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى ئۇزۇكسىز تەلەپ قىلمىـ
غۇچە، ئاش ـ تاماقنى تەرك ئېتىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. بۇ نۇقتىدىن
ئېيتقاندا، «بىخاگاۋادگىتا (Bhagavadgita)»نىڭ ئىككىنچى بابىدىكى
مۇنۇ مەشھۇر ئىبارىنى نەقىل كەلتۈرۈشنىڭ قىممىتى بار:

پەرھىزكار ئىشقىنى تۇتىدۇ ئاشكار،
ئاشىقلار ئىستىكى ئاھ، بەرھەم تاپار.
سېغىنىش ھېسلىرى ئۆتكۈنچى، بىلسەڭ،
كۆرسەن تەڭرىنى بىر لەھزە كۆتسەڭ،
سېغىنىش ھېسسىدىن يوق ئەسەر زىنھار.

شۇڭلاشقا، تەركىتاماقلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان
تەرتىپ ـ يوسۇنلار ئۆزىنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىشتىكى بىر
خىل ۋاستىدىنلا ئىبارەت، لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسى ئەمەس، جىسمانىي
تەركىتاماقلىق مەنىۋى تەركىتاماقلىق بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلمىسا،
جەزمەن ساختا ۋە بەختسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى



## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# مەكتەپ مۇدىرى بولدۇم

ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىدە بولغايكى، مېنىڭ بۇ بابلاردا تەسۋىرلەيدىغانلىرىم ساپلا «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى تارىخى»دا تىلغا ئېلىنمىغان ياكى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان ئىشلاردۇر. ناۋادا مۇشۇ ئۇقتىنىلا ئېسىگىلاردا چىڭ تۇتۇۋالساڭلار، بۇ بابلار ئارىسىدىكى باغلىنىشلارنى ئاسانلا پەرق ئېتىۋالالايسىلەر.

باللار مۇشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولغاچقا، بىز ئۇلارنى تەربىيەلىنىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار، ئاتەشپەرەسلەر ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە بىرنەچچە ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قىزلىرى بار ئىدى. ئۇلارغا مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايتتىم. چۈنكى، لاياقەتلىك ھىندى ئوقۇتقۇچىلار ناھايىتى ئاز ئىدى، بولغان تەقدىردىمۇ، ئاشۇنچىلىك ئىش ھەققىنى دەپ جوخانېسبۇرگتىن 21 ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر جايغا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالايدىغانلار چىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلىمىزمۇ يوق ئىدى، يەنە كېلىپ مەنمۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايتتىم. مەن كۆز ئالدىمىزدىكى مائارىپ تۈزۈمىگە ئىشەنمەيتتىم. مەن تەجرىبە ۋە ئەمەلىي سىناقلارغا تايىنىپ ھەقىقىي ئۇسۇل ـ چارىلەرنى تېپىپ چىقماقچىدىم، مەن شۇنچىلىكلا

چۈشەنچىدە ئىدىم. كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدىغىنى شۇكى، ھەقىقىي تەربىيە ئاتا ــ ئانىدىنلا كېلىدۇ، بۇنىڭغا ناھايىتى چەكلىك ھالەتتىكى سىرتقى ياردەم قوشۇلىدۇ. تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانى چوڭ بىر ئائىلە ئىدى، يەنە كېلىپ مەن بۇ ئائىلىدە پاسىبانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتاتتىم، شۇڭا مەن ياش بوغۇنلارنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك ئىدى.

بۇ چارىنى قىلچە نۇقسانسىز دېگىلى بولمايتتى، ياشلارنىڭ ھەممىسى كىچىكىدىن تارتىپلا مەن بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئوخشىمىغان مۇھىت ۋە ئەھۋالدا چوڭ بولغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئوخشاش بىر دىنغا تەۋە ئەمەس ئىدى، بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئائىلە باشلىقلىق ئورنىدا تۇرسامۇ، ئۇلارغا قانداقمۇ پۈتۈنلەي ئادىل مۇئامىلە قىلىپ كېتەلەيمەن؟

چۈنكى، مەن ئىزچىل ھالدا مەنىۋى تەربىيەلىنىشنى ياكى خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىنى بىرىنچى قەدەمدىكى مۇھىم ئىش دەپ قارايدىغان، يەنە كېلىپ مەنىۋى جەھەتتىكى چېنىقىش ھەممىلا ئادەمگە باب كېلىدۇ دېگەنگە ئىشىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېشى دېگەنلەرگە ئانچە پەرۋا قىلمايتتىم. شۇڭا مەن خۇددى بىر ئاتىغا ئوخشاش ئۇلار بىلەن 24 سائەت بىللە ياشاش قارارىغا كەلدىم. مەن مىجەزنىڭ شەكىللىنىشىنى ئۇلارغا مۇۋاپىق تەربىيە بېرىشنىڭ ئاساسى دەپ قارايتتىم. مەن ئاساس پۇختا بولسا، كىچىك بالىلارنىڭ ئۆزى ياكى دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

مەن يەنە يېزىق تەربىيەسىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن، كاللېنباچ ئەپەندى بىلەن پراگجى دېساي (Pragji Desai) ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە بىرنەچچە سىنىپ ئاچتىم. مەن تەنتەربىيەنىمۇ چىڭ تۇتتۇم. بۇلارغا ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا ئىگە بولۇۋالالايتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىدا چاكار بولمىغاچقا، تاماق ئېتىشتىن تارتىپ تازىلىق قىلىشقىچە بولغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىز قىلاتتۇق، مەيداندا يەنە پەرۋىش قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخ بار ئىدى، شۇڭا باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى ئۆزىمىز قىلىشقا توغرا كېلەتتى. كاللېنباچ ئەپەندى گۈل بېقىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ گۈلچىلىك مەيدانىدا بۇ خىل

تەجرىبىگە ئېرىشكەنىدى. مەيداندىكىلەر قېرى ـ ياش دېمەستىن، ئاشخانىدا ئىشلەيدىغانلاردىن باشقا ھەممىيلەن خالىس باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى قىلاتتى، بۇ خىزمەتلەرنى، جۇملىدىن ئورەك قېزىش، چاتاش ۋە توشۇش دېگەندەك ئىشلارنى بالىلار كۆپرەك قىلاتتى، بۇ ھال ئۇلارغا چېنىقىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتى، ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار باشقىچە ئويۇن ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇشىغا موھتاج ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، بەزىدە ھەممىيلەن كېسەل بولۇۋالاتتى ياكى يالقاۋلىق قىلاتتى، بەزىدە ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتىم، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىم. ئۇلار قاتتىق قوللۇقنى ياخشى كۆرمەيتتى، لېكىن ئۇلاردىن كىملەرنىڭ ماڭا قارشىلىق قىلغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ھەر قېتىم ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلغاندا، ھەمىشە قائىدە سۆزلەش يولى بىلەن ئۇلارنى خىزمەتنى ئويۇن قىلىۋالسا توغرا بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتىم. لېكىن، بۇ ھال ئۇزاققا بارمايتتى، ئۇلار يەنە ئىشنى تاشلاپ ئويغىنىلى قاچاتتى. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، بىز ئۇلارنى مۇشۇنداق چېنىقتۇراتتۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بەدەن ساپاسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى، مەيداندا كېسەل بولۇپ قالىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىدى. ھاۋا بىلەن سۇ ساپ دېيىلسىمۇ، لېكىن قەرەللىك ئوزۇقلىنىشىمۇ بۇ جەھەتتە خېلى رول ئوينىغانىدى.

مەن يەنە كەسپىي چېنىقىش ھەققىدە بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، مەن ھەربىر ياشقا بىر خىل ھۈنەرنى ئۆگەتمەكچىدىم. كاللېنباچ ئەپەندى مۇشۇ سەۋەبتىن تراپپىست (Trappist) موناستىرىغا موزدوزلۇقنى ئۆگەنگىلى كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالدىم ھەمدە مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلارغا ھۈنىرىمنى ئۆگەتتىم. كاللېنباچ ئەپەندى ياغاچچىلىقنى ئاز ـ پاز بىلەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئادەممۇ ياغاچچىلىقنى بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز ياغاچچىلىق دەرسى تەسىس قىلدۇق. تاماق ئېتىشنى ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلەتتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن يېڭى نەرسىلەر ئىدى، ئۇلار كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىدىغانلىقىنى چۈشىدىمۇ

ئۆيلىنمىغان بولغىيدى، چۈنكى ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق بالىلارنىڭ بىردىنبىر پىششىپ يېتىلىدىغىنى ئوقۇش، يېزىش ۋە ھېسابلاشتىن ئىبارەتلا ئىدى.

تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىز مۇنداق بىر قائىدىنى ئورناتقاندۇق: ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ياشلارنى بۇيرۇماسلىق، ئۇلارغا قىلىشنى بۇيرۇغانلىكى ئىشلارنى مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەمكارلىقىدا قىلىش ھەمدە ھەقىقىي تۈردە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قىلىش. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، ياشلار مەيلى نېمىنىلا ئۆگەنمىسۇن، ھەمىشە ئۇنى خۇشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈرەتتى.

مەن مەدەنىيەت مەشقى ۋە خاراكتېر شەكىللەندۈرۈش توغرۇلۇق كېيىنكى بايانلاردا يەنە توختىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

### مەدەنىيەت تەربىيەسى

ئالدىنقى بابتا بىز تول ستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدا جىسمانىي مەشىق ۋە كەسپىي تەربىيەنى قانداق يولغا قويغانلىقىمىز ئۈستىدە توختالدۇق. گەرچە ئۇسۇل ـ چارىلىرىمىز مېنى پۈتۈنلەي قانائەتلەندۇ ـ رەلمىسىمۇ، لېكىن ئاز ـ تولا مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە بولىدۇ.

ۋاھالەنكى، مەدەنىيەت تەربىيەسى تېخىمۇ مۇشەققەتلىك بىر ئىش ئىدى. مەندە كېرەكلىك ماتېرىيالمۇ، يېتەرلىك يېزىق سەۋىيەسىمۇ يوق ئىدى، يەنە كېلىپ مەندە بۇ خىزمەتكە كىرىشكۈدەك ۋاقىتمۇ يوق ئىدى. مەن ئادەتتىكى جىسمانىي ئەمگەكلەر تۈپەيلىدىن ئاخشاملىرى ھېرىپ ھالىمدىن كېتەتتىم. ھالبۇكى، مەن دەم ئېلىشقا تازا تەشنا بولۇپ تۇرغاندا، يەنە دەرسكە كىرەتتىم. دەرس ۋاقتىدا روھىي ھالىتىمنىڭ ياخشىراق بولۇشىنى ئويلاپ، زورمۇزور ئۇيقۇمنى قاچۇراتتىم. ئەتىگەندە دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتىم، شۇڭا دەرسكە كىرىش ۋاقتىنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇنىڭدىن سىرت دەرس ئۆتۈشكە مۇۋاپىق كەلگۈدەك باشقا ۋاقىت يوق ئىدى.

مەدەنىيەت مەشقى دەرسى كۆپ بولغاندا ئۈچ سائەتتىن ئاشمايتتى. باللارغا ھىندى تىلى، تامىل تىلى، گۇجارات تىلى ۋە ئوردۇ تىلى ئۆتۈ ـ لەتتى، ئوقۇتۇش باللارنىڭ شېۋىسىگە ئاساسەن يولغا قويۇلاتتى، دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ئىنگلىز تىلىمۇ بار ئىدى. گۇجاراتلىق ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ باللىرى يەنە سانسكرىتچە ئۆگەنمىسە بولمايتتى؛ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئالگېبرا كۆپچىلىك ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئىدى.

مەن تامىل تىلى بىلەن ئوردۇ تىلى دەرسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. مەن بىلىدىغان ئاشۇ بارى - يوق ئازغىنا تامىل تىلىنى پاراخوتتا ۋە تۈرمىدە ئۆگىنىۋالغانىدىم. مېنىڭ سەۋىيەم بوپىنىڭ «تامىل تىلى قوللانمىسى» دېگەن ئاشۇ مەشھۇر كىتابىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. مەن تونۇيدىغان ئوردۇچە خەتلەرنىمۇ پاراخوتتا ئۆگىنىۋالغانىدىم. ھالبۇكى، ئۆزۈم چۈشىنىدىغان ئوردۇ تىلىمۇ مۇسۇلمان دوستلىرىمدىن ئۆگىنىۋالغان ئاشۇ ئازغىنا ئادەتتىكى پارسچە ۋە ئەرەبچە سۆزلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. سانسكرىتچىغا كەلسەك، مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىۋالغان ئاشۇ ئازغىنا نەرسىلەرنىلا بىلەتتىم، ھەتتا گۇجارات تىلى سەۋىيەمنىمۇ مەكتەپتە ئۆگىنىۋالغان بىلىملەردىن كۆپ ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى.

مانا بۇلار مېنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشۇمدىكى دەسمايەم ئىدى. مېنىڭ يېزىق سەۋىيەم تۆۋەن ئىدى، بۇ جەھەتتە خىزمەتداشلىرىم مەندىن كۆپ ياخشى ئىدى. ھالبۇكى، مېنىڭ ئانا تىلغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىم، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشكە بولغان ئىشەنچىم، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كەڭ قورساق ۋە ھىممەتلىكلىكى ماڭا كۆپ ياردەم بەرگەنىدى.

بۇ تامىل بالىلىرىنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا، تامىل تىلىنى ناھايىتى ئاز چۈشىنەتتى، تامىل يېزىقىنى ئەسلا بىلمەيتتى. شۇڭا، مەن ئۇلارغا يېزىق ۋە ئاساسىي گىرامماتىكىدىن دەرس بەردىم. بۇ ناھايىتى ئاسان ئىدى. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم شۇنى چۈشىنەتتىكى، ئۇلار خالىغان بىر كۈنى تامىلچە سۆزلىشىشتە مەندىن ئېشىپ كېتەتتى. ھالبۇكى، ئىنگلىز تىلىنى بىلمەيدىغان تامىللار مېنى ئىزدەپ كەلسە، ئۇلار مېنىڭ تەرجىمانلىرىم بولۇپ قالاتتى. مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال ئىدىم، چۈنكى مەن ئوقۇغۇچىلىرىم ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىمنى ھەر جەھەتتىن ئاشكارىلىيالايتتىم. مېنىڭ تامىل تىلى بىلىمىم شۇ قەدەر چەكلىك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالغىنىمنى بىلمەيمەن. مۇسۇلمان بالىلارغا ئوردۇ تىلى ئۆگىتىش ئاسان ئىدى. ئۇلار ھەرپلەرنى تونۇيتتى. مەن ئۇلارنى ئوقۇش ۋە يېزىشقا قىزىقتۇرسامىلا بولاتتى.

بۇ ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى خەت تونۇمايتتى، ئۇلار مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغانىدى، لېكىن مەن خىزمەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشنى نازارەت قىلغان، ئۇلارنى يالقاۋلىقتىن توسقاندىن باشقا، ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

ئۆگىتىدىغانلىرىمنىڭ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن دەل مۇشۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنگەن بولغاچقا، ئوخشىمىغان ياشلاردىكى بالىلارنى ئوخشاش بىر سىنىپتا ئوخشىمىغان دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە جەلپ قىلالىغانىدىم.

دەرسلىككە كەلسەك، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاڭلىغانلىرىمىز ناھايىتى كۆپ ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى زادىلا ھېس قىلمىغانىدىم، ھەتتا مەن ئەينى ۋاقىتتا بەزى كىتابلاردىن قانداق پايدىلانغىنىمنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. مېنىڭچە، بالىلارغا تايىنى يوق دەرسنى ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي دەرسلىكى ئىكەنلىكىنى باشتىن - ئاخىر ھېس قىلىپ كەلگەنمەن. مەن ئوقۇتقۇچىم ماڭا ئۆگەتكەن كىتابىي بىلىملەرنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم، لېكىن تاكى مۇشۇ كەمگە قەدەر كىتابقا قارىماي ئۆگەتكەن نەرسىلىرى ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

بالىلارنىڭ قولىقى ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسىلىرى كۆزلىرى ئارقىلىق ئېرىشىدىغان نەرسىدىن كۆپ بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئانچە قول تۇتمايدۇ. مەن بالىلار بىلەن بىرەر كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باققانلىقىمنى ئەسلىيەلەيمەن، لېكىن مەن ئۆزۈم ئوقۇغان ھەمدە ھەزىم قىلغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئۆز تىلىم بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن، يەنە كېلىپ مەن ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئۇلار كىتابتىكى نەرسىلەرنى خاتىرىلەشكە ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلاتتى، لېكىن مەن ئاغزاكى دەپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئاسانلا يادلىۋالاتتى. دەرسنى ئۇلارنى جەلپ قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆتكەن ۋاقىتىمدا، ئۇلار مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمنى بىر خىل لەززەت دەپ چۈشىنەتتى. ھالبۇكى، مەن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا دىياگنوز قوياتتىم.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## **مەنىۋى تەربىيە**

بالىلارنىڭ مەنىۋى تەربىيەسى ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي تەربىيەسىدىنمۇ مۇشكۇل ئىدى. مەنىۋى تەربىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىشتا، مەن دىنىي كىتابلارغا ئانچە كۆپ مۇراجىئەت قىلمىدىم. تەبىئىيكى، مەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز دىنىغا نىسبەتەن بەلگىلىك ساۋاتى بولۇشى، ئۆز دىنى كالاملىرىغا قارىتا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتىم. شۇڭا مەن بۇ خىل بىلىملەرنى كۈچۈمنىڭ بارىچە ئۇلارغا سىڭدۈردۈم، ھالبۇكى مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇلار ئەقلىي تەربىيەنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مەن تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بالىلارنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولۇشتىن ئىلگىرىلا، مەنىۋى تەربىيەنىڭ بىر خىل پەۋقۇلئاددە خىزمەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، مەنىۋى تەرەققىيات — خاراكتېر يېتىلدۇرۇش، پەرۋەردىگارنى تونۇش ۋە ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېمەكلىك ئىدى، مەن بۇنى ياشلار تەلىم - تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي قىسمى دەپ قارايتتىم. باشقا بارلىق تەربىيەلەر مەنىۋى تاۋلاشتىن ئۆتمىسە، كېرەكسىز، زىيانلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى.

مەن كىشىلەردە، ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھاياتلىقنىڭ تۆتىنچى مەزگىلى، يەنى زاھىتلىق مەزگىلىدە ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەيدىغان خۇراپىي قاراشنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن[①]. ئالدىنقى ئۈچ تەبىقىدىكىلەر

---

① ھىندى دىنى مۇرىتلىرى تۆت تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ، يەنى بىراخمانلار (راھىبلار تەبىقىسى)، شاستىرلار (بەگ، سىپاھلار تەبىقىسى)، ۋايسىيلار (دېھقان ـ سودىگەرلەر تەبىقىسى)، سۇترالار، ھەقىرلەر، قۇللار.

دۇنجالار (قايتا تۇغۇلالايدىغانلار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئىپراخ-مانلىق مەزگىلى (ئوقۇغۇچىلىق، تالىپلىق مەزگىلى)، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇش مەزگىلى (ئىجتىمائىي تۇرمۇش)، ئىستىقامەت مەزگىلى (ئىبادەتلىك ھايات) ۋە زاھىتلىق مەزگىلى (دەرۋىشلىك، جاھانكەزدىلىك تۇرمۇش) دەپ تۆت تەرىقەت مەزگىلگە بۆلۈنىدۇ. لېكىن، بۇ خىل قىممەتلىك تەجرىبىگە بولغان تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە سۈرەپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئادەمنىڭ قېرىغان چاغلىرى خۇددى ئازابلىق بالىلىق تۇرمۇشنى قايتىدىن ئۆتكۈزگەندەك، بۇ دۇنيا ئۈچۈن بىر خىل يۈك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىسى ئېنىق ئېسىمدىكى، مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، يەنى 1911 ـ، 1912 ـ يىللىرى مۇشۇنداق كۆزقاراشتا ئىدىم. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا مەن ھازىرقىغا ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن بۇنى ئىپادىلىمىگەن بولساممۇ.

بۇ خىل مەنىۋى تەربىيەنى زادى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ مەن بالىلارغا ھەمدۇسانالارنى پىششىق ئوقۇتاتتىم ۋە يادلىتاتتىم، ئەخلاقىي تەربىيەگە ئائىت كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتىم. لېكىن، بۇلارغا زادى قانائەت قىلمايتتىم. مەن ئۇلار بىلەن بىرقەدەر زىچ ئالاقىدە بولۇشقا باشلىغاندا، مەنىۋى تەربىيەنى كىتابقا تايىنىش ئارقىلىقلا ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم، خۇددى جىسمانىي تەربىيەگە تەنتەربىيە ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى، ئەقلىي تەربىيەگە ئەقلىي ھەرىكەت ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولغانغا ئوخشاش، مەنىۋى تەربىيەگە مەنىۋى ھەرىكەت ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولاتتى. مەيلى ئۇ بالىلار ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۇلار ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك.

نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا تۇرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز تۇرمۇش شەكلى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن. يالغانچىنىڭ بالىلارغا راست گەپ قىلىشنى ئۆگىتەمەكچى بولۇشى قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، قورقۇنچاق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ چىقالمايدۇ، يەڭگىلتەك ئادەممۇ بالىلارغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلدۇ-

رالمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆزۈم ئۈلگە بولۇش ئۇسۇلى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش لازىملىقىنى چۈشەندىم. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمغا ئايلىناتتى ۋە ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلالايتتى. مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆزۈمگە بولغان تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە چەكلىمىلەرنى كۈچەيتىشىمگە ئاساسەن تەربىيەلىشىمگە ھاۋالە قىلىنغان ئاشۇ بالىلار سەۋەب بولغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوپال، گەپ يېمەس، يالغانچى، ئۇرۇشقاق بىر بالا بار ئىدى. بىر قېتىم ئۇ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ، ناھايىتى ئاچچىقىمنى كەلتۈردى. مەن ئەزەلدىن بالىلارنى جازالاپ باقمىغانىدىم، لېكىن بۇ قېتىم زادىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. مەن ئۇنىڭغا قائىدە سۆزلىمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇ كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى، ھەتتا مېنى ئالدىماقچى بولدى، مەن ئاچچىقىمغا پايلىماي يوسۇن پالىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېلىگە بىرنەچچىنى ئۇردۇم، مەن ئۇنى ئۇرغان ۋاقتىمدا قوللىرىم تىترەپ كەتتى. بۇ ھالنى ئۇ ئېنىق كۆردى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي يېپيېڭى تەجرىبە ئىدى، ئۇ بالا يىغلاپ تۇرۇپ، مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇنىڭ يىغلىشى تاياق زەربىسىدىن ئەمەس ئىدى، ئۇ بۇنى كۆڭلىگە ئېلىپ ئۆچ ئالماقچى بولغان بولسا، ماڭا مۇشت ئاتقان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ 17 ياشلاردىكى تەمبەل بالا ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئامالسىز زورلۇق كۈچى ئىشلەتكەنلىكىمنى بىلەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ مەن بىلەن قارشىلاشمايدىغان بولدى، لېكىن مەن ئاشۇ قېتىمقى زوراۋانلىقىمدىن ھېلىھەم ئۆكۈنىمەن، ئېھتىمال مېنىڭ شۇ كۈندىكى ئىپادەم قوپاللىق بولسا كېرەك.

مەن تەن جازاسىغا ئىزچىل قارشى ئىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن بىر ئوغلۇمغا بىرلا قېتىم تەن جازاسى بېرىپ باققانىدىم، شۇڭا مەن تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئاشۇ قېتىم يوسۇن تايىقى ئىشلەتكەنلىكىمنى يوللۇق بولدى دېيىشكە پېتىنالمايمەن، بەلكى شۇنداق قىلغىنىم خاتادۇر. چۈنكى، ئۇ غەزەپتىن ۋە ئادەمنى جازالاش ئارزۇسىدىن كېلىپ چىققانىدى. ناۋادا ئۇ مېنىڭ بىئارام بولغانلىقىمنىڭلا ئىپادىسى بولسا، مەن يەنە تەسەللى تاپالايتتىم، ۋاھالەنكى شۇ قېتىمقى ئادەم ئۇرۇش مۇددىئايىم مۇرەككەپ ئىدى.

بۇ ئىش مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى ھەمدە ماڭا ئوقۇغۇچىلارنى دۇرۇس يولغا باشلاشنىڭ ئونۇملۇك ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى. مەن بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئونۇم بېرىدىغان ـ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ھېلىقى بالا بۇ ئىشنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى، لېكىن مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ياشتا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى دەپ قارىمايمەن، ۋاھالەنكى بۇ ئىش ماڭا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا بولغان مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ تونۇتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇللاردا ئىنتىزامسىزلىق قىلىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇردى، لېكىن مەن ئۇلارغا زادىلا تەن جازاسى بېرىپ باقمىدىم. شۇڭا، مەن ئوغۇللار دۇچ كەلگەن مەنىۋى چېنىقىش تەجرىبىلىرىدىن مەنىۋى كۈچنىڭ قۇدرىتىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم.



www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# ياخشى - ياماننى ئايرىش

تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ۋاقتىمىزدا، كاللېنباچ ئەپەندى ماڭا يېڭى بىر مەسىلىنى تونۇتتى. مەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا بەزى كەپسىز بالىلارنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم، يەنە بىرنەچچە بىكار تەلەپ ئاقنانچىمۇ بار ئىدى. مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى، باشقا بالىلارمۇ مېنىڭ بالىلىرىمغا ئوخشاش ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلار بىلەن بىللە بولاتتى، بۇ ھال كاللېنباچ ئەپەندىنى تولىمۇ ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى. ئۇ ئوغۇللىرىمنى بۇ باشباشتاق بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ قالمىسا دېگەنگە كۆڭۈل بۆلەتتى.

— بالىلىرىڭىزنىڭ ئاشۇ يامان بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشىنى مەن توغرا تاپمايمەن، بۇ يامان ئاقىۋەتلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بالىلىرىڭىز چوقۇم يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىر بىر كۈنى گەپ تېشىپ.

مەن بۇ مەسىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ماڭا قانداق تەسىر بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلەيمەن، لېكىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكىم ئېسىمدە:

— مەن بالىلىرىمنى ئۇ بىكار تەلەپ بالىلاردىن قانداقمۇ ئايرىۋېتەلەيمەن؟ مەن ئۇلارغىمۇ ئوخشاشلا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. بۇ بالىلارنى مەن ئەكەلگەن، ئەگەر مەن ئۇلارغا ئازراق پۇل بېرىپلا بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋەتسەم، ئۇلار يەنە جوخاننېسبۇرگقا قايتىپ ئۆزلىرىنىڭ كونا يوللىرىغا ماڭىدۇ. راست گەپنى قىلسام، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىرى ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى ماڭا قىلغان ئادەمگەرچىلىك دەپ بىلىدۇ، ئۇلار بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ جەھەتتىن قولايسىزلىق ھېس قىلىدۇ، بۇنى مەن بىلىمەن. لېكىن، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىممۇ ئىنتايىن

ئېغىر. مەن ئۇلارنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىشىم، شۇڭا مېنىڭ بالىلىرىممۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك. سىزمۇ مەندىن بالىلىرىمنى بۇگۈندىن باشلاپلا ئۆزلىرىنى باشقا بالىلاردىن ئەۋزەل ھېس قىلىدىغان قىلىپ تەربىيەلىشىمنى تەلەپ قىلمايسىز، ئۇلاردا مۇشۇنداق ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىش ئۇلارنى ھالاك قىلغان بىلەن باراۋەر. ئۇلار باشقا بالىلار بىلەن ئارىلاشسا ئۇلارغىمۇ پايدىلىق. چۈنكى، مۇشۇنداق بولغاندا ياخشى ـ يامانىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئايرىۋالالايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ راستىلا ياخشى تەرەپلىرى بولسا، بىز ئۇلارنىڭمۇ باشقا بالىلارغا ياخشى تەسىر بېرىدىغانلىقىغا نېمىشقا ئىشەنچ قىلمايمىز؟ مەيلى نېمە دېسىڭىز دەڭ، مەن ئۇلارنى مۇشۇ يەردە ئېلىپ قالماي تۇرالمايمەن، ناۋادا بۇمۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق بولسا، مەن بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا رازىمەن.

كاللېنباچ ئەپەندى بېشىنى چايقاپ قويدى.

نەتىجە شۇ بولدىكى، ئويلىغانلىرىم خاتا ئەمەس ئىكەن، بالىلىرىم بۇنىڭ بىلەن ئەسكىلىشىپ كەتمىدى، ئەكسىچە مەن ئۇلارنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ھاسىلاتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆردۈم. ناۋادا ئۇلاردا ئانچىكى ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان بىرەر پىسخىك ئالامەت بولسا، بۇنداق پىسخىكىنى يوقاتقىلى بولاتتى، ئۇلار ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا بالىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇلار سىناقلاردىن ئۆتتى، تەرتىپ ـ ئىنتىزام دېگەننى چۈشىنىۋالدى.

بۇ قېتىملىق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا تەجرىبىلەردىن شۇنى بىلدىمكى، ياخشى بالىلار بىلەن يامان بالىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىرلىكتە تەربىيەلىسە، ياخشى بالىلار زىيان تارتمايدۇ، مەسىلە بۇ خىل تەجرىبىنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ۋەسىيلىرىنىڭ نازارىتىدە ئېلىپ بېرىش ـ بارماسلىقتا. دېزىنفېكسىيە قىلىنىغان پاختا ئىچىگە ئورالغان بالىلارنى قايمۇقۇش ۋە بۇلغىنىشتىن ساقلاپ قالىمەن دەپ ئاۋارە بولۇش ھاجەتسىز. تەبىئىيلىكى، ھەر خىل تەربىيەلەنگەن بالىلارنى بىرلىكتە تەربىيەلەش، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىغا ناھايىتى ئېغىر سىناقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# تەركىتاماقلىقنى توۋا ـ ئىستىغپار دەپ بىلدۇق

مەن باللارنى تەربىيەلەپ ئادەم قىلىشنىڭ ھەمدە ئۇلارنى توغرا ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئۇستازى ۋە ۋەسىيسى بولماقچى بولمىدىكەنمەن، چوقۇم ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىشىم، ئۇلارنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقىغا تەڭ شېرىك بولۇشۇم، ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىم، ئۇلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق قىزغىنلىقلىرىنى توغرا ئىزغا سېلىشىم كېرەك ئىدى.

زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىگە قاتناشقان بەزى كىشىلەر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئاساسەن دېگۈدەك ئادەم قالمىدى. قالغان بىرنەچچەيلەن سۈمۈرغ كەنتىلىك ئىدى، شۇڭا مەن ئۇلارنى ئۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەتتىم. مەن ئۇ يەردە جەزمەن بىر قېتىملىق جىددىي چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرمىسەم بولمايتتى.

ئەينى ۋاقىتتا مەن جوخاننېسبۇرگ بىلەن سۈمۈرغ كەنتى ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرمىسام بولمايتتى، بىر قېتىم مەن جوخاننېسبۇرگتا ئىككىيلەننىڭ كۆتۈپخانىدا ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتى ئېنىق مەغلۇپ بولغان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، مەن ئانچە قىلىپ كەتمىگەنىدىم. لېكىن، بۇ خەۋەرنىڭ يېتىپ كېلىشى مەن ئۈچۈن گويا ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك

بىر ئىش بولدى. مەن شۇ كۈنلا پويىز بىلەن سۈمۈرغ كەنتىگە قايتتىم. كاللىنباچ ئەپەندى مەن بىلەن بىللە ماڭىمەن دەپ تۇرىۋالدى. ئۇ مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازىمنى كۆرۈپ، مېنى يالغۇز ماڭدۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىغانىدى، چۈنكى ئادەمنى يەرگە قارىتىدىغان ئۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەلگۈچى دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى.

يول بويى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلەر ئايدىڭلاشقاندەك بولدى، مەن ۋەسىيلىك قىلىنىغۇچى ياكى ئوقۇغۇچى چۈشكۈنلەشسە، ۋەسىيلىك قىلغۇچى ياكى ئوقۇتقۇچى بىر قىسىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بۇ ئىشتىكى مەسئۇلىيىتىم خۇددى كۈندۈزدەك روشەن بولدى. ئايالىم مېنى ئالدىبۇرۇنلا ئاگاھلاندۇرغانىدى. لېكىن كىشىلەرگە ئاسان ئىشىنىپ كېتىدىغان مىجەزىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنىكەنمەن. مەن گۇناھكارلارغا مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى ۋە ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ قايسى ھالەتكە بارغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى مەلۇم بىر خىل ئۇسۇل بىلەن توۋا ـ ئىستىغپار قىلىش دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يەتتە كۈن تاماق تاشلاش ھەمدە كۈندە بىر ۋاقلا تاماق يېيىش، بۇنى توت ئاي داۋاملاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. كاللىنباچ ئەپەندى مېنى توسماقچى بولدى، لېكىن بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. ئاخىرىدا ئۇمۇ بۇ خىل توۋا ـ ئىستىغپارنى قۇۋۋەتلىدى ھەمدە مەن بىلەن بىللە تاماق تاشلاشنى داۋاملاشتۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل سادىدا غەمگۈزارلىقىنى رەت قىلالماي قالدىم.

مەن ئۆزۈمنى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. چۈنكى بۇ قارار كۆڭلۈمدىكى ئېغىر غەشنى چىقىرىۋەتكەنىدى، گۇناھكارلارغا بولغان غەزىپىممۇ يېنىپ، ئەكسىچە ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالغان، روھىي كەيپىياتىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، سۈمۈرغ كەنتىگە مۇشۇنداق كەيپىيات بىلەن باردىم. مەن بۇ ئىشلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، بىلىشكە تېگىشلىك بەزى تەپسىلاتلارنى ئىگىلىدىم.

مېنىڭ توۋا ـ ئىستىغپار قىلغانلىقىم ھەممە ئادەمنى دېگۈدەك بىئارام قىلىپ قويغانىدى، لېكىن كەيپىيات بىردىنلا ياخشىلاندى، كۆپچىلىك گۇناھنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

ھالبۇكى، مېنىڭ ئاشۇ ئۇغۇل ـ قىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم تېخىمۇ چىڭىدى ۋە ھەقىقىي تۇسكە كىردى.

ئۇزاق ئۆتمەي مۇشۇ ئىش تۇپەيلى يەنە بىر ئەھۋال كېلىپ چىقىپ، مېنى 14 كۈن تاماق تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى، نەتىجىدە ئۆزۈممۇ كۈتمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتىم.

مېنىڭ بۇ ئىشلارنى بايان قىلىشتىكى مەقسىتىم ئوقۇغۇچىلار بۇزۇقچىلىق قىلسا، ئوقۇتقۇچىلار تاماقنى تەرك ئېتىشى كېرەك دېگەننى چۈشەندۈرۈش ئەمەس. بىراق، مەن بەزىدە مۇشۇنداق كەسكىن چارىنى قوللىنىشقا دەرۋەقە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن روشەن بايقاش ئىقتىدارى ۋە مەنىۋى ساپا بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي مۇھەببەت بولمىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇناھلىق قىلمىشى ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالالمىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىغا بولغان ھۆرمىتى كەمچىل بولسا، تاماق تاشلاش دۇرۇس ئەمەس، ھەتتا زىيانلىقتۇر. بۇنداق ئەھۋالدا تاماق تاشلاشنىڭ خىل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ خاتالىقىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، بۇنىسى شەك ـ شۈبھىسىزدۇر.

تۇنجى قېتىملىق تۇۋا ـ ئىستىغپار كۆپچىلىككە ئانچە قىيىن كەلمىدى. كۈندىلىك پائالىيىتىممۇ ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، مەن تۇۋا ـ ئىستىغپار قىلىۋاتقان مەزگىلدە پۇتۇنلەي مېۋە ـ چىۋە يېگەنىدىم، لېكىن ئىككىنچى قېتىملىق تاماق تاشلاشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا خېلىلا قىينالدىم، ئەينى ۋاقىتتا مەن «رامانامە»نىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇدرىتىنى تېخى چۈشەنمەيتتىم. ھالبۇكى، مەن ئازابلىرىمنى مۇشۇنىڭ بىلەن يېنىكلەيدىغان بولدى، مەن دەپ قارىغانىدىم. يەنە كېلىپ مەن تاماق تاشلاش ماھارىتىنىمۇ بىلمەيتتىم، بولۇپمۇ تەركىبتاماق بولۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە ھەرقانچە تەمسىز ۋە كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان بولسىمۇ، سۇنى كۆپ ئىچىپ بېرىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم. بىرىنچى قېتىم تاماق تاشلىغاندا، مەن ھەر كۈنى كۈنى ئۇسۇلى بويىچە يۇيۇنۇپ تۇردۇم، ئىككىنچى قېتىم تاماق تاشلىغاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن يۇيۇنۇپلا قايتا يۇيۇنمىدىم، سۇنىمۇ

ناھايىتى ئاز ئىچتىم، چۈنكى سۇ بەك بەتتەم ئىدى، ئىچكەندىن كېيىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ بىئارام بولاتتىم. سۇنى ئاز ئىچكەچكە، كېكىردىكىم قۇرۇپ، تېنىم ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۈندە ئاران ـ ئاران گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن خەت يېزىشقا توغرا كەلگەندە، مەن ئاغزاكى يېزىقچىلىق قىلالايتتىم. مەن ھەمىشە «رامايانا» ۋە باشقا نوملارغا مۇراجىئەت قىلاتتىم، ئۇمۇمەن بىرەر جىددىي ئىشلار بولىدىكەن، مەندە يەنە مۇھاكىمە قىلالىغۇدەك ۋە پىكىر بايان قىلالىغۇدەك يېتەرلىك ماغدۇر بار ئىدى.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# گوكلېينىڭ تەكلىپى بىلەن لوندونغا باردىم

جەنۇبىي ئافرىقا ھەققىدىكى نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى قىسقارتىۋېتىشىم زۆرۈر. 1914 ـ يىلى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى كۈرىشى ئاخىرلاشقاندا، مەن گوكلېينىڭ كۆرسەتمىسىنى ئالدىم، ئۇ مېنىڭ لوندون ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن كاستۇربە، كاللېنباچ ئەپەندى ۋە مەن 7 ـ ئايلاردا پاراخوت بىلەن لوندونغا ئاتلاندۇق.

مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى مەزگىلىدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك پاراخوتتا سەپەر قىلىشنى ئادەت قىلغانىدىم. شۇڭا بۇ قېتىممۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورۇننى سېتىۋالدىم، بىراق بۇ لىنىيەدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورۇن بىلەن ھىندى دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورۇن ھەمدە ھىندىستان ئىچىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورۇن ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار ئىدى. ھىندىستان پاراخوتلىرىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورۇن ھەمىشە قىس ئىدى، كارىۋاتلىق ئورۇنمۇ ئاز ئىدى، يەنە كېلىپ پاكىز ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىم لوندونغا بېرىشتا پاراخوتتا يېتەرلىك ئورۇن بولۇپلا قالماي، يەنە پاكىز ئىدى. پاراخوت شىركىتى بىزگە ئالاھىدە قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، بىز ئۈچۈن مەخسۇس بىر تازىلىق ئۆيى بەردى. يەنە كېلىپ بىزنى ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋە بىلەن تەمىنلىدى. قائىدە بويىچە بولغاندا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئورۇندىكى يولۇچىلار مېۋە ـ چېۋىگە ئېرىشەلمەيتتى. بۇ قولايلىقلار بىزنى بۇ 18 كۈنلۈك دېڭىز سەپىرىدە ناھايىتى راھەت ھېس قىلدۇردى.

بۇ قېتىمقى سەپەر جەريانىدا خاتىرىلەشكە ئەرزىگۈدەك بەزى ئىشلار بولدى، كاللېنباچ ئەپەندى دۇربۇننى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ قىممەت باھالىق بىر دۇربۇنى بار ئىدى، بىز ھەر كۈنى بىر قېتىم مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلىشەتتۇق. مەن ئۇنىڭغا دۇربۇننىڭ بىز ئارزۇ قىلغان ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش غايىمىز بىلەن ماس كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتىم، بىر قېتىم بىز پاراخوت ئىچىدىكى دېرىزىگە يېقىن يەردە كەسكىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ كەتتۇق:

— بۇ نەرسىلەرنى ئارىمىزدىكى دەتالاشلارنىڭ تېمىسى قىلىۋالغاندىن كۆرە، ئۇنى نېمىشقا دېڭىزغا تاشلىۋەتمەيمىز، — دېدىم مەن.

— پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى ئەلۋەتتە تاشلىۋېتىش كېرەك، — دېدى كاللېنباچ ئەپەندى.

— مەن بۇنى دەۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

— مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ دەرھاللا.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ دۇربۇنىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتىم، بۇ دۇربۇننىڭ قىممىتى يەتتە فوندستېرلىڭ كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى كاللېنباچ ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىغا يەتمەيتتى. ۋاھالەنكى، كارېنباچ ئەپەندى ئۇنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن زادىلا پۇشايمان قىلىپ باقمىدى.

بۇ كاللېنباچ ئەپەندى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن بىرسى ئىدى، خالاس.

بىز ھەر كۈنى مۇشۇنداق ئۇسۇللار بىلەن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالاتتۇق. چۈنكى، ھەر ئىككىمىز ھەقىقەت يولىغا رىئايە قىلاتتۇق، ھەقىقەتكە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، غەزەپلىنىش، شەخسىيەتچىلىك، نەپرەت قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش كېرەك، بولمىسا ھەقىقەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ھېسسىياتقا بويسۇنىدىغان بىر ئادەمنىڭ مۇددىئاسى ناھايىتى ئېنىق، گەپ ـ سۆزلىرى ناھايىتى سەمىمىي بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ھەقىقەتنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. ھەقىقەتنى غەلىبىلىك تاپىمەن دېسە، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ، سائادەت ۋە ئاپەتنىڭ قورشاۋىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك.

بىز يولغا چىققاندا تەركىتاماقلىقنى توختاتقىنىمغا ئۇزاق بولمىغانىدى. تەن سالامەتلىكىممۇ تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغا-

نىدى، مەن ھە دېسىلا پالوبىدا ئۆياق ـ بۆياققا ماڭاتتىم، ئىشتىھايىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېگەن نەرسىلىرىمنى ھەزىم قىلىش ئۇچۇن ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلىپ قوياتتىم. لېكىن، مەن كىچىككىنە ھەرىكەتنىمۇ كۆتۈرەلمەيتتىم تاكى مەن لوندونغا بارغۇچە ئىككى پۇتۇم ئاغرىپ ئارام بەرمىدى، ئەھۋالىم جەنۇبىي ئافرىقىدىكىدىنمۇ يامان ئىدى، مەن لوندوندا جىۋراج مېھتا (Jivray Mehta) دوختۇر بىلەن تونۇشتۇم، مەن تەركىتاماقلىق قىلغانلىقىمنى ۋە كېيىنكى بىئاراملىق تۈيغۇلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم، ئۇ: «بىرنەچچە كۈن تولۇق ئارام ئالمىسىڭىز، ئېھتىمال پۇتىڭىز كاردىن چىقىشى مۇمكىن» دېدى.

مۇشۇ چاغدىلا مەن ئۇزاق مۇددەت تەركىتاماقلىق قىلغان بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىرىماسلىقى كېرەكلىكىنى، يەنە ئىشتىھاسىغا چەك قويۇپ تۇرۇشى لازىملىقىنى چۈشەندىم.

پاراخوت مادېيىراغا كەلگەندە، بىز دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھە دېگەندىلا پارتلاش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئاڭلىدۇق. بىز ئەنگلىيە بوغۇزىغا كىرگەندە، ئۇرۇشنىڭ باشلىنىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. پاراخوتىمىز دېڭىز بوغۇزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇ مىنالىرىدىن ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۆتەتتى، توپتوغرا ئىككى كۈندە ئاران جەنۇبىي ئامپتونغا بارالىدۇق.

ئۇرۇش 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغانىدى، بىز 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى لوندونغا يېتىپ باردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىشلىرىم

مەن لوندونغا كېلىپلا گوكلېينىڭ سالامەتلىك سەۋەبىدىن پارىژغا بېرىپ، شۇ تاپتا پارىژدا توسۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. پارىژ بىلەن لوندون ئارىلىقىدىكى قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپ ۋەتەنگە قايتالمايتتىم، لېكىن ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ جەزملەشتۈرەلمەيتتى.

شۇنداق ئىكەن، مەن بۇ ۋاقىتتا نېمە قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ ئۇرۇش ئالدىدا نېمە مەسئۇلىيىتىم بولسۇن؟ ئۇ چاغدا مەن بىلەن بىللە تۇرمىدە ياتقان، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرسى سورابجى ئاداجانىيا (Sorabji Adajania) لوندوندا قانۇن ئۆگىنىۋاتاتتى، ئۇ زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ قەيسەر ئىشتىراكچىسى بولغاچقا، ئەنگلىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتىپ مېنىڭ خىزمىتىمنى ئۆتكۈزۈۋالماقچىدى، ئۇنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە مەھىدا دوختۇر مەسئۇل ئىدى، مەن ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق يەنە جىۋراج مېھتا دوختۇر ۋە ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان باشقا بىرنەچچەيلەن بىلەن باش قوشتۇم. ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بىز ئەنگلىيە ۋە ئىرېلاندىيەدە ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى ئاچتۇق. مەن ئۆز پىكرىمنى يىغىندا بايان قىلىپ ئۆتتۇم.

مەن ئەنگلىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ھىندىستانلىقلار ئۇرۇشتا ئاز ـ تولا ئىش قىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئەنگلىيەلىك

ئوقۇغۇچىلار ئاللىقاچان قەلەمنى تاشلاپ ئەلەمگە ئاتلانغانىدى، بۇنداق ۋاقىتتا ھىندىستانلىقلارمۇ ئارقىدا قالماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ تەشەببۇسقا نۇرغۇن كىشىلەر قارشى چىقتى، ئۇلار ھىندىستانلىقلار بىلەن ئەنگلىيەلىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار، بىز قۇل، ئۇلار غوجايىن. غوجايىن قىيىنچىلىق تارتقاندا، قۇل قانداقمۇ ھەمدەم بولالىسۇن؟ دېيىشتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنداق قارىمايتتىم. مەن ھىندىستانلىقلار بىلەن ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. لېكىن، مەن بىزنىڭ قۇللۇق كەمىرىنى باغلىغانلىقىمىزغا ئىشەنمەيتتىم، مەن ئەينى ۋاقىتتا خاتالىقنىڭ ئەنگلىيە تۈزۈمىگە قارىغاندا ئەنگلىيەلىك ئەمەلدارلاردا كۆپرەك دەپ ھېس قىلاتتىم، يەنە كېلىپ بىز ئۇلارنى مۇھەببىتىمىز بىلەن تەسىرلەندۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئەگەر بىز ئەنگلىيەلىكلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئورنىمىزنى كۆتۈرمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇلار ئالدىراپ قالغان ۋاقىتتا ئۇلارنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. تۈزۈم خاتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوبۇل قىلغۇسىز دەرىجىدە ئەمەس ئىدى، خۇددى مېنىڭ بۈگۈنكى چۈشەنچەمگە ئوخشاش. ئەگەر مەن بۈگۈن ئاشۇ تۈزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى يوقىتىپ، بىرىتانىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىمىغان بولسام، ئۇ ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى دوستلار تۈزۈمدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپلا قالماستىن، ھەتتا ئەمەلدارلاردىنمۇ بەزگەن بولار ئىدى. ئۇلار زادى قانداق قىلىشى كېرەك؟

ئەينى ۋاقىتتا ماڭا قارشى تۇرغان دوستلار بۇنى ھىندىستانلىقلارنىڭ تەلىپىنى يۈرەكلىك ھالدا جاكارلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ياخشىلايدىغان پەيت دەپ قاراشتى.

مەن بولسام، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز كېرەك، دەپ ئويلاتتىم. يەنە كېلىپ مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇش تېخىمۇ مۇۋاپىق، تېخىمۇ يىراقنى كۆرەرلىك ئىدى، شۇڭا مەن ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم، قاتنىشىشنى خالايدىغانلارنى پىدائىيلىققا تىزىملىتىشقا چاقىرىق

قىلدىم. ئاۋاز قوشقانلار ناھايىتى كۆپ بولدى، ئالاھازەل ھەرقايسى ئۆلكە، ئىشتاتلار ۋە ھەرقايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ پىدائىيلار قوشۇنىدا ۋەكىللىرى بار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن كېلىۋېيغا خەت يېزىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم ھەمدە بىز قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ئۈچۈن مەشىق قىلىشنى خالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۈم، بۇ بىزنىڭ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشىمىزدىكى ئالدىنقى شەرت ئىدى، كېلىۋېي بىرپەس ئىككىلەنگەندىن كېيىن تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلدى ھەمدە بىزنىڭ خەۋىپلىك پەيتتە ئىمپېرىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىمىزدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

پىدائىيلار مەشھۇر دوختۇر كانتلى (Cantlie)نىڭ قول ئاستىدا ياريدارلاردىن خەۋەر ئېلىش ئاساسىي مەشقىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ۋاقتى ئالتە ھەپتە ئىدى، ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، بىز بارلىق دەرسلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ بولدى.

بىزنىڭ سىنىپتا 80 چە ئادەم بار ئىدى، بىز ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئىمتىھان بەردۇق، بىرەيلەنلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت بىزنى ھەربىي ۋە باشقا ئىشلار بىلەن چېنىقتۇرۇشقا باشلىدى، ھۆكۈمەت پولكوۋنىك باكېر (Baker)نى بۇ ئىشقا ئالدىن مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

لوندوننىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئەرزىيتتى، كىشىلەر ھېچقانچە چۆچۈگەندەك قىلمايتتى. لېكىن، كۆچىنىڭ بارچە دۆلەتكە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاللىقانداق بىر ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. قىران كىشىلەر ئۇرۇش مەشقى قىلىش بىلەن بەند ئىدى، لېكىن قېرى - چۆرىلەر، ئاياللار، ئۇششاق باللار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرى خالىسىلا، ئىش دېگەن كۆپ ئىدى. ئالايلۇق، ئۇلار ياردا ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇش، كىيىندۈرۈش ۋە يارىسىنى تېڭىش ئىشلىرىنى قىلسا بولاتتى.

بىر ئاياللار كۇلۇبى بار ئىدى، ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئەسكەرلەرگە نۇرغۇن كىيىم - كېچەك ھازىرلاپ بەردى، ساروجىنى

نەيدۇ (Sarojini Naidu) خانىم مۇشۇ كۆلۈبنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئۇ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن مۇشۇ خىزمەتكە كىرىشكەنىدى. بۇ مېنىڭ ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، ئۇ كېسىپ ـ پىچىپ قويغان بىر دۆۋە كىيىم ـ كېچەكنى ماڭا ئامال قىلىپ تىكىپ ئەكېلىپ بېرىڭ دەپ بەردى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم، مەن ياربدارلارغا قاراش مەشقى قىلىۋاتقاندا دوستلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇن كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكتۈرۈپ بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# روھىيەتتىكى توسالغۇلار

مېنىڭ باشقا ھىندىستانلىقلار بىلەن ئۇرۇش ئۇچۇن ھەمدەمدە بولۇۋاتقانلىق خەۋىرىم جەنۇبىي ئافرىقىغا يېتىپ بېرىشى ھامان ئىككى پارچە تېلېگراما تاپشۇرۇۋالدىم. بىرسى پولاك ئەپەندىدىن كەلگەنىدى، ئۇ مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمنىڭ «زورلۇق ئىشلەتمەسلىك» دېگەن ئەقىدەم بىلەن قانداق بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى.

بۇنداق تەنقىسچىلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى مەن بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈم باشقۇرۇۋاتقان «ھىندىستان ئاپتونومىيەسى» دېگەن ژۇرنالدا بەزى مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارغانىدىم. جەنۇبىي ئافرىقىدىمۇ ھەمىشە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە دوستلار بىلەن مۇنازىرىلىشەتتىم. بىز ھەممىمىز ئۇرۇشنىڭ بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتۇق. مەن دۈشمىنىمنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلمىغانىكەنمەن، جەڭگە قاتناشماسلىقىم كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيۋاتقان چېغىمدا. مېنىڭ ئىلگىرى بور ئۇرۇشىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگىنىمنى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. لېكىن، ئۇلار مېنىڭ ئۇ چاغدىكى كۆزقارىشىمنى ئاللىقاچان ئۆزگەرىپ كەتتى، دەپ قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ بور ئۇرۇشىغا قاتنىششىمغا تۈرتكە بولغان ئۇ قاراشلار بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمدىمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىغانىدى. ماڭا ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇرۇشقا قاتنىشىش بىلەن «زورلۇق ئىشلەتمەسلىك» سۆز بىلەن ئوتتەك سىغىشالمايتتى. لېكىن، بىر ئادەم

ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھەمىشە ئېنىق ھېس قىلىپ كېتەلمەيتتى. ھەقىقەتكە ئىنتىلگەن ئادەم ھەمىشە قاراڭغۇلۇقتا ئىز دەنمەي قالمايدۇ.

«زورلۇق ئىشلەتمەسلىك» ناھايىتى كەڭ مەنىگە ئىگە قائىدە، بىز ھەممىمىز ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىۋاتقان ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدىكى يار ـ يۆلەكسىز بەندىلەرمىز. ھايات ھاياتنى تۇغىدۇ، دېگەن بۇ گەپنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەگەر ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا سىرتقى قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، ئادەم مەۋجۇت بولمايدۇ. ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ يېيىش، ئىچىش ۋە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت ماھىيىتى ــ ئەڭ ئەرزىمەس دەرىجىدە بولسىمۇ ــ ھاياتنى ۋەيران قىلىدىغان مەلۇم بىر خىل قىرغىنچىلىقنى مۇقەررەر ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا «زورلۇق ئىشلەتمەسلىك»كە ئىخلاس قىلغان ئادەم ھەرقانداق ئىشتا رەھىمدىللىكنى چىقىش قىلسا، ئەرزىمەس نەرسىلەرنىمۇ، جۇملىدىن قۇرت ـ قوڭغۇز چاغلىق نەرسىلەرنىمۇ دەپسەندە قىلىشتىن ئۆزىنى تارتسا ھەمدە قىرغىنچىلىقنىڭ قورقۇنچلۇق ئىسكەنجىسىدىن بىر ئامال قىلىپ خالاس بولۇشقا ئۇزۇكسىز ئىنتىلسە، ئۇ ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق بولغان بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش ۋە ئازاب ئىچىدە ئۇزۇكسىز ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرتقى قىرغىنچىلىق (جان قىيىشى) تىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

يەنە «زورلۇق ئىشلەتمەسلىك» بارلىق ھاياتلىقنىڭ بىردەكلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، بىر ئادەمنىڭ خاتالىقى باشقىلارغا چېتىلماي قالمايدۇ، شۇڭا كىشىلەر قىرغىنچىلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي بولالمايدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي جانلىق بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىدىكى قىرغىنچىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ. ئەگەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلا بولىدىكەن، «زورلۇق ئىشلەتمەسلىك»كە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار، ئۇرۇشنى چەكلەشكە قۇربى يەتمىگەنلەر، ئۇرۇشنى چەكلەشكە لايىقلىشالمىغانلار ئۇرۇشقا قاتناشسا بولىدۇ ھەمدە ئۆزىنى، دۆلىتىنى ۋە پۈتكۈل دۇنيانى ئۇرۇشتىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشسا بولىدۇ.

مەن بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى ئارقىلىق ئۆزۈمنى ۋە خەلقىمنىڭ ئورنىنى ياخشىلاشنى ئالىلىبۇرۇن ئۈمىد قىلغانمەن. ئەنگلىيەدىكى ۋاقتىمدىلا ئەنگلىيە فىلوتىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە ئۇنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنىڭ ھىمايىدىن بىخەتەرلىك ئىستەپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن زوراۋانلىقىغا ئىشتىراك قىلغانىدىم. شۇڭا، مەن ئىمپېرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ساقلاپ قېلىشنى ھەمدە ئۇنىڭ بايرىقى سايىسىدە ياشاشنى ئۈمىد قىلىدىكەنمەن، ماڭا ئۇچىلا يول بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرسى، مەن ئۇرۇشقا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى ئىكەنلىكىمنى جاكارلاپ، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» پىرىنسىپى بويىچە، ئەنگلىيە ھەربىي سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەنگە قەدەر، ئىمپېرىيەگە قارىتا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشۈم؛ يەنە بىرسى، ئاشۇ بويسۇنمىسىمۇ بولىدىغان قانۇنلارغا بويسۇنماسلىق چارىسى بىلەن مەدەنىيەتسىز دېگەن بەتنامىنى ئېلىپ تۈرمىگە كىرىشىم؛ ئۈچىنچى بىرسى، ئىمپېرىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، بۇ ئارقىلىق زورلۇق كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق ئىقتىدارىغا ئېرىشىشىم ۋە چېنىقىشىم كېرەك. مەندە كەم بولۇۋاتقىنى دەل مۇشۇنداق ئىقتىدار ۋە چېنىقىش بولغاچقا، مېنىڭ ئۇرۇشقا خىزمەت قىلىشنى ئويلاشتىن باشقا ئامالىممۇ يوق ئىدى.

«زورلۇق ئىشلەتمەسلىك» نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، مەن جەڭگىۋار كۈچلەر بىلەن غەيرىي جەڭگىۋار كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بارلىقىنى ئايرىيالمىدىم. ئومۇمەن باندىتلىقنى ئىختىيار قىلغانلىكى ئادەم، مەيلى ئۇ باندىتلار ئۈچۈن نەرسە ـ كېرەك يۆتكىشىپ بەرسۇن ياكى باندىتلار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان ۋاقىتتا ئۇلارغا قاراۋۇللۇق قىلىپ بەرگەن بولسۇن ۋە ياكى ئۇلار ياردار بولغاندا ئۇلارغا قارىغان بولسۇن، ئۇنىڭ جىنايىتى باندىتلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئاشۇ ئۇرۇشلاردا ياردارلارنى كۆتكەن ئادەممۇ ئوخشاشلا ئۇرۇشنىڭ جىنايىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ.

مەن پولاكنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرىلا، بۇ ئىشلار ئۈستىدە مۇشۇنداق ئەتراپلىق ئويلىنىپ بولغانىدىم. تېلېگراممىنى ئالغاندىن كېيىن بىرنەچچە دوستلىرىم بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇرۇشقا خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار، دېگەن

خۇلاسىگە كەلدىم. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، مەن بۇ قاراشلىرىمدا ئاللىقانداق بىرەر كەمتۈكلۈكنىڭ بارلىقىنى كۆرەلمىدىم، ئەينى ۋاقىتتا قوللانغان ھەرىكىتىمدىنمۇ ئۆكۈنمىدىم، چۈنكى مەن ھازىر ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ قېلىشنى قوۋۋەتلەيمەن.

مەن بارلىق دوستلىرىمنى ئۆز مەيدانىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشنىڭ مۈمكىن ئەمەسلىكىنى ئەينى ۋاقىتتىلا چۈشەنگەنتىم. بۇ ناھايىتى نازۇك مەسىلە ئىدى، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا مەن ئۆز قاراشلىرىمنى «زورلۇق ئىشلەتمەسلىك»كە ئىشىنىدىغان ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە ئۇنى تەجرىبە قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرگە چۈشەندۈرىمەن. ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم ئادەتنى نەزەرگە ئالمىسا بولمايدۇ، ئۇ ئۆز كەمتەرلىكىنى مەڭگۈ ساقلىشى، ئۆز خاتالىقىنى بايقىغان ھامان، خاتالىقىنى شەك ـ شۈبھىسىز ئېتىراپ قىلىشى ھەم يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## قىرىقىنچى باب

## كىچىك تىپتىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى

مەن مۇشۇنداق بىر خىل مەسئۇلىيەت بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقانىدىم. مېنىڭ قاتنىشىشىم بىۋاستە بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھالقىلىق پەيتلەردە، مەن يەنە كىچىك دائىرىلىك «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» شەكلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مەن پىدائىيلارنىڭ تىزىملىكى تەستىقلىنىشى بىلەنلا، بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ بىزنىڭ مەشىق ئىشلىرىمىزغا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. ھەممىمىز دە شۇنداق بىر خىل تەسىرات بار ئىدىكى، بۇ كوماندىرنىڭ بىزگە باش بولۇشى باشقۇرۇش، تېخنىكا جەھەتتىكىلا ئىش ئىدى، باشقا ئىشلارغا كەلگەندە بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى مەن ئىدىم. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىچكى قىسمىدىكى تەرتىپ - ئىنتىزام ئىشلىرىغا مەن مەسئۇل ئىدىم. بۇ كوماندىر قوشۇندىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولسا، مەن ئارقىلىق قوشۇندىكىلەرنى باشقۇراتتى. لېكىن، بۇ كوماندىر ئىشنىڭ بېشىدىلا بۇ خىيالىمىزنى بۇزۇۋەتتى.

سورابجى ئاداجانىيا ئەپەندى تولىمۇ زېرەك ئادەم ئىدى، ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— بۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىڭ، ئۇ بىزنىڭ شىلىلىمىزگە مىنمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، بىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايمىز، بىز ئۇنى يولباشچىمىز دەپ قارىماقچىدۇق، لېكىن ئۇ بىزگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن ياشلار ئالدىدا ئۆزىنى باشلىقىمىزدەك

ھېس قىلغۇاتسا كېرەك، — دېدى.

بۇ ياشلار ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى، ئۇلار بىزنى مەشىق قىلدۇرغىلى كەلگەنىدى، ئۇلار قوماندان بىزگە ئەۋەتكەن ئەترەت باشلىقلىرى ئىدى.

بۇ قوماندانىنىڭ زوراۋانلىقىنى مەنمۇ ھېس قىلغانىدىم، لېكىن سورۇنجىنى ئالدىرىماسلىققا ئاگاھلاندۇردۇم ھەمدە بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تىنچلاندۇردۇم، ھالبۇكى ئۇ ئاسان گەپ يەيدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى.

— سىز خەققە بەك ئىشىنىپ كېتىسىز، بۇ ئەبلەخلەر يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن كۆزىڭىزنى بويايدۇ، ئاخىرىدا ھەممە ئايان بولغاندا بولسا، سىز بىزنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»قا بۇيرۇيسىز، ئۇ چاغدا ئۆزىڭىز بىئارام بولىسىز، ئۆزىڭىز بىلەنلا قالماي، يەنە بىزنىمۇ بىئارام قىلىسىز، — دېدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ.

— سىز بىز بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولغانىكەنسىز، تاسادىپىي باشقىچە ئەھۋال بولۇپ قالسا، يەنە نېمە دېگۈلۈك؟ — دېدىم مەن، — «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»قا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا خەقنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، ئاشۇ قوماندانىنى بىزنى بوزەك قىلىدۇ دەيلى، مەن سىزگە تالاي قېتىملاپ ئېيتتىم، كىشىنى بوزەك قىلغۇچى ئاقىۋەتتە ئۆزىنى بوزەك قىلىدۇ.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا داۋاملىق بوزەك بولىۋېرەيلى، زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق ھامان بىر كۈنى بېشىڭىزغا چىقىدۇ، يەنە ئارقىڭىزدا سۆرىلىپ كېلىۋاتقان بىز بىچارىلەرمۇ بار، — دېدى ئۇ.

بۇ گەپلەر مەرھۇمە ئېمىلىي خوبخاۋس (Emily Hobhouse) خېنىمنىڭ ماڭا يازغان ھەمكارلاشماسلىق ھەققىدىكى بىر پارچە خېتىنى ئەسلەتتى، خەتتە: «ناۋادا سىز ھەقىقەت دەپ دار ئالدىغا بېرىپ قالسىڭىز، مەن بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمەيمەن، پەرۋەردىگار سىزنى ھىدايەتكە باشلىغاي ھەم پاناھىدا ساقلىغاي» دېيىلگەنىدى.

سورابجى بىلەن بولغان بۇ پاراڭ ئۇ قوماندان قوشۇنىمىزغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي بولۇپ ئۆتكەنىدى، بىرنەچچە كۈن بولا ـ بولمايلا بىزنىڭ

ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز پارتلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. مەن 14 كۈن ئاچلىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن سالامەتلىكىم زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىدى. مەن قوشۇنغا كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھەممىشە تۇرالغۇمىزدىن ئىككى ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى كۆرسىتىلگەن جايغا باراتتىم. شۇ سەۋەبتىن كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغاندىم. تېنىم ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ مەن يەنە ھەپتە ئاخىرىدىكى دالا لاگېرىغا قاتنىشىشىم كېرەك ئىدى. باشقىلار قېلىپ قالدى، مەن ئۆيگە قايتتىم، شۇنىڭ بىلەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى باشلاندى.

بۇ قوماندان ئۆز نوپۇزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن يەرلىرىمۇ بولدى، ئۇ بىزگە مەيلى ھەربىي جەھەتتە بولسۇن ياكى بولمىسۇن بارلىق مەسىلىلەرگە ئۆزىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قويماقچى ھەمدە ئۆز نوپۇزىنىڭ تەمىنى تېتىپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. سورابجى شۇ ئان مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇنداق قوپاللىقلارغا سەۋر قىلىدىغان ھېچقانداق تەييارلىق يوق ئىدى، ئۇ: «بىز بارلىق بۇيرۇقلارنىڭ سىز ئارقىلىق چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىمىز، بىز تېخى مەشىق لاگېرىدا مەشىق قىلىۋاتقاندا، ئۇ بىزگە مۇشۇنداق بۇيرۇقلارنى چۈشۈرگىلى تۇردى، بىزگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئاشۇ ياشلار بىلەن ئارىمىزدا ئادەمنى بىزار قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. بىز بۇ مەسىلە توغرۇلۇق قوماندان بىلەن سۆزلىشىشىمىز كېرەك، بولمىسا بىز بۇ يەردە تۇرالمايمىز، سانىتارلار قوشۇنىمىزغا قاتناشقان ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق نامۇۋاپىق بۇيرۇقلارغا بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ، كىشىلەردىن ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيى ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىش تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ» دېدى.

مەن قوماندانىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۆزۈم ئاڭلىغان پىكىرلەرنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ دىققەت قىلىشىنى سەمىگە سالدىم. ئۇ ماڭا بىر باغاقچە يېزىپ، بارلىق پىكىرلەرنى ئۇنىڭغا يازمىچە يېزىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدەك ماڭا: «سىز ئاشۇ پىكرى بار ياشلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، پىكىر بېرىشنىڭ يوللۇق تەرتىپى شۇكى، سىلەر پىكىرىڭلارنى ئەترەت باشلىقلىرىغا ئېيتىسىلەر ــ ئۇلار كوماندىر ئارقىلىق ماڭا

يەتكۈزىدۇ» دېدى.

مەن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن ھېچقانداق ھوقۇق تەلەپ قىلمايمەن، ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ باشقىلار بىلەن ھېچقانداق پەرقىم يوق. بىراق، مەن شۇنداق قارايمەنكى، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن غەيرىي رەسمىي شەكىلدە ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك» دېدىم. مەن يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئۆزىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلمۇۋاتقانلىقىنى، ئەترەت باشلىقلىرىنى تەيىنلىگەندە ئۇلارنىڭ پىكرى نەزەرگە ئېلىنمىسا نارازىلىق قوزغىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئەترەت باشلىقلىرىنى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىش كېرەكلىكىنى ھەمدە سانتارلار قوشۇنى ئەترەت باشلىقلىرىنى ئۆزى سايلايدىغانلىقىنى بىلدۈردۈم. ئاخىرىدا قوماندانىنىڭ بۇنى تەستىقلاپ بېرىشىنى سەمىگە سالدىم.

گەپلىرىم قوماندانغا ئازراقمۇ تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئەترەت باشلىقلىرىنى سايلام ئارقىلىق سايلاشنىڭ ھەربىي ئىنتىزامغا مۇخالىپ كېلىدىغانلىقىنى، چۈشۈپ بولغان تەيىنلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىز يىغىن ئېچىپ، بۇ ئىشلارنى توسۇشنى قارار قىلدۇق. مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى كۆپچىلىككە ئېيتتىم، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ قارارنى يەنىلا ماقۇللىدى. يەنە تەيىنلىنىپ بولغان ئەترەت باشلىقلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىمىغۇچە ھەمدە قۇتقۇزغۇچىلار قوشۇنى ئەزالىرى يىغىن ئېچىپ ئۆز باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقمىغۇچە، كۆپچىلىك ھەربىي مەشقنى ۋە شەنبىلىك دالا لاگېرى پائالىيىتىنى توختاتماقچى بولدى.

ئاندىن مەن بىر پارچە خەت يېزىپ قوماندانغا بەردىم، ئۇنىڭغا تەكلىپىمنى رەت قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىمنى ئېيتتىم. مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھوقۇققا ئىنتىلمەيدىغانلىقىم، پەقەت بىرەر ئىش قىلىشقا قىزغىن ئىنتىلىدىغانلىقىم ھەققىدە كاپالەت بەردىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئىشلارنى مىسال كەلتۈرۈپ بەردىم، ئۇنىڭغا بور ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۆزۈمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ھىندىستانلىقلار قۇتقۇزۇش ئەترىتىدە ھېچقانداق ئەمەلىم يوقلۇقىنى،

گالۋېي (Gallwey) پولكوۋنىك بىلەن قوتقۇزۇش ئەترىتى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىناقسىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلمىگەنلىكىنى، پولكوۋنىك بىرەر تەدبىر قوللانماقچى بولسا، ئەترەتتىكىلەرنىڭ ئارزۇسىنى بىلمۈيلىش ئۈچۈن ھەمىشە مېنىڭ پىكرىمنى ئالىدىغانلىقىنى قەيت قىلدىم. ئالدىنقى كۈنى كەچتە ماقۇللىغان قارارىمىزنىمۇ ئۇنىڭغا خەتتە ئېيتتىم.

بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ بىزنىڭ يىغىلىشىمىز ۋە قارارىمىزنى تەرتىپ - ئىنتىزامنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلىق، دەپ قارىغانىدى.

مەن بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھىندىستان ئىشلىرى ۋەزىرىگە خەت يېزىپ، بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدىم، خەتكە قارارنىمۇ قوشۇپ قويدۇم، ئۇ جاۋاب خېتىدە چۈشەندۈرۈپ، ئەنگلىيەنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، بەلگىلىمە بويىچە ئەترەت باشلىقلىرىنى قوماندان تەيىنلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ دىققەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەمما، ئۇ يەنە بۇنىڭدىن كېيىن ئەترەت باشلىقلىرىنى تەيىنلەشتە قوماندان سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئالسۇن، مەن بۇنىڭغا كاپالەت بېرىمەن، دېگەنىدى.

كېيىن مېنىڭ بۇ ۋەزىر بىلەن بولغان ئۇچۇر - ئالاقىلىرىمىزمۇ كۆپىيىپ كەتتى، لېكىن بۇنداق كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى كۆپ سۆزلىگۈم يوق. پەقەت ئىزاھات بېرىپ قويىدىغان بىرلا نۇقتا بار: بۇ يەردىكى تەجرىبىلىرىممۇ ھىندىستاندىكى تەجرىبىلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى، قوماندان قورقۇتۇش، ئالداش ۋاستىلىرى بىلەن بىزنىڭ قوتقۇزۇش ئەترىتىمىزنى پارچىلىۋەتتى، قارارىمىزنى قول كۆتۈرۈپ ئالقىشلىغان بىر نەچچەيلەن قوماندانىنىڭ تەھدىتى ۋە دەۋەتلىرىگە تىز پۈكۈپ، رۇخسەت سوراپ قايتىپ كەتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سىرتتىن بىر تۈركۈم يارىدار نېتلېي (Netley) دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىندى، شۇ سەۋەبلىك قوتقۇزۇش ئەترىتىمىز خىزمەت قىلىشقا توغرا كەلدى. قوماندانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلار نېتلېيغا كەتتى، قالغانلىرىمىز ئۇ يەرگە بارمىدۇق. مەن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولساممۇ، قوشۇندىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردۇم. مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرى روبېرتس ئەپەندى مېنى بىرنەچچە قېتىم يوقلاپ كەلدى، ئۇ مېنى باشقا

خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە قىزىقتۇردى، ئۇ تەكلىپ بېرىپ قالغانلاردىن مۇستەقىل بىر قۇتقۇزۇش قوشۇنى تەشكىللەشنى، نېتلىپي دوختۇرخانىسىغا بارغاندىن كېيىن بۇنىڭغا قوماندانلا مەسئۇل بولسا بولىدىغانلىقىنى، بۇنداقتا ئىززەت ـ ئابرۇيغا تەسىر يېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بىزنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاشۇ زور بىر تۈركۈم ياردارلاردىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ھەمراھلىرىم بىلەن مەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇق، شۇنىڭ بىلەن نېتلىپىغا بارمىغانلارمۇ نېتلىپىغا ئاتلاندى.

پەقەت مەنلا بارمىدىم، مەن كېسەل بولغاچقا ئۆيدە كۇتۇندۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## قىرىق بىرىنچى باب

## گوكلىيىنىڭ شەپقىتى

مەن ئەنگلىيەدە كۆكرەك پەردە ياللۇغى بولۇپ قالغانلىقىمنى تىلغا ئالغانىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي گوكلېي لوندونغا قايتىپ كەلدى. كاللېنباچ بىلەن ئىككىمىز ئۇنى دائىم يوقلاپ تۇراتتۇق، پارىڭىمىز كۆپ ھاللاردا ئۇرۇش ئۇستىدە بولاتتى. كاللېنباچ گېرمانىيەنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەچكە ھەمدە ياۋروپادىكى نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ باققان بولغاچقا، ھەمىشە خەرىتىگە ئۇرۇش بىلەن ئالاقىدار جايلارنى سىزىپ قوياتتى.

مەن كۆكرەك پەردە ياللۇغى بولۇپ قالغان ۋاقىتدا، بۇ كېسەلمۇ بىزنىڭ دائىملىق پاراڭ تېمىمىزغا ئايلاندى، ئاشۇنداق كۈنلەردىمۇ مەن يەر ياڭىقى، پىشقان ۋە پىشمىغان بانان، لىمون، زەيتۇن يېغى، پەمىدۇر، ئۈزۈم قاتارلىقلارنى بىراقلا تەرك ئەتتىم.

جىۋراج مېھتا دوختۇر كېسىلىمنى داۋالىدى، ئۇ ھە دېسىلا مېنى كالا سۈتى ئىچىشكە زورلايتتى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم، بۇ ئىش ئەمدى گوكلېيغا كۆچكەندى، ئۇ مېۋە ـ چىۋە بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىمدىكى سەۋەبكە پەرۋا قىلماي، مەندىن دوختۇرنىڭ سالامەتلىكىم يۈزىسىدىن بۇيرۇغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشىمنى تەلەپ قىلاتتى.

گوكلېينىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالماسلىق مەن ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، ئۇ باشقىلارنىڭ ياق دېيىشىگە بولىدى قىلمايدىغان ئادەم ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن 24 سائەت ئويلىنىش ۋاقتى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى كاللېنباچ بىلەن ئىككىمىز ئۆيگە بىللە

قايتتۇق، مەن زادى قانداق قىلسام ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدىم. ئۇمۇ مەن بىلەن گۈشسىز تاماق يېيىشنى سىناق قىلىپ كۆرۈشنى كېلىشۋالدۇق. ئۇ بۇ خىل سىناقنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن مەن سالامەتلىكىمگە پايدىلىق بولسا، ئۇنىڭ بۇ خىل سىناقنى توختىتىشنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم بەلگىلىمەكچى بولدۇم.

مەن كىچىچە كىرپىك قاقماي مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلاندىم. سىناقنى توختىتىش دېگەنلىك، مېنىڭ مۇشۇ جەھەتلەردىكى بارلىق غايەمدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئىدى، لېكىن مەن بۇ غايىلىرىمنى يامان غايە دېيەلمەيتتىم. گەپ گوكلېيغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ئىدى، مەن ئۇنىڭ پىكرىنى قانچىلىك قوبۇل قىلىشىم ۋە سالامەتلىكىم ئۈچۈن قايسى جەھەتلەردىن ئۆزگىرىش ياسىشىم كېرەك؟ ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا مۇشۇ سىنىقىمدا چىڭ تۇرۇش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى، بۇ سىناقنى قىلىشتىكى ئاساسلىق مۇددىئايىم دىنىي خاراكتېرلىك ئىدى، مەن ئومۇمەن مۇددىئايىم ساپ بولمىغانلىكى جايدا دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاش قارارىغا كەلدىم. مېنىڭ كالا سۈتىنى پەرھىز تۇتۇشۇم دىنىي ئويلىنىشتىن بولغان، كۆز ئالدىمدا كالكۇتتادىكى كالا باققۇچىنىڭ كالىنىڭ تېنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە سۈتنى سېغىۋاتقاندەك دەھشەتلىك مەنزىرە نامايان بولماقتا ئىدى. مەندە يەنە شۇنداق بىر خىل تۇيغۇ بار ئىدىكى، ئومۇمەن گۆش ئىنسانىيەتنىڭ يېمەكلىكى بولالمىغانىكەن، سۈتمۇ ئىنسانىيەتنىڭ يېمەكلىكى بولماسلىقى كېرەك ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىسى قەتئىي كالا سۈتى ئىچمەيمەن، دەيدىغان نىيەت بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. بۇنىڭدىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم، مەن گوكلېيدىن بىرئاز قورقتۇم، لېكىن ئۇنىڭ قارارىمغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

شۇ كۈنى كەچتە كاللېنباچ بىلەن ئىككىمىز دۆلەتلىك ئەركىنلىك كۇلۇبىغا گوكلېينى ئىزدەپ باردۇق، ئۇنىڭ دېگەن تۇنجى گېپى: «ياخشىمۇ سىز، دوختۇرنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلدىڭىزغۇ دەيمەن؟» بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھەرقانداق گەپ بولسا قوبۇل قىلىمەن، پەقەت بىرلا ۋاقىتتا مېنى زورلىماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن ھەرگىز كالا سۈتى ئىچمەيمەن، كالا سۈتىدىن قىلىنغان نەرسىلەر ۋە گۆش يېمەيمەن، ئەگەر مۇشۇ نەرسىلەرنى يېمەي ئۆلىدىغان ئىش بولسا، مەن ئۆلۈشكە رازىمەن، — دېدىم قەتئىي ۋە بەخىرامان ھالدا.

— بۇ سىزنىڭ ئاخىرقى قارارىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى گوكلېي مەندىن.

— ئېھتىمال باشقىچە قارارغا كېلەلمىسەم كېرەك، — دېدىم مەن، — بىلىمەن، قارارىم كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىدۇ، لېكىن مەن سىزنىڭ مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

— مەن سىزنىڭ قارارىڭىزغا قوشۇلمايمەن، — دېدى گوكلېي ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل مېھىر - مۇھەببەت يېغىپ تۇراتتى، — مەن بۇنىڭدىن ئاللىقانداق بىر ئەر دىنىي ئاساسنى كۆرەلمىدىم، بىراق مەن سىزنى زورلىمايمەن.

— ئۇنى ئەمدى پاراكەندە قىلمىسىڭىز، خالىغان دائىرە ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەرقانداق دورا كېسىپ بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ مەھىدا دوختۇرغا بۇرۇلۇپ.

دوختۇر بۇنى ئىلىك ئالمىغاندەك ئىپادىدە بولدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئامالسىز ئىدى. ئۇ ماڭا «ماش شورپىسى»غا ئازراق ئەنجۈدان دېۋىرقىيى قوشۇپ ئىچىش تەكلىپىنى بەردى، مەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم. مەن ئۇنى بىر - ئىككى كۈن ئىچىپ باقتىم، لېكىن كېسەل ئازابىم يېنىكلىمىدى، مەن بۇنى توغرا تاپماي مېۋە - چىۋە يېيىشكە باشلىدىم. يەنە سىرتتىن چېپىلىدىغان دورىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ ماڭدىم، بۇ ھال كېسىلىمگە ئازراق ئارام بەردى، لېكىن مېنىڭ بىغۇبار، پاك پەرھىزكارلىقىم دوختۇرغا ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى.

بۇ ۋاقىتتا گوكلېي ۋەتەنگە قايتىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ لوندوننىڭ 10 - ئايدىكى قاتمۇقات تۇمانلىرىغا چىدىيالمىغانىدى.

## قىرىق ئىككىنچى باب

# كۆكرەك پەردە ياللۇغۇمنى داۋالاتتىم

كۆكرەك پەردە ياللۇغۇمنىڭ ئۇزاققىچە ساقايماسلىقى مېنى خېلىلا بىئارام قىلدى. لېكىن، مەن بۇ كېسەلنى ساقايتىشنى بىلەتتىم، دورا ئىچىپ بېرىش بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايتتى، مەن يېمەكلىك ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشىم ھەم قوشۇمچە تېشىمدىن دورا سۈرتۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى.

مەن داڭلىق گۆشسىز تاماق يېگۈچى ئاللىنسون دوختۇرنى زىيارەت قىلىپ باردىم. مەن 1890 ـ يىلى ئۇنى كۆرگەنىدىم، ئۇ يېمەكلىكنى تەڭشەش ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالايتتى. ئۇ مېنى تەپسىلىي تەكشۈردى، مەن ئۇنىڭغا كالا سۈتى ئىچمەيمەن، دەپ قانداق قەسەم قىلغانلىقىمنى دەپ بەردىم. ئۇ ماڭا ئىلھام بېرىپ: «كالا سۈتى ئىچىشىڭىزنىڭ ئورنى يوق، ئەمەلىيەتتە مەن سىزگە مايلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشنى بىرنەچچە كۈن توختىتىش تەكلىپىنى بېرىمەن» دېدى. ئۇ مېنى قارا بولكا، خام كۆكتاتلاردىن قىزىلچا، تۇرۇپ، پىياز ۋە باشقا ئوتياش، يەنە يېڭى مېۋە، ئاساسلىقى ئاپېلسىن يېيىشكە دەۋەت قىلدى. كۆكتاتلارنى پىشۇرمىساممۇ بولاتتى، ئەگەر چاينىيالمىسام، چاناپ يېيىشىم كېرەك ئىدى.

مەن بۇ نەرسىلەرنى ئۈچ كۈن يېدىم، لېكىن خام كۆكتات ماڭا دېگەندەك خىل كەلمىدى. تەن سالامەتلىك ئەھۋالىم ئۆز سىنىقىمغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشىمغا يول قويمايۋاتاتتى، مەن خام كۆكتات يېسەم خاتىرجەمسىزلىنەتتىم.

ئاللىنسون دوختۇر يەنە ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى كېچىچە ئوچۇق قويۇشۇمنى، ئىللىمان سۇ بىلەن يۇيۇنۇشۇمنى، جاراھەت بار جاينى ماي بىلەن سۈرتۈشۈمنى، سىرتتا 15 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچە مېڭىپ

www.uyghurkitap.com

بىرىشىمنى ئېيتتى، مەن بۇ پىكىرلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسى فرانسىيە ئۇسلۇبىدا ئىدى، ئۇنى تولۇق ئېچىۋەتسەم، ئۆيگە يامغۇر كىرىپ كېتەتتى. يەلپۈگۈچسىمان دېرىزىنى ئاسان ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا، مەن ئەينەكنى چېقىپ، ئۆيگە يېڭى ھاۋا كىرگۈزدۈم ھەمدە دېرىزىنى يامغۇر تامچىسى كىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاچتىم.

ئۇ ئۇسۇللار سالامەتلىكىمنى خېلىلا ياخشىلىدى، لېكىن كېسىلىم پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتمىدى.

سېسىلىيا روبېرتس (Cecilia Roberts) خانىم مېنى يوقلاپ كەلدى، بىز دوست بولۇپ قالدۇق. ئۇ مېنى ھە دەپ كالا سۈتى ئىچىشكە زورلايتتى. مەن بۇنى قەتئىي رەت قىلدىم، ئۇ مەن ئۇچۇن كالا سۈتىنىڭ ئورنىنى باسالىغۇدەك رەڭلىك يېمەكلىك تاپىمەن دەپ ھەر يان قاتراپ يۈردى. بەزى دوستلىرى ئۇنىڭغا بۇغداي ئۇندۇرمىسى سۈتى تالقىنىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كالا سۈتى بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىر خىل خىمىيەلىك يېمەكلىك ئىكەنلىكى، كالا سۈتىدە بار بارلىق ئوزۇقلۇقنىڭ ھەممىسى تەل ئىكەنلىكىگە كاپالەت بېرىپتۇ. مەن سېسىلىيا خانىمنىڭ دىنىي ئەقىدەمگە ئادەتتىن تاشقىرى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىشەندىم. مەن ئالدى بىلەن سۈت تالقىنىنى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ باقتىم، ئۇنىڭ تەمى ماڭا پۈتۈنلەي كالا سۈتىگە ئوخشاش بىلىندى. مەن بوتۇلكىدىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراپ، ئاتالمىش بۇغداي ئۇندۇرمىسى سۈتى پاراشوكىنىڭ كالا سۈتىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى شۇندىلا بىلدىم. لېكىن، مەن بۇ ۋاقىتتا بەك كېچىككەنىدىم، شۇڭا ئۇنى ئىلاجسىز قويۇپ قويدۇم.

مەن بۇ بايقىشىمدىن سېسىلىيا خانىمنى خەۋەردار قىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقىچە ئويلاپ قالماسلىقىنى ئۆتۈندۈم، ئۇ دەرھال يېتىپ كېلىپ، ماڭا ناماقۇل بولدى. ئۇنىڭ دوستى پاراشوكىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئەسلا قارىمىغانىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە غەم قىلىپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈندۈم ھەمدە مېنى دەپ مىڭبىر جەبىر – جاپادا تېپىپ كەلگەن نەرسىسىنى رەت قىلغانلىقىم ئۇچۇن ئۆزرىخاھلىق سورىدىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئوقۇشماسلىقتىن كالا سۈتى ئىچىپ سالغىنىمنى ئازراقمۇ كۆڭلۈمگە ئالمايمەن، يەنە كېلىپ

قەسىمىم بوزۇلدى دەپ قارىمايمەن، دەپ ۋەدە بەردىم.

سىبىللىيا خانىم بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلىكلىرىمنى ئويلىسام، نۇرغۇن ئەسلىمىلىرىم بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنى بۇ يەردە قىسقارتىۋەتتىم. مەن جىددىي سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يۈرۈۋاتقان چاغلىرىمدا، نۇرغۇن دوستلىرىمنىڭ ماڭا رىغبەت ـ تەسەللى بەرگەنلىكى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئومۇمەن ئىمان ـ ئېتىقادى بارلىقى ئادەم ئۈمىدسىزلىك ۋە سىناق ئىچىدىمۇ دوستلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى كۆرەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەم ـ غۇسسىلىرىمۇ خۇشاللىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئاللىنسون دوختۇر مېنى ئىككىنچى قېتىم يوقلاپ كەلگەندە، تەلەپنى بوشىتىپ، مېنىڭ يەر ياڭىقى شىرنىسى ياكى زەيتۇن مېيى يېيىشىمگە ھەمدە مايلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. ناۋادا دىتىمغىلا ياقسا، قورۇما قورۇپ يېسەممۇ بولاتتى، بۇ ئۆزگىرىشلەر ماڭا بەك ياقتى. لېكىن، كېسىلىم سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىدى، مەن يەنىلا كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈنۈشكە موھتاج ئىدىم، شۇڭا كۆپ ۋاقتىمنى كارىۋاتتا يېتىپ ئۆتكۈزۈشۈمگە توغرا كەلدى.

مېھتا دوختۇرمۇ بەزىدە يېنىمغا كېلىپ، ماڭا دىياگنوز قويۇپ كېتەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاشنى خالىسام، ئۇ بىر خىل مەڭگۈلۈك داۋالاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

كېسىلىم كۈندىن ـ كۈنگە سۈرلىنىپ كېتىۋەردى، بىر كۈنى روبېرتس ئەپەندى مېنى يوقلاپ كېلىپ، ماڭا دەرھال ۋەتەنگە قايتىشنى ئېيتتى. «بۇ ھالدا ئىترىغا بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھاۋامۇ سوۋۇپ كېتىدۇ، مەن سىزنىڭ قايتىپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، سىز ھىندىستاندىلا سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلەيسىز. كېسەلدىن قوپقىنىڭىزدا ئۇرۇش يەنە داۋاملىشىۋاتقان بولسا، سىزگە تۆھپە يارىتىدىغان نۇرغۇن پۇرسەتلەر چىقىدۇ» دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى قوبۇل قىلىپ، ھىندىستانغا قايتىشقا تەرەددۇتلاندىم.

www.uyghurkitap.com



## قىرىق ئۈچىنچى باب

## ۋەتەنگە قايتتىم

كاللېنباچ ئەپەندى ھىندىستانغا بېرىش مەقسىتىدە ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئەنگلىيەگە كەلگەنىدى، بىز بىللە تۇردۇق ھەم بىر پاراخوتقا چىقماقچى بولدۇق، ھالبۇكى نېمىسلار بىزنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغانىدى. بىز كاللېنباچ ئەپەندىنىڭ پاسپورت ئالالىشىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايتتۇق. مەن بارچە ئامالنى قىلىپ كۆردۈم، روبېرتس ئەپەندىنىڭمۇ ئۇنىڭغا پاسپورت ئېلىپ بەرگۈسى بار ئىدى، ئۇ مۇشۇ ئىشنى دەپ ھىندىستان باش ۋالىيسىغا تېلېگرامما يوللىدى. خاردىنگې (Hardinge) ئەپەندى چورت كېسىپلا: «ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ خەۋپكە تەۋەككۈل قىلالمايدۇ» دېدى. بىز بۇ گەپنىڭ سالمىقىنى چۈشىنەتتۇق.

كاللېنباچ ئەپەندى بىلەن ئايرىلىدىغانلىقىمىزدىن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىزدىنمۇ بەتتەر يېرىم ئىدى. ئۇ ھىندىستانغا كەلگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىر ئاددىي ـ ساددا قوۋناق دېھقاننىڭ ياكى بىر خالۋاپىنىڭ كۈننى كەچۈرگەن بولاتتى، ئۇ ھازىر جەنۇبىي ئافرىقىدا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياشىماقتا، ئۇ ئارخىتېكتور بولغاچقا، ئىش ـ ئوقىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

بىز ئەسلىدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا چىقماقچىدۇق، لېكىن شەرق يېرىم ئارال كېمە ـ پاراخوتچىلىق شىركىتىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونى بولمىغاچقا، بىز ئىلاجسىز ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىنى ئالدۇق.

بىز جەنۇبىي ئافرىقىدىن قۇرۇق مېۋە ئېلىۋالغانىدۇق. پاراخوتتا يېڭى مېۋە ـ چېۋىلەر تولا ئىدى، لېكىن قۇرۇق مېۋىنى ئاسانلىقچە سېتىۋالغىلى بولمايتتى.

جىۋراج مېھتا دوختۇر بېلىمگە دورا چېپىپ قويۇپ، قىزىل دېڭىزغا بارغاندىن كېيىن ئېلىۋېتىشىمنى ئېيتقانىدى، مەن دەسلەپكى ئىككى كۈندە چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ يۈردۈم، لېكىن كېيىن زادىلا چىدىماي قالدىم، مەن مەلھەمنى مىڭ تەسلىكتە ئېلىۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن يۈيۈنغۇدەك بولۇپ قالدىم.

قۇرۇق يەل ـ يېمىش ۋە ھۆل مېۋە مېنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكىم ئىدى، مەن ئۆزۈمنى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم، پاراخوت سۇۋەيش قانىلىغا كىرگەندە ساقىيىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدىم، لېكىن تېنىم يەنىلا ئاجىز ئىدى، بۇنىڭدىن ئانچە ئەنسىرىمىسەممۇ بولاتتى، مەن ھەرىكەت مىقدارىمنى ئاشۇردۇم. سالامەتلىكىمنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشى ئاساسلىقى تىروپىك بەلباغنىڭ ساپ، يېڭى ھاۋاسىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

مەن بۇنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر ياكى باشقا سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. مەن پاراخوتتا ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن ھىندىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇنداق ھالەتنى مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىن قايتىش سەپىرىدە ئۇچراتمىغانىدىم. مەن بىرنەچچە ئەنگلىيەلىك بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم، لېكىن ئۇلار ساپلا ئادەتتىكى ھاۋا رايىغا مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى قىلدى، بۇ پاراخوتتا جەنۇبىي ئافرىقا پاراخوتلىرىدەك سەمىمىي ھال ـ مۇڭچىلىقنى ئەسلا كۆرگىلى بولمايتتى، مەن بۇنىڭدىكى سەۋەبنى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ بىر خىل ئىستىخىيەلىك تۇيغۇسىدىن، يەنى ئۆزىنى ھۆكۈمران مىللەت، ھىندىستانلىقلارنى بېقىندى مىللەت دەپ قارايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

مەن بۇنداق كەيپىياتتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيگە بالدۇرراق قايتىشنى ئويلايتتىم.

پاراخوت ئادەن پورتىغا كىرىشى بىلەنلا، بىز گويا ئۆيىمىزگە كەلگەندەك تۇيغۇدا بولدۇق، دۇرباندىكى ۋاقتىمىزدىلا بىزنىڭ كېكوباد كاۋاسجى دىنشاۋ (Kekobad Kavasji Dinshaw) ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى

بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدىچىلىكىمىز بولغاچقا، بىز ئادەتلىنىقلارنى خېلى ئوبدانلا چۈشىنەتتۇق.

بىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بومبايغا يېتىپ باردۇق. ئايرىلغىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەچكىمىكىن، ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم بېسىشىمىز بىلەنلا بىزنى ئېيتقۇسىز بىر خىل خۇشاللىق چۇلغىۋالدى.

گوكلېي بومبايدا مېنى كۈتۈۋېلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن مېنى كۈتۈۋالغىلى بومبايغا كەلگەنىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن سەممىمىي ھەمكارلىشىش، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىش مەقسىتىدە ھىندىستانغا كەلگەنىدىم. شۇڭا، ئۆزۈمنى ئادەتتىن تاشقىرى يەڭگىل سېزەتتىم، ھالبۇكى مېنى تەقدىرنىڭ باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

www.uyghurkitap.com

## قىرىق تۆتىنچى باب

# ئادۋوكات چاغلىرىمدىكى بەزى ئىشلار

ھىندىستانغا قايتقاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىمنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۆزۈم ئەتەي قالدۇرۇۋەتكەن، جەنۇبىي ئافرىقىدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى قايتىدىن بايان قىلسام بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىرنەچچە ئادۋوكات دوستۇم ئادۋوكاتلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدىكى ئىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى، بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىشقا توغرا كەلسە، يوغان بىر كىتاب چىقاتتى. ئۇلارنى يازسام، بايان قىلىش دائىرەمدىن چىقىپ كەتكەن بولىمەن، بۇ يەردە ھەقىقەت يولى ئۈستىدىكى بەزى ئىشلارنى بايان قىلسام ئارتۇقلۇق قىلماس.

ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن كەسپىمدە ھېچقاچان سەممىيەتسىزلىك قىلىپ باقمىغانلىقىمنى تىلغا ئالغانىدىم. ھالبۇكى، ئادۋوكاتلىق ئىشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى. مېنىڭ مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن ئالغان ھەققىم ئەمەلىي چىقىمىمدىن ئېشىپ كەتمەيتتى، ھەتتا بەزىدە كەم يەرلەرنى ئۆزۈم چىقىم قىلىپ تولۇقلاپ قوياتتىم. ئادۋوكاتلىق كەسپىم ئۈستىدە مۇشۇنچىلىكرەك سۆزلىسەم بولاتتى، لېكىن دوستلىرىم يەنىمۇ كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، ئۇلار بەلكىم ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمىغان بىرنەچچە ئىشنى مۇنداق سۆزلەپ قويسامۇ ئادۋوكاتلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ساۋاق بولىدۇ دەپ ئويلىسا كېرەك.

مەن ئوقۇغۇچى ۋاقىتلىرىمدا ئادۋوكاتلىق كەسپىنى يالغانچىلىق قىلىدىغان كەسىپ دەپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر

www.uyghurkitap.com

ماڭا قىلچىلىك تەسىر قىلمىغانىدى. چۈنكى، مەن يالغان گەپ قىلىپ بېقىپ، ساختا نام قازانماقچى ئەمەس ئىدىم.

پرىنسىپلىرىم جەنۇبىي ئافرىقىدا كۆپ قېتىم سىنالدى. رەقىبلىرىمنىڭ ئۆز گۇۋاھچىلىرىنى پۇسكايتىدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. مەن دەۋالاشقۇچىلىرىمنى ياكى ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلىرىنى يالغان گەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپلا قويسام، دەۋادا ئۇتماي قالمايتتىم، لېكىن بۇنداق ساختىپەزلىكنى رەت قىلاتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم بىر دېلودا غەلىبە قىلغانىدىم، لېكىن مەن دەۋالاشقۇچىلىرىم مېنى ئالدىغانمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم. مەن ئۆزۈم غەلىبە قىلغان دېلولارنىڭ ھەققانىي ۋە ئادىل بولۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلاتتىم، ھەق ئالىدىغان ۋاقتىدا دەۋادا غەلىبە قىلىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالمايتتىم، دەۋالاشقۇچىلىرىم دەۋادا غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ھەقنى يا ئاز، يا كۆپ ئېلىش غەرىزىدە بولمايتتىم.

ھەربىر يېڭى دەۋالاشقۇچى مېنى ئىزدەپ كەلگەندە، مەن ساختا دېلو قوبۇل قىلمايمەن دەپ شۇ كىشىنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتىم. شۇڭا، باشقىلار گۇۋاھچىلىرىمنىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىشىمنى تەمە قىلمايدىغان بولدى، نەتىجىدە داڭقىم چىقىپ، بىرمۇ ساختا دېلوغا يولۇقمىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى دەۋاگەرلەر ھەقىقىي دېلولارنى مېنىڭ بېجىرىشىمگە بېرىپ، بەزى شۈبھىلىك دېلولارنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئاپىراتتى.

مېنىڭ ئەڭ ياخشى بىر دەۋالاشقۇچىم ماڭا بىر دېلونى ھاۋالە قىلغانىدى، بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقىي بىر سىناق بولغانىدى، بۇ دېلو ناھايىتى مۇرەككەپ ھېسابات ئىشىغا چېتىلاتتى، يەنە كېلىپ بۇ بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ئىش ئىدى. بۇ دېلونى قوبۇل قىلغان سوت مەھكىمىسى بىرنەچچىگە يەتكەنىدى، ئەڭ ئاخىرىدا سوت مەھكىمىسى دېلونىڭ ھېسابات قىسمىنى سالاھىيەتلىك بىرنەچچە بوغالتىرنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تاپشۇرغانىدى. نەتىجىدە داۋالاشقۇچىم پۈتۈنلەي پايدا ئالدى. لېكىن، كېيىنكى قىلغۇچىلار ھېسابلاش جەريانىدا بىخەستەلىكتىن كىچىككىنە بىر خاتالىققا يول قويغانىدى، گەرچە سان كىچىك بولسىمۇ، دېلو ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر ئىدى. چۈنكى، ئۇلار دېبىتنى كرېدىت قىلىپ خاتىرىلىگەنىدى، قارشى تەرەپ بۇنى باشقا سەۋەبلەردىن رەت قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن دەۋالاشقۇچىمنىڭ

ياردەمچى ئادۋوكاتى ئىدىم، باش ئادۋوكات بۇنى بايىقىغاندا بىزنىڭ دەۋالاشقۇچىمىز بۇنى تەن ئالماسلىقى كېرەك، دەپ قارىغانىدى. تەبىئىيكى، ئۇنىڭ پىكرىچە بولغاندا، ئادۋوكات بولغان ئادەم ئۆز دەۋالاشقۇچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن مەن بۇ خاتالىقنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك دەپ تۇرۇۋالدىم.

لېكىن، باش ئادۋوكات گېپىمگە رەددىيە بېرىپ: «مۇشۇنداق قىلساق سوت مەھكىمىسى بۇ كېسىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇمكىن، بۇنى ھەرقانداق ئادۋوكات توغرا تاپمايدۇ، مەيلى قانداق بولسۇن، مەن بۇ خەۋپكە يېنىكلىك بىلەن تەۋەككۈل قىلمايمەن، بۇ دېلونى يەنە سوت ئېچىشقا مەلۇم قىلساق، دەۋالاشقۇچىمىز زادى قانچىلىك پۇل خەجلەيدۇ، ئاخىرقى نەتىجە قانداق بولىدۇ، بۇنىڭغا بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ!» دېدى.

بىز بۇ مەسىلىنى تالىشىۋاتقاندا، دەۋالاشقۇچىلارمۇ نەق مەيداندا بار ئىدى.

— مەن دەۋالاشقۇچىمىز ۋە دەۋالىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپ بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن، بىزنىڭ خاتالىقنى تەن ئالمىغانلىقىمىز سەۋەبلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر خاتا ھۆكۈمنى ماقۇللاشتىن ئۇمىد كۈتۈش پۈت دەسسەپ تۇرالامدۇ؟ بىز بۇنى ئېتىراپ قىلساق، دەۋالاشقۇچىمىز زىيان تارتقان تەقدىردىمۇ نېمە يامىنى؟ — دېدىم مەن.

— لېكىن بىز بۇ خاتالىقنى نېمىشقا ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز؟ — دېدى باش ئادۋوكات.

— بىز نېمىگە ئاساسلىنىپ سوت سوت مەھكىمىسى قۇسۇر تاپالمايدۇ ياكى رەقىبىمىز بۇنى بايقىمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز؟ — دېدىم مەن.

— ئەمىسە، سىز مۇشۇ دېلو ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىشنى خالامسىز؟ لېكىن، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن، — دېدى باش ئادۋوكات بۇ ئىشنى قارار قىلغان تەلەپپۇزدا.

— سىز مۇنازىرە قىلىشنى خالىمىسىڭىز، مەن قىلاي، پەقەت دەۋالاشقۇچىمىز شۇنداق قىلىشىمىزنى ماقۇل كۆرسىلا بولىدى، خاتالىقنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزگەرتمىسەك، ماڭا بۇ دېلودا قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىش يوق، — دېدىم مەن كەمتەرلىك بىلەن.

مەن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا دەۋالاشقۇچىمغا قاراپ قويدۇم. ئۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى، بۇ دېلوغا مەن باشتىنلا قاتنىشىپ كەلگەندىكىن، دەۋالاشقۇچىم ماڭا تامامەن ئىشىنەتتى، يەنە كېلىپ مېنى تولۇق چۈشىنەتتى. ئۇ: «ئۇنداقتا بوپتۇ، سىز بۇ دېلو ئۇستىدە مۇنازىرە قىلىپ بېقىڭ، خاتانى ئۆزگەرتسەك ئۆزگەرتەيلى، مەغلۇپ بولساق بولدۇق، بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمىسا، ئادالەتكە پەرۋەردىگارىم بار» دېدى.

مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، مېنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتىدىغىنىممۇ شۇ ئىدى، باش ئادۋوكات مېنى يەنە ئاگاھلاندۇردى، مېنىڭ كاجلىقىمغا ئېچىندى، لېكىن يەنە مېنى قۇتلۇقلىدى.

بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، كېيىنكى بابقا مۇراجىئەت قىلىڭ.

## قىرىق بەشىنچى باب

# ئالدامچىلىق

مەن پىكرىمنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلانمايتتىم، لېكىن بۇ دېلونى مۆۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايمەن دەپ كېسىپ ئېيتالمايتتىم. مېنىڭچە، بۇنداق قول تۇتىدىغان دېلونى ئالىي سوت مەھكىمىسىدە مۇنازىرىلىشىش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى، ھالبۇكى مەن زاسېداتېللارنىڭ ئالدىدا قورقۇنچتىن تىترەپ كەتكەنىدىم.

مەن ھېساباتتىكى خاتالىقنى تىلغا ئېلىشىمغىلا بىر سوتچى:

— بۇ ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ، گەندى ئەپەندى؟ — دېدى.

بۇ خىل مەنسىتمەسلىكنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. بىراق مېنى بىكاردىن ـ بىكار سەمىمىيەتسىز دەپ ئەيىبلىسە، راستلا سەۋر قىلىپ تۇرالمايتتىم.

«دەسلىپىدىلا قورسىقىدا جىن بار مۇشۇنداق بىر سوتچىغا دۇچ كەلدىم، قول تۇتىدىغان بۇ دېلودا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈمىدىم يوق دېيەرلىك» دېدىم مەن پىچىرلاپ دېگۈدەك ئۆزۈمگە، لېكىن ئۆزۈمنى تېزلا ئوڭشىۋالدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا بىمالال جاۋاب بېرىۋەردىم.

— جانابلىرى، گېپىم تۈگىگۈچە ئاڭلىماي تۇرۇپلا باشقىلارنى ئالدامچىلىق قىلدى، دەپ گۇمانلىنىشلىرى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ تەئەججۇپلەندۈرىدۇ، — دېدىم مەن.

— بۇ ئەيىبلەش مەسىلىسى ئەمەس، — دېدى ھېلىقى سوتچى، — بۇ بىر پەرەز.

— بۇ خىل پەرەزنى مەن ئەيىبلەش دەپ قارىمايمەن، جانابلىرىنىڭ گېپىمنى تۈگىتىپ ئاڭلاپ، ئاندىن مېنى ئەيىبلەشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

— گېپىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم، ھەقىقەتەن ئەپىلىكمەن، — دېدى ئۇ سوتچى، — قېنى خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى داۋاملىق كۆرسىتىڭ.

مەن يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن ئۆز پىكرىمنى قۇۋۋەتلىدىم. بۇ سوتچى ئاشۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولغاچقا، مەن سوتنىڭ دىققىتىنى ھە دېگەندىلا ئۆزۈمگە قارىتىۋالدىم. مەن گويا ناھايىتى زور مەدەتكە ئېرىشكەندەك بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تەپسىلىي چۈشەنچە بەردىم، سوتتىكىلەرنىڭ پىكرىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى سوتچىلارنى ھېساباتتىكى خاتالىقنىڭ پۈتۈنلەي بىخەستەلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئىمكانىيىگە ئىگە قىلدى. شۇڭا، ئۇلارغا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، كېيىنكى نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى چۈشەندۈردۈم.

قارشى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى بۇ خىل خاتالىق تۈزىتىلگەندىن كېيىن كۆپ بەس ـ مۇنازىرە قىلىشنىڭمۇ ئورنى قالمىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغان بولسا كېرەك، ئوزايىدىن كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ قالدى. لېكىن، سوتچىلار داۋاملىق ھېساب ـ كىتاب قىلىشماقتا ئىدى، چۈنكى ئۇلار بۇ خاتالىقنى ئاسانلا ھېسابلاپ چىققىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھېلىقى ئادۋوكات مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلىشىغا جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن دەسلەپتىلا مەندىن گۇمانلانغان ھېلىقى سوتچى ئەمدى ئېنىق مەن تەرەپكە ئۆتكەنىدى.

— گەندى ئەپەندى بۇ خاتالىقنى تۈزەتمىگەن بولسا، سىز يەنە نېمە قىلالايتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىزدىن بەلگىلىگەن ئاشۇ بوغالتىر، مۇتەخەسسىسلەردىنمۇ قابىل ۋە ئادىل كىشىلەرنى تېپىشنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

— سوتىمىز سىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىۋاتقان دېلولارنى ئەڭ پىششىق بىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىدۇ، سىز ئۇستا بوغالتىرمۇ ساقلىنالمايدىغان بۇ خىل بىخەستەلىكنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بەرمىگەن بولسىڭىز، سوتىمىزغا ئىككى تەرەپنى قايتىدىن دەۋاغا سېلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى، ئوپئوچۇق بىر خاتالىق ئۈچۈن يەنە پۇل خەجلەشكە توغرا كېلەتتى، مۇشۇنداق خاتالىقلار تۈزىتىلسە، بىزنىڭ دەۋاگەرلەرنىڭ ئەرزىنى داۋاملىق ئاڭلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ

يۇرۇشىمىزنىڭ ئورنى قالمايدۇ، — دېدى سوتچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ھېلىقى ئادۋوكاتنىڭ پىكرى مانا مۇشۇنداق قايرىپ قويۇلدى، سوت خاتالىق تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەرگە دېلونى قايتا تەكشۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدىمۇ، يوق، بۇنىسى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ.

مەن ناھايىتى خۇشال ئىدىم، دەۋالاشقۇچىم بىلەن باش ئادۋوكاتمۇ ئوخشاشلا خۇشال ئىدى، مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئېتىقادىمنى چىڭىتتىم. كىشى ھەقىقەت ئالدىدا كاجلىق قىلمىسا، ھەقىقىي ئادۋوكات بولالمايدىكەن.

ۋاھالەنكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسۇنكى، ئادۋوكات بولۇش جەريانىدا سەممىيلىكنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغاندا، بەزى كەسپىي مەسىلىلەردىن ساقلانغىلى بولمايدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قىرىق ئالتىنچى باب

# دەۋالاشقۇچىم كەسىپدىشىم بولۇپ قالدى

ناتالدا ئادۋوكات بولۇش بىلەن تىرانسۋالدا ئادۋوكات بولۇش ئوخشاشمايتتى. ناتالدا بىر جېنىغا ئىككى خىل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىۋالىدىغان ئادۋوكاتلارمۇ بولاتتى. ئاقلىغۇچىلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھامان قارىلىغۇچى بولغىلى بولاتتى. ھالبۇكى، تىرانسۋالدىكى ئەھۋال بومبايدىكىگە ئوخشىشاتتى، ئاقلىغۇچى بىلەن قارىلىغۇچىنىڭ دائىرىسى پەرقلىنەتتى، ئاقلىغۇچى بولۇش بىلەن قارىلىغۇچى بولۇشنىڭ بىرسىنى تالliۋېلىشقا بولاتتى. شۇڭا، مەن ناتالدىكى ۋاقتىمدىلا ئاقلىغۇچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بولساممۇ، تىرانسۋالغا كەلگەندىن كېيىن يەنە قارىلىغۇچى بولۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندۇم، مەن ئاقلىغۇچى بولغانلىقىم ئۇچۇن ھىندىستانلىقلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىسام بولمايتتى، شۇڭا جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىك قارىلىغۇچىلار مېنى ئىزدەپ كەلمەيتتى.

بىراق، تىرانسۋالدا قارىلىغۇچىلار ناھىيەلىك سوتتا سوتقا چىقاتتى. بىر قېتىم جوخاننېسبۇرگتىكى ناھىيەلىك سوتتا بىر دېلونى قوبۇل قىلىپ، دەۋالاشقۇچىمنىڭ مېنى ئالدىغانلىقىنى بايقىدىم، مەن ئۇنىڭ گۇۋاھچىلار ئورنىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بايقاپ، مۇنازىرىسىزلا سوتچىدىن بۇ دېلونى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدىم. قارشى تەرەپنىڭ ئادۋوكاتى بۇنىڭدىن ھەيران قالدى، لېكىن سوتچى قىلغانلىرىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. مەن دەۋالاشقۇچىمنى ماڭا ساختا دېلونى قوبۇل قىلدۇرۇپسەن دەپ ئەيىبلىدىم. ئۇ مېنىڭ ئەزەلدىن

يالغان ـ ياۋىداق دىپلولارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدى. مەن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇ خاتالىقىنى تونۇدى، يەنە تېخى سوتچىدىن ئۇنىڭغا پايدىسىز ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆتۈنسەممۇ، ئۇ مەندىن يامانلىمىدى. مېنىڭ بۇ دىپلوغا تۇتقان مەيدانىم ئىشلىرىمنى ئۇسالللاشتۇرماقتا يوق، ئەكسىچە خىزمىتىمنى راۋانلاشتۇرۇۋەتتى، مەن يەنە ھەققانىيەتكە بولغان سەمىمىيىتىمنىڭ كەسىپداشلىرىم ئارىسىدا ئابرۇيۇمنى كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، گەرچە ئىرق جەھەتتىكى كەمسىتىشلەر بولسىمۇ، لېكىن بەزى دىپلولاردا ئۇلاردىنمۇ بەك غالىب كەلدىم.

ئادۋوكاتلىق قىلغاندا مېنىڭ شۇنداق بىر ئادىتىم بار ئىدى، مەن ئۆزۈمگە نائېنىق تەرەپلەرنى داۋالاشقۇچىم ياكى كەسىپداشلىرىمدىن يوشۇرمايتتىم، ھەر قېتىم ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلالمىغاندا، بىراۋ مېنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا باشقا ئادۋوكات تېپىشىپ بېرەي دەپ تۇرۇۋالاتتىم. بۇنداق ئوچۇق ـ يورۇقلۇق ماڭا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئاتا قىلدى، ناۋادا كاتتا ئادۋوكات تېپىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ قالىدىغانلا بولساق، ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن بارچە چىقىمنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالاتتى.

بۇنداق ئىشەنچ ۋە يېقىنچىلىقنىڭ ئاممىۋى خىزمەتلىرىمگە بولغان ياردىمى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا ئادۋوكاتلىق قىلىشتىكى مەقسىتىمنىڭ مۇھاجىرلارغا خىزمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى ئالدىنقى بابلاردا دەپ ئۆتتۇم. شۇنداقتىمۇ ئىشەنچكە ئېرىشىش يەنىلا زۆرۈر بىر شەرت ئىدى. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ھىندىستانلىقلار پۇل تاپىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ماھىر ئىدى. لېكىن، مەن ئۇلارنى ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈرمىدە يېتىشنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشقا دەۋەت قىلغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر تەكلىپىمنى قوبۇل قىلدى. بۇنى ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلغانلىقىدىن بولدى دېگەندىن كۆرە، ماڭا بولغان ئىشەنچى ۋە يېقىنچىلىقىدىن بولدى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، قەلبىمدىكى نۇرغۇن گۈزەل

ئەسلىمىلەر قەلب ئېكرانىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئادۋوكاتلىق قىلىش جەريانىدا مىڭلىغان دەۋالاشقۇچىلىرىم ئاممىۋى خىزمەتلىرىمدىكى دوستلىرىم ۋە سەممىي كەسپداشلىرىمدىن بولۇپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ماسلىشىشى ئەسلىدىن جەبىر ـ جاپا ۋە خېيىم ـ خەتەرلەر بىلەن تولغان كۆنلىرىمنى گۈزەل تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىگە ئايلاندۇرغانىدى.

## قىرىق يەتتىنچى باب

# بىر دەۋالاشقۇچىمنى قۇتقۇزۇۋالدىم

پارىس رۇستومجىنىڭ نامى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق بولسا كېرەك، ئۇ دەل دەۋا ئىشى بىلەن مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ماڭا كەسىپداش بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ بىرسى ئىدى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئالدى بىلەن مېنىڭ كەسىپدىشىم بولۇپ، كېيىن مېنىڭ دەۋالاشقۇچىم بولۇپ قالغانىدى، مەن شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدىمكى، ئۇ شەخسىي ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مېنىڭ پىكرىمنى ئالاتتى، ھەتتا كېسەل بولۇپ قالسىمۇ، مەندىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى. بىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىمىزدە ناھايىتى زور پەرقلەر بولسىمۇ، ئۇ مېنىڭ تويپا بىلەن داۋالاش ئۇسۇلۇمنى قىلچە ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلغانىدى.

بىر قېتىم ئۇ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇ ھەممە ئىشلىرىنى ماڭا ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋالاتتى. ئۇ ناھايىتى چوڭ ئىمپورت سودىگىرى ئىدى. ھەمىشە بومباي بىلەن كالكۇتتادا ئىمپورت رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ تۇراتتى، بەزىدە ئەتكەسچىلىك ۋەسۋەسىلىرىدىنمۇ خالىي بولالمايتتى، لېكىن ئۇنىڭ تاموژنا ئەمەلدارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايتتى، تاموژنىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنگەچكە، ھەمىشە ئۇنىڭ مال تالونىغا ئاساسەن باج ئالاتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ئەتكەسچىلىكىگىمۇ سۈكۈت قىلاتتى.

گۇجارات شائىرى ئاكخو (Akho)نىڭ «ئوغرى خۇددى سىمابقا ئوخشاش تۇتۇق بەرمەيدۇ» دېگەن بىر ئىبسىل گېپى بار ئىدى، پارىس رۇستومجىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ دوستۇم بىر كۈنى ئالاقزەدە بولغان

هالدا مېنى ئىزدەپ كەلدى، يىغىدىن ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ:

— بۇرادەر، مەن سىزدىن يوشۇرغانىدىم، مېنىڭ جىنايىتىم بۇگۈن پاش بولۇپ قالدى، مەن ئەتكەسچىلىك قىلدىم، مەن تۈگەشتىم، مەن تۈرمىگە چۈشمەي قالمايمەن، ھەممە تۈگىدى، بەلكىم سىز مېنى بۇ ئۈمىدسىزلىك گىردابىدىن خالاس قىلالىشىڭىز مۇمكىن. مەن سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمىغانمەن، لېكىن مەن بۇنداق ئۇسۇلدىكى تىجارەت بىلەن سىزنى ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن، شۇڭا ئەتكەسچىلىك ئىشىنى سىزگە ئېيتمىغانىدىم، لېكىن ئەمدى مەن بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن! — دېدى.

— سىزنى قۇتقۇزغىلى بولۇش - بولماسلىق پەرۋەردىگارغا باغلىق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — مېنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز، مەن سىزنى خاتالىقنى تونۇش چارىسى بىلەنلا قۇتقۇزىمەن.

بۇ ئاق كۆڭۈل پارس قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىدى.

— ئەجەبا، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خاتالىقىمنى تونۇغىنىممۇ يەتمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— سىز مېنىڭ ئالدىمدا ئەمەس، ھۆكۈمەت ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن، مېنىڭ ئالدىمدا خاتالىقىڭىزنى تونۇغىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدىم مەن سىلىق تەلەپپۇزدا جاۋابەن.

— مەن ئەلۋەتتە پەرمانبەردارلىق بىلەن ئىش قىلىمەن، بىز بۇ ئىشنى پېشقەدەم قانۇن ۋاكالەتچىمگە مۇراجىئەت قىلىپ باقساق قانداق، ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى، — دېدى ئۇ.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق پارسى رۇستومجىنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولغانلىقى مەلۇم بولدى. لېكىن، بۇ قېتىمقىسى ئەتكەس مالنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئىدى. بىز ئۇنىڭ قانۇن ۋاكالەتچىسىنى ئىزدەپ باردۇق، ئۇ ھۆججەتلەرنى بىر قۇرۇپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: «بۇ دېلوغا زاسېداتېللار سوت ئاچسا بولغۇدەك، لېكىن ناتاللىق زاسېداتېللار بىر ھىندىستانلىقنى ئاسانلىقچە بولدى قىلىۋەتمەيدۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئۈمىدۋارمەن» دېدى.

مەن بۇ قانۇن مەسلىھەتچىسى بىلەن دېگەندەك تونۇشۇپ كەتمەيتتىم. پارسى رۇستومجىنىڭ ئېغىز ئېچىپ: «رەھمەت سىزگە، بۇ دېلوغا گەندى ئەپەندىنى ياردەملەشتۈرەيمىكىن دەيمەن، چۈنكى بىز

تونۇش، ئەلۋەتتە زۆرۈر تېپىلسا، سىزنى يەنە ئۇنىڭغا ئاز ـ پاز يول كۆرسىتىشكىمۇ تەكلىپ قىلىمەن» دېدى.

قانۇن مەسلىھەتچىسى مانا مۇشۇنداق توسۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، بىز پارسى رۇستومجى ئەپەندىنىڭ دۇكىنىغا كەتتۇق.

شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭغا ئۆز كۆزقارىشىمنى چۈشەندۇردۇم: «مېنىڭچە بۇ دېلودا سوت مەھكىمىسىگە بېرىشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق، سىزنى ئەيىبلەمدۇ ياكى كۆرۈنۈشكىلا ئىشلەپ قويۇپ بولدى قىلامدۇ، بۇ پۈتۈنلەي تاموژنا ئەمەلدارلىرىنىڭ پوزىتسىيەسىگىلا باغلىق، يەنە كېلىپ ئۇلار باش تەپتىشنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ باقساقمىكىن دەيمەن. مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، سىز ئۇلار بەلگىلىگەن جەرىمانىنى تۆلەڭ، بەلكىم ئۇلار قوشۇلۇپمۇ قالار، ئەگەر ئۇلار قوشۇلمىسا، ئۇ ھالدا تۈرمىدە يېتىشقا ھازىرلىنىپ قويۇڭ. مېنىڭچە يۈز كېتىدىغىنى تۈرمىدە يېتىش ئەمەس، قانۇنسىزلىق قىلىش».

مەن پارسى رۇستومجى پىكرىمنى تولۇق قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ھۆددە قىلالمايتتىم. ئۇ باتۇر ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق قىلىشقا تازا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ نام ـ ئابرۇيى قىل ئۈستىدە قالغانىدى. ئۇ پۈتۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققان كاتتا قەسىر ۋەيران بولسا، ئۇ يەنە نېمىمۇ قىلالايتتى؟

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — مەن بۇرۇنلا سىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا قوشۇلىمەن، دەپ لەۋزە قىلىپ بولغان، سىز قانداق قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنداق قىلىڭ.

بۇ دېلونى دەپ ئىغىزلىرىم ئۇپراپ كەتتى. مەن تاموژنا ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەممە ئەھۋالنى قىلچە قورقماستىن ئۇنىڭغا تولۇقى بىلەن ئېيتتىم. يەنە بارلىق ھېساباتىنى ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولدۇم ھەمدە پارسى رۇستومجىنىڭ تولىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم.

تاموژنا ئەمەلدارى ماڭا:

— مەن بۇ پارسىنى ياقتۇرىمەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بەك ئېچىندىم، سىز مېنىڭ مەسئۇلىيىتىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلىسىز، مەن باش تەپتىشنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشىم كېرەك، شۇڭا سىزنى ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باقامدىكىن دەيمەن، — دېدى.

— ئۇنى سوتقا تارتىپ چىقارمىساق بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالمىسىڭىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئۇنداقتا سىزدىن كۆپ مىننەتدار بولغان بولاتتىم.

ئۇ ماقۇل بولغاندىن كېيىن باش تەپتىشكە خەت يازدىم ھەمدە ئۇنى يوقلاپ باردىم. شۇنى خۇشاللىق بىلەن ئېغىزىمدىن چۇشۇرمەيمەنكى، ئۇ مېنىڭ ھەممىنى قالدۇرماي ئېيتقان ئوچۇق - يورۇقلۇقۇمدىن خۇشال بولدى ھەمدە مېنىڭ ھېچنېمىنى يوشۇرمىغانلىقىمغا ئىشەندى.

مەن قەتئىيلىكىم ۋە ئوچۇق - يورۇقلۇقۇمنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇنىڭ: «سىز مەڭگۇ ياق دېگەن جاۋابقا دۇچ كەلمەيسىز» دېگەن باھاسىغا نائىل بولدۇم. بۇ مۇشۇ دېلو سەۋەبىدىنمۇ ياكى باشقا ئىشلار سەۋەبىدىنمۇ ھازىر تازا ئېسىمدە قالماپتۇ.

پارسى رۇستومجىنىڭ دېلوسى مانا مۇشۇنداق مۇرەسسە قىلىنىپ ھەل بولدى. ئۇ ئۆزى ئېتىراپ قىلغان ئەتكەس مېلىنىڭ باھاسىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ جەرىمانىنى تاپشۇردى. پارسى رۇستومجى ئەۋلادلىرىنىڭ ۋە كەسپداشلىرىنىڭ دائىم ھوشيار بولۇشى ئۈچۈن، بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆز ئەينى بويىچە يازدۇرۇپ، ئەينەك رامكىغا ئېلىپ ئىشخانىسىغا ئېسىپ قويدى.

پارسى رۇستومجىنىڭ بىرنەچچە دوستى مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىمنى ئېيتتى، ئۇلار يەنە ئۇنىڭ بۇ تۈۋىسىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، دېيىشتى. مەن بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتقىنىمدا، ئۇ: «سىزنى ئالدىسام، مېنىڭ يەنە نېمە ئىستىقبالىم بولسۇن؟» دېدى.



# بەشنچی قسم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرىنچى باب

## دەسلەپكى تەسىرات

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بولغۇچە، سۈمۈرغ كەنتىدىن يولغا چىققانلار ئاللىقاچان ھىندىستانغا كېلىپ بولغانىدى، پىلان بويىچە مەن ھىندىستانغا ئۇلاردىن بۇرۇن كېلىپ بولۇشۇم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن ئەنگلىيەدە ئۇرۇشقا ئالاقىدار ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ھىندىستانغا بالدۇر بېرىش پىلانىم پۈتۈنلەي سۇغا چىلاشقانىدى. مەن ئەنگلىيەدە تۇرلۇك توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىمنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، دۇچ كەلگەن تۇنجى مەسىلە بۇ بىر توپ كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى. مۇمكىن بولسا مەن ئۇلارنى ھىندىستاندىمۇ بىللە تۇرغۇزۇپ، يەنىلا سۈمۈرغ كەنتىدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرگۈزمەكچىدىم. مەن ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇدەك بىرەر بىلىم يۇرتىنىمۇ بىلمەيتتىم، شۇڭا ئۇلارغا ئاندرېۇس (Andrews) ئەپەندىنى ئىزدەش ھەمدە ئىشلارنى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە تېلېگرامما بېرىۋەتتىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كانگرى (Kangri)دىكى گۇرۇكۇل (Gurukul) دېگەن جايغا چۈشتى، مەرھۇم سىخاۋمى سىرويۇناجى ئەپەندى ئۇلارغا ئۆز پەرزەنتلىرىگە قارىغاندەك قارىدى. كېيىن ئۇلار شانتىنكېتان[1] ئالىي بىلىم يۇرتىغا كۆچۈپ باردى. ئۇ يەردە شائىر تاگور ۋە ئۇنىڭ

---

① شانتىنكېتان (shantinketan) — تىنچلىق كەنتى دېگەن مەنىدە، كالكۇتتانىڭ شىمالىدىن 100 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، ئۇ مەكتەپنى شائىر تاگور قۇرغان، كېيىن ئۇنى تاگور خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغان. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ھەمراھلىرى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى جايدا ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە ماڭا كۆپ ياردىمى تەگدى.

مەن ھەممىشە ئاندرېۋسقا شائىر تاگور شرادداناندجى (Shraddhanandji) ۋە مەكتەپ باشلىقى سۇشىل رۇدرا (Sushil Rudra) ئۈچەيلەننى بىر گەۋدە دەيتتىم. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمدا، ئاندرېۋس ھەممىشە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېسىقمايتتى. مېنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا دائىر نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلىرىم ئىچىدە، ئاندرېۋس ئەپەندىنىڭ بۇ بۈيۈك ئۈچ گەۋدە ھەققىدىكى تىنىمسىز مەدداھلىقلىرى ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ شېرىن بولسا كېرەك. ئاندرۋېس ئەپەندىمۇ سۇمۇرغ كەنتىدىن كەلگەن بۇ بىر توپ كىشىنى سۇشىل رۇدراغا تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. رۇدرا ئەپەندى مەكتەپنى ئەمەس، ئۆيىنى سۇمۇرغ كەنتىدىن كەلگەنلەرگە بەردى. ئۇلار كېلىپ بىر كۈن بولا ـ بولمايلا ئۇنىڭ ئادەملىرى سۇمۇرغ كەنتىدىن ئايرىلىپ بىرنەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇيغۇدىمۇ بولمىدى.

بومبايدا قىرغاقتا چىققاندىلا سۇمۇرغ كەنتىدىكىلەرنىڭ سانتىنكېتانغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇڭا، گوكلېي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭدىم.

مېنىڭ بومبايدىكى قارشى ئېلىنىشىم مېنى كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر قېتىملىق زورلۇق كۈچسىز قارشىلىق كۆرسىتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

شۇ قېتىمقى قارشى ئېلىش يىغىلىشى جېخانگىر پېتىت ئەپەندىنىڭ يېرىدە ئۆتكۈزۈلگەندى، مەن يىغىندا گۇجارات تىلى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمىدىم. مەن كېلىشىملىك ئىشچىلار ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئادەتلەنگەنىدىم. قەسىرگە ئوخشاش چاقناپ تۇرىدىغان ئاشۇ جايغا قەدەم قويۇشۇم بىلەنلا، ئۆزۈمنى خۇددى بىر قارا تومپايدەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇ چاغدا كاسىياۋادچە تون، بېشىمدا «ياغلىق»، ئايىغىمدا «تودى» بار ئىدى، قارىماققا بۇگۈنكىدىن بىرئاز مەدەنىيەتلىكتەك كۆرۈنەتتىم. لېكىن، پېتىت ئەپەندىنىڭ ياسىداق زالى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك بولغاچقا، دەماللىققا نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى سىر فېروزېشا ئەپەندى ئۇ يەردە ماڭا ھىمات بولۇپ تۇرغاچقا، ئۆزۈمنى ئاران جوڭقۇرۇپ تۇرالىدىم.

كېيىن يەنە گۇجاراتلىقلارنىڭ قارشى ئېلىش يىغىنى بولدى، يىغىننى مەرھۇم ئۇتتاملال تىرىۋېدى (Uttamlal Trivedil) ئۇيۇشتۇرغانىدى. چۈنكى، گۇجاراتلار قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئادەمنى ماڭغىلى قويمايتتى. مەن ئالدى بىلەن قارشى ئېلىش يىغىنىنىڭ نومۇرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. يىغىنغا جىنناھ (Jinnah) ئەپەندىمۇ قاتناشقانىدى. ئۇ گۇجارات مىللىتىدىن ئىدى، ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى قارشى ئېلىش يىغىنىنىڭ رەئىسى ياكى ئاساسلىق سۆز قىلغۇچىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ ئىنگلىز تىلىدا قىسقا ھەم پاساھەتلىك بىر نۇتۇق سۆزلىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، باشقىلارمۇ ئاساسەن ئىنگلىزچە نۇتۇق سۆزلىگەنىدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، مەن گۇجارات تىلى بىلەن ئۆز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم. گۇجارات تىلى بىلەن ھىندى تىلىغا بولغان ئامراقلىقىمنى چۈشەندۈردۈم ھەمدە گۇجاراتلىقلارغا خاس يىغىلىشتا ئىنگلىزچە سۆزلىمەسلىكنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆتۈندۈم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم تاسادىپىيمۇ ئەمەس ئىدى، چۈنكى مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان ماڭا ئوخشاش تەجرىبىسىز ئادەم قېلىپلىشىپ قالغان ئۇسۇل بىلەن ئېتىراز بىلدۈرسە ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ۋەھالەنكى، مېنىڭ گۇجارات تىلىدا سۆزلىگەن نۇتقۇمنى خاتا چۈشىنىدىغان ئادەم چىقمىدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئېتىرازىمغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بۇ قېتىمقى يىغىلىش مېنى غەيرىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ تەس ئەمەسكەنغۇ دېگەن قاراشقا كەلتۈردى. بومبايدا تۇرغان ۋاقتىم قىسقا بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىۋى تەجرىبىلەرگە كۆپ ئېرىشتىم، كېيىن گوكلېي كۆرۈشۈش ئۈچۈن چاقىرغاچقا پۇناغا كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئىككىنچى باب

## پۇنادا گوكلېي بىلەن كۆرۈشتۈم

بومبايغا كېلىشىم بىلەنلا، گوكلېي ماڭا ئۆلكە باشلىقىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە قائىدە بويىچە پۇناغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئۆلكە باشلىقى جانابلىرىنى يوقلاپ باردىم. تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ:

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنىمەن. سىز مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولسۇن ھۆكۈمەتكە ئالاقىدار بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ، — دېدى.

— بۇ ئاسان، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — چۈنكى مەن «زورلۇق كۈچسىز قارشىلىق كۆرسەتكۈچى». قائىدە بويىچە مەن قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى چۈشىنىشىم ھەمدە ئىمكانقەدەر قارشى تەرەپ بىلەن بىردەكلىككە كېلىشىم كېرەك. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى چاغدا، بۇ قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان. بۇ يەردىمۇ شۇنداق قىلىمەن.

— سىز مەن بىلەن كۆرۈشكىلى قاچانلا كەلسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى لورد ۋىللىنگتون، — سىز ھۆكۈمىتىمىزنىڭ يېڭىلىشىپ قالغۇسى يوقلۇقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسىز.

— دەل مۇشۇنداق ئېتىقاد تۈپەيلىدىنلا ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلەلىگەنمەن، — دېدىم مەن جاۋابەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ پۇناغا كەتتىم. مەن بۇ قىممەتلىك مىنۇتلاردىكى ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ بولالمايمەن. گوكلېي بىلەن ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىدىكى دوستلار مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ مېنى قارشى ئېلىشقا ھەممە خادىملارنى سەپەرۋەر قىلغانلىقى ئېنىق

ئېسىمدە. مەن ئۇلار بىلەن تۇرلۇك مەسىلىلەر ئۇستىدە ئۇچۇق - يوروق پاراڭلاشقانىدىم.

گوكلېي مېنىڭ بۇ جەمئىيەتكە قاتنىششىمنى بەك ئۇمىد قىلاتتى. مەنمۇ ئاشۇنداق خىيالدا ئىدىم. لېكىن، ئەزالار ئىدىيەم ۋە ئۇسۇلۇمنىڭ ئۆزلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، مېنى جەمئىيەتكە كىرسە بولمايدۇ، دەپ قارىغانىدى. گوكلېي مېنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىڭ مۇۋاپىق پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتى.

— لېكىن، — دېدى ئۇ، — ئۇلار سىزنىڭ مۇرەسسە قىلىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆز قارىشىغا جاھىللارچە ئىشىنىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ سىزنى قوبۇل قىلىشىنى ئۇمىد قىلىمەن. ئۇلار سىزنى رەت قىلسا، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ماڭا ھۆرمەت قىلمىدى، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇلار خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، مەيلى سىز جەمئىيەتكە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىرىڭ - كىرمەڭ، مەن سىزنى جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزاسى دەپ بىلىمەن.

مەن مەقسىتىمنى گوكلېيغا ئېيتتىم:

— مەيلى جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولاي - بولماي، مەن ئىنستىتۇت قۇرۇپ، سۇمۇرغ كەنتىدىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرايمىكىن دەيمەن. مەكتەپنىڭ ئورنى گۇجاراتتا بولسا تېخى ياخشى. مەن گۇجاراتلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن گۇجارات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمۇ دۆلەت ئۈچۈن ۋاستىلىك خىزمەت قىلغانلىق دەپ قارايمەن.

گوكلېي ئويلىغانلىرىمغا قوشۇلدى. ئۇ:

— شۇنداق قىلىسىڭىز تامامەن بولىدۇ. ئۇلار بىلەن قىلغان مەسىلىھەتىڭىزنىڭ نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەكتەپنىڭ راسخوتىنى ماڭا قويۇپ بېرىشىڭىزنى ئۇمىد قىلىمەن. مەن بۇ ئىنستىتۇتنى ئۆزۈمنىڭ دەپ بىلىمەن، — دېدى.

ئىچىمدە بەكمۇ خۇشال بولدۇم، چۈنكى خىراجەتنى پۇتۇنلەي ئۆزۈم ئۇستىگە ئېلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى ھەم بۇ ئىشنى يالغۇز ئۆزۈملا قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، مەن ئىنستىتۇتتىكىلەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئىشەنچلىك يېتەكچى ۋە ياردەم بولۇشقا ھەددە قىلالىسالا بولاتتى. بۇ گەپ يۈكلىرىمنى كۆپ يېنىكلىتىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېۋ (Dev) دوختۇر (ھازىر ئالەمدىن ئۆتتى) نى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ھېساباتى ئىچىدە ماڭا بىر ھېساب نومۇرى ئېچىپ بېرىشنى، يەنە ئىنستىتۇتنىڭ خىراجىتىگە كېتىدىغان پۇل ۋە باشقا ئاممىۋى چىقىملارنى ھەر ۋاقىت ئۆزىگە مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىدى.

مەن سانتىنىكتانغا بېرىشقا تەييارلاندىم. مەن يولغا چىقىش ئالدىدا، گوكلېي بىرنەچچە دوست ـ بۇرادەرنى چاقىرىپ چاي بەردى، مەن ياخشى كۆرىدىغان پېچىنە ـ پىرەنىك ۋە مېۋە ـ چېۋە، يەل ـ يېمىشلەرنى ئاتايىتەن ئۆزى بۇيرۇتتى. چاي بېرىلىۋاتقان ئورۇن ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چېيىمىزغا قاتنىشقۇدەك ماجالى قالمىغانىدى، لېكىن ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، زادى قاتناشمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ كەلدى، لېكىن يىقىلىپ چۈشكەچكە، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكېتىشكە توغرا كەلدى. ھوشىدىن كېتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بولالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندە، بىزگە چېيىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشنى تاپىلىدى.

بۇ جاي ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنى بولدى، يىغىن مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوشلۇقتا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇرادەرلەر يەر ياڭىقى، چىلان ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەچ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سىردىشىپ كەتتۇق.

ۋاھالەنكى، گوكلېينىڭ بۇ قېتىمقى ھوشىدىن كېتىشى ھاياتىمدىكى پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقە بولۇپ قالدى.

## ئۈچىنچى باب

# بۇ تەھدىتمۇ؟

مەن پۇنادىن ئايرىلىپ، ئالدى بىلەن راجكود ۋە پورباندارغا بېرىپ، تۇل قالغان يەڭگەم ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلىدىم.

مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلىرىمدا، كىيىنىشىمنى ئىشچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن، كىيىنىش ئادەتلىرىمنى خېلىلا ئۆزگەرتكەنىدىم. ئەنگلىيەدە سىرتلارغا چىقمىغاندا ئاددىيلا كىيىنىپ يۈردۈم. بومبايدا پۈتۈنلەي كاسىياۋادچە كىيىندىم، يەنى بىر كەمزۇل، بىر «تودى»، بىر چاپان ۋە بىر ئاق داستار (بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىندى رەختىدىن تىكىلگەنىدى) كىيىۋالغانىدىم. لېكىن، مەن بومبايدىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئىلىنىش ئۈچۈن ساياھەتكە چىققاچقا، داستار بىلەن چاپاننى ئارتۇقچە ھېس قىلدىم ـ دە، بۇلارنى ئالماي، سەككىز ـ توققۇز ئاننا خەجلەپ كەشمىرچە بۆك سېتىۋالدىم. مۇشۇنداق كىيىنىپ يۈرسەم، كىشىلەر مېنى چوقۇم بىر كۆك نامرات ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىشاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا كالا ئازار كېسىلى تارقىلىۋاتقان بولغاچقا، ۋىرامگام (Viramgam)دىمۇ ياكى ۋادۋان (Wadhwan)دىمۇ ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى يولۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرگىلى ئادەم كەلدى. مەن بىر ئاز قىزىپ قالغانىدىم. تەكشۈرگۈچى مېنى پويىز راجكودقا بارغاندا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئىسمىمنى خاتىرىلىۋالدى.

ئېھتىمال، بىركىم مېنىڭ ۋادۋانغا ئۆتىدىغانلىقىمنى ئېيتقان بولسا كېرەك، شۇ جايدىكى بىر داڭلىق ئاممىۋى خىزمەتچى، تىككۈچى

موتىلال (Motilal) ئەپەندى مېنى قارشى ئالغىلى ۋوكزالغا كەپتۇ. ئۇ ماڭا ۋىرامگامنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى، شۇ سەۋەبتىن پويىزدىكى يولۇچىلارنىڭ رىيازەت چېكىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن قىزىقىپ قالغانىدىم، كۆپ گەپ قىلغۇم كەلمەي، سۆھبەتنى ئادىتىلا بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن ئاياغلاشتۇرماقچى بولدۇم:

— سىزنىڭ تۇرمىدە ياتقۇڭىز بارمۇ؟

مەن موتىلالنى بىر يەڭگىلتەك ياش بالا چاغلاپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئويلاشمايلا قىلغان گەپ دەپ قارىغانىدىم. لېكىن، موتىلال ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— پەقەت سىزلا بىزگە رەھبەرلىك قىلسىڭىز، بىز ئەلۋەتتە تۇرمىدە يېتىشقىمۇ رازىمىز. بىز كاسىياۋادىلىقلار ئالدىڭىزدا پەۋقۇلئادە ھوقۇققا ئىگىمىز. ئەلۋەتتە، ھازىر سىزنى ئېلىپ قالغۇمىز يوق، لېكىن شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك، قايتىدىغان چاغدا بۇ يەردە توختاپ ئۆتسىڭىز. سىز بىزنىڭ بۇ يەردىكى ياشلارنىڭ خىزمىتىنى ۋە روھىنى كۆرسىڭىز چوقۇم خۇشال بولىسىز، بىزگە ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. سىزلا چاقىرىق قىلسىڭىز، بىز دەرھال ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىمىز.

موتىلالنىڭ گېپى دىققىتىمنى تارتتى. ئۇنىڭ ھەرەھلىرىمۇ ئۇنى ئۇچۇرۇشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ بۇ دوستىمىز بىر تىككۇچى، لېكىن ھۈنەرگە بەك پۇختا، ئۇنىڭغا ئېيىغا 15 رۇپىيەلا كېتىدۇ، لېكىن بۇنچىلىك پۇلنى ئۇ بىر سائەتتىلا تېپىپ قويىدۇ. شۇڭا، قالدى ۋاقىتلىرىنى جامائەتنىڭ خىزمىتىگە ئاتايدۇ. ئۇ بىزگە باشلامچىلىق قىلىپ بىزنى ئىلگىرى ئالغان تەربىيەمىزدىن خىجىل بولىدىغان قىلىپ قويىدى.

كېيىن موتىلال بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىمىز غولداپ كەتتى. شۇنىڭدىلا كىشىلەرنىڭ ماختاشلىرىنىڭ بىر ئازمۇ ئېشىپ كەتمىگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ھەر ئايدا قۇرۇلغان مەكتەپكە كېلىپ تۇرۇپ كېتىشنى ئۆزىگە بەلگىلىمە قىلغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن باللارغا تىككۇچىلىكنى ئۆگەتتى، شۇنىڭدەك ئۆزىمۇ مەكتەپنىڭ تىككۇچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ئۇ ھەر كۈنى مەن بىلەن ۋىرامگامنىڭ ئەھۋالى، پويىزدىكى يولۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشەتتى، ئۇ بۇ ئەھۋاللارغا چىداپ تۇرالمىغانىدى. ئۇ بىر قېتىم جىددىي كېسەل بىلەن تازا قىران ۋاقتىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ۋادۋاننىڭ ئاممىۋى خىزمەتلىرى ئۇنىڭ يوقلۇقى بىلەن زور تەسىرگە ئۇچرىدى.

مەن راجكودقا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا، دوختۇرخانىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى باردىم. ئۇ يەردىكىلەر مېنى تونۇمايتتى. دوختۇر تەڭلىكتە قېلىپ ھېلىقى تەكشۈرگۈچىدىن ئاغرىندى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، تەكشۈرۈش ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى. ئۇ مېنى تونۇمايتتى، تونۇغان تەقدىردىمۇ باشقىچە ئىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېلىقى دوختۇر مېنى ئۇنىڭ قېشىغا بارغىلى قويماي، تەكشۈرگۈچى ئۆزى كەلسۇن دەپ تۇرۇۋالدى.

تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان چاغلاردا ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ئەگەر كاتتا ئەربابلارمۇ ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇشنى ئىختىيار قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارمۇ كەمبەغەللەر رىئايە قىلغان بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، تۆمۈريول خادىملىرىمۇ خالىس بولۇشى زۆرۈر ئىدى. مېنىڭ تەجرىبەم شۇكى، تۆمۈريول خادىملىرى ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونلاردىكى يولۇچىلارنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرمەيتتى، بەلكى ئۇلارنى بىر پادا قوي ـ قوزىلاردەك ھېس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى تولىمۇ ھاكاۋۇر بولۇپ، گېپىنى ئاڭلىغۇچىسى، مۇنازىرىلىشىشكە بولمايتتى. ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكىلەر خۇددى ئۇلارنىڭ قولىدەك ئۇلارغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. خادىملار ئۇلارنى بىكاردىن ـ بىكارلا ئۇراتتى ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. يەنە كېلىپ ھەممىشە ئۇلار زادى بولالماي قالغاندىلا، ئاندىن بېلەت سېتىپ بېرەتتى، بەزىدە ھەتتا ئۇلارنى پويىزغا كېچىكتۈرۈپ قوياتتى. بۇلارنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. تەربىيە كۆرگەن ۋە پۇللۇق ئادەملەر ئۆزلىرى خالاپ ئۇچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇپ، كەمبەغەللەر بەھرىمەن بولالمايدىغان مۇئامىلىلەرنى ۋە ئەسلىدە ساقلانغىلى بولىدىغان جەبىر ـ جاپا، ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى تېتىپ بېقىشى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كېلىشى كېرەك. بولمىسا بۇلارنى ئىسلاھ قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەن كاسىياۋادتا ھەممىلا يەردە دېگۈدەك كىشىلەرنىڭ ۋىرامگام

تاموژنىسىنىڭ ئەسكىلىكلىرى ئۈستىدىن قىلغان قاقشاشلىرىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا، مەن لورد ۋېللىڭتون ئەپەندىنىڭ تەكلىپىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدىم. مەن مۇشۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بارلىق ھۆججەتلەرنى توپلىدىم ۋە ئوقۇدۇم. ئاشۇ پىكىرلەرنىڭ بەرھەقلىقىنى ئۆزۈم بىۋاسىتە دەلىللىدىم. ئاندىن بومباي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلەشتىم. مەن ۋېللىڭتون ئەپەندىنىڭ خۇسۇسىي كاتىپىنى زىيارەت قىلىپ باردىم ھەمدە ۋېللىڭتون جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم. ۋېللىڭتون ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ كاتىپى: «ئەگەر بۇ ئىشلار بىزنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىمىزدە بولغان بولسا، بىز ئۇ تاموژنىنى ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرغان بولاتتۇق. بۇ ئىشتا سىز ھىندىستان ھۆكۈمىتىنى ئىزدەپ بېقىڭ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلەشتىم. لېكىن، ئۇلار مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن باشقا، ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. كېيىن پۇرسەت كېلىپ چېلمىسفورد (Chelmsford) ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ مەسىلە شۇندىلا ھەل بولدى. مەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگىنىمدە، ئۇ ھەيرانۇھەس قالدى. بۇ ئەھۋاللارنى ئۇ ئازراقمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇ مېنىڭ بايانلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال تېلېفون بېرىپ ۋىرامگامغا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ كۆردى ھەمدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئېنىق دەلىل ـ سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويالمىسا ياكى بۇنى چۈشەندۈرەلمىسە، تاموژنىنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرغۇزىمەن دەپ ۋەدە بەردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ۋىرامگام تاموژنىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى گېزىتتىن كۆردۈم.

مەن بۇ ئىشنى «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىمنىڭ ھىندىستاندىكى مۇقەددىمىسى دەپ قارايمەن. چۈنكى، مەن بومباي ھۆكۈمىتىنى ئىزدەپ بارغان ۋاقتىمدا، ھېلىقى كاتىپ مېنىڭ باگاسرا (Bagasra) (كاسياۋاد) دا قىلغان نۇتقۇمدا تىلغا ئالغان «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق» ھەققىدىكى مۇراجىئىتىمنى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

— بۇ تەھدىت ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ، — سىز قۇدرەتلىك بىر ھۆكۈمەتنى تەھدىت ئالدىدا تىز پۈكىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— بۇ تەھدىت ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن، — بەلكى خەلقنى تەربىيەلىگەنلىك. بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى يوقىتىشنىڭ ۋاستىلىرىنى خەلققە ئېيتىپ بەرگەنلىك. مۇستەقىللىقنى ئارزۇ قىلغان بىر مىللەت ئەركىنلىككە ئېرىشىشنىڭ ھەممە ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرىنى بىلىشى كېرەك. بۇ زوراۋانلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇل دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق» مۇتلەق زورلۇق قىلمايدىغان بىر خىل قورال. مەن ئۇنىڭ ئۇسۇلى ۋە چەك - چېگراسىنى خەلققە چۈشەندۇرۇشنى مەسئۇلىيىتىم دەپ قارايمەن. مەن بىرىتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قۇدرەتلىك ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. لېكىن، يەنە «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق»نىڭمۇ ئەڭ ئۈنۈم بېرىدىغان ئېسىل چارە ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن.

— قېنى قاراپ باقارمىز، — دېدى زېرەك كاتىپ بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

## تۆتىنچى باب

# شانتىنىكېتان

مەن راجكوتتىن شانتىنىكېتانغا باردىم. ئۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. قارشى ئېلىش يىغىنى ئاددىي ـ ساددىلىق، سەنئەت ۋە مۇھەببەتنىڭ گۈزەل يۇغۇرۇلمىسى بولغانىدى. مەن كاكاساھېب كالېلكار (Kakasaheb Kalelkar) بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇ يەردە كۆرۈشتۈم.

ئۇ چاغدا مەن كالېلكارنىڭ نېمىشقا «كاكاساھېب» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. كېيىن مەن بارونىدا ئىشتاتىدا «گەنجاناس» داملىق بىر ئىنستىتۇتنى ئاچقان ئەنگلىيەلىك سىرداش دوستۇم كېشاۋرائو دېشپاندى (Keshavrao Deshpande) ئەپەندىنىڭ ئۆز ئىنستىتۇتىغا ئائىلىۋى كەيپىيات بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەمىشە ئائىلىۋى ناملار بىلەن ئاتايدىغانلىقىنى بىلدىم. كالېلكار ئەپەندى ئۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاچقا شۇنداق ئاتالغانىدى. ئۇ فادىك «مومو» (تاغا دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلاتتى، ھالبۇكى خارىخار شارما «ئاننا» (بۇرادەر، ئىنى) دەپ ئاتالغانىدى، قالغانلىرىنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىسىملىرى بار ئىدى. ئاناندانان (سۋامى) كاكانىڭ دوستى ئىدى. پاتۋاردخان (ئاپا) مومونىڭ دوستى ئىدى. كېيىن ئۇلار مۇشۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولدى ھەمدە مېنىڭ خىزمەتداشلىرىمدىن بولۇپ قالدى. دېشپاندي ئەپەندى ھەمىشە «ساھېب» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئىنستىتۇتى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ ئائىلىمۇ تارقىلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ نام ـ تەخەللۇسلىرىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى.

كاكاساھىب ھەرقايسى ئىنستىتۇتلارغا بىرىپ تەجرىبە توپلىدى. مەن شانتىنىكىتانغا كەلگەندە، ئۇمۇ ئاشۇ يەردە ئىكەن. چىنتامان شاسترىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار سانسكرىت تىلى ئوقۇتۇشىغا ياردەملەشتى.

سۇمۇرغ كەنتىدىن كەلگەنلەر شانتىنىكىتانغا كەلگەندىن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم تۇرالغۇلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ماگانلال گەندى ئۇلارنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلارنى سۇمۇرغ كەنتىدىكى ئىنستىتۇتنىڭ ئەسلىدىكى قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلدۇرۇش ئىدى. مەن ئۇنىڭ دوستانىلىقى، بىلىملىكلىكى ۋە سەۋرچانلىقى بىلەن سانتىنكېتاندا ئابرۇي قازىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

ئاندرۋېس بىلەن پېئارسون (Pearson) مۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. بېنگاللىق ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە بىز بىلەن يېقىنراق ئۆتىدىغانلاردىن جاگاداناندبابۇ (Jagadanandbabu)، نېپال بابۇ، سانتوش بابۇ، كوست موخەن بابۇ، نابى بابۇ، سارو بابۇ ۋە كار بابۇلار بار ئىدى.

مەن ئادىتىم بويىچە ئۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتىم ھەمدە ئۇلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە يېتەكلىدىم. مەن ئۇلارغا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاشپەز ياللىماي تاماقنى ئۆزى ئېتىش، ئاشخانىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى بويىچە باشقۇرۇش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش جەھەتتە ئەمەلىي تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىر ـ ئىككى ئوقۇتقۇچى بېشىنى چايقاپ، بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پىكرىمنى قۇۋۋەتلەيدىغانلارمۇ بولدى. قىزىقىسىنىشتىن بولسا كېرەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ تەكلىپنى قارشى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇنى تەجرىبە قىلىشقا باشلىدۇق. مەن شائىر تاگورنى پىكىر بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئوقۇتقۇچىلار قۇۋۋەتلىسە، باشقا پىكرى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا: «بۇ تەجرىبىدە ئاپتونومىيەنىڭ ئاچقۇچى بار» دېدى.

پېئارسون بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، سالامەتلىكىنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويدى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى بۇ ئىشقا سەرپ قىلدى. ئۇ بىر بۆلەك ئادەمنى كۆكتات ئاقلاشقا، بىر بۆلەك ئادەمنى گۈرۈچ يۇيۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. نابى بابۇ بىلەن

بىرنەچچەيلەننى ئاشخانىنىڭ مۇھىت تازىلىقىغا مەسئۇل قىلىدى. ئۇلارنىڭ ئوتىغۇچلارنى ئېلىپ ئىشقا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىمدە ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدۈم.

ھالبۇكى، 125 ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىنىڭ بۇ ئىشنى بىلىق سوغا ئېرىشكەندەك سۆيۈنۈپ قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش بالدۇرلۇق قىلاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بەس ـ مۇنازىرە قىلاتتى. بەزىلەر زېرىككەنلىكىنى چاندۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن، پېئارسون ھېرىش ـ چارچاش دېگەننى بىلمەيتتى. بىز ئۇنىڭ ھەمىشە چىرايىنى كۈلكە قاپلىغان ھالدا ئاشخانىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرەتتۇق. ئۇ چوكراق قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيىدىغان ئىشنى ئۆزلۈكىدىن ئۈستىگە ئالاتتى. يەنە بىر بۆلەك ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قاچا ـ قومۇچلارنى يۇيىدىغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا «سىتار»[1] چالاتتى. كۆپچىلىك بۇ ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن قىلاتتى، شانتىنىكېتان ھەسەل ھەرىلىرى توپلانغان باغدەك شۇ قەدەر قاتىلاڭ بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇنداق ئۆزگىرىش باشلىنىش بىلەنلا ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلاتتى، سۇمۇرغ كەنتىدىكىلەر تاماقنى ئۆزلىرى ئېتەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تاماقلىرى شۇ قەدەر ئاددىي ئىدى. تاماق، شورپا، كەرەپشە، خېمىرلارنى بىر قاسقاندا پىشۇراتتى. سانتىنىكېتاندىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ بىنگالچە ئاشخانىلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سىناقلارغا تۇتۇش قىلدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل مەخسۇس بىر ـ ئىككى ئوقۇتقۇچى ۋە بىرقانچە ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

ھالبۇكى، بۇ سىناق ئۇزاققا بارمايلا توختاپ قالدى. مەن بۇ مەشھۇر بىلىم يۇرتى ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق زىيىنى يوق دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تەجرىبىلەر ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا بولدىكى، زىيانلىق ئەمەس ئىدى.

مەن ئەسلىدە شانتىنىكېتاندا كۆپرەك تۇرۇشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. مەن ئۇ يەرگە بىرىپ بىر ھەپتە بولمايلا، گوكلېينىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم. شانتىنىكېتان قايغۇغا چۆمدى. ھەممەيلەن مېنىڭ

[1] سىتار — بىر خىل ھىندى چالغۇسى.

ئالدىمغا كېلىپ ماتەم بىلدۈردى. ئۇلار مەكتەپ ئىبادەتخانىسىدا بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتكە بولغان بۇ يوقىتىشقا ماتەم بىلدۈردى. ئۇ شۇنداق سەلتەنەتلىك بىر يىغىلىش بولغانىدى. مەن خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ۋە ماگانلالىنى ئېلىپ پۇناغا ئاتلاندىم. قالغانلار شانتىنىكېتاندا قالدى.

ئاندرۇۋس بىزنى بۇردۋانغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئۇ مەندىن:

— سىز ھىندىستانمۇ «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش ۋە ھەمكارلاشماسلىق» يولىنى تاللىۋېلىشى كېرەك دەپ قارامسىز؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىزچە بۇ ئىش قاچان بولار؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدىم مەن، — مەن بىر يىلغىچە بىرەر ئىش قىلماقچى ئەمەسمەن، چۈنكى مەن گوكلېيغا پۈتۈن ھىندىستاننى ئايلىنىپ كەڭ كۆلەمدە پىكىر، تەجرىبە توپلايمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. مۇشۇنداق كۆزىتىش باسقۇچىدا، ئۇ مېنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە پىكىر بايان قىلىشىمنى ماقۇل تاپمايدۇ. بىر يىل ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، مەن قاراشلىرىمنى ئېلان قىلىشقا ئالدىرىمايمەن. چۈنكى، مەن بەش يىل ئىچىدە ئاللىقانداق «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى دېگەنلەردىن ئۈمىد كۈتەلمەيمەن.

مۇشۇ نۇقتىدا، گوكلېينىڭ مېنىڭ ھىندىستان ئاپتونومىيەسىگە دائىر بەزى قاراشلىرىمدىن ھەمىشە كۆلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ: «سىز ھىندىستاندا بىرەر يىلچە تۇرغاندىن كېيىن قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىسىز» دېگەنلىكى تېخى ئېسىمدە تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى رىيازەتلەر

بۇردۇاندا، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىنى ئالالماي جاپا چېكىدىغان ئىشلارنىمۇ باشتىن كەچۈرگەنىدۇق. «ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتى ئۇنداق بالدۇر سېتىلمايدۇ» دېدى ماڭا بېلەت ساتقۇچى. ۋوگزال باشلىقىنى ئىزدىمەكچى بولدۇم، لېكىن بۇمۇ تەس ئىش ئىدى. بىرەيلەن ماڭا ۋوگزال باشلىقىنىڭ نەدىلىكىنى ياخشى كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا ھال ئېيتقىلى ماڭدىم. ئۇمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى. كېيىن بېلەت سېتىلىدىغان دېرىزە ئېچىلىشى بىلەنلا، بېلەت ئالغىلى تۇتۇندۇم. لېكىن، بېلەتنى ئاسان ئالغىلى بولمايتتى. كۈچى بارلارلا بېلەت ئالالايتتى. ئالدىغا ئۆتۈپ بېلەت ئالىدىغانلار باشقىلار بىلەن كارى بولمايتتى. كېيىن بىر ياققا قىستاپ چىقىرىۋېتىلدىم. شۇڭا، مەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى بېلەتنى ئەڭ ئاخىرىدا ئالدىم.

پويىز ۋوگزالغا كىردى، پويىزغا چىقىشمۇ بىر گەپ ئىدى. چىقىپ بولغانلار بىلەن چىقماقچى بولۇۋاتقانلار تىللىشىشقا باشلىدى، كىشىلەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشەتتى، بىز ۋوگزال سۇپىسىدا ئۇيان ـ بۇيان قاتراشقا باشلىدۇق. ھەممىلا يەردە «بوش ئورۇن يوق» دېگەن جاۋابقا ئېرىشەتتۇق. مەن پويىز كۆزەتكۈچىسىگە ئېيتتىم، ئۇ: «قىستاپ چىقالىسىڭىز چىقىڭ، بولمىسا يەنە بىر نۆۋەتلىك پويىزنى ساقلايسىز» دېدى.

ـــ لېكىن، مېنىڭ جىددىي ئىشىم بار ئىدى، ـــ دېدىم مەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن. ئۇنىڭ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغۇدەك چولىسى يوق

ئىدى. مەن تىت ـ تىت بولۇپ، ماگانلالنى بىر ەر جاي تېپىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم خوتۇن ـ بالىلىرىمنى باشلاپ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا ئۆتۈپ كەتتىم. پويىز كۆزەتچىسى بىزنىڭ پويىزغا چىقىشىمىزغا قاراپ تۇردى. ئاسانسول (Asansol) ۋوگزالىغا كەلگەندە، ئۇ بىزدىن بېلەتنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا:

— بىزگە ئورۇن تېپىپ بېرىش سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز ئىدى، بىز ئورۇن تاپالماي مۇشۇ يەردە ئولتۇردۇق. ئەگەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىن بىزگە ئورۇن تېپىپ بېرەلىسىڭىز، بىز ئۇ يەرگە خۇشاللىق بىلەن كەتكەن بولاتتۇق.

— ماڭا تولا ئارتۇق گەپ قىلما، — دېدى پويىز كۆزەتچىسى، — مەن ساڭا ئورۇن تېپىپ بېرەلمەيمەن. يا بېلەتنى تولۇقلاپ ئالىسەن، يا پويىزدىن چۈشۈپ كېتىسەن.

مەن پۇناغا بارماقچى بولغاچقا، پويىز كۆزەتچىسى بىلەن دەتالاش قىلىپ ئولتۇرغۇم كەلمىدى ـ دە، تولۇقلىنىۋالىدىغان بېلەت پۇلىنى ئۇنىڭغا بەردىم. لېكىن، بۇنداق ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىمغا قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پويىز موگالسارايغا كەلدى. ماگانلال ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىن بىر ئورۇن تاپقانىكەن، مەن شۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەتتىم. مەن ھەممە ئەھۋالنى بېلەت تەكشۈرگۈچىگە ئېيتتىم. ئۇنىڭدىن موگالسارايدا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا ئالماشقانلىقىم ھەققىدە ئىسپات يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. لېكىن ئۇ يېزىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى. مەن بۇ ئەھۋالنى تۆمۈريول دائىرىلىرىگە ئېيتىپ، ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. لېكىن، ئۇلاردىن مۇنداق جاۋابقا ئېرىشتىم: «قائىدە بويىچە ئىسپات بولمىسا بېلەتنى قايتۇرۇشقا بولمايدۇ. لېكىن، بىز سىزگە شۇ بويىچە ئىش كۆرەيلى. ئەمما، بۇردۋاندىن موگالسارايغىچە بولغان بېلەتنى قايتۇرمايمىز.»

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرغان كەچمىشلىرىمنى يېزىپ كەلسەم بىرەر كىتاب پۈتەتتى. لېكىن، مەن بۇ يەردە بۇلارنى قىسقىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. سالامەتلىكىم تۈپەيلىدىن مەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرمايدىغان بولدۇم، بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ پۇشايمىنىمدۇر.

ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى بۇ رىيازەتلەرنى تۆمۈريول دائىرىلىرىنىڭ بېسىمى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. لېكىن، يولۇچىلارنىڭ

قوپاللىقى، مەينەتلىكى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە نادانلىقىمۇ يۇنىڭدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تومپايلىقى، مۇتتەھەملىكى ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى ھېس قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشى ئۆزلىرىگە ئىنتايىن تەبىئىي تۇيۇلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە ئوخشاش «تەربىيە كۆرگەن»لەرنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى.

پويىز كاليانغا كەلگەندە ھېرىپ ھالسىمدىن كەتكەنىدىم. ماگانلال بىلەن ئىككىمىز ۋوگزالدىكى سۇ تۇرۇبىسىدىن ئازراق سۇ ئەكېلىپ يۇيۇنۇۋالماقچى بولدۇق. مەن ئايالىم يۇيۇنغۇدەك بىرەر مۇۋاپىق جاي تاپاي دەپ تۇرغاندا، ھىندىستان سودا جەمئىيىتىدىكى كائۇل (Kaul) ئەپەندى مېنى تونۇپ قالدى. ئۇ پۇناغا ماڭغانىكەن. ئۇ ئايالىمنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ مۇنچىسىدا يۇيۇنۇشىنى تەۋسىيە قىلدى. مېنىڭ سەممىيلىك بىلەن بېرىلگەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇم يوق ئىدى. مەن ئايالىمنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا يۇيۇنۇش ھوقۇقى يوقلۇقىنى بىلەتتىم. لېكىن، ئاخىرىدا دېگەندەك قاملاشمىغان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم. مەن ھەقىقەتكە بەيئەت قىلغان بىر ئادەمنىڭ بۇنداق قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتىم. بۇ ئايالىمنىڭ زادى شۇ يەرلەرگە بولغان ئامراقلىقىنىڭ ھەقىقەتكە بولغان ئىخلاسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى. «ئۇپانىشاد»دا ئېيتىلىشىچە، ھەقىقەتنىڭ يۈزى مايانىڭ ئالتۇن سارىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانمىش.

## ئالتىنچى باب

# ئىنتىلىش

پۇناغا بېرىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىنىڭ ئىستىقبالى ھەمدە مېنىڭ جەمئىيەتكە كىرىش ـ كىرمەسلىك مەسىلەمنى مۇزاكىرە قىلدۇق. جەمئىيەتكە كىرىش مەسىلىسى مەن ئۇچۇن ھەقىقەتەنمۇ قىيىن مەسىلە ئىدى. گوكلېي ھايات بولغان بولسا، جەمئىيەتكە كىرىشنى ئىلتىماس قىلماي، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنساملا بولاتتى. بۇ دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولاتتى. ھازىر مەن قايىنام ـ تاشقىنلىق ھىندى جامائىتى تۇرمۇشىغا چۆكۈپ كەتكەنىدىم. ئىشەنچلىك بىر يولباشچى بولمىسا بولمايتتى. گوكلېي مەن ئۇچۇن دەل شۇنداق ئادەم ئىدى. ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ ھىمايىتىدا ئۆزۈمنى خاتىرجەم ھېس قىلاتتىم. ھازىر ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى، ئەمدى ئۆزۈم كۈرەش قىلمىسام بولمايتتى. شۇنداقلا، جەمئىيەتكە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىشىم زۆرۈردەك تۇيۇلاتتى. مەن ئاشۇنداق قىلسام گوكلېينىڭ ساماۋى روھىغا تەسەللى بېرەلەيمەن دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن جەمئىيەتكە كىرىشنى ئىلتىماس قىلدىم.

ئەينى ۋاقىتتا ئەزالارنىڭ كۆپىنچىسى پۇنادا تۇراتتى. مەن ئۇلارغا ۋائىزلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىنى يوقاتماقچى بولدۇم. لېكىن، ئۇلارنىڭ پىكىرىدە بىرلىككە كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بىر قىسىملار مېنىڭ جەمئىيەتكە كىرىشىمنى قوللاۋاتسا، يەنە بىر قىسىملار قارشى تۇراتتى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان دوستانىلىقى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى. لېكىن، ئۇلار ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىگە تېخىمۇ سادىقتەك قىلاتتى. مەيلى

نېمىلا بولمىسۇن، بۇ خىل ساداقەتمەنلىك ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان دوستانە كۆڭلىدىن كەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ تالاش – تارتىشلىرىمىز پىرىنسىپ مەسىلىسىدىلا چەكلەندى، ئىرادە ـ پىرادە دىگەنلەر ئۈستىدە گەپ بولمىدى. مېنىڭ جەمئىيەتكە كىرىشىمگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دېيىشىچە، مۇھىم مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ پىكرى بىلەن مېنىڭ پىكرىم بىر يەردىن چىقماسمىش. ئۇلار مەن جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىنىڭ ئەسلىدىكى مەقسەت ۋە پىرىنسىپلىرىغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار بۇنداق بولۇشىغا چىداپ تۇرالمايتتى.

بىز خېلى ئۇزاق بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى ئەتىسى قارار قىلماقچى بولۇپ تارقىلىپ كەتتۇق.

ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە تېخىچە ھاياجىنىمنى بېسىۋالالمىغانىدىم. ئەگەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر مېنىڭ جەمئىيەتكە كىرىشىمنى قوللىسا، مەن زادى جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشۇم كېرەكمۇ، قانداق؟ بۇ ھەرىكەت مېنىڭ گوكلېيغا بولغان ساداقىتىمگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىمكى، جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا مېنىڭ ئەزا بولۇش مەسىلەمدە مۇشۇنچىۋالا ئىختىلاپلار تۇغۇلغانىكەن، ياخشىسى مېنىڭ جەمئىيەتكە كىرىشىمنى قۇۋۋەتلەيدىغان كىشىلەرنى تەڭلىكتە قويماسلىق ئۈچۈن ئۇزۇمنى بىلىپ ئىلتىماسىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك ئىدى. مەن شۇنداق قىلسام ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىگە ۋە گوكلېيغا سادىق ھەرىكەت قوللانغان بولىمەن، دەپ ئويلىدىم. چاقماق تېزلىكىدە ئاشۇنداق خىيالغا كەلدىم ـ دە، دەرھال شاسترى (Shastri) ئەپەندىگە خەت يېزىپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يىغىن ئېچىۋەرمەسلىكىنى ئۆتۈندۈم. مېنىڭ جەمئىيەتكە كىرىشىمنى ياقلىمىغانلار مېنىڭ بۇ قارارىمدىن قالتىس خوش بولۇپ كېتىشتى. بۇ ئۇلارنى تەڭلىكچىلىكتىن قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە دوستلۇقىمىزنىمۇ قويۇقلاشتۇرغانىدى. مەن جەمئىيەتكە كىرىش ئىلتىماسىمنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەقىقىي بىر جەمئىيەت ئەزاسى بولۇپ قالدىم.

ھازىر تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، مېنىڭ رەسمىي بىر ئەزا بولمىغىنىم ناھايىتى مۇۋاپىق بوپتىكەن. مېنىڭ جەمئىيەتكە

كىرىشىمگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئاساسى بار ئىدى. تەجرىبىلىرىم يەنە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ پىرىنسىپال مەسىلىلەردىكى پىكرىمىز بىردەك ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئارىدىكى ئىختىلاپلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقاندىن كېيىن، بىز ئارازلىشىپ قالمىدۇق ۋە ئاللىقاندىاق سۈركىلىشلەرمۇ بولمىدى. بىز يەنىلا بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ كەلدۇق، ھالبۇكى ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىنىڭ پۇنادىكى تۇرالغۇسى مەن دائىم پائالىيەت قىلىدىغان بىر جاي بولۇپ قالغانىدى.

مەن ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولمىساممۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ بىر مەنىۋى ئەزاسى بولۇپ كەلدىم. مەنىۋى مۇناسىۋەت ماددىي مۇناسىۋەتتىنمۇ قەدىرلىكتۇر. مەنىۋى مۇناسىۋەتتىن ئادا ـ جۇدا بولۇش جانسىز تەن بولغان بىلەن باراۋەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# كۇمبا بۇت سەيلىسى

ئارقىدىنلا مەن رانگونغا مېھتا دوكتورنى يوقلاپ باردىم. يول ئۈستىدە كالكۇتتادا بىر ئاز توختىدىم. مەن مەرھۇم بابۇ بۇپېندراناس باسۇ (Babu Bhupendranath Basu) ئەپەندىنىڭ مېھمىنى ئىدىم. بېنگاللىقلارنىڭ مېھماندوستلۇقى بۇ يەردە ئەنجامىغا يەتكەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن يېمەك ـ ئىچمەكتە قاتتىق پەرھىز تۇتۇپ، مېۋە ـ چېۋىلا يەيتتىم. شۇڭا، كالكۇتتادىن چىقىدىغانلىكى بارلىق مېۋە ـ چىۋىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېغىز تەگكەنىدىم. ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىكى ئاياللار تۈن بويى ماڭا مېۋە ـ چىۋە ئاقلاپ بىرەتتى. ئۇلار يېڭى مېۋە ـ چىۋىلەرنى ئىمكانقەدەر ھىندىلارنىڭ ئادىتى بويىچە تەييارلايتتى، يەنە تېخى ئوغلۇم رامداسقىمۇ نۇرغۇن مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بەردى. مەن بۇنداق سەمىمىي كۈتۈۋېلىشلاردىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. لېكىن، ئىككى ـ ئۈچ مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلە بويىچە پايپېتەك بولۇپ كېتىشىنى ئويلىسام، راستىلا كۆڭلۈم بىر قىسما بولىدۇ. لېكىن، ئادەمنى تەڭلىكتە قويىدىغان بۇنداق مېھماندوستلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالى بولسۇنمۇ؟

مەن رانگونغا پاراخوتنىڭ ئوپچە بۆلۈمىدە ئولتۇرۇپ كەلگەنىدىم، بىز باسۇ ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدىكى قىزغىن كۈتۈۋېلىشلاردىن تەڭلىكتە قالدۇق دېسەك، ئۇ ھالدا بۇنى پاراخوتتا دۈچ كەلگەن قوپال مۇئامىلىلەر، ئادەتتىكى بىر يولۇچى ئېرىشىشكە تېگىشلىك مۇئامىلىدىنمۇ بەھرىمەن بولالمىغانلىقىمىز بىلەن سېلىشتۇرساق ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنەتتى. پاراخوتتىكى مۇنچا مەينەتلىكتىن ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى. ھاجەتخانىنىڭ سېسىقچىلىقىنىغۇ تىلغا ئالغىلى بولمايتتى. ھاجەتخانىغا

كىرىش ئۇچۇن پوق ـ سۇيدۈكلەرنى دەسسەپ كىرىشكە ياكى سەكرەپ ـ تاقلاپ ئاتلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

بۇنىڭغا ئادەم چىداپ بولالمايتتى. مەن باش ياردەمچىنى ئىزدىدىم، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. مەيئەت ھەم سىپسىقچىلىق بىلەن تولغان بۇ جاينىڭ يەنە ئالىلىقاندىق كەم جايلىرى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا يولۇچىلارنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان يامان ئادەتلىرى بۇ يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئولتۇرغان يېرىدە خالىغانچە تۇكۇرەتتى، ئاشقان ـ تاشقان يېمەكلىكەر، تاماكا قالدۇقلىرى ۋە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان سىپارى ياپراقلىرى ئەتراپنى شۇنچىلىك مالىمان قىلىۋەتكەنىدى. غاڭ ـ غۇڭ ئاۋازلار تىنچىمايتتى. يەنە تېخى ھەركىم چوڭراق يەرنى ئىگىلىۋېلىشنى ئويلايتتى، ئۇلارنىڭ يۇك ـ تاقلىرى ئۇلار ئىگىلىگەن جايلاردىنمۇ چوڭ ئىدى. بىز مانا مۇشۇنداق ئىككى كۈنلۈك سىناقنى باشتىن كەچۈردۇق.

مەن رانگونغا كېلىپلا پاراخوت شىركىتىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە خەت يېزىپ، ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. مۇشۇ خەتنى يازغانلىقىم ۋە مېھتا دوختۇرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىز قايتىپ كېلىشتە پاراخوتنىڭ ئويچە بۆلۈمىدە ئولتۇرۇپ كەلگەن بولساقمۇ، دېگەندەك بىئارام بولمىدۇق.

مېنىڭ رانگوندا تاماقىنىڭ ئورنىغا مېۋە ـ چىۋە يېيىشىم ساھىبخانىغا خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگەنىدى. بىراق، مېھتا دوختۇرنىڭ ئۆيى خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەك قولايلىق ئىدى. مەن يەنە مەئىشەتلىك قورۇمىلاردىن ئۆزۈمنى تارتالمايتتىم. ھالبۇكى، قانچە خىل مېۋە يېيىشىم چەكلىمىگە ئۇچرىمىغاچقا، ئىشتىھايىم بىلەن نەزىرىم ئەسلىي نورمادىن ئىختىيارسىز ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا تاماق ۋاقتىمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى. مەن كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن تاماق يېيىشنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، بىز ھەمىشە كەچ سائەت توققۇز بولغاندا تاماق يەيتتۇق.

بۇ دەل 1915 ـ يىلىنىڭ كۇمبا[1] بۇت سەيلىسى مەزگىلى ئىدى. بۇنداق ھەرىكەت ھەر 12 يىلدا بىر قېتىم خادۋاردا ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەسلىدە بۇنداق يىغىلىشقا قاتنىششقا ئانچە رايىم يوق ئىدى. لېكىن،

① كۇمبا (Kumbha fair) ــ ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ 12 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان بايرىمى. ھىندىستاننىڭ شىمالىي ئۆلكىسى خادۋار قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ گۇرۇكۇلغا بېرىپ ماخادىما مونسىلانجى بىلەن كۆرۈشكۈم بار ئىدى. گوكلېيىنىڭ ھىندىستانلىق خادىملار جەمئىيىتى كۆمپادىل خىزمەت قىلىشقا بىر تۈركۈم پىدائىيلارنى ئەۋەتكەنىدى. پاندىتە ھېرىداياناس كونجىرۇ ئەترەت باشلىقى ئىدى. رەھمەتلىك دېۋ دوختۇر تېببىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇلار مەندىن سۇمۇرغ كەنتىدىكىلەرنى ئۆزلىرىگە ھەمكارلىششقا ئەۋەتىشىمنى ئۆتۈندى. شۇڭا موگەنرال گەندى مېنىڭدىن بۇرۇن بېرىپ بولغانىدى. مەن رانگوندىن قايتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن باش قوشتۇم.

كالكۇتتادىن خاردۋار (Hardrar)غا بارىدىغان يول ئادەمنى تولىمۇ چارچىتىۋېتەتتى. بەزىدە ۋاگوننىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈۋېتىلەتتى. پويىز ساخارانپۇر (Saharanpur)دىن ئۆتكەندىن كېيىن بىز يۈك ۋە چارۋا بېسىلغان ۋاگونغا چىقىرىۋېتىلدۇق. بۇنداق ۋاگونلارنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولاتتى. ئۈستىمىزدىن پىژغىرىم ئاپتاپ قىزدۇرۇپ تۇراتتى، ئاستىمىز ئوتتەك قىزىق تۆمۈر پول ئىدى. بىز پىشىپ قالايلا دېدۇق. مۇشۇنداق سەپەرلەردە گال - لەۋلىرى قۇرۇپ تۇرسىمۇ ھىندى دىنى مۇرىتلىرى قەتئىي سۇ ئىچمەيتتى، ئەگەر بۇ سۇ مۇسۇلمانىنىڭ بولسا، ئۇلار ھىندى دىنى مۇرىتلىرى سۇ بەرگۈچە سەۋر قىلاتتى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ ھىندى دىنى مۇرىتلىرى كېسەل بولۇپ قالغاندا، دوختۇر ئۇلارغا هاراق ئىچىشنى ياكى كالا گۆشى يېيىشنى بۇيرۇسا ۋە ياكى بىرەر مۇسۇلمان ياكى خىرىستىيان دوختۇر ئۇلارنى سۇ ئىچىشكە بۇيرۇسا، ئۇلار ئانچە ئىككىلىنىپ كەتمەيتتى، ئۇنى - بۇنى سوراپمۇ ئولتۇرمايتتى.

بىز شانتىنىكېتاندىكى چېغىمىزدىلا شۇنى چۈشەنگەنىدۇقكى، بىزنىڭ ھىندىستاندىكى ۋەزىپىمىز پەۋقۇلئاددە تازىلىق ئىشچىسىنىڭ خىزمىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمدى خاردۋاردىكى پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى پۈشرىغا يىغىلغانىدى. دېۋ دوختۇر ھاجەتخانا قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئورەكلەرنى قېزىپ بولغانىدى. ئۇ بۇ ھاجەتخانىلارنى تازىلىق ئىشچىلىرىغا تازىلىتاتتى، بۇ ئىش سۇمۇرغ كەنتىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىشى ئىدى. بىز گەندىلەرنى توپا بىلەن كۆمۈش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى بەردۇق. دېۋ دوختۇر پىكرىمىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بۇ تەكلىپىنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنى ماگانلال گەندى ئىجرا قىلدى. مېنىڭ ۋەزىپەم ئاساسەن دېگۈدەك

چېدىردا ئولتۇرۇپ ئايىغى ئۈزۈلمەس رىيازەتچىلەرنىڭ پەتىسىنى قوبۇل قىلىش ھەمدە ئۇلار بىلەن دىنىي ۋە باشقا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئىدى. بۇنىڭدا مېنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئارتۇق ۋاقتىم بولمايتتى، ھەتتا دەريا بويىغا يۇيۇنغىلى بارساممۇ، بۇ «تاۋاپ»چىلار ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلەتتى، ھەتتا تاماق يەيدىغان ۋاقتىمدىمۇ ئۇلار يېنىمدا بولاتتى. بۇنىڭدىن مەن ئۆزۈمنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدا قىلغان كىچىككىنە خىزمەتلىرىمنىڭ پۈتكۈل ھىندىستاندا شۇنچىۋالا زور تەسىر قوزغىغانلىقىنى بىلدىم.

لېكىن، ئۇ ماختىنىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس ئىدى. مەن ئۆزۈمنى جىن ـ ئالۋاستىلار ۋە چوڭقۇر ھاڭ ئارىسىغا قاپسىلىپ قالغاندەك سېزەتتىم. مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان يەردە، مەن ۋەتەندىكى كۆرمىگىلىغان قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش جاپا تارتاتتىم. خۇددى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى ئىشتەك. لېكىن، تونۇشلار بار جايغا كەلدىمما بولدى، ئۇلار ماڭا ئولىشىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە «تاۋاپ»چىلارنىڭ قۇربانى بولاتتىم. بۇلاردىن قايسىسىنىڭ ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئايرىيالمايتتىم. بىراق، ھېچبولمىغاندىمۇ شۇنى چۈشىنەتتىمكى، بۇ «تاۋاپ»چىلارنىڭ قارىغۇلارچە ياخشى كۆرۈشى ھەمىشە مېنى پەرىشان قىلاتتى، ھەتتا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋېتەتتى، لېكىن سەپەر جاپالىق بولسىمۇ، كەيپىياتىم ساز ئىدى، ناھايىتى ئاز خاپا بولاتتىم.

ئەينى ۋاقىتتا سالامەتلىكىم خېلى ياخشى ئىدى. نەگىلا بارىمەن دېسەم بارالايتتىم، يەنە كېلىپ كىشىلەر مېنى ئانچە تونۇپ كەتمەيتتى، كوچىغا چىقىشمۇ ئانچە ئاۋارىگەرچىلىك ئىش ئەمەس ئىدى. مەن مۇشۇنداق بىكار لاغايلاپ يۈرۈشلەر جەريانىدا «تاۋاپ»چىلارنىڭ بىپەرۋالىقى، رىياكارلىقى ۋە تېتىقسىزلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۇ يەردىكى ساتولار گويا مەخسۇس مۇشۇ دۇنيادىكى ياخشى نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك قىلاتتى.

بۇ يەردە بەش پۇتلۇق ئىنەكنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، لېكىن ئەھۋالدىن خەۋىرى بارلار ماڭا بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ بەختسىز ئىنەك ئەسلىدە بىر بەتبەخت ئادەمنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنىڭ قۇربانى ئىكەن. ئاڭلىشىمچە، بەشىنچى پۇت بىر تىرىك موزاينىڭ بەدىنىدىن كېسىۋېلىنىپ، ئىنەكنىڭ بەدىنىگە تۇتاشتۇرۇلغانىكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇنداق قاتمۇقات قىلىنغان زوراۋانلىقتىكى مەقسەت نادان كىشىلەرنى ئالداپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىدى. بۇنداق بەش پۇتلۇق ئىنەككە ھىندى دىنى مۇرىتلىرىدىن باشقا ھېچكىممۇ قىزىقمايتتى. يەنە كېلىپ ھىندى دىنى مۇرىتلىرىلا مۇشۇنداق غەلىتە ئىنەككە سەدىقە قىلىشنى خالايتتى.

بۇت سەيلىسىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. بۇ مەن ئۈچۈن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن ئىدى. مەن خاردۋارغا ھەرگىزمۇ تاۋاپچىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ بارمايتتىم. مەن ھەج تاۋاپ قىلسا دىيانەتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىمايتتىم. ۋاھالەنكى، بۇ قېتىمقى بۇت سەيلىسىگە 1 مىليون 700 مىڭ ئادەم قاتنىشىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سۆلەتۋازلاردىن ياكى ئويۇن ـ تاماشا ئىزدەپ كەلگەنلەردىن بولۇشى ناتايىن ئىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشى دىيانەت ۋە پارىغلىق ئىزدەپ شۇ يەرگە باراتتى. بۇنداق ئېتىقاد ئادەمنىڭ روھىنى قانچىلىك يۈكسەلدۈرەلەيدۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ بىر نەرسە دېيىش ئاسان ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇڭا، كېچىچە ئۇخلىماي مۇشۇ مەسىلىنى ئويلاپ چىقتىم. بىر تۈركۈم تەقۋادار كىشىلەر يەنە بىر تۈركۈم رىياكارلار ئىچىدە ياشايتتى. كىرنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئۆزىگە كىر يۇقتۇرمايتتى، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى يوققا چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايتتى. خاردۋارغا كېلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل گۇناھ ھېسابلىناتتى، مەن بۇنىڭغا قارشى تۇرۇشۇم ھەم سەيلە باشلانغان كۈنى خاردۋاردىن ئايرىلىشىم كېرەك ئىدى. ئەگەر خاردۋارغا كېلىپ سەيلىگە قاتناشقان تەقدىردىمۇ، بۇ ھېچقانچە خاتالىق ھېسابلانمايتتى. مەن ئاشۇ يەرلەردە ئەدەۋاتقان گۇناھكەبىرلەر ئالدىدا توۋا ـ ئىستىغپار قىلىش ئارقىلىق پاكلىنىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۈتۈۋېلىشتەك دەرۋىشانە ھەرىكەتتە بولۇشۇم زۆرۈر ئىدى. مېنىڭ ھاياتىم قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىشنى ئاساس قىلغانىدى. مەن كالكۇتتا ۋە رانگونلاردىكى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ساھىبخانلارغا ھەقىقەتەنمۇ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەرگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. شۇڭا ئىشتىھايىمغا چەك قويماقچى بولدۇم ھەمدە كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇشنى قارار قىلدىم. مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىمكى، ئۆزۈمنى مۇشۇنداق چەكلەپ تۇرمىسام، كەلگۈسىدە

مېنى كۈتۈۋالغان نۇرغۇن كىشىلەرگە يەنە نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى تېپىپ بېرىشىم تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇنداق بولسا مەن باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئەمەس، باشقىلارنى ئۆزۈمگە مۇلازىمەت قىلدۇرغان بولىمەن. شۇڭا مەن ھىندىستاندا بولساممۇ 24 سائەت ئىچىدىكى تامىقىم بەش خىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن قەتئىي تاماق يېمەسلىكنى قارار قىلدىم. مەن دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق قىيىنچىلىقلارغا تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. لېكىن، بۇ نۇقتىدا ئازراقمۇ كەتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمايتتىم. مەن ئۆز ــ ئۆزۈمگە ناۋادا كېسەل بولۇپ قالسام، بەش خىل تاماقنىڭ بىرسىنى دورا قىلىمەن دەيتتىم. ھالبۇكى، پەۋقۇلئاددە يېمەكلىكلەرنى تەلەپ قىلمىسام، ئۇ ھالدا قانداق بولار؟ مەن ئاخىرىدا مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، باشقىچە ئەھۋاللارنىڭ بولۇشىغا يول قويمايمەن دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

مەن بۇ لەۋزىمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقىلى 13 يىل بولدى، بۇ بىر ئېغىر سىناق ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ ھىماتكارىم بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن بۇ ئىشىم ھاياتىمنى بىرنەچچە يىل ئۇزارتتى ھەمدە بىرمۇنچە كېسەللەردىن ساقلاپ قالدى دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

### لاكشمان جۇلا (Lakshman Jhula)

گۇرۇكۇل (Gurukul)غا بىرىپ تەن قۇرۇلۇشى بەستلىك كەلگەن ماخاتما مۇنشىرامجى (Mahatma Munshiramji) بىلەن كۆرۈشۈپ خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم. مەن جىمجىتلىق بىلەن خاردۇاردىكى قايىنام - تاشقىنلىقنىڭ ئاجايىپ بىر سىلىشتۇرما بولۇپ قالغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدىم.

ماخاتما مېنى ئاجايىپ زور مېھىر - مۇھەببەت بىلەن كۈتۈۋالدى. «پەرھىز» تۇتىدىغان ئادەملەر تولىمۇ ئەتراپلىق كېلىدىكەن. مەن ئاچار - يا رامادېۋجى (Acharya Ramadevji) بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇ يەردە كۆرۈشكەنىدىم، مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىد- كىنى كۆرۈۋالدىم. بىزنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى قاراشلىرىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بىز تونۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغاندۇق.

مەن ئاچاريا رامادېۋجى ۋە باشقا پىروفېسسورلار بىلەن گۇرۇكۇلدا سانائەت مائارىپىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە خېلى ئۇزاق مۇھاكىمە ئېلىپ باردىم. ماڭىدىغان چاغدا، بىز بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا راستلا قىيالماي قالدۇق.

مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ لاكشمان جۇلا (گانگى دەرياسىدىكى بىر ئاسما كۆۋرۈك) نى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. بۇ كۆۋرۈك خرىشىكېش (Hrishikesh)قا يېقىن ئىدى. نۇرغۇن دوستلىرىم ماڭا خاردۇاردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن بۇ كۆۋرۈكنى كۆرۈپ بېقىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. مەن كۆۋرۈكنى پىيادە تاماشا قىلماقچى بولدۇم.

مەن خىرىشكېشقا كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچى دەرۋىشلەر مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ماڭا بەك يېقىن قالدى. سۇمۇرغ كەنتىدىن كەلگەنلەرنىڭمۇ ئۇ يەردە بولۇشى بىر سۋامىنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى.

بىزنىڭ پارىڭىمىز دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە بولدى، ئۇ مېنىڭ دىنىي ھېسسىياتىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلەتتى. ئۇ مېنىڭ گانگى دەرياسىغا چۆمۈلۈپ، يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى كۆردى. ئۇ مېنىڭ بېشىمغا شىكخا[①] قويمىغانلىقىمنى، بوينۇمغا مۇقەددەس چەمبىرەك[②] سالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى.

— سىز بولسىڭىز ئېتىقادلىق ھىندى دىنى مۇرىتى، چاچىمۇ قويماپسىز، ھالقىمۇ سالماپسىز، سىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. بۇ ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ ئىككى خىل تاشقى بەلگىسى، ئۇلار ھەربىر ھىندى دىنى مۇرىتىدا بولۇشى كېرەك.

مېنىڭ بۇ ئىككى نەرسىنى ئاسماسلىقىمنىڭ مەلۇم تارىخى بار ئىدى. ئون ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىراخمانلارنىڭ باللىرىنىڭ تىزىق ـ تىزىق ئاچقۇچلارنى مۇقەددەس ھالقىغا ئۆتكۈزۈپ ئوينىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، مېنىڭمۇ ئاشۇنداق ئوينىغۇم بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كاتخىۋاردىكى ۋايسىيا[③]لاردا مۇقەددەس ھالقا ئاسىدىغان ئادەت يوق ئىدى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر بۇ خىل ھەرىكەتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالدىنقى ئۈچ تەبىقە كىشىلىرىنىمۇ بۇ قائىدىگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلىدى. نەتىجىدە گەندى جەمەتىدىمۇ مۇقەددەس ھالقا ئاسىدىغانلار پەيدا بولغانىدى. بىز ئىككى ـ ئۈچ بالىغا «رامانىڭ قوغدىشى»دىن ساۋاق بېرىدىغان بىر بىراخمان مۇقەددەس ھالقا سېلىپ

① شىكخا (shikha) — ھىندى ئەرلىرى خەيرلىك بولۇشنى، كېسەل ۋە يامان روھلاردىن ساقلىنىشنى كۆزلەپ قويۇۋالىدىغان گەجگە چاچىنى كۆرسىتىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② مۇقەددەس چەمبىرەك — ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدىكى ئالدىنقى ئىككى تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر مۇئەييەن ياشقا بارغاندا مۇراسىملاردا سېلىۋالىدىغان ئىنچىكە تانا ياكى يىپلاردىن توقۇلىدىغان چەمبىرەكنى كۆرسىتىدۇ، ئۈستى سول مۈرىدە، ئاستى سول بىقىندا بولىدۇ، بۇ باشقا تەبىقىدىكىلەردىن پەرقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنى 3 ـ، 4 ـ تەبىقىدىكىلەر تاقىمايدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

③ ۋايسىيا (vaishya) — ھىندى دىنى جەمئىيىتىدىكى ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەبىقە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مۇقەددەس ھالقا ئاسمايدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

www.uyghurkitap.com

قويغاندى. مېنىڭ تىزىق – تىزىق ئاچقۇچلىرىم بولمىسىمۇ، لېكىن بىر تال ئاچقۇچنى قولغا چۈشۈرۈپ ئوينىغاندىم. كېيىن ئۇنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتتى، بۇنىڭدىن ئۆكۈنگەن – ئۆكۈنمىگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، بىراق شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇقەددەس ھالقا سالمايدىغان بولغاندىم.

مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن مەيلى ھىندىستاندا بولسۇن ياكى جەنۇبىي ئافرىقىدا بولسۇن، مېنى مۇقەددەس ھالقا سېلىشقا ياخشى كۆڭۈللۈك بىلەن سايە قىلغانلار چىقتى. لېكىن، بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر شۇدراس[1] تەبىقىسىدىكىلەر مۇقەددەس ھالقا سالسا بولمايدىكەن، باشقا تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۇنى سېلىشىغا نېمە ھوقۇقى بولسۇن؟ يەنە كېلىپ ئۆزۈممۇ ئانچە زۆرۈر-يىتى يوق دەپ قارىغان ئۆرپ – ئادەتلەرگە رىئايە قىلىشىمنىڭ يوللۇق سەۋەبى بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. مەن يىپەك ھالقىنى سېلىشقا قارشى ئەمەسمەن، پەقەت ئۇنى سېلىشتىكى سەۋەبلا يېتەرلىك ئەمەس، خالاس.

مەن دېگەن بىر ۋىسنۇ مۇرىتى، بوينۇمدا ئەلۋەتتە بىر كىچىك تەسۋى بولۇشى تەبىئىي. ھالبۇكى، «شىكخا»نى چوڭلار بولمىسا بولماي-دىغان نەرسە دەپ قارايتتى. لېكىن، مەن ئەنگلىيەگە مېڭىشنىڭ ئالدىدا «شىكخا»يىمنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدىم. چۈنكى، مەن تاقىر باش يۈرسەم باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىدىن قورققانىدىم. يەنە كېلىپ ئەينى ۋاقىتتا بۇنى ئەنگلىيەلىكلەر ياۋايىلىق دەپ بىلىدۇ دەپ قارايتتىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ خىل زەئىپ روھىي ھالەت بارغانسېرى كۈچىيىپ، مېنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقىتىمدا نەۋرە ئاكام چاگانلال گەندىنى دىنىي ئېتىقادى يۈزىسىدىن قويۇۋالغان «شىكخا»سىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

مەن بۇ كەچۈرمىشلىرىمنى ھېلىقى سىۋامىغا تولۇق ئېيتىپ بەردىم ھەمدە ئۇنىڭغا:

«مەن مۇقەددەس ھالقا سالمايمەن، چۈنكى بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن. كۆرمىگەنلىگەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى مۇقەددەس ھالقا سالمايدۇ، لېكىن ئۇلار ئوخشاشلا ھىندى دىنى مۇرىتىغۇ. مۇقەددەس

---

① شۇدراسلار (shudras) — ھىندى دىنى جەمئىيىتىدىكى 4 – تەبىقە، ئۇلار كۆپرەك پەس ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قۇللار تەبىقىسى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ تەربىيە ئېلىشىغا، مۇقەددەس ھالقا سېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تەڭرى ياقتۇرمايدىغانلار دەپ قارىلىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ھالقا مەنىۋى جەھەتتىن قايتا تۇغۇلۇشنىڭ بىر خىلى سىمۋولى، ھالقا سالغانلار ئالدى بىلەن تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ پاك ياشاش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. ھازىر ھىندى دىنىدىكى ۋە پۈتۈن ھىندىستاندىكى مۇقەددەس ھالقا سالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ خىل مەنىۋى بەلگىنى ئېسىش ھوقۇقىنى قوغدىيالامدۇ، يوق؟ بۇنىڭ ئۆزى ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلە. ھىندى دىنى يېقىنلاشقىلى بولماسلىق، دېگەن قائىدىنى بىكار قىلىپ، بارلىق پەس، ئەزىزلىك چەك ـ چېگراسىنى يوقاتمىغۇچە ھەمدە ئاشۇ دىن دائىرىسىدە يامراۋاتقان گۇناھ ۋە رىياكارلىقلاردىن تۈپتىن قول ئۈزمىگۈچە، ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ مۇقەددەس ھالقىنى سېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ھازىر مۇقەددەس ھالقا سېلىشقا قارشى تۇرىمەن. بىراق، سىز مېنى ‹شىكا› قويۇشقا دەۋەت قىلدىڭىز، بۇ ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. مەن ئەسلىدە ئۇنى قويغانىدىم، كېيىن يېڭىلىشىپ باشقىلار زاڭلىق قىلامدىكىن دەپ قورقۇپ چۈشۈرۈۋەتتىم. شۇڭا، ئۇنى قويماسلىق كېرەك، دەپ قارايمەن. بۇ ئىشنى مەسلەكداشلىرىم بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ باقاي» دېدىم.

بۇ سىۋامى مېنىڭ مۇقەددەس ھالقا جەھەتتىكى پىكرىمنى ياقتۇرمىدى. مېنىڭ مۇقەددەس ھالقا سالماسلىق كېرەك دەپ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىم، ئۇنىڭ نەزىرىدە سېلىش زۆرۈرلۈكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر پوزىتسىيەم ئۆزگەرگىنى يوق. مېنىڭچە، دۇنيادا خىلمۇخىل دىنلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىكەن، ھەربىر دىن مەلۇم پەۋقۇلئاددە تاشقى سىمۋوللۇق بەلگىگە موھتاج بولىدۇ. لېكىن، سىمۋولغا مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلىنسا ياكى ئۇ باشقا دىنلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولۇشنىڭ بەلگىسى دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك. مەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق قارايمەنكى، مۇقەددەس ھالقا بۇددا دىنىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ۋاسىتىسى ئەمەس، شۇڭا مەن ئۇنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايمەن.

«شىكخا»غا كەلسەم، مەن ئۇنى ئاجىزلىقتىن چۈشۈرۈۋەتكەنىدىم. شۇڭا، مەن دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇنى يەنە قويۇۋالدىم.

بىراق، ئەمدى لاكشمان جۇلا ئۈستىدىكى گەپكە كېلەيلى. مەن خىرىشكېش ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ۋە لاكشمان جۇلانىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىگە بەكلا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدىم. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق

تەبىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە بۇ خىل تەبىئىي مەنزىرىگە دىنىي مەنە بەخش ئېتەلىگەنلىكى ئادەمنىڭ ھۆرمەت ھېسسىياتىنى قوزغىماي قالمايتتى.

ۋاھالەنكى، كىشىلەرنىڭ بۇنداق گۈزەل، كۆركەم جايلاردىن پايدىلىنىشتىكى شەكلى مېنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. خىرىشكېش بىلەن خاردۋاردىكىگە ئوخشاش كىشىلەر يول بويلىرى ۋە گانگى دەرياسىنىڭ گۈزەل ئىككى قىرغىقىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئۇلار ھەتتا گانگىنىڭ مۇقەددەس سۈيىنىمۇ بۇلغىۋېتىشتىن يانمىغانىدى. ئۇلار ئەسلىدە بىرنەچچە قەدەم يولنى ئارتۇقراق ماڭسىلا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغۇدەك خالىي جاي تاپالايتتى، لېكىن قىرغاقلاردا دەريا بويىدا كېتىۋېتىپ كۆپكۆندۈزدە مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتسا، ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلماي قالمايتتى.

مەن كۆرگەن لاكشمان جۇلا گانگى دەرياسى ئۈستىدىكى بىر ئاسما تۆمۈر كۆۋرۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، خالاس. ئاڭلىشىمچە، بۇ يەردە ئەسلى ناھايىتى ياخشى بىر ئارقان كۆۋرۈك بار ئىكەندۇق، لېكىن مارۋادى (Marwadi) بىر خەير ـ ساخاۋەتچى ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ، كۆپ مەبلەغ سېلىپ بىر تۆمۈر كۆۋرۈك سېلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ ھەمدە كۆۋرۈكنى سېلىپ بولۇپ ئاچقۇچىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. مەن ئارقان كۆۋرۈكنى كۆرۈپ باقمىغان، شۇڭا بۇ ھەقتە ئېغىز يېرالمايمەن. لېكىن، مۇشۇنداق بىر جايغا تۆمۈر كۆۋرۈك سالغانلىق مەنزىرىنى گۆرگە تىققانلىق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتكە سەمىمىي ـ سادىق بولساممۇ، تاۋاپ قىلىدىغان كۆۋرۈكنىڭ ئاچقۇچىنى ھۆكۈمەتكە تۇتقۇزۇپ قويۇشتەك ئۇسۇلنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، دەپ قارايتتىم.

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ياتاققا كەلدىم، بۇ يەر تولىمۇ ئوسال بولۇپ، مەينەت ھەم دات بېسىپ كەتكەن تۆمۈر جازىدىن باشقا، ھېچنېمىسى يوق ئىدى. بۇنداق ياتاقلار ئەسلىدە ئەر ـ ئايال ساخاۋەتچىلەرگە سېلىنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەردە ھېچكىم ياتمايتتى دېيىشكە بولاتتى. چوڭ خانىلارغا چۈشكەن كىشىلەر ئادەمگە ياخشى تەسىر بەرمەيتتى.

ھالبۇكى، خاردۋاردىكى تەجرىبىلەرنىڭ ماڭا نىسبەتەن چەكسىز قىممىتى بارلىقىغا قىل سىغمايتتى. بۇ تەجرىبىلەر مېنىڭ ئالدى بىلەن قەيەردە تۇرۇشۇم، نېمە قىلىشىمغا زور ياردەم بەردى.

## توققۇزىنچى باب

# ئىنستىتۇت قۇردۇم

كۇمبا بۇت سەيلىسىگە تاۋاپقا بېرىشىم ئىككىنچى قېتىم خاردۇارغا بېرىشىم ئىدى. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتى 1915 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلغانىدى. شرادخاناندجى (Shraddhanandji) مېنىڭ خاردۇاردا تۇرۇپ قېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. كالكۇتتادىكى بىر نەچچە دوستۇم ماڭا ۋادياناسادخام (Vaidyanathadham)نى تونۇشتۇردى. باشقىلار مېنىڭ راجكودقا تايىن تېپىشىمنى قۇۋۋەتلەيتتى. لېكىن، مەن ئەخمەتئابادتىن ئۆتكىنىمدە نۇرغۇن دوست - بۇرادەرلەر شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىمنى تەۋسىيە قىلىشتى، ئۇلار ئىنستىتۇت قۇرۇلۇشىغا راسخوت تەييارلاش ئىشىدا بەس - بەس بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى، يەنە تېخى ماڭا بىر تۇرالغۇ جاي تېپىپ بەرمەكچىمۇ بولدى.

مەندە ئەخمەتئابادقا يەۋقۇلئاددە بىر خىل ھېرىسلىك بار ئىدى. مەن بىر گۇجارات ئىدىم، شۇڭا گۇجارات تىلى ئارقىلىقلا دۆلەتكە زور دەرىجىدە خىزمەت قىلالايمەن، دەپ قارايتتىم. ھالبۇكى، ئەخمەتئاباد بولسا قەدىمكى قول سانائەت، توقۇمىچىلىق مەركىزى ئىدى، ئەگەر يېزا قول سانائىتى توقۇمىچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈر تېپىلسا، بۇ ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئىدى. بۇ شەھەر گۇجاراتنىڭ مەركىزى ئىدى، شۇڭا بۇ يەردە پۇلدارلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش باشقا جايلارغا قارىغاندا كۆپ ئاسان ئىدى.

يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار مەسىلىسى تەبىئىيكى مېنىڭ ئەخمەتئابادتىكى دوستلىرىم بىلەن تالاش - تارتىش قىلىدىغان تېمام ئىدى. مەن ئۇلارغا باشقا شەرتلىرى تولۇق بولسىلا، بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مەكتەپكە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار تەبىقىسىدىن

كېلىپ چىققان بىر ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېنىق ئېيتتىم.

— سىز شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بۇنداق نامزاتنى نەدىن تاپماقچى؟ — دەپ سورىدى ۋىسنۇ مەزھىپىدىكى بىر دوستۇم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا.

ئاخىرىدا مەن ئىنستىتۇتنى ئەخمەتئابادتا قۇرۇش قارارىغا كەلدىم.

تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىگە كەلسەم، مېنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىم جىۋانلال دېسەي ئىسىملىك ئەخمەتئابادلىق بىر ئادۋوكات بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كوچرابتىكى غەربچە پاسوندىكى بىر ئۆيىنى ئىجارىگە بەرمەكچى بولدى. بىز ئۇ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇپ قالدۇق.

بىز ئالدى بىلەن ھەل قىلىدىغان تۇنجى مەسىلە ئىنستىتۇتنىڭ ئىسمى مەسىلىسى ئىدى. مەن دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشتىم. بەزىلەر «سېۋاشرام (Sevashram)» (مۇلازىمەت ئائىلىسى) دەپ قوللىنىش تەكلىپىنى بەردى، يەنە بەزىلەر «تاپوۋان (Tapovan)» (ئاددىي - ساددىلىق ئائىلىسى) دېيىش تەكلىپىنى بەردى. مەن «سېۋاشرام» دېگەن نامنى ياقتۇردۇم. شۇغىنىسى، بۇ گەپتە مۇلازىمەت تاكتىكىسى تازا تەكىتلەنمىگەندەك قىلاتتى. «تاپوۋان» دېسەك ماڭا ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلىۋالغاندەك تۇيۇلدى، چۈنكى بىز ئۆزىمىزنى ئاددىي - ساددىلارمىز دەپ ئاتىۋالساق قاملاشمايتتى. بىزنىڭ ئەقىدىمىز ھەقىقەتكە سادىق بولۇش، ۋەزىپىمىز ھەقىقەت ئىزدەش ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ئىدى. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تەجرىبىلىرىمنى ھىندىستانغا تەتبىقلاپ باقماقچىدىم، يەنە كېلىپ مەن ۋە ھەمراھلىرىم «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» دېگەن بۇ نامنى تاللىۋالغاندۇق، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ نىشانىمىز بىلەن مۇلازىمەت ئۇسۇلىمىزنى بىرلا ۋاقىتتا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى.

ئىنستىتۇتتا سۆز ۋە ھەرىكەتنى يوسۇنغا سېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ قائىدىسى تۈزۈشكە توغرا كەلدى. بىرەيلەن بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇ چاغدا چۈشكەن نۇرغۇن پىكىرلەر ئىچىدە گىرۇداس بانېرجى ئەپەندىنىڭ پىكرى ھازىرغىچە ئېسىمدە. ئۇ ئىنستىتۇتىمىزنىڭ مەكتەپ قائىدىسىنى قۇۋۋەتلىگەنىدى. لېكىن، ئۇ «كەمتەر» دېگەن بىر ماددىنى قوشۇپ

قويۇش تەكلىپىنى بەردى. چۈنكى، ئۇ ياشلاردا كەمتەرلىك كەم دەپ قارايتتى. مەن ياشلاردا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكنىڭ يېتەرسىز بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلساممۇ، لېكىن كەمتەرلىكنىڭ ھەممە ئادەم رىئايە قىلمىسا بولمايدىغان مەكتەپ قائىدىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، كەمتەرلىكنىڭ كەمتەرلىك بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. كەمتەرلىكنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆزىنى پەس كۆرۈش ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنى باشقا ئۇسۇللارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۆزىنى نىجات تاپتۇرۇشنى ئىستىگەن بىر ئادەم ياكى بىر چاكار ئىش ـ ئەمەلدە كەمتەر ۋە خالىس بولمايدىكەن، ئۆزىنى نىجات تاپتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. كەمتەرلىكتىن ئايرىلغان مۇلازىمەت شەخسىيەتچىلىكتۇر.

بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ بۇ بىر توپ ئادىمىمىز ئىچىدە 13 تامىللىق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەش ياش جەنۇبىي ئافرىقىدىن مەن بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىدى. قالغانلىرى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر ئىدى. بىز ئەر ـ ئايال بولۇپ 25 ئادەم ئىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئونىنچى باب

## مۇنازىرە

ئىنستىتۇت قۇرۇلۇپ بىرنەچچە ئاي بولا ـ بولمايلا، بىز كۈتۈلمىگەن بىر سىناققا يولۇقتۇق. مەن ئامرىتلال تاككار (Amritlal Thakkar) ئەنلىتىرال تاكارنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە: «كەمتەر ھەم تۈز بىر پېقىرلار ئائىلىسى سىلەرنىڭ ئىنستىتۇتىڭلارغا قوشۇلماقچى، سىلەر قوشۇلامسىلەر؟» دېيىلگەنىدى.

ئىچىمدە بىرئاز تەڭلىك بولدۇم. مەن يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار ئائىلىسىنىڭ ئىنستىتۇتىمىزغا كىرىشىنى بۇنچە تېز تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم. بۇنى باشقا ئادەم ئەمەس، بەلكى تاككار باپا (Thakkar Bapa) ئوخشاش ئاشۇنداق كاتتا ئەرباب تونۇشتۇرغانىدى. مەن بۇ خەتنى ھەمراھلىرىمغا كۆرسەتتىم. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى.

مەن ئامرىتلال تاككارغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇلار ئىنستىتۇتىمىزنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە بويسۇنىدىغانلا بولسا، ئۇلارنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۈم.

بۇ ئائىلىدە دۇدابايى (Dudabhai)، ئۇنىڭ خوتۇنى دانىبېن (Danibehn) ۋە ئۇلارنىڭ قىزى لاكشمى (Lakshmi)، يەنە ئەمدىلا تاياتاڭلاپ ئايىغى چىققان بىر كىچىك بالا بار ئىدى. دۇدابايى بومبايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىكەن. ئۇلار ئىنستىتۇتىمىزنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە بويسۇنىدىغان بولۇپ ئىنستىتۇتىمىزغا كىردى.

ھالبۇكى، بۇ ئىش مەكتىپىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن نۇرغۇن دوستلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بىرىنچى مەسىلە، قۇدۇقتىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئىدى. بۇ قۇدۇقنىڭ ئىشلىتىلىش ھوقۇ-

قىنىڭ بىر قىسمى ئۆي ئىگىسىدە ئىدى. ئاسما چېلەككە مەسئۇل ئادەم ئۇلارنىڭ چېلەكىدىن سارقىغان سۇ ھەممە سۇنى بۇلغايدۇ دەپ قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزگە بىرمۇنچە تىل - ئاھانەت قىلدى ھەمدە دۇدابايغا ھاقارەت قىلدى. مەن كۆپچىلىككە ئۇنىڭ ھاقارەتلىرىگە ۋە ھەرقانداق ئىشقا پەرۋا قىلماستىن، سۇ ئېلىۋېرىشىنى تاپىلىدىم. ئۇ بىزنىڭ ئۆزىگە گەپ ياندۇرمىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، ئۆزىچە خىجىل بولۇپ قالدىمۇ، بىزنى قايتا ئاۋارە قىلمىدى.

لېكىن، بارلىق ماددىي ياردەم توختىتىپ قويۇلدى. يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار مەكتەپنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە بويسۇنالامدۇ دەپ سورىغان ھېلىقى بۇرادەرلەر مۇنداق ئىشنى يۈز بېرەر دەپمۇ ئويلىمىغانىدى.

ماددىي ياردەمنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، بەزىلەر ئىجتىمائىي قامال قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بىزگە تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ، دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرمۇ تارقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىز تەييارلىنىپ قويغانىدۇق. مەن ھەمراھلىرىمغا بىز قامال قىلىنىپ بىئەپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالساق، ئەخمەتئابادتىن زادىلا ئايرىلمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. بىز يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار رايونغا كۆچۈپ كەتسەكمۇ، ئۆزىمىزنىڭ جىسمانىي ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇشىمىزنى قامداشقا رازى ئىدۇق.

ئىشلا مۇشۇ رەۋىشتە يۈرۈشۈپ كەتتى. بىر كۈنى ماگانلال گەندى ماڭا: «بىزنىڭ پۇلىمىز تۈگەي دەپ قالدى، كېلەر ئايغا يەتمەيدۇ» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا بىز يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار رايونغا كۆچۈپ كېتەيلى» دېدىم.

بۇنداق سىناقلارغا بىر قېتىملا ئۇچرىمىدىم، بۇنداق چاغلاردا پەرۋەردىگار ھەمىشە ئەڭ ئاداققى پەيتلەردە ماڭا ھەمدەمدە بولاتتى. موگەنرال گەندى ماڭا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر كۈنى ئەتىگىنى بىر كىچىك بالا كېلىپ، بىر مېھماننىڭ سىرتتا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ مەندىن:

— مەن بۇ ئىنستىتۇتقا بىرئاز ياردەم قىلسام، سىز قوبۇل قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن، — شۇ تاپتا قورۇق ساپاق بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمەن.

— مەن ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە كېلىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز مۇشۇ يەردە بولامسىز؟

— شۇنداق، — دېدىم مەن. ئۇ كەتتى.

ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتىن ئۆزىدە ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يېتىپ كېلىپ سىگنال بەردى. بالىلار خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشتى. ھېلىقى مېھمان كىرمىگەچكە، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم. ئۇ 13 مىڭ رۇپىيە پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپلا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

مەن بۇ پۇلغا ئېرىشەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، يەنە كېلىپ ياردەم قىلىش شەكلىمۇ شۇنداق غەلىتە ئىدى. بۇ مۆتىۋەر ئىلگىرى ئىنستىتۇتىمىزغا كېلىپ باقمىغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۇنى شۇ بىرلا قېتىم كۆرگەنىدىم. رەسمىي ئەسرا بولۇپ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ باقمىغانىدىم. بۇ پۇل بىلەن يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار رايونغا كۆچۈپ كېتىش پىلانىمىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇق. ئەمدى بىز بىر يىلغىچە خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزەلەيتتۇق.

سىرتتا بوران - چاپقۇن چىققانغا ئوخشاش مەكتەپ ئىچىدىمۇ بەزى داۋالغۇشلار بولدى. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمىزدا، پىقىر دوستلار ھەمىشە ئۆيىمىزگە كېلىپ، يىمەك - ئىچمەك ۋە يېتىپ - قوپۇشتا بىز بىلەن بىللە بولاتتى. لېكىن، خوتۇنۇم بىلەن باشقا ئاياللار ئىنستىتۇتنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىنى تازا ياقتۇرمايدىغاندەك قىلاتتى. مەن بۇنى ناھايىتى تېزلا سېزىپ قالدىم. ئۇلار دانىفونغا ئۆچلۈك قىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق مىنى ئانچە غەم قىلدۇرمايتتى. لېكىن، مەن بۇ قېتىمقى ئىچكى داۋالغۇشقا زادىلا چىدىيالماي قالدىم. دانىفون ئادەتتىكى بىر ئايال، دۇداباي كۆپ ئوقۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ سەۋرچانلىقىنى ياقتۇراتتىم. بەزىدە ئۇمۇ تېرىكىپ قالاتتى، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ سەۋر - تاقەتچانلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. مەن ئۇنى بۇ خورلۇققا سەۋر قىلىشقا ئۈندىدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپلا قالماي، بەلكى خوتۇنىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى.

بىز بۇ ئائىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنستىتۇتىمىزغا ناھايىتى قىممەتلىك بىر دەرس ئۆتۈۋالدۇق. بىز باشتىلا يېقىنلاشقىلى

بولمايدىغانلار تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قاراپ تۇرالمايمىز دەپ جاكارلىدۇق. ئىنستىتۇتقا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىۋى تەييارلىقى بار ئىدى. شۇڭا، ئىنستىتۇتنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتى ئادەتتىكىچىلا بولدى. مەكتەپنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ۋە مەكتەپكە ئىئانە قىلىدىغانلار ساپلا ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىدى. بۇ ھال شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى مۇمكىنكى، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمى تۈپ ئاساسىدىن ئاللىقاچان تەۋرەشكە باشلىغانىدى. بۇ جەھەتتە تەبىئىيكى يەنە باشقا دەلىللەرمۇ بار ئىدى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار بىلەن باشقا كىشىلەرنى يېمەك ـ ئىچمەكتە بىللە بولۇشقا ئۈندەيدىغان بىر ئىنستىتۇتقا رازىمەنلىك بىلەن ياردەم بېرىشىنىڭ ئۆزى بۇنىڭغا يېتەرلىك ئىسپات ئىدى.

ئاساسلىق مەسىلىلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان بەزى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە، كۈتۈلمىگەن بەزى قىيىنچىلىقلارنى قانداق يەڭگەنلىكىمىزنى ھەممە ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى تىلغا ئالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمەن؛ كېيىنكى بابتىمۇ مۇشۇنداق نۇقسانلار بار. مېنىڭ مۇھىم تەپسىلاتلارنى قالدۇرۇۋېتىشىمدىكى سەۋەب، بۇ ۋەقەگە ئالاقىدار شەخسلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ھايات. ئۇلارغا ئالاقىدار ئىشلارنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى زىكرى قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماسلىق مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ياكى ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە ئۇلارغا ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جايلارنى ئۆزگەرتىش تەكلىپى بېرىش ئەمەلىيەتتە تولىمۇ تەس ئىدى. يەنە كېلىپ بۇنداق رەسمىيەت بۇ تەرجىمىھال دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەتتى. شۇڭا، مەن باشقا ھېكايىلىرىمنى ھەقىقەت ئاشىقلىرى ئۈچۈن قىممىتى بولسىمۇ، قىسقارتىۋېتىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ ئارزۇيۇم پەرۋەردىگار ئىرادە قىلغان بولسا، بۇ كىتابنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى رەسمىي يولغا قويۇلغۇچە يېزىش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون بىرىنچى باب

# كېلىشىملىك كۆچمەنلەر تۈزۈمىنى بىكار قىلىش

بىز ئىرچىل داۋالغۇشلار بىلەن تولغان بۇ ئىنستىتۇتنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، دىققىتىمىنى ئۆزىگە تارتقان يەنە بىر ئىشقا كېلەيلى.

كېلىشىملىك ئىشچى ئالاھازەل بەش يىللىق توختام بىلەن ھىندىستاندىن چەت ئەللەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ئىدى.

1914 - يىلىدىكى «سموتس (Smuts) — گەندى» كېلىشىمىگە ئاساسەن، ناتالغا بارىدىغان كېلىشىملىك كۆچمەنلەردىن ئېلىنىدىغان ئۈچ فوندستېرلىڭ باج بىكار قىلىنغانىدى، لېكىن ھىندىستان تەرەپنىڭ ئادەتتىكى كۆچمەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولماي كېلىۋاتاتتى.

1916 - يىلى 3 - ئايدا، پاندىت مادان موخان مالاۋىياجى (Pandit Madan Mohan Malaviyaji) ئىمپېرىيە قانۇن تۇرغۇزۇش پارلامېنتىدا كېلىشىم تۈزۈمىنى بىكار قىلىش توغرىسىدا بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى. خاردىنگې (Hardinge) بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ «ئەنگلىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ خېلى بىر مەزگىل ئىچىدە بۇ تۈزۈمنى بىكار قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەدە»سىنى ئالغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق، مېنىڭچە مۇنداق قۇرۇق ۋەدە ھىندىستاننى رازى قىلالمايتتى. بىز بۇ تۈزۈمنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. ھىندىستاننىڭ بۇ تۈزۈمگە سەۋر - تاقەت قىلىشى ئۇنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئىدى. مەن بۇ تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان پەيتنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەن بەزى داھىيلار بىلەن كۆرۈشتۈم، گېزىتتە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم، مەن جامائەت پىكرىنىڭ بۇ تۈزۈمنىڭ ھەقىقىي تۈردە بىكار

قىلىنىشىنى قوۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق»قا ياخشى بىر تېما ئەمەسمۇ؟ مەن ئىشىنىڭ جەزمەن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. لېكىن، نەدىن قول سېلىشنى بىلمەيتتىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باش ۋالىيمۇ «ئاخىر بىكار قىلىش» دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ مەزمۇنىنى يادلاپ ئۈلگۈرمىدى، ئۇنىڭ گېپىچە بولغاندا بۇ «مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە باشقىچە چارىلەر» بىلەن بىكار قىلىش دېگەن مەنىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇڭا 1917 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، پاندىت مالاۋىياجى بۇ خىل تۈزۈمنى دەرھال بىكار قىلىش ھەققىدىكى بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. چېلمسفورد (Chelmsford) ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. مېنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ كۆپچىلىككە مەدەت بېرىدىغان ۋاقتىم كېلىپ قالغانىدى.

مەن تەشۋىق ـ تەرغىباتىمنى باشلاشتىن ئىلگىرى، باش ۋالىينى پەتىلەپ قويۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ بۇنىڭغا دەرھاللا ماقۇل بولدى. ماففېي ئەپەندى، يەنى ھازىرقى جون ماففېي (John Maffey) ئۇنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن باردى ـ كەلدەم بار ئىدى. مېنىڭ چېلمسفورد بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىم كىشىنى قانائەتلەندۇرەتتى، ئۇ ياردەم بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىگەنىدى.

مەن ساياھىتىمنى بومبايدىن باشلىدىم. جېھانگىر پېتىت (Jehangir Petit) ئەپەندى ئىمپېرىيە پۇقرالىرى كېلىشىمى نامىدا بىر يىغىن ئاچماقچى بولۇۋاتاتتى. جەمئىيەتنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىر قارارنامە تۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يىغىن ئاچتى. دوكتور ستانلى رىد (Stanley Reed)، لاللۇبەي سامالداس (Lallubhai Samaldas) ئەپەندى (ھازىر سىر)، ناتاراجان (Natarajan) ئەپەندى ۋە پېتىت ئەپەندىلەر كومىتېت يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان تېما ھۆكۈمەتنى مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە بۇ تۈزۈمنى بىكار قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا «تېزدىن بىكار قىلىش»، «7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن

بۇرۇن بىكار قىلىش»، «دەرھال بىكار قىلىش»تىن ئىبارەت ئۇچ خىل تەكلىپ چۈشكەندى. مەن مۇددەت بەلگىلەپ بىكار قىلىشنى قۇۋۋەتلەيتتىم. چۈنكى، ھۆكۈمەت چەكلىك مۇددەت ئىچىدە بىزنىڭ تەلىپىمىزگە قوشۇلمىسا، بىز قارشى تەدبىر قوللانساق بولاتتى. رالۇبەي ئەپەندى «دەرھال بىكار قىلىش»نى قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ «دەرھال بىكار قىلىش» 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن دېگەنگە قارىغاندا تېز بولىدۇ، دەيتتى. مەن خەلق «دەرھال» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن دەپ چۈشەندۈرەتتىم. ناۋادا بىز ئۇلاردىن ئالىدىغانداق بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدىكەنمىز، بىز جەزمەن ئېنىق ئىبارىلەرنى قوللىنىشىمىز زۆرۈر ئىدى. ھەربىر ئادەم «دەرھال» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئۆز چۈشەنچىسى بىلەن ئىزاھلايتتى: ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەتچە چۈشەندۈرۈشى، خەلقنىڭ خەلقچە چۈشەندۈرۈشى بار ئىدى. «7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى» دېگەنگە كەلسەك، بۇ ئادەمدە ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلمايتتى، ئەگەر ئاشۇ كۈنگە كەلگۈچە ھۆكۈمەت ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمىسا، بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللانساق بولاتتى. دوكتور رىد (Reed) بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ كۈچىنى چۈشەندى، ئەڭ ئاخىرىدا لاللۇبەيمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ھۆكۈمەتكە 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىنى بۇ تۈزۈم بىكار قىلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈن دەپ ئېلان قىلدۇق. بۇ قارار لايىھەسى ئاممىۋى يىغىندا ماقۇللاندى، يەنە كېلىپ ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يىغىلىشلارمۇ بۇ قارار لايىھەسىنى مۇناسىپ ھالدا ماقۇللىدى.

جايجى پېتىت (Jaiji Petit) خانىم پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاياللار تەلەپ قويۇش ئۆمىكى تەشكىللەپ، باش ۋالىيغا ئىلتىماس قىلغىلى باردى. بومبايدىن كەلگەن ئاياللار ئىچىدە، ئېسىمدە قېلىشىچە، تاتا (Tata) خانىم بىلەن مەرھۇم دىلشاد (Dilshad) خانىممۇ بار ئىدى. بۇ تەلەپ قويۇش ئۆمىكىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. باش ۋالىي ئادەمنى ئىلھاملاندۇرىدىغان جاۋابنى بەردى.

مەن كاراچى، كالكۇتتا ۋە باشقا جايلارغا بارغانىدىم. ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ناھايىتى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىلىشلار بولۇپ تۇردى، يەنە كېلىپ خەلقنىڭ قىزغىنلىقى چېكىگە يەتكەنىدى. تەشۋىق ـ سەپەرۋەرلىك باشلانغاندا، مەن مۇنداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى

ئويلىمىغانىدىم.

مەن ئۇ كۈنلەردە ھەمىشە يالغۇز ساياھەت قىلاتتىم، شۇڭا ئاجايىپ ـ غارايىپ كەچۈرمىشلىرىم بولغانىدى. جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ھەمىشە ئارقامغا چۈشۈۋالاتتى. لېكىن، مېنىڭ ھېچقانداق مەخپىيىتىم بولمىغاچقا، ئۇلار مېنى ئاۋارە قىلالمايتتى، يەنە كېلىپ مەنمۇ ئۇلارغا ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەرمەيتتىم. ھېلىمۇ ياخشى مەن ئۇ چاغلاردا «ماخاتما» دېگەن نامنى تىلغا ئالمىغانىدىم، گەرچە مېنى تونۇيدىغان كىشىلەر مېنى كۆرسە، بۇ ئىسىمنى توۋلاپ ئۈنلۈك ۋارقىرايدىغان بولسىمۇ.

بىر قېتىم ئالاھىدە خادىملار بىرنەچچە ۋوگزالدا مەندىن قۇسۇر ئىزدەپ يۈردى، ئۇلار مېنىڭ بېلىتىمنى تەكشۈرۈپ، بەلگە سېلىپ قويغانىكەن، مەن بولسام ئۇلارنىڭ بارلىق سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە تەبىئىي رازى ئىدىم. ۋاگوندىكى سەپەرداشلار مېنى بىر ساتۇ (رىيازەتچى) ياكى بىر پېقىر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۇلار مېنىڭ ھەممىلا ۋوگزالدا دېگۈدەك ئاۋارە قىلىنغانلىقىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ تەرىپىمنى ئېلىپ ئالاھىدە خادىملارنى تىللايتتى. ئۇلار: «سىلەر نېمىشقا ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق بۇ زىيارەتچىنى ئاۋارە قىلىسىلەر؟» دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى، ئاندىن يەنە ماڭا: «بېلىتىڭىزنى بۇ لۈكچەكلەرگە بەرمىسىڭىز بوپتىكەن» دەيتتى.

مەن ئۇلارغا: «پويىز بېلىتىنى ئۇلارغا كۆرسەتكەنىنىڭ نېمە ئاۋارىگەرچىلىكى بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى» دەيتتىم مۇلايىملىق بىلەن. سەپەرداشلار يەنىلا رازى بولمايتتى، ماڭا ھېسداشلىق قىلغانسېرى بىگۇناھ ئادەمنى بوزەك قىلىدىغان بۇ مۇتتەھەملەرگە شۇنچە قارشىلىق قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئالاھىدە خادىملار ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ھەقىقىي مۇشكۈلات ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىكى سەپەر ئىدى. مەن لاھوردىن دېھلىغا كەلگۈچە كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. مەن كاراچىدىن كالكۇتتاغا بارماقچىدىم. لاھوردا پويىز يولۇچىلار بىلەن توشۇپ كەتتى، قىستىلىپ كىرىۋالغانلار ئۆز بىگىسىغا تايىناتتى. ئەگەر ئىشىك ئېتىلىپ قالغان بولسا، دېرىزىدىن ئۆمىلەپ كىرەتتى. مەن كالكۇتتادىكى ۋاقتى ئالدىن بەلگىلەنگەن بىر يىغىلىشقا ئۈلگۈرۈپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئەگەر شۇ قېتىمقى پويىزدىن قالسام، مەن

ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ بارالمايتتىم. مەندە ھېچقانچە ئۈمىد قالمىغانىدى. ماڭا ھېچكىممۇ ياردەم قىلمايتتى، بۇ ۋاقىتتا بىر ھاممال مېنىڭ بىچارە ھالىتىمنى كۆرۈپ، يېنىمغا كەلدى ـ دە: «ماڭا 12 ئەننا بەرسىڭىز ئورۇن تېپىپ بېرىمەن» دېدى. «بولىدۇ، ــ دېدىم مەن، ــ سىز ماڭا ئورۇن تېپىپ بەرسىڭىزلا، مەن سىزگە چوقۇم 12 ئەننا بېرىمەن». ئۇ يىگىت ئۇ ۋاگوندىن بۇ ۋاگونغا قاتراپ يولۇچىلارغا يالۋۇرۇپ باقتى، لېكىن ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. پويىز ماڭايلا دەپ قالدى. بەزى يولۇچىلار: «بۇ يەردە ئورۇن قالمىدى، ئەگەر خالىسىڭىز سىز ئۇنى دېرىزىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىڭ، ئۇ ئۆرە تۇرسىلا بولىدۇ» دېدى. «سىزچە قانداق؟» دەپ سورىدى ئۇ ھاممال مەندىن. مەن بۇنىڭغا دەرھال قوشۇلدۇم، ئۇ مېنى دېرىزىدىن كىرگۈزۈۋەتتى. مەن شۇنداق قىلىپ پويىزغا چىققان بولدۇم، ھالبۇكى ئۇ ھاممال 12 ئەننا تاپتى.

ئۇ كېچە مەن ئۈچۈن راستىلا بىر سىناق بولدى. باشقا يولۇچىلار قانداقلا بولمىسۇن ھەرھالدا ئولتۇرۇپ ماڭدى، مەن بولسام ئىككى سائەت ئۆرە تۇردۇم، قولۇم ئۈستۈنكى كارىۋاتنىڭ زەنجىرىدە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا بەزى يولۇچىلار: «نېمىشقا ئولتۇرمايسىز؟» دەپ مېنى ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. مەن ئورۇن يوق دەپ چۈشەندۈرەتتىم. ئۇلار كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىشسىمۇ، مېنىڭ ئۆرە تۇرۇشۇمغا ئۇنىمايتتى. ئۇلار مېنى ئاشۇنداق ئاۋارە قىلسىمۇ، مەن قىلچە تېرىكمەيتتىم، يەنە كېلىپ ھەمىشە مۇلايىملىق بىلەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بېرەتتىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارمۇ ئېرىدى. بىرەيلەن ئىسمىمنى سورىدى، مەن ئېيتىپ بەردىم، ئۇلار خىجالەت بولغاندەك بولدى. ئۇلار ماڭا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ھەمدە ماڭا ئورۇن بەردى. شۇنداق قىلىپ سەۋرىدىن ھالۋا پىشتى، مەن راستىلا بەك ھېرىپ كەتكەنىدىم. بېشىممۇ قېيىپ تۇراتتى، تازا بېشىم قېتىپ تۇرغاندا پەرۋەردىگار ماڭا ھىممەت قىلدى.

مەن ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا دېھلىدىن كالكۇتتاغا باردىم، كاسسىمبازار (Cassimbazaar) قاسىم پاشا بەگ كالكۇتتا قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ئىدى، ئۇ مېنىڭ ساھىبخانام ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ كاراچىدىكىگە ئوخشاش قىزغىنلىقتا چۆمگەنىدى. بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا بىرنەچچە ئەنگلىيەلىكمۇ قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بولماي تۇرۇپلا، ھۆكۈمەت ھىندىستاندىن چەت ئەلگە چىقىدىغان كېلىشىملىك كۆچمەنلەرنى توختىتىدىغانلىقىنى

جاكارلىدى.

مېنىڭ بۇ تۇزۇمگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ يازغان تۇنجى تەلەپنامەم 1894 ـ يىلى تۇزۇلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ خىل «چالا قۇللۇق تۇزۇم» (خانتېر ئەپەندى بۇ تۇزۇمنى ئاشۇنداق ئاتايتتى) نىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ھامان بىر كۈنى يوقىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

مەن 1894 ـ يىلى بۇ كۈرەشنى قوزغىغاندا نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا ھەمدەمدە بولغانىدى. لېكىن، مەن يوشۇرۇن قۇدرەتكە ئىگە «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تېزلەتكەنلىكىنى دېمەي تۇرالمايمەن.

شۇ قېتىمقى كۈرەشنىڭ ئەھۋالىنى ۋە شۇ قېتىمقى كۈرەشكە قاتناشقان كىشىلەرنى تەپسىلىي چۈشەنمەكچى بولغانلارغا، مەن «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ‹زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق› ھەرىكىتى تارىخى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىمنى ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون ئىككىنچى باب

# ئىندىگوزارلىقتا چۈشكەن داغ

چامپاران (Champaran) جاناكا (Janaka) پادىشاھلىقى[1]نىڭ زېمىنى، ئۇ يەر ھازىر ساپلا مانگوزارلىق، لېكىن 1917 ـ يىلىدىن بۇرۇن ساپلا ئىندىگو[2] ئېكىنزارلىقى ئىدى. چامپاراندىكى يانچىلار قانۇن بويىچە تېرىغان ھەر 20 كاتخاس[3] يەر ئىچىدە ئۈچ كاتخاس يەردىكى ئىندىگوزارلىق پومېشچىكلارغا تەۋە بولاتتى. بۇ خىل تۈزۈم ئۈچ كاتخاسلىق تۈزۈم (بىر ئىنگلىز موسىغا تەڭ) دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى، ھەر 20 كاتخاس يەردە ئۈچ كاتخاس ئىندىگو ئېكىنزارلىقى بولۇشى كېرەك ئىدى.

شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرنىڭ نامىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. چامپاراننىڭ قانداق يەرلىكى ماڭا تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئىندىگو ئېكىنزارلىقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ ساۋاتىم يوق ئىدى. مەن كىچىك ـ كىچىك ئىندىگوزارلىقنى كۆرگەنىدىم. لېكىن، ئۇلارنى چامپاراندىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان دېھقانلارنىڭ مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە ئېكىن قىلىپ ئەھيا قىلىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم.

راجكۇمار شۇكلا (Rajkumar) ئاشۇنداق ئېزىلىشكە ئۇچرىغان دېھقان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئېزىلگەن

---

① جاناكا پادىشاھلىقى ــ ھىندى دىنى رىۋايەتلىرىدىكى ھەكىملەر پەزلىگە ئىگە پادىشاھلىق، زانبىلان ھىمالايا تېغىنىڭ باغرىدا. ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

② ئىندىگو ــ ماگنولىيە ۋە ئوسما ئۆسۈملۈكلىرى تىپىدىكى ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭدىن ئالىي دەرىجىلىك بوياق ماتېرىياللىرى ياسىلىدۇ ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

③ بىر كاتخاس (Kathas) ــ بىر ئىنگلىز موسىنىڭ 1/3 ىگە تەڭ. ــ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دېھقانلار ئۇچۇن ئىندىگوزارلىقتىكى داغ ــ ھاقارەتنى يۇيۇۋەتمەكچىدى.

1916 ــ يىلى مەن لۇكنوۋ (Lucknow)غا كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقىلى بارغىنىمدا، بۇ ئادەم ماڭا ئېسىلىۋېلىپ: «ئادۋوكات ئەپەندى، بىزنىڭ كۈلپەتلىرىمىزنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي» دېگەنىدى. ئۇ يەنە تېخى مېنى چامپارانغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلغانىدى. ئادۋوكات ئەپەندى دېگىنى باشقا ئادەم ئەمەس، دەل براجكىشورې پراساد (Brajkishore Prasad) ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ چامپاراندىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر سەپدىشىم بولۇپ قالدى. راجكۇمار شۇكلا مېنى چېدىرغا باشلاپ كىردى. براجكىشورې بابۇ ئۇ چاغدا ئۇچىسىغا قارا مووۋۇت چاپان ۋە ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، ماڭا ئادەتتىكىچە تەسىر بەرگەنىدى. مەن ئۇنى دېھقانلارنى قاقتى ــ سوقتى قىلىپ جان باقىدىغان بىر ئادۋوكات بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. مەن ئۇنىڭ چامپاران ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆز ئادىتىم بويىچە: «ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگۈچە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. سىز تەكلىپ لايىھەيىڭىزنى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇڭ، ھازىرچە مېنى ئۆز ئەركىمگە قويۇپ بېرىڭ» دەپ جاۋاب بەردىم. راجكۇمار شۇكلانىڭ كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى تەبىئىي ئىدى. براجكىشورې پراساد بابۇ چامپاران خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىنىغان بىر قارارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىندىكىلەرنىڭ بىردەك ماقۇللۇقىغا ئېرىشتى.

راجكۇمار شۇكلا ناھايىتى خۇشال بولدى، لېكىن ئۇ دېگەندەك رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ مەندىن چامپارانغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ جەبىر ــ جاپاسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا چامپاراننى سەپەر كۈنتەرتىپىمگە قويىدىغانلىقىمنى، ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. «بىر كۈن بولسىلا يېتەرلىك، — دېدى ئۇ، — سىز ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرىسىز.»

مەن لۇكنوۋدىن كانپۇرغا باردىم. راجكۇمار شۇكلا مەن بىلەن بىللە باردى. «چامپاران بۇ يەرگە ئىنتايىن يېقىن، بىرەر كۈن تۇرۇڭ» دېدى ئۇ ماڭا تەكلىپ بېرىپ. «بۇ قېتىم مېنى كەچۈرۈڭ، لېكىن مەن چوقۇم بارماي قويمايمەن» دېدىم مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ.

www.uyghurkitap.com

مەن ئىنستىتۇتتا قايتتىم. ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرىدىغان راجكۇمارمۇ ئاشۇ يەردە ئىدى. ئۇ: «بىر كۈنگە تايىن تېپىلىك» دېيدى. «بولدى، — دېدىم مەن، — قايسىبىر كۈنى مەن كالكۇتتاغا بارسام، سىز مېنى شۇ يەردىن ئىزدەڭ، مەن سىز بىلەن باراي». مەن نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىپ، نېمىلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم.

مەن كالكۇتتادىكى بۇپېن بابۇ (Bhupen Babu)لارنىڭ ئائىلىسىگە يېتىپ بارماستىنلا، راجكۇمار شۇكلا مېنى ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن. قارىتۇرۇك، تۆز، لېكىن قەتئىي بۇ دېھقان مېنى ئاخىر ئەل قىلدى.

1917 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، مەن كالكۇتتادىن ئايرىلىپ چامپارانغا باردىم. بىزنىڭ تەق ـ تۇرقىمىز بەئەينى سەھرالىق تومپايلاردەكلا ئىدى. قانداق پويىزدا ئولتۇرغانلىقىم ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ مېنى پويىزغا ئاچىقىپ، مەن بىلەن بىللە ئولتۇردى. بىز قاق سەھەردىلا پاتناغا باردۇق.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم پاتناغا بېرىشىم ئىدى. مەن بۇ يەردىكى دوست ۋە تونۇشلىرىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. مەن ئەينى ۋاقىتتا راجكۇمار شۇكلانى سەممىي بىر دېھقان دەپلا ئويلايتتىم، ئۇنىڭ پاتنادا ھەرھالدا خېلى تەسىرى بولسا كېرەك. مەن يولدا ئۇنى خېلىلا چۈشىنىپ قالدىم. پاتناغا بارغاندا، ئۇنىڭغا بولغان شېرىن خىياللىرىمنىڭ ھەممىسى بەربات بولدى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستۇم دەپ بىلگەن ئاشۇ دوستلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بىچارە راجكۇمار ئۇلارنىڭ قۇلىغىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى. بۇنداق دېھقان ۋاسىتىچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتلىرى ئوتتۇرىسىدا خۇددى شاۋقۇنلۇق گانگى دەرياسىغا ئوخشاش چوڭقۇر ئارىلىق بار ئىدى.

راجكۇمار شۇكلا مېنى پاتنادىكى راجېندىرا پىراساد[1]نىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. راجېندىرا پىراساد پۇرىغا ياكى باشقا بىر جايغا كەتكەنىكەن، نەگە كەتكەنلىكىنى ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بىز بارغاندا ئۆيدە بىر ـ ئىككى چاكار بار ئىدى. ئۇلار بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپمۇ قويمىدى.

---

[1] راجېندىرا پىراساد — ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى، ئاراﺋاباد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پەنلىرى دوكتورى — تەرجىماندىن.

مەن بىر ئاز يەيدىغان نەرسە ئېلىۋالغاندىم. مەن ئازراق چىلان ئالماقچىدىم، ھەمراھلىرىم بازارغا بېرىپ، ئۇنى ماڭا ئەكېلىپ بەردى.

بىخاردىكى يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار تۇزۇمى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. چاكارلار قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقاندا، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا سۇ سوراپ بارالمىدىم. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ قايسى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتى. ئۇلار مەن سۇ تارتقان چېلەكنىڭ سۈيى چاچراپ كېتىپ، ئۆزلىرىنى بۇلغاپ قويۇشتىن قورقاتتى. راجىكۇمار مېنى باشلاپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھاجەتخانىغا ئەكىرمەكچى بولۇۋىدى، چاكارلار دەرھال كېلىپ مېنى تالادىكى ھاجەتخانىغا باشلىدى. مەن بۇنىڭدىن ئانچە ھەيران قالمىدىم ياكى بۇنىڭغا غەزەپلىنىپمۇ كەتمىدىم. چۈنكى، بۇنداق ئىشلارغا مەن كۆنۈپ كەتكەنىدىم. چاكارلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتاتتى، ئۇلار رېجىنىدېرا بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

بۇ خىل مېھماندارچىلىق مېنىڭ راجىكۇمار شۇكلانىڭ ئادىمىيلىكىگە بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ قوزغىدى، شۇنىڭدەك ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋالدىم. شۇ چاغدىلا راجىكۇمار شۇكلانىڭ ماڭا سەركىلىك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى، تىزگىننى ئۆزۈم تۇتۇشۇم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم.

## ئون ئۈچىنچى باب

## سىپايە بىخارلىقلار

مەن مائۇلانا مازخارۇل خاك (Maulana Mazharul Haq) بىلەن لوندوندا تونۇشقانىدىم. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا قانۇن ئۆگىنىۋاتاتتى. مەن 1915 - يىلى بومبايدىكى كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ۋاقتىمدا (ئۇ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئىدى)، ئۇ كونا بۇرادەرچىلىكىمىزنى زىكرى قىلىپ، مېنى قانداقلا چاغدا پاتناغا بېرىپ قالسام چوقۇم ئۆز ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشۇمنى تەكلىپ قىلغانىدى. مەن بۇ ئىشنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ شۇ ھامان ماشىنىلىق مېنى يوقلاپ كەلدى ھەمدە ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، مېنى كۆزلىگەن يېرىمگە پويىز بىلەن بالدۇرراق يولغا سېلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. چۈنكى، ماڭا ئوخشاش بۇ يەرنى زادىلا بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن پويىز ۋاقىت جەدۋىلىنىڭ ھېچقانچە رولى يوق ئىدى. ئۇ راجكۇمار شۇكلا بىلەن بىرپەس سۆزلىشىۋېلىپ، ماڭا ئالدى بىلەن مۇزەففەرپۇر (Muzaffarpur)غا بېرىپ، ئاندىن شۇ كۈنلۈك كەچلىك پويىز بىلەن دېگەن يېرىمگە بېرىش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ مېنى ۋوگزالغىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

مەكتەپ مۇدىرى كرىپالانى (Kripalani) ئەينى چاغدا مۇزەففەرپۇردا تۇراتتى. مەن ھەيدەر ئاباد (Hyderabad)قا زىيارەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامىشەرىپىنى ئاڭلىدىم. دوكتور چوترام (Choithram) ماڭا ئۇنىڭ تۆلىگەن غايەت زور بەدەللىرى، ئاددىي - ساددا تۇرمۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن مەكتەپ ئاچقان ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە ئۇ مۇزەففەرپۇردا ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئىنستىتۇتتا پروفېسسورلۇق قىلىدىكەن، مەن ئۇ يەرگە بارغاندا،

ئۇنىڭ ئىستېپا بەرگىنىگە ئۇزاق بولمىغانىكەن. مەن ئۇنىڭغا تېلېگراممىا يوللاپ، ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم. ئۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ، مېنى قارشى ئالغىلى ۋوگزالغا كەپتۇ. پويىز يېرىم كېچىدە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرالغۇسى يوق ئىكەن. ئۇ پىروفېسسور مالكانى (Malkani)نىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانىكەن. شۇڭا، مارغانى مېنىڭ ساھىبخانىم بولۇپ قالدى. دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىر پىروفېسسورىنىڭ ماڭا ئوخشاش بىر ئادەمنى كۈتۈۋېلىشى ئەينى ۋاقىتتا ئاز ئۇچرايدىغان بىر ئەھۋال ئىدى.

پىروفېسسور كرىپالانى ئۇمىدسىزلىنىپ، بولۇپمۇ تىرخۇت (Tirhut) رايونىنىڭ ئەھۋالىدىن مېنى ۋاقىپلاندۇردى ھەمدە مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ قىيىنچىلىقتا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ بىخارلىقلار بىلەن خېلى بۇرۇن ناھايىتى زىچ ئالاقە باغلىغانىكەن، يەنە تېخى مېنىڭ بىخارغا كېلىشتىكى ۋەزىپەم توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەنىكەن.

ئەتىسى سەھەردە بىر توپ ئادۋوكات مېنى يوقلاپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا راجېندرا پىراشادمۇ بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن بەك تەسىرلەندىم.

— سىز بۇ يەردە (پىروفېسسور مالكانىنىڭ ئۆيىنى دېمەكچى) تۇرسىڭىز، — دېدى ئۇ، — بۇ قېتىمقى سەپىرىڭىزنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەيسىز. سىز كۆچۈپ كېلىپ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بىلەن بىللە تۇرۇشىڭىز كېرەك. گايا بابۇ (Gaya Babu) بۇ يەردىكى داڭلىق ئادۋوكات. مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن سىزنى ئۇنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. مەن ھەممىمىزنىڭ ھۆكۈمەتتىن بىر ئاز قورقىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمەن، بىراق بىز سىزگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياردەم قىلىمىز. راجكۇمار شۇكلا سىزگە ئېيتقان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى راست، ئەپسۇسكى بىزنىڭ رەھبىرىمىز بۇگۈن يوق. بىراق، براجكىشورې بابۇ بىلەن راجېندرا بابۇغا تېلېگرامما بېرىۋەتتىم. مەن ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا كېلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمەن. ئۇلار سىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئىشلارنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ ھەمدە سىزگە ئاشۇرۇپ ياردەم بېرەلەيدۇ. سىزنىڭ گايا بابۇنىڭكىگە بېرىپ تۇرۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

بۇ مەن رەت قىلالمايدىغان بىر تەرەپ ئىدى، لېكىن مەن گايا بابۇنى تەڭلىك قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم. ئۇ بۇ قېتىم ماڭا

كەمتەر، ساپ، ئاق كۆڭۈل ۋە ئۆزگىچە تەسىر بەردى. بۇلار بىخار-لىقلارغا خاس خۇسۇسىيەتلەر ئىدى، مەن بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولدۇم. بىخارلىق ئادۇوكاتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇنىڭدىن مەن ھەم خۇشال بولدۇم، ھەم ھەيران قالدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي مەن بۇ بىر توپ بۇرادەرلەر بىلەن مەڭگۈلۈك دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. براجكىشورى بابۇ مېنى بۇ ئىشنىڭ يېپىدىن يىڭنىسىگىچە خەۋەردار قىلدى. ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى باركى، ئۇ ھەممىشە نامرات دېھقان ـ يانچىلارنىڭ دېلولىرىنى قوبۇل قىلاتتى. مەن ئۇ يەرگە بارغاندا، ئاشۇنداق ئىككى دېلوغا دۇچ كەلدىم. ئۇ بۇ دېلولاردا بىراقلا غەلىبە قىلىپ، نامراتلارغا ئازراق ياخشى ئىش قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى تېپىشنى ئىستەيتتى. لېكىن، ئۇ ئاشۇ ساددا دېھقانلاردىن ھەق ئالاتتى. ئادۇوكاتلار ھەق ئالمىسا، تۇرمۇش كەچۈرەلمەيمىز، كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئۇنۇملۇك يار ـ يۆلەك بولالمايمىز دەپ ئويلايتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى ئادۇوكاتلارنىڭ ئالىدىغان ھەققىنى بېنگال ۋە بىخاردىكى ئادۇوكاتلارنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىگە سېلىشتۇرغاندا، ئادەم ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالاتتى.

— بىز 10 مىڭ رۇپىيە خەجلەپ، پالانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتۇق، — دېدى بىرەيلەن ماڭا. بۇ يەردە ئادەتتىكى بىر دېلو ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەق تۆت خانىلىق ساندىن كەم بولمايدىكەن.

دوستلار مېنىڭ سىلىق ئەيىبلەشلىرىمنى ئاڭلاپ ھەرھالدا خاتا چۈشەنچىدە بولمىدى.

— بۇ دېلولارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بىر پىكىرگە كەلدىم، — دېدىم مەن، — بىز بۇ دېلونى سوتقا ئاپارمىساقمۇ بولغۇدەك. بۇنداق دېلولارنى سوت مەھكىمىسىگە ئاپىرىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. دېھقانلار مۇشۇنداق ئېزىلىشكە ئۇچراپ قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەنىكەن، سوتنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق رولى قالمىدى دېگەن گەپ. ئۇلارغا بولغان ھەقىقىي نىجاتكارلىق — ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى يوقىتىش. بىز بىخار-دىكى «ئۈچ كاتخاسلىق تۈزۈمى»نى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغۇچە، تەسكىن ـ تەسەللى تاپالمايمىز. مەن ئەسلىدە بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرسام بولىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمدى بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئىككى يىلغىچە تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مەن ئىككى يىل سەرپ قىلىشقىمۇ رازىمەن. ھازىر مەن بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ خېلى ئېپى ـ جېپىنى تاپقاندەك تۇرىمەن. لېكىن، سىلەر-

نىڭ ياردىمىڭلارغا قاراشلىقمەن.

مەن براجىكشورى بابۇنىڭ خېلى سوغۇققان ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ بىمالال ھالدا:

— بىز سىزگە ياردەم بېرىمىز، لېكىن قېنى ئېيتىڭا، سىز بىزنىڭ قانداق ياردىمىمىزگە موھتاج، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز يېرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق.

— سىلەرنىڭ قانۇن بىلىمىڭلارنىڭ ماڭا ئانچە كېرىكى يوق، — دېدىم مەن ئۇلارغا، — مەن كاتىپلىق ۋە تەرجىمانلىق خىزمىتىگە موھتاج، بەلكىم بىز تۆمۈر رېشاتكىلارنىڭ تەمىنى تېتىپ قالارمىز، بىراق مەن سىلەرنى مۇشۇنداق تەۋەككۇلچىلىككە سېلىشنى خالىمايمەن، لېكىن بۇ ئىشنى قانچىلىك داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىڭلارنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەيسىلەر، باشقىسىنى دېمەيلا قويايلى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار كەسپىڭلارنى تاشلاپ، كاتىپ - تەرجىمان بولۇپ كەتسەڭلار چوڭ ئىش قىلغان بولىسىلەر. بۇ جاينىڭ ھىندى شېۋىسىنى چۈشىنىش تەس ئىكەن، بۇ يەردىكى كايدار تىلى بىلەن ئوردۇچە ھۆججەتلەرنى مەنمۇ چۈشەنمەيدىكەنمەن. مەن سىلەرنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىدا ياردەم بېرىشىڭلارغا موھتاجمەن. بۇنداق ئىشلارغا بىز ھەق تۆلەپ ئولتۇرمايمىز. بۇ ئىشنى قىلىش پۈتۈنلەي سىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىڭلار ۋە مۇلازىمەت روھىڭلارغا باغلىق.

براجىكشورى بابۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ مېنىڭدىن ۋە ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئۈنى - بۇنى سورىغىلى تۇردى. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى — ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت مۇددىتى، قانچىلىك ئادەم، نۆۋەت بىلەن ئىشلەشكە بولامدۇ، يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئېنىقلىماقچىدى. ئاندىن ئۇ ئولتۇرغان ئادۋوكاتلاردىن قانچىلىك پىدا - كارلىق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى سورىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار ماڭا: «بىز سىز تاپىلىغان ھەرقانداق خىزمەتنى قىلىمىز. يەنە بەزىلىرىمىز، سىز ئۆزىڭىز بىلەن قانچىلىك ئىشلە دېسىڭىز شۇنچىلىك ئىشلەيمىز. بىزنىڭ تۈرمىگە سولىنىشىمىزغا كەلسەك، بۇ بىز ئۈچۈن بىر يېڭى ئىش. بىز سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئېلىشقا تىرىشىمىز» دېگەندەك كاپالەت بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون تۆتىنچى باب

## «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەرىكىتىگە يۈزلەندىم

مېنىڭ مەقسىتىم چامپاران دېھقانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىندىگو تېرىغۇچى زاۋۇت خوجايىنلىرىغا بولغان نارازىلىقىنى چۈشىنىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن نەچچە مىڭلىغان دېھقان بىلەن ئۇچراشمىسام بولمايتتى. لېكىن، تەكشۈرۈشتىن ئاۋۋال مەن ئىندىگو خوجايىنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشىم ھەمدە بۇ رايوننىڭ ۋالىيسى بىلەن كۆرۈشۈشۈم زۆرۈر ئىدى. مېنىڭ بۇ ئىككى تەلىپىمگە قارىتا، ئۇلار مەن بىلەن ۋاقتىنى كېلىشتى.

ئىندىگولىق بىرلەشمىسىنىڭ كاتىپى ماڭا ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئىندىگو خوجايىنى بىلەن ئىجارىچى دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېيتتى. بىراق، مېنىڭ ھەرقانداق پىكرىمنى يازما شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى مۇناسىۋەتسىز ئادەم دەپ قارىمايدىغانلىقىمنى، دېھقانلار مەندىن ئۆز ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمنى تەلەپ قىلسا، تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىمنى چىرايلىق چۈشەندۈردۈم.

مەن يەنە يەرلىك ۋالىينى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ماڭا تەھدىت سېلىپ، دىخاتتىن دەرھال ئايرىلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى ھەمراھلىرىمغا ئېيتتىم ھەمدە ئۇلارغا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىمگە توسقۇنلۇق قىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى، ئېھتىمال ئويلىغىنىمدىنمۇ بۇرۇن قولغا ئېلىنىشىم

مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. مەن ئۇلارغا قولغا ئېلىنسام، ئەڭ ياخشىسى موتىخارى (Motihari)دا، مۇمكىن بولسا بېدىيادا قولغا ئېلىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇ جايلارغا مۇددەتتىن بۇرۇن يۈرۈپ كەتتىم.

چامپاران تىرخۇت رايونىنىڭ بىر ناھىيەسى ئىدى. موتىخارى ناھىيە بازىرى ئىدى. راجكۇمار شۇكلانىڭ ئۆيى بېدىياغا يېقىن ئىدى. راجكۇمار شۇكلا مېنى ئۇلارنى كۆرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. مەنمۇ شۇنداق قىلىشقا ئالدىرىدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن شۇ كۈنىلا ھەمراھلىرىم بىلەن موتىخارىغا يۈرۈپ كەتتىم. گوراك پراساد (Gorakh Prasad) بىزنى ئۆيىدە كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ ئۆيى بىر سارايغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ جاي ھەممىمىزنى سىغدۇرۇپ بولالمايتتى. شۇ كۈنى بىز موتىخارىغا بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدا بىر دېھقاننىڭ بوزەك قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بىز ئەتىسى سەھەردە دارانىتا پراساد بابۇ بىلەن ئۇنى يوقلاپ بارىدىغان بولدۇق، بىز بېرىشتا پىلغا مىنىپ باردۇق، بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەيكى، چامپاراندا پىلغا مىنىپ سەپەر قىلىش گۇجاراتتا كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرغاندەكلا نورمال ئىش ئىكەن. بىز يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ساقچى ئىدارىسى ئەۋەتكەن يايى يېتىپ كېلىپ، بىزگە ساقچى باشلىقىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن دارانىتا بابۇنى ئالدىدا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم يايى ياللىۋالغان ھارۋىدا ئولتۇردۇم. كېيىن ئۇ ماڭا چامپاراندىن ئايرىلىش ئۇقتۇرۇشىنى بەردى ھەمدە مېنى بارىدىغان جايىمغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ مەندىن چېگرادىن چىقىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىم ھەققىدە تىلخەت بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن تىلخەتكە تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرماي تۇرۇپ چامپاراندىن ئايرىلمايمەن دەپ يازدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىسى سوت قىلىنىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى چاقىرىقنامىنى تاپشۇرۇۋالدىم. چۈنكى، مەن چامپاراندىن ئايرىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانىدىم.

شۇ كۈنى كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. مەن براجكىشورې پراساد بابىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ زۆرۈر كۆرسەتمە بېرىشىنى ئۆتۈندۈم.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ چېگرادىن ئايرىلىش ۋە سوراق قىلىنىش توغرىسىدىكى خەۋىرىم خۇددى دالا گۈلخانىدەك ھەممە ياققا تۇتىشىپ كەتتى. ئاڭلىسام، شۇ كۈنى موتىخارى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ھالغا چۈشۈپتۇ. گوراك بابۇ ئائىلىسى بىلەن سوتخانا ئادەم بىلەن لىق تولۇپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئىشلىرىمنى بىر كۈن بۇرۇن تۈگىتىۋالغانىكەنمەن، بولمىسا بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمگە توغرا كېلىپ بولغىلى بولماس ئىكەن. ھەمراھلىرىمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياردىمى تەگدى. ئۇلار تەرتىپ ساقلاش بىلەن پايپېتەك ئىدى. چۈنكى، مەن نەگە بارسام، كىشىلەر توپى شۇ يەرگە ئاقاتتى.

ئاشۇ ئەمەلدارلار، يەنى باج ئەمەلدارلىرى، ئامبال، ساقچى باشلىقى قاتارلىقلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا دوست ـ بۇرادەرلىك كەيپىياتى تۇغۇلدى. قانۇن نۇقتىسىدىن ئالغاندا، مەن ئۇ ئۇقتۇرۇشنى رەت قىلسام يوللۇق ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنى قوبۇل قىلدىم، يەنە كېلىپ مەن ئاشۇ ئەمەلدارلارغا دۇرۇس مۇئامىلە قىلدىم. شۇندىلا ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىش خىيالىمنىڭ يوقلۇقىنى چۈشىنەتتى، مەن ئۇلار بىلەن مەدەنىي شەكىلدە قارشىلىشىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. ئۇلار مەندىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، مېنى ئاۋارە قىلماقتا يوق، مەن بىلەن ھەمراھلىرىمنىڭ تەرتىپ ساقلىشىمىزغا ياردەملەشتى. ۋاھالەنكى، بۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇ تاپتا كىشىلەر جازا دېگەن نەرسىنىڭ قورقۇنچىنى ئۇنتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دوستلىرى نامايان قىلىۋاتقان مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچىگە بويسۇنماقتا ئىدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىدە بولسا كېرەك، چامپاراندا مېنى ھېچكىم تونۇمايتتى. دېھقانلار نادان ئىدى. چامپاران گانگى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يىراق بىر جايدا ئىدى، ئۇ ھىمالايا تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى نېپالغا يېقىن بىر جايدا ھىندىستاننىڭ باشقا رايونلىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى. كونگىرىسلار پارتىيەسىنى ئۇ جايدا بىلىدىغانلار يوق ئىدى. كونگىرىسلار پارتىيەسى دېگەن بۇ نامنى ئاڭلىغان كىشىلەر يېنىمىزغا كېلىشكە پېتىنالمايتتى، بەزىلەر ھەتتا بۇ ئىسىمنى تىلغا ئېلىشقىمۇ

جۇرئەت قىلالمايتتى. لېكىن، ھازىر كوڭگىرىسلار پارتىيەسى ھەمدە بۇ پارتىيەنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە كەلگەندى، ئۇلار كوڭگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ زور ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

مەن دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، كوڭگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ نامىدا ھېچ ئىش قىلماسلىقنى قارار قىلدىم. بىزگە كېرىكى نام ئەمەس، خىزمەت؛ شەكىل ئەمەس، ماھىيەت ئىدى. چۈنكى، كوڭگىرىسلار پارتىيەسى دېگەن بۇ نامنى ھۆكۈمەت ھەمدە ھۆكۈمرانلار ـ ئېكىسنزار غوجايىنلىرى ياقتۇرمايتتى. ئۇلار كوڭگىرىسلار پارتىيەسىنى بىر ئىسىم، ئۇ ئادۋوكاتلارنىڭ دەتالاشلىرىغا، قانۇن يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قورالغا، پارتلاتقۇچى بومبا ۋە ھۆكۈمەتسىزلىككە، دىپلوماتىيە ۋە ئالدامچىلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئۇ خىياللىرىنى يوق قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭا بىز كوڭگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىقنى قارار قىلدۇق. شۇنداقلا دېھقانلارغا كوڭگىرىسلار پارتىيەسى دېيىلگەن مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلدۈرمىدۇق. بىز ئۇلار كوڭگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ روھىنى چۈشەنسە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسىلا بولىدى، ئۇنىڭ نامىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ھېسابلايتتۇق.

شۇڭا، بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا پائالىيەت تەييارلىقى قىلىشقا ھېچكىم پارتىيەنىڭ نامى بىلەن بۇ يەرگە ئەۋەتىلمىدى. راجكۇمار شۇكلا مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان دېھقاننى سەپەرۋەر قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق سىياسىي خىزمەت ئىشلەنمىدى. ئۇلار چامپاراندىن، سىرتقى دۇنيادىن بىخەۋەر ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار ماڭا خۇددى قەدىناس دوستىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. مېنىڭ بۇ قېتىم ئۇلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىم مەن بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئۇچرىششى ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلغانلىقىم ئەمەس، ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مەن شۇڭلاشقىمۇ دېھقانلاردىن مۇشۇ نامنى (مۇقەددەس قەھرىمان) ئالغانىكەنمەن، ئويلاپ باقسام، بۇ مېنىڭ ئۇلارغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمدىن ئىكەن. ھالبۇكى، ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىم مېنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك»كە بولغان تەۋرەنمەس ئېتىقادىم ۋە ئىمانىمنىڭ ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

چامپاراندىكى ئاشۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىش بولدى. بۇ دېھقانلار، مەن ئۈچۈن ئوخشاشلا ياد ئېتىشكە ئەرزىيدىغان كۈن ئىدى.

مەن قانۇن بويىچە سوتلىناتتىم، لېكىن ھەقىقىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت سوتلانغانىدى. ھالبۇكى، ھېلىقى ۋالىي مۇشۇ جەھەتتىلا ئازراق غەلىبە قىلدى. يەنى ئۇ ھۆكۈمەتنى مەن ئۈچۈن قۇرغان قاپقانغا چۈشۈرۈپ قويدى.

## ئون بەشىنچى باب

# ئەيىبلەش بىكار قىلىندى

سوت باشلاندى، ھۆكۈمەتنىڭ ئادۋوكاتى، ھاكىم① ۋە باشقا ئەمەلدارلار بەك تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەچكە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئادۋوكاتى ھاكىمدىن سوت مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، مەن بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ھاكىمدىن سوت مۇددىتىنى ئۇزارتماسلىقنى تەلەپ قىلدىم، چۈنكى مەن ھەممىنى تەن ئالاتتىم، مېنىڭ چامپاراندىن ئايرىلىش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىم جىنايەت ئىدى. مەن تۆۋەندىكىدەك قىسقىغىنا بىر باياناتنى ئوقۇپ ئۆتتۇم:

«سوتنىڭ ئىجازىتى بىلەن، نېمىشقا مۇشۇنداق ئېغىر قەدەمنى باسقانلىقىمنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن قىسقىغىنا بىر باياناتت ئېلان قىلماقچىمەن. مەن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 144 ـ ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغان بولسام كېرەك. مېنىڭچە، بۇ يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئىختىلاپ پەيدا قىلغان مەسىلىدۇر. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىم ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. مەن جىددىي ئىلتىماس بىلەن بۇ يەرگە دېھقانلارغا ياردەم بەرگىلى كەلگەنمەن. دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچراپتۇ. بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، مەن ئۇلارغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن. شۇڭا بۇ يەرگە كەلدىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ھۆكۈمەت ۋە ئېكىنزار غوجايىن-

① ئەنگلىيە ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ھاكىم قوشۇمچە سودىيەلىك قىلاتتى. ئەمەلىي مەمۇرىي ئىشلارغا باج ئەمەلدارى مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ ھوقۇقى كىشىلەرنىڭ بۇ مەنسەپكە بولغان چۈشەنچىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى، ھىندىستان مۇستەقىل بولۇپ، تا ھازىرغىچە بۇ تۈزۈم يەنىلا ئۆزگەرمەي كەلمەكتە.

لىرىنىڭ ياردىمىدە مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلماقچىمەن. مېنىڭ باشقا مۇددىئايىم يوق، شۇنداقلا بۇ يەرگە كېلىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقان قىلىدىغانلىقىمغا ۋە كىشىلەرنىڭ هاياتىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن. مۇشۇنداق ئىشلاردا ئاز ـ تولا تەجرىبەم بارلىقىغا هۆددە قىلىمەن. هالبۇكى، يەرلىك هۆكۈمەت باشقىچە ئويلايدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى تولۇق چۈشىنىمەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئاخباراتقا ئاساسەن ئىش قىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىمەن. مەن جامائەت قانۇنىغا هۆرمەت قىلىدىغان بىر پۇقرا، مېنىڭ بىرىنچى مەجبۇرىيىتىم هۆكۈمەتنىڭ ماڭا چىقارغان بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش بولۇشى كېرەك. لېكىن، مەن شۇنداق قىلساق، مېنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغان ئاشۇ كىشىلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمگە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. مەن هازىر شۇلار بىلەن بىللە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىمنى هېس قىلماقتىمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمچىلا بولدى قىلىپ ئارقامغا يانالمايمەن. بۇ ئىككى خىل مەسئۇلىيەتنىڭ توقۇنۇشىدا، مېنى ئۇلاردىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىغان مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىقنى هۆكۈمەتكە ئىتتىرىشكە مەجبۇرىمەن. مەن شۇنداق بىر پاكىتنى تولۇق هېس قىلماقتىمەنكى، هىندىستان جامائەتچىلىكى ئىچىدە ماڭا ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە كىشىلەر هەممە ئىشتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشلامچى بولۇشى كېرەك. مەن بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە، ئۆزۈم دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا ئىززەت ـ هۆرمەتكە ئىگە بىر ئادەم ئۇچۇن ئۆزى بەل باغلىغان ئىشنى قىلىشتىكى بىخەتەر هەم شەرەپلىك ئۇسۇلنىڭ ئېتىراز بىلدۈرمەي سۈكۈت قىلىش بولماستىن، بەلكى قانۇنغا بويسۇنماسلىق جازاسىنى قوبۇل قىلىش ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن.»

ئۆزۈمنى چاغلىماي بۇ باياناتنى ئېلان قىلىشىم، هەرگىزمۇ ماڭا بېرىلىشكە تېگىشلىك جازانى يېنىكلىتىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىمدىن ئەمەس، مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ قانۇنلۇق هۆكۈمەت دائىرىلىرىگە بويسۇنماستىن، تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئالىي مىزانغا، يەنى ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا بويسۇنغانلىقىم دەپ چۈشەندۈرۈپ قويماقچىمەن.

ئەمدى سوتنى ئۆزارتىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. هالبۇكى، مەن هاكىم بىلەن هۆكۈمەت ئادۋوكاتلىرىنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىققاچقا،

ھاكىم دەرھال كېچىكتۈرۈپ ھۆكۈم ئېلان قىلىشنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تەپسىلىي ئەھۋالنى باش ۋالىيغا، پاتادىكى دوستلارغا ھەمدە پاندىت مادان موخان مالاۋىيا ۋە باشقا دوستلارغا تېلېگرامما ئارقىلىق يوللىۋەتتىم.

سوتتا ماڭا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، ھاكىم بىر پارچە يازما ئۇقتۇرۇشنى ئەكېلىپ، ئۆلكە باش ۋالىيسىنىڭ مېنىڭ دېلويۇمنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېيتتى. باج ئەمەلدارى[1] مۇ ماڭا خەت يېزىپ تەكشۈرۈشۈمنى ئەركىن ئېلىپ بېرىشىمنى، يەنە كېلىپ ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى ئېلىشىمنى ئۇقتۇردى. بۇ ئىشنىڭ بۇنداق تېز ھەم كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز ئويلىمىغانىدۇق.

مەن باج ئەمەلدار خېيكوك (Heycock) ئەپەندىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇ بىر ياخشى ئادەمدەك قىلاتتى، ئۇ ئادالەتنى قىزغىن ياقلايتتى. ئۇ ماڭا نېمە ھۆججەتكە ئېھتىياجلىق بولسام ئۆزىدىن ئېلىپ كۆرۈشۈمنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسام، قانداقلا ۋاقىتتا بېرىپ ئىزدىسەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مانا شۇنداق قىلىپ، ھىندىستان مەدەنىي «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىي مېۋىسىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. ۋاھالەنكى، مېنىڭ تەكشۈرۈشۈممۇ كۈتۈلمىگەن تەشۋىقات پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

مېنىڭ تەكشۈرۈشۈم ھۆكۈمەتنىڭ بىتەرەپ مەيدان تۇتۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئاخبارات مۇخبىرلىرى ياكى گېزىتلەرنىڭ باش ماقالە ئېلان قىلىپ ھە ـ ھۇ دېيىشىگە موھتاج ئەمەس ئىدى. چامپاراننىڭ ۋەزىيىتى ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ ھەم مۇشكۇل ئىدى، شۇڭا زىيادە باھا ۋە كۆپىيىپ ياتلاشقان خەۋەرلەر ئويلىغان ئىشلىرىمنى بۇزۇپ قوياتتى. شۇڭا مەن مۇھىم گېزىتلەرنىڭ ئاساسلىق مۇئەللىپلىرىگە خەت يېزىپ، ئۇلاردىن مۇخبىر ئەۋەتمەسلىكنى، چۈنكى ئېلان قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرلا بولىدىكەن، چوقۇم ئۆزۈم ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ ھامان خەۋەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

ھۆكۈمەت چامپاراندا تۇرۇشۇمغا يول قويدى، ئېكىنزار غوجايىنلىرى ماڭا ئۆچۈق ـ ئاشكارا بىرنەرسە دېيەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مېنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، توغرا بولمىغان ياكى كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغان خەۋەرلەر ئۇلارنى ئاسانلا غىدىقلاپ قوياتـ

www.uyghurkitap.com

تى، ۋاھالەنكى، ئۇلار ئاچچىقىنى مەندىن ئالالماي، بەلكى ئاشۇ بىچارە يۇرەكزادە دېھقانلاردىن ئالاتتى، بۇ مېنىڭ بۇ دېلودا پاكىت ئېلىش ئىشىمغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق پەيدا قىلدى.

گەرچە ئالدىن ھوشيار بولۇپ تۇرغان بولساممۇ، ئېكىنزار غوجايىنلىرى يەنىلا بەزى زەھەرخەندىلەرنى قۇترىتىپ، ماڭا قارشى تەتۈر ئېقىم پەيدا قىلدى. گېزىتلەر مەن ۋە ھەمراھلىرىمغا بولغان تۈرلۈك ھاقارەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. لېكىن، مېنىڭ زىيادە ئېغىر - بېسىقلىقىم ۋە قەتئىي پرىنسىپاللىقىم، قىلچىمۇ قورقماسلىقتەك پوزىتسىيەم ئۇلارنى تىغ ئۇچىنى بۇراشقا مەجبۇر قىلدى.

ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ بۇراسكىسور بابىغا قاراتقان ھۇجۇمى ئۇچىغا چىققاندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ئەۋجىگە چىققانسېرى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى شۇنچە ئېشىپ باراتتى.

مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، مەن باشقا ئۆلكىلەردىكى داھىيلارنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىشنى مۇۋاپىق تاپمايتتىم. پاندىت مالاۋىياجى (Pandit Malaviyaji) ماراۋىيە ماڭا كاپالەت بېرىپ، ئۇنىڭغا قانداق چاغدا ھاجىتىمىز چۈشسە، ئۆزىگە ھايت دەپ قويساقلا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، مەن ئۇنى ئاۋارە قىلمىدىم. مەن شۇ قېتىملىق كۈرەشنىڭ سىياسىي تۈس ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنە شۇنداق ساقلانغانىدىم. لېكىن، مەن ئاشۇ داھىي سەركىلەرگە ۋە ئاساسلىق گېزىتلەرگە بەزىدە خەۋەر يوللاپ تۇردۇم، پەقەت ئۇلارنى ئېلان قىلسۇن دەپ ئەمەس، پايدىلىنىپ باقسۇن دېگەن مەقسەتتە ئەۋەتتىم. مەن بۇنىڭدىن شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى كۆرۈۋالدىمكى، بىز بىر ئىشقا، يەنى سىياسىي سەۋەبتىن قوزغالمىسىمۇ، سىياسىي مەقسەتتىكى بىر ئىشقا سىياسىي تۈس قوشساق، ئۇ يامان ئىش؛ بىز سىياسىي چەك - چېگرادىن ھالقىپلا كەتمىسەك، بۇ ئىشقا ھامىيلىق قىلالايمىز. چامپاراندىكى كۈرەش بۇ ئەمەلىيەتنى ئىسپاتلىدى، يەنى ئومۇمەن مەيلى قانداقلا جەمئىيەتتە بولسۇن، بىز خەلققە خالىس ياردەمدە بولىدىغانلا بولساق، ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەتكە سىياسىي جەھەتتىن ياردەمدە بولالايمىز.

# ئون ئالتىنچى باب

## خىزمەت ئۇسۇلى

چامپاراندىكى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن، چامپاران دېھقانلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ بىرنەچچە بابلىق سەھىپە بىلەنلا بۇ مەقسەتكە يېتىپ بولغىلى بولمايدۇ. چامپاراندىكى تەكشۈرۈش ھەقىقەت بىلەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ئۈستىدىكى دادىل سىناق ئىدى. ۋاھالەنكى، مەن يېزىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان ئەھۋاللارنىلا ئەتراپلىقراق يېزىشقا تىرىشتىم. ئوقۇرمەنلەر تەپسىلىي ئەھۋاللارنى چۈشىنىشنى ئىستىسە، راجېندىراپىراساد ئەپەندى ھىندى تىلىدا يازغان «چامپاراندىكى ‹زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق› ھەرىكىتى تارىخى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ، ئاڭلىسام بۇ كىتابنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى يېقىندا نەشر قىلىنغۇدەك.

ئەمدى ئەسلىي گەپكە كېلەيلى، بەختىسىز گوراك بابۇنىڭ ئۆيىنى پۇتۇنلەي بىكارلاپ چىقمىغۇچە، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، موتىخارىلىقلارنىڭ قورقۇنچى تېخىچە بېسىقمىغانىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆيلىرىنى بىزگە ئىجارىگە بېرىشكە پېتىنالمايتتى. تەلىيىمىزگە براجكىشورې بابۇ بىر ئۆينى ئۈستىلىق بىلەن قولغا چۈشۈردى، ئۆيدە خېلى چوڭ بوشلۇق بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق.

بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايتتى. بىز ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشنى دەپ جامائەتتىن ئىئانە يىغمىدىغان ئىشنى قىلمىغانىدۇق. براجكىشورې بابۇ بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى ئاساسەن ئادۋوكاتلار ئىدى، ئۇلار يا ئۆزلىرى پۇل چىقىراتتى، يا پۇرسەت تاپسا دوستلىرىدىن ئىئانە يىغاتتى. ئۇنىڭ بىلەن دوستلىرى پۇل

چىقىرالىغۇدەك بولغاندىكىن، نېمە دەپ خەقتىن پۇل چىقىرىشنى تەلەپ قىلغىلى بولسۇن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار تالاش ـ تارتىش قىلغان مەسىلە بولسا كېرەك. مەن چامپاران دېھقانلىرىنىڭ ھەرقانداق نەرسىسىنى ئالماسلىق قارارىغا كەلدىم. بۇ چوقۇم ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنى دەپ مەملىكەت خاراكتېرلىك پۇل ئىئانە سەپەرۋەرلىكىنى قىلماسلىقنىمۇ قارار قىلدىم، ناۋادا شۇنداق قىلسام، بۇ ئىش مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋە سىياسىي تۈسكە ئىگە بىر ئىشقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بومبايدىكى دوستلىرىم 15 مىڭ رۇپىيە ئىئانە قىلدى، لېكىن مەن بۇ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدىم. مەن ئىمكانقەدەر براجكىشورى بابۇنىڭ ياردىمىدە چامپاراندا تۇرمايدىغان بىخارلىق بايلاردىن ئىئانە يىغماقچىدىم. مۇبادا بۇ پۇل يەتمىسە، رانگۇندىكى دوستۇم مېھتا دوختۇردىن بىر ئامال قىلىشنى تەلەپ قىلماقچىدىم. مېھتا دوختۇر زۆرۈر تېپىلسا ئۆزى ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. شۇڭا، ئىقتىسادتىن غەم قىلىشىمىزنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. بىز ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلغىمۇ ھاجەت ئەمەس ئىدۇق. چۈنكى، مەن چىقىمنى تېجەپ چامپاراننىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا ماسلاشماقچىدىم. ئاخىرىدا ھەقىقەتەن كۆپ پۇل بولمىسىمۇ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز جەمئىي 3000 رۇپىيە سەرپ قىلغانىدۇق، ئىئانە قىلىنغان پۇلدىن يەنە نەچچە يۈز رۇپىيە ئېشىپ قالغانىدى.

دەسلەپتە دوستلىرىمنىڭ ئاشۇنداق غەلىتە تۇرمۇش شەكلى ھەممىشە ئۇلارنى ئوسال قىلىپ قويىدىغان كۈلكە دەستىكى بولۇپ قالدى. ھەربىر ئادۋوكاتنىڭ بىردىن چاكىرى، بىردىن ئاشپىزى بولاتتى، شۇڭا ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاشخانىسى بار ئىدى. ئۇلار ھەممىشە يېرىم كېچىدىلا تاماق يېيىشكە ۋاقىت چىقىرالايتتى. چىقىمنى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالسىمۇ، بىراق مەن بۇنداق بىر قىسما ئەھۋالدىن غەمگە چۈشەتتىم، لېكىن بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئۆزئارا چۈشىنىشمەيدىغان يەنە نېمىسى بولسۇن، ئۇلار مېنىڭ چاقچاقلىرىمغا چىچاڭشىمايتتى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن چاكار ئىشلەتمەسلىككە، ئاشخانىنى بىرلەشتۈرۈشكە قوشۇلدى ھەمدە بىردەك ۋاقىت بەلگىلىمىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بولدى. كۆپچىلىك پەرھىزكارلاردىن بولمىغاچقا، يەنە كېلىپ ئاشخانا ئىككى بولسا چىقىم كۆپ كېتىدىغان بولغاچقا، بىرلا گۆشسىز تاماقخانىنى ئىشلىتىدىغان

بولدى. كۆپچىلىك يەنە ئاددىي تاماقلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ ھېس قىلاتتى.

بۇ تەدبىرلەر چىقىمىمىزنى خېلىلا ئازايتتى، يەنە بىزنىڭ بىرمۇنچە ۋاقتىمىز ۋە زېھنىي كۈچىمىزنى تېجەپ بەردى، يەنە كېلىپ بۇ كۆپچىلىكنىڭ جىددىي ئۇمىدى ئىدى. دېھقانلار توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ، دەردىنى ئېيتاتتى، ئۇلار ھەمراھلىرى بىلەن كېلىپ، بوش يەر ۋە گۈللۈكلەرنى پايخان قىلىۋەتتى. ھەمراھلىرىم مېنى ئاشۇ «پەتىچىلەر»نىڭ زىيارىتىدىن خالاس قىلىشنى ئويلايتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ھەمىشە بىكارغا كېتەتتى. لېكىن، مەن ھەمىشە قەرەللىك ۋاقىتتا «پەتىچىلەر» ئۈچۈن ئۆزۈمنى كۆرگەزمە قىلدۇرۇشقا چىقاتتىم. زىيارەتچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ ئالتە ـ يەتتە ئادەم كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆزلىشىگە نۆۋەت تەگمەي، ئامالسىز كەچتە قايتىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشكە بولمايتتى، نۇرغۇنلىرى تەكرار ئىدى، لېكىن مۇشۇنداق قىلسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىناتتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنەتتىم.

خاتىرىلىگۈچىلەر بەلگىلىك پىرىنسىپقا رىئايە قىلىشى كېرەك ئىدى. ھەربىر دېھقان قايتا ـ قايتا سۈرۈشتۈرۈلەتتى، مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرى ئەرز ئېيتسا بولمايتتى. مانا بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى. لېكىن، نۇرغۇن ماتېرىياللار مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئايدىڭلاشتۇرۇلاتتى.

بىز خاتىرە قالدۇرغاندا جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن ھامان بىر ئادەم بولاتتى. بىز ئەسلىدە ئۇنىڭ كېلىشىنى چەكلىمەكچىدۇق، لېكىن جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئورنىدىن كەلگەن ئەمەلدارغا باشقىچە ئويدا بولماسلىقىمىز، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، بارلىق ئەھۋاللاردىن ئۇنى ئىمكانقەدەر خەۋەردار قىلىشىمىز كېرەك، دەپ قارىدۇق. بۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن قىلچىلىك زىيىنى يوق ئىدى. ئەكسىچە دېھقانلار جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئورنىدىكى ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا سۆزلەشكىنىمىزنى ۋە خاتىرە قالدۇرغىنىمىزنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى يوقاتقىلى بولاتتى. بۇ ئارقىلىق بىرتەرەپتىن دېھقانلارنىڭ جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئورنىغا بولغان زىيادە ئەندىشىسىنى يوقاتقىلى بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن

بۇ ئەمەلدارلار نەق مەيداندا بولسا، ئەمەلىيەتتىن ئېشىپ كەتكەن سۆزلەرگە نىسبەتەن بىر خىل تەبىئىي چەكلىمە بولاتتى. خەلقنى تەكشۈرۈش جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى، شۇڭا دېھقانلار تەبىئىي ھالدا ئېھتىيات قىلاتتى.

مېنىڭ ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈش نىيىتىم يوق ئىدى، بەلكى ئۇلارنى سىلىق ئۇسۇل بىلەن مات قىلىشنى ئويلايتتىم. شۇڭا مەن كىشىلەر قاتتىق ئەيىبلىگەن ئاشۇ ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىشىم ۋە ئۇلارغا خەت يېزىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئېكىنزارلار بىرلەشمىسىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ دەردلىرىنى ئۇلارغا ئېيتتىم ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىنى ئاڭلىدىم. بەزى غوجايىنلار ماڭا نەپرەتلەندى. بەزىلىرى پەرۋا قىلمىدى، ئاز ساندىكىلىرى ماڭا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

# ئون يەتتىنچى باب

## ھەمشىرىكلىرىم

بىراجكىشورې بابۇ بىلەن راجېندىرا بابى ھەقىقەتەنمۇ بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايدىغان تېپىلغۇسىز كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى خىزمىتىمنى ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز ئاقمايدىغان قىلىپ قويىدى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتى ياكى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شامبۇ (Shambhu) بابۇ، ئانۇگراخا بابۇ (Anugraha Babu)، دارانى بابۇ، رامناۋمى بابۇ (Ramnavmi Babu) ۋە باشقا بىرنەچچە ئادۋوكات بىز بىلەن بىللە تۇردى. ۋىندىيابابۇ (Vindhyababu) بىلەن جاناكدارى بابۇ ھەمىشە بىزگە ياردەملەشكىلى كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىخارلىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېھقانلار بىلەن بولغان سۆھبەتنى خاتىرىلەش ئىدى.

پىروفېسسور كرىپالانىنىڭ بۇ ئورتاق خىزمەتكە قاتنىشىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئۇ سىندىلىق بولسىمۇ، لېكىن بىخاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىخارلىقلاردىنمۇ بەك بىخارچە مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. مەن كىشىنىڭ يۇرتىغا سىڭىپ كېتەلىگەن خىزمەتچىلەرنى ناھايىتى ئاز كۆرگەنىدىم. ھالبۇكى، كرىپالانى دەل ئاشۇنداقلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ ئادەمگە باشقا يەرلىكتەك تۇيغۇ بەرمەيتتى، ئۇنى مېنىڭ باش غوجىدارىم دېيىشكە بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مېنى كىشىلەرنىڭ «پاتىھەسى»دىن خالاس قىلىشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغانىدى. ئۇ كىشىلەرنى تۇگىمەس يۇمۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ توسۇۋالاتتى، بەزىدە سىلىق ـ سىپايە تەئەددىلىرىنى ئىشقا سالاتتى. كەچ بولغاندا ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىگە كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن كۆزەتكەنلىرىنى ھەمراھلىرىغا سۆزلەپ بېرەتتى ھەمدە قورقۇپ ـ قورۇنۇپ كەلگەن مېھمانلارنى يۈرەكلىك قىلىپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

مائۇلانا مازخارۇل خاك ئۆز ئىسمىنى ئۇزاق مۇددەت ياردەم بەرگۈچىلەر قاتارىغا ئالدىبۇرۇن كىرگۈزگەنىدى. ھاجىتىمىز چۈشسىلا، ئۇ بىزنى ئۈمىدسىز قالدۇرمايتتى. ئۇ ھەر ئايدا بىر ـ ئىككى قېتىم كېلەتتى. ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھەشەمەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشىنى بۈگۈنكى ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرغاندا، روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشى ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ بىر ئەزاسىدەك ھېس قىلدۇراتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئاشۇ مودا ئۇستىباشلىرى ناتونۇش كىشىلەرگە پۈتۈنلەي باشقىچە تەسىر بەرسىمۇ.

بىخاردا نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇم. مەن مۇۋاپىق يېزا مائارىپى بولمىسا، مەڭگۈلۈك تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دېگەن نىيەتكە كەلدىم. دېھقانلارنىڭ نادانلىقى ئادەمنى ئېچىندۇراتتى. ئۇلار كۈنبويى تاپىدىغان ئىككى ـ ئۈچ ئەننانى دەپ بالىلىرىنى سىرتتا ئوينىغىلى قويماي كۈنبويى ئېكىنزارلىقتا ئىشقا سالاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا بىر ئەر ئىشچىنىڭ ئىش ھەققى 10 پېنستىن ئاشمايتتى، ئايال ئىشچىلارنىڭ ئالتە پېنس ئىدى، بالا ئىشچىلارنىڭ ئۈچ پېنس بولاتتى. كۈنىگە تۆت ئەننا تاپالىسا، ئۇلارنىڭ ئامىتى كەلگەن بولاتتى.

مەن ھەمراھلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالتە كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچماقچى بولدۇم. بىزنىڭ دېھقانلار بىلەن كېلىشكەن شەرتىمىز بويىچە، ئۇلار بىزنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان، باشقا خىراجەتلەرنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىدىغان بولدۇق. سەھرالىقلارنىڭ قولىدا پۇل يوق ئىدى، لېكىن ئۇلار بىزنى ئاشلىق ۋە خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئالدىبۇرۇن بىلدۈرگەنىدى.

ئوقۇتقۇچى تېپىش بىر مەسىلە ئىدى. شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ئاز ـ تولا ياردەم پۇلى ئېلىشقا رازى بولىدىغان ياكى ھېچقانداق ھەق ئالماي خىزمەت قىلىشنى خالايدىغان ئوقۇتقۇچىنى تېپىش مۈشكۈل ئىش ئىدى. مەن بالىلارنى ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىشنى خالىمايتتىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمى ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىدەك مۇھىم ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن خالىس ئوقۇتقۇچى ئىزلەش ھەققىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇراجىئەت چىقىرىپ، ناھايىتى تېزلا جاۋابقا ئېرىشتىم. گەنجداروۋ دېسپات ئەپەندى ساھىب سومان بىلەن پۇندالىك

(Pundalik) ئەپەندىنى ئەۋەتتى. گوكلىبې خانىم بومبايدىن، ئاناندىبەي ۋاشامپايان خانىم پۇنادىن كەلدى. مەن ئىنستىتۇتتا ئادەم ئەۋەتىپ، چوتالال (Chhotalal)، سورۇندىپراناس بىلەن ئوغلۇم دېۋداسنى ئەكەلدۈردۇم. دەل مۇشۇ چاغلاردا ماخادېي دېسەي بىلەن ناراخارى پارىك (Narahari Parikh) خوتۇن - باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ سېپىمىزگە قوشۇلدى. كاستۇربەمۇ كەلدى. بۇ خېلىلا كۆچلۈك بىر قوشۇن ئىدى. ئاۋاندىكبەي خانىم بىلەن ئانانتىبەي خانىم يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىدى. لېكىن، دورجادېبەي خانىم بىلەن مانىبېن پارىك (Manibehn Parikh) خانىم گۇجاراتچىنى ئاز - تولا يامىدايتتى، ھالبۇكى كاستۇربە ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئۇلار باللارنى ھىندى تىلى بىلەن قانداقمۇ ئوقۇتالىسۇن؟

مەن ئۇلاردىن باللارغا يېزىش، ئوقۇش، ھېسابلاشنى ئەمەس، بەلكى پاكىزلىق ۋە ئەدەپ - قائىدىنى ئۆگىتىشنى كۆتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇلارغا يەنە تىل - يېزىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گۇجارات، ھىندى، مارات تىللىرىنىڭ ئۇلار ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تۆۋەن يىللىقلارنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىدىن ئېيتقاندا، ھەرپ ئوقۇتۇش، رەقەم ئۆگىتىشنىڭ قىيىن ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردۈم. نەتىجىدە ئۇ خانىملار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان سىنىپلارنىڭ نەتىجىسى ئەڭ ياخشى بولدى. بۇ تەجرىبىلەر ئۇلارنىڭ ئىشەنچى ۋە خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. ئاۋانتىكبەينىڭ مەكتىپى ئۈلگىلىك مەكتەپ بولدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىشقا سالدى، بىز يەنە بۇ خانىملار ئارقىلىق يېزا ئاياللىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلىشالىدۇق.

ۋاھالەنكى، مەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدىم. يېزىلارنىڭ مۇھىتى تولىمۇ ناچار ئىدى، كوچىلار پاسكىنىچىلىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەندى ھەمدە ئەتراپتىكى پاتقاق - سېسىقچىلىقلاردىن تىنغىلى بولمايتتى، ھويلا - ئارانلارمۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە مەينەت ئىدى. قېرىلار پاكىزلىققا تېخىمۇ موھتاج ئىدى. ئۇلار يەنە ھەر خىل - ھەر ياغىزا تېرە كېسەللىرى بىلەن يۇقۇملانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىمكانقەدەر كۆپرەك سەھىيە تازىلىق، خىزمىتى ئىشلەشنى ھەمدە بىر ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چۆكۈشنى قارار قىلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ئۇچۇن دوختۇر بولمىسا بولمايتتى. مەن ھىندىستان سۇدا شىركىتىدىن دېۋ دوختۇر (ھازىر ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتتى) نى ئارىيەت ئېلىپ كەلدىم. بىز ياخشى دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ ئالبەتتە ئاي ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى.

بىز ئۇلارغا ئېكىنزار غوجايىنلىرى ئۇستىدىن شىكايەت قىلماسلىق ياكى سىياسىيغا ئالاقىدار ئىشلارغا چېتىلىپ قالماسلىقنى ئېنىق ئېيتتۇق. جامائەتنىڭ نېمە پىكرى بولسا مېنى ئىزدەيتتى. بۇرادەرلەر بۇ كۆرسەتمىلەرنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلاتتى. شۇڭا، مەن بىرەركىمنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ بىرەر ئىشنى سادىر قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن.

## ئون سەككىزىنچى باب

# يېزىلارغا چۆكۈش

بىز ھەربىر مەكتەپنى ئىمكانقەدەر بىر ئەر ـ بىر ئايالنىڭ باشقۇرۇشغا تاپشۇردۇق، بۇ پىدائىيلار جەزمەن داۋالاش، سەھىيە خىزمىتىنى ئىشلىشى كېرەك ئىدى. ئاياللار خىزمىتىنى ئاياللار ئىشلەيتتى.

داۋالاش خىزمىتى تولىمۇ ئاددىي ئىدى، ئابدىمىلىك مېيى، خىنىن، گۈڭگۈرت مەلھىمى پىدائىيلارغا تارقىتىپ بېرىلىدىغان بىردىنبىر دورا ئىدى. بىمارنىڭ تىلىنى گەز باغلاپ كەتسە ياكى ئىچى سۈرۈپ كەتسە، ئابدىمىلىك مېيى ئىشلىتىلەتتى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتسە، ئالدى بىلەن ئابدىمىلىك مېيى ئىچۈرۈلۈپ، ئاندىن خىنىن بېرىلەتتى. كۆيۈك ـ يارا، چىقان چىققانلارنىڭ يارا ئېغىزى پاكىز يۇيۇۋېتىلىپ، ئاندىن ئۇ يەرگە گۈڭگۈرت مەلھىمى سۈرتۈلەتتى. بىمارلار دورىلارنى ئۆيىگە ئەكەتسە بولمايتتى. مۇرەككەپرەك كېسەللەرنى دېۋ دوختۇر كۆرەتتى. دېۋ دوختۇر ھەر ھەپتىدە قەرەللىك ھالدا ھەرقايسى مەركىزىي رايونلارغا بېرىپ خىزمەت قىلاتتى.

بۇ ئاددىي داۋالاش ئۇسۇلىنى نۇرغۇن كىشىلەر قوبۇل قىلدى. بۇ يەردە تارقىلىشچان كېسەللەر ئاز بولغاچقا، ئاددىيغىنا داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەنمۇ يېتىشىپ كەتكىلى بولاتتى. بىزگە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، شۇڭا بىزنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىمىزنىڭ ھېچقانداق كۆزگە سىغمايدىغان يېرى يوق ئىدى، ھالبۇكى، خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىنمۇ ئوبدان چارە بولمايتتى.

تازىلىق خىزمىتى باشنى قاتۇراتتى. كىشىلەر ئۆزلىرى مىدىرلاپمۇ قويمايتتى. ھەتتا ئېتىز ـ ئېرىق ئىشچىلىرىمۇ ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك تازىلىق ئىشلىرىغا بويۇن تولغايتتى. لېكىن، دېۋ دوختۇر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاسانلا رايى قايتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ پىدائىيلار بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن كوچىنى بىر كەنتكە قارىتىپ، كەنتنىڭ تازىلىقىنى پاك ـ پاكىز قىلىۋەتتى. ئۇلار يول ۋە ھويلا ـ ئارانلارنى سۈپۈرۈپ، قۇدۇق باشلىرىنى يۇيۇپ، ئويمان ـ دۆڭلەرنى تەكشىلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆزلۈكىدىن پىدائىي تەشكىللەشكە سەپەرۋەر قىلدى. بەزى كەنتلەر بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ، بۇ خىزمەتنى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالدى. يەنە بەزى كەنتتىكىلەر تولىمۇ قىزغىن بولدى. ئۇلار يول ياساپ، مېنىڭ ھارۋا بىلەن ھەرقايسى جايلارغا بېرىشىمغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى. بۇ شېرىن تەجرىبىلەرگە كىشىلەرنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىن تۇغۇلغان ئاچچىق تەجرىبىلەرمۇ ئارىلاشقانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بەزى كەنتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىلدۈرگەنىدى.

بۇ يەردە مەن ئىلگىرىكى يىغىلىشلاردا كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. بەلكىم، بۇ ئارتۇقچە ئەمەستۇر. بىتخېۋار كىچىك كەنت ئىدى، بىز ئۇ يەردە مەكتەپ ئاچقانىدۇق. مەن بۇ كەنتكە يېقىن كىچىك بىر مەھەللىگە بېرىپ قالدىم. ئۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ناھايىتى مەينەت كىيىملەرنى كىيىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن خوتۇنۇمنى ئۇلاردىن كىيىملىرىنى نېمىشقا يۇيۇپ كىيمەيدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى بۇيرۇدۇم. خوتۇنۇم ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. بىر ئايال خوتۇنۇمنى كەپىسىگە باشلاپ ئەكىرىپ: «قاراڭ، بۇ يەردە كىيىم قويغۇدەك يا ئىشكاپ، يا ساندۇق دېگەندەك نەرسە يوق، مېنىڭ پەقەت ئۇچامدىكى مۇشۇ بىر قۇر سارىدىن باشقا كىيىمىم يوق، مەن قانداق يۇيىمەن؟ سىز ماخاتماجىغا ئېيتىڭ، ئۇ ماڭا بىر سارى ئېلىپ بەرسۇن، مەن چوقۇم ھەر كۈنى يۇيۇنىمەن، ھەر كۈنى كىيىمىمنى پاكىز يۇيۇپ كىيىمەن» دەپتۇ.

كەپە بۇ يەردە ھېچقانداق غەيرىيلىك ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان ھىندى يېزىلىرىدىكى تىپىك ئەھۋال ئىدى. بۇنداق ساتمىلار ھىندىستاندا سان ـ ساناقسىز بولۇپ، ئىچىدە ئۆي جاھازلىرى تۈگۈل، ئالماشتۇرۇپ كىيگۈدەك كىيىممۇ يوق ئىدى، كىشىلەر جۇلدۇر كېپەن بولۇپ كەتكەن بىر پارچە رەخت بىلەنلا بەدىنىنى ئورىۋالاتتى.

يەنە بىر قېتىملىق كەچۈرمىشىمنى سۆزلەپ ئۆتەي. چامپاراندا قومۇش، پاخال دېگەن نەرسىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار بىتتىخېۋار

(Bhitiharva)دا قۇرغان مەكتەپنى ئاشۇ ماتېرىياللار بىلەن سالغانىدى. بىر كۈنى كېچىسى بىرەيلەن (بەلكىم يېقىن ئەتراپتىكى ئېكىنزار غوجايىنى بولسا كېرەك) ئۇنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. كۆپچىلىك ئەمدى قومۇش، پاخاللار بىلەن مەكتەپ سالغىلى بولمايدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى. بۇ مەكتەپكە سومان ئەپەندى بىلەن كاستۇبە مەسئۇل ئىدى. سومان ئەپەندى «ئەجنەبىيچە ئۆي» سالماقچى بولدى. ئۇ ھارماي ـ تالماي ئىشلەپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن دەرۋەقە بىر خىش ئۆينى پۈتكۈزدى. ئەمدى بۇ ئۆينىڭ كۆيدۈرۈلۈۋېتىشىدىن غەم قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى.

بۇ پىدائىيلار مۇشۇنداق مەكتەپ ئېچىش، تازىلىق قىلىش، سەھىيە ۋە داۋالاش خىزمىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، يۇرتداشلاردا ياخشى تەسىر قالدۇردى.

لېكىن، شۇنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى، مەن بۇ خىل ئىجابىي خاراكتېرلىك خىزمەتنى مەڭگۈلۈك ئاساسقا ئىگە قىلىش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. پىدائىيلار قىسقا مۇددەت بىلەن كەلگەنىدى، شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا سىرتتىن ئادەم تاپالمىدىم، يەنە كېلىپ شەرەپ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك خىزمەت قىلىدىغانلارنى بىخاردىن تېپىشمۇ تەس ئىدى. مەن زانىبىلاندىكى خىزمىتىمنى تۈگىتىپلا، باشقا جايدا پىشىپ قالغان خىزمەتلەرگە كىرىشىپ كەتتىم. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، زانىبىلاندىكى بىرنەچچە ئايلىق خىزمىتىم چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، بىز ئۇ خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىللەردىكى تەسىرىنى ھېلىھەم كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## ئون توققۇزىنچى باب

# ياخشى ئۆلكە باشلىقى

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتىم جىددىي يولغا قويۇلۇۋاتقاندا، دېھقانلارنىڭ دەردلىرىنى خاتىرىلەش ئىشلىرىمىزمۇ قانات يېيىپ كەتكەنىدى. نەچچە مىڭلىغان پەتىچىلەر بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىلىنىۋېلىنىدى. بۇ باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى. بارغانسېرى كۆپ دېھقانلار كېلىپ دەرد ئېيتىدىغان بولدى، بۇ ھال ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى. ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىشنى ئويلايتتى.

بىر كۈنى بىخار ھۆكۈمىتىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە: «سىزنىڭ تەكشۈرۈشىڭىز بەك سوزۇلۇپ كەتتى، سىز ئەمدى بۇ خىزمىتىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىخارغا قايتامسىز؟» دېيىلگەنىدى. خەتنىڭ تەلەپپۇزى سىلىق بولسىمۇ، لېكىن مەقسەت ئېنىق ئىدى.

مەن جاۋاب يېزىپ، تەكشۈرۈشنىڭ چوقۇم سوزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنى غەمدىن خالاس قىلماي تۇرۇپ بىخاردىن ئايرىلىش خىيالىمنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم ھەمدە ھۆكۈمەت دېھقانلار تارتقان ئازابلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا ھەمدە ئۇلارنى بۇ خىل ئازابتىن خالاس قىلسا ياكى بولمىسا دېھقانلار ئوتتۇرىغا قويغان دېلو ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلىپ، دەرھال بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇرسا تەكشۈرۈشۈمنى توختىتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ئۆلكە باشلىقى سىر ئېدۋارد گېيت (Edward Gait) مېنى قوبۇل قىلىپ، بىر تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ھەمدە مېنى ئەزالىققا تەيىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن باشقا ئەزالارنىڭ

ئىسىملىكىنى ئىنىقلىۋالغاندىن كېيىن خىزمەتداشلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كومىتېتنىڭ خىزمىتىگە قاتنىششقا قوشۇلدۇم. لېكىن، ھۆكۈمەت مەن كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولسامۇ، يەنىلا دېھقانلارنىڭ ئادۋوكاتى ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى مېنى قانائەتلەندۈرەلمىسە، مېنىڭ دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ھەمدە ئۇلارنى ھەرقانداق ھەرىكەت پىلانىنى قوللىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش ئەركىنلىكىم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دېگەن قوشۇمچە شەرتنى قويدۇم.

سىر ئېدۋار، گېت مېنىڭ بۇ ھەققانىي ۋە يوللۇق تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى، ئارقىدىنلا تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. مەرھۇم فىرانك سلىي (Frank sly) كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈشى دېھقانلارغا پايدىلىق ئىدى. كومىتېت ئېكىنزار غوجايىنلىرىنىڭ دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېرىشكەنلىرىنى قانۇنسىزلىق، دەپ قارىدى. ئېكىنزار غوجايىنلىرى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېرىشكەن بىر قىسىم پايدىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، «ئۈچ ئۈلۈشلۈك يەر» تۈزۈمى ئۇزۇل - كېسىل بىكار قىلىنىشى زۆرۈر ئىدى.

كومىتېت ھەممە بىردەك قوشۇلغان دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەر ئىسلاھاتى قانۇنى كومىتېتنىڭ تەكلىپى بويىچە ماقۇللاندى، بۇنىڭغا سىر گېت ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئەگەر ئۇ قەتئىي چىڭ تۇرمىغان بولسا ھەمدە بۇ ئىشنى ئۆزىگە خاس ئاقىلانىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلمىغان بولسا، بەلكىم دوكلاتقا ھەممە بىردەك قوشۇلمىغان بولاتتى، بۇ چاغدا يەر ئىسلاھاتى قانۇنىمۇ ماقۇللانمايتتى. ئېكىنزار غوجايىنلىرىمۇ پەۋقۇلئاددە كۈچىنى سەرپ قىلدى. ئۇلار دوكلاتقا زادىلا پەرۋا قىلمىدى، يەر ئىسلاھاتى قانۇنىغا جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇردى، لېكىن سىر گېت باشتىن - ئاخىر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، كومىتېتنىڭ پىكرىنى ئاخىر تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى.

100 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «ئۈچ ئۈلۈشلۈك يەر تۈزۈمى» ئاخىر بىكار قىلىندى، زانبىلاندىكى ئېكىنزار غوجايىنلىرى «پادىشاھلىقى»مۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈگەشتى. بارلىق ئېزىلگەن دېھقانلار ئەمدى ئاز - تولا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئېكىنزارلىقنىڭ دېغىنى مەڭگۈ يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ دېگەن خۇراپاتلىقمۇ يوقىتىلدى.

مەن بۇ خىل ئەجايىب خاراكتېرلىك خىزمەتنى ئۇدا نەچچە يىل داۋاملاشتۇرۇپ، بىرنەچچە مەكتەپنى كۆپرەك قۇرۇپ، يېزىلارغا تېخىمۇ چۆكۈشنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇنىڭغا ئاساسمۇ سېلىنىپ بولۇنغانىدى لېكىن ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا پەرۋەردىگار بۇ پىلانىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىدى. تەقدىر باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، مېنى باشقا جايدىكى خىزمەتكە ھەيدىدى.

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمىنچى باب

# ئىشچىلار بىلەن ئۇچرىشىش

مەن كومىتېتنىڭ قالدۇق خىزمەتلىرىنى بېجىرىۋاتقاندا، موخانلال پاندىيا (Mohanlal Pandya) بىلەن شانكارلال پارىك (Shankarlal Parikh) ئەپەندىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇلار كېدا (Kheda) ناھىيەسىنىڭ دېھقانچىلىق ھوسۇلىنىڭ كەملەپ كەتكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ يەر سېلىقىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ شۇ يەرگە بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىشىمنى ئېيتقانىدى. مېنىڭ نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرمەي تۇرۇپ، بىرەر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغۇم يوق ئىدى ھەم ئۇنداق ئىقتىدار ۋە جاسارەتمۇ مەندە يوق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاناسۇيابەي (Anasuyabai) خانىممۇ خەت يېزىپ ئەھمەتئابادتىكى ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىشچىلارنىڭ مائاشى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى ئالىلىقاچان تەلەپ قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ مائاشى ھەقىقەتەن تۆۋەن بولسا، ئۇلارغا ئۆزۈم رەھبەرلىك قىلماقچىدىم، لېكىن ئارىلىق شۇنچىلىك يىراق تۇرسا، ھەرقانداق كىچىك ئىش بولغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلغۇدەك ئىشەنچ مەندە يوق ئىدى. شۇڭا مەن پۇرسەت كېلىشى بىلەنلا ئەخمەتئابادقا باردىم. مەن بۇ ئىككى ئىشنى پات ئارىدا تۈگىتىپ، ئاندىن چامپارانغا قايتىپ، ئۇ يەردە باشلانغان ئىجابىي خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم.

ھالبۇكى، ئىشلار مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق راۋان يۈرۈشۈپ كەتمىدى، مەن چامپارانغا قايتالمىدىم، نەتىجىدە مەكتەپلەر بىر ـ بىرلەپ تاقالدى، ھەمراھلىرىم بىلەن قىلىشقان شېرىن خىياللىرىم پۈتۈنلەي بەربات بولدى.

يېزىلارنىڭ تازىلىق ۋە تەربىيە خىزمىتىدىن باشقا، ئارزۇ قىلغان يەنە بىر خىزمەت ــ زانبىلاندا كالىلارنى قوغداش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. مەن سەپەر جەريانىدا كالىلارنى قوغداش بىلەن ھىندى يېزىقىدىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدىن مارۋاتلارنىڭ بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. بېدىيادىكى ۋاقتىمدا بىر مارۋات دوستۇم مېنى ئۆزىنىڭ «خەير ـ ساخاۋەتخانىسى»دا كۈتۈۋالدى. شۇ جايدىكى باشقا مارۋات دوستلارنىڭ سۈت فېرمىسى دىققىتىمنى تارتتى. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ كالىلارنى قوغداش ھەققىدىكى ئىدىيەم شەكىللىنىپ بولغانىدى. ھالبۇكى، بۇ قارىشىم ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. مېنىڭ كالىلارنى قوغداش ھەققىدىكى پىكرىم چارۋىلارنى قوغداش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، تىرىلغۇغا ئىشلىتىلىدىغان كالىلارنى ياخشى ئاسراش، ئۈلگىلىك سۈت فېرمىلىرىنى قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مارۋاتلىق دوستلار بۇ جەھەتتە مەن بىلەن تولۇق ھەمكارلىشىشقا ۋەدە بەرگەنىدى. لېكىن، مەن چامپاراندا تۇرالمىغاچقا، بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشمىدى. مەن ئويلىغان ئۈلگىلىك سۈت فېرمىسى قۇرۇلمىدى، چامپاراندىكى كىشىلەر ھېلىھەم ئاشۇ بەختسىز ھايۋانلارنى خورلاپ، دىنىي ئېتىقادلىرىغا داغ چۈشۈرمەكتە.

بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقىم ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. مەن ھەر قېتىم چامپارانغا بارغاندا، مارۋات ۋە بىخاردىكى دوستلارنىڭ سىلىق كايىشلىرىنى ئاڭلاپ، مېنىڭ بۇ پىلانىمدىن ۋاز كېچىشىمگە سەۋەب بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ چوڭقۇر ئۆكۈنىمەن.

ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدىكى تەربىيە خىزمەتلىرى نۇرغۇن جايلاردا يولغا قويۇلماقتا ئىدى. ھالبۇكى، كالىلارنى ئاسراش خىزمىتىنىڭ ئاساسىنى يەنىلا پۇختا دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئالدىدىن بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلمىدىم.

كېدا دېھقانلىرىنىڭ ئىشى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، مەن ئەخمەتئابادتىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

مەن تولىمۇ مۇشكۈل ئەھۋالدا ئىدىم. توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تەس ئىدى. ئانا سۈيابەي خانىم ئاكىسى ئامبالال سارابەي (Ambalal Sarabhai) ئەپەندى بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كەلدى، ئۇ زاۋۇت خوجايىنلىرىغا ۋاكالىتەن ئىشچىلار بىلەن

قارشىلاشماقتا ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم، مانا بۇ بىزنىڭ كۆرشىمىزنى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەن ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوتتۇرىدىكى ماجىرانى كېسىم قىلىشقا يوللاش تەكلىپىنى بەردىم، لېكىن ئۇلار كېسىم پىرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

شۇڭا مەن ئىلاجسىز ئىشچىلارنى داۋاملىق ئىش تاشلاشقا سەپەرۋەر قىلدىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن ئۇلار ھەم ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە يېقىن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارغا ئىش تاشلاشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى چۈشەندۈردۈم:

1. مۇتلەق زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك؛

2. مۇتلەق بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق؛

3. مۇتلەق سەدىقە تىلىمەسلىك؛

4. ئىش تاشلاش قانچىلىك ئۇزىراپ كەتسۇن، قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، ئىش تاشلاش مەزگىلىدە باشقا ھەققانىي ئەمگەك شەكىللىرى بىلەن تۇرمۇشنى قامداش.

ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ شەرتلەرنى چۈشەندى ھەمدە قوبۇل قىلىنمىغۇچە ياكى زاۋۇت خوجايىنلىرى بۇ مەسىلىنى سوتنىڭ كېسىم قىلىشىغا قوشۇلمىغۇچە ئىشنى ئەسلا ئەسلىگە كەلتۈرمەيمىز، دەپ قەسەم قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش مەزگىلىدە، مەن ۋاللابىھەي (Vallabhbhai)، بانكېر ۋە شانكارلال پارىك ئەپەندىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئانا سۇيابەي خانىمنى بۇرۇنلا تونۇيتتىم.

بىز سابارماتى (Sabarmati) دەرياسى بويىدىكى بىر تۈپ يوغان دەرەخنىڭ ئاستىدا ئىش تاشلايدىغان ئىشچىلار بىلەن ھەر كۈنى يىغىن ئاچاتتۇق. يىغىنغا قاتناشقان ئىشچىلار نەچچە ئون مىڭدىن ئېشىپ كېتەتتى. مەن نۇتقۇمدا ھەمىشە ئۇلارغا ئۆز قەسىمى بىلەن تىنچلىق ۋە ئىززەت - ئابرۇينى ساقلاش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتىم. ئۇلار ھەر كۈنى شەھەر ئىچىدىكى چوڭ كوچىلاردا «قەسىمىمىزدىن يانمايمىز» دەپ ئىش تاشلاش نامايىشى قىلاتتى.

بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش 21 كۈن داۋام قىلدى. ئىش تاشلاش مەزگىلىدە، مەن ھەمىشە زاۋۇت خوجايىنلىرىنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن

ئىشلارنى مەسلىھەتلىشەتتىم، ئۇلارنى ئىشچىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيتتىم. ئۇلار ھەمىشە: «بىزنىڭمۇ قەسىمىمىز بار. بىزنىڭ ئىشچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشىشىدۇ، بىز ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئارىلىشىشىغا قانداقمۇ سەۋر قىلىپ تۇرالايمىز، شۇنداق ئىكەن، كېسىم قىلىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟» دەيتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئىنستىتۇتقا بىر نەزەر

مەن ئىشچىلارنىڭ ماجىراسىغا دائىر ئەھۋاللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىنستىتۇتنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچى، مەن بەزىدە ئۇ يەرنى ئالدىراش - تېنەش كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلەتتىم.

ئەينى ۋاقىتتا ئىنستىتۇتنىڭ ئورنى كوچىراپتا ئىدى. بۇ ئەخمەتئابادقا يېقىن بىر كەنت ئىدى. بۇ كەنتتە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى، مەن ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان خەۋپنى ئاڭلىدىم. بىز مەكتەپ ئىچىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ھەرقانچە ياخشى قىلساقمۇ، مەكتەپ سىرتىنىڭ تازىلىقى تولىمۇ ناچار ئىدى، شۇڭا بىزنىڭ كېسەل يۇقتۇرۇۋالماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىز كوچىراپلىقلارنى پاكىزلىقنى ساقلاشقا مۇراجىئەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدۇق ھەم بۇ كەنت ئۈچۈن ئاللىقانداق بىرەر ئىشمۇ قىلىپ بېرەلمەيتتۇق.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ ئىنستىتۇتنى شەھەر ھەم كەنتتىن ئايرىلغان بىخەتەر جايغا كۆچۈرۈش ئىدى. لېكىن، باشقۇرۇش قولاي بولۇشنى ئويلاشقاندا، بەك يىراققىمۇ كېتەلمەيتتۇق. بىز ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىزگە خاس زېمىنغا ئېرىشىمىز دەپ نىيەت قىلاتتۇق.

مەن بۇ قېتىمقى يۇقۇملۇق كېسەلنى بىزنىڭ كوچىراپتىن ئايرىلىشىمىز ھەققىدىكى بىر ئېنىق ئۇقتۇرۇش دەپ قارايتتىم. ئەخمەتئابادتا بانجاي سىروچاندىر ئىسىملىك بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنستىتۇتىمىز بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇ ھەمىشە خالىس روھ بىلەن نۇرغۇن ئىشلاردا بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە بولغانىدى. ئەخمەتئابادنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش ئىدى، ئۇ بىزگە

www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇۋاپىق بىر جاينى تېپىش بەرمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كوچراپنىڭ ھەممىلا يېرىگە دېگۈدەك قاترايدىغان جاي ئىزدىدىم. ئۇنىڭغا كوچراپنىڭ شىمالىدىكى ئىككى ـ ئۈچ ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر جاينىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم، ئۇ بۇ جاينى تاللىدى. بۇ يەر ساباراماتى مەركىزىي تۈرمىسىگە يېقىن بولۇپ، مېنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلغانىدى. چۈنكى، تۈرمىگە تاشلىنىش «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق» بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن نورمال ئىش ئىدى. بۇ يەرنى مەن بەك ياقتۇرۇپ قالدىم. يەنە كېلىپ تۈرمە قورۇشقا نېمىشقا بۇنداق جاينىڭ تاللىنىلىدىغانلىقىنى بىلدىم، ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈرمە قورۇلىدىغان جاينىڭ مۇھىتى پاكىز بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز سەككىز كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا يەرنى سېتىۋالدۇق. بۇ يەردە يا ئۆي، يا دەرەخ يوق ئىدى. لېكىن، بۇ يەر دەريا بويىغا جايلاشقان، يەنە كېلىپ ئوچۇق دالا بولغاچقا، بەك كۆڭۈلدىكىدەك جاي ئىدى.

بىز ئالدى بىلەن چېدىر تىكىپ ئولتۇرۇشنى قارار قىلدۇق، بىز قاڭالتىر ئاشخانا ياساپ، ئاندىن ئۆيلەرنى سالدۇق. ئىنىستىتۇتىمىز ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشۈۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئادىمىمىز ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش بولۇپ 40 تىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بىز داش قازان تامىقى يەيتتۇق. مەكتەپنى كۆچۈرۈش پۈتۈنلەي مېنىڭ ئەقلىم ئىدى، كونكرېت كۆچۈش ئىشى قائىدە بويىچە موگەنرالغا قالدى.

ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغۇچە ھەقىقەتەنمۇ كۆپ قىينالدۇق. يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلدى، ئاشلىقنى تۆت ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى شەھەردىن ئەكېلىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ يەر ئەسلىدىنلا قاقاس يەر بولۇپ، يىلان كۆپ ئىدى. ئۇششاق باللار بىلەن مۇشۇنداق بىر جايدا تۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە يىلان ئۆلتۈرۈشكە يول قويۇلمايتتى، شۇنى تەن ئالىمەنكى، زەھەرلىك يىلاندىن ھەممىمىز قورقاتتۇق. مەن تاكى ھازىرمۇ يىلاندىن قورقىمەن.

زەھەرلىك يىلانغا زىيان يەتكۈزمەسلىك بەلگىلىمىسىنى بىز سۇمۇرغ كەنتى، تولستوي دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ساباراماتىدىكى ۋاقتىمىزدىلا يولغا قويغانىدۇق. بىز بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەندە، بۇ جاي قاقاسلىق ئىدى. لېكىن، يىلان چېقىۋېلىپ بىرەر كىم ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولمىدى. ھالبۇكى، مېھىر ـ شەپقەتلىك پەرۋەردىگار بىزنى ئۆز

پاناھىدا ساقلىغانىدى. پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى چۈشەمتى دەيدىغان، تىرناقنىڭ ئاستىدىن كىر ئىزەيدىغان ئىشلارغا ئەمدى ئورۇن قالمىغانىدى. مەن مۇشۇ جەھەتلەردىكى پاكىتلارنى ئىپادىلەشكە، ئۆزۈمنىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل بولۇپ كەلگەن تەجرىبىلىرىمنى تەسۋىرلەشكە مۇۋاپىق سۆز تاپالماي كەلدىم. پەرۋەردىگارنىڭ كارامىتىنى ئىنساننىڭ تىلى ئارقىلىق مۇپەسسەل تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. مەن ئىزچىل تۈردە پەرۋەردىگارنىڭ كارامىتىنى تەسۋىرلەپ ھەم بىلىپ بولمايدۇ، دېگەن تۇيغۇدىمەن. ئەگەر كىمدىكىم بۇنى تەسۋىرلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا ئۇن ـ تىنسىز قەلب ئىزھارىدىن باشقا ئامال يوق. بىزنىڭ 25 يىلغىچە بىرەر جانغا زەرەر يەتمەي ساق ـ سالامەت تۇرۇپ كەلگەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن دەپ قارالسا، يەنە كېلىپ بۇ خىل قاراش بىزدە بىر خىل خۇراپاتلىق دەپ قارالسا، ئۇنداقتا مەن مۇشۇ خىل خۇراپاتلىقىمدا مەڭگۈ قالىمەن.

ئەخمەتئابادتىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئىش تاشلاۋاتقاندا، ئىنستىتۇتتا رەخت توقۇش ئۆيلىرىنىڭ ئاساسى تىكلىنىۋاتاتتى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئىنستىتۇتنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى رەخت توقۇش ئىدى. لېكىن، يىپ ئېگىرىش بىز ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ئاچلىق ئېلان قىلىش

ئالدىنقى ئىككى ھەپتىدە توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ناھايىتى زور باتۇرلۇق كۆرسەتتى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كاتتا يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. مەن بۇ سورۇنلاردا ئۇلارنى ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم. ئۇلار ماڭا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئۆلسەكمۇ تۇز - تائامنى ئېغىزغا ئالمايمىز دەپ كاپالەت بېرەتتى.

لېكىن، كېيىن ئۇلاردا بوشىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. خۇددى تېنى ئاجىز ئادەم ئاسان ئاچچىقلانغاندەك ئىش تاشلاش بوشىشىپ قېلىشقا باشلىغاندا، ئىشچىلار ئارىسىدىكى مۇناپىقلار بارغانسېرى قۇتراشقا باشلىدى، مەن بولسام ئۇلارنى زوراۋانلىق قىلىپ سالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم. نامايىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلاشقا باشلىدى، نامايىشقا قاتناشقانلار روھسىزلىنىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرىدا بىرەيلەن ماڭا ئىشچىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، مۇشۇنداق ۋاقىتتا مەسئۇلىيىتىمنىڭ نېمىلىكى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمدا كەڭ كۆلەمدە ئىش تاشلاش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانىدىم. ھالبۇكى، مەن بۇ يەردە دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئۇ يەردىكىگە ئوخشىمايتتى. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن قەسەم بەرگەن، ئۇلار ھەر كۈنى مېنىڭ ئالدىمدا قەسەملىرىنى تەكىتلەيتتى. ئۇلارنىڭ قەسەملىرىدىن يېنىۋېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى، بۇ خىيال ماڭا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر كەلدى. بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ

ئارقىسىغا مېنىڭ ئىشچىلارغا بولغان ئېتىبارىم يوشۇرۇنغانمۇ ياكى ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن ھەقىقەتكە بولغان قىزغىن ئىخلاسىم يوشۇرۇنغانمۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.

مەن بىر كۈنى ئەتىگەندە، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ يىغىلىشىدا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم ـ دە، بىردىنلا سەزگۈلىرىم ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى. مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا يىغىندا: «ئىشچىلار قايتىدىن تەشكىللىنىپ داۋاملىق ئىش تاشلىمىغۇچە ياكى ئۇلار فابرىكىلاردىن ئايرىلمىغۇچە مەن ھەرقانداق يېمەكلىكنى ئېغىزىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلدىم.

ئىشچىلار لەرزىگە كېلىپ كەتتى، ئاننا سويىفېننىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى. ئىشچىلار: «سىز ئاچلىق ئېلان قىلماڭ، بىز ئاچلىق ئېلان قىلايلى، سىز ئاچلىق ئېلان قىلسىڭىز، بەك ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، بىز بوشىشىپ كەتتۇق، كەچۈرۈڭ، ئەمدى بىز قەستىمىزگە چوقۇم سادىق بولىمىز، لەۋزىمىزگە ئاخىرغىچە ئەمەل قىلىمىز» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

«سىلەرنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىڭلار ھاجەتسىز، ــ دېدىم مەن جاۋابەن، ــ سىلەر قەسىمىڭلارغا ئەمەل قىلساڭلارلا بولىدۇ. سىلەرگە ئايان، بىزدە ئاقچا يوق، لېكىن بىز ئىش تاشلاشنى كۆپچىلىكنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمايمىز. شۇڭا سىلەر بىرەر ئىش تېپىپ تىرىكچىلىكىڭلارنى قامدىشىڭلار كېرەك. ئىش تاشلاش مەيلى قانچىلىك داۋاملاشسۇن، سىلەر غەمدىن خالاس بولۇشۇڭلار كېرەك. مەن ئىش تاشلىشىمىز غەلىبە قىلمىغۇچە ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتمايمەن.»

بۇ ۋاقىتتا ۋاللابېي شەھەر مەمۇرىيىتىدە ئىشچىلارغا ئىش تېپىپ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتاتتى، لېكىن ئۈمىد چوڭ ئەمەس ئىدى. ماگانلال گەندى تەكلىپ بېرىپ، ئىنستىتۇتىمىزدا ھازىر توقۇمىچىلىق مەكتىپى قۇرۇلۇۋاتقانلىقى، قۇم ـ شېغىل بىلەن ئۇنىڭ ئۇلىغا ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتقانلىقى، بىر تۈركۈم ئىشچىلارنى مۇشۇ ئىشقا سالساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىشچىلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئاننا سۈيابەي بېشىدا بىر سېۋەت توپىنى كۆتۈرۈپ، بۇ ئىشتا باشلامچى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي باشلىرىدا سېۋەت ـ سېۋەتلەپ قۇم ـ

شېغىل توشۇۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئىشچىلار قوشۇنى شەكىللەندى. كۆرۈنۈش تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى، ئىشچىلار ئۆزلىرىدە يېڭى بىر خىل كۈچ پەيدا بولغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلارغا ئىش ھەققى غەملەپ بېرىش تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش بولۇپ قالدىم.

مېنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىمنى ھەرگىزمۇ نۇقسانسىز ئەمەس دېگىلى بولمايتتى. خۇددى مەن ئالدىنقى بابتا ئېيتقىنىمدەك، مېنىڭ زاۋۇت خوجايىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئىنتايىن قويۇق ۋە ياخشى ئىدى. مېنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىم ئۇلارنىڭ قارار چىقىرىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەيگۈچى ۋە ھەمكارلاشمىغۇچى» بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇلارغا ئاچلىق ئېلان قىلىش يولى بىلەن قارشى تۇرماسلىقىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم، مەن ئەسلىدە ئۇلارغا ئىشچىلارغا ئىش تاشلاتقۇزۇش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشىم زاۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ بەل قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشچىلارنىڭ بەل قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ۋەكىلى بولغانلىكەنمەن، بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ خوجايىنلىرىغا قائىدە سۆزلەشكىلى بولاتتى. ئاچلىق ئېلان قىلىش يولى بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇرغانلىق زورلۇق ئىشلەتكەنگە باراۋەر ئىدى. ئاچلىق ئېلان قىلىشىنىڭ ئۇلارغا بېسىم پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلەتتىم، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، لېكىن مەن بۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاچلىق ئېلان قىلىشتىكى قىسمەتتىم ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

مەن توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا تەسەللى بەرمەكچى بولدۇم. مەن ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ئۆز ئورنۇڭلاردىن قىلچىلىك چېكىنىشىڭلارنىڭمۇ ئورنى يوق» دېدىم. ئۇلار ماڭا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، مەندىن زەھەرخەندىلىك بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدى، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى.

ئىش تاشلاشقا مادارا قىلماسلىق پوزىتسىيەسىنى تۇتقۇچى زاۋۇت خوجايىنى پەردە ئارقىسىدىكى شەخس سەيىد ئانبورال ئىدى. ئۇنىڭ قەتئىيلىكى ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا سەممىيمىيتىدىن ئادەم ھەيران

قالاتتى، مەن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش بىر خىل خۇشاللىق ئىدى. ئاچلىق ئېلان قىلىپ، ئۇ باشچىلىقىدىكى قارشى تەرەپنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىمدىن يۈرەكىم ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خانىمى سارلادېۋى (Sarladevi) ماڭا ئۆز ئېگىچە ـ سىڭلىمدەك يېقىنچىلىق قىلاتتى، مەن ئۇنىڭ قوللانغان ھەرىكىتىمدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

ئانا سۇيابەي ۋە باشقا نۇرغۇن دوستلار ھەمدە ئىشچىلار تۇنجى كۈنى مەن بىلەن بىللە ئاچلىق ئېلان قىلدى. لېكىن، نۇرغۇن ھەرەج تارتىشلار ئارقىلىق ئۇلارنى داۋاملىق ئاچلىق ئېلان قىلىنۋەرمەسلىككە كۆندۇردۇم.

ئاخىر ئارىمىزدا دوستانە كەيپىيات شەكىللىنىشكە باشلىدى. توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئانا سۇيابەينىڭ ئۆيى ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىدىغان نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئاناندشانكار دىرۇۋا (Anandshankar Dhruva) ئەپەندى بۇ ئىشقا قول تىقتى، كېيىن ئۇ بۇ ئىشقا كېسىم قىلىشقا تەيىنلەندى. مەن ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىش تاشلاش ئاخىرلاشتى. توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ خوجايىنلىرى ئىشچىلارغا كەمپۈت تارقىتىپ بېرىپ، بۇ ۋەقەنى تەبرىكلىدى. 21 كۈنلۈك ئىش تاشلاش ئارقىلىق مەسىلە ئاخىر ھەل بولدى. ئىش تاشلاش ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىلىشىغا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن شۇ يەرنىڭ ۋالىيسى قاتناشتى. بۇ ۋالىي يىغىندا ئىشچىلارغا: «سىلەر باشتىن ـ ئاخىر گەندى ئەپەندىنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلىشىڭلار كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلدى. شۇ ئىشتىن كېيىن مەن بۇ مۆتىۋەر بىلەن بىر قېتىم ھەپىلەشكەندىم. ھالبۇكى، مۇھىت ئۆزگەرگەندى، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا كېدادىكى دېھقانلارنى مېنىڭ گېپىمگە كىرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرغانىدى.

بۇ يەردە مەن دەم ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان، دەم ئادەمنى ئازابلايدىغان بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتمەي تۇرۇپ، بۇ بابنى ئاخىرلاشتۇرماقچى ئەمەسمەن. بۇ ئىش كەمپۈت تارقىتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. توقۇمىچىلىق زاۋۇتى خوجايىنلىرىنىڭ شۇنچىۋالا كەمپۈتنى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئىشچىلارغا قانداق تارقىتىشنىڭ ئۆزى بىر

مەسىلە ئىدى. ئۇلار كەمپۈتنى ئىشچىلار قەسەم بەرگەن ئاشۇ يوغان دەرەخ ئاستىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تارقاتماقچى بولدى، چۈنكى ئۇلارنى باشقا جايغا يىغىش ئىنتايىن تەس ئىش ئىدى.

مەن ئىشچىلار ئىش تاشلاش داۋامىدا ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىغان بولغاچقا، كەمپۈت تارقىتىلغاندا پاتىپاراق بولمايدۇ، مۇشۇنداق بولۇشى تەبىئىي دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، شۇ كۈندىكى كەمپۈت تارقىتىش ئويلىغانلىرىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ھەر قېتىم كەمپۈت تارقىتىلىپ، ئىككى مىنۇت بولا ـ بولمايلا سەپ قالايمىقانلىشاتتى. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ داھىيلىرى تەرتىپنى ساقلاشقا ھەرقانچە كۈچىسىمۇ مەغلۇپ بولاتتى. قالايمىقانچىلىق، قىستاڭچىلىق ۋە تالاش ـ تارتىش ئىچىدە نۇرغۇن كەمپۈت دەسسىلىپ كەتتى. نەتىجىدە ئوچۇقچىلىقتا كەمپۈت تارقىتىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلدى. بىز قالغان كەمپۈتلەرنى سەيىف ئامبالال (Sheth Ambalal)نىڭ مىرزاپۇر (Mirzpur)دىكى ئۆيىگە ئاران يۆتكىۋالدۇق. ئەتىسى كەمپۈتلەر ئاشۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا تەرتىپ بويىچە تارقىتىلدى.

بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى كۈلكىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق، لېكىن ئۇنىڭ ئادەمنى ئازابلايدىغان تەرىپىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كېيىن تەكشۈرسەك، ئەسلىدە ئەخمەتئابادتىكى قەلەندەرلەر «قەسەم بېرىلگەن» دەرەخ ئاستىدا كەمپۈت تارقىتىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە توپلىشىپ، جېنىنىڭ بارىچە تالاش ـ تارتىش قىلىپ، بۇ پاتىپاراقچىلىقنى تۇغدۇرغانىكەن.

دۆلىتىمىز دۈچ كەلگەن بۇ خىل نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىق ھەر يىلى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى دىۋانىلەر سېپىگە قوشماقتا. ئۇلارنىڭ بولكا ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىشلىرى ئۇلارنى بارلىق قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىشكە مەجبۇر قىلماقتا. ھالبۇكى، بىزنىڭ خەير ـ ساخاۋەتچىلىرىمىز ئۇلارغا خىزمەت بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە ئىشلىمىگەنلەر بولكىغا ئېرىشەلمەيدۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ سەدىقە بەرمەكتە.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# كېدادىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى

ھالبۇكى، مېنىڭ ئۇھ دېگۈدەكمۇ ۋاقتىم يوق ئىدى، ئەخمەتئابادتىكى توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلىشى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، مەن يەنە كەمولودىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» كۈرىشىگە ئاتلاندىم.

ھوسۇل ياخشى بولمىغاچقا، كەمولودا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنىدى، ھالبۇكى كېدا دېھقانلىرى بۇ يىللىق سېلىقىنى ۋاقتىنچە تاپشۇرماسلىقنى ئويلىشىۋاتاتتى.

مەن دېھقانلارغا ئېنىق تەكلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ئامرىتلال تاككار ئەپەندى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىدى، شۇنىڭدەك يەرلىك ۋالىي بىلەن بۇ مەسىلىنى بىۋاسىتە مۇزاكىرىلەشكەنىدى. موخانلال پاندىيا بىلەن شانكارلال پارىكمۇ بۇ كۈرەشكە ئاتلانغان، ۋىتالبەي پاتېل (Vithalbhai Patel) ئەپەندى بىلەن مەرھۇم گوكۇلداس كاخانداس پارېك (Gokuldas Kahandas Parekh) ئەپەندى ئارقىلىق بومبايدىكى قانۇن تۈرغۇزۇش پالاتاسىدا سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. مۇشۇ مەسىلىلەر يۈزىسىدىن بىرقانچە ۋەكىللەر ئۆمىكى باشلىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئەينى چاغدا مەن گۇجارات قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى ئىدىم. قۇرۇلتاي ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەتنامە سۇندى، تېلېگرامما يوللىدى، ھەتتا ۋالىينىڭ ھاقارىتى ۋە تەھدىتى ئالدىدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇردى. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ بۇ ۋەقەگە تۇتقان پوزىتسىيەسى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى، ھازىر ئويلىسام راستلا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

دېھقانلارنىڭ تەلىپى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، يەنە كېلىپ قوبۇل قىلىنىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە ئىدى. «يەر بېجى نىزامى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە ھوسۇل ئىككىدىن بەش پىرسەنتتىن تۆۋەن بولسا، دېھقانلار شۇ يىللىق سېلىقنى تاپشۇرۇشنى پۈتۈنلەي توختىتىشنى تەلەپ قىلسا بولاتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھوسۇل ئىككىدىن بەش پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە دېھقانلار ھوسۇل ئىككىدىن بەش پىرسەنتكە يەتمەيدۇ دەپ تالاش ـ تارتىش قىلاتتى. ۋاھالەنكى، ھۆكۈمەت بۇنىڭغا ئەسلا قۇلاق سالمايتتى، بەلكى خەلقنىڭ كېسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى «تاپتىن چىققانلىق» دەپ قارايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق مۇراجىئەتنامە ۋە تەلەپلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. مەن كەسىپداشلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، دېھقانلارنى «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق»قا سەپەرۋەر قىلماقچى بولدۇم.

كېدادىكى پىدائىيلاردىن باشقا، مېنىڭ بۇ قېتىمقى كۈرەشتىكى ئاساسلىق مەسلەكداشلىرىم ۋاللاببەي پاتېل، شانكارلال بانكېر، ئاناسۇيابېن (Anasuyabehn) خانىم، ئىندۇلال ياجنىك (Indulal Yajnik)، ماخادېۋ دېسەي ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى. ۋاللاببەي ئەپەندى بۇ قېتىمقى كۈرەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىۋاتقان ئىستىقباللىق ئادۋوكاتلىق كەسپىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، كېيىن بەزى ئەمەلىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ كەسپىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

بىزنىڭ باش ئىشتابىمىز نادىياد ئاناتاشرام (Nadiad Anathashram)دا ئىدى، چۈنكى باشقا يەردىن بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم سىغدۇرالىغۇدەك بىر جاينى تاپقىلى بولمايتتى.

تۆۋەندىكىلەر «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمىگۈچىلەر ۋە ھەمكارلاشمىغۇچى»لارنىڭ ئىمزالىق قەسەمنامىسى:

«بىرنەچچە يېزىدىن چىققان ھوسۇل ئىككىدىن بەش پىرسەنتكە يەتمىگەچكە، بىز ھۆكۈمەتتىن سېلىقنى كېلەر يىلغىچە يىغماسلىقنى تەلەپ قىلدۇق. لېكىن، ھۆكۈمەت تەلىپىمىزگە پەرۋا قىلمىدى. شۇڭا بىز بۇ يەردە شۇنى جاكارلايمىزكى، بىز بۇ يىل بارلىق ياكى قالغان يەر بېجىنى ھەرگىز تاپشۇرمايمىز. بىز ھۆكۈمەتتىن مۇۋاپىق دەپ قارىغان ھەرقانداق قانۇنلۇق تەدبىرنى قوللىنىشنى ھەمدە باج تاپشۇرمىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان ھەرقانداق ئاقىۋەتنى ئۈستىگە

ئېلىشنى تەلەپ قىلىمىز. بىز يەرلىرىمىزنى رەنىگە قويۇشقا رازىمىزكى، ھەرگىزمۇ ئۆزلۈكىمىزدىن باج تاپشۇرمايمىز، شۇ ۋەجىدىن تەلەپلىرىمىز خاتا دەپ قارالسىمۇ ياكى ئىززەت ـ ئابرۇيىمىز يەرگە ئۇرۇلسىمۇ مەيلى. ئەگەر ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئىككىنچى تۆركۈملۈك سېلىقنى يىغىشنى توختىتىشقا قوشۇلسا، ئارىمىزدىكى چامىمىز يېتىدىغانلىرىمىز تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بارلىق سېلىقلارنى ياكى پەرقلىق نورمىدىكى سېلىقنى چوقۇم تاپشۇرىمىز. تاپشۇرۇشقا چامىسى يېتىدىغانلارنىڭ سېلىقنى تاپشۇرماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار تاپشۇرسا، نامرات دېھقانلار مۇشۇ تۈپەيلى ئۆز تەئەللۇقاتلىرىنى سېتىۋېتىشى ياكى ئىجارە بېجىنى ئۇلاردىن قەرز ئېلىپ تاپشۇرۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىگە بىكاردىن ـ بىكار ئىش تېپىۋالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىزدەك نامرات دېھقانلار ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك، بىز ھەتتا باج تاپشۇرۇشقا قۇربى يېتىدىغان دېھقانلارنىڭمۇ سېلىقنى تاپشۇرماسلىق مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايمىز.»

مەن بۇ قېتىمقى كۆرەشنى بۇنىڭدىن كېيىن بايان قىلمايمەن. بۇ قېتىمقى كۆرەشكە ئالاقىدار نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەر قېلىپ قالدى. بۇ قېتىمقى زور كۆرەشنى تولۇق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى خالىغۇچىلار سانكارا بانك ئەپەندى يازغان مۇكەممەل ھەم ئىشەنچلىك «كېدادىكى ‹زورلۇق كۆچسىز قارشى تۇرۇش، ھەمكارلاشماسلىق› ھەرىكىتى تارىخى» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ باقسا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## «پىياز ئوغرىسى»

چامپاران ھىندىستاندىكى چەت، خىلۋەت جاي بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر شۇ قېتىمقى ھەرىكەتنى خەۋەر قىلالمىغاچقا، ئۇ سىرتتىن كېلىدىغان زىيارەتچىلەرنى جەلپ قىلالمىغانىدى. كېيىنكى ھەرىكەت بۇنىڭغا تۇپتىن ئوخشاشمايتتى. ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلار گېزىتلەردە ھەر كۈنى خەۋەر قىلىنىپ تۇراتتى.

گۇجاراتلىقلار بۇ قېتىمقى كۈرەشكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېڭى تەجرىبە ئىدى. كۈرەشنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇلار «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»تا نوقۇل پۇلغىلا تايانسا بولمايدىغانلىقىنى تېخى چۈشەنمەيتتى. پۇل ئۇلار تەلەپ قىلىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى. مەن بولدى دېسەممۇ، بومبايلىق سودىگەرلەر بىزگە ئېھتىياجىمىزدىن ئارتۇق پۇل - پۇچەك تەقدىم قىلدى. شۇڭا، ھەرىكەت ئاخىرلاشقاندا يەنە نۇرغۇن پۇل ئېشىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» پىدائىيلىرى تۇرمۇشنى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈشتەك يېڭى دەرسنى ئۆگەنمىسە بولمايتتى. مەن ئۇلار بۇ ئىدىيەنى تەلتۆكۈس قوبۇل قىلدى، دېيەلمەيمەن. بىراق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

دېھقانلارغا بۇ قېتىمقى كۈرەش تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلغانىدى. شۇڭا بىزنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ پرىنسىپلىرىنى كەنتمۇكەنت يۈرۈپ تەشۋىق قىلىشىمىزغا توغرا كەلدى.

ئاساسلىق ئىش دېھقانلارنىڭ قورقۇنچاقلىق پىسخىكىسىنى تۈگىتىپ، ئۇلارغا ئەمەلدار دېگەننىڭ غوجايىن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنىڭ باجدىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيلىك بىلەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھنى بىرلەشتۈرۈشتەك بۇ مەسئۇلىيەتنى تونۇشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇلار ئەمەلدارلارغا بولغان قورقۇنچىنى تۈگەتكەن ھامان، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇچرىغان ھاقارەتكە قارشى جاۋاب قايتۇرۇشنى توسۇۋالغىلى بولمايتتى. دېھقانلار مەدەنىيلەشمىسە خۇددى سۈتكە چۈشۈپ كەتكەن كىچىككىنە ئاق مەرگىمۈشتەك «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» تەسىرگە ئۇچرايتتى. كېيىن مەن ئۇلارغا ئۆتكەن مەدەنىيلىككە ئائىت دەرسلەرنىڭ مەن ئۈمىد قىلغاندىكىدەك ئۇنچىۋالا تەسىر پەيدا قىلالمىغانلىقىنى بىلدىم. تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئۆگەتتىكى، مەدەنىيلىك «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك قىسمى، بۇ يەردە زىكرى قىلىنىۋاتقان مەدەنىيلىك قانداقتۇر سۆزنى سىلىق - سىپايە قىل دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى دۈشمەنگىمۇ بىر خىل ئىچكى مېھرىبانلىقتا بولۇش دېگەنلىك ئىدى. مانا بۇلار «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشمىغۇچى»لارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك.

ھەرىكەتنىڭ دەسلەپىدە كىشىلەر خېلى زور غەيرەتكە كەلگەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەت كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىدىغاندەك قىلمىدى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ قەتئىيلىكىدىن تەۋرەنمەيدىغاندەك ئالامەتلەر كۆرۈلۈۋىدى، ھۆكۈمەت بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىدى. باج ئەمەلدارلىرى خەلقنىڭ چارۋىلىرىنى ساتقۇزۇۋەتتى، ئۆزلىرى ئەكېتەلىگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكەتتى. جەرىمانە ئۇقتۇرۇشلىرى ھەممىلا يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى، نۇرغۇن جايلاردا ئېتىزدىكى زىرائەتلەر كۆكى بىلەنلا رەنىگە قويۇلدى. بۇ دېھقانلارنى تەمتىرىتىپ قويدى، بەزىلەر ھاپىلا - شاپىلا باج تاپشۇرۇشقا باشلىدى، بەزىلەر ئەمەلدارلارنىڭ دېگىنى بويىچە، ئېلىپ كەتكىلى بولغۇدەك نەرسىلىرىنى ئەمەلدارلارنىڭ باج ھېسابىدا رەنىگە ئەكېتىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىغا ئاچىقىپ قويدى. لېكىن، بەزىلەر ئاداققىچە ئېلىشماقچى بولۇپ تۇراتتى.

بۇ ئىشلار جىددىي يۇرۇشۇۋاتقاندا شانكارلال پارىك مەسئۇللۇقىدىكى بىر دېھقان ئۆز يېرىنى سېلىق ھېسابىدا تاپشۇردى، بۇ ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. شانكارلال پارىك ئۆز دېھقىنىنىڭ خاتالىقىنى تۈزەتكۈزدى. ئۇ دېھقان بىجى تاپشۇرۇلغان ھېلىقى يەرنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەرىپىمۇ ساقلاپ قېلىندى ھەمدە باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

قورقۇپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى موخانلال پاندىيانىڭ رەھبەرلىكىدە خاتا ھالدا رەنگە قويۇلغان يەرلەردىكى پىيازلارنى يىغىۋېلىشقا ئۈندىدىم. مەن بۇنى مەدەنىيلىككە يات ھەرىكەت دەپ قارىمايتتىم. لېكىن، ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئىدى، مەن تېخى ئورۇلمىغان زىرائەتلەرنى مۇنداق يىغىۋالىدىغان ئۇسۇل قانۇنغا چۈشسىمۇ، ئەخلاقىي جەھەتتىن خاتا، دەپ قارايتتىم، بۇ تالان ـ تاراجدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، شۇڭا كىشىلەرنىڭ پىيازلارنى يىغىۋېلىش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ جەرىمانە ۋە تۇتقۇن قىلىنىشلارغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىشىنىڭ ياخشى پۇرستى ئىدى، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرمانغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇقەررەر ئاقىۋەت ئىدى. بۇ موخانلال پاندىيانىڭ دىتىغا ياقاتتى. ئۇ بىزىلەرنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرمىغانلىقى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنىپ، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئاستا ـ ئاستا تىنچىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئېتىزلىقتىكى پىيازلارنى يىغىۋېلىشقا مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇنىڭ يەتتە ـ سەككىز دوستىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ھۆكۈمەتنىڭ پەرۋا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. موخانلال ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇردى. تۈرمىدە يېتىش قورقۇنچىمۇ تۈگىگەن ۋاقىتتا، كىشىلەر ئۆزلىرىنى بېسىۋالغانىدى. پاندىيا بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى قىسقا مۇددەتلىك تۇتۇپ تۇرۇش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەن بۇ ھۆكۈمنى خاتا دەپ قارايتتىم. چۈنكى، پىيازلارنى يىغىۋېلىش قىلمىشنى جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە «ئوغرىلىق» جىنايىتى دەپ بېكىتىشكە بولمايتتى، لېكىن بىز يۇقىرىغا ئەرز قىلمىدۇق، چۈنكى بىزنىڭ سىياسىتىمىز سوتتىن خالىي بولۇش ئىدى.

تۇرمىگە ئاپىرىلىدىغان كۆنى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئامما سەپ ـ سەپ بولۇپ، «جىنايەتچىلەر»نى تۇرمىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن موخانىلال پاندىيا «پىياز ئوغرىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى، ئۇ تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ نامدىن پەخىرلىنىپ كەلمەكتە.

كېيىنكى «زورلۇق كۆچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئاياغلاشقانلىقىنى كېيىنكى بابتا سۆزلەشكە قالدۇرىمەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



## يىگىرمە بەشىنچى باب

## كېدادىكى «زورلۇق كۆچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى

بۇ قېتىمقى ھەرىكەت كۈتۈلمىگەن نەتىجە پەيدا قىلدى، كىشىلەر ھالىدىن كەتكەندەك قىلاتتى، مەنمۇ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغانىدىم، ئېگىلمەس ــ سۇنماس ئاشۇ كىشىلەرنىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولۇشىنى خالىمايتتىم. مەن بۇ كۆرەشنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمىگۈچى»لار، ھەمكارلاشمىغۇچىلار قوبۇل قىلالايدىغان ئىشەنچلىك ئۇسۇل بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتاتتىم. بۇ ئۇسۇل پۈتۈنلەي مېنىڭ كۈتكىنىمدەك بارلىققا كەلدى. نادىياد تالۇكا (Nadiad Taluka) رايونىنىڭ ئەمەلدارى ئەۋەتكەن خادىم ماڭا چامىسى يېتىدىغان دېھقانلارلا يەر بېجىنى تاپشۇرسا بولىدىغانلىقىنى، نامرات دېھقانلار ئالدىرىماي تاپشۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھۆججەت خاراكتېرلىك بىرنەرسە يېزىپ، بۇ گېپىنى يەنىمۇ كۆچگە ئىگە قىلىشنى ئۆتۈندۇم، دەرۋەقە ئۇ يازدى. ھالبۇكى، بىر رايوننىڭ باج يىغقۇچىسى ئۆز رايونىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارغىلا ئىگە بولالايتتى. شۇڭا مەن بۇ ئىشنى ناھىيەدىكى باج ئىشلىرى باشلىقىدىن سورىدىم، چۈنكى پۈتۈن ناھىيىنىڭ باج ئىشلىرىغا پەقەت شۇلا ئىگە بولالايتتى. مەن ئۇنىڭدىن تەۋەلىكىدىكى باج ئەمەلدارلىرىنىڭ گېپى پۈتۈن ناھىيەگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ باج ئەمەلدارلىرىنىڭ خېتىدە دېيىلگەن باج يىغىشنى توختىتىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنىڭ تارقىتىلىپ بولۇنغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن مەن تېخى خەۋەرسىز ئىكەنمەن. ئەگەر راست شۇنداق بولىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ قەسىمى ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى. شۇنى ئەستە تۇتۇش

كېرەككى، ئۇ قەسەمنىڭ مۇددىئاسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى پۈتۈنلەي بىر دەك ئىدى. شۇڭا بىز بۇ بۇيرۇقتىن قانائەتلەندۇق.

لېكىن، نەتىجە مېنى خۇش قىلالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدا ھەر قېتىملىق «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ئاخىرلاشقان چاغدىكى ئەۋزەللىكلەر كەم ئىدى. باج ئىشلىرى باشلىقى ئۆزىنىڭ چارىسىنى يولغا قويۇشتا ھېچقانداق مۇرەسسەلىشىدىغان ئىشنى قىلمىغانىدى، نامراتلار سېلىقنى كېچىكىپ تاپشۇرسا بولاتتى، شۇڭا ئۇلار ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەنىدى. خەلق كىمنىڭ نامراتلىقىنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھوقۇقنى ئىشلىتەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقنى ئىشلىتەلمەيدىغانلىقىدىن كۆڭلۇم تولىمۇ يېرىم بولدى. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرلىشىشى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسى سۈپىتىدە تەبرىكلەندى، لېكىن مەن بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىلھاملانمىدىم، چۈنكى ئۇنىڭدا تەلتۆكۈس غەلىبە ئامىللىرى كەمچىل ئىدى.

«زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئۇ پەقەت زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ كۈچىنى يېڭى باشلانغان چاغدىكىدىن تېخىمۇ ئاشۇردى، روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى، مانا بۇلار تەبرىكلەشكە ئەرزىيتتى.

لېكىن، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە بىز بۈگۈن كۆرۈپ تۇرغان ۋاستىلىك نەتىجىلەرنى، بۈگۈن ئىگە بولۇۋاتقان ئەۋزەللىكلەرنى يوق دېگىلى بولمايتتى. كېيىنكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى گۇجارات دېھقانلىرىنىڭ ئويغىنىشى ئۇلارغا بولغان ھەقىقىي سىياسىي تەربىيەنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

دوكتور بېسانتنىڭ پارلاق ئاپتونومىيە ھەرىكىتى دېھقانلار ئامىسى ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، لېكىن تەربىيە كۆرگەن ئاممىۋى خىزمەتچىلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى بىلەن ئۇچرىشىشىغا تۈرتكە بولغىنى كەمولودىكى كۆرەش ئىدى. ئۇلار دېھقانلار بىلەن قانداق بىر گەۋدە بولۇشنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى تېپىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇربان

قىلىش ماھارىتىمۇ ئۆستى. فاروبەينىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ھېس قىلغانلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. بىر ئۆتكەن يىلقى (1924 ـ يىلى) سۇ ئاپىتىدىكى قۇتقۇزۇش پائالىيىتى ۋە بۇ يىلقى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىپلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. گۇجاراتنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشى يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە يېڭى قاينام ـ تاشقىنلىقتىن قاتتىق جانلىنىپ كەتتى. دېھقانلار ئۆزى كۈچ ـ قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ قېتىمقى تەجرىبە ـ ساۋاق جامائەتنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناشتى، يەنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە، جەبىر ـ جاپاسىغا ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق ئىدى. كېيىنكى ھەرىكەت ئارقىلىق «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى گۇجارات تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

شۇڭا، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ تەبرىكلىگۈدەك ئالاھىدە نەتىجىسى يوق دەپ ھېسابلىنىسامۇ، لېكىن كېيىن دېھقانلىرى قاتتىق خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ھەقىقىي ھەم ئىشەنچلىك ئۇسۇلىنى تېپىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ نۇقتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولۇشقا ھەقلىق ئىدى.

ۋاھالەنكى، كېيىن دېھقانلىرى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ ئىچكى ئەھمىيىتىنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيتتى، بىز كېيىنكى بىرنەچچە بابتىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەھمىيەتنى بەدەل تۆلەش ئارقىلىقلا چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ئىشتىپاقلىق تەقەززاسى

كېيىن ئىشتىپاقلىقنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى باشلانغاندا ياۋروپادا ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا ۋەزىيەت ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالغان بولۇپ، باش ۋالىي ھەرقايسى جەھەتلەردىكى رەھبەرلەرنى دېھلىغا كېلىپ ئۇرۇش تەييارلىقى يىغىنىغا قاتنىشىشقا چاقىردى، ئۇ مېنىمۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا چاقىردى. ۋالىي چېلمسفورد بىلەن ئوتتۇرىمىزدا سەمىمىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

مەن تەكلىپ بىلەن دېھلىغا باردىم، لېكىن مېنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشا پىكرىم بار ئىدى، چۈنكى ئاكا ـ ئۇكا شەۋكەت ئەلىگە ئوخشاش داھىيلار تەكلىپ قىلىنمىغانىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تېخى تۈرمىدە ئىدى، ئۇلار ھەققىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئاڭلىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر ـ ئىككى قېتىملا كۆرگەنىدىم. كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ۋە جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئەينى ۋاقىتتا، مەن ھەكىم ساھىب بىلەن تېخى قويۇق ئالاقە قىلمىغانىدىم، لېكىن مەكتەپ مۇدىرى رۇدرا (Rudra) بىلەن ئاندرېۋس ماڭا ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدى. مەن كالكۇتتادىكى مۇسۇلمانلار ئىتتىپا-قىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا شۇئەيب بىرېش (Shuaib Qureshi) ئەپەن-دى ۋە كىۋاجا (Khwaja) ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. مەن دوختۇر ئەنسارىي ۋە ئابدۇللا رەھمان بىلەنمۇ ئۇچراشتىم. مەن ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدىم، ئۇلارنىڭ ئەڭ سەمىمىي ۋە ئەڭ ۋەتەنپەرۋەر ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭا، مەيلى ئۇلار مېنى نەگىلا ئېلىپ بارسۇن، مەن ھەمىشە تولىمۇ رازىمەنلىك

www.uyghurkitap.com



بىلەن ئۇلارغا ئەگىشەتتىم، مەقسەت ئۇلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن ئىدى.

مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمدىلا، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي دوستلۇق ھېسسىياتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەنىدىم. مەن ئەزەلدىن پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي توسالغۇلارنى يوقىتىپ ئىتتىپاقلىشىشنى ئىستەيتتىم. مەن تەبىئىتىمدىن خۇشامەت قىلىش ياكى ئىززەت ـ ئابرۇيغا نۇقسان يەتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايتتىم. ھالبۇكى، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنداق ئىشەنچ ئاتا قىلغانكى، مېنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» پرىنسىپىم ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى مەسىلىسىدە قاتتىق سىناققا دۇچ كېلەتتى. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە مېنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» پرىنسىپىنى چۈشىنىشىمدىكى بىر كەڭرى سەينا ئىدى. مەن ھازىرمۇ شۇنداق ئىشەنچتىمەن. مەن ھاياتىمنىڭ ھەربىر دەقىقىسىدە پەرۋەردىگارنىڭ مېنى سىناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن.

مەن مۇشۇنداق قەتئىي ئېتىقاد بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىن قايتىپ كەلگەنىكەنمەن، بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى ئەلۋەتتە قەدىرلەيتتىم. ۋاھالەنكى، مەن ئۇلار بىلەن قويۇق باردى ـ كەلدى قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار نەزەربەند قىلىپ قويۇلدى. مائۇلانا مۇھەممەد ئەلى تۈرمە گۇندىپايلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بېتۇل ۋە كىنتوخۋادادىن ماڭا خەت يازاتتى، مەن تۈرمىگە بېرىپ، بۇ ئىككى قېرىنداش بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدىم، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

مېنىڭ مۇسۇلمان دوستلارنىڭ تەكلىپى بىلەن كالكۇتتاغا كېلىپ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ يىغىنىغا قاتنىششىم ئاكا ـ ئۇكا ئەللەر تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىنكى ئىش ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ تەلىپى بىلەن يىغىندا سۆز قىلدىم. سۆزۈم مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئەلى ئىككىيلەننى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىش ئىشى ئۈستىدە بولدى. يىغىندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ دوستلار مېنى ئالىگادىكى مۇسۇلمانلار ئىنىستىتۇتىغا ئاپاردى. مەن بۇ يەردە كېلەچەكتىكى ئادۋوكاتلارنى ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشقا چاقىردىم.

ئارقىدىنلا مەن ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئەللەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ نۇقتى-

ئىنىزىرى ۋە خەلىپە ھەرىكىتىنى تەتقىق قىلدىم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي دوستى بولىمەن دەيدىكەنمەن، ئىمكانىقەدەر بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ تورمىدىن چىقىشىغا ياردەم بېرىشىم ھەمدە خەلىپە ھەرىكىتىنىڭ مۇۋاپىق ھەل بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى ئەخلاق ـ دىيانەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولسا، مەن بۇ ھەرىكەتنىڭ ھەق ـ ناھەقلىكىگە ئارتۇقچە باھا بېرىپ ئولتۇرمايتتىم. دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى ئۇ باشقا گەپ ئىدى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئېتىقادى ئۆزى ئۈچۈن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەممە ئادەم دىنىي جەھەتتە ئوخشاشلا ئېتىقادقا ئىگە بولىدىغان بولسا، دۇنيادا بىرلا دىن بولغان بولاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە ھەققىدىكى تەلىپىنىڭ ئاللىقانداق بىرەر ئەخلاقىي قائىدىگە مۇخالىپ كېلىدىغانلىقىنى بايقىمىدىم، ھەتتا ئەنگلىيە باش ۋەزىرىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن باش ۋەزىرنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھە ـ ھۇ دېيىشىشىم كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. باش ۋەزىر ۋەدىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلدۈرگەنىدى، شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولاتتىكى، ناۋادا مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپى ھەق ـ ناھەق تارازىسىغىلا سېلىنسا، مېنىڭ ۋىجدانىممۇ قانائەت تاپاتتى.

دوستىلار ۋە تەنقىدچىلەر مېنىڭ خەلىپە ھەرىكىتىدىكى مەيدانىمنى تەنقىد قىلغانىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۆز قارىشىمنى ئۆزگەرتىشكە ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىمدىن ئۆكۈنۈشكە ھېچقانداق ئاساسىم يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم.

شۇڭا، مەن دېھلىغا ماڭغاندا بۇ مەسىلىنى باش ۋالىي ئالدىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتا خەلىپە مەسىلىسىگە دائىر كېيىنكى ئەھۋالار تېخى ھازىرلانمىغانىدى.

مەن دېھلىغا بارغاندىن كېيىن يىغىنغا قاتنىشىدىغان ئىشتا يەنە قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. ئاندرېۋس بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قىلىش يىغىنىغا قاتناشسام، بۇنىڭ ئەخلاقىي مەسىلىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ماڭا ئەنگلىيە گېزىتلىرىدە ئەنگلىيە بىلەن ئىتالىيەنىڭ مەخپىي كېلىشىم تۈزۈش مەسىلىسى تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر ئەنگلىيە ياۋروپادىكى يەنە بىر كۈچلۈك دۆلەت بىلەن مەخپىي كېلىشىم تۈزسە، مەن ئۇنداق يىغىنغا يەنە نېمە دەپ قاتنىشىمەن. ئاندرېۋس ئەپەندى مەندىن

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاشۇنداق سورىدى. مەن شەرتنامىلەرنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، دىنابانىدۇ ئاندرېۋسىنىڭ گېپى كۆپايە ئىدى. شۇڭا مەن چېلمسفوردقا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى بۇ مەسىلىنى يۈزتۈرا سۆزلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن چېلمسفورد ۋە ئۇنىڭ كاتىپى ماففېي ئەپەندى بىلەن بۇ مەسىلىنى خېلى ئۇزاق مۇزاكىرىلەشتىم. ئاخىرىدا مەن يىغىنغا قاتنىشىشقا قوشۇلدۇم. باش ۋالىينىڭ نۇقتىئىنەزىرى ماھىيەتتە مۇنداق ئىدى: «سىز ئەلۋەتتە ئىشەنمەيسىز، ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشنى باش ۋالىي بىلىپ تۇرىدۇ. مەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خاتا ئىش قىلمايدۇ دېيەلمەيمەن، سىز ئىمپېرىيە كۈچلۈك دۆلەت دېگەنگە قوشۇلسىڭىز ھەم ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ھىندىستانغا پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىڭىز، ئەجەبا سىز ھازىر ھىندى پۇقراسىنىڭ ئىمپېرىيە ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمامسىز؟ مەخپىي شەرتنامىگە دائىر خەۋەرلەرنى ئەنگلىيە گېزىتلىرىدىن مەنمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مەن سىزگە شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، مەن گېزىتتە ئېيتىلغان گەپلەردىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. ھالبۇكى، بۇ گېزىتلەرنىڭ پىتنە - پاسات تېرىيدىغانلىقى سىزگىمۇ ئايان؛ ئەجەبا، سىز مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، گېزىتلەردىكى خەۋەرلەرنى ئاساس قىلىپلا ئىمپېرىيەنى رەت قىلماقچىمۇ؟ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىز ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز ھەمدە بىزگە خالىغانچە ھۇجۇم قىلسىڭىز بولىدۇ، لېكىن ھازىر بۇنىڭ ۋاقتى ئەمەس.»

مۇنازىرىدە يېڭى كۆزقاراش يوق ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا يېڭى تۇيۇلۇشى ئۇنىڭ شۇنداق بىر خىل شەكىلدە ۋە شۇنداق بىر خىل ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا مەن يىغىنغا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدۇم. مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىگە كەلسەك، مەن بۇنى باش ۋالىيغا خەت ئارقىلىق دېمەكچى بولدۇم.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ئەسكەر ئېلىش ھەرىكىتى

شۇنداق قىلىپ يىغىنغا قاتناشتىم. باش ۋالىي مېنىڭ ئەسكەر ئېلىش ھەققىدىكى قارارنى قوللىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. مەن باش ۋالىيدىن ھىندى تىلىدا سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ تەلىپىمگە قوشۇلدى، لېكىن ئىنگلىز تىلىدىمۇ سۆزلىشىمنى تەلەپ قىلدى. سۆزلىگۈدەك گېپىممۇ يوق ئىدى، مەن: «مەسئۇلىيەت تۈرتكىسى بىلەن بۇ قارارنى چىن قەلبىمدىن ھىمايە قىلىمەن» دېگەن بىر ئېغىز گەپنىلا قىلدىم.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مېنىڭ ھىندى تىلىدا پىكىر بايان قىلغانلىقىمنى تەبرىكلىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇنداق يىغىندا ھىندىچە نۇتۇق سۆزلەش تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىكەن. كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ھەم باش ۋالىي رىياسەتچىلىك قىلغان يىغىندا ھىندى تىلىدا پىكىر بايان قىلغان تۇنجى كىشى مەن ئىكەنمەن. بۇ ئىش مىللىي غۇرۇرۇمغا تەگدى. مەن نومۇستىن ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالدىم. ئۆز دۆلىتىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان يىغىن تۇرسا، يەنە كېلىپ مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقىنى ئۆز دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش تۇرسا، ئۆز دۆلىتىنىڭ تىلىنى ئىشلىتەلمەي، ماڭا ئوخشاش تاسادىپىي ھىندى تىلىدا سۆزلەپ قالىدىغان ئادەم چىقسا، بۇ تەبرىكلەيدىغان ئىشمىدى، بۇ نېمىدېگەن زور پاجىئە - ھە! بۇنداق ئىشلار ئورنىمىزنىڭ نەقەدەر تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى ئويلىشىپ بېقىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

يىغىندا قىلغان گېپىمنىڭ ئەھمىيىتى مەن ئۈچۈن ناھايىتى زور بولدى. مەن بۇ قېتىمقى يىغىننى ۋە ئۆزۈم قۇۋۋەتلىگەن ئاشۇ قارارنى

زادى ئۇنتۇيالمايمەن. مەن دېھلىدا تۇرغاندا يەنە بىر ئىش قىلغانىدىم. مەن باش ۋالىيغا خەت يازمىسام بولمايتتى. بۇ ئىش ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ قوش مەنپەئەتىنى ئويلىشىپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ يىغىنغا نېمىشقا ۋە قانداق مەقسەتتە قاتناشقانلىقىم ھەمدە خەلقنىڭ ھۆكۈمەتتىن نېمىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىم بار دەپ ئويلايتتىم.

مەن خېتىمدە لوكامانيا تىلاك بىلەن ئاكا ـ ئۇكا ئەلىلەرگە ئوخشاش داھىيلارنىڭ يىغىنغا تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىمنى بىلدۈردۈم ھەمدە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى خەلق بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئەڭ تۆۋەن تەلىپىنى چۈشەندۈردۈم. مەن باش ۋالىيدىن بۇ خەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىشقا قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ بۇنىڭغا خۇرسەنلىك بىلەن قوشۇلدى.

بۇ خەتنى سىملا (Simla)غا ئەۋەتىشىم زۆرۈر ئىدى، چۈنكى باش ۋالىي يىغىن ئاخىرلاشقان ھامان شۇ يەرگە كېتەتتى. مەن ئۇچۇن بۇ خەت ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، پوچتا بىلەن ئەۋەتسەم ۋاقىت كېچىكىپ كېتەتتى، مەن ۋاقىتنى تېجەشنى ئويلايتتىم، لېكىن خەتنى كەلسە ـ كەلمەس ئادەمدىن ئەۋەتىشنى خالىمايتتىم. مەن خەتنى ئىشەنچلىك ھەم مۇۋاپىق بىر ئادەمگە ھاۋالە قىلىپ، ۋالىيغا ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئويلايتتىم. ئاندرېۋس بىلەن مەكتەپ مۇدىرى رۇدرا كېمبىرىج مۇرىتلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىرېلاندىيەلىك پوپقا ھاۋالە قىلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن خەتنى كۆرۈپ بېقىپ، كۆڭلىگە ياقسا ئاندىن يارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ماقۇل بولدۇم، چۈنكى بۇ خۇسۇسىي خەت ئەمەس ئىدى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ رازى بولدى ھەمدە بۇ ئىشنى قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭغا ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوننىڭ بېلىتىدىن بىرنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇنى رەت قىلدى. توپتوغرا بىر كېچىلىك يول بولسىمۇ، ئۇ راستلا تۆۋەن دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇردى. مەن ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددىلىقى ۋە تۈزلۈكىگە قايىل بولدۇم. بۇ خەتنى ماناا مۇشۇنداق قىلىپ ئىشەنچلىك بىر ئادەم ئەكەتتى، مېنىڭچە بۇ خەت كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولۇپ قالدى، تۇسالغۇلارمۇ تۈگىدى.

مېنىڭ يەنە بىر ۋەزىپەم يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىش ئىدى. كېيىن باشقا جايلاردا مەن نەدىن قول سالسام بولار؟ ئۆز سەپداشلىرىمدىن باشقا ئەسكەر بول دەپ كىمگە مۇراجىئەت قىلالايمەن! شۇڭا مەن نادىيادقا بىرىپلا ۋاللابىەي ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلەشتىم. بەزىلەر بۇ تەكلىپنى ھە دېگەندىلا قوبۇل قىلىپ كەتمىدى، قوللايدىغانلار بۇنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. مەن چاقىرىق قىلماقچى بولغان ئاشۇ تەبىقە كىشىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا بىرەر ياخشى تەسىرات يوق ئىدى. ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئۇلارغا سالغان ئازابلىرى تېخى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى.

ھالبۇكى، ئۇلار بۇ ئىشنى يەنىلا قۇۋۋەتلەيتتى، لېكىن ئىشنى باشلىشىم بىلەنلا كىشىلەر كالا ھارۋىلىرىنى ھەقسىز ئىشلىتىشىمىزگە رازىمەنلىك بىلەن بەرگەنىدى، ھەتتا بىر پىدائىيغا ھاجىتىمىز چۈشكەندە، بىر ئەمەس ئىككىلەپ كەلگەنىدى. ھازىر بىر پىدائىي تۇگۇل، ھەتتا ھارۋا كىرا قىلىمىز دەپمۇ قىلالمىدۇق. لېكىن، بىز بۇنىڭلىق بىلەن سوۋۇپ كەتمىدۇق، بىز ھارۋا ئىشلەتمەستىن پىيادە مېڭىش قارارىغا كەلدۇق. بۇنداق بولغاندا كۈنىگە 20 چاقىرىم يول مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ھارۋا چىقمىغان يەردە كىشىلەردىن يەيدىغان بىرەر نەرسە چىقىشىنى تەلەپ قىلىش ئەخمەقلىق ئىدى، يەنە كېلىپ بۇنداق تەلەپ قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىز ھەربىر پىدائىيدىن سومكىلىرىغا يېتەرلىك تالقان تەييارلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. ھېلىمۇ ياخشى بۇ ياز كۈنلىرى بولغاچقا، يوتقان ـ كۆرپە ئېلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلمىدى.

بىز نەگىلا بارساق شۇ يەردە يىغىلىش ئۆتكۈزدۇق. كىشىلەر يىغىلىشقا قاتنىشاتتى ـ يۇ، بىزنىڭ چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشىدىغان ئادەم چىقمايتتى: «سىز زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەي قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەم تۇرۇپ، قانداقسىغا بىزنى قورال ئېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلىسىز؟»، «ھۆكۈمەت ھىندىستان ئۈچۈن قانداق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپتۇ، بىز بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئەرزىمدىكەن؟» ئۇلار ھە دېسىلا مۇشۇنداق سوئاللارنى قويۇپ، بىزنى تەڭلىكتە قوياتتى.

ھالبۇكى، بىزنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز بارا ـ بارا ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. تىزىمغا ئالدۇرىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. بىز تۇنجى تۈركۈمدىكى ئەسكەرلەرنى ئۇزاتقاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ

ئۆزۈلمەستىن كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرىدىغانلىقىغا كۆزىمىز يەتتى. مەن شۇ جايدىكى ۋالىيلار بىلەن ئەسكەرلىككە كىرگۈچىلەرنىڭ تولۇق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدىم.

ھەرقايسى شۆبە رايونلاردىكى ۋالىيلار دېھقانلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە يىغىن ئاچتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىملىق يىغىن گۇجاراتتا ئېچىلدى، سەپداشلىرىم بىلەن مەن ئۇنىڭغا تەكلىپ بويىچە قاتناشتىم. لېكىن، مەن بۇ يەردىكى ئورنۇمنىڭ دېھقانلارنىڭكىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قۇللۇق بىلەن تولغان بۇنداق كەيپىياتتا، مەن تولىمۇ خاتىرجەمسىزلەنمەكتە ئىدىم. مەن خېلىلا ئۇزاق پىكىر بايان قىلدىم، مەن ئاشۇ ئەمەلدارلارغا ياقىدىغان ئاللىقانداق گەپلەرنى قىلمىدىم، ئەكسىچە بەزى قاتتىق ئىبارىلەرنىمۇ ئىشلىتىپ سالدىم.

مەن ھەمىشە تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، كىشىلەردىن ئەسكەرلىككە تىزىملىتىشنى تەلەپ قىلاتتىم. مېنىڭ كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە قاتنىشىشقا تەشەببۇس قىلىشتىكى سەۋەبلىرىمنىڭ بىرسى ۋالىينىڭ دىتىغا ياقمايتتى: «ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلىدە قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئىچىدە پۈتۈن ھىندىستاننىڭ قوراللىنىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقىنى تارىخ ئەڭ ئەسكى ئىش دەپ قارايدۇ. بىز بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز، قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىمىز دەيدىكەنمىز، مانا بۇ تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت. ئەگەر ھۆكۈمەت سىناق پەيتىگە دۇچ كەلگەندە، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ھەمدەمدە بولۇشنى خالىسا، چەكلەش قانۇنىمۇ بىكار قىلىنىدۇ.» ئۇ مۇشۇ سۆزۈمنى تىلغا ئالغاندا، گەرچە كۆزقارىشىمىز ئوخشاشمىسىمۇ، سىزنىڭ يىغىنغا قاتناشقانلىقىڭىزدىن خۇرسەنمەن دېدى. شۇڭا مەن نۇقتىئىنەزىرىمنى ئىمكانقەدەر سىلىق - سىپايە چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

تۆۋەندىكىسى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان باش ۋالىيغا يازغان خېتىم:

«سىزگە مەلۇم بولغاندەك، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلانغاندىن كېيىن جانابلىرىغا شۇلارنى بىلدۈرۈشنى توغرا تاپتىم. ئەسلىدە مۇشۇ ئاينىڭ (4 - ئاي) 26 - كۈنى جانابلىرىغا يازغان خېتىمدە تىلغا ئالغان سەۋەبلىرىم تۈپەيلى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشمىسام بولاتتى، لېكىن ئۆزلىرى بىلەن دىدار مۇلاقات بولغاندىن كېيىن ئاخىر يىغىنغا قاتنىشىش قارارىغا كەلدىم. بۇ ھەرگىزمۇ باشقا سەۋەبتىن ئەمەس،

بەلكى ھەقىقەتنىمۇ سىلىگە بولغان ھۆرمىتىم ئۈستۈن كەلگەنلىكتىن شۇنداق بولدى. مېنىڭ يىغىنغا قاتناشماي دېيىشىمدىكى سەۋەب (ئېھتىمال ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب بولسا كېرەك)، لوكامانىيا تىلاك بىسانت خانىم ۋە ئاكا ـ ئۇكا شەۋكەت ئەلىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىدىن ئىدى. مەن ئۇلارنى ھەممە ئېتىراپ قىلغان، ئەڭ كۈچلۈك داھىيلار، دەپ قارايمەن. مەن ئۇلارنىڭ تەكلىپ قىلىنماسلىقىنى تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئەڭ چوڭ خاتالىق دەپ قاراپ كەلدىم. شۇڭا مەن ئۆزلىرىگە شۇنى ئېھتىرام بىلەن تەۋسىيە قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆلكىلىك يىغىنلارغا (ئۇزاق قالمايلا مۇشۇنداق يىغىنلارنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن) بۇ داھىيلارمۇ تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىق پىكىرلىرى بىلەن ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىنىدىغان بولسا، بۇ قېتىمقى زىياننى تولدۇرۇۋالغىلى بولاتتى. مېنىڭ ئۆزۈمنى چاغلىماي قىلغان بۇ سۆزلىرىمنى كەچۈرگەيلا، ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت كەڭ خەلق ئاممىسىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بۇ داھىيلارغا ئېتىبارسىز قارىمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاشمىسىمۇ مېنىڭ خۇشال بولىدىغىنىم شۇكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ھەرقايسى كومىتېتلىرىدا ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئەركىن پىكىر قىلالىدى. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئۆزۈم تەۋە بولمىغان كومىتېتتا ياكى قۇرۇلتايدا پىكىر بايان قىلىشتىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. كېيىن يىغىندا ماقۇللانغان قارارنى ھىمايە قىلسامىلا، قۇرۇلتاينىڭ مەقسىتى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلغان بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھالبۇكى، مەن بۇنى شەكسىز بەجا كەلتۈردۈم. دېيىلگەن گەپلەرنىڭ تېزرەك ئەمەلدە كۆرسىتىلىشىگە تىلەكداشمەن. ھۆكۈمەت تەكلىپىمنى ماقۇل كۆرسىلا، بۇ تەكلىپلىرىمنى باشقا مەكتۇپلار بىلەن بىللە ئەۋەتىمەن.

مەن مۇشۇنداق جىددىي پەيتلەردە بىز ئۆزىمىز قارار قىلغانغا ئوخشاش، ئىمپېرىيەنى چىن كۆڭلىمىزدىن ۋە قىلچە ئىككىلەنمەستىن قوللىشىمىز زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. بىز يېقىن كەلگۈسىدە بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ئاپتونومىيەلىك ھوقۇقىغا ئىگە دوستى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئاددىي بىر ھەقىقەت. بىزنىڭ ئاۋاز قوشۇشىمىز، بىزنىڭ كۆزلىگەن نىشانىمىزنىڭ تېزرەك ئەمەلگە

ئېشىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىمىزدىندۇر. دېمەك، بۇخىل مەسئۇلىيەت ئاتا قىلغان مۇناسىپ ھوقۇقنى ئۇستىمىزگە ئالغان تەقدىردىمۇ، خەلق نۇتقىڭىزدا تىلغا ئالغان زور ئىسلاھاتنىڭ كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ بىرلەشمە لايىھەسىنىڭ ئادەتتىكى ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىدا گەۋدىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ھەقلىق. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، دەل مۇشۇنداق ئەقىدە بىلەن قۇرۇلتاينىڭ نۇرغۇن ئەزالىرىنى ھۆكۈمەت بىلەن چىن كۆڭۈلدىن ھەمكارلىشىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

ناۋادا مەن قېرىنداشلىرىمنى ئۆز تەلەپلىرىدىن ياندۇرالايدىغانلا بولسام، چوقۇم ئۇلارنى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ بارلىق قارارلىرىنى بىكار قىلىدۇرىمەن، ھالبۇكى مۇشۇنداق خەۋپلىك ئۇرۇش پەيتىدە، ئۇلارنى ئالدىنقىلارداق «ئاپتونومىيە» ياكى «مەسئۇل ھۆكۈمەت» دەپ تۇرۇۋالماسلىققا كۆندۈرىمەن. مەن ھىندىستاننى ئۇنىڭ بارلىق بەردەم ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئىمپېرىيە خەۋپكە يۈزلەنگەن پەيتتە ئىمپېرىيە ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان قىلماقچىمەن. مەن ھىندىستاننىڭ مۇشۇنداق ھەرىكەت قوللانغاندىن كېيىن ئىمپېرىيەنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمراھى بولالايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ھىندىستاندىكى پوتكۇل بىلىم ئەھلىلىرى بىرقەدەر ئۈنۈمسىز بىر چارىنى تاللىۋالغان. ھالبۇكى، ھازىر ھېچكىممۇ ھىندىستان زىيالىيلىرى قاتلىمىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا ھېچقانداق تەسىر يوق دېيەلمەيدۇ. مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دېھقانلار بىلەن ئىزچىل قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلدىم. مەن سىزنىڭ شۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەنكى، ئاپتونومىيە تەلىپى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئالدىنقى نۆۋەتلىك كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ يىغىنىغا مەن قاتناشقانىدىم، ھالبۇكى كونگىرىسلار پارتىيەسى قۇرۇلتىيى پارلامېنت ئورگىنى ئېنىق ھۆججەت شەكلىدە بەلگىلىگەن مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستانغا تولۇق مەسئۇلىيەتكە ئىگە ھۆكۈمەت بېرىش قارارىنى ماقۇللىماقچىدى، ئۆزۈممۇ شۇ لايىھەنى تۈزگۈچىلەرنىڭ بىرسى ئىدىم. مەن بۇنىڭ ناھايىتى يۈرەكلىك بېسىلغان قەدەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، لېكىن بىر ئېنىق ئاپتونومىيە تەسەۋۋۇرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە، ھىندىستان خەلقىنىڭ رازى بولمايدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن. مەن ھىندىستاندىكى

نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربانلارنى بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ۋاھالەنكى ئۇلارمۇ ئىمپېرىيە ئۈچۈن بىردەك پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدۇ. شۇڭا بىزمۇ شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، بىز پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالىمىز بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ ئىمپېرىيەنى نۆۋەتتىكى خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ چىقساقلا، ئاشۇ نىشانغا يېتىش مۇساپىمىزنى قىسقارتالايمىز. بۇ توپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، بىز ئىمپېرىيەنى قۇتقۇزۇۋالساق، ئاشۇ ھەرىكىتىمىز بىلەنلا كۆتكەن ئاپتونومىيەگە ئېرىشەلەيمىز.

شۇ نەرسە بىزگە ئايانكى، ئىمپېرىيەنى قوغداش ئۈچۈن بىز ئىمپېرىيەگە بار كۈچىمىز بىلەن ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. لېكىن، بىز مالىيە جەھەتتىن بۇنداق ياردەم بېرىشكە ئامالسىزمىز. مەن دېھقانلار بىلەن بولغان زىچ ئالاقە جەريانىدا شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، ھىندىستاننىڭ ئىمپېرىيەگە بېغىشلىغان خەزىنىلىرى ھىندىستاننىڭ ئىقتىدارىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. مەن بۇ گەپنىڭ دۆلىتىمىزدىكى زور كۆپچىلىك قېرىنداشلارنىڭ پىكرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى بىلىمەن.

ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي مەن ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىشلار ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشقا يۈزلەنگەن بىر قۇرۇلتاي. لېكىن، بىزنىڭ ھازىرقى ئورنىمىز تولىمۇ پەۋقۇلئاددە. بۇگۇنكى كۈندە بىز تېخى ئىمپېرىيەنىڭ ھەمراھى بولۇپ ھېسابلانمايمىز. قۇربان بېرىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھىندىستاننىڭ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەككە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش بولۇشى كېرەك. مەن ئاززۇ ـ تىلەكلىرىمىزنى سىزگە ئېنىق، ئەينەن ئېيتىمىسام، ئۇ ھالدا مەن سىزگە ۋە قېرىنداشلىرىمغا سەمىمىيەتسىزلىك قىلغان بولىمەن. بۇ مېنىڭ ھەرگىزمۇ ئاشۇنداق بىر ئاززۇغا يېتىش مەقسىتىدە سىز بىلەن شەرتلىشىپ ئولتۇرغىنىم ئەمەس، لېكىن سىزمۇ چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، ئۈمىدسىزلىك ئۇيغىنىش دېمەكلىكتۇر.

دېمىسەم بولمايدىغان يەنە بىر ئىش بار، سىز بىزگە ئىچكى نىزادىن ۋاز كېچىشنى مۇراجىئەت قىلغانىدىڭىز. ئەگەر بۇ مۇراجىئەت

ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىغا ۋە نادۇرۇس قىلمىشلىرىغا سەۋر قىلىشنى كۆزدە تۇتقان بولسا، مەن بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. مەن تەشكىللىك زورلۇق - زومبۇلۇقلارغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىشقا نىيەت قىلغانمەن. بۇ مۇراجىئەت ئەمەلدارلارغا قارىتىلىشى كېرەك، ئۇلاردىن پۇقرالارنى بوزەك قىلماسلىقنى، ئىلگىرىكى ئادەتلەنگەن ئۇسۇللاردىن ۋاز كېچىشنى، خەلق بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىشنى، ئاممىنىڭ پىكرىگە كۆپرەك ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مەن زانىبىلاندىكى ۋاقتىمدا ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل ئىستىبداتلىققا قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن، ئاخىرىدا ئەنگلىيە ئەدلىيەسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن سوت قىلىندىم. كەمولودا ھۆكۈمەتنى توختىماي قارغاپ كەلگەن كىشىلەر ئەمدى ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەتنىڭ ھۆكۈمەتتە ئەمەسلىكىنى، بەلكى ھەققانىيەت ئۈچۈن رىيازەت چېكىشكە رازى بولۇپ ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچلەردە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. شۇڭا ئۇلار ئەمدى ئازاب ھېس قىلمايدىغان بولدى، ئۇلار ھۆكۈمەت خەلقنى كۆزلەيدىغان ھۆكۈمەت بولۇشى كېرەك دەپ قارىماقتا، چۈنكى خەلق ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا، بۇنداق ھۆكۈمەت تەرتىپلىك ۋە يوللۇق بويسۇنماسلىقلارغا سەۋر قىلالايدۇ. شۇڭا، چامپاران ۋە كېدا ۋەقەسى مېنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قوشقان بىۋاستە، ئېنىق ۋە پەقۇلئاددە تۆھپەمدۇر. مېنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرىمنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىش، مېنىڭ ھاياتىمنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ناۋادا مەن بۇ خىل مەنىۋى كۈچنى (ئەمەلىيەتتە بۇ مېھىر - مۇھەببەت كۈچىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى) ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇنى زوراۋانلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتەلىسەم، مەن سىز ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيادىكى قۇۋۋەتلىك قوشۇلۇقلارنى چەكلىيەلەيدىغان ھىندىستاننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمگە ئۆمۈر بويى تەبىقلاپ كەلگەن جەبىر - كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلىش مىزانىم بويىچە ئۆزۈمنى تاۋلاپ كەلدىم ھەمدە ئۇنى ياقلىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلدىم، ھالبۇكى باشقا بىرەر ھەرىكەتكە قاتناشقان بولسام، مەقسەت - مۇددىئايىم يەنىلا ئاشۇ مىزاننىڭ چەكسىز ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بولدى.

ئاخىرىدا جانابىڭىزدىن ھۆكۈمىتىڭىزگە مۇسۇلمانلار مەسىلىسىدە ئېنىق كاپالەتنامە بېرىش تەكلىپىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇ مەسىلىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ھىندى دىنى مۇرتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا پەرۋاسىزلىق قىلالمايمەن. ئۇلارنىڭ قايغۇسى بىزنىڭمۇ قايغۇمىز. ئىمپېرىيەنىڭ بىخەتەرلىكى ئاشۇ يەرلىك ئىشتاتلارنىڭ ھوقۇقىغا ئەڭ ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن ھۆرمەت قىلىشتا، مۇسۇلمانلارنىڭ نامازگاھلىرىدىكى دىنىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشتا ھەمدە سىزنىڭ ھىندىستاننىڭ ئاپتونومىيە تەلىپىگە ئادىل ۋە دەل ۋاقتىدا تۇتىدىغان پوزىتسىيەڭىزدە. مەن بۇ خەتنى ئەنگلىيەنى سۆيگەنلىكىمدىن يازدىم، ھالبۇكى مەن ھەربىر ھىندىستانلىقنىڭ ئەنگلىيەلىكلەرگە بولغان سەممىيىتىنىڭ ئويغىنىشىغا تىلەكداشمەن.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ئۆلۈمگە يۈزلىنىش

ئەسكەر ئېلىش ھەرىكىتى داۋامىدا سالامەتلىكىمنى كاردىن چىقىرىپ قويغىلى تاسلا قالدىم. ئۇ كۈنلەردە مەن ئاساسلىقى يەر ياڭىقى، كالا مېيى ۋە لىمون ئىستېمال قىلاتتىم. كالا مېيىنى بەك يەۋەتسىمۇ ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن، مەن يەنىلا خالىغىنىمچە يەۋەردىم. بۇنىڭدىن يېنىك دەرىجىدىكى تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولدۇم. دەسلەپتە بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم، يەنىلا ئادەتتىكىگە ئوخشاش شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئىنىستىتۇتقا باردىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن دورىنى ناھايىتى ئاز يەيتتىم، بىرەر ۋاق ئاچ ـ توق قالساملا ياخشى بولۇپ كېتىمەن دەپ ئويلايتتىم، شۇڭا ئەتىسى ناشتا قىلمىۋىدىم، راستلا ياخشى بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. مەن سەللىمازا ياخشى بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە پەرھىز تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلەتتىم، ئەگەر تۈز ـ تائام چاغلىق بىرەر نەرسە يېمەكچى بولسام، مېۋە شەربىتىدىن باشقا نەرسىلەرنى ئېغىزغا ئالماسلىقىم كېرەك ئىدى.

ئۇ بايرام كۈنى ئىدى، مەن كاستۇربەگە چۈشلۈك تاماق يېمەيمەن، دەپ ئېيتىپ قويغان بولساممۇ، ئۇ مېنى تاماق يەڭ دەپ تۇرىۋالدى، تاماقنى مەنمۇ يېدىم. مەن كالا سۈتى ۋە سۈت يېمەكلىكلىرىنى يېمەيمەن دەپ لەۋزە قىلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ ماڭا ئالاھىدە ھالۋا ئېتىپ بەردى، ئۇ يەنە ماڭا بىر قاچا پۇرچاق شىرنىسى ئېلىپ قويغانىدى. مەن بۇ نەرسىلەرگە بەك ئامراق ئىدىم، شۇڭا مەن بۇلارنى نېزىقماستىنلا يېدىم، بۇ ئارقىلىق كاستۇربەنى بىر خۇش قىلىۋېتەي ھەم ئىشتىھايىمنىمۇ باساي دەپ ئويلىغانىدىم. ھالبۇكى، شەيتان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانىكەن، مەن ھەددىدىن زىيادە كۆپ يەۋەتكەنىدىم. بۇ ھال ئەزرا-

ئىلنى يېنىمغا چاقىرىپ كەلدى. بىر سائەتكە قالمايلا، كېسىلىم يامانلىشىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچىدە مەن ناتىياغا قايتىشىم كېرەك ئىدى. سابارماتى ۋوگزالىغا كېلىپ بىرەر چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا بەكمۇ زورۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم، ۋاللاببەي ئەپەندى ئەخمەتئابادقا مەن بىلەن بىللە ماڭدى، ئۇ مېنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا كېسىلىمنىڭ مېنى شۇ قەدەر قاتتىق ئازابلاۋاتقانلىقىنى چاندۇرمىدىم.

ئالاھازەل سائەت ئونلاردا بىز نادىياغا كەلدۇق. بىزنىڭ ئىشتابىمىز تۇرۇشلۇق ھىندى دىنى ئانناتار ئىنستىتۇتى ۋوگزالغا يېرىم چاقىرىملا كېلەتتى، لېكىن بۇ يول ماڭا خۇددى 10 نەچچە چاقىرىمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. نېمىلا بولمىسۇن يەنىلا نىشانغا يېتىپ باردىم، قاتتىق ئاغرىق بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ھاجەتخانا ياتىقىمغا يىراق ئىدى، مەن ئۇنى ئىشلەتمىگەنىدىم. مەن ئۇلاردىن ياتىقىمنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە گارشوك قويۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندۇم. بۇ ئىشىمدىن بەك خىجىل بولدۇم، لېكىن ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلدىم. فۇلچاند (Fulchand) ئەپەندى گارشوك تېپىپ كەلدى، بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنى ئوردۋېلىپ بەكمۇ ئەنسىرەپ كېتىشتى، ئۇلار ماڭا ھەرقانچە كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلسىمۇ، ئاغرىق ئازابىمنى يەڭگىللىتەلمىدى. لېكىن، ئۇلار جاھىللىقىمدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. مەن بارلىق تېببىي داۋالاشلارنى رەت قىلدىم. مەن ئۆز سەۋەنلىكىمنىڭ جاجىسىنى تارتىشقا رازى ئىدىم، شۇڭا زادىلا دورا يېمىدىم، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر چەتتە مەيۈسلۈك بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. بىر سوتكىدا 30 ــ 40 قېتىم ئىچىم سۈرەتتى. مەن تاماقتىن پەرھىز تۇتتۇم، دەسلەپتە مېۋە شىرنىسىنىمۇ ئىچمىدىم، ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ قالغانىدى. مەن تېنىمى تۆمۈردەك چىڭ دەپ كەلگەنىدىم، ئەمدى تېنىمنىڭ بىر پارچە پاتقاققا ئوخشىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ئىممۇنىتېت كۈچىدىن قالغانىدى. كانۇگا (Kanuga) دوختۇر مېنى يوقلاپ كېلىپ، مېنى دورا يېيىشكە ئۈندىدى، مەن بۇنى رەت قىلدىم. ئۇ ماڭا ئوكۇل ئۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىمۇ رەت قىلدىم. مەن شۇ كۈنلەردە شۇنچىلىك نادان ئىدىمكى، ئوكۇل دېگەننى زادىلا چۈشەنمەيتتىم. مەن ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ئاللىقانداق بىر ھايۋاننىڭ قېنى بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. كېيىن مەن دوختۇرنىڭ ماڭا ئۇرۇپ

قويماقچى بولغان ئوكۇلىنىڭ بىر خىل ئۇسۇملۇكتىن ياسالغانلىقىنى بىلدىم. لېكىن، بۇنى بىلگەندە بەك كېچىككەنىدىم. ئىچىم تولغىنىپ سۇرەتتى، بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتتىم. تېنىمنىڭ زەئىپلىشىشى بىر خىل ناخۇدلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قىزىتما كېسىلىنى پەيدا قىلدى. دوستلار تېخىمۇ تىت - تىت بولۇپ كېتىشتى - دە، يەنە بىر نەچچە دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى، لېكىن گەپكە كىرمەيدىغان بىمارغا ئۇلارنىڭ نېمە چارىسى بولسۇن؟

ئامبالال سەيىق (Sheth Ambalal) ئاق كۆڭۈل خانىمى بىلەن نادىيادغا كېلىپ، خىزمەتداشلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مېنى ئۆزىنىڭ ئەخمەتئابادتىكى مىرزاپۇر دېگەن ئەجنەبىيچە ئۆيىگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. مەن بۇ قېتىم كېسەل تارتىپ چەكسىز كۆيۈنۈش ۋە بەجانىدىل كۈتۈنۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ھالبۇكى، بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىتمام يەنىلا بار ئىدى. بارغانسېرى جۇدەپ كەتتىم، مەن كېسىلىم سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك ھەم بىشىمغا چىقىدىغاندەكلا ھېس قىلماقتا ئىدىم. مەن ئامبالالنىڭ ئۆيىدە بۇ قەدەر ئەتراپلىق غەمخورلۇققا ئېرىشىپ، كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن مېنى ئىنستىتۇتقا قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ بۇنىڭغا نائىلاج قوشۇلدى.

ئەمدى مەن سۇ بىلەن داۋالاشنى يولغا قويۇپ، بىرئاز ئارام تاپقاندەك بولدۇم. لېكىن، سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىر مۇشكۇل ئىشتەك قىلاتتى. كۆپلىگەن دوختۇرلار ماڭا نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى بەردى، لېكىن مەن يەنىلا دورا يېمەي تۇرۇۋالدىم. ئىككى - ئۈچەيلەن مېنى شورپا ئىچىپ بېرىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلار بۇ كالا سۈتى ئىچمەي - مەن دېگەن قەسەمنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇسۇلى دېيىشتى ھەمدە «ئايۇرۋېدا»دىن نەقىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئۆز پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلەشتى. ئاردىن بىرەيلەن مېنى تۇخۇم يېيىشكە سايە قىلدى. لېكىن، مەن ھەممىسىگە «ياق» دەپلا جاۋاب بەردىم.

مەن يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى نوم - سۈترىلارنىڭ نوپۇزى بىلەن قارارلاشتۇرۇش كەتمەيدۇ، دەپ قارايتتىم. يېمەك - ئىچمەك مەسىلەم ھايات مۇساپەم بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ مېنىڭ تۇرمۇش مىزانىم ئىدىم. شۇڭا مەن ئاللىقانداق بىرەر تاشقى كۈچنىڭ نوپۇزىغا تايانمىسامۇ بولاتتى. مەن بۇ پرىنسىپلاردىن ۋاز كېچىپ ياشاشنى خالىمايتتىم. مەن خوتۇن - بالىلىرىم ۋە دوست -

بۇرادەرلىرىمدىن ئۆزۈڭلار رىئايە قىلىۋاتقان پىرىنسىپنى خالىغانچە بۇزۇۋېتەلەمسىلەر، دەپ تۇرۇۋالدىم.

شۇڭا، ھاياتىمدىكى تۇنجى قېتىم ئۇزاققىچە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بۇ ۋاقىت بۇ پىرىنسىپلىرىمدا چىڭ تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىمنى تەكشۈرۈش ھەم سىناش پۇرسىتى بولدى. بىر كۈن كەچتە مەن ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم. مەن ئاللىبۇرۇن ئەزرائىلنىڭ بوسۇغىغا كېلىپ بولغانلىقىمنى بىلدىم. مەن ئاناسوۋيابىنىنى چاقىرتىشقا ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇ ئىنستىتۇتقا كەلدى. ۋاللابەي بىلەن كانۇگامۇ بىللە كەلدى، كانۇگا دوختۇر مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «تومۇرىڭىز ناھايىتى ياخشى سوقۇۋېتىپتۇ. مېنىڭچە، ھېچقانداق خەتەر يوق. بۇ بىر خىل نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلى، بەدىنىڭىز قاتتىق زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ» دېدى. لېكىن، مېنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئۇ كېچىسى كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى.

تاڭ ئاتتى، ئەزرائىل تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. لېكىن، مەن ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. شۇڭا مەن بارلىق سەگەك ۋاقتىمنى ئىنستىتۇتتىكى ياخشى دوستلار ماڭا ئوقۇپ بەرگەن «بىخاگاۋاتگا»نى ئاڭلاشقا قاراتتىم. گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتىم، گەپ قىلسام، نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ كېتەتتى، ياشاشقا بولغان قىزىقىشلىرىمنىڭ ھەممىسى تۈگىدى. چۈنكى، مەن ھاياتىمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايتتىم. ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلالمىغانىڭ ئۈستىگە يەنە بۇرادەرلىرىڭنى ئۆزۈڭگە قارىتىش، تېنىڭنىڭ ئاستا ـ ئاستا كېرەكتىن چىقىشىنى كۈتۈپ يېتىش، مۇشۇنداق نائىلاجلىقتا چۈشۈپ قېلىش ھەقىقەتەنمۇ ئازابلىق ئىدى.

كارىۋاتتا ئۆلۈمنى كۈتۈپ مۇشۇنداق ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تالۋالكار (Talvalkar) دوختۇر بىرەيلەننى باشلاپ كەلدى. ئۇ ماخاراشتىرالاردىن ئىدى، ئۇنىڭ ھېچقانداق نامىمۇ چىقمىغانىدى، لېكىن مەن ئۇنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش غەلىتە مىجەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنى ماڭا سىناپ باققىلى كەلگەنىدى. ئۇ بومبايدىكى گېرانت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزىدىغانغا ئاز قالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىلمىي ئۇنۋانى يوق ئىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىراخمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئىسمى كېلكار (Kalkar) ئەپەندى بولۇپ، ئۆزۈمچىل ھەم جاھىل بىر ئادەم ئىدى. ئۇ مۇز بىلەن

www.uyghurkitap.com

داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. ئۇ مەندىن سىناپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. بىز ئۇنىڭغا «مۇز دوختۇر» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدۇق. ئۇ ئۆزىچە بەزى نوپۇزلۇق دوختۇرلارمۇ بايقىمىغان نەرسىنى بايقىدىم، دەپ قارايتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئۇسۇلى مېنى قايىل قىلالمىدى. مەن ئۇنىڭ ئۇسۇللىرىنىڭ مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، لېكىن ئۇ بەزى خۇلاسىلەرنى بەك بالدۇر چىقىرىۋەتكەن بولسا كېرەك دەپ قارايتتىم.

هالبۇكى، ئۇنىڭ بايقاشلىرى قانداق بولسا بولسۇن، مەن يەنىلا ئۇنىڭ سىناق قىلىشىغا يول قويدۇم. مەن باشقىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىغا پەرۋا قىلمايتتىم. ئۇنىڭ ئۇسۇلى پۈتۈن بەدەنگە مۇز چېپىش ئىدى. مەن ئۇنىڭ داۋالىشىنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتەلمىسەممۇ، لېكىن ئۇ قەلبىمگە يېڭى ئۈمىد ۋە هاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى، هالبۇكى بۇ خىل روھىي كەيپىيات بەدىنىمگە تەسىر قىلدى. ئىشتىهايىم ئېچىلىشقا باشلىدى. يەنە كېلىپ 5 — 10 مىنۇت تالا ـ تۈزگە چىقىپ ماڭالىغۇدەك بولدۇم. بۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىمنى ئۆزگەرتىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ: «مەن سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، بىر ـ ئىككى خام تۇخۇم يەۋەتسىڭىزلا، پۈت ـ قولىڭىزغا تېزلا ماغدۇر كىرەتتى. تۇخۇم سۈتكە ئوخشاش بەدىنىڭىزگە هېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇلارنى گۆش هېسابلىغىلىمۇ بولمايدۇ. يەنە كېلىپ هەرقانداق تۇخۇمنىڭ كۆپىيىش رولى يوقلۇقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، بازاردىن دېھقانچىلىققا خەرىجىلىنىدىغان تۇخۇملارنىمۇ تاپقىلى بولىدۇ» دېدى. مەن ئەسلىگە كېلىشىم بىلەنلا ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئىشتىراك قىلالايتتىم.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# روۋلات (Rowlatt) قانۇن لايىھەسى ۋە مېنىڭ ئەھۋالىم

دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن دوختۇرلار ماڭا نەسىھەت قىلىپ مارتىپلانغا بېرىپ دەم ئېلىپ كۆتۈنسەم، سالامەتلىكىمنىڭ ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن مارتىپلانغا كەتتىم. ئۇ يەرنىڭ سۈيى قاتتىق سۇ بولۇپ، بۇنىسى ماڭا ناھايىتى تەس كەلدى. شۇ قېتىمقى قورساق ئاغرىقى تۇپەيلى، مەقئەتىم بەك بوشىشىپ كەتكەنىدى، يەنە كېلىپ مەقئەت يېرىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. شۇڭا، تەرەت قىلسىاملا ئاغرىقتا چىدىيالماي قالاتتىم. شۇڭا، بىرنەرسە يەيدىغان ئىش تىلغا ئېلىنىسىلا قورقۇپ جان ـ پىنىم چىقاتتى. ئۇ يەردە بىرەر ھەپتە تۇرۇپلا دەرھال ئايرىلدىم. شانكارلال بانكېر بۇ چاغدا مەن سىزگە قارايمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ مېنى دالال (Dalal) دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دالال دوختۇر بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن ئۇنىڭ كەسكىن مىجەزىگە قايىل بولدۇم.

— كالا سۈتى ئىچمىسىڭىز، مەن سالامەتلىكىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيمەن، ئەگەر سىز تۆمۈر ۋە ئارسېن كىسلاتاسى ئوكۇلىنى ئۇرغۇزسىڭىزلا، جىسمانىي قۇۋۋىتىڭىزنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھۆددە قىلىمەن، — دېدى ئۇ.

— سىز ماڭا ئوكۇل ئۇرسىڭىز بولىدۇ، — دېدىم مەن جاۋابەن، — لېكىن كالا سۈتى ئىچىش باشقا بىر مەسىلە، مەن كالا سۈتى ئىچمەيمەن دەپ قەسەم ئىچكەن.

— نېمە دەپ قەسەم ئىچكەنىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى دوختۇر.

مەن پۈتكۈل ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى ۋە قەسەم ئىچكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ سۈتنىڭ سىيىردىن قانداق سىغىۋېلىنىدـ

www.uyghurkitap.com

غانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كالا سۈتى ئىچىشنى ئىبستىشقا خالىماس بولۇپ قالغانلىقىمنى دەپ بەردىم. ھېلىمۇ ياخشى مەن كالا سۈتىنى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي يېمەكلىكى دەپ كەلمىگەندىم. شۇڭا مەن كالا سۈتىگە يېقىن يولىمايمەن دەپ قەسەم ئىچكەندىم. مەن بۇ گەپلەرنى، دەۋاتقاندا، كاستۇربە كارىۋىتىم يېنىدا گەپلىرىمنى ئاڭلاپ تۇردى.

— ئەمىسە قوي سۈتى ئىچىشنى رەت قىلمايسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سۆز قىستۇردى كاستۇربە.

— قوي سۈتى ئىچىشكە رازى بولسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى دوختۇرمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ.

مەن ئۇلارغا يول قويدۇم. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشقا بولغان قىزغىن ئىستەكىم مەندە كۈچلۈك ياشاش ئارزۇسىنى پەيدا قىلدى. شۇڭا قەسىمىمگە ئېغىزدىلا رىئايە قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇنىڭ روھىنى قۇربان قىلدىم. چۈنكى، مەن قەسەم ئىچكەندە كالا سۈتىنىلا كۆزدە تۇتقان بولساممۇ، لېكىن ماھىيەتتىن بارلىق ھايۋانلارنىڭ سۈتىنىمۇ نەزەردە تۇتقاندىم. يەنە كېلىپ مەن سۈتلەرنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي يېمەكلىكى ئەمەس، دەپ قارىغانىكەنمەن، سۈت ئىشلەتمىگىنىم تۇزۇك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى، لېكىن مەن قوي سۈتى ئىچىشكە يەنىلا ماقۇل بولدۇم. ياشاش ئىرادىسى ھەقىقەتكە بولغان ئىخلاسمەنلىكتىن شۇ قەدەر ئۈستۈن ئىدىكى، ھەقىقەتكە باش قويغان بىر ئادەم «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» قىزغىنلىقىدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس غايىسىنى قۇربان قىلغانىدى. بۇ ئىشلارغا دائىر خاتىرىلەر تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆكۈندۈرەتتى. مەن ھەممىشە قانداق قىلسام، قوي سۈتى ئىچىشنى بولدى قىلارمەن دېگەننىلا ئويلايتتىم. لېكىن، مەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاشۇ خىل ئىشتىياقتىن، يەنى مېنى ھېلىھەم بەند قىلىپ كېلىۋاتقان خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئارزۇسىدىن قۇتۇلالمىدىم.

مەن ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى تەجرىبىگە بەك ئېتىبار بېرەتتىم، ئۇنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» مەسلىكىمنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتىم. بۇ سىناقلار مېنى روھىي جەھەتتىن ئازادە ھېس قىلدۇردى. ھالبۇكى، قوي سۈتى ئىچىپ قويغانلىقىمدىن ھېلىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىشىم، يېمەك ـ ئىچمەك جاننى ئالمايدۇ دېگەن قاراش تۈپەيلى

ئەمەس، ئاساسلىقى ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەت نۇقتىئىنەزىرىم سەۋەبىدىن ئىدى. چۈنكى، بۇ قەسەمگە خىيانەت قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مېنىڭ ھەقىقەتكە بولغان غايەم «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەرىكىتىگە بولغان غايەمدىن كۆپ چۈشىنىشلىك ئىدى. ھالبۇكى، تەجرىبىلىرىم ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، مەن ھەقىقەت ئۈستىدىكى غايەمنى بوشاشتۇرسام، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك»تىكى سىرنى مەڭگۈ يېشەلمەيتتىم. ھەقىقەتكە بولغان غايەم قەسىمىمگە پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالىم بىلەن رىئايە قىلىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. ھازىرقى مۇشۇ ئىشتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، مەن روھ (قەسىمىمنىڭ روھى)نى قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭ تاشقى شەكلىگىلا رىئايە قىلغانىدىم. مانا بۇ مېنىڭ پەرىشان بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئىدى. ھالبۇكى، مەن بۇ مەسىلىنى ئىچىمدە خېلى چۈشەنسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەندە كەسكىن تەدبىر قوللانغۇدەك جۈرئەت يوق ئىدى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسى بىر گەپ ئىدى، چۈنكى گۇمان باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىمان ـ ئېتىقاد سۇسلۇقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. شۇڭا مەن كېچە ـ كۈندۈز: «پەرۋەردىگارىم، ماڭا ئىمان ـ ئېتىقاد بەرگىن» دەپ دۇئا قىلاتتىم.

مەن قوي سۈتى ئىچىشكە باشلاپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، دالار دوختۇر مېنىڭ مەقئەت كېسىلىمنى ئوپېراتسىيە قىلدى، ئوپېراتسىيەمۇ ياخشى بولدى. مەن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا، مېنىڭ ياشاشقا بولغان ئارزۇيۇم يەنە كۈچىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ پەرۋەردىگارىم مەن قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ھازىرلاپ قويغانىدى.

سالامەتلىكىم تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن بىر ۋاقىتتا، گېزىتتىن ئەمدىلا ئېلان قىلىنغان روۋلاند كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى تەكلىپلەر مېنى ھەيران قالدۇردى. شانكارلال بانكېر ۋە ئۆمەر سۇبھانىلار كېلىپ ماڭا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىش تەكلىپىنى بەردى. بىر ئايلاردىن كېيىن ئەخمەتئابادقا باردىم. ئۆزۈم قىلماقچى بولغان ئىشنى فارابەيگە ئېيتتىم، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك مېنى يوقلاپ تۇردى. «بىز جەزمەن بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشىمىز كېرەك» دېدىم مەن ئۇنىڭغا. «لېكىن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز زادى نېمىمۇ قىلالارمىز؟» دېدى ئۇ. «بىز ناھايىتى ئاز سانلىق بولساقمۇ، بىرنەچچە ئادەم تېپىپ ئورتاق ئىمزا قويۇپ قارشى تۇرساق ھەمدە ئۇلار ئۆز تەكلىپىنى بىزنىڭ قارشى تۇرغىنىمىزغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىماي قانۇنلاشتۇرسا، ئۇنداقتا بىر دەرھال «زورلۇق كۈچ ئىشلەت-مەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. مەن كېسەل بولۇپ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولسام، چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كۈرەش قىلىغان بولاتتىم ھەمدە باشقىلارنىڭ ئەگىشىشىدىن ئۈمىد كۈتەتتىم. لېكىن، ھازىرقى بۇ بىچارە ھالىتىم بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا لايىق ئەمەسمەن» دېدىم مەن.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت نەتىجىسىدە مەن بىرنەچچە يىلەننى چاقىرىپ يىغىن ئېچىشنى قارار قىلدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە رووۋلات كومىتېتىنىڭ تەكلىپلىرى دوكلاتتا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلار بىلەنلا پۈت تىرەپ تۇرال-مايتتى، يەنە كېلىپ غۇرۇرى بار ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ تەكلىپلەرگە قوشۇلمايتتى.

بىر ئاچماقچى بولغان يىغىن ئاخىر ئىنستىتۇتتا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغانلار 20 ئادەمگە يەتمەيتتى. ئېسىمدە قېلىش-چە، يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە ۋاللابېيدىن باشقا، ساروجىنى نايدۇ خانىم، خورنىمان (Horniman) ئەپەندى، مەرھۇم ئۆمەر سۆبھان، شانكارلال بانكېر ۋە ئاناسۇيابېن خانىم قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ قەسەمنا-مىسى مۇشۇ قېتىمقى يىغىندا تۈزۈلدى، يەنە كېلىپ يىغىنغا كەلگەن-لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىمزا قويغانىدى. ئەينى چاغدا مەن تېخى قۇرۇلتايدا بىرەر ژۇرنالنى ئۆز ئالدىمغا چىقىرىپ باقمىغانىدىم. بىراق، نۆۋەتتىنەزەرلىرىمنى ھەمىشە كۈندىلىك گېزىتلەر ئارقىلىق ئاشكا-رىلاپ تۇراتتىم. بۇ قېتىممۇ شۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم. بانك بۇ قېتىمقى كۈرەشكە ناھايىتى قىزغىن ئىشتىراك قىلدى، مەن ئۇنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، خىزمەتنى ئىنتايىن پۇختا ئىشلەيدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم بايقىدىم.

مەن نۆۋەتتىكى تەشكىلىي شەكىلگە تايىنىپ «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»تىن ئىبارەت بۇ يېڭىچە قورالنى ئىشلىتىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭ تەكلىپىم بويىچە، يەنە بىر «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى بومبايدا بولغاچقا، باش ئىشتابمۇ بومبايدا قۇرۇلدى. كۆپلىگەن ئەزالار قەسەمنامىگە ئىمزا قويدى، يەنە بىرمۇنچىلىغان كىشىلەر تەشۋىق ۋەرە-قىلىرىنى تارقاتتى ھەمدە ھەممىلا يەردە دېگۈدەك ئاممىۋى يىغ-

لىشلارنى ئۇيۇشتۇردى. ئەھۋال كەمولودىكى ھەرىكەت بىلەن ئوخشاش ئىدى.

مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندىم. مەن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قۇرۇلتاينى تەشكىل قىلغان زىيالىيلار بىلەن بىرلىككە كېلىش پۇرسىتىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى بايقىدىم. مەن قۇرۇلتايدا بىردەك گۇجارات يېزىقى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردۇم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن ئوتتۇرىغا قويغان باشقا خىزمەت ئۇسۇللىرى قارىماققا ناھايىتى ئۆزگىچە بولغاچقا، ئۇلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى ۋە تەڭلىكتە قوياتتى. بىراق، ئادىللىق بىلەن ئېيتسام، ئۇلار مېنىڭ مىجەزىمنى ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلغانىدى.

ھالبۇكى، مەن بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئۇزاق داۋاملىشالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز دەسلەپتە ناھايىتى جانلىق ئېلىپ بېرىلغان، ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان بولسىمۇ، مەن تەكىتلىگەن ھەقىقەت ۋە «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە قارشى تۇرۇش» مەسلىكىنى قىسمەن ئەزالار ياقتۇرمايۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



## ئوتتۇزىنچى باب

# ئاجايىپ مەنزىرە

شۇنداق قىلىپ، روۋلات كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى بارغانسېرى كۈچەيدى، يەنە بىر جەھەتتىن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ جازا قانۇن لايىھەسىنى يولغا قويۇش ئىرادىسىمۇ بارغانسېرى قەتئىيلەشتى، روۋلات جازا قانۇن لايىھەسى مانا مۇشۇنداق ئېلان قىلىندى. ھاياتىمدا ھىندىستان قانۇن تۇرغۇزۇش پالاتاسىنىڭ يىغىنىغا بىرلا قېتىم قاتناشقانىدىم، ھالبۇكى بۇ قېتىم مۇھاكىمە قىلىنىدىغىنى دەل مۇشۇ قانۇن لايىھەسى ئىدى. شاستىرىجى باياناتنامە ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەتكە قارىتا قاتتىق ھەم تەنتەنىلىك ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. باش ۋالىي ئۇنى دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ شاستىرىجىنىڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي قايناق ھاياجان بىلەن سۆزلەشلىرىگە كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ نۇتقى شۇ قەدەر سەمىمىي ۋە مول ھېسسىيات بىلەن چىقىشقا باشلىدى، مەن شۇ تاپتا باش ۋالىي تەسىرلەنمەي قالمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ھالبۇكى، بىر ئادەم ھەقىقىي ئۇخلىغاندا، سەن ئۇنى ئاندىن ئويغىتالايسەن. ئەگەر ئۇ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالسا، سەن ئۇنى ھەرقانچە چاقىرساڭمۇ بۇنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىدى. ھۆكۈمەت مۇشۇنداق بىر خىل قانۇن شەكلىنى ماقۇللاش بىلەنلا ھەلەك ئىدى. ھۆكۈمەت ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. شۇڭا، شاستىرىجىنىڭ تەنتەنىلىك ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ ھۆكۈمەتكە قىلچىلىك رولى بولمىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ گەپلىرىم بىر خىل نىدالا بولۇپ قالدى. مەن باش ۋالىيغا سەمىمىيلىك بىلەن مۇراجىئەتنامە سۇندۇم، نۇرغۇن

ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن خەتلەرنى يازدىم، ھۆكۈمەتنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» يولىنى تۇتۇشتىن باشقا ماڭا ھېچقانداق يول قالدۇرمىغانلىقىنى ئېيتتىم. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى.

بۇ قانۇن لايىھەسى (روۋلات جازا قانۇن لايىھەسى) ھۆكۈمەت گېزىتلىرىدە تېخى قانۇن سۈپىتىدە ئېلان قىلىنمىغانىدى. بۇ ۋاقىتتا تېنىم بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. لېكىن، مەن مادراسنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر قېتىملىق ئۇزاق سەپەر قىلىشقا تەۋەككۈل قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ چوڭ يىغىنلاردا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىگۈدەك مادارىم يوق ئىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، مەن يەنىلا يىغىنلاردا ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىيەلمەيمەن. ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ ئۇزۇنراق نۇتۇق سۆزلەيدىغان بولسام، پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ، يۈرەك سوقۇشۇم ئېگىز ـ پەس بولۇپ كېتىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى جەنۇبىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغاندەك سېزەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى مەن جەنۇبىي ئافرىقىدا خىزمەت قىلىپ باققاچقا، تامىللار بىلەن گۇجاراتلارنىڭ مەلۇم بىر خىل ئالاھىدە ھوقۇقى باردەكلا ھېس قىلاتتىم، ھالبۇكى ئاق كۆڭۈل جەنۇب خەلقىمۇ مېنى ئەزەلدىن ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ئەمەس. باغاق مەرھۇم كاستۇرى رانگا ئېيېنگار (Kasturi Ranga Iyengar) ئەپەندىنىڭ ئىمزاسى بىلەن تارقىتىلغانىدى. لېكىن، مادراسقا كېتىۋاتقاندىلا مېنى چاقىرتىش تەكلىپىنى راجاگوپالاچارىنىڭ بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇم. بۇنى ئۇنىڭ بىلەن تونجى كۆرۈشۈشۇم دېسەممۇ بولىدۇ، ئېنىقلا دېگەنىمدە بىزنىڭ دىدار مۇلاقات بولۇپ ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىمىز تونجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

راجاگوپالاچارى سالىمدىن مادراسقا كېلىپ ئادۋوكات بولغىلى ئۇزاق بولمىغانىدى، ئۇمۇ مەرھۇم كاستۇرى رانگا ئېيېنگار قاتارلىق دوستلارنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن كەلگەنىدى، بۇنداق قىلىشتا ئاممىۋى تۇرمۇشقا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىشقا قولايلىق بولۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. بىز مادراستا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردۇق. بىز تۇرۇۋاتقان ئۆي كاستۇرى رانگا ئېيېنگار ئەپەندىنىڭ ئۆيى ئىدى. بىز بۇنى ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا بىلدۇق. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى ئېيېنگار ئەپەندىنىڭ مېھمىنى دەپ قاراپ كەلدۇق. ھېلىمۇ ياخشى موكدېۋ دېسەي مېنىڭ قارىشىمنى تۈزەتتى. ئۇ راجاگوپاچارى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى
كىتاب تورى



بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتى، راجاگوپاچارى خىجالەتچىلىك بولمىسۇن دەپ، كۆپىنچە ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. لېكىن، ماخادېۋ (Mahadev) ماڭا ئەقىل كۆرسىتىپ: «سىز بۇ ئادەمگە تەسىر كۆرسەتسىڭىز بولاتتى» دېدى.

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. بىز ھەر كۈنى كۆرەش قىلىش پىلانى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشەتتۇق. لېكىن، ئامموۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈشتىن باشقا، ياخشىراق چارە ئويلاپ تاپالمىدۇق. ئەگەر روۋلات جازا قانۇن لايىھەسى ئاخىرقى ھېسابتا ماقۇللىنىپ، رەسمىي قانۇن بولۇپ شەكىللەنسە، مەن ئۇنىڭغا مەدەنىي بويسۇنماسلىق يولى بىلەن قانداق قارشى تۇرۇشنىمۇ بىلەلمەي قالاتتىم. كىشىلەر بويسۇنۇشنى خالىمىغاندا، ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن پۇرسەت يارىتىپ بەرمىسە بولمايتتى. مۇنداق پۇرسەت بولمايدىكەن، بىزنىڭ باشقا قانۇنلارغىمۇ مەدەنىي ئۇسۇلدا بويسۇنماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر مۇمكىن بولسا، بۇنىڭدىكى چەك ــ چېگرا زادى قەيەردە؟ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر پاتمان مەسىلىلەر بىز مۇھاكىمە قىلىدىغان ئاساسلىق تېمىلار ئىدى.

كاستۇرى رانگا ئىيېنگار كىچىك كۆلەملىك بىر يېتەكچىلەر يىغىنى چاقىرىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ۋىجاياراگاۋاچارى (Vikayaraghavachari) ئەپەندى ئىدى. ئۇ ماڭا «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىلمىگە ئىزاھات يېزىپ چىقىش تەكلىپىنى بەردى، ھەتتا ئۇششاق تەپسىلاتلارنىمۇ يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىمنى، بۇنىڭغا ئىقتىدارىمنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتتىم.

بىز دەل مۇشۇنداق ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا روۋلات قانۇن لايىھەسىنىڭ قانۇن بولۇپ ئېلان قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. شۇ كۈنى كەچتە مەن دەل مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئويلىنىپ، مۈگدەپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. مەن ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا ئويغىنىپ كەتتىم، بۈگۈن ئادەتتىكى كۈنلەردىن سەل بالدۇر ئويغانغانىدىم. مەن ئۇيقۇ بىلەن سەگەكلىك ئارىلىقىدىكى غۇۋا ھالەت ئىچىدە تۇراتتىم، گويا چۈش كۆرگەندەك قەلبىمدە تۇيۇقسىز بىر پىكىر پەيدا بولدى، ئەتىگەندە مەن بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى راجاگوپاچارىغا ئېيتتىم:

ــ تۈنۈگۈن كېچە مەن چۈشۈمدە بىر ئەقىل تاپتىم، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنى ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاشلاشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت.

«زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» بىر خىل ئۆز ـ ئۆزىنى پاكلاش جەريانىدۇر. ھالبۇكى، بىزنىڭ كۈرىشىمىز مۇقەددەس كۈرەشتۇر، شۇڭا ئۇ باشلانغاندا ئۆز ـ ئۆزىنى پاكلاش ھەرىكىتىنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇۋاپىق. ھىندىستاندىكى بارلىق خەلق شۇ كۈنى خىزمەتنى توختىتىپ، ئۇ كۈننى ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش كۈنىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشى بىر كۈندىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ، شۇڭا ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋاقتى 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ بۇ چاقىرىقىمىزغا ئاۋاز قوشۇشىغا بىرنېمە دېمەك قىيىن، بىراق مېنىڭچە، بومباي، مادراس، بىخار ۋە شىندېلار ئىشەنچلىك. مۇشۇ بىرقانچە ئۆلكە ئومۇمىي بازار تاشلاشنى ناھايىتى ياخشى ئېلىپ بارالىسىلا، بىز مەمنۇن بولساق بولىدۇ.

راجاگوپاچارى پىكرىمنى دەرھال قوبۇل قىلدى. باشقا دوستلىرىم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پىكرىمنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئاددىي، قىسقا مۇراجىئەتنامە يېزىپ چىقتىم. ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاشلاش ۋاقتى دەسلەپ 1919 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى، بىراق كېيىن 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق جىددىي ئۇقتۇرۇشنىلا تاپشۇرۇۋالدى.

ھالبۇكى، بۇ ئىشنىڭ ئۈنۈمىگە كىم بىرنېمە دېيەلەيدۇ؟ ھىندىستان بويىچە شەرقتىن غەربكىچە، شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە شۇ كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاشلانسا، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەيۋەتلىك بىر ئىش بولغان بولاتتى.

www.uyghurkitap.com



# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## ئونتۇلغۇسىز بىر ھەپتە (1)

مەن جەنۇبىي ھىندىستاندا بىر قېتىملىق قىسقا مۇددەتلىك ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن بومبايغا باردىم. خاتالاشمىسام بۇ كۈن 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىغۇ دەيمەن، مەن سانكارا بانك ئەپەندىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ مېنى شۇ يەرگە بېرىپ، 4 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا چاقىرغانىدى.

بىراق، 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دېھلىدا بازار تاشلاندى. ئەينى چاغدا تېخى ھايات كەچۈرۈۋاتقان سىۋامى شرادخاناندجى (Swami Shraddhanandji) ۋە خاكىم ئاجمال كان (Hakim Ajmal Khan) ھاجمارخان ساھىبلارنىڭ سۆزلىرى بۇ يەردە قانۇن ھېسابلىناتتى. ئومۇميۈزلۈك بازار تاشلاش ۋاقتىنى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئۆزارتىش ھەققىدىكى تېلېگراما بەكمۇ كېچىكىپ يېتىپ كەلگەنىدى. دېھلىدا مۇنداق بازار تاشلاش ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار بىردەك ئىتتىپاقلاشقانىدى، سىۋامى شرادخاناندجى تەكلىپكە بىنائەن جۇمە مەسچىتىگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلىدى. بۇلارغا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى. ئومۇميۈزلۈك بازار تاشلاش قوشۇنى پويىز ئىستانسىسىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئۇلارنى ساقچىلار توسۇۋالدى، ئۇلار يەنە نامايىشچى ئاممىغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. بۇ جەرياندا ناھايىتى كۆپ ئادەم يارىدار بولدى ۋە ئۆلدى، شۇنداقلا دېھلىدا باستۇرۇش باشلاندى. شرادخاناندجى مېنى چاقماق تېزلىكىدە دېھلىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. مەن جاۋاب تېلېگراما يوللاپ، 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بومبايدىكى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دەرھال دېھلىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

لاھور ۋە ئامرىتساردىمۇ دېھلىدىكىدەك ئىش يۈز بەرگەنىدى. دوكتور ساتياپال (Satyapal) بىلەن دوكتور كىتچلېۋ (Kitchlew) ئامرىتساردىن مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم ھەققىدە جىددىي تەكلىپنامە ئەۋەتكەنىدى. ئەينى چاغدا مەن ئۇلار بىلەن تونۇشمايتتىم، بىراق مەن ئۇلارغا باشقىلاردىن: مەن دېھلىدىكى ئىشنى تۈگەتكەن ھامان ئامرىتسارغا بارىمەن، دەپ گەپ ئەۋەتتىم.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەتىگەن بومبايدىكى 10 مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى چائۇپاتى دېڭىز بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلدى، ئاندىن سەپ تۈزۈپ نامايىش قىلىپ تاكودۋا (Madhavbag)غا باردى. نامايىشچىلار قوشۇنىغا ئاز ساندىكى ئاياللار، باللار، شۇنداقلا ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمانلار قاتناشقانىدى. نامايىشچىلار قوشۇنىدىكى بىرقانچە مۇسۇلمان دوست نامايىشچىلار قوشۇنىدىكىلەرنى تاكودۋا ئەتراپىدىكى چوڭ جامەگە باشلاپ بېرىپ، نايدۇ خانىم بىلەن مېنى نۇتۇق سۆزلەشكە قايىل قىلدى. ۋىتالداس جېراجانى (Vithaldas Jerajani) ئەپەندى بىزنى شۇ يەردىلا «دۆلەت ماللىرىنى ئىشلىتىش» ۋە «ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىش» ھەققىدە قەسەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىراق، مەن بۇ تەكلىپنى قۇۋۋەتلىمىدىم، چۈنكى، قەسەم يېنىكلىك بىلەن قىلىندىغان ئىش ئەمەس، يەنە كېلىپ خەلق ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلاردىن رازى بولۇشى لازىم ئىدى. مەن قەسەم قىلغانىكەنمىز، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك، ئۇنىڭ مەنىسىنى خەلق تولۇق چۈشىنىشى لازىم، ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىش قەسىمى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى ئالاقىدار كىشىلەر چوڭقۇر تونۇشى لازىم، دەپ قارايتتىم. ئاخىرىدا مەن قەسەم بېرىشنى خالايدىغانلار ئەتىسى ئەتىگەندە قايتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى بەردىم.

بومبايدىكى ئومۇميۈزلۈك بازار تاشلاشنىڭ تامامەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. مەدەنىي بويسۇنماسلىقنىڭ بارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى تاماملاندى. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن، ئىككى ـ ئۈچ ئىشنى مۇزاكىرە قىلدۇق. بىز مەدەنىي بويسۇنماسلىقنىڭ ئوبيېكتى ئامما ئاسان بويسۇنمايدىغان ھېلىقى قانۇنلار بولۇشى لازىم، دەپ قارار قىلدۇق، ئەينى چاغدىكى تۇز بېجى خەلقنىڭ رايىغا ياقمايتتى، ھالبۇكى يېقىندا تۇز بېجىنى بىكار قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش بويىچە قۇدرەتلىك ھەرىكەت يولغا قويۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تۇز بېجى قانۇنىغا

پىسەنت قىلماي، ھەممە كىشى ئائىلىسىدە دېڭىز سۈيىدىن پايدىلىنىپ تۇز ئىشلەش تەكلىپىنى بەردىم. مەن يەنە چەكلەنگەن كىتابلارنى سېتىش تەكلىپىنى بەردىم. مېنىڭدە ئىككى كىتاب، يەنى «مىنىستىرلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى» ۋە «ئەڭ ئاخىرقىسىغا» (رۇسكىننىڭ شۇ ناملىق كىتابىنىڭ گۇجارات تىلىدىكى ئۆزگەرتىپ يېزىلغان نۇسخىسى) بار ئىدى، بۇ كىتابلار مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ئەمدى ئىشلىتىش پەيتى كەلگەنىدى. بۇ ئىككى كىتابنى قايتا نەشر قىلىش ھەمدە ئاشكارا سېتىش گوياكى مەدەنىي بويسۇنماسلىقنىڭ ئەڭ يەڭگىل چارىسى ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىككى كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ زور مىقداردا بېسىلدى ھەمدە ھېلىقى كۈنى كەچتە ئاچلىق ئېلان قىلىش توختىتىلغاندىن كېيىنكى چوڭ يىغىن ئاخىرلاشقاندا سېتىش ـ تارقىتىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

6 ـ كۈنى كەچتە بىر گۇرۇپپا پىدائىي بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە بۇ ئىككى كىتابنى ئاچىقىپ خەلققە ساتتى. ساروجىنى دېۋى خانىم بىلەن مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ چىقىپ كەتتۇق. بارلىق كىتاب ناھايىتى تېزلىكتە سېتىلىپ بولدى. كىتاب سېتىشتىن ئېرىشكەن پۇل مەدەنىي بويسۇنماسلىق ھەرىكىتىنى تېخىمۇ قانات يايدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. بۇ ئىككى كىتابنىڭ بېكىتىلگەن باھاسى تۆت ئەننادىن بولدى. لېكىن، مېنىڭ قولۇمدىن كىتاب سېتىۋالغانلار بېكىتىلگەن باھا بويىچىلا كىتاب پۇلى تاپشۇرغىنى يوق. ناھايىتى كۆپ كىشىلەر يانچۇقىدىكى پۇلىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ، بۇ ئىككى كىتابنى سېتىۋالدى. بىر كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتالغان بەش رۇپىيەلىك، 10 رۇپىيەلىك پۇللار قار ئۇچقۇنلىرىدەك ئۇچۇپ يۇردى. ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، مەنمۇ بىر كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن 50 رۇپىيە خەجلىگەنىدىم! بىز كىتاب سېتىۋالغۇچىلارغا سېتىۋاتقان كىتابىمىزنىڭ مەنئى قىلىنغان كىتاب ئىكەنلىكىنى، بۇنداق كىتابنى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ قولغا ئېلىنىش، تۈرمىدە يېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېنىق ئېيتتۇق. ھالبۇكى، ئەينى چاغدا ئۇلاردا تۈرمىدە يېتىشتىن قورقۇنچىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

كېيىن بىز ھۆكۈمەتنىڭ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سېتىلغىنى مەنئى قىلىنغان كىتابلار ئەمەس، سېتىلغان كىتابلار مەنئى قىلىنغان كىتابلار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ھۆكۈمەت تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان بۇ

كىتابلارنى مەنئى قىلىنغان كىتابلارنىڭ يېڭى نەشرى، يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلارنى سېتىش قانۇنغا خىلاپ ئەمەس، دەپ قارىغانىدى. بۇ خەۋەر كۆپچىلىكنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە «دۆلەت ماللىرىنى ئىشلىتىش» ۋە «ھىندى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىشىش»قا دائىر قەسەم بېرىش يىغىنى ئېچىلدى. ۋىتالداس جېراجانى پارقىرىغاننىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن ئەمەسلىكىنى شۇندىلا تۇنجى قېتىم بىلىپ يەتتى. شۇ كۈنى يىغىنغا كەلگەنلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇ كۈنى يىغىنغا كەلگەن بىرقانچە ئاچا ـ سىڭىل ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. يىغىنغا كەلگەن ئەرلەرمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن بىر قەسەمنامە تەييارلاپ ئالغاچ كەلگەنىدىم. قەسەم بېرىشتىن ئىلگىرى، يىغىنغا كەلگەنلەرگە قەسەم تېكىستىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە بەردىم. يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ مۇنچىۋالا ئازلىقىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولغىنىمۇ يوق، ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمىدىم، چۈنكى مەن ئاممىنىڭ پوزىتسىيەسىدىكى بۇ خىل ئالاھىدە پەرققە دىققەت قىلىپ كەلگەنىدىم. كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى ياخشى كۆرۈپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى ياقتۇرماسلىق ھازىرمۇ مەۋجۇت.

مەن بۇ ھەقتە كېيىنكى بابتا توختىلىمەن. ھازىر يەنىلا ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. 7 ـ كۈنى كەچتە مەن دېھلى ۋە ئامرىتسارغا كەتتىم. 8 ـ كۈنى ماتۇراغا بارغاندا ئۆزۈمنىڭ قولغا ئېلىنىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. پويىز ماتۇرادىن ئۆتۈپ باشقا بىر بېكەتتە توختىغاندا، ئاچاريا گىدۋانى (Acharya Gidvani) مېنى يوقلاپ كېلىپ، مېنىڭ قولغا ئېلىنىدىغانلىقىم ھەققىدىكى ھەقىقىي خەۋەرنى يەتكۈزدى ھەمدە مېنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنى چوقۇم ياردەمگە چاقىرىدىغانلىقىم ھەققىدە كاپالەت بەردىم.

پويىز پالۋال (palwal) ئىستانسىسىغا بارماي تۇرۇپلا مەن يازما بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭدا مېنىڭ پەنجاپ چېگراسىغا كىرىشىمگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى، چۈنكى مەن ئۇ يەرگە بارسام تەرتىپنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ساقچىلار مېنى پويىزدىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى، مەن بۇنى رەت قىلىپ: «مەن تەكلىپكە بىنائەن پەنجاپقا كېتىۋاتىمەن، تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۇچۇن ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر قەلبىنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۆزرىلىكمەنكى، بۇ بۇيرۇققا بويسۇنالمايمەن» دېدىم.

ئاخىر پويىز پالۋال ئىستانسىسىغا كىردى. ماخادېۋ مېنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا دېھلىغا بېرىپ، يول ئۈستىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سىۋامى شرادخانادجىغا مەلۇم قىلىشنى ھەمدە خەلقنىڭ تەمكىنلىكىنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇيرۇققا بويسۇنماسلىقنى قارار قىلغانلىقىمنى ھەمدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش جازاسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ قويغانلىقىمنى، شۇنداقلا مېنىڭ قانداق جازاغا ئۇچرىشىمدىن قەتئىينەزەر، خەلق تەمكىنلىكىنى ساقلىسىلا، غەلىبىنىڭ چوقۇم بىزگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنى تاپىلىدىم.

پالۋال ئىستانسىسىدا ساقچىلار مېنى پويىزدىن چۈشۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرماقچى بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي بىر پويىز دېھلىدىن كەلدى. ئۇلار مېنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا مەجبۇرىي چىقاردى، ئارقىدىن بىرنەچچە ساقچى مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. پويىز ماتۇراغا كەلگەندە، مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا كېلىندىم. بىراق، ھېچقايسى ساقچى ئەمەلدارى مېنى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ياكى مېنى نەگە ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت تۆتتە ئۇلار مېنى ئويغىتىپ، بومبايغا بارىدىغان بىر يۈك پويىزىغا يالاپ چىقاردى. چۈش بولغاندا ساۋاي مادخوپۇر (Sawai Madhopur) مېنى پويىزدىن چۈشۈردى. لاھوردىن پەۋقۇلئاددە تېز پويىزغا ئولتۇرۇپ كەلگەن بوۋرىڭ (Bowring) ئەپەندى دېگەن بىر ساقچى ئەمەلدارى مېنى يالاپ ئېلىپ مېڭىشقا مەسئۇل بولدى. ئۇ مېنى بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا يالاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئاددىي جىنايەتچىدىن بىر سەكرەپلا «مۆتىۋەر» جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالدىم. بۇ ساقچى ئەمەلدارى سىر مىكائېلنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەيتتى. ئۇ سىر مىكائېلنىڭ مەن بىلەن ئۆچەكىشىش خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى، مەن پەنجاپقا بارسام، ئۇ يەرنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىدىنلا ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاخىرىدا ئۇ ماڭا پەنجاپقا بارماي، ئۆزلۈكۈمدىن بومبايغا قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى. مەن: بۇ بۇيرۇققا بويسۇنالمايمەن، ئۆزلۈكۈمدىن قايتىپ كېتىش خىيالىممۇ يوق دېدىم. ساقچى ئەمەلدارى ئۆزىنىڭ ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ماڭا: «سىزگە قانۇننى تاڭماي بولمىدى» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «ئۇنداقتا، مېنى قانداق

قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيۋاتقانلىقىنى، بىراق بۇيرۇق كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە مەن سىزنى بومبايغا ئاپىرىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ.

بىز سۇرات (Surat)قا كەلدۇق. بۇ يەردە مەن يەنە بىر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدۇم. بىز بومبايغا يېتىپ بارغاندا، بۇ ساقچى ئەمەلدارى ماڭا:

— سىز ھازىر ئەركىنلىككە ئېرىشتىڭىز، — دېدى، لېكىن ئۇلا يىلا:

— سىز ئەڭ ياخشىسى دېڭىز ساھىلى ئىستانسىسىدا پويىزدىن چۈشۈڭ، مەن پويىزنى شۇ يەردە توختاتقۇزاي، كولابا (Colaba) ئىستانسىسىغا ناھايىتى كۆپ ئادەم توپلىشىۋاپتۇ، — دېدى. مەن ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا خۇشاللىق بىلەن بويسۇنىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ھەمدە ماڭا رەھمەت ئېيتتى. دېڭىز ساھىلى ئىستانسىسىغا بارغاندا مەن پويىزدىن چۈشتۈم. ھېلىمۇ ياخشى، بىر دوستۇم ماشىنىلىق ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، ئۇ مېنى رېۋاشانكار جىخاۋېرى (Revashankar Jhaveri) ئائىلىسىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، مېنى قولغا ئالغانلىق ھەققىدىكى خەۋەر خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغاپتۇ، ئۇلار ھاياجانلىنىپ ئەسەبىيلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ:

— بىردونى ئەتراپىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن، جەمئىيەت ئامانلىقى سوتچىسى، ساقچىلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەرگە بېرىپ بولدى، — دېدى.

مەن كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشىمغىلا، ئۆمەر سۇبھان ۋە ئاناسۇيابېن يېتىپ كەلدى، ئۇلار ماڭا دەرھال ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، پىيدخۇنى (Pydhuni) بېرىشنى ئېيتتى.

— خەلق تاقەتسىزلىنىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قەھر ـ غەزىپى چېكىگە يەتتى، بىز ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇق، ئۆزىڭىز بارمىسىڭىز بولمىدى، — دېيىشتى ئۇلار.

مەن دەرھال ماشىنىغا چىقتىم. مەن بىردونى ئەتراپىدا توپ ـ توپ ئادەملەرنىڭ قىستىلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. كىشىلەر مېنى كۆرۈپلا شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. ئۇلار دەرھال سەپ تۈزۈپ «ياشىسۇن ۋەتەن»، «پەرۋەردىگار ئەلا» دېگەن شوئارلارنى يەلەككە يەتكۈزدى. بىز

پېيدخۇنى نامايىش قىلغان ئامىمىنى باستۇرۇۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتىنى كۆردۇق، ئەمما خىش پارچىلىرى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. مەن ئامىمىدىن تىنچلىنىشنى تەلەپ قىلدىم، بىراق ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز خىش پارچىلىرىنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالمايدىغاندەك تۇراتتۇق. نامايىشچى قوشۇن ئابدۇل راخمان كوچىسىدىن ئۆتۈپ كىلفورت بازىرىغا بارغاندا، تۇساتتىن ئاتلىق ساقچىلار ئەترىتى ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇۋالدى، ساقچىلار ئۇلارنى توسۇپ خالتا كوچىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگۈزمەكچى بولدى. ئاما قىستا - قىستاڭچىلىقتا قېلىپ، ساقچىلارنىڭ مەنئى قىلىش سىزىقىدىن بۆسۈپ چىققاندەك بولدى. كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئاۋازىم ئاڭلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئاتلىق ساقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئامىمىغا تارقىلىپ كېتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى، ئارقىدىن ئاتلىق ساقچىلار ئەترىتى دەرھال ئامىمىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، مىلتىق، نەيزىلىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن يارىلىنىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئەنسىرەشلىرىم ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى، چۈنكى شىلتىغان نەيزىلەر ماشىنىنى سىيپاپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. نامايىشچىلار قوشۇنى ئۇزاققا قالماي تارقىتىۋېتىلدى، ئۇلار ساراسىمە ئىچىدە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بەزىلەر كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلەندى، بەزىلەر قىستاڭچىلىقتا يارىلاندى. دەۋرەۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئاتلار ماڭغۇدەك يول يوق ئىدى، ئامىمىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگىمۇ ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتلىقلار ئامىمىغا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ يۇرۇپ يول ئاچتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. پۈتۈن ئىشلاردىن بىر خىل چېكىنگە يەتكەن تېررورلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاتلىقلار بىلەن خەلق ئەسەبىيلەرچە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ئارىلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ ئاما تارقىتىۋېتىلدى، نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلەش يولى توسۇۋېلىندى. ماشىنىمىزنىڭ مېڭىشىغا ئىجازەت بېرىلدى. مەن ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى شىكايەت قىلدىم.



www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## ئۇنتۇلغۇسىز بىر ھەپتە (2)

شۇنىڭ بىلەن مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گرىففىس (Griffith) ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. گويا بىرەر ھەربىي ھەرىكەتكە تەييارلانغاندەك، ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا تۇتىشىدىغان پەلەمپەيلەر تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. كارىدوردىكى كەيپىيات ناھايىتى جىددىي ئىدى. مېنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرگەندە، بورلىن ئەپەندىمۇ گرىففىس ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

مەن كۆرگەنلىرىمنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تولۇق تەسۋىرلەپ بەردىم. ئۇ سوئاللىرىمغا ئاددىي ھەم قىسقىلا قىلىپ جاۋاب بەردى:

— مەن نامايىشچى ئاممىنى خالتا كوچىغا قىستاشقا يول قويمىدىم، بولمىسا قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ ئاممىنىڭ نەسىھەتنى ئاڭلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتلىق ساقچىلارنى ئاممىنى تارقىتىۋېتىشكە بۇيرۇدۇم.

— بىراق، — دېدىم مەن، — بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ھېلىقى ئاتلار ئادەملەرنى چەيلىمەي قويمىدى. مېنىڭچە، ئاتلىق ساقچىلارنى ئەۋەتىپ، خەلقنى باستۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

— بۇنداق كېيىپ ئېيتىۋەتمەڭ، — دېدى گرىففىس ئەپەندى، — تەشەببۇسلىرىڭىزنىڭ خەلقتە قانداق تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى سىزدىن ئوبدان بىلىمىز. مۇبادا بىز كەسكىن تەدبىر قوللانمىغان بولساق، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى تىزگىنلىگۈسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن بولاتتى. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، سىز خەلقنى

تىزگىنلىيەلمەيسىز. ئۇلار ناھايىتى تېزلا قانۇنغا بويسۇنۇش ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئۇلار تىنچلىقنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز. سىزنىڭ نىيىتىڭىزدىن گۇمانلانمايمەن، لېكىن خەلق سىزنىڭ غەرىزىڭىزنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار زورلۇقنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.

— ئېيتقانلىرىڭىزغا قوشۇلالمايمەن، — دېدىم مەن، — خەلقنىڭ تەبىئىتى ۋەھشىيلىك ئەمەس، بەلكى تىنچلىق.

شۇنداق قىلىپ بىز مۇنازىرىلىشىپ قالدۇق. ئاخىرىدا گرىففىس ئەپەندى:

— مۇبادا سىز كىشىلەرنىڭ ئۇ بىر يۈرۈش سەپسەتىلىرىڭىزنى ئاڭلىماس بولۇپ قالغانلىقىنى ھەقىقىي بىلگىنىڭىزدە، يەنە نېمە قىلغان بولاتتىڭىز؟ — دېدى.

— مۇبادا ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىنىمدە، مەدەنىي بويسۇنماسلىق ھەرىكىتىنى توختاتقان بولاتتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز بوۋرىڭ ئەپەندىگە: «مېنى قويۇۋەتسىلا، پەنجاپقا بارىمەن» دەپتىكەنسىزغۇ؟

— شۇنداق، مەن ئەسلىدە پەنجاپقا پويىزغا ئولتۇرۇپ بېرىشنى پىلانلىغانىدىم، بۇگۈنچە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

— مۇبادا سەللا سەۋر - تاقەتلىك بولسىڭىز، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئېتىقادقا چوقۇم ئېرىشەلەيسىز. ئەخمەتئاباد ۋە ئامرىتساردا نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ كىشىلەر ھەممىلا يەردە ساراڭغا ئوخشىشىپ قاپتۇ، مەن بارلىق پاكىتلارنى ئىگىلەپ بولالمىدىم. بەزى جايلاردىكى توك لىنىيەسى ئۈزۈۋېتىلدى. سىزگە ئېيتىپ قوياي، بۇ توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسىگە سىز مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك.

— مەن سىزگە كاپالەت بېرىمەنكى، ئۆز مەسئۇلىيىتىم بارلىكى جايلارنى بايقىسام، مەن چوقۇم مەسئۇل بولىمەن. بىراق، ئەخمەتئابادتىمۇ قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىسام، مەن ئىنتايىن ئازابلىنىمەن ۋە تەئەججۈپلىنىمەن. مەن ئامرىتسار ئۈچۈن مەسئۇل بولالمايمەن، چۈنكى مەن ئۇ يەرگە بارمىدىم، ئۇ يەردىمۇ مېنى تونۇيدىغانلار يوق. بىراق، پەنجاپنى ئالساق، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پەنجاپ ھۆكۈمىتى مېنىڭ چېگرادىن كىرىشىمنى توسمىغان بولسا، مەن

ئۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا چوقۇم كۆپ ياردەم بەرگەن بولاتتىم. بىراق، ئۇلار مېنى چېگرادىن كىرگۈزمەي، ئەكسىچە بىكاردىن ـ بىكار خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى.

بىز مۇشۇنداق توختاۋسىز مۇنازىرىلەشتۇق. بىز كۆزقاراش جەھەتتە بىر دەكلىككە كېلەلمىدۇق. مەن ئۇنىڭغا چوباتىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، خەلققە سۆز قىلىش، ئۇلاردىن تىنچلىق ـ خاتىرجەملىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. ئاممىۋى يىغىن چائۇپاتى دېڭىز ساھىلىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ چەك ـ چېگراسى ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدىم:

— «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئەسلىدە سەممىي كىشىلەرنىڭ بىر خىل قورالى. زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە قارشى تۇرغۇچى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم، خەلق ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتلەردە بۇ پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلسا، مەن ئاندىن ئاممىۋى خاراكتېرلىك «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى يولغا قويالايمەن.

ئاناسۇيابىنمۇ ئەخمەتئابادتا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپتۇ. بەزىلەر ئۇمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ دېگەن پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقىتىپتۇ. توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن ئەسەبىيلىشىپ ئىش تاشلاپتۇ، زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ بىر ساقچى ئەمەلدارىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

مەن ئەخمەتئابادقا يېتىپ باردىم. بەزىلەرنىڭ نادىياد ئىستانسىسى ئەتراپىدىكى رېلىسلارنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، ۋىرامگامدا بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئەخمەتئابادتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. خەلق بەكمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلگەنچە زورلۇق كۈچ قوللانغانىدى. ئەمدى قەرز قايتۇرۇش نۆۋىتى ئۇلارغا كەلگەنىدى، يەنە كېلىپ ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى.

پويىز ئىستانسىسىدا بىر ساقچى ئەمەلدارى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ مېنى قوغداپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پرات (Pratt) ئەپەندىنىڭ

ئىشخانىسىغا ئاپارماقچىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قەھر ـ غەزەپنى سەزدىم، ئۇنىڭ بىلەن مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆزلەشتىم ھەمدە ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئەپسۇسلانغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. يەنە ھەربىي ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئىزاھلىدىم ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۈچۈمنىڭ بارىچە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە رازى ئىكەنلىكىمنى جاكارلىدىم. مەن ئۇنىڭدىن سابارماتى ئىنستىتۇتىنىڭ مەيدانىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىشىمغا ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ تەكلىپىمگە قوشۇلدى. يىغىن 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەكشەنبە ئېچىلدى. ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى شۇ كۈنى ياكى ئەتىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەن يىغىندا سۆز قىلدىم. مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە كىشىلەرگە ئۆز خاتالىقىمنى تونۇتماقچى بولدۇم ھەمدە ئۈچ كۈن تەركىتائام بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ توۋا قىلغانلىقىمنى بىلدۈرىدىغانلىقىمنى جاكارلىدىم، خەلقنى بىر كۈن تەركىتائام بولۇشقا مۇراجىئەت قىلدىم، يەنە زورلۇق گۇناھى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئۆز گۇناھىنى تونۇشى ھەققىدە تەكلىپ بەردىم.

مەن مەسئۇلىيىتىمنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدىم. مېنى تاقەتسىزلەندۈرگىنى ئىشچىلارنىڭمۇ بۇ توپىلاڭغا قاتناشقانلىقى ئىدى. چۈنكى، بىز ئۇزاقتىن بۇيان بىللە تۇرۇپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ كەلگەچكە، ئۇلاردىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتكەنىدىم. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزدى، مەن ئۇلارنىڭ بىر ئۇلۇش گۇناھىنى زىممەمگە ئېلىشىم كېرەك، دەپ قارايتتىم.

مەن بىر تەرەپتىن خەلققە ئۆز گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىش تەكلىپىنى بەرسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتكە ئۇلارنىڭ گۇناھىغا كەڭچىلىك قىلىش تەكلىپىنى بەردىم. بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىدى.

مەرھۇم رامانباي (Ramanbhai) تۆرە ۋە ئەخمەتئابادتىكى باشقا دوستلىرىم «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى توختىتىش تەكلىپىنى بەردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مۇراجىئىتى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، مەن خەلق تىنچلىق ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىلگىرى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى توختىتىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. شۇڭا، ئۇلار خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كەتتى.

ھالبۇكى، يەنە بەزى كىشىلەر بۇ قاراردىن خۇشال بولمىدى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، مۇبادا ھەممىلا يەردە تىنچلىق تەلەپ قىلىنسا ھەمدە ئۇ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىنسا، ئۇنداقتا ئاممىۋى خاراكتېرلىك زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى قوزغىغىلى بولمايتتى. بىراق مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلالمايتتىم. مۇبادا مېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقانلار «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتكەنلەر ھەمدە ئۆزلىرى جاپا چېكىۋاتقانلار زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇنداقتا «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى روياپقا چىقمايتتى. مەن شۇنداق قارايمەنكى، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ زورلۇق كۈچسىز قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارماقچى بولغان ئادەم خەلقنى ئۇلاردىن ئۈمىد قىلغان «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» چەك - چېگراسى ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشى لازىم. مەن تا بۈگۈنگىچە مۇشۇ قاراشتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## «ھىمالايا تېغىدەك چوڭ خاتالىق»

ئەخمەتئابادتىكى ئاممىۋى يىغىن ئاياغلاشقىشى بىلەنلا، مەن دەرھال نادىيادقا كەتتىم. مەن بۇ يەردە تۇنجى قېتىم «ھىمالايا تېغىدەك چوڭ خاتالىق» دېگەن بۇ سۆپەتنى ئىشلەتتىم، كېيىنچە بۇ سۆپەت كەڭ تارقىلىپ كەتتى. ئەخمەتئابادتىكى چېغىمدا ئۆز خاتالىقىمنى غۇۋا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدىم. ھالبۇكى، نادىيادقا بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆرگەن، كېدا ناھىيەسىدە ناھايىتى كۆپ ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. خۇددى ھازىر ھېس قىلغىنىمدەك، مېنىڭ كېدا ناھىيەسى ۋە باشقا جايلارنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى قوزغاشقا ھەددىدىن تاشقىرى بالدۇر چاقىرىشىم بىر ئېغىر خاتالىق بولغانىدى. مەن ئاممىۋى يىغىندا سۆز قىلىپ، چوڭ خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلدىم. بۇ ئىش نۇرغۇن كۈلكىگە سەۋەب بولدى. لېكىن، مەن خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمدىن ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، بىز ئۆز خاتالىقىمىزنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆرۈپ، ئەكسىچە ئۇسۇل بىلەن باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز خاتالىقىمىز بىلەن باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا توغرا مۇئامىلە قىلالىساق، ئۆز خاتالىقىمىز بىلەن باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا بىر قەدەر ئادىل باھا بەرگەن بولىمىز، مەن بۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر ئىشىنىپ كەلدىم. مەن يەنە شۇنداق قارايمەنكى، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نى يولغا قويماقچى بولغان ئادەم بۇ پىرىنسىپقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەمەل قىلىشى لازىم.

ھازىر بىز ھىمالايا تېغىدەك زور خاتالىقنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى. بىر ئادەم «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشقا تەييارلىق قىلىشتىن

ئىلگىرى، دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق بويسۇنۇشى لازىم. بىزنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالدا قانۇنغا رىئايە قىلىشىمىزدىكى سەۋەب، بىز قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن قورقىمىز، بولۇپمۇ ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان قانۇنلاردا تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن، تۈز كۆڭۈل، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى ئوغرىلىقنى مەنئى قىلىشقا دائىر قانۇننىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ تاسادىپىي نەرسە ئوغرىلىمايدۇ، بىراق شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەم كېچىسى ۋېلىسىپىت مىنگەندە چىراغ يېقىش لازىم، دېگەن قائىدىگە رىئايە قىلىشتا ھېچقانداق ناتوغرا ھېسسىياتتا بولمايدۇ. راست، ئۇ باشقىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلامدۇ - قىلمامدۇ، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ. بىراق، ئۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىش تۈپەيلىدىن بېرىلىدىغان جازالارنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلىنىپ دېسە، بۇ خىل مەجبۇرىيەت تۇسىنى ئالغان قانۇن - نىزاملارغا رىئايە قىلىشى كېرەك. بۇ خىل بويسۇنۇش «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» كۆرسەتكۈچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭلىق ۋە تەشەببۇسكارانە بويسۇنۇش ئەمەس. زورلۇق كۈچىسىز قارشى تۇرغۇچى جەمئىيەتتىكى قانۇنلارغا باشتىن - ئاخىر ئاڭلىق بويسۇنىدۇ، چۈنكى ئۇ مۇشۇنداق قىلىش مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ قارايدۇ. بىر ئادەم جەمئىيەتتىكى قانۇنلارغا مۇشۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن بويسۇنغاندىلا، ئاندىن ئۇ قايسى قانۇنلارنىڭ ياخشى ۋە ئادىل ئىكەنلىكىگە، قايسى قانۇنلارنىڭ ئادالەتسىز ۋە ئەسكى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئاندىن ئېنىق بېكىتىلگەن دائىرە ئىچىدە «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. مېنىڭ خاتالىقىم دەل مۇشۇ زۆرۈر چەككە ئەمەل قىلمىغانلىقىمدا، خەلق مۇشۇ سالاھىيەتلەرنى ھازىرلاشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى قوزغاشقا چاقىرغانلىقىمدۇر. مېنىڭچە، بۇ ھىمالايا تېغىدىمۇ زور خاتالىق ئىدى. مەن كەمولو ناھىيەسى چېگراسىغا كىرىشىم بىلەنلا، ئەينى يىللىرىدىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىدىكى بارلىق ئىشلار يېڭىباشتىن كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مېنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغىنى، مۇشۇنچىۋالا ئېنىق ئىشنى نېمىشقىمۇ سېزىۋالمىغاندىمەن، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ھازىر شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، خەلق «زورلۇق كۈچى

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا مۇۋا- پىقلىششتىن ئىلگىرى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ھەمكارلاش- ماسلىق»نىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىشى لازىم ئىكەن. شۇڭلاشقا يېڭىباشتىن ئاممىۋى خاراكتېرلىك «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى قوزغاشتىن ئىلگى- رى، ئالدى بىلەن سىناقلاردىن ئۆتكەن، قەلبى پاك، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ قاتتىق شەرتلىرىنى تامامەن چۈشىنىدىغان پىدائىيلار ئەترىتى قۇرۇش زۆرۈر ئىكەن. ئۇلار خەلققە بۇ پىرىنسىپلارنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە ئۇنى توغرا ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ھوشيار تۇرۇشى لازىم ئىكەن.

مەن مۇشۇ ئىدىيەۋى ھېسسىياتلار ئىلكىدە بومبايغا باردىم. بىز شۇ يەردىكى زورلۇق كۈچسىز قارشىلىق كۆرسىتىش يىغىنى ئارقىلىق «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» پىدائىيلار ئەترىتى قۇردۇق، ئۇنىڭ ياردىمىدە خەلقنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى باشلىۋەتتۇق. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەنىسىنى چۈشەندۈردۇق. بۇنىڭدا ئاساسلىقى بۇ مەسىلىگە ئائىت تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كىتابچىلارنى بېسىپ تارقىتىشقا تاياندۇق.

ھالبۇكى، بۇ خىزمەت يولغا قويۇلۇۋاتقاندا، مەن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، خەلقنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نى مەزمۇن قىلغان تىنچلىققا قىزىقتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ جاپا - مۇشەققەتلىك ۋەزىپە ئىكەن. بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلغان پىدائىيلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۆزىنى تىزىملىتىپ بۇ خىزمەتكە ھەقىقىي قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى دائىملىق، سىستېمىلىق تەربىيەلەنگەنلەردىن ئەمەس ئىدى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ خىزمەتنى زىممىسىگە ئالغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە يوق، بەلكى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. مەن شۇ چاغدىلا «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» جەھەتتىكى تەربىيەلەشنىڭ قانات يېيىشى مەن ئەسلىدە ئويلىغاندەك ئۇنداق تېز بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## «يېڭى ھايات» ۋە «ياش ھىندىستان»

شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» شەكلىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى پۇختا قەدەم بىلەن، ئەمما ئاستا قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمەت قانۇنسىز باستۇرۇش سىياسىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويدى، بولۇپمۇ پەنجاپتىكى ئىپادىسى ئالاھىدە قەبىھ بولدى. داھىيلار ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالدى، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقلىرى (باشقىچە ئېيتقاندا، «قانۇنسىز»لىق) ئېلان قىلىندى. پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوتى قۇرۇلدى. بۇ خىل پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار سوتى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى سوت ئەمەس، ئۇ مۇستەبىتلەرنىڭ مۇستەبىتلەرچە ئىرادىسىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان قورالى ئىدى. ھۆكۈمنامە دەلىل ـ ئىسپات ۋە ئاشكارا سوتلاش بولمىغان ئەھۋالدا ئېلان قىلىناتتى. ئامرىتساردىكى گۇناھسىز ئەر ـ ئاياللار گوياكى قىزىتىلغان قازاندىكى چۈمۈلىلەردەك ساراسىمە ئىچىدە جان تالىشىۋاتاتتى. مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى زوراۋانلىققا سېلىشتۇرغاندا، پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان جاللىئاۋالا (Jallianwala) گۈللۈكىدىكى تىراگېدىيەنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

مەن ئۇنۇمىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەرھال پەنجاپقا بېرىشقا دەۋەت قىلىندىم. مەن باش ۋالىيغا خەت يېزىپ، تېلېگرامما يوللاپ، ئۇ يەرگە بېرىشىمغا ئىجازەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم، بىراق بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. مۇبادا مەن ئىجازەت ئالمايلا بارسام، پەنجاپقا بېرىشقا ئامالسىز قالاتتىم. نەتىجىدە مەن مەدەنىي بويسۇنماسلىق بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالاتتىم. بۇ مېنى ھەم ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان،

www.uyghurkitap.com

ھەم چېكىنەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىاتتى. ئىشلار ناھايىتى روشەنكى، مېنىڭ مەنئى قىلىنغانلىق بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ پەنجاپقا بېرىشىم، مېنىڭچە مەدەنىي بويسۇنماسلىق ھېسابلانمايتتى. چۈنكى، مەن ئەتراپىمدىن ئۆزۈم موھتاج بولغان تىنچلىق كەيپىياتىنى كۆرەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەنجاپتىكى ئەسەبىيلەرچە باستۇرۇش تېخىمۇ كېڭەيمەكتە، مەن ۋە كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان كەيپىيات تېخىمۇ چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. شۇڭلاشقا، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق پەيتتە مەدەنىي بويسۇنماسلىق بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، مەن دوستلارنىڭ تەكلىپىگە پىسەنت قىلماي پەنجاپقا بارماسلىقنى قارار قىلدىم. بۇ مەن ئۈچۈن ئازابلىق ئىش بولدى. ھەر كۈنى پەنجاپتىن خەلققە زىيانكەشلىك قىلىنغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى. بىراق، مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ نائىلاج چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتاتتىم.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا «بومباي خەۋەرلىرى گېزىتى»نىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان خورنىمان ئەپەندى تاسادىپىي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلدى. مېنىڭچە، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قىلمىشى ئىپلاسلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، بۇ خىل ئىپلاسلىقنىڭ ھىدى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇرنۇمغا پۇرايدۇ. شۇنى بىلەتتىمكى، خورنىمان ئەپەندى ئەزەلدىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايتتى. ئۇ مېنىڭ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىسىز پەنجاپ ھۆكۈمىتىنىڭ مېنىڭ چېگرادىن كىرىشىمنى مەنئى قىلغانلىق بۇيرۇقىغا بوزغۇنچىلىق قىلىشىمنى خالىمىغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇ مەدەنىي بويسۇنماسلىقنى توختىتىش قارارىنى تامامەن قوللىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، مەن مەدەنىي بويسۇنماسلىقنى توختىتىش قارارىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ماڭا خەت يېزىپ مۇشۇنداق قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى. بومباي بىلەن ئەخمەتئاباد ئارىلىقىدىكى مۇساپە تۈپەيلىدىن، مەن قارارنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ تاسادىپىي چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا يولۇققانلىقى مېنى ئازابلىدى ۋە تەئەججۈپلەندۈردى.

مۇشۇنچىۋالا كۆپ ئىش يۈز بەرگەنلىكتىن، «بومباي خەۋەرلىرى»نىڭ مۇدىرلىرى مەندىن بۇ گېزىتكە يېتەكچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. برېلۋى (Brelvi) ئەپەندى بۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ بولغانىدى، شۇڭلاشقا ماڭا ھېچقانداق كۆپ ئىش قالمىغانىدى. بىراق، پەزىلىتىمگە ئاساسلانغاندا، ئادەتتىكىگە ئوخشاش مەن زىممەمگە ئالغان بۇ خىل مەسئۇلىيەت مېنىڭ نورمىدىن تاشقىرى يۈكۈمگە ئايلىنىپ قالاتتى. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا رەھىمى كەلدى، ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «بومباي خەۋەرلىرى»نى نەشر قىلىشنى توختاتتى.

«بومباي خەۋەرلىرى»نى باشقۇرۇۋاتقان دوستلار، مەسىلەن، ئۆمەر سۇبھان، شانكارلال بانكېر ئەپەندى قاتارلىقلار بۇ چاغدا «ياش ھىندىستان»نى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، «بومباي خەۋەرلىرى» زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا، ئۇلار مېنى «ياش ھىندىستان»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى. يەنە كېلىپ «بومباي خەۋەرلىرى» پېچەتلەنگەندىن كېيىن قېلىپ قالغان كەمتۈكلەرنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن «ياش ھىندىستان»نى ھەپتىلىك ژۇرنالدىن قوش ھەپتىلىك ژۇرنالغا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. مەنمۇ مۇشۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش»نىڭ ئىچكى ئەھمىيىتىنى جامائەتكە تەشۋىق قىلىشنى ئويلاۋاتاتتىم، يەنە كېلىپ بۇ تىرىشچانلىق ئارقىلىق ھېچبولمىغاندا پەنجاپ ۋەزىيىتىدە ئادىللىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. چۈنكى، مەن يازغان ماقالىلەرنىڭ كەينىگە «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ روھى يوشۇرۇنغانىدى، بۇ نۇقتا ھۆكۈمەتكىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مەن بۇ دوستلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلدىم.

بىراق، قانداق قىلغاندا ئادەتتىكى ئاممىغا «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش»نى ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق تەشۋىق قىلغىلى بولىدۇ؟ مەن خىزمەتتە ئاساسەن گۇجارات تىلىنى ئىشلىتەتتىم. ئىندۇلال ياجنىك (Indulal Yajnik) ئەپەندى ئۇ چاغدا سۇبھان ۋە بانكېر ئەپەندىلەر بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا گۇجارات يېزىقىدىكى «يېڭى ھايات» ئايلىق ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتاتتى، بۇ ژۇرنال ئىقتىسادىي جەھەتتە بۇ بىرقانچە دوستنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇلار بۇ

www.uyghurkitap.com

ژۇرنالنىمۇ مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا تاپشۇردى، ئىندۇلال داۋاملىق ئىشلەۋېرىشكە ماقۇل بولدى. بۇ ئايلىق ژۇرنال ھەپتىلىك ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلدى.

كېيىن «بومباي خەۋەرلىرى»نىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىغا يول قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن «ياش ھىندىستان» يەنە ئەسلىدىكى ھەپتىلىك ژۇرنال شەكلىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. ئوخشاشمىغان ئىككى جايدا ئىككى ھەپتىلىك ژۇرنالنى نەشر قىلىش ماڭا ناھايىتى قولايسىزلىق پەيدا قىلدى، يەنە كېلىپ بۇنداق قىلغاندا چىقىم تېخىمۇ ئېشىپ كېتەتتى. چۈنكى، «يېڭى ھايات» ئەسلىدىلا ئەخمەتئاباتتا نەشر قىلىناتتى، «ياش ھىندىستان» تەكلىپ بىرىشىم ئارقىلىق شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىندى.

بۇنداق ئۆزگەرتىشتە باشقا ئويلىرىممۇ بار ئىدى. مەن «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نى چىقىرىۋاتقان ۋاقتىمدىلا تەجرىبىگە ئىگە بولغانىدىم، مەن بۇ خىل ژۇرناللارنىڭ ئۆز باسما زاۋۇتى بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتىم. يەنە كېلىپ ئەينى چاغدىكى ھىندىستاننىڭ نەشرىيات قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، مۇبادا مەن ئۆز پىكىرلىرىمنى چەكلىمىسىز ھالدا ئېلان قىلماقچى بولسام، ئادەتتە تىجارەت ئۈچۈنلا تەسىس قىلىنغان زاۋۇتلار بۇنى بېسىشقا ئانچە جۈرئەت قىلالمايتتى. شۇڭلاشقا، باسما زاۋۇتى قۇرۇش كۆچلۈك ئېھتىياجسىز بولۇپ قالغانىدى، يەنە كېلىپ بۇنى ئەخمەتئاباتتا قۇرۇش بىر قەدەر قولايلىق ئىدى. بىز «ياش ھىندىستان»نىمۇ شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ بېرىشقا موھتاج ئىدۇق.

بۇ ئىككى ژۇرنالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھازىر مەن ئەڭ زور ئىقتىدارىمنى ئىشقا سېلىپ ئوقۇرمەنلەرگە «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» تەربىيەسى بېرىشكە باشلىدىم، بۇ ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ ئىدى، بىر مەزگىل ئىچىدە ھەربىرىنىڭ تارقىتىلىشى 40 مىڭ نۇسخىغا يەتتى. بىراق، «يېڭى ھايات»نىڭ تارقىتىلىش مىقدارى تازا ئېشىۋاتقاندا، «ياش ھىندىستان»نىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى ناھايىتى ئاستا بولۇپ قالدى. مەن تۇتقۇن ئاستىغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى يەنە تۆۋەنلەپ كەتتى، ھازىر ئۇلارنىڭ تىرازى 8000 نۇسخىغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

مەن دەسلەپتە بۇ ئىككى ژۇرنالغا ئېلان بېسىشقا قارشى تۇردۇم. بۇنداق قىلىشىمنىڭ ئۇلارغا ھېچقانداق زىيىنى يوق دەپ قارىمايتتىم، ئەكسىچە بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلىشىغا زور ياردىمى تېگىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، كۆتمىگەن يەردىن بۇ ئىككى ژۇرنال مېنىڭ قەلب تىنچلىقىمنى ساقلىشىمغا ياردەم بەردى، چۈنكى ھازىر «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق»نى يولغا قويۇشقا بولمايتتى. ژۇرنال ئىدىيەم ۋە كۆڭلۈمدىكى ئىشلارنى ئەركىن ھالدا خەلق ئاممىسى بىلەن ئۇچراشتۇرالايتتى. مېنىڭچە، بۇ ئىككى ژۇرنال سىناقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان پەيتتە ھەقىقەتەن خەلققە ناھايىتى ياخشى مۇلازىمەت قىلغانىدى، ھەربىي ئىدارە قىلىش قانۇن - پەرمانلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ۋە ۋەھشىيلىكىگىمۇ كۈچلۈك زەربە بەرگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# پەنجاپتا

سىر مىكائىل ئودرېجى پەنجاپتا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى، ھاياجانلانغان بەزى پەنجاپ ياشلىرىمۇ ھۆكۈمەت يۈرگۈزگەن ھەربىي ئىدارە قىلىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ماڭا ئارتىپ قويۇشتى. مۆبادا مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى توختاتمىغان بولسام، جالليانۋالا گۈللۈكىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى كېسىپلا ئېيتتى. بەزىلەر ھەتتا تەھدىت سېلىپ، مەن پەنجاپقا بارسام، مېنى جايلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

بىراق، مەن مەيدانىمدا چىڭ تۇردۇم، مەن ئىدراكلىق كىشىلەرنىڭ مەقسىتىمنى خاتا چۈشەنمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

مەن پەنجاپقا بېرىشقا بەكمۇ ئالدىراپ كەتتىم، ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغاچقا، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باققۇم كەلدى. ئەسلىدە مېنى ئۇ يەرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلغان دوكتور ساتياپال (Satyapal)، دوكتور كىتچىلېۋ ۋە پاندىت رامباج چودارىلار ھازىر تۈرمىدە ئىدى. بىراق، ئۇلار ۋە باشقا مەھبۇسلار بەك ئۇزاق قاماپ قويۇلمايتتى. مەن ھەر قېتىم بومبايغا بارسام، ناھايىتى كۆپ پەنجاپلىق مېنى يوقلاپ كېلەتتى، بۇنداق سورۇنغا دۇچ كەلگەندە، مەن ئۇلارنى روھلاندۇراتتىم، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تەسەللى بولاتتى. ئەينى چاغدا ئۆز - ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىم تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

ھالبۇكى، مېنىڭ پەنجاپقا بېرىش پىلانىم ھامان كەينىگە سۈرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى. ھەر قېتىم باش ۋالىينىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىمغا ئىجازەت

بىرىشىنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئۇ ھامان «تېخى پەيتى كەلمىدى» دەيتتى، شۇڭا مۇشۇنداق سورۇلۇپ كەتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا خانتېر (Hunter) كومىتېتى پەنجاپ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەن مەزگىلدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. س . ف ئاندرېۋس ئەپەندى بۇ چاغدا پەنجاپقا بېرىپ بولغانىدى. ئۇ ئەۋەتكەن خېتىدە ئۇ يەردىكى كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىشلارنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى شۇ بولدىكى، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى پەيدا قىلغان زوراۋانلىق ھەرىكىتى ھەتتا گېزىتلەردە خەۋەر قىلىنغىنىدىنمۇ يامان ئىدى. ئۇ مېنى ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۆزى بىلەن بىللە خىزمەت قىلىشقا ئۈندىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مالاۋىياجىمۇ تېلېگرامما يوللاپ، مېنىڭ دەرھال پەنجاپقا كېلىشىمنى ئېيتقانىدى. مەن يەنە بىر قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، ھازىر پەنجاپقا بارسام بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى باش ۋالىيدىن سورىدىم. ئۇ جاۋاب تېلېگراممىسىدا مەلۇم ۋاقىت ساقلىغاندىن كېيىن بېرىشىمغا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھازىر ئۇنىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، ئېھتىمال 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بولسا كېرەك.

مەن لاھوردا كۆرگەن مەنزىرىلەرنى ئۆمۈربويى ئۇنتۇيالمايمەن. ۋوگزالنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە بولغان ئارىلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى، گويا پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى كوچىغا چىقىۋالغاندەك، گويا ناھايىتى ئۇزاق ئايرىلىپ كەتكەن بىر يېقىن تۇغقىنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەقەززا بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار شۇنچە شاد ـ خۇرام ئىدى. مەن مەرھۇم پاندىت رامباج چودارىنىڭ ئائىلىسىدە تۇردۇم، مېنى كۈتۈش سارايۇل دېۋىي خانىمنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. مېنىڭ يۈك دېگىنىم، مەيلى ئەينى چاغدا بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، مەن قونالغۇ قىلغانلىكى جايدىن ئادەم ئۇزۇلمەيتتى.

پەنجاپنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تۈرمىدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پاندىت مالاۋىياجى، پاندىت موتىلالجى ۋە مەرھۇم سىۋامى سىرويۇنىناجىلار مۇۋاپىق ھالدا باسقانىدى. مۇراۋىيىجى ۋە شرادخاناندجىلار ماڭا تونۇش ئىدى. بىراق، مېنىڭ موتىلالجى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىم تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. بۇ رەھبەرلەر بىلەن بىللە تۇرۇش ماڭا چوڭقۇر سەممىيەت تۇيغۇسى بەردى. شۇڭا مەن ئۇلار ئارىسىدا ئۆزۈمنى يات ئادەم ھېس قىلمىدىم.

بىز خانتېر كومىتېتىنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلىمەسلىكنى قانداق قىلىپ بىردەك قارار قىلغاندىمىز؟ بۇ ئىش هازىر تارىخ بولۇپ قالدى. بۇ قارارغا كېلىشنىڭ سەۋەبىنى ئەينى چاغدا ئاشكارا ئېلان قىلغاندۇق، شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. ئاددىي قىلىپ، مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئېيتسام‌لا كۇپايە: ئىش ئۆتۈپ كەتكىلى ئۇزاق يىللار بولدى، هازىر ئەسلىسەم، مەن يەنىلا شۇنداق قارايمەنكى، ئەينى چاغدا بۇ كومىتېتنى چەكلەش توغرىسىدىكى قارار مۇتلەق توغرا ۋە مۇۋاپىق بولغانىكەن.

خانتېر كومىتېتنى چەكلەشنىڭ مەنتىقىي يەكۈنى شۇ بولدىكى، بىز غەيرىي هۆكۈمەت تەرەپ تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ، كونگرېسلار پارتىيەسىگە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدۇق. پاندىت موتىلال نېھرۇ، مەرھۇم دېشاباندۇ س. ر. داس (Deshabandu C.R.Das)، ئابباس تىيابجى ئەپەندى، م. ر. جاياكار (M.R.Jayakar) ئەپەندى ۋە مەن بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق، كومىتېتنىڭ رەئىسلىكىنى پاندىت مالاۋىياجى ئۈستىگە ئالدى. تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، هەربىرىمىز بىردىن رايونغا مەسئۇل بولدۇق. كومىتېتنىڭ تەشكىلات خىزمىتىگە مەن مەسئۇل بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ناهايىتى كۆپ جايلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى. مەن ئالاھىدە پۇرسەتكە ئېرىشىپ، پەنجاپتىكى خەلق ۋە كەنتلەرنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈردۈم.

مەن تەكشۈرۈش جەريانىدا پەنجاپلىق نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار بىلەن تونۇشتۇم. بىز گويا ئۆزئارا تونۇشقىلى بىرنەچچە يۈز يىل بولغاندەك چىقىشىپ كەتتۇق. مەن بارغانلىكى جايلاردا ئۇلار توپ - توپ بولۇپ مېنى كۆرگىلى كېلەتتى. ئەتراپىم ئۇلار تەقدىم قىلغان داكىلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. مەن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش خىزمىتى پەنجاپ ئۇلۇغ بىر توقۇمىچىلىق باغچىسى بولۇپ قالالايدىكەن دېگەن پاكىتنى تونۇتتى.

مەن خەلقنى زورلۇق ۋە خورلۇقتا ئۇچراتقان قىلمىشلارنى چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈۋاتقاندا، هۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەھشىيلىكىگە دائىر ناهايىتى كۆپ هېكايىلەرنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىشلار مېنىڭ مۆلچەرىمدىن تاشقىرى بولۇپ چىقتى، مېنى ناهايىتى ئازابلىدى. ئەينى چاغدا مېنى ئەجەبلەندۈرگەن، هازىرمۇ

يەنىلا ئەجەبلەندۈرۈۋاتقىنى مۇنداق بىر ئىش ئىدى: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى زور مىقداردىكى ئەسكەر بىلەن تەمىنلىگەن ئۆلكىلەر يەنىلا چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقنىڭ دەردىنى تارتماقتا ئىدى.

بۇ كومىتېت ئۈچۈن دوكلات تەييارلاش ۋەزىپىسىمۇ ماڭا يۈكلەندى. پەنجاپ خەلقى قانداق زوراۋانلىقلارغا يولۇققانلىقىنى بىلمەكچى بولغانلارغا ئاشۇ دوكلاتنى ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ دوكلات توغرىسىدا بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ قويىمەنكى، ئۇنىڭدا مەن غەرەزلىك ھالدا مۇبالىغىلەشتۈرگەن بىرەر جۈملە سۆز يوق، خاتىرىلەنگەن ھەربىر ئىشنىڭ پاكىت ئاساسى بار. يەنە كېلىپ دوكلاتتا ئېلان قىلىنغان دەلىل ـ ئىسپاتلار كومىتېتىمىز ئىگىلىگەن دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئازراقلا شۈبھىلىك ماتېرىياللار دوكلاتقا كىرگۈزۈلمىدى. بۇ دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسەت ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشتىنلا ئىبارەت. ھالبۇكى، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىلا، ئوقۇرمەنلەر ئاندىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قانچە ـ قانچىلاپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، ۋەھشىيلىكتە تەڭداشسىز يامان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ دوكلاتتىكى ھەرقانداق بىر خاتىرىنى ھېچكىم ئاغدۇرۇۋېتەلىگىنى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## خەلىپە ھەرىكىتى كالىلارنى ئاسراشقا قارشىمۇ؟

ھازىر بىز پەنجاپتىكى بۇ زۇلمەتلىك ئىشلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرايلى.

كونگرېسلار پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ پەنجاپتىكى تەكشۈرۈشى ئەمدىلا باشلىنىشىغا، مەن بىر تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇنىڭدا مېنىڭ دېھلىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلىپە ھەرىكىتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ھەققىدىكى ھىندى ـ مۇسۇلمانلار بىرلەشمە يىغىنىغا قاتنىشىشىم تەلەپ قىلىنغانىدى. تەكلىپنامىگە قول قويغانلار مەرھۇم خاكىم ئاجمال كان ساھېب (Hakim Ajmal Khan Saheb) ۋە ئاساف ئەلى (Asaf Ali) ئەپەندىلەر ئىدى. ئاڭلىشىمچە، يىغىنغا يەنە مەرھۇم سىۋامى شرادخاناندجىمۇ قاتناشماقچىكەن. ئېسىمدە خاتا قالمىغان بولسا، ئۇ يىغىننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ يىغىننى شۇ يىلى 11 ـ ئاي ئارىلىقىدا ئېچىش مۆلچەرلەنگەنىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا خەلىپىنىڭ سېتىۋېتىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ۋەزىيەت ھەمدە ھىندى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار تىنچلىق تەنتەنىسىگە قاتناشسا بولامدۇ، يوق؟ دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىناتتى. تەكلىپنامىدە يەنە يىغىندا نوقۇل خەلىپە مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى كالىلارنى ئاسراش مەسىلىسىنىڭمۇ مۇھاكىمە قىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى، شۇڭا كالىلارنى ئاسراش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ناھايىتى تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان پۇرسەت ئىدى. مەن كالىلارنى ئاسراشنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشنى ياقتۇرمىدىم. شۇڭا خېتىمدە بىر تەرەپتىن ئىلاج بار بۇ قېتىمقى يىغىنغا كېلىپ قاتنىشىشقا ماقۇل بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، مەن بۇ ئىككى مەسىلىنى سودىلىشىش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇۋەت-

مەستىن، بەلكى ھەربىر مەسىلىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئايرىم مۇئامىلە قىلىش كېرەك دەپ قارايتتىم.

مەن كاللامنى چىرمىۋالغان مۇشۇنداق ئىدىيەلەر بىلەن يىغىنغا قاتناشتىم. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھايىتى كۆپ ئادەم قاتناشقانىدى، ئۇ يىغىن كېيىن ئېچىلغان، مىڭلاپ ـ ئونمىڭلاپ ئادەم قاتناشقان يىغىنلاردەك ئۇنچىۋالا ئوبيېكتىپ بولمىسىمۇ، مەن مەرھۇم سىۋامى شرادخاناندجى بىلەن يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدىم، چۈنكى ئۇمۇ شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقانىدى. ئۇ مېنىڭ پىكىرلىرىمدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى، ئويلىغانلىرىمنى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۈندىدى. مەن بۇ مەسىلىلەرنى مەرھۇم خاكىم ساھىب بىلەنمۇ مۇھاكىمە قىلغانىدىم. مەن يىغىندا مۇنداق دېدىم: مۇبادا خەلىپە مەسىلىسى يوللۇق ۋە قانۇني ئاساسقا ئىگە بولسا (مەن بۇ نۇقتىغا ھەقىقىي ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭدىن قىلچىلىك گۇمانلانمايمەن)، بىراق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشى ھەقىقەتەن ئادىل بولمىسا، ھىندى دىنى مۇرىتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىپىنى قوللاپ خەلىپىنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزەتسە بولىدۇ. مۇبادا ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كالىلارنى ئاسراش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويسا ياكى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلار بىلەن زىغىرلاشسا مۇۋاپىق بولمايدۇ. خۇددى مۇسۇلمانلار كالا ئۆلتۈرۈشنى توختىتىشنى ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ خەلىپە مەسىلىسىنى قوللىشىنىڭ بەدىلى قىلىسا بولمىغىنىغا ئوخشاش. مۇسۇلمانلار ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دىني ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشنى چىقىش قىلىپ، قولۇم ـ قوشنا ۋە بىر زېمىندا ياشاۋاتقان ئوغۇل ـ قىزلىرىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى چىقىش قىلىپ كالا ئۆلتۈرۈشنى ئۆزلۈكىدىن توختاتسا، ئۇنداقتا بۇ باشقا ئىش (يەنى ياخشى ئىش)، بۇ ئۇلار ئارىسىدىكى ئىشەنچىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق بىر خىل مۇستەقىل پوزىتسىيەنى قوللىنىش ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر، بۇ ئۇلار قوللانغان ھەرىكەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئۆستۈرىدۇ. بىراق، مۇسۇلمانلار قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن كالا ئۆلتۈرۈشنى توختىتىش مەسئۇلىيىتىمىز بار دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇلار ھىندى دىنى مۇرىتلىرى خەلىپە مەسىلىسىدە بىزگە ياردەم بېرەرمۇ ـ بەرمەسمۇ، دېگەن مەسىلىنى ئويلىماسلىقلىرى لازىم.

— شۇڭا، — دېدىم مەن، — بۇ ئىككى مەسىلىنى ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىش، يەنە كېلىپ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تېمىسىنى خەلىپە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىشى لازىم. مېنىڭ تەشەببۇسلىرىم يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قوۋۋەتلىشىگە مۇيەسسەر بولدى، نەتىجىدە كاللارنى ئاسراش مەسىلىسى بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنمىدى.

بىراق، مەن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولساممۇ، داموللا ئابدۇل بارى ساھىب يەنە:

— ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ بىزگە ياردەم بېرىش - بەرمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قېرىندىشى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىپ كالا ئۆلتۈرۈشنى توختىتىشىمىز لازىم، — دېدى. بىر مەزگىلگىچە ئۇلار كالا ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كېچەيدەكلا قىلاتتى.

بەزى جەھەتلەردە يەنە ئايرىم كىشىلەر پەنجاپ مەسىلىسىنىمۇ قوشۇمچە مەسىلە قاتارىدا خەلىپىنىڭ خاتالىقى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرىغا قويدى. مەن بۇ پىكىرگە قارشى تۇردۇم. مەن:

— پەنجاپ مەسىلىسى — بىر جاينىڭ مەسىلىسى، ئۇنى ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تىنچلىق تەنتەنىسىگە قاتنىشىش - قاتناشماسلىق مەسىلىسىنى قارار قىلىشىمىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قارىماسلىق كېرەك. مۇبادا بىز يەرلىكتىكى مەسىلىلەر بىلەن خەلىپە مەسىلىسىنى (بۇ تىنچلىق شەرتلىرى بىلەن بىۋاسىتە سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە) ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك، ئۇنداقتا بىز يەڭگىلتەكلىك بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىم ناھايىتى ئاسانلا قوبۇل قىلىندى.

داموللا ھەزرەت موخانى (Maulana Hasrat Mohani)مۇ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشاتتىم. بىراق، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلدىم. بىز يىغىندا ئوخشىمىغان قاراشتا بولدۇق، يەنە كېلىپ نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۆز پىكرىمىزدە چىڭ تۇردۇق.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ماقۇللانغان قاراردا ھىندى دىنى مۇرىتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنى دۆلەت تاۋارلىرىنى ئىشلىتىش ھەققىدە قەسەم بېرىشكە چاقىرىش، بۇ قەسەمنامىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى ئەجنەبىي -

لەرنىڭ ماللىرىنى چەكلەش بولۇشى كېرەك دېگەن، بىر مەزمۇن بار ئىدى. يەرلىك رەخت ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى تېخىچە تېپىپ بولالمىغانىدى. بۇ قارارنى ھەزرەت ساھىب قوبۇل قىلالمايتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى، خەلىپە مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىسا، بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئۆچ ئېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇناسىپ ھالدىكى قارشى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، بۇ ئارقىلىق مەخسۇس ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى چەكلىمەكچى ئىدى. مەن پىرىنسىپ جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت جەھەتتىنمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇردۇم، مېنىڭ قارشى تۇرۇشتىكى سەۋەبىمنى ھازىر خەلق بىلىپ كەتتى. مەن يىغىندا يەنە «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش»قا بولغان قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. مەن قىلغان پىكىرلىرىمنىڭ ئاڭلىغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدىم. مەن پىكىر بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ھەزرەت موخانىنىڭ سۆزى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. مەن بايان قىلغان پىكىرلىرىمنىڭ قاقاس دالادىكى تەنھا سادا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن جاسارەتكە كېلىپ پىكىر بايان قىلدىمكى، مەن نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويمىسام، مەسئۇلىيەت بىلەن ئويناشقان بولىمەن دەپ قارىغانىدىم. ھالبۇكى، مېنى ئالاھىدە خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، مەن بايان قىلغان پىكىرلەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ناھايىتى بەك دىققىتىنى تارتتى ھەمدە رەئىس سەھنىسىدىكىلەرنىڭ تولۇق قوللىشىغا ئېرىشتى، پىكىر بايان قىلغۇچىلاردىن مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى قوللىمىغانلار بولمىدى. ئاشۇ رەھبەرلەر شۇنى بىلدىكى، ئەنگلىيە تاۋارلىرىنى چەكلەشتە مەقسەتكە يەتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ تەكلىپ لايىھەسى ماقۇللانسا، ئۇلار كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈچىسىدا دېگۈدەك ئەنگلىيە تاۋارلىرى بار ئىدى. شۇڭا ناھايىتى كۆپ ئاڭلىغۇچىلار شۇنى تونۇپ يەتتىكى، بېلەت تاشلاپ قۇۋۋەتلىگۈچى كىشىمۇ ئىجرا قىلالمايدىغان بىر تەكلىپ لايىھەسىنى ماقۇللاشنىڭ زىيىنىلا بولاتتىكى، ھەرگىز پايدىسى بولمايتتى.

يالغۇز چەت ئەل رەختلىرىنىلا چەكلەش بىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، چۈنكى يەرلىك رەختنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى قايسى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالايدىغانلىقىنى، قايسى ۋاقىتقا بارغاندا بىز چەت ئەل رەختلىرىنى ئۈنۈملۈك چەكلىيەلەيدىغانلىقى-

www.uyghurkitap.com

مىزنى كىم بىلىدۇ؟ بىز ئەنگلىيەكلەرگە نىسبەتەن دەرھال ئۇنۇم بېرىدىغان بىرەر ئىش قىلىشىمىز كېرەك. «سىز چەت ئەل رەختلىرىنى چەكلەش ھەققىدىكى پىكرىڭىزدە قالسىڭىز بولىدۇ، بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، بىراق بىزگە تېز، ئۇنۇم بېرىدىغان يولدىن بىرەرنى كۆرسىتىپ بېرىڭ» دېدى داموللا ھەزرەت موخانى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بىرەر ئامال تېپىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەينى چاغدا چەت ئەل رەختلىرىنى دەرھال چەكلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئۆزىمىز خالىساقلا دۆلەت ئىچىدىكى كىيىم - كېچەك ئېھتىياجىغا يېتەرلىك رەختنى ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم، بۇنى كېيىنچە بىلدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن ئەينى چاغدا شۇنى بىلىپ يەتكەنىدىمكى، نوقۇل ئۆزىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىمىزغا تايىنىپلا چەت ئەل رەختلىرىنى چەكلىسەك مەغلۇپ بولاتتۇق. موخانى پىكىر بايان قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، مەن يەنىلا بۇ ئىككى قىيىن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتىم.

مەن ھىندى تىلى بىلەن ئوردۇ تىلىنى ئانچە ياخشى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ناھايىتى قولايسىزلىق ھېس قىلاتتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم شىمالدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار يىغىلىشىدا مۇنازىرە شەكلىدە نۇتۇق سۆزلىشىم ئىدى. مەن كالكۇتتادىكى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى يىغىنىدا ئوردۇ تىلىدا سۆزلەپ باققانىدىم، بىراق ئۇنىڭ ۋاقتى بىرنەچچە مىنۇتلا بولغاچقا، ئاڭلىغۇچىلارغا قىلىنغان ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇراجىئەتلا بولۇپ قالغانىدى. ئەكسىچە بۇ يەردە مېنىڭ دۇچ كەلگىنىم بەزى تەنقىد تۇسىنى ئالغان گەپلەر ئىدى. مۇبادا دۇشمەنلىك غەرىزىدىكى ئاڭلىغۇچىلار بولمىسىلا، مەن ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى ئۇلارغا چۈشەندۇرگەن ھەم ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتىم. ھالبۇكى، مەن خىجىلچىلىق ھېسسىياتىدىن ۋاز كەچتىم، مەن ئۇ يەردە دېھلىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوردۇ تىلىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈم سۆزلەيەلەيدىغان تاققا - تۇققا ھىندى تىلىدا ئاڭلىغۇچىلاغا ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىمنى ئىپادىلەيتتىم، بۇ نۇقتىنى مەن ئورۇنلىدىم. بۇ قېتىمقى يىغىلىش ماڭا شۇنى بىۋاسىتە ئىسپاتلاپ بەردىكى، ھىندى تىلى بىلەن ئوردۇ تىلىنىڭ ئارىلاشمىسىلا ھىندىستاننىڭ دۆلەت تىلى بولالايتتى. مۇبادا مەن ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىگەن بولسام، ئاڭلىغۇچىلاردا شۇ كۆڭدىكىدەك تەسىر پەيدا قىلالمىغان بولاتتىم. يەنە كېلىپ موخانى رىقابەتلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەن دەپ ھېس قىلغان بولاتتى،

مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇنۇملۇك رەددىيە بېرەلمىگەن بولاتتىم.

مەن ھىندى تىلى ياكى ئوردۇ تىلىدىن يېڭى ئىدىيەمنى ئىپادىلەيدىغان مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم، بۇ مېنى قىيناپتتى. ئاخىرىدا مەن «ھەمكارلاشماسلىق» دېگەن سۆز بىلەن دېمەكچى بولغىنىمنى ئىپادىلىدىم. بۇ مېنىڭ بۇ سۆزنى مۇشۇ يىغىندا تۇنجى قېتىم ئىشلىتىشىم ئىدى. مۇغەننى سۆزلەۋاتقاندا مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مۇبادا قورال كۈچى ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىسا ياكى ئۇنى بىز ئارزۇ قىلمىساق، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە ئۇنۇملۇك قارشى تۇرۇش دېگىنى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ ۋە ھۆكۈمەت بىر ئىشتىلا ھەمكارلىشىۋاتقىنى يوق. مېنىڭچە، ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىشنى توختاتقاندىلا، ھۆكۈمەتكە ھەقىقىي قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولاتتى. شۇڭا مەن «ھەمكارلاشماسلىق» دېگەن بۇ سۆزنى يادىمغا ئالدىم. مەن ئەينى چاغدا بۇ سۆز ئىپادىلەيدىغان كۆپ تەرەپلىمە مەنىنى تېخى ئېنىق بىلمەيتتىم. شۇڭا مەن بۇ سۆزنى تەپسىلىي ئىزاھلىدىم. مەن پەقەتلا:

— مۇسۇلمانلار ئىنتايىن مۇھىم بىر قارارنى ماقۇللىدى. مۇبادا تىنچلىق شەرتلىرى ئۇلارغا پايدىسىز بولسا (بۇنداق بولۇشتىن پەرۋەردىگارىم ساقلىغاي)، ئۇلار ھۆكۈمەت بىلەن بولغان بارلىق ھەمكارلىقنى توختىتىشى لازىم. ھەمكارلاشماسلىق خەلقنىڭ تارتىۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ھوقۇق. بىزنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ نامىشەرىپىنى ساقلىشىمىز ياكى ھۆكۈمەتكە داۋاملىق مۇلازىمەت قىلىشىمىز ناتايىن. مۇبادا ھۆكۈمەت خەلىپە مەسىلىسىدەك مۇشۇنداق مۇھىم مەسىلىدە بىزدىن ۋاز كەچسە، بىزنىڭ ھەمكارلاشماسلىقتىن باشقا چارىمىز يوق. شۇڭا، بىز تاشلىۋېتىلگەندە، بىز ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلاشماسلىق ھوقۇقىغا ئىگىمىز، — دېيەلىدىم.

بىراق، بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ، «ھەمكارلاشماسلىق» دېگەن بۇ سۆز كەڭ تارقالدى. ئەينى چاغدا بۇ سۆز يەنىلا يىغىن خاتىرىسىدە كۆمۈلۈپ ياتاتتى. ئەمەلىيەتتە، بىر ئايدىن كېيىن مەن ئامرىتساردىكى كونگىرىسلار پارتىيەسى يىغىنىدا ھەمكارلىشىش قارارىنى قوللىغاندا بۇ خىل تاشلىۋېتىشنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەسلىكىنى ئارزۇ قىلغانىدىم.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

# ئامرىتسار كونگرېسلار پارتىيەسى

پەنجاپ ھۆكۈمىتىنىڭ مىڭلىغان پەنجاپلىقنى ئۇزاق مۇددەت تۈرمىدە تەقىب ئاستىغا ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈش قانۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۈرمىگە قامالغانىدى، يەنە كېلىپ بارلىق دەلىل - ئىسپاتلار تولۇق ئەمەس ئىدى، بۇ دېلولارنى بېجىرگەنلەرمۇ ئىسمى بار، جىسمى يوق سوتچىلار ئىدى. ئادەتتىكى قائىدىلەرگە ئاشكارا خىلاپلىق قىلىشتەك مۇنداق ئۇسۇل ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىغانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنى تۈرمىدە داۋاملىق تەقىب ئاستىغا ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى كۆپ ساندىكى كىشىلەر قويۇپ بېرىلدى. يىغىن ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە، لالا خاركىشانلال (Lala Harkishanlal) ۋە باشقا داھىيلارمۇ قويۇپ بېرىلدى. ئاكا - ئۇكا ئەلىلەرمۇ تۈرمىدىن بىۋاستە يىغىنغا كەلدى. كىشىلەر چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلدى. پاندىت موتىلال نېھرۇ شۇ قېتىملىق يىغىننىڭ رەئىسى ئىدى، ئۇ ئاجايىپ روناق تاپقان ئادۋوكاتلىق كەسپىنى تاشلاپ، پەنجاپنى ئۆزىنىڭ باش ئىشتابى قىلىپ، جەمئىيەتنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى. مەرھۇم سىۋامى شرادخاناندجى كۈتۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئىدى.

مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر، مەن كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشقاندا ھىندى تىلىنى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئىجابىي تەشەببۇس بىلەنلا چەكلەنگەنىدىم، مەن پىكىر بايان قىلغاندىمۇ ھىندى تىلىنى دۆلەت تىلى دەپ بەلگىلەشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەنلا چەكلەندىم، ئۇنىڭدىن باشقا، بايان قىلغان پىكىرلىرىمدە ھىندىستاننىڭ چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ يىل

مەن بۇ دائىرىدىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىشلارنى ئۆتتۈرىغا قويۇش ھەققىدە قايتا ئويلانمىدىم. ھالبۇكى، بۇرۇنقى نۇرغۇن ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا، مەسئۇل بولۇش خىزمىتى تاسادىپىيلا ماڭا يۈكلىنىپ قالاتتى.

ئەنگلىيە پادىشاھى جاكارلىغان ئىسلاھات لايىھەسى ئەينى چاغدا يېڭى ئېلان قىلىنغانىدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇ لايىھەنىڭ كەمچىلىكى بولسىمۇ، يەنىلا قوبۇل قىلىنىشقا بولاتتى. ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىدىن ۋە ھېلىقى لايىھەنىڭ تەلەپپۇزىدىن سىنخانىڭمۇ پىكىر قاتناشتۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئازراق ئۈمىدلەندىم. ھالبۇكى، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن پېشقەدەم جەڭچىلەر، مەسىلەن، مەرھۇم لوكامانىيا ۋە دېشاباندۇ (Deshabandhu) داسلار باشلىرىنى چايقاشتى. پاندىت مالاۋىياجى بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتتى.

مالاۋىياجى مېنى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. ھىندى دىنى مۇرىتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇل سېلىش مۇراسىمىدا، مەن ئۇنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشىنى چۈشەنگەنىدىم. بىراق، بۇ قېتىم بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تەپسىلىي كۆزەتتىم، مەن كۆرگەن پاكىتلار مېنى شادلىق ۋە تەئەججۈپ كەيپىياتىغا چۆمۈلدۈردى. ئۇنىڭ تۇرالغۇسى گوياكى نامراتلارنىڭ ھەقسىز كولۇبكىسىدەك تۇرالغۇسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۆيلەر ھەددىدىن تاشقىرى قىستاڭچىلىق بولغاچقا، ئۇياق ـ بۇياققا بۇرۇلىشقىمۇ بولمايتتى، ناھايىتى كۆپ چاقىرىلمىغان مېھمانلار ئۇنى ھەر دائىم ئىزدەپ كېلەتتى ھەمدە ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى خالىغانچە ئىگىلىۋالاتتى. بۇ كىچىك ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا مېنىڭ قوڭۇر رەڭلىك كارىۋىتىم قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ھەشەمەتلىك كۆرۈنەتتى.

بىراق، مەن بۇ بابتا مالاۋىياجىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى تەسۋىرلەشكە ئۇنچىۋالا كۆپ سەھىپە ئاجراتمىساممۇ بولىدۇ، يەنىلا ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى.

مۇشۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنى مالاۋىياجى بىلەن ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلالايدىغان بولدۇم، ئۇ ھەمىشە مويسىپىتلارچە سەممىيلىك بىلەن ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ كۆزقاراشلىرىنى چۈشەندۈرەتتى. مەن ئىسلاھات لايىھەسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە قاتنىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. مەن كونگرېسلار

پارتىيەسىنىڭ پەنجاپ ۋەقەسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولسامىمۇ، بۇ دېلوغا ئائىت باشقا ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلىشىم زۆرۈر، دەپ قارايتتىم. بىز مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق. ئوخشاشلا خەلىپە مەسىلىسىمۇ ھەل بولمىغانىدى. مەن ئەينى چاغدا شۇنىڭغا ئىشىنەتتىمكى، مونتاگۇ (Montagu) ئەپەندى بىزگە ئاسىيلىق قىلمايتتى. ئاكا ـ ئۇكا ئەلىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئامەتنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ھېلىقى ئىسلاھات لايىھەسىنى رەت قىلىدىغان ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلىدىغان بىر قارارنى ماقۇللاش توغرا ئىدى. ئەكسىچە دېشاباندۇ داس (Deshabandhu Das) لايىھەنى رەت قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىپ، ئۇ پۈتۈنلەي مۇۋاپىق ئەمەس، كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، دەپ قارىدى. مەرھۇم لوكامانىيا ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىتەرەپ مەيدان تۇتتى، لېكىن دېشاباندۇ قۇۋۋەتلىگەن ھەرقانداق قارارنى قوللاشنى قارار قىلدى.

جاھان كۆرگەن، ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر داھىيلارنىڭ پىكرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئازابلىق ئىش ئىدى. بىراق، مەيدانىم ناھايىتى ئېنىق ئىدى. مەن يىغىندىن ئايرىلماقچى بولدۇم، مەن پاندىت مالاۋىياجىغا ۋە موتىلالجىغا: «مۇبادا مەن يىغىننىڭ ئاخىرىغىچە ئولتۇرمىسام، بۇ كۆپچىلىككە پايدىلىق» دېدىم. شۇنداق قىلىپ، مەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر رەھبەرلەر بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپىمنى ئاشكارىلاشتىن ساقلىنىپ قالدىم.

ھالبۇكى، مېنىڭ تەكلىپلىرىم بۇ ئىككى مويسىپىتنىڭ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىدى. بەزىلەر پىكرىمنى لالا خاركىشانلالغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۇ:

— مۇتلەق ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلغاندا پەنجاپ خەلقىنىڭ ھېسسىياتى زەربىگە ئۇچرايدۇ، — دېدى.

مەن لوكامانىيا، دېشاباندو ۋە جىنناخ (Jinnah) ئەپەندىلەر بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلدىم. بىراق بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى، مەن دەردىمنى مالاۋىياجىغا تۆكۈپ بەردىم. ئۇ ماڭا: «مەن مۇرەسسەلەشىشتىن ئۈمىد كۈتمەيمەن، مەن تەكلىپ لايىھەمنى ئوتتۇرىغا قويسام، يىغىندا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىدۇ، ئارقىدىن ئۇنى ئاۋازغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، مەن بۇنىڭدىن ياخشىراق چارە تاپالمىدىم. بىز

ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېچىلغان يىغىنلاردا ئىنچىكە تۈردە قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىش شەكلىنى قوللىنىپ كەلدۇق، بۇنداق بولغاچقا رەسمىي ۋەكىل بىلەن سىرتتىن قاتناشقۇچىلارنى ئايرىماقمۇ تەس، ھالبۇكى، بىز بۇنداق يىغىنلاردا ئاۋاز بېرىشنى يولغا قويۇشنى ئويلاشتۇق، لېكىن بۇ خىل شارائىت يوق بولغاچقا، بۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە چىقمىدى» دېدى. بىراق، لالا خاركىشانلال كېلىپ مېنى بۇ غەمدىن خالاس قىلدى، ئۇ زۆرۈر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇ:

— ئاۋازغا قويىدىغان كۈنى سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يىغىن مەيدانىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بېلەت سانىنى ھېسابلاشقا مېنىڭ ئامالىم بار. بىراق، سىز يىغىن مەيدانىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ كېتىپ قالماڭ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندۈم ھەمدە تەكلىپ لايىھەسىنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ، دەككە ـ دۈككە ئىلكىدە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تەييارلاندىم. پاندىت مالاۋىياجى ۋە جىنناخ ئەپەندىلەر بۇنى قۇۋۋەتلىمەكچى بولۇشتى، مەن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، بىزنىڭ پىكىر ئىختىلاپىمىز بىرەر يامانلىق ئالامىتىنى تۇغدۇرمىغان بولسىمۇ، پىكىر ئىختىلاپىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى ئازابلايتتى، ئېچىندۇراتتى، ئۇلار ھەممەيلەننىڭ ئوخشاش پىكىرگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ھەتتا پىكىر بايان قىلىش داۋاملىشىۋاتقاندا، يىغىن سەھنىسىدە پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلىش چارىسى غۇلغۇلا قىلىندى، رەھبەرلەر ئارىسىدىمۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن باغاقچىلار ئالماشتۇرۇلدى. مالاۋىياجى ئامال قىلىپ ھاڭنى تىندۇرماقچى بولۇۋاتاتتى، دەل مۇشۇ چاغدا جېرامداس تۈزىتىلگەن لايىھەنى ماڭا بەردى، ئۇ سەممىي پوزىتسىيە بىلەن مەندىن ئىلاج قىلىپ ۋەكىللەرنى بۆلۈنۈشتىن توسۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسى كۆڭلۈمگە ياقتى. مالاۋىياجى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئۈمىد كۈتمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا جېرامداسنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھەسىنى ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، دېدىم. ئارقىدىن بۇ لايىھەنى كۆرگىنى لوكامانىيا ئىدى. ئۇ:

— مۇبادا، س . ر . داس قوشۇلسا، مەن بۇنىڭغا قارشى تۇرمايمەن، — دېدى. دېشاباندۇ ئاخىر يۇمشىدى، ئۇ بىسان چاندرا پال (Chandra Pal) ئەپەندىگە گويا ئۇنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلغاندەك قاراپ

قويدى. مالاۋىياجى ئۇمىدكە تولدى، ئۇ تۈزىتىلگەن لايىھە ئارگىنالىنى تارتىۋېلىپ، مالاۋىياجى ئۇنى «بولىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان سۆزنى ئېيتىشتىن بۇرۇنلا چوڭ يىغىنغا داۋراڭ سېلىۋەتتى. ئۇ:

— ۋەكىل قېرىنداشلار، سىلەرگە خۇشاللىق بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى، مۇرەسسەدىن نەتىجە چىقتى، — دېدى. ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە ئامالسىزمەن، يىغىن مەيدانىدا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايلىرىدا دەرھال شادلىق نۇرى جىلۋە قىلدى.

تۈزىتىلگەن لايىھەنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئىزاھلاش ھاجەتسىز. مېنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىم، بۇ تەكلىپ لايىھەسىنىڭ قانداق ماقۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنى مۇشۇ بىرقانچە بابتا سۆزلەنگەن تەجرىبىلەرنىڭ بىر قىسمى قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس.

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ پارتىيەگە كىرىش مۇراسىمى

مەن كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئامرىتسار يىغىنىغا قاتناشقانلىقىمنى كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ھەقىقىي قاتناشقانلىقىم، دەپ قارايمەن. مېنىڭ بۇرۇنقى بىرنەچچە نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنلارغا قاتناشقانلىقىم ئۆزۈمنىڭ كونگرېسلار پارتىيەسىگە بولغان ساداقىتىمنى قايتا تەكىتلەشتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. مەن ئۇ خىل ئەھۋالدا خۇسۇسىي ئىشلىرىمدىن باشقا، بىرەر خىزمەتنىڭ ماڭا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ باقمىدىم، يەنە كېلىپ تېخىمۇ كۆپرەك خىزمەت قىلىشنى ئۆزۈممۇ ئارزۇ قىلمايتتىم.

ئامرىتساردىكى تەجرىبىلىرىم شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، بەزى ئىشلارنى ئىشلەشكە قۇربىم يېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونگرېسلار پارتىيەسىگە مەن لازىم ئىدىم. مەن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، پەنجاپتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىمدىن مەرھۇم لوكامانىيا، دېشابانىدۇ، پاندىت موتىلالجى قاتارلىق رەھبەرلەر ناھايىتى خۇشال بولغانىدى. ئۇلار ھەمىشە مېنى ئۆزلىرىنىڭ غەيرىي رەسمىي يىغىلىشلىرىغا تەكلىپ قىلاتتى، مەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل يىغىنلاردا تەكلىپ كومىتېتىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى ۋە تۈزۈپ چىققانلىقىنى كۆرەتتىم. ئاشۇ رەھبەرلەرنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ياكى رەھبەرلەر ئېھتىياجلىق كىشىلەرلا بۇنداق يىغىلىشلارغا تەكلىپ قىلىناتتى. بۇنداق يىغىلىشلارغا بەزىدە ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرمۇ قاتنىشىپ قالاتتى.

كېيىنكى يىلى ئىككى تۈرلۈك ئىش مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى، چۈنكى مەن بۇ ئىككى مەسىلىگە قىزىقاتتىم. ئۇنىڭ بىرسى، جالىئانۋالا گۈللۈكىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق ئىدى. كونگرېسسلار پارتىيەسى ماقۇللىغان بىر قارار قىرغىن قوللاشقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن 500 مىڭ رۇپىيەلىك فوند توپلاش كېرەك ئىدى. مالاۋىياجىنىڭ جامائەت ئارىسىدا قەلەندەرلەر شاھى دېگەن نامى بار ئىدى. بىراق، مەن بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتىم، مەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ۋاقتىمدا بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىمنى بايقىغاندىم. مېنىڭدە مالاۋىياجىغا ئوخشاش ھىندىستان ئېسىلزادىلىرىدىن كۆپلەپ ئىئانە توپلاشتەك تەڭداشسىز سېھىرگەرلىك يوق ئىدى. ھالبۇكى، مەن جالىئانۋالا گۈللۈكىگە خاتىرە ساراي سېلىش ئۈچۈن بەگ ــ غوجاملاردىن ئىئانە توپلاشنىڭ ھېچقانچە مەسىلە ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. پەرەز قىلغىنىمدەك ئىئانە توپلاش ئىشى رىممەمگە يۈكلەندى. بومباي خەلقى زور مىقداردا پۇل ئىئانە قىلدى، خاتىرە ساراي سېلىشتىن ئېشىپ قالغان خېلى كۆپ پۇل ھېلىمۇ بانكىدا ساقلانماقتا. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەرگە قانداق خاتىرە ساراي سېلىش مەملىكەت دۇچ كەلگەن مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھىندى دىنى مۇرىتلىرى، مۇسۇلمانلار، شىك دىنى مۇرىتلىرى كالللىسىنى تولۇق ئىشقا سالدى. بۇ ئۈچ دىندىكى مۇرىتلار ئىناقلىق ۋە مېھىر ــ مۇھەببەت بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆزئارا ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشتى، ھەتتا خاتىرە ساراي سېلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان پۇلنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىگە پۈتكۈل ھىندىستانمۇ ئامال قىلالمىدى.

مەن كونگرېسسلار پارتىيەسىدىكىلەرگە ھۆججەتلەرنىڭ كوپىيەسىنى تۈزۈپ بېرەتتىم. كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى مېنىڭ مەسىلىلەرنى ئاددىي، پىششىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشتەك قابىلىيىتىمنى بايقاپ قالغاندى. مەن بۇ خىل قابىلىيەتنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرگەنىدىم. ئەينى چاغدىكى كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسى گوكلېينىڭ ئەسىرى ئىدى. ئۇ بىرقانچە ماددىلىق قائىدە ــ نىزام بېكىتىپ، ئۇنى كونگرېسسلار پارتىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئاپپاراتنىڭ ئاساسى قىلغانىدى. گوكلېي بۇ

قائىدە ـ تىزىملارنى تۈزۈشتىكى قىزىقارلىق تارىخنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى. ھالبۇكى، كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ ئىشلىرى پارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەچكە، ھازىر كۆپچىلىك بۇ قائىدە ـ تىزىملارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتقىنىنى ھېس قىلىشتى. بۇ مەسىلە يىلمۇيىل ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇردى. شۇ چاغلاردىكى كونگرېسسلار پارتىيەسىدە يىغىن ئارىلىقلىرىدا كۈندىلىك ئىشلارنى بېجىرىدىغان ياكى مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان كۈتۈلمىگەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئاپپارات يوق ئىدى. ھازىرقى قائىدە ـ تىزىم بويىچە ئۈچ سېكرېتار بولۇشى كېرەك ئىدى، بىراق ئەمەلىيەتتە ئىشلارنى بىرلا سېكرېتار بېجىرەتتى، يەنە كېلىپ ئۇ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىر ئەمەس ئىدى. بىر ئادەم پارتىيە ئىشتابىنىڭ خىزمەتلىرىگە قانداقمۇ يېتىشىپ بولالىسۇن؟ كەلگۈسى خىزمەتلەرنى قانداقمۇ ئويلىيالىسۇن ياكى كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك يىغىنى بەلگىلىگەن بۇ يىللىق ۋەزىپىلەرنى قانداقمۇ زىممىسىگە ئالالىسۇن؟ شۇڭا، شۇ يىلى كۆپچىلىك بۇ مەسىلىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇھىم دەپ قاراشتى. كونگرېسسلار پارتىيەسى ئىنتايىن كېلەڭسىز تەشكىلات بولغاچقا، جامائەت ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ناھايىتى قولايسىز ئىدى. يىغىن ۋەكىللەرنىڭ سانىنى قىلچىمۇ چەكلىمەيتتى، ئۆلكە ۋەكىللىرىنىڭ سانىغا قارىتامۇ بەلگىمە يوق ئىدى. بۇ خىل قالايمىقان ئەھۋالغا ئاساسەن، كۆپچىلىك بۇنى يەنىمۇ ياخشىلاش زۆرۈر دەپ قارايتتى. شۇڭا مەن پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈزۈتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ماڭا شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، ئەينى چاغدا لوكامانىيا بىلەن دېشاباندۇنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرى ئىنتايىن زور ئىدى. شۇڭا ئۇلار خەلق ۋەكىلى بولغانىكەن، پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىدىغانغا ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭا، كومىتېتتا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەمنىڭ مەن بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىشى، كومىتېت ئەزاسى ئۈچتىن ئېشىپ كەتمەسلىك ھەققىدە تەكلىپ بەردىم. پارتىيە نىزامنامىسى كومىتېتى

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىممۇ يىغىن ئاچالمىدى. بىراق بىز خەتتە چوڭ ئالاقىسى ئارقىلىق ئاخىرىدا بىر دەك قوشۇلغان دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەن پارتىيە نىزامنامىسىنى مۇكەممەل قىلىپ تۈزۈپ چىقالىساقلا، مۇشۇ پاكىت بىزگە ئاپتونومىيە ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايتتىم. دەل مۇشۇنداق مەسئۇلىيەت تۈيغۇسىغا ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەن ئۆزۈمنى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ھەقىقىي قاتناشتىم دېيەلەيمەن.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# ماتا ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

1908 ـ يىلى مەن «ھىندىستان ئاپتونومىيەسى» دېگەن كىتابىمدا رەخت توقۇش ماشىنىسى بىلەن چاقنى ھىندىستاندا كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان نامراتلىقنى داۋالايدىغان تۇتىيا مەلھەم دەپ تەسۋىرلىگەنىدىم. ئەينى چاغدا ئۇ نەرسىلەرنى كۆرگىنىم ئېسىمدە قالماپتۇ. شۇ كىتابتا ھىندىستاندىكى كەڭ ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزالايدىغان ھەرقانداق ئامىل ئوخشاش بىر جەرياندا ئۆزنى ئاپتونومىيەگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دەپ قارىغانىدىم. مەن 1915 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدىن ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندە، بىرەرمۇ چاقنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتى سابارماتىتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىز بىرقانچە رەخت توقۇش ماشىنىسىغا ئېرىشتۇق. بىراق، بىز باشتىلا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدۇق. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز يا ئەركىن كەسىپتىكىلەر، يا سودا ـ سېتىقچىلار بولغاچقا، ھۈنەر بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بىز توقۇش ئىستانوكىنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، توقۇمىچىلىق مۇتەخەسسىسىنىڭ ئۆگىتىشىگە موھتاج ئىدۇق. كېيىن بىز پالانپۇردىن بىر ئادەمنى تاپتۇق، بىراق ئۇ ھۈنىرىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئۆگىتىپ قويغىلى ئۇنىمىدى. ھالبۇكى، ماگانلال گەندى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى، ئۇنىڭدا ماشىنىدىن پايدىلىنىش تالانتى بار ئىدى. ئۇزاققا قالماي، ئۇ بۇ ھۈنەرنى پىششىق ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنستىتۇتىمىزدىن يېڭى توقۇمىچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىقتى.

بىزنىڭ نىشانىمىز كىيىم ـ كېچەككە ئېھتىياجلىق رەختنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولىمىز بىلەن توقۇپ چىقىرىش ئىدى. شۇڭلاشقا،

www.uyghurkitap.com

بىز توقۇمىچىلىق فابرىكىسى توقۇغان رەختلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئىنىستىتۇتتىكى بارلىق خادىملار ھىندىستاننىڭ يەرلىك ئۇسۇلدا توقۇلغان ماتالاردا كىيىم كىيىشنى قارار قىلدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە بىزنى ئىنتايىن مول تەجرىبىگە ئىگە قىلدى. بىز بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلەش ئارقىلىق توقۇمىچى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ چېكىنى، پاختا يىپ سېتىۋېلىشتىكى قىيىنچىلىقىنى، باشقىلارغا ئالدانغاندىكى ئازابلىرىنى ھەمدە قەرزىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى چۈشەندۇق. بىز ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق رەختنى بىراقلا ئىشلەپچىقارالمايتتۇق، شۇڭلاشقا رەخت توقۇغۇچى ھۈنەرۋەنلەردىن كەملىگەن قىسمىنى سېتىۋالاتتۇق. ھالبۇكى، ھىندىستان فابرىكىلىرىدا توقۇلغان تەييار رەختلەرنى گەزمال سودىگەرلىرىدىن ياكى رەخت توقۇغۇچىلاردىن ئاسانلىقچە سېتىۋالالمايتتۇق. توقۇمىچىلار توقۇغان سېپتا رەختلەرنىڭ ھەممىسى چەت ئەلنىڭ پاختا يىپىدا توقۇلاتتى، چۈنكى ھىندىستاننىڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ئىنچىكە يىپ ئىشلەپچىقىرالمايتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھىندىستاندىكى يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرى ئىشلەپچىقارغان ئىنچىكە يىپ ناھايىتى چەكلىك، ئالىي دەرىجىلىك ئىنچىكە يىپنى مۇتلەق ئېگىرەلمەيدۇ. بىز شۇنچە كۆچەپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا بىزگە دۆلىتىمىزنىڭ پاختا يىپىنى ئېگىرىپ بېرىشنى خالايدىغان بىرقانچە توقۇمىچى ئىشچىنى تاپتۇق. لېكىن، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان بارلىق رەختنى ئىنىستىتۇتىمىز سېتىۋېلىش شەرتىنى قويدى. بىز شۇنداق قىلىپ يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرى ئېگىرگەن يىپتا توقۇلغان رەختتە كىيىم كىيدۇق، بۇ ئىشنى دوستلىرىمىز ئارىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرىنىڭ ئىختىيارىي ۋاكالەتچىسى بولۇپ قالدۇق. بۇ بىزنى يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى، بىز ئۇلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. بىز يىپ ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ نىشانى ئۆزلىرى ئېگىرگەن يىپلارنى تېخىمۇ كۆپرەك ئىشلىتىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتۇق. ئۇلارنىڭ ماتا توقۇش ئىشچىلىرى بىلەن تۈزگەن توختامى ئىختىيارىي ئەمەس، بەلكى ئىلاجسىزلىقتىن ئىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ يىپ ئېگىرەلمەيدىغانلىقىمىزدىن

ناھايىتى ئەپسۇسلىناتتۇق. ئىش ناھايىتى ئېنىق ئىدى، ئۆزىمىز يىپ ئېگىرەلىسەكلا، يىپ ئېگىرىش فابرىكىسىغا يۆلىنىۋېلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلەيتتۇق. بىز ھىندىستان يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرى ئۈچۈن داۋاملىق ۋاكالەتچى بولساق، بۇنىڭ دۆلەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتۇق.

توگىمەس قىيىنچىلىقلار بىزگە يەنە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بىز ھەم چاق، ھەم بىزگە يىپ ئېگىرىشنى ئۆگىتىپ قويىدىغان بىرەر ئىشچى تاپالمىدۇق. ئىنستىتۇتىمىزدا پاختا يىپ ئورايدىغان بىرقانچە غالتەك ۋە توقۇش يىپى ئوقى بار ئىدى، بىز بۇ نەرسىلەرنى چاق ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتۇق. بىر كۈنى كالىداس جىخاۋېرى (Kalidas Jhaveri) يىپ ئېگىرىش ھۈنىرىنى بىزگە ئۆگىتىپ قويۇشنى خالايدىغان بىر ئايالنى تېپىپتۇ. بىز ئىنستىتۇتىمىزدىن يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىشكە ماھىر بىرەيلەننى ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا ئەۋەتتۇق. ھالبۇكى، بۇ كىشىمۇ بۇ ھۈنەرنى ئىگىلىۋالالماي قايتىپ كەلدى.

ۋاقىت بىكار ئۆتۈپ كەتكەنسېرى ئىچىمدە شۇنچە تىت ــ تىت بولماقتا ئىدىم. ئىنستىتۇتىمىزغا ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەلگەنلەرنى ھەر قېتىم ئۇچراتقىنىمدا، يىپ ئېگىرىش ھۈنىرىدىن ئازراقلا خەۋىرى بارلارنى كۆرسەم، ئۇلاردىن بۇ جەھەتتىكى تېخنىكىغا دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورايتتىم. ھالبۇكى، بۇ تېخنىكىنى بىلىش ئاياللار بىلەنلا چەكلىنەتتى، يەنە كېلىپ نەسلى قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى. مۇبادا بۇنداق كىشىلەر تاسادىپىي بەزى بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلاردا ساقلىنىپ قالدى دېيىلگەندىمۇ، بۇنىڭ نەدىلىكىنى ئاز ساندىكى ئاياللارلا بىلەتتى.

1917 ــ يىلى گۇجاراتلىق بىرقانچە دوستۇم مېنى بروئاچ (Broach)تىكى مائارىپ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئاپاردى. ئۇ يەردە ھېلىقى خاسىيەتلىك ئايال ـــ گانگابېن ماجمۇدار (Gangabehn Majmudar)نى ئۇچراتتىم. ئۇ تۇل خوتۇن بولسىمۇ، بىراق كەسىپچانلىق روھى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئالغان تەربىيە مائارىپنىڭ ئادەتتىكى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئانچە كۆپ دېگىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، جۈرئەت ۋە ئومۇمىي ساۋات نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ تەربىيە ئالغان ئاياللاردىن ئېشىپ چۈشەتتى، ئۇ يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ دەيدىغان تۇزۇمىنىڭ كونا قائىدىلىرىدىن ئادا ــ جۇدا بولغان

بولۇپ، يۇرەكلىك هالدا ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئارىسىدا هەرىكەت قىلماقتا هەمدە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىمۇ يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، هەرقانداق يەرگە بارسا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موهتاج بولمايتتى. ئۇ ئات مىنىشكە ماهىر ئىدى. مەن گودخرا (Godhra) يىغىنىدا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم. ئۇنىڭغا چاق هەققىدىكى دەردىمنى تۆكۈپ بەردىم. ئۇ بىزگە چاق تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، مېنى ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلدى.

www.uyghurkitap.com

## قىرىقىنچى باب

# ئاخىر تاپتۇق!

گانگابىن گۇجاراتنى كېزىپ، بانگالور ئىشتاتىدىكى ۋىجاپۇر (Vijapur)دىن چاق تاپتى. ئۇ يەردىكى نۇرغۇن ئائىلىلەردە چاق بار ئىدى. بىراق، ئۇزاقتىن بۇيان بۇ چاقلار كېرەكسىز نەرسە قاتارىدا تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئۇلار گانگابېنغا باشقىلار بىزنى پىلتا پاختا بىلەن دائىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلسا ھەمدە ئۇلار ئېگىرگەن يىپلىرىمىزنى سېتىۋالسىلا، يىپ ئېگىرىش ئىشلىرىنى يېڭىباشتىن يولغا قويىمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ. گانگابىن بۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزدى، پىلتا پاختا بىلەن تەمىنلەش بىر قىيىن ئىش ئىدى. مەن بۇ ئىشنى ئۆمەر سۇبھانغا ئېيتتىم، ئۇ دەرھال فابرىكىسىدىكىلەرگە يېتەرلىك پىلتا پاختا بىلەن تەمىنلەشنى جېكىلىدى، بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز ھەل بولدى. مەن ئۆمەر سۇبھان تەمىنلىگەن پىلتا پاختىنى گەنگاپىنغا ئەۋەتىپ بەردىم، ئۇزاققا قالماي پاختا يىپ ئېگىرىلىپ چىقتى، مەھسۇلاتمۇ كۆپەيدى، جاپالىق ئەجىر مېۋە بەردى.

ئۆمەر سۇبھان ئەپەندى ناھايىتى جۇشقۇن، كەڭ قورساق ئىدى، ئەمما بىز ھەمىشە ئۇنىڭدىن پايدا ئالساق بولمايتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئۈزلۈكسىز پىلتا ئېلىپ تۇرغاچقا بىئارام بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ پىلتىسىنى ئېلىشنىڭ ئۆزى چوڭ خاتالىق دەپ ئويلايتتىم، كىشىلەر ماشىنىدا ئىشلەنگەن پىلتىنى ئىشلەتكەن يەردە نېمە ئۈچۈن ماشىنىدا ئېگىرىلگەن پاختا يىپلارنى ئىشلەتىشكە بولمايدىكەن؟ ئەجەبا قەدىمكىلەر يىپ ئېگىرىش فابرىكىلىرىنىڭ پىلتا پاختا بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىپتىكەنمۇ؟ ئۇنداقتا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار پىلتا پاختىنى قانداق ياساپتىكەن؟

كۆڭلۈمگە مۇشۇ ئويلار كەچكەندىن كېيىن، مەن گانگايىنغا پىلتا پاختا بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان بىر قانچە ئۇستىنى تېپىش تەكلىپىنى بەردىم. ئۇ ۋەزىپىنى ئۇن ـ تىنسىز ئۇستىگە ئالدى، ئۇ پىلتا ئەتكۈچى ئۇستىدىن بىرنى ياللىدى، ئۇنىڭغا ئېيىغا 35 رۇپىيەدىن ئىش ھەققى بېرىلدى. مەن بۇ چاغدا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايتتىم. ئۇ بىرقانچە ياشنى تەييارلانغان پاختىنى پىلتىلەش مەشقىگە سالدى، مەن بومبايدىكىلەردىن پاختا بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدىم، ياشۋانت پراساد دېسەي ئەپەندى بۇنىڭغا دەرھال ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ گەنگاپىننىڭ ئىشلىرى مۆلچەردىكىدىن ھالقىپ راۋاجلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە بىرقانچە ئىشچى تېپىپ، ۋىجاپۇردا ئېگىرىلگەن يىپلاردىن رەخت توقۇدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىجاپۇرنىڭ يەرلىك رەختلىرى ئۇزاققا قالماي داڭق چىقاردى.

بۇ ئىشلار ۋىجاپۇردا تەرەققىي قىلىۋاتقاندا، چاق ئىنستىتۇتتا ناھايىتى تېزلىكتە مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىدى. ماگانلال گەندى ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك ماشىنىسازلىق تالانتىغا تايىنىپ چاقنى خېلى كۆپ ياخشىلىدى، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتى شۇنىڭغا ئەگىشىپ چاق ۋە قوشۇمچە دېتاللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. ئىنستىتۇتتا ئۆزىمىز توقۇغان تۇنجى توپ رەختنىڭ ھەربىر تېپىنىڭ قىممىتى 17 ئەنناغا توختىدى. رەخت قوپال توقۇلغان، باھاسى قىممەت بولسىمۇ، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنى دوستلارغا ساتتىم، ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى.

مەن بومبايدا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسامۇ، يەنىلا بىر ئىلاج قىلىپ سىرتتا چاق ئىزدەيتتىم. ئاخىرىدا مەن تاسادىپىي ئىككى توقۇمىچى ئىشچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلار بىر شىل پاختا① يىپنى بىر رۇپىيەگە ئېگىرىدىكەن. بۇ 28 تورا ياكى تۆتتىن ئۈچ قاداق دېگەن گەپ. مەن ئەينى چاغدا ماتانىڭ بازار ئەھۋالىنى ئۇقمايتتىم. مەن قولدا ئېگىرىلگەن پاختا يىپ سېتىۋالساقلا بولىدۇ، باھاسى قىممەترەك بولسىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق دەپ قارايتتىم. ئۆزىمىز قويغان باھا بىلەن ۋىجاپۇرنىڭ باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ

① ھىندىستان ئېغىرلىق بىرلىكى، تەخمىنەن ئىككى قاداققا باراۋەر.

كۆرگەندىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ ئالدانغانلىقىمنى بىلدىم. بۇ ئىككى توقۇمىچى باھانى چۈشۈرۈشكە ئۇنىمىدى، شۇڭلاشقا ئۇلارنى قايتا ئىزدىمىدىم. بىراق، ئۇلارمۇ ياخشى قىلغانىدى، ئۇلار ئاۋانتىكابەي (Avantikabai) خانىم، شانكېرلال بانكېرنىڭ تۇل ئانىسى رامىبەي كامدار (Ramibai Kamdar) خانىم ۋە ۋاسۇماتىبېن (Vasumatibehn) خانىملارغا يىپنى قانداق ئېگىرىشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. چاقنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆيۈمدە ياڭراشقا باشلىدى. مەن قىلچە مۇبالىغە قىلماي شۇنداق ئېيتالايمەنكى، سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە چاق ساداسى ئاز كۈچ چىقارمىدى. مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، بۇ ئىشتا پىسخىك جەھەتتىكى ئۈنۈم فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى ئۈنۈمدىن چوڭ بولدى. ھالبۇكى، بۇ پىسخىكىنىڭ فىزىيولوگىيەگە بولغان تەسىرىنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەينى چاغدا مەن كۆپ يىپ ئېگىرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن چامىمنىڭ يېتىشىچە يىپ ئېگىرىش بىلەن شۇغۇللانغانىدىم.

بومبايدا قولدا ئېتىلگەن پىلتا (ئۇچ) بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت كونا مەسىلە يەنە تۇغۇلدى. پاختا ئاتىدىغان بىر ئىشچى ھەر كۈنى رېۋاشانكار ئەپەندىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن تىترىگىنىچە ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن ئۇنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ پاختا ئاتقۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ بىزگە پىلتا ئېتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئىش ھەققى سەل يۇقىرى بولسىمۇ، مەن يەنىلا شۇ بويىچە بەردىم، مەن مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئېرىشكەن پاختا يىپلارنى ۋىسنۇ دىنى مۇرىتلىرىغا «ئېكاداش» تەركىتاماق كۈنىدىكى گۈلچەمبىرەككە ئىشلىتىش ئۈچۈن سېتىپ بەردىم. شىۋجى (Shivji) ئەپەندى بومبايدا يىپ ئېگىرىش مەشقى سىنىپى ئاچتى. مۇشۇ تەجرىبىلەرگە خېلى كۆپ پۇل خەجلەندى. بىراق، ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە دوستلار، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر يەرلىك رەخت ھەرىكىتىگە ئىشەنچ بىلەن قارىدى، بۇ پۇلنى خەجلەشكە رازى بولدى. مېنىڭ يۇزەكى تەسىراتىمدىن قارىغاندا، بۇنداق خەجلەنگەن پۇلنى ئىسراپ بولدى دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىزنى ئىنتايىن مول تەجرىبە بىلەن تەمىن ئەتتى، يەنە كېلىپ ئۇ بىزگە چاقنى ئىشلىتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مەن ئۆزۈمنىڭ تېخىچە ماتادىن كىيىم كىيگەنلىكىمنى كەچۈرەلمەيتتىم. مېنىڭ «تودى»يىم يەنىلا ھىندىستاندىكى فابرىكىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان سىپتا رەختتىن تىكىلگەنىدى. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتى ۋە ۋېكاپۈردا ئىشلەپچىقىرىلغان ماتالار پەقەت 30 ئىنگلىز سۈڭى كەڭلىكتە ئىدى. مەن گەنگاپىنغا مېنى بىر ئاي ئىچىدە 45 ئىنگلىز سۈڭى كەڭلىكتىكى ماتادىن تىكىلگەن «تودى» بىلەن تەمىنلىمىسىڭىز، ئۇنداقتا مەن قىسقا ماتادىن تىكىلگەن «تودى» كىيىشكە مەجبۇر بولىمەن دېدىم. بۇ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم ئۇنى خېلى تىترەتتى. ھالبۇكى، پاكىتلار ئۇنىڭ بۇ تەلەپىنى ئورۇنلىيالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىر ئايغا يەتمەيلا ئۇ كەڭلىكى 45 ئىنگلىز سۈڭى كېلىدىغان ئىككى قۇر ماتادىن تىكىلگەن «تودى»نى ئەكېلىپ، مېنى مۈشكۈلچىلىكتىن قۇتقۇزدى.

ئالاھازەل مۇشۇ ۋاقىتلاردىغۇ دەيمەن، راكىسمىتاس ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى گانگابېن راندى ئىسىملىك توقۇمىچى ئىشچىنى رادىدىن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتىغا ماتادىن «تودى» توقۇشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننىڭ ماتانى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا ئوينىغان رولى ھەقىقەتەن زور ئىدى. ئۇلار گۇجاراتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بىر تالاي ئادەمنى قولدا پاختا يىپ ئېگىرىشكە يېتەكلىدى. گانگابېننىڭ دەستىگاھ ئالدىدا ماتا توقۇۋاتقان كۆرۈنۈشى كىشىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرەتتى. ساۋاتسىز، لېكىن سالماق كەلگەن بۇ ھەدىمىز دەستىگاھ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغاندا زېھنىي كۈچىنى شۇ دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرەتتىكى، ئۇنىڭ دىققىتىنى دەستىگاھتىن باشقا نەرسە جەلپ قىلالمايتتى.

## قىرىق بىرىنچى باب

## رىغبەتلىك پاراڭ

ماتا ھەرىكەتتىكى ئەينى چاغدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھەرىكىتى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ دەسلەپ باشلانغاندا ئۆمەر سۇبھان ناھايىتى قابىل فابرىكا غوجايىنلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ بىلىمى ۋە تەجرىبىسى ئارقىلىق مېنى نەپكە ئېرىشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مېنىڭ باشقا فابرىكا غوجايىنلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئىگىلىشىمگىمۇ ياردەم بەرگەنىدى. بىر فابرىكا غوجايىنىنىڭ غۇلغۇلىسى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى، ئۇ ماڭا ئۇ كىشى بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈڭ دېدى، مەن بۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم. سۇبھان ئەپەندى شۇ قېتىملىق سۆھبەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ھېلىقى فابرىكىنىڭ غوجايىنى ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى:

— ئىقتىسادتا ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھەرىكىتىنىڭ بۇرۇنمۇ ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— شۇنداق، بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— بىلسىڭىز كېرەك، پارچىلاپ ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغان ئاشۇ كۈنلەردە بىز فابرىكا غوجايىنلىرى ئىقتىسادتا ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش ھەرىكىتىدىن تولۇق پايدىلانغانىدۇق. بۇ ھەرىكەت تازا ئەۋجىگە چىققاندا، بىز رەختنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋەتتۇق. يەنە كېلىپ بۇنىڭدىنمۇ ئەسكى ئىشلارنى قىلدۇق.

— شۇنداق، بۇ ئىشلارنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى.

— كۆڭلىڭىزنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى چۈشىنىمەن. بىراق، كۆڭلىڭىزنىڭ يېرىم بولۇشىغا ئەرزىيدىغان سەۋەبنى مەن كۆرەلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

بىز ساخاۋەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن سودا قىلىۋاتقىنىمىز يوق. بىزنىڭ سودا قىلىشىمىز پۇل تېپىش، پايچىلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن. تاۋار باھاسى تەمىنلەش ـ ئېھتىياج مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. بېنگاللىقلار بىلىشى لازىمكى، ئۇلار ئىش تېرىغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىياج ئېشىپ كەتتى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن رەختلەرنىڭ باھاسىمۇ ئۆسۈپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم:

— بېنگاللىقلارمۇ ماڭا ئوخشاش باشقىلارغا بەك ئىشىنىپ كېتىدۇ، ئۇلار فابرىكا خوجايىنلىرىنى چېكىدىن ئاشقان نەپسانىيەتچىلەر، قىلچىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكى يوق، دۆلەت كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە دۆلەتكە ساتقۇنلۇق قىلىدىغان، ھەتتا ئەسەبىيلىشىپ ئەجنەبىيلەرنىڭ رەختلىرىنى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان رەخت دەپ ساتىدىغان نائەھلىلەر دەپ قارايدۇ.

— سىزنىڭ باشقىلارغا ئىشىنىپ كېتىدىغان مىجەزىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ گېپىگە رەددىيە بېرىپ، — مەن دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتقانمەن، سىزگە نەسىھەت قىلىپ قوياي، كاللىسى ئاددىي بېنگاللىقلارغا ئوخشاش بۇ خىل خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماڭ.

ئۇ بۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن يېنىدا تۇرغان خىزمەتكارغا قول ئىشارىسى قىلىپ، ئۇنى زاۋۇتتىكى تاۋار ئەۋرىشكىلىرىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئەۋرىشكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ خىل رەختلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ. بۇ زاۋۇتىمىزنىڭ ئەڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرى، بۇ خىل رەختلەرنىڭ سېتىلىش يولى ئىنتايىن كەڭ. بۇ پۇرۇچ رەختلەردىن توقۇلغان، باھاسىمۇ ئەرزان، بىز بۇلارنى شىمالغا، ھەتتا يىراقتا ھىمالايا تاغ جىلغىلىرىغا ئاپىرىمىز ساتىمىز. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋاكالەتچىلىرىمىز بار، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ياكى ۋاكالەتچىلىرىڭىز مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغان جايلاردىمۇ بىزنىڭ ۋاكالەتچىلىرىمىز بار. شۇڭا، چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، بىز بۇنىڭدىن كۆپ ۋاكالەتچىگە موھتاج ئەمەسمىز. بۇنىڭدىن باشقا، سىز شۇنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەككى، ھىندىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان رەخت دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجىنى مەڭگۈ

قاندۇرالمايدۇ، شۇڭا ئىقتىسادتا ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇش مەسىلىسى ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئىشلەپچىقىرىشنى زور مىقداردا ئاشۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرسەكلا، ئەجنەبىيلەرنىڭ رەختىنى ئىمپورت قىلىش تەبىئىيلا توختايدۇ. شۇڭا مەن سىزگە دىققەت - نەزىرىڭىزنى يېڭى توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنى قۇرۇشقا يۆتكەڭ دەپ نەسىھەت قىلىمەن. بىزنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنىمىز تەشۋىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆپلىگەن كىشىلەرنى رەختلىرىمىزنى سېتىۋېلىشقا چاقىرىق قىلىش ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ رەخت ئىشلەپچىقىرىش.

— مۇبادا مەن سىز دېگەن بۇ ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسام، سىز مېنى قۇتلۇقلارسىز؟ — دېدىم مەن.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا، ئۇ سەل ئەجەبلەنگەندەك قىلاتتى، — سىز يېڭى توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغاندەك تۇرىسىز، شۇنداق بولسا، مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن.

— مېنىڭ قىلغانلىرىم بىلەن سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز تامامەن ئوخشاشمايدۇ، — دېدىم مەن، — مېنىڭ كۈچەۋاتقىنىم قانداق قىلىپ دەستىگاھلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

— بۇ قانداق ئىش ئەمدى؟ — ئۇ بارغانسېرى گاڭگىراپلا قالغانىدى. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ چاق تاپقانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم ھەمدە ئۇلاپلا:

— مەن پىكرىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن، مەن توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ ۋاكالەتچىسىگە ئايلىنىپ قالدىم، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. بۇنىڭ دۆلەتكە پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق بىر مەزگىلدە فابرىكىلىرىمىز خېرىدار يوق بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ خىزمىتىم (ھازىر قىلىۋاتقىنىم ھەم شۇ) قولدا ماتا توقۇشنى تەشكىللەش ھەمدە ماتالارنى سېتىش بولۇشى لازىم. شۇ ۋەجىدىن دىققىتىم ماتا ئىشلەپچىقىرىشقا مەركەزلەشتى. مېنىڭ بۇ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادتا ئۆز - ئۆزىگە غوجا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشىم، ئۇ ئارقىلىق ھىندىستاندىكى يېرىم ئاچ - يالىڭاچ، يېرىم ئىشسىز ئاياللارغا خىزمەت تېپىپ بېرىش ئۈچۈن. مېنىڭ نىيىتىم مۇشۇ ئاياللارنى يىپ ئېگىرىشكە سېلىش

www.uyghurkitap.com

ھەمدە بۇ پاختا يىپلاردىن رەخت توقۇپ ھىندىستانلىقلارغا كىيدۈرۈش. بۇ ھەرىكەتنىڭ قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، چۈنكى ئۇ يېڭىلا باشلاندى. بىراق، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ زىيانلىق ئەمەس. ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، دۆلەت ئىچىدىكى رەخت ئىشلەپچىقىرىشقا ھامان ئاز ـ تولا ياردىمى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىمۇ بىر خىل ھەقىقىي ھاسىلات دېيىشكە بولىدۇ. سىز شۇنى كۆرۈۋالالايسىزكى، مەن تەشەببۇس قىلغان ھەرىكەتنىڭ ھەرگىزمۇ ھېلى سىز ئېيتقاندەك يامان تەرىپى يوق. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ مۇبادا سىزنىڭ بۇ ھەرىكەتنى تەشكىللەشتىكى مۇددىئايىڭىز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش بولسا، مەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرمايمەن، چاققا كەلسەك، ھازىرقى ماشىنىلاشقان دەۋردە ئۇ قانچىلىك رول ئوينىيالايدۇ، بۇ باشقا مەسىلە، بىراق مەن خۇشۇسەن سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

## قىرىق ئىككىنچى باب

# ماتا ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى

مەن بۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ، ماتا ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىش ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭ پائالىيىتىم ئامىمىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى تەسۋىرلەش. روشەنكى، بۇ بىرنەچچە باب بىلەنلا ئورۇنلاپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس، يەنە كېلىپ مەنمۇ ئۇنداق قىلماقچى ئەمەسمەن، چۈنكى بۇ مەسىلىلەرنى سۆزلەپ كەلسەم، بىر كىتابنىڭ سەھىپىسىنى ئىگىلەيدۇ. مېنىڭ بۇ بىرنەچچە بابنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ــ مەن ھەقىقەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا، بەزى ئىشلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزلۈكىدىن مېنىڭ ئالدىمغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتىنلا ئىبارەت.

ھازىر «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنىڭ ھېكايىلىرىنى داۋاملىق سۆزلىشىمگە ئىجازەت بېرىڭلار. ئاكا ـ ئۇكا ئەلىلەر قوزغىغان خەلىپە ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقاندا، مەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەرھۇم دامولا ئابدۇل بارى ھەمدە باشقا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت مۇزاكىرىلەشتىم، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» مەسىلكىنى يولغا قويۇش چېكى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئىسلام دىنى سىياسىي جەھەتتە ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشىغا قارشى ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇلار بۇ سىياسەتنى قوللىنىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇلار سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ، دەپ قارىدى. ئاخىرىدا «ھەمكارلاشماسلىق» قارارى خەلىپە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇزاق مۇزاكىرىدىن كېيىن

ماقۇللاندى. ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، بىر قېتىم بىر كومىتېت ئاللاھئاباداتا دەل مۇشۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەنىدى. دەسلەپ مەرھۇم قاسىم ساھىب «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىدىن گۇمانلاندى. بىراق، ئۇنىڭ گۇمانى تۈگىشى بىلەنلا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ئىشقا ئاتلاندى. ئۇنىڭ ياردىمىنىڭ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇشتا ئوينىغان رولى بىباھادۇر.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەن گۇجاراتتا ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي يىغىندا «ھەمكارلاشماسلىق» تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۆكتە قوپقۇچىلارنىڭ دەسلەپكى پىكرى كونگرېسلار پارتىيەسى تەدبىرى قوللىنىشتىن ئىلگىرى، ئۆلكىلىك يىغىندىكىلەرنىڭ مۇنداق قارارنى ماقۇللىشى مۇۋاپىق ئەمەس، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مەن بۇ خىل پىكىرگە قوشۇلمىدىم. مەن: بۇ خىل چەكلەش چېكىنىۋاتقان ھەرىكەتكىلا ئىشلىتىلىدۇ، بىراق ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقان ھەرىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ زۆرۈر جاسارەت ۋە ئىشەنچكە موھتاج، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات بۇنداق قىلىشقا تامامەن ھەقلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشى لازىم. مەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپپاراتنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بارلىكى ھەرىكەتلەرنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئىجازەتنامە ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن، دېدىم. يىغىندا بۇ تەكلىپمۇ مۇزاكىرە قىلىندى، مۇزاكىرە ناھايىتى قىزغىن بولدى، مۇزاكىرە ۋاقتىدىكى كەيپىيات «شېرىن ئەقىل» بىلەن تولۇپ تاشتى. ئۇنى ئاخىرىدا ئاۋازغا قويغاندا، مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. بۇ قارار فاروبەي ۋە ئابباس تىيابجى ئەپەندىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ماقۇللاندى. ئابباس تىيابجى چوڭ يىغىننىڭ رەئىسى ئىدى، ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى «ھەمكارلاشماسلىق» قارارنى تامامەن قوللاشتىن ئىبارەت بولدى.

كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى 1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كالكۇتتادا قۇرۇلتاينىڭ ئالاھىدە يىغىنىنى ئېچىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك تەييارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى. لالا لاجپاتراي (Lala Lajpatrai) رارا راسبات راي رەئىسلىككە سايلاندى، مەخسۇس پويىز بومبايدىن كالكۇتتاغىچە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىلەن خەلپە

ھەرىكىتى ۋەكىللىرىنى مەخسۇس توشۇشقا ئاجرىتىلدى. ۋەكىللەر ۋە سىرتتىن قاتناشقۇچىلار كالكۇتتاغا جەم بولدى.

مەن دامولللا شەۋكەت ئەلىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پويىزدا «ھەمكارلاشماسلىق» قارارىنىڭ كوپىيەسىنى تەييارلىدىم. ھازىرغا قەدەر مەن كوپىيەسىنى تۈزگەن نەرسىلەر ئىچىدە «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» دېگەن سۆزنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ھامان ئازدۇر - كۆپتۇر ساقلاندىم. نۇتۇقلىرىمدا ئۇنى ئاز ئىشلەتتىم، بۇ مەسىلىنىڭ ئاساسىي شەكىللىنىش جەريانىدا مەن سانسكرىت تىلىدىكى «زورلۇق كۈكۈچى ئىشلەتمەسلىك» دېگەن سۆزگە تەڭداش كېلىدىغان سۆزنى ئىشلەتسەم، ئېھتىمال بۇنى مۇسۇلمان ئاڭلىغۇچىلار چۈشىنەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ ھېس قىلدىم. شۇڭا، مەن دامولللا ئابۇل كالام ئازاد (Abul Kalam Azad)تىن ماڭا شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر سۆز تېپىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ماڭا «با ــ ئامان» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەردى، «ھەمكارلاشماسلىق» سۆزىگە قارىتا، ئۇ «تەركىي ماۋلات» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش تەكلىپىنى بەردى.

مەن شۇنداق قىلىپ ھەمكارلاشماسلىق ئۈچۈن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ھىندى تىلى، گۇجارات تىلى ۋە ئوردۇ تىللىرىدىن مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆز ئىزدەۋاتقاندا، ئىشى كۆپ بۇ يىغىنىنىڭ «ھەمكارلاشماسلىق» قارارىنى يېزىپ چىقىشقا تەكلىپ قىلىندىم. ئەسلىدىكى لايىھەدە مەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» دېگەن بۇ سۆزنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. مەن بۇ لايىھەنى مېنىڭ بىلەن بىر ۋاگوندىكى دامولللا شاۋكەت ئەلىگە تاپشۇرۇپ بەردىم. ھالبۇكى، ئۇمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى، تۈن كېچە بولغاندا مەن بۇ خاتالىقنى ئاندىن بايقىدىم. ئەتىسى سەھەردە مەن بىر پارچە خەتنى ماخادېۋغا بېرىپ، لايىھە بېسىشقا تاپشۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تۈزىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. بىراق، لايىھە تۈزىتىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا بېسىلىپ بولغانىدى. تەكلىپ كومىتېتى شۇ ئاخشىملا يىغىن ئېچىپ، بۇ لايىھەنى مۇزاكىرە قىلىدىغان بولغاچقا، مەن بېسىلىپ بولغان لايىھەگە زۆرۈر تۈزىتىش كىرگۈزدۈم. كېيىنچە مەن شۇنى چۈشەندىمكى، مەن لايىھەنى ئالدىن تەييارلاپ قويمىغان بولسام، ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەر ئىكەنمىز.

ئەمەلىيەتتە، مەن دۇچ كېلىدىغان مالامەتلەر بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيتتى. مەن بۇ قارارغا كىملەرنىڭ ھېسداشلىق قىلىپ،

كىملەرنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. لالاجىنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى ئازراقمۇ ئۇقمايتتىم. مەن چېنىقىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن جەڭچىلەرنىڭ كالكۇتتاغا يېغىلىپ قالغانلىقىنىلا كۆردۈم، بۇلارنىڭ ئىچىدە بېسانت دوختۇر، پاندىت مالاۋىياجى، ۋىجايارا گاۋاچارى (Vijayara Ghavachai) ئەپەندى، پاندىت موتىلالجى ۋە دېشاباندۇ قاتارلىقلار بار ئىدى.

مېنىڭ تەكلىپ لايىھەمدە «ھەمكارلاشماسلىق»نى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىكى مەقسەت، پەنجاپ ۋە خەلىپە ناھەقچىلىكىنى ئاقلاشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، بۇ نۇقتىنى ۋىجايارا گاۋاچارى ئەپەندى توغرا تاپمايتتى.

«مۇبادا ھەمكارلاشماسلىقنى جاكارلىساق، نېمە ئۈچۈن بەزى كونكرېت خاتالىقلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز؟ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقى دۆلىتىمىزنى قىيناۋاتقان ئەڭ چوڭ خاتالىق، ھەمكارلاشماسلىقنىڭ تىغ ئۇچى دەل مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىلسا، ئاندىن توغرا بولغان بولىدۇ» دېدى ئۇ. پاندىت موتىلالجىمۇ ئاپتونومىيەنى قارارغا كىرگۈزمەكچى بولدى. مەن بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئاپتونومىيە تەكلىپىنىمۇ تەكلىپ لايىھەمگە كىرگۈزدۈم. بۇ قارار لايىھەسى تولۇق، ئەستايىدىل ۋە ئاز ـ تولا تالاش ـ تارتىش بولغان مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق ماقۇللاندى.

موتىلالجى بۇ ھەرىكەتكە تۇنجى بولۇپ قاتناشقان ئادەم ئىدى. مېنىڭ تېخىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، مەن بۇ قارار لايىھەسىنى ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي مۇزاكىرىلەشكەنىدىم. ئۇنىڭ يېزىق جەھەتتىن تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى مەن بىر ـ بىرلەپ قوبۇل قىلدىم. ئۇ دېشاباندۇنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتۇرۇشقا ماقۇل بولدى. دېسپاندو بۇ ھەرىكەتكە مايىل ئىدى، بىراق ئۇ خەلقنىڭ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىقتىدارىدىن گۇمانلىناتتى. ناگپۇر يىغىنى مەزگىلىگە كەلگەندىلا، لالاجى بىلەن ئۇ بۇ ھەرىكەتنى جان ـ دىلى بىلەن قوللىدى.

بۇ قېتىمقى پەۋقۇلئاددە يىغىنىدا لوكامانىيانىڭ ۋاپات بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ يوقىتىشنى پەۋقۇلئاددە چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھازىرغا قەدەر شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، مۇبادا ئەينى چاغدا ئۇ ھايات بولغان بولسا، بۇ قېتىملىق يىغىندا ئۇ ماڭا چوقۇم چوڭ ياردەم بەرگەن بولاتتى. ۋاھالەنكى، ئىش ئۇنداق بولماي قالدى، ئۇ بۇ ھەرىكەتكە قارشى

تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قارشى تۇرغىنىغىمۇ تەشەككۇر ئېيتقان، ئۇنىڭدىن تەربىيە ئالغان، نەپكە ئېرىشكەن بولاتتىم. بىزدە ھامان ئوخشاشمىغان پىكىرلەر بولۇپ تۇراتتى، بىراق ئەزەلدىن ھېسسىياتقا تەسىر يەتكۈزمەيتتۇق. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئارىمىزدىكى دوستلۇقنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. مەن قەلەم تەۋرىتىپ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپات بولغاندىكى ئەھۋالى كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئالاھازەل تۈن نىسپىي بولغاندا، مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان پاتۋاردخان (Patwardhan) تېلېفون بېرىپ لوكامانيانىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەينى چاغدا مېنى نۇرغۇن ھەمراھلىرىم ئورىۋالغانىدى، مەن ئىختىيارسىز ھالدا:

— مېنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغىنىم ۋەيران بولدى! — دەپ ۋارقىرىدىم.

«ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ئەينى چاغدا دەل يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى، مەن بولسام ئۇنىڭ ئىلھام ۋە مەدىتىگە ئېرىشىشنى قىزغىن ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ «ھەمكارلاشماسلىق»قا زادى قانداق پوزىتسىيەسىدە بولۇۋاتقانلىقى كىشىلەرنى مەڭگۈ ئويلاندۇرىدىغان مەسىلە ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنى ھېچكىم يېشىپ بېرەلمەيتتى. بىراق، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولاتتىكى، ئەينى چاغدا كالكۇتتادىكى يىغىنغا قاتناشقانلاردىن ئۇنىڭ ۋاپاتى قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇقنى قاتتىق ھېس قىلمىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. مىللەت قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، كۆپچىلىك ئۇنىڭ مۇپەسسەل پىكرىنىڭ كەمچىل بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## قىرىق ئۈچىنچى باب

## ناگپۇردا

كالكۇتتادىكى پەۋقۇلئاددە يىغىندا ماقۇللانغان قارارنى ناگپۇردىكى يىللىق يىغىندا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كەلگەچكە، بۇ يەرگىمۇ كالكۇتتادىكىگە ئوخشاش سانسىزلىغان سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەر توپلاشتى، ئۇ چاغدا يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ سانى چەكلەنمەيتتى. يادىمدا قېلىشىچە، شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ سانى 14 مىڭدىن كۆپرەككە يەتكەندى. راراجى مەكتەپلەرنى چەكلەشتىكى ماددىلارنى سەل ـ پەل تۈزىتىشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەكىتلىدى، مەن ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دېسپاندومۇ بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭدىن كېيىن «ھەمكارلاشماسلىق» قارار لايىھەسى يىغىندا بىردەك ماقۇللاندى.

كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارمۇ شۇ قېتىملىق يىغىندا مۇزاكىرە قىلىندى. كومىتېتىنىڭ لايىھەسى كالكۇتتادىكى پەۋقۇلئاددە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، شۇڭا بۇ مەسىلە ئۇزۇل ـ كېسىل مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ قېتىم ناگپۇر يىغىنىدا ئەڭ ئاخىرقى قارا چىقىرىلماقچىدى. يىغىننىڭ رەئىسى س . ۋىجايارا گاۋاچارى ئىدى. تەكلىپ كومىتېتى لايىھەگە مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈش بىلەنلا ماقۇللاندى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن لايىھەدە ۋەكىل سانىنى 1500 قىلىپ بېكىتكەندىم، تەكلىپ كومىتېتى بۇ سانىنى 6000 قىلىپ ئۆزگەرتىپتۇ. مەن بۇ خىل كۆپەيتىشنى ئالدىراپ ـ تېنەپ قىلىنغان ھۆكۈم دەپ قارايمەن، ھالبۇكى مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق تەجرىبىلەر

مېنىڭ كۆزقارىشىمنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بەرگەندى. مېنىڭچە، ۋەكىللەر سانىنى كۆپەيتىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا پايدىلىق ياكى بۇ دېموكراتىيە پرىنسىپىنى قوغدايدۇ دېگەندەك قاراشلار تامامەن خام خىيال ئىدى. خەلق مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلمىدىغان، كۆكسى ـ قارنى كەڭ ھەم سەمىمىي 1500 ۋەكىل ئىخلاس بىلەن سايلاپ چىقىلسا قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار خالىغانچە سايلاپ چىقىلغان، مەسئۇلىيەتسىز 6000 كىشىگە قارىغاندا دېموكراتىيەنى تېخىمۇ قوغدايدۇ. دېموكراتىيەنى قوغداش ئۈچۈن خەلقنىڭ مۇستەقىللىقى، غورۇرى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، يەنە كېلىپ ئاشۇ ياخشى، سەمىمىي كىشىلەرنى ئۆز ۋەكىلى بولۇشقا تاللاشتا چىڭ تۇرۇش زۆرۈر. ھالبۇكى، ۋەكىللەر سانىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن تەكلىپ كومىتېتى ئەمەلىيەتتە ئادەم سانىنى 6000 دىن ئاشۇرۇۋەتتى. شۇڭا 6000 كىشىلىك چەكلىمە ئەمەلىيەتتە مۇرەسسە خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ قالدى.

كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ تۈپ مەقسىتى يىغىنىدا قىزغىن مۇزاكىرە قىلىنىغان بىر تېمىغا ئايلاندى. مەن ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيە نىزامنامىسىدە كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ تۈپ مەقسىتى، مۇمكىن بولسا بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش، مۇمكىن بولمىسا، بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسىدىن ئايرىلىپ ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش ئىدى. يىغىندا بىر قىسىم كىشىلەر پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش بىلەنلا چەكلەپ قويماقچى بولدى، بۇنى پاندىت مالاۋىياجى ۋە جىنناخ ئەپەندىلەر ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار كۆپ بېلەتكە ئېرىشەلمىدى. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ لايىھەسىدە بۇنىڭغا يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى تىنچلىق ۋە قانۇنلۇق بولۇشى كېرەكلىكى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ شەرتمۇ قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ پىكرى پارتىيە نىزامنامىسىدە قانداق ۋاسىتە قوللىنىشنى بەلگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. يىغىندا تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىندى. مېنىڭچە، پارتىيە نىزامنامىسىنى خەلق سەمىمىيلىك، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن تۈزۈپ چىقسا، ئۇ خەلق ئاممىسىنى تەربىيەلەشتىكى

قۇدرەتلىك قورالغا ئايلىناتتى. پارتىيە نىزامنامىسىنى تۈزۈش بىزگە ئاپتونومىيە ئېلىپ كېلەتتى، ھالبۇكى بۇ يەردە بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

ھىندى - مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى، ئايرىلاشقىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمى ۋە ماتا ھەققىدىكى قارارغا ئائىت ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قېتىملىق يىغىندا ماقۇللاندى. شۇنىڭدىن كېيىن كونگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ ھىندى دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان پارتىيە ئەزالىرى ھىندى دىنىدىن ئايرىلاشقىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمىنىڭ ئاپەتلىرىنى تۈگىتىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالدى.

كونگېرىسلار پارتىيەسىمۇ ماتانى تەشەببۇس قىلىش ۋە ھىندىستاننىڭ «ئىسكىلىتى» بىلەن تۇرمۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش تۈپەيلى، يىغىننىڭ خەلىپە ئۈچۈن ھەمكارلاشماسلىق قارارىنى ماقۇللىغانلىقى كونگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ ھىندى - مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قىلغان بىر مۇھىم ئىشى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

## خەير - خوش

ئەمدى بۇ بابمۇ ئاخىرلىشاي دېدى.

مېنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇم تامامەن ئاشكارىلىنىپ كەتتى، كىشىلەر ئۇقمايدىغان ھېچقانداق ئىشىم قالمىدى، يەنە كېلىپ 1921 - يىلىدىن بېرى مەن خىزمەتلەردە كوڭگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن شۇنچە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدىم. شۇڭلاشقا، مەن شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمدىكى ھەرقانداق ئىشنى تەسۋىرلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرالمايمەن. بۇگۈن شرادخاناندجى، دېشاباندۇ، خاكىم ساھىب ۋە لالاجىلار مەن بىلەن مەڭگۈللۈك خوشلاشقان بولسىمۇ، بىز يەنىلا كوڭگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ نۇرغۇنلىغان پىشقان رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى بەختلىك ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز ھەم خىزمەت قىلىۋاتىمىز. كوڭگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ تارىخى مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلىگەن مۇھىم ئۆزگىرىشلەردىن بۇيان يەنىلا يارىتىلىش جەريانىدا تۇرماقتا. ھالبۇكى، مېنىڭ بۇرۇنقى يەتتە يىللىق كەچۈرمىشىم كوڭگېرىسلار پارتىيەسى ئارقىلىق ھاسىل بولدى. شۇڭا، مەن كەچۈرمىشلىرىمنى داۋاملىق تەسۋىرلىمەكچى بولسام، بۇ رەھبەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرالمايمەن، يەنە كېلىپ مەن بۇ نۇقتىدا ئۇنداق قىلالمايمەن، رەسىم - قائىدە يۈزىسىدىن بولغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا ھازىرچە ئۇنداق قىلالمايمەن. ئاخىرىدا مەن ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىناقلىرىم ھەققىدە تېخى توغرا يەكۈن چىقىرالمايمەن. شۇڭا، باياننىمنى مۇشۇ يەردە توختىتىشنى مەسئۇلىيىتىم دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ قەلىمىم بۇلارنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشنى ئۆزلۈكىدىن رەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

مەن ئوقۇرمەنلەرگە خەير ــ خوش دېمىسەم بولمايدۇ. قەلبىمدە تەبىئىي تەسىراتلار يوق ئەمەس، مەن كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ناھايىتى يۇقىرى باھالايمەن. مەن كەچۈرمىشلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى ئۇقمايمەن. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن ئۇنى سادىقلىق بىلەن تەسۋىرلەشكە ئەزەلدىن بىخۇدلۇق قىلغىنىم يوق. مەن ھېس قىلغانلىرىمنى ۋە ھەقىقىي رەۋىشتە ئېرىشكەن يەكۈنلىرىمنى ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ تەسۋىرلەشنى ئىزچىل تۈردە ئارزۇلاپ كەلدىم. بۇ خىل سىناقلار ماڭا پىسخىك جەھەتتىن تەسۋىرلىگۈسىز خاتىرجەملىك بەخش ئەتتى، چۈنكى مېنىڭ ئەسلىي ئارزۇيۇم — تەۋرىنىپ تۇرغان كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ۋە «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» تەرىپىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئىدى.

تەجرىبىلىرىم مېنى شۇنىڭغا ھەقىقىي ئىشەندۈردىكى، ھەقىقەتتىن باشقا پەرۋەردىگار يوق. مۇبادا مۇشۇ بىرقانچە بابنىڭ ھەربىر ۋارىقى ھەقىقەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى «زورلۇق ئىشلەتمەيدىغان كۈچ» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، مەن بۇ كىتابنى يازغۇچە سەرپ قىلغان يۈرەك قانلىرىم بىكار كېتىپتۇ، دەپ قارايمەن. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىم ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەر شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، خاتالىق شەكىلدە، پىرىنسىپتا ئەمەس، مېنىڭ «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەققىدىكى ئىزدىنىشىم ھەرقانچە سەممىي بولغان تەقدىردىمۇ، تېخىچىلا ۋايىغا يەتكىنى يوق. شۇڭا، مەن بىر دەقىقە ئىچىدە كۆرگەن، سۆز بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان گۈزەل ھەقىقەت نۇرىنىڭ 10 مىڭدىن بىرىنىڭ قۇدرىتى بىز ئادەتتە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن قۇياش نۇرىنىڭ مىليون ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ تۇتۇۋالغىنىم بۇ ئۇلۇغۋار نۇرنىڭ ئەڭ ئاجىز بىر زەررىسىدىنلا ئىبارەت. مەن شۇنداق كاپالەت بېرەلەيمەنكى، مۇشۇ كەچۈرمىشلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە ئاساسەن، «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرالىغان كىشىلەر ھەقىقەتنى تامامەن كۆرەلەيدۇ.

ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇش ھەقىقەت بىلەن يۈزلىشىش ئۈچۈندۇر، كىشىلەر ئەڭ ئاجىز جانلىقلارنىمۇ ئۆزىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى، يەنە كېلىپ مۇشۇ ئىرادىگە كەلگەن كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ

ھەرقانداق تەرىپىگە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتماسلىقى لازىم. بۇ مېنىڭ ھەقىقەت ئىزدەپ سىياسىيغا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى. مەن قىلچە شۇبھىلەنمەي ئەڭ كەمتەر روھ بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، دىن بىلەن سىياسىينى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە دىننىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمەيدۇ.

مۇبادا ئۆز - ئۆزىنى پاكلاشنى يولغا قويمىغاندا، ھەربىر جانلىق بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئۆز - ئۆزىنى پاكلاش بولمىسا، «زورلۇق ئىشلەتمەيدىغان كۈچ»نىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا بويسۇنۇش خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس. خالىس نىيەتتە پاكلانمىغان كىشىنى پەرۋەردىگار ھەرگىز تونۇيالمايدۇ. شۇڭا، ئۆز - ئۆزىنى پاكلاش تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى پاكلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى زۆرۈر. چۈنكى، پاكلىنىش جەلپكارلىققا ئىگە. شەخسىي پاكلىنىش نەتىجىسىدە ئەتراپتىكى مۇھىتمۇ مۇقەررەر پاكلىنىدۇ.

ھالبۇكى، ئۆز - ئۆزىنى پاكلاش مۇساپىسى جاپا - مۇشەققەتلىك ھەمدە ئېگىز - پەس بولىدۇ. بىرەيلەن پاكلانماقچى بولسا، ئۇ ئىدىيە، سۆز - ھەرىكىتىدە ھېسسىياتتىن مۇتلەق خالىي بولۇشى، مۇھەببەت، نەپرەت، قارشى ئېلىش، رەت قىلىشنىڭ تەتۈر ئېقىملىرىنى تەرك ئېتىشى كېرەك. بىلىمەنكى، مەن بۇ ئۈچ جەھەتتىن پاكلىنىشقا يەتكىنىم يوق، گەرچە مەن بۇ جەھەتلەردە ئىزچىل تۈردە ھارماي - تالماي تىرىشىپ كېلىۋاتقان بولساممۇ. مانا بۇ نېمە ئۈچۈن دۇنيادىكى مەدھىيىلەر مېنى تەسىرلەندۇرەلمەيدىغانلىقىنىڭ، بەزىدە ئەكسىچە كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. مېنىڭچە، كىچىككىنە جىنسىي ھەۋەسنى يەڭمەك قورال ئارقىلىق دۇنيانى ئىستېلا قىلىشتىن كۆپ قىيىن. مەن ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جىنسىي ھەۋەسنىڭ ھامان قەلبىمگە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كەلدىم. بۇ خىل ھېسسىيات مېنى خىجىل قىلىدۇ. بىراق، مەن چۈشكۈنلەشمىدىم. بۇ تەجرىبىلەر ۋە سىناقلار مېنى داۋاملىق ئىشلەشكە ئۈندەپ كەلدى ھەمدە ماڭا ئىنتايىن زور شادلىق بەخش ئەتتى. ھالبۇكى، مەن ئالدىمدا يەنە بىر جاپالىق يولنىڭ تۇرغانلىقىنى بىلىمەن. مەن ئۆزۈمنى نۆل نۇقتىغا چۈشۈرۈشۈم كېرەك. بىر ئادەم

ئوخشاش تىپتىكىلەر ئارىسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئۆرۈن ئالالمىسا، ئۇ خالاسلىق تاپالمايدۇ. «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» نى ئەڭ زور دەرىجىدە يول قويۇش دېمەكلىكتۇر.

ئوقۇرمەنلەر بىلەن ۋاقىتلىق خوشلىشىش ئالدىدا، مەن ئوقۇرمەنلەرنى مېنىڭ بىلەن بىللە پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. ئۇنىڭدىن ماڭا ئىدىيە، سۆز ۋە ھەرىكەتتە «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەيدىغان» كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

www.uyghurkitap.com

## گەندى يىلنامىسى

گەندى 1869 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدىكى كاسياۋاد ئىشتاتىنىڭ پورباندار شەھرىدىكى سوْدادماپىرى دېگەن يەردە تۇغۇلدى.

1876 ـ يىلى دادىسىغا ئەگىشىپ راجكودقا كۆچۈپ كېلىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى ۋە كاستۇربە بىلەن چاي ئىچۈرۈلدى.

1881 ـ يىلى راكوت ئارفىلىد ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى.

1882 ـ يىلى كاستۇربە بىلەن توي قىلدى.

1885 ـ يىلى گەندىنىڭ دادىسى ۋاپات بولدى، شۇ يىلى ئۇ 63 ياشتا ئىدى.

گەندى 1887 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، پافوناكا شەھرىدىكى مادراس ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ، ئوقۇشنى توختىتىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

1888 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەنگلىيەگە بېرىپ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ قانۇن ئۆگەندى. خوتۇنى، ئوغلى ئائىلىسىدە قالدى.

1891 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇپ، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، ئاندىن لوندوندىن ۋەتىنىگە قايتتى.

1892 ـ يىلى بومبايدا ئادۋوكات بولدى، كىرىمى بولمىغاچقا، يېرىم يىلمۇ ئۆتمەي يەنە راجكودقا قايتىپ كەلدى. قېرىنداشلىرى تېپىپ بەرگەن ئادۋوكاتلىق كەسپىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈردى.

1893 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھىندىستانلىق باي سودىگەر دادا ئابدۇللانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ، قەرز

ئىشلىرى ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلدى.

1894 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ دۇربان شەھىرىدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ئۈچۈن ناتال قانۇن تۈرغۈزۈش پارلامېنتىغا مۇراجىئەتنامە تاپشۇرۇپ، 50 فوندستېرلىڭ مۇقىم مۈلكى بارلارلا سايلام ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ دەيدىغان، ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنى كەمسىتىدىغان بەلگىلىمىگە قارشى تۇردى. گەندى ناتالدا رەڭلىك ئىرقتىن بولغان تۇنجى ئادۋوكات دەپ رويخەتكە ئېلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ تۇنجى تەشكىلاتى ــ ناتال ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى گەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا قۇرۇلدى. گەندى «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەنگلىيەلىكلەرگە مۇراجىئەت» ۋە «ھىندىستانلىقلارنىڭ سايلام قانۇنى» سەرلەۋھىلىك ئىككى بىراشۇرا يېزىپ، تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىدى.

1896 ـ يىلى يازدا گەندى دۆلىتىگە قايتىپ كېلىپ، كالكۇتتا، ئاللاھئاباد، بومباي، پۇنا، مادراس، راجكود قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاخبارات ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار ۋە ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ داھىيلىرى بىلەن كەڭ ئالاقە ئورنىتىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. 11 ـ ئايدا خوتۇنى، ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ، يەنە بىر رەت جەنۇبىي ئافرىقىغا باردى، بىر ئوغلى ھىندىستاندا قالدى.

1897 ــ 1899 ـ يىللىرى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئادۋوكاتلىق قىلدى. ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

1899 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنگلىيەلىكلەر قوزغىغان مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى ــ بور ئۇرۇشى پارتلىدى، گەندى 300 كىشىلىك ھىندىستانلىقلار قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئەنگلىيە ئارمىيەسى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

1900 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇتقۇزۇش ئەترىتى تارقىتىۋېتىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى گەندىنىڭ خىزمىتىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

گەندى 1901 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دۆلەت ئىچىدىكى دوستلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن، بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قايتىپ كەلدى

ھەمدە كالكۇتتاغا بېرىپ كونگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ 17 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىغا قاتنىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارغا دائىر بىر تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە ئۇنى ماقۇللاشقا ئېرىشتۇردى.

1902 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تەكلىپكە بىنائەن جەنۇبىي ئافرىقىغا بېرىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەزىرى چامبېرلېينغا تەلەپنامە سۇنۇپ، ئۇنىڭدىن ھىندىستان مۇھاجىرلىرىغا باراۋەرلىك بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىراق بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

1903 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا كېلىشىملىك ئىشچىلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى.

1904 ـ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا «ھىندىستان جامائەت پىكرى» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى ھەمدە دۇربان ئەتراپىدىن 100 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان يەر سېتىۋېلىپ «سۇمۇرغ» كەنتىنى قۇردى. بۇ كەنتكە كېلىشنى خالايدىغانلار جىسمانىي ئەمگەككە قاتنىشىشى، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشى زۆرۈر ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە باسما زاۋۇتى قۇرۇپ، «ھىندىستان جامائەت پىكرى»نى ئۆزلىرى چىقاردى.

1906 ـ يىلى 4 ـ، 6 ـ ئايلاردا زۇلۇلارنىڭ ئەنگلىيەگە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى، گەندى ناتال ھىندىستانلىقلار قۇرۇلتىيى نامىدىن قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ، «توپىلاڭ»نى باستۇرغۇچى ئەنگلىيە قوشۇنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق ئەنگلىيە قوشۇنى ئۇنى زۇلۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان زۇلۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

8 ـ ئايدا ترانسۋال ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇرۇۋاتقىنىغا سەككىز يىلدىن ئاشقان ھىندىستانلىقلار ترانسۋالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشسا بولىدۇ، لېكىن تىزىملىتىش رەسمىيىتى بېجىرىشى لازىم، بولمىسا ئۇلار جازالىنىدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. گەندى مۇھاجىرلارنى تەشكىللەپ، بۇ بەلگىلىمىنى بىكار قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

10 ـ ئايدا گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلار ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، لوندونغا ياردەم تەلەپ قىلىپ باردى. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستان ئىشلىرى ۋەزىرى ۋە باش ۋەزىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ

سىياسىي بۇيرۇقنى توختاتتى.

1907 ـ يىلى ترانسۋال بىلەن ئورانجى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئەركىن فېدېراتسىيە قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ قانۇن ـ پەرمانى پارلامېنت يەنە ماقۇللىدى ھەمدە شۇ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بىراق، بۇ قانۇن قارشىلىققا ئۇچرىغاچقا، ھۆكۈمەت ۋاقىتنى بىر ئاي كەينىگە سۈردى، لېكىن يەنىلا قارشىلىققا ئۇچرىدى. بۇ قېتىملىق كۆرەشتە گەندى تۇنجى قېتىم «زورلۇق كۆچسىز قارشى تۇرۇش» چارىسىنى قوللاندى. 12 ـ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەپتىسى ئۇ سوتقا چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا ترانسۋالدىن قوغلاپ چىقىرىش ھۆكمى چىقىرىلدى. گەندى بۇنى رەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تۈرمىگە تاشلاندى. كېيىن جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارغا ئۆزلۈكىدىن تىزىملىتىش تەكلىپىنى بەردى، مەزكۇر قانۇن ـ پەرمان شۇنىڭ بىلەن بىكار قىلىندى. گەندى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

1908 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى گەندى تۈرمىدىن چىقتى. بىراق، ھېلىقى قانۇن ـ پەرمان ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىدى. گەندى ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنى يۇقرالىق پاسپورتىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە دەۋەت قىلىپ، زورلۇق كۆچسىز قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گەندى يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىندى ھەمدە ئۇنىڭغا 25 فوندستېرلىڭ جەرىمانە تۆلەش ياكى ئىككى ئاي جاپالىق ئەمگەك قىلىش ھۆكۈمى ئېلان قىلىندى، ئۇ كېيىنكىسىنى تاللىدى.

12 ـ ئاينىڭ بېشىدا گەندى تۈرمىدىن چىقتى.

1909 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گەندى يەنە ترانسۋالغا قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ پاسپورتى بولمىغاچقا، يەنە ئۈچ ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۇ تۈرمىدىن چىقتى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گەندى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، لوندونغا مۇراجىئەتنامە سۇنغىلى باردى، لېكىن بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. گەندى ئەنگلىيەدىكى مەزگىلىدە ھىندىستانلىق ھەر ساھە كىشىلەر ۋە ئەنگلىيەدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ھەم يۇقرىلار بىلەن

كەڭ تۈردە ئۇچرىشىپ، «ھىندىستان ئاپتونومىيەسى» دېگەن ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇ ئەنگلىيەدىن ئايرىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتتى.

1910 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گەندى جوخاننېسبۇرگ ئەتراپىدا تولستوي نامىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنى قۇردى ھەمدە تولستوي بىلەن ئالاقىلىشىپ، تولستوينىڭ زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ئىدىيەسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى.

1911 ـ يىلى گەندى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستانلىقلارنى كەمسىتىدىغان ئاھالە كۆچۈرۈش قانۇنىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇردى ھەمدە 5 ـ ئايدا گېنېرال سمۇتس بىلەن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزۈپ، ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق مۇرەسسە قىلدى.

1913 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گەندى ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنى «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە تەشكىللەپ، ھىندىستان مۇھاجىرلىرىنى كەمسىتىدىغان قانۇن تۇرغۇزۇشقا ئېتىرازى بىلدۈردى، كاستۇربەمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى ھەمدە شۇ تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىندى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا گەندى 2000 دىن ئارتۇق ھىندىستانلىق كان ئىشچىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىش تاشلىدى. نېۋبۇروگتىن ۋوركستروستقىچە بولغان جايلاردا ھۆكۈمەتتىن كىشى بېشىغا ئېلىنىدىغان ئۈچ فوند ستېرلىڭ باج ھەققىدىكى قانۇن ـ پەرماننى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گەندى مۇشۇ سەۋەبتىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە توققۇز ئاي نەزەربەند قىلىندى.

1914 ـ يىلى گېنېرال سمۇتس ھىندىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ۋە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا گەندى بىلەن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزۈپ، كىشى بېشىغا ئېلىنىدىغان ئۈچ فوندستېرلىڭلىق باجنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ھىندىستانلىقلارنىڭ قانۇنلۇق نىكاھىنى ئېتىراپ قىلدى، ھىندىستانلىقلار بارمىقىنى بېسىپ رەسمىيەت ئۆتىسىلا، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كىرىشىگە يول قويۇلدى. 7 ـ ئايدا گەندى جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئايرىلىپ، لوندون ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتماقچى بولدى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاچقا، گەندى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى

ئۇچۇن ھىندىستانلىقلاردىن قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەپ بەردى، ئۆزى ئاغرىپ قالغانلىقتىن 12 ـ ئايدا ۋەتىنىگە قايتتى.

1915 ـ يىلى گەندى دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ ھىندىستاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ھەمدە ئەخمەتئابادتا «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتى قۇردى.

1916 ـ يىلى گەندى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى داۋاملىق ئايلىنىپ، بىنارېست ۋە مادراسلاردا يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە غوجا بولۇش ھەققىدە كۈچلۈك تەرغىبات ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا گەندى ئەخمەتئابادتا ھىندى ـ مۇسۇلمان سىياسىي داھىيلىرى بىرلەشمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

12 ـ ئايدا كونگىرېسلار پارتىيەسىنىڭ لۇكنوۋ يىغىنىدا ھىندى ـ مۇسۇلمان ھەمكارلىقى ئەھدىنامىسىنى ماقۇللىدى.

1917 ـ يىلى گەندى چامپارانغا بېرىپ، ئىندىگو ئىشچىلىرىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيەگە ئۇچراش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھۆكۈمەتنى بۇ ئىشنى كومىتېت قۇرۇپ تەكشۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. بىخار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كومىتېتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئىندىگوزارلىق ئىشچىلىرىغا قارىتىلغان پۈتۈم تۈزۈمىنى بىكار قىلدى.

1918 ـ يىلى گەندى ئەخمەتئابادقا بېرىپ توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنى ئىش تاشلاشقا تەشكىللەپ، ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. گەندى تەركىتاماق بولۇش ئارقىلىق كاپىتال غوجايىنلىرىنى يول قويۇشقا مەجبۇرلىدى. ئەخمەتئاباتتىكى ئىش تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن گەندى يەنە كېدا ناھىيەسىگە بېرىپ، دېھقانلارنى باجغا تاقابىل تۇرۇشقا تەشكىللەپ، ھۆكۈمەتنى ھوسۇل كەملەپ كەتكەن دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان دېھقانچىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا مەجبۇرلىدى، 1 ـ، 4 ـ ئايلاردا ھىندىستان باش ۋالىيسى چاقىرغان ئۇرۇش قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە باش ۋالىينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئۈچۈن پائال تۈردە يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ياۋروپا ئالدىنقى سېپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

1919 ـ يىلى ھۆكۈمەت ماقۇللىغان خەلقنىڭ دېموكراتىيەسىنى تارتىۋالىدىغان رووۋلات قانۇن لايىھەسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، گەندى بومبايدا «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» قۇرۇلتىيى چاقىردى ھەمدە «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى، 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈننى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاشلاش كۈنى قىلىپ بېكىتتى. گەندى چەكلىمىگە خىلاپ ھالدا پەنجاپقا بارغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ، بومبايغا يالاپ ئاپىرىلدى. پەنجاپتىكى ئامرىتساردا ئەنگلىيە ساقچىلىرى يىغىلىش ئۆتكۈزگەن ئاممىنى قىرغىن قىلىشتەك ئېچىنىشلىق دېلو يۈز بەردى. بومباي ۋە ئەخمەتئاباد قاتارلىق جايلاردىكى ئاما ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىنى ۋەيران قىلدى، جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن ھەربىي ھالەت قانۇنى جاكارلىدى. گەندى ئاممىنىڭ ھەرىكىتىدە «زورلۇق كۈچ» ئىشلەتمەسلىك پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىش مەۋجۇت دەپ قاراپ، ئۆزى ئەخمەتئابادقا بېرىپ، «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى.

گەندى «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، بومبايدا «يېڭى ھايات» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى ھەمدە «ياش ھىندىستان» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 11 ـ ئايدا گەندى دېھلىدا خەلىپە ھەرىكىتى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ «ھەمكارلاشماسلىق» تەشەببۇسىنى تۇنجى قېتىم بايقۇت قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

1920 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ تۈركىيەگە تاڭغان شەپقەتسىز تىنچلىق شەرتنامىسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، گەندى بىر قېتىملىق «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى قوزغاپ، ئۇنىۋان ئالغانلارنىڭ ئۇنۋانىنى قايتۇرۇۋېتىشىنى، مەكتەپ، سوتلارنى چەكلەشنى چاقىرىق قىلدى، يەرلىك رەخت توقۇشنى، ئەنگلىيە رەختلىرىنى سېتىۋالماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گەندى پەنجاپ، سىندى، مادراس قاتارلىق ئۆلكىلەرگە بېرىپ، خەلىپە مەسىلىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلدى.

9 ـ ئايدا كونگىرىسلار پارتىيەسى كالكۇتتادا پەۋقۇلئاددە يىغىن ئېچىپ، گەندىنىڭ «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى ھەققىدىكى قارارىنى ماقۇللاپ، تۈزىتىلگەن لايىھەگە ئاپتونومىيە تەلىپىنى قوشۇپ، ھىندىستان ئاپتونومىيەسى بىلەن ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقىنى بىرلەشتۈردى. گەندى: «مۇبادا ئىشلار مېنىڭ پىلانىم بويىچە يولغا قويۇلسا، ھىندىستاننىڭ بىر يىل ئىچىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشىدىن ئۈمىد بار» دەپ جاكارلىدى. 11 ـ ئايدا گەندى ئەخمەتئابادتا ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەدەنىيەتنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان گۇجارات خەلق ئىنىستىتۇتىنى قۇردى. 12 ـ ئايدا كونگىرىسلار پارتىيەسى ناگپىتا يىللىق يىغىن ئېچىپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، كونگىرىسلار پارتىيەسىنى زامانىۋى سىياسىي پارتىيەگە ئايلاندۇردى. گەندى ئوتتۇرىغا قويغان بىر يىل ئىچىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش شوئارى تېخىمۇ قوللاشقا ئېرىشتى.

1921 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كالكۇتتادىكى 3000 ئىستۇدېنت ئوقۇش تاشلاپ، بىر يىل ئىچىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش شوئارىغا ئاۋاز قوشتى. 2 ـ ئايدا گەندى كالكۇتتاغا بېرىپ، خەلق ئىنىستىتۇتىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق مەكتەپلىرىنى ئېچىش ئەۋج ئالدى، ئوقۇغۇچىلار ئەنگلىيە مەكتەپلىرىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىپ چىقتى. ئەنگلىيەچە مەكتەپلەر چەكلەندى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زور كۆلەملىك تەشۋىقات ۋە «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، گەندى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي ئىسلاھات، ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقى، بولۇپمۇ يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار مەسىلىلىرىنى تەشۋىق قىلدى. مەملىكەت بويىچە 500 مىڭ ئادەم ئىش تاشلىدى، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ھىندىستان باش ۋالىيسى لورد لىتتۇن 5 ـ ئايدا گەندى بىلەن كۆرۈشتى، لېكىن بۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە چىقمىدى.

7 ـ ئايدا كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى بومبايدا قارار ماقۇللاپ، يەرلىك رەخت توقۇش، ئەنگلىيە رەختلىرىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە شاھزادە ۋېللسنىڭ زىيارىتىنى چەكلەشنى قارار قىلدى. گەندى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىيىم ـ كېچەككە لازىملىق رەخت توقۇشنى تەشۋىق قىلدى. 9 ـ ئايدا گەندى چېچىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، بەدىنىنىڭ يۇقىرىسىنى ئېچىپ قويۇپ

يۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن باشتىن ـ ئاياغ مۇشۇنداق كىيىندى. چېرچىل ئۇنى «يېرىم يالىڭاچ جاھانكەزدى راھىب» دەپ ئاتىدى.

10 ـ ئايدا گەندى قاتارلىق 50 كىشى خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ داھىيىسى ئاكا ـ ئۇكا شەۋكەت ئەلىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى، كېيىنچە ئۇلار ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ھىندىستان كونگرېسلار پارتىيەسى قارار ماقۇللاپ، گەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خىتابنامىسىنى قوللىدى.

1922 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شاھزادە ۋېللس بومبايغا كەلدى، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك بازار تاشلاندى. بومبايدا زور كۆلەملىك قالايمىقانچىلىق تۇغۇلدى. گەندى بۇ خىل ھەرىكەتنى ئۆزىنىڭ «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» تەشەببۇسىغا خىلاپ دەپ قاراپ، دەرھال تەركىتائاملىقنى يولغا قويۇپ، «توۋا قىلغانلىق»نى ئىپادىلىدى. مەملىكەت بويىچە نۇرغۇن ئۆلكىلەردىكى كونگرېسلار پارتىيەسى تەشكىلاتى قانۇنسىز دەپ جاكارلاندى، ھۆكۈمەت زور كۆلەملىك قولغا ئېلىشنى باشلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گەندى ھىندىستان باش ۋالىيسى لورد لىتتونغا ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتومنى تاپشۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئېچىپ، ھىندىستاننىڭ ئورنى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى، قولغا ئېلىنغان ھەمكارلاشقۇچىلارنى قويۇپ بېرىشنى، زورلۇق كۈچسىز پائالىيەتلەرگە چات كېرىۋالماسلىقنى، سۆز ـ نۇتۇق تەقىبچىلىكىنى بىكار قىلىشنى، يەتتە كۈن ئىچىدە بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىشنى، بولمىسا مەملىكەت بويىچە زور كۆلەملىك «مەدەنىي بويسۇنماسلىق ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ھۆكۈمەت ئاخبارات ئېلان قىلىپ، بۇنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 5 ـ كۈنى بىرلەشمە ئۆلكىدىكى چىلچىرا كەنتىنىڭ دېھقانلىرى نامايىش ئۆتكۈزگەندە ساقچىلار ئوق چىقاردى، دېھقانلار ساقچى ئىدارىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. 21 ساقچى كۆيۈپ ئۆلدى. 11 ـ كۈنى كونگرېسلار پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتى گەندىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن مەملىكەت بويىچە «مەدەنىي بويسۇنماسلىق ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇش پىلانىنى كەينىگە سۈرۈشنى، ئۇنىڭ ئورنىغا توقۇمىچىلىق، ئىسلاھات ۋە مائارىپ

www.uyghurkitap.com

پائالىيەتلىرىنى دەسسىتىشنى ئۆتۈندى. 12 ـ كۈنى گەندى بەش كۈن تەركىتاماق بولدى. گەندىنىڭ قارارى پارتىيە ئىچى ئىسرتىدا ئومۇميۈزلۈك نارازىلىق ۋە ھۇجۇمنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىراق ئەنگلىيە ـ ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گەندىنى قولغا ئالدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتە يىللىق ھۆكۈم ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ مەملىكەت بويىچە ئەنگلىيەگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى پەسىيىپ قالدى.

1924 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گەندى سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغانلىقتىن قويۇپ بېرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گەندى رومىن روللان بىلەن بولغان ئالاقىنى باشلىدى ھەمدە «ياش ھىندىستان» ۋە «يېڭى ھايات» ژۇرناللىرىغا يېڭىباشتىن باش مۇھەررىر بولۇپ، ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىملىقىنى يېڭىباشتىن تەشۋىق قىلدى. 6 ـ ئايدا كونگرېسلار پارتىيەسى ئەخمەتئابادتا يىللىق يىغىن ئاچتى. گەندى يىغىندا ئون تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. پارتىيە ئەزالىرى ھەر كۈنى ئاز دېگەندە يېرىم سائەت، ئايدا 15 سائەت رەخت توقۇشى، پارتىيە تەشكىلاتىغا ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ ئىنگلىز مىسقىلى ئېگىرىلگەن يىپ تاپشۇرۇشى كېرەك.

2. پارتىيەنىڭ مەسئۇل خادىملىرى يولىيورۇقنى قوبۇل قىلمىسا ۋە ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلمىسا، ئىشقا چىقمىغان دەپ قارىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى باشقىلار تولۇقلايدۇ.

3. ئىستانوكتا رەخت توقۇش، ھۆكۈمەت سوتى، مەكتەپ، ئۇنۋان ۋە قانۇن تۇرغۇزۇش ئاپپاراتلىرى قاتارلىقلارنى سادىقلىق بىلەن رەت قىلغۇچىلار پارتىيەنىڭ مەسئۇل خادىملىقىغا تاللىنىدۇ. خىزمەت ئورنىدا بولۇپ، بۇلارنى ئىجرا قىلمىغانلار ئىستېپا بېرىشى كېرەك.

4. ھۆكۈمەتنىڭ يوشۇرۇن قەستلەش ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەش، بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ ئاپتونومىيە مەقسىتى ۋە «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» پىرىنسىپىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بەلگىلەش.

يۇقىرىقى تەكلىپ لايىھەلىرى ئاپتونومىيە تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، لېكىن كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. مودرال نېھرو گەندىنىڭ بۇ ئىشىنى ئىنتايىن ئىستىبداتلىق، دەپ تەنقىد قىلدى، بۇ كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

9 ـ ئايدا كاسياۋادتىكى ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، 155 ئادەم ئۆلدى ۋە يارىلاندى، گەندى ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 21 كۈن ئاچلىق ئېلان قىلدى. 26 ـ كۈنى دېھلىدا ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقى يىغىنى چاقىرىلدى، گەندى ئاچلىق ئېلان قىلغاچقا يىغىنغا قاتنىشالمىدى. يىغىنىنىڭ تۈنجى قارارى ھىندى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن كۈچنى ئىتتىپاقلىققا قارىتىشىنى قايتا تەكىتلەش، گەندىدىن ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىش بولدى. بىراق، يىغىن ئىختىلاپلار بىلەن تولدى، بولۇپمۇ كالىلارنى ئاسراش مەسىلىسىدە شۇنداق بولدى. 11 ـ ئايدا كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ يىللىق يىغىنى چاقىرىلدى. گەندى بىلەن داس، نېھرولار بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى توختاتتى، بىراق شۇنىڭدىن كېيىن كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى تۆت ئەنىالىق پارتىيە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرماي، 2000 يارد ماتا تاپشۇرىدىغان بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كونگىرىسلار پارتىيەسى بېر قورۇلمىدا يىغىن چاقىردى، گەندى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1925 ـ يىلى يىل بېشىدا گەندى كاسياۋاد، ئوتتۇرا ھىندىستان، بېنگال، مارابا ۋە ترىۋاندرام، مادراسلاردا، كېيىنكى يېرىم يىلدا بىخار ۋە بىرلەشمە ئۆلكىلەردە ساياھەتتە بولۇپ، ماتا ھەرىكىتى، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. جايلاردا يىغىلىش ئۆتكۈزۈلۈپ، قارار ماقۇللىنىپ ئەجنەبىيلەرنىڭ رەختلىرى چەكلەندى.

9 ـ ئايدا كونگىرىسلار پارتىيەسى پاتنادا يىللىق يىغىن ئاچتى، گەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەملىكەتلىك توقۇمىچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا گەندى «ياش ھىندىستان» ھەپتىلىك ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۇلاپ ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

1926 ـ يىلى گەندى ئەخمەتئابادتىكى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ئىنستىتۇتىدىن چېكىنىپ چىقىپ، بىر تەرەپتىن ئۆز سالامەتلىكىنى ئاسرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىنستىتۇتنى تەرتىپكە سالدى ھەمدە مەملىكەتلىك توقۇمىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇستەھكەملىدى.

12 ـ ئايدا گەندى ئاسسام ئۆلكىسىدىكى گېھادتا كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتنىشىپ، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى قارارىنى ئۆتتۈرىغا قويدى ھەمدە ئۇنى دۆلەت ئىچىدىكى يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار تۈزۈمىنى بىكار قىلىش تەشەببۇسى بىلەن بىرلەشتۈردى.

1927 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا گەندى يەنە بېنگال، بىخار، مەركىزىي ئىشتات، ماخاراشتىرا، كاناداك قاتارلىق ئىشتاتلاردا ساياھەتتە بولدى، كېيىنكى يېرىم يىلدا مايسۇر، مادراس، تامىل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ، ماتا ئىشلىتىش، خوتۇن ـ قىزلار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، تۆۋەن تەبىقە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەشۋىق قىلدى.

10 ـ ئايدا گەندى ھىندىستان باش ۋالىيسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن دېھلىغا بېرىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئېلان قىلىش ئالدىدا تۇرغان ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مەسىلىسىنى كېڭەشتى.

11 ـ ئايدا گەندى زېللاندىيەنى زىيارەت قىلدى.

12 ـ ئايدا مادراسقا بېرىپ، كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشتى. مودرال نېھرو ياۋروپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىپلا ھىندىستان مۇستەقىللىقى ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۈرۈش قارارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گەندى بۇنى بەكمۇ ئالدىراپ كەتكەنلىك دەپ قاراپ مۇزاكىرىگە قاتناشمىدى. لېكىن، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ سايلام رايونىنى ئايرىپ بېرىش ھەققىدىكى تەكلىپىگە قوشۇلۇش ئارقىلىق ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈردى.

1928 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سىمۇن تەكشۈرۈش ئۆمىكى بومبايىغا كەلدى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بازار تاشلاندى، نامايىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، قان تۆكۈلۈش ۋەقەسى كېلىپ چىقتى.

5 ـ ئايدا گەندى مادراستا گونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇ بۇ قېتىمقى يىغىندا قارار ماقۇللاپ، ھىندىستانغا ئاپتونومىيە بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە

مەملىكەت بويىچە پارتىيە ـ گۇرۇھلار يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلىپ، سىمون تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى چەكلىدى. مودرال نېھرو قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈنلەي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلدى ھەمدە پارتىيە ئىچىدە «ھىندىستان مۇستەقىللىقى ئىتتىپاقى»نى قۇردى.

12 ـ ئايدا كونگرېسسلار پارتىيەسى مەملىكەتلىك كومىتېتى يىغىن چاقىردى، گەندى ئاپتونومىيە تەكلىپ لايىھەسىنى ئۆتتۈرىغا قويدى ھەمدە بۇنى 1930 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن ئىلگىرى قوبۇل قىلىش چەكلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنداق قىلمايدىكەن، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى يېڭىباشتىن قوزغايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مودرال نېھرو قاتارلىقلار بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاخىرىدا گەندىنىڭ تەكلىپ لايىھەسىنى بىر يىل ئىچىدە ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش تەكلىپ لايىھەسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1929 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گەندى شىندى ئۆلكىسىنى، 3 ـ ئايدا بېرمىنى زىيارەت قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گەندى كالكۇتتاغا كېلىپ، بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىلىشقا قاتناشتى، يىغىندا ئەنگلىيە رەختلىرى كۆيدۈرۈلدى، گەندى مۇشۇ سەۋەبتىن تۇتۇپ تۇرۇلدى. ھۆكۈمەت يەنە مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى داھىيلىرىنى قولغا ئالغانلىقتىن، ئاتالمىش مىلوت سۈيىقەست دېلوسى يۈز بەردى، مەملىكەت بويىچە جايلاردا ئىش تاشلاش، دەرس تاشلاش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەردە توپىلاڭ يۈز بەردى.

5 ـ ئايدا گەندى ئەندىراغا بېرىپ، ئالتە ھەپتىلىك ساياھەتتە بولدى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا گەندى بومبايدا كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ، 1930 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بۇرۇن 750 مىڭ كىشىنى تەشكىللەپ، ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى كۆتۈرۈلۈشنى قارار قىلدى.

6 ـ، 11 ـ ئايلاردا ئۇ بىرلەشمە ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زىيارەتتە بولدى.

9 ـ ئايدا كونگرېسسلار پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتى لاكنادا يىغىن ئاچتى، گەندى مودرال نېھرونىڭ كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلانغانلىقىنى قوللىدى.

10 ـ ئايدا ھىندىستان باش ۋالىيسى لورد ئارۋىن ئەنگلىيە

ھۆكۈمىتىنىڭ يۇمىلاق ئۇستەل يىغىنى ئېچىپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇن مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھىندىستاندىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ داھىيلىرى دېھلىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ھىندىستانغا ئاپتونومىيە بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئورتاق باياناتت ئېلان قىلدى، بۇنىڭغا گەندىمۇ قاتناشتى.

12 ـ ئايدا باش ۋالىي ئارۋىن گەندى قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئاپتونومىيە بېرىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى، لېكىن بۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە چىقمىدى. كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنى لۇكناۋدا ئېچىلدى، يىغىندىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان نېھرونىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن گەندى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى تۈپ مەقسەت «ئاپتونومىيە»نى «پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش»قا ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى.

1930 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى كونگرېسسلار پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مەملىكەت بويىچە چوڭ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش قارارىنى قوللاشنى قارار قىلدى. بىراق، گەندى بۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشمىدى. چۈنكى، ئۇ ھىندىستان تېخىچە ئاپتونومىيەگە ئېرىشكىنى يوق، مۇستەقىللىقتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇ 11 نۇقتىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ھاراقنى مەنئى قىلىش، دېھقانچىلىق بېجىنى ئازايتىش، تۇز بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش، جىنايەتچىلەرنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش ئىدارىسىنى بىكار قىلىش، بۇ تەلەپ قاندۇرۇلسا «مەدەنىي بويسۇنماسلىق» ھەرىكىتىنى دەرھال توختىتىش قاتارلىقلار.

2 ـ ئايدا كونگرېسسلار پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتى يىغىن ئېچىپ «مەدەنىي قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانداق قانات يايدۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى، گەندى تۇز بېجىنى ئازايتىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گەندى ھىندىستان باش ۋالىيسىغا خەت يېزىپ، يۇقىرىدىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە دېگىنىدەك بولمىسا، مەملىكەت خاراكتېرلىك «مەدەنىي بويسۇنماسلىق» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. باش ۋالىي ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گەندى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 78 پىدائىيىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئۆزى بىۋاستە يېتەكلەپ سارمادىدىن تاكى داندى دېڭىزى بويىغىچە بولغان جايلاردا تۇز تاسقىدى، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان خەلق ئۇلارغا ئەگەشتى، ھەرقايسى ئۆلكىلەرمۇ بۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاۋاز قوشتى، گەندى ھەرقايسى دېڭىز ساھىلى رايونلىرىغا بېرىپ، ئاممىنى تۇز تاسقاشقا سەپەرۋەر قىلدى. ھۆكۈمەت خەلقنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۈن كېچىدە گەندى سۇرات ناھىيەسىدە قولغا ئېلىندى. مەملىكەت بويىچە چوڭ بازار تاشلاش ۋە ئىش تاشلاش ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى، ئەنگلىيە رەختلىرى چەكلەندى، ئىنقىلاب دولقۇنى شەكىللەندى. كونگىرىسلار پارتىيەسى قانۇنسىز دەپ جاكارلىنىپ، ئۇلارنىڭ يىغىلىش، نامايىش ئۆتكۈزۈشى مەنئى قىلىندى.

7 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن لوندوندا يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى ئېچىپ، ھىندىستاننىڭ ئورنى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقى، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشى لازىملىقىنى جاكارلىدى.

1931 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى لوندوندا ئېچىلدى، يىغىنغا كونگىرىسلار پارتىيەسىدىن ھېچكىم قاتناشمىدى.

1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە ـ ھىندىستان ھۆكۈمىتى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ گەندى قاتارلىق داھىيلىرىنى قويۇپ بەردى ھەمدە كونگىرىسلار پارتىيەسىنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گەندى دېھلىغا بېرىپ، ھىندىستان باش ۋالىيسى ئارۋىن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، مۇنداق ئالتە تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: چوڭ كەچۈرۈم قىلىش، زىيانكەشلىكنى دەرھال توختىتىش، مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرۇپ بېرىش، سىياسىي سەۋەب تۈپەيلى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغان خادىملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەركىن تۇز ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىش، ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈش. بىراق، سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى، باستۇرۇش داۋاملاشتى.

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گەندى ئىككىنچى قېتىملىق تەكلىپكە

بىنائەن ئارۋىن بىلەن سۆھبەتلەشتى، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقمىدى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گەندى ئۈچىنچى قېتىملىق تەكلىپىگە بىنائەن ئارۋىن بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئارۋىن نازارەتچىلىكتىن يېنىكلىتىشكە، سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە قوشۇلدى. لېكىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ زېمىننى تۆلەپ بېرىشنى ۋە ساقچىلارنىڭ زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى جازالاشنى رەت قىلدى. ئارۋىن يەنە كېيىنكى قېتىملىق يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قوشۇلدى، بىراق مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلدى. گەندى بۇنى قوبۇل قىلدى، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى ئىلاجسىز گەندىنىڭ پىكرىنى ماقۇللىدى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گەندى بىلەن ئارۋىن «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» ئىمزالىدى، ئىنقىلاب دولقۇنى پەسەيدى، بۇ كېلىشىم قاتتىق قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا گەندى كاراچىغا بېرىپ، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى، بەزىلەر پويىز ئىستانسىسىدا گەندىگە قارشى نامايىش تەشكىللىدى. يىغىندا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش قايتا تەكىتلەندى ھەمدە گەندى لوندون يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتنىشىشقا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلدى. يىغىندىن كېيىن گەندى جايلارغا بېرىپ، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلىشىشقا دەۋەت قىلدى.

8 ـ ئايدا ھۆكۈمەت بىرلەشمە ئۆلكىلەر، غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكىلەردە باستۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، گەندىنىڭ تەكرا مۇراجىئىتى ئۈنۈم بەرمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ گەندى قاتارلىق ۋەكىللىرى لوندونغا بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىش قارارىنى بىكار قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ئېتىراز بىلدۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گەندى سىملاغا بېرىپ، ھىندىستان باش ۋالىيسى ۋېللىنتون بىلەن سۆھبەتلەشتى. 28 ـ كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەت ئەسلىدىكى كېلىشىمنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، كېلىشىمنى بۇزغان ئىشلارنى تەكشۈرۈشى كېرەك دېدى، گەندى قارار بويىچە كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى

سۇيپىتىدە لوندوندىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونومىيە تەلپى ۋە چوڭ سايلام تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى مۇستەملىكىچىلىك سىياستىدە چىڭ تۇردى، لېكىن پارلامېنت تۈزۈمى ئورنىتىشقا قوشۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گەندى لوندوندىن ئايرىلىپ، ھىندىستانغا قايتىپ كەلدى، قايتىش سەپىرىدە فىرانسىيەگە بېرىپ رومىن رولاند بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە رىمدا زىيارەتتە بولدى.

1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گەندى ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بومباي، بىرلەشمە ئۆلكە، غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكىلەردە كونگىرىسلار پارتىيەسى ۋە باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلارغا يەنىلا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، گەندىنىڭ باش ۋالىيغا قىلغان مۇراجىئەتلىرى ئۈنۈم بەرمىدى، كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى يەنە قارار ماقۇللاپ، ئەنگلىيە رەختلىرىنى چەكلەپ، قاۋاقخانىلارنى پېچەتلەپ، زورلۇق كۈچسىز قارشىلىق كۆرسەتتى.

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى گەندى قولغا ئېلىندى، زور كۆلەملىك زىيانكەشلىك يەنە باشلاندى. بىراق، ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەت يەنىلا داۋاملىق قانات يايدى، دەسلەپكى تۆت ئايدا قولغا ئېلىنغانلار 80 مىڭغا يەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى مىكتانى ھىندىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سايلام قانۇنىنى ئېلان قىلدى، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئورنى بىر ھەسسە كۆپەيتىلدى، كەشمىر ۋە پەنجاپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا ئايرىم سايلام رايونى تەسىس قىلىنىپ، ئۇلار ئايرىم سايلام ئۆتكۈزىدىغان بولدى. تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ سايلام ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشتى، بىراق ئۇلار ئۆزلىرى سايلام رايونى تەسىس قىلىپ ئايرىم سايلام ئېلىپ بارىدىغان ھەمدە مۇئەييەن ئورنىنى ساقلاپ قالىدىغان بولدى.

18 ـ كۈنى گەندى مىكتانىغا تېلېگىراممىا يوللاپ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ سايلام قانۇنىغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈردى ھەمدە ھۆكۈمەت بۇ قانۇننى قايتۇرۇۋالمىسا، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاچلىق ئېلان قىلىپ ئۆلۈۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىقى قارارىنى

بىكار قىلىش تەلەپ قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گەندى ئاچلىق ئېلان قىلدى. مەملىكەت بويىچە جايلاردىكى ئىبادەتخانىلار ۋە مەسچىتلەر تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە ئېچىۋېتىلدى، ئۇلار گەندى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كونگىرېسلار پارتىيەسى بىلەن تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ۋەكىللىرى يىغىن ئورنى ۋە سايلام قانۇنى مەسىلىسىدە كېلىشىمنامە تۈزدى. گەندى 27 ـ كۈنى ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەنگلىيەگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى تۆۋەن تەبىقە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىگە بۇرالدى.

1933 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ گەندى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەپتىلىك ژۇرنىلى «خارىرىلار»نى نەشر قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گەندى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر تۈزۈمىنى بىكار قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن 21 ـ كۈنگىچە ئاچلىق ئېلان قىلدى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇنى دەرھال قويۇپ بەردى، گەندى «مەدەنىي قارشىلىق كۆرسىتىش»نى بىر ئاي توختىتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە ھۆكۈمەتكە سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گەندى سارمادى زورلۇق كۆچسىز قارشى تۇرۇش ئىنستىتۇتىنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى جايلاردىكى «ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىگە قاتناشتۇردى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گەندى ئامانلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى، 4 ـ كۈنى قويۇپ بېرىلدى، ئۇنىڭ پۇنادىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. كېيىن نەزەربەندكە خىلاپلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن يەنە قولغا ئېلىنىپ، بىر يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. بىراق، گەندى ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن يەنە قويۇپ بېرىلدى، گەندى دەرھال جايلارغا بېرىپ، خارىرىلار ھەرىكىتىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى يولغا قويدى.

1934 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گەندى بىخارغا بېرىپ، يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشتى.

4 ـ ئايدا گەندى «مەدەنىي بويسۇنماسلىق ھەرىكىتى»نى توختىتىشنى قارار قىلدى.

5 ـ ئايدا گەندى كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنىدا كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ چوڭ سايلامغا قاتنىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

6 ـ ئايدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كونگرېسلار پارتىيەسىنى چەكلەش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئېلان قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گەندى كونگرېسلار پارتىيەسىدىن پېنسىيەگە چىققانلىقىنى، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەملىكەتلىك يېزا سانائىتى جەمئىيىتى ۋادادا قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى ــ گەندىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، يېزىلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە قايتا گۈللەندۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدى.

1935 ـ يىلى گەندى مەملىكەتلىك توقۇمىچىلار جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك يېزا سانائىتى جەمئىيىتى، گەندى خارىلار جەمئىيىتى ۋە «خارىلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئارقىلىق ھەممە ئۆزى بىۋاسىتە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ هاراقىنى مەنئى قىلىش، ئاساسىي مائارىپ، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت، يېڭى ـ كونا تەرتىپ، تېببىي دورا، ساقلىقنى ساقلاش، تۇغۇتنى چەكلەش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشۋىق قىلىپ، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ 1937 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلامدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

1937 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستاندا چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى، كونگرېسلار پارتىيەسى 11 ئۆلكىنىڭ يەتتىسىدە مۇتلەق كۆپ ئاۋازغا ئېرىشتى. كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى ۋادادا يىغىن ئېچىپ، چوڭ سايلام ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى. يىغىنغا گەندىمۇ قاتناشتى، لېكىن ھېچقانداق پىكىر بايان قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گەندىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، كونگرېسلار پارتىيەسى قارار ماقۇللاپ، ھىندى تىلىنى دۆلەت تىلى دەپ بېكىتىپ، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

3 ـ ئايدا كونگرېسلار پارتىيەسى گەندى يېزىپ چىققان قارارنى ماقۇللاپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئەنگلىيەلىك ئۆلكە ۋالىيلىرىدىن كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئىشلىرىغا چات كىرىۋالماسلىققا كاپالەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بولمايدىكەن كابىنېت تەشكىللەشنى رەت

قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دەسلەپ بۇنى رەت قىلدى، بىراق ئاخىرىدا كونگرېسلار پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلاشماي تۇرالمىدى.

گەندىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە «خارىرىلار»دا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى كونگرېسلار پارتىيەسى ئەمەل قىلىدىغان يولىيورۇق بولۇپ قالدى.

8 ـ ئايدا كونگرېسلار پارتىيەسى ۋادادا مەملىكەتلىك كومىتېت يىغىنىنى چاقىردى، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى زۇڭلىلىرى يىغىنغا تولۇق قاتناشتى. گەندى ھاراقنى مەنئى قىلىش تەكلىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كونگرېسلار پارتىيەسى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەندىن كېيىن سىياسىي مەھبۇسلار دەرھال قويۇپ بېرىلدى، نۇرغۇن تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پېچەتلەنگەن نۇرغۇن گېزىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گەندى كالكۇتتاغا بېرىپ، كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتىغا قاتناشتى ھەمدە قارار لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستانلىق سەرگەردانلارنى كەمسىتكەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گەندى بومباي ۋە جىنالارغا بېرىپ، ھىندى ـ مۇسۇلمان ئىتتىپاقى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى، بىراق بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

10 ـ ئايدا گەندى غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكىلەردە زىيارەتتە بولۇپ، «چېگرادىكى گەندى» جافاركان بىلەن دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

1939 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كونگرېسلار پارتىيەسى تۇنجى قېتىم سايلام رىقابىتى شەكلىدە رەئىس سايلىدى. بېنگالنىڭ قىران گۇرۇھىدىكى سۇباس باس گەندى قوللاپ كېلىۋاتقان نامزاتنى مەغلۇپ قىلىپ رەئىس بولۇپ سايلاندى. گەندى بۇنى چوڭ مەغلۇبىيەت دەپ قارىدى. بۇ چاغدا ھىندىستاندىكى ھەرقايسى يەرلىك فېدېراتسىيەلەر كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئادەملىرىنى باستۇرۇشنى كۈچەيتتى، گەندىنى ئالاھىدە ئازابلىغىنى راجكود دائىرىلىرىنىڭمۇ ئوخشاش باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغىنى بولدى، گەندى شۇ تۈپەيلى قولغا ئېلىنىپ، مەملىكەت كۆلەملىك توپىلاڭنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى.

2 ـ ئايدا گەندى ئۆزى بىۋاستە راجكودقا بېرىپ، ھۆكۈمەت بىلەن سۆھبەتلىشىپ، سىياسىي ئىسلاھات ۋە سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گەندى تا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئاچلىق ئېلان قىلىپ، يەرلىك فېدېراتسىيەلەرنىڭ قاتتىق باستۇرۇش ۋاستىسىگە ئېتىراز بىلدۈردى. 4 ـ كۈنى بومباي، بىخار، مەركىزىي ئۆلكىدىكى كونگرېسسلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى ھىندىستان باش ۋالىيسىغا تېلېگرامما يوللاپ، يەرلىك فېدېراتسىيەلەرنىڭ قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىگە ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، باش ۋالىي لىنلىپي دەرھال گەندىگە تېلېگرامما يوللاپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئارىلىششقا ماقۇل بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گەندى دېھلىغا بېرىپ، ھىندىستان باش ۋالىيسى بىلەن ھىندى ـ مۇسۇلمانلار مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى سۆزلەشتى، بىراق بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى گەندى راجكود مەيدانىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى، بىر توپ مۇسۇلمان مەيدان سىرتىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇردى، دۇئا ـ تىلاۋەتتىن كېيىن گەندى پىيادە مېڭىپ نامايىشچى ئاممىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە، توپىلاڭچىلارنىڭ دۇمبالىشىغا ئۇچرىدى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كونگرېسسلار پارتىيەسى كالكۇتتادا مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى. بىراق، گەندىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن يېڭى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلمىدى، يەنە كېلىپ كونا خىزمەت كومىتېتى ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى، نەتىجىدە ئۇلار كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسلىكىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، كونگرېسسلار پارتىيەسى ئىچىدە ئالغا گۇرۇھىنى تەشكىللەپ، گەندى بىلەن قارشىلاشتى.

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى، شۇ كۈنى ھىندىستان باش ۋالىيسى ھىندىستاندىكى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا، ئۆز ئالدىغا گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇ 5 ـ كۈنى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ داھىيلىرى بىلەن بۇ ئىشنى كېڭەشتى.

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كونگرېسسلار پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتى ۋاداھا يىغىن چاقىرىپ، ھىندىستاننىڭ ئىككىنچى دۇنيا

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ۋە مەشھۇر قارار ماقۇللاپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىدىن ھالقىپ ھىندىستان خەلق ئۇچۇن ھەمكارلىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنى قارار قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئەيىبلىدى، ھىندىستان خەلقىنىڭ گېرمانىيە، ياپونىيە خەلقلىرى بىلەن ئارازلىقى يوقلۇقى يۈزىسىدىن ئۇرۇشقا بىتەرەپ مەيدان تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى (بۇ قارارنىڭ كوپىيەسىنى مودرال نېھرو يازدى).

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باش ۋالىي لىنلىپي مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇرۇشتىن كېيىن ھىندىستانغا ئاپتونومىيە بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

كونگىرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى باياناتى ئېلان قىلىپ بۇنىڭغا قارشى تۇردى ھەمدە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى كونگىرېسلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتلىرىنى ئىستېپا بېرىپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە مۇراجىئەت قىلدى. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كونگىرېسلار پارتىيەسى ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىستېپا بەردى، ھەرقايسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى كونگىرېسلار پارتىيەسىنىڭ ئورنىنى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئىگىلىدى.

1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى لاھور يىغىنىدا پاكىستان قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش قارارىنى ماقۇللاپ، كونگىرېسلار پارتىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قارشىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى باش ۋالىي لىنلىپي باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ھىندىستانغا ئاپتونومىيە بېرىشكە قوشۇلدى، بىراق «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراشقا يول قويۇلمايدۇ»، «ئاساسىي قانۇن مەسىلىسى ئۇرۇشتىن كېيىن ئايرىم مۇھاكىمە قىلىنىدۇ» دېگەن ئىككى شەرتنى قويدى.

كونگىرېسلار پارتىيەسى بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، يەنىلا تامامەن مۇستەقىل بولۇشتا چىڭ تۇردى.

9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گەندى سىملاغا بېرىپ، ھىندىستان باش ۋالىيسى بىلەن ھىندى ـ مۇسۇلمانلار مۇناسىۋىتى ۋە ھىندىستاننىڭ كەلگۈسى ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى، بىراق بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گەندى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گەندى ۋىنوبا باۋى بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن، ئۇرۇشقا قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ بويسۇنماسلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھۆكۈمەت ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا دائىر ھەرقانداق خەۋەرنى باسماسلىق ھەققىدە گېزىت ـ ژۇرناللارغا بۇيرۇق چۈشۈردى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گەندى باش مۇھەررىرلىكىدىكى «خاررىلار» مەجبۇرىي توختىتىلدى. مودرال نېھرو ۋىنوباغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇرۇشقا قارشى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇشقا تەييارلىق قىلغانلىقتىن، ئۇمۇ قولغا ئېلىندى. 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گەندى 2 ـ باسقۇچلۇق ئاتالمىش «ۋەكىل خاراكتېرلىك زورلۇق كۈچسىز ھەرىكەت»نى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەسئۇللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانات يايدۇردى، بۇ كىشىلەرمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن قولغا ئېلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە گەندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مىلاد بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك ۋە ھەمكارلاشماسلىق» ھەرىكىتىنى ۋاقىتىنچە توختاتتى.

1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گەندى ئۇيۇشتۇرغان 3 ـ باسقۇچلۇق «زورلۇق كۈچسىز قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلاندى، ئۇنىڭ كۆلىمى بۇرۇنقىدىن زور بولدى.

4 ـ ئايدا 4 ـ باسقۇچلۇق ھەرىكەت باشلاندى، قولغا ئېلىنغانلار 20 مىڭغا يەتتى. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گېرمانىيە قوشۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى، خەلقئارا ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

7 ـ ئايدا ھىندىستان باش ۋالىيسى ئىجرائىيە كومىتېتىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ھىندىستانلىقلارنىڭ تېخىمۇ زور قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى، كونگىرىسلار پارتىيەسى قارشىلىق كۆرسىتىشتە يەنىلا چىڭ تۇردى.

10 ـ ئايدا كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسەن دېگۇدەك تۈرمىگە تاشلاندى، ئۇلار بۇ خىل ئۇنۇمسىز كۈرەشنى توختىتىشنى ھە دەپ تەلەپ قىلدى، بىراق گەندى ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرماقچى بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ۋەزىيىتى يەنىمۇ جىددىيلەشكەن ئەھۋالدا، مودرال نېھرو ۋە كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئاسادنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. 4 ـ كۈنى 25 مىڭ زورلۇق كۆچسىز قارشى تۇرغۇچىمۇ قويۇپ بېرىلدى، بىراق كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ سىياسىتى يەنىلا ئۆزگەرمىدى.

12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گەندى مەشھۇر «قۇرۇلۇش پىروگراممىسى»نى ئېلان قىلىپ، ھىندى ـ مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر تۇزۇمىنى بىكار قىلىش، ھاراقنى مەنئى قىلىش، ماتا ئىشلىتىش، يېزا سانائىتىنى گۈللەندۈرۈش، يېزا ساقلىقنى ساقلاش، ئاساسىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا كۈچ سەرپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى باتۇلدا يىغىن ئېچىپ، ياپونىيە ئۇرۇشنى كېڭەيتكەندىن كېيىنكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. قارار ماقۇللاش ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان دۆلەت ۋە خەلقلەرگە ھېسداشلىق بىلدۈردى، بىراق يەنىلا ھىندىستان مۇستەقىللىقىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۆزىمىزنى قوغداش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىدى.

1942 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رانگۇن قولدىن كەتتى. 11 ـ كۈنى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل كىرىپسنى ھىندىستانغا ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق ھىندىستان فېدېراتسىيەسى قۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاپتونومىيەلىك ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشتىن كېيىن ئاساسىي قانۇن تۈزۈلىدىغانلىقىنى، ھەرقايسى ئۆلكە ۋە يەرلىك فېدېراتسىيەلەرنىڭ ھىندىستان فېدېراتسىيەسىگە قاتنىشىش ـ قاتناشماسلىقنى قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كىرىپس ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ گەندى قاتارلىق داھىيلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى

ئۆزلىرىنىڭ پاكىستان قۇرۇش تەلىپى قانائەت تاپمىغانلىقى ئۈچۈن كىرىپسىنىڭ لايىھەسىنى رەت قىلدى. كونگىرىسلار پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن ھىندى دىنى يېغىنى پارتىيەسىدىكىلەر بۇنىڭدىن ئاز ـ تولا مەمنۇن بولغان بولدى. بىراق، ۋاقىت چېكى بەلگىلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن رەت قىلدى، ھالبۇكى رەت قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغىنى يەنىلا گەندى ئىدى. چۈنكى، گەندى ھەرقانداق ئۇرۇشقا قارشى ئىدى.

4 ـ ئايدا گەندى ئەنگلىيە «ھىندىستاندىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن تەشەببۇسنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى.

8 ـ ئايدا كونگىرىسلار پارتىيەسى مەملىكەتلىك كومىتېتى ئەنگلىيەلىكلەر «ھىندىستاندىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن قارارنى رەسمىي ماقۇللاپ، ئەنگلىيەلىكلەردىن ھاكىمىيەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 9 ـ كۈنى گەندى قولغا ئېلىندى. كونگىرىسلار پارتىيەسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىمۇ قولغا ئېلىندى، مەملىكەت بويىچە توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مەملىكەت بويىچە 250 پويىز ئىستانسىسى ۋەيران قىلىندى، 500 پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى زەربىگە ئۇچرىدى، 150 ساقچى ئىدارىسى ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللاندى. 8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۆلگەن، يارىلانغان ئاما 900 دىن كۆپرەككە، قولغا ئېلىنغانلار 60 مىڭغا يەتتى.

1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گەندى ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ھەپتىلىك ئاچلىق ئېلان قىلىشنى باشلىدى.

مەملىكەت بويىچە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، گەندى ۋە كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ باشقا داھىيلىرىنى قويۇپ بېرىش تەلەپ قىلىندى.

1944 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كاستۇبە تۈرمىدە ۋاپات بولدى، مەملىكەت بويىچە بازار تاشلاش يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەدبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈلدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گەندى ۋە كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ باشقا داھىيلىرى تامامەن قويۇپ بېرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گەندى جىنناخ بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ھىندىلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ھىندىستاننىڭ كەلگۈسىدىكى ئورنى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىدى. سۆھبەت 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە داۋاملىشىپمۇ نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. جىننا ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئايرىپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇردى، گەندى پاكىستان قۇرۇشقا قەتئىي قارشى تۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى مەملىكەت بويىچە قىزغىن تەبرىكلەندى.

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھىندىستان باش ۋالىيسى ۋاۋېل رادىيو نۇتقى ئېلان قىلىپ، ھىندىستانغا ئاپتونومىيە بېرىش، ھىندىستانلىقلار ھۆكۈمىتى قۇرۇش، ئەنگلىيەلىكلەر باش ۋالىي ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە باش ئىشتابىدىكى ۋەزىپە ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش مەسىلىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا ئايرىم مۇھاكىمە قىلىش تەكلىپىنى بەردى. گەندى يىغىنغا قاتنىشىشنى سىلىق رەت قىلىپ، كونگىرىستلار پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئاسادنى يىغىنغا قاتناشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سىلادا يىغىن ئېچىلدى، گەندى يىغىنغا قاتناشمىدى، بىراق ئۇ سىلاغا بېرىپ كونگىرىسلار پارتىيەسىگە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى.

مىنىستىرلار يىغىنى ئەزالىرى ۋە يىغىن ئورنى مەسىلىسىدە، كونگىرىسلار پارتىيەسى مەملىكەت خاراكتېرلىك پارتىيە بولۇشتا، ھوقۇقدار مۇسۇلمان پارتىيە ئەزالىرى مۇسۇلمانلارغا ۋەكىل بولۇپ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشتا، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىك ئورنىنى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىككى تەرەپنىڭ قارشىلىقى ھەل بولماي، يىغىننىڭ بەربات بولغانلىقى جاكارلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيەسى ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھىندىستان بويىچە چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كونگىرىسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى بومبايدا ئېچىلدى، گەندى كېسەل بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىدى، يىغىندا قارار ماقۇللىنىپ ۋاۋېل لايىھەسىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى ئەيىبلەندى ھەمدە

ئەنگلىيەنىڭ يەنىلا مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىزاھلىدى.

11 ـ ئايدا گەندى بېنگالدىكى قەھەتچىلىك رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گەندى كالكۇتتادا كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ خىزمەت كومىتېتى يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىن ماقۇللىغان قارارلارنىڭ بىرسى كونگرېسسلار پارتىيەسى ئىچىدىكى كوممۇنىستلارنى پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىش ئىدى، چۈنكى ئۇلار «1942 ـ يىلىدىكى ئەنگلىيەلىكلەرنى ھىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى»غا خىلاپلىق قىلغانىدى.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گەندى بومبايدىن ئاساسىغىچە بولغان قەھەتچىلىك رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

2 ـ ئايدا گەندى مادراسقا بېرىپ، ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن ئاپەت رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پادىشاھلىق ھىندىستان دېڭىز ئارمىيەسىدىكى ھىندىستانلىق ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر بومبايدا مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى، گەندى خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ھىندىستان ئەسكەرلىرىنىڭ قىلمىشىنى «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» پرىنسىپىغا خىلاپ دەپ ئەيىبلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گەندى سىلادا كونگرېسسلار پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىچكى كابىنېت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتىگە قاتناشتى، بىراق مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرغاچقا، بۇ قېتىملىق سۆھبەت يەنىلا مەغلۇپ بولدى.

6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېت ۋەكىللەر ئۆمىكى دىنىي مەزھەپلەرنى ئاساس قىلىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنى تەسىس قىلىش، ھىندىستان فېدېراتسىيەسى تەشكىللەش، ھەرقايسى ئۆلكىلەر 10 يىلدىن كېيىن فېدېراتسىيە ئىچىدە قېلىش ـ قالماسلىقنى ئۆزلىرى بەلگىلەش مەزمۇن قىلىنغان بىر يېڭى تەكلىپنى

ئوتتۇرىغا قويدى، كونگىرىسلار پارتىيەسى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئۇنى رەت قىلدى.

7 ـ ئايدا ھىندىستان باش ۋالىيسى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەش تەكلىپىنى بەردى. كونگىرىستلار پارتىيەسى بۇنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەش تەكلىپىنى بەردى. مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى بۇنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىۋاستە ھەرىكەت قىلىپ، كالكۇتتادا چوڭ كۆلەملىك ھىندى ـ مۇسۇلمانلار توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مودرال نېھرو باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەندى، گەندى بۇ ھۆكۈمەتكە تۆت چوڭ ۋەزىپە بەلگىلەپ بەردى، ئۇلار مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، دىنىي مەزھەپلەر توقۇنۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغانلار سىنىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ماتا ئىشلىتىشتىن ئىبارەت.

10 ـ ئايدا نېھرو بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا جىنناخ بىلەن يەنە سۆھبەتلەشتى. جىننىاخ ئاخىر مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىغا قوشۇلدى. گەندى بۇنىڭ ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملىشىنى ئۈمىد قىلدى، بىراق مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە پاكىستان قۇرۇش مەقسىتىدە قاتناشقانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى. گەندى كالكۇتتاغا بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مەزھەپ يالقۇنىنى پەسەيتىشكە ئۇرۇندى، لېكىن بۇ يالقۇن پەسەيمەيلا قالماستىن، بەلكى ئورىسسا ۋە بىخارلارغىچە كېڭەيدى. گەندى ھەممىلا يەردە تىنچلىق ـ ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلدى، بىراق بۇنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 3 ـ ئايغىچە گەندى بىخاردا كۈنىگە بىر كەنتنى پىيادە ئايلىنىپ، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ تىنچلىق ۋە ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلدى. 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گەندى بىلەن جىننا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، دىنىي مەزھەپلەر توقۇنۇشىنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى، ئۇلار قورال كۈچى سىياسىي مەقسەتكە دال بولالمايدۇ، دەپ قارىدى.

6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھىندىستان باش ۋالىيسى موۋنتباتتېن، نېھرو، جىنناخلار ھىندىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ باشقۇرۇش لايىھەسىنى جاكارلىدى. گەندى بۇنىڭغا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى، ئىككى مىللەت ۋە ئىككى دۆلەت نەزەرىيەسىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، زوراۋانلىققا بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇڭا، ئۇ كونگرېسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىدىكىلەردىن بۇ لايىھەنى قوبۇل قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پاكىستان ئاپتونومىيەسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھىندىستان فېدېراتسىيەسى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

ئەينى چاغدا گەندى كالكۇتتادا بىر كۈنلۈك ئاچلىق ئېلان قىلىپ، يىپ ئېگىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كالكۇتتادا زور كۆلەملىك دىنىي مەزھەپلەر توقۇنۇشى ۋە قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكتىن، گەندى كالكۇتتادا ئاچلىق ئېلان قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئىتتىپاقلىق ۋە تىنچلىقنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. 3 ـ كۈنى ھىندى دىنى يىغىنى پارتىيەسى بىلەن كالكۇتتادىكى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ داھىيلىرى ئۆزئارا قىرغىن قىلىشماسلىق خىتابنامىسى ئىمزالىغاندىن كېيىنلا، گەندى ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گەندى دېھلىغا باردى. دېھلىدىمۇ ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇشى ۋە قان تۆكۈلۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. ھەرقايسى ئۆلكە، فېدېراتسىيەلەردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرگەچكە، زور تۈركۈمدىكى مۇساپىرلار پايتەختكە ئېقىپ كىردى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گەندى 78 ياشقا كىرگەنلىك تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەر ئەۋەتكەن مەدھىيە ۋە تەبرىكلەرنى قوبۇل قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەشمىر ھىندىستان فېدېراتسىيەسىگە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. ھىندىستان ئاۋىياتسىيە ترانسپورت قىسمى كەشمىر فېدېراتسىيەسىگە كىرىپ، پاكىستاندىن كېلىۋاتقان ھەربىي ھۇجۇمغا تاقابىل تۇردى، گەندى بۇنى قوللىدى.

www.uyghurkitap.com

11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا گەندىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى، مۇساپىرلار، دىنىي مەزھەپ تەشكىلاتلىرى، يەرلىك فېدېراتسىيەلەرنىڭ ئورنى ۋە ئاشلىق سەپلەپ بېرىش توغرىسىدا قارار ماقۇللىنىپ، مۇسۇلمانلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش قايتا تەكىتلىنىپ، قېچىپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ھىندىستانغا يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىشكە مۇراجىئەت قىلىندى.

1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە گەندى ئاخىرقى قېتىملىق ئاچلىق ئېلان قىلدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىپ باشقۇرۇلغاندىن كېيىن گەندى پۈتۈن كۈچىنى دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوست ـ ئىناقلىقنى مەركەزلەشتۈردى. بىراق، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە قىرغىنچىلىقلار باشتىن ـ ئاخىر تىنچىماي كەلدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستان مۇناسىۋىتى كەشمىر ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن جىددىيلىشىشكە يۈزلەندى. دېھلىدىكى ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار توقۇنۇشىمۇ كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. گەندى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىپ، دىنىي مەزھەپلەر توقۇنۇشىنى پەسەيتتى.

18 ـ كۈنى ھىندى، مۇسۇلمان، شىكتىن ئىبارەت ئۈچ مەزھەپنىڭ داھىيلىرى خىتابنامىگە ئىمزا قويۇپ، گەندىنىڭ ئىناق ئۆتۈش شەرتىگە ماقۇل بولدى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گەندى ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتتى، ئىككى كۈندىن كېيىن دۇئا ـ تىلاۋەت مەيدانىدا پارتىلىتىش دېلوسى يۈز بەردى. قاتىل غەربىي پەنجاپلىق بىر مۇساپىر، ھىندى مۇرتى ئىدى.

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گەندى «كونگرېسسلار پارتىيەسىنىڭ ئورنى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، كونگرېسسلار پارتىيەسى «زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەسلىك» ئۇسۇلى بىلەن ھىندىستاننى سىياسىي ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، ھىندىستاننى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تېخى ئەركىنلىككە

ئېرىشتۈرگىنى يوق، يەنە كېلىپ بۇ سىياسىي جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە قارىغاندا كۆپ قىيىن، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ كونگېرسلار پارتىيەسىدىن مۇشۇ نىشانلارنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گەندى كونگېرىسلار پارتىيەسىنىڭ يېڭى نىزامنامىسىنى يېزىپ چىقتى. ئۇ كونگېرىسلار پارتىيەسى ئۆز كۈچىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلۇش خىزمىتىگە قارىتىشى، باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن ھاكىمىيەت تالاشماسلىقى، پارتىيەنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭىدىن بەش پېشقەدەملەر كېڭىشى قۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە بۇ تەشكىلاتقا كونكرېت ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەپ بەردى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گەندى دۇئا ـ تىلاۋەتكە كېتىۋاتقاندا بىر ھىندى دىنى مۇرىتى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب بېيجىڭ بىرلەشمە نەشرىيات شىركىتىنىڭ 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京联合出版公司2014年12月第1版，2014年12月第1次印刷本翻译出版。

## مەن ھەقىقەتنى قانداق چۈشەندىم

— گەندىنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى

ئاپتورى: گەندى (ھىندىستان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەم ئىبراھىم، ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 48.5
قىستۇرما ۋارىقى: 32
نەشرى: 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرىاژى: 1 — 6000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-19103-1
باھاسى: 130.00 يۈەن